
# شىنجاڭنىڭ 50 يىلى

ABDULCELIL TURAN
Yenidoğan Mh. 21. Sk. No 7/4
Zeytinburnu - ISTANBUL
Tel. / Fax: 0212 679 03 70



ماۋ زېدۇڭ بۇرھان شەھىدى بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكتە.



***ABDULCELİL TURAN***
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70



1957 ـ يىلى تيەنئەنمېن راۋىغىدا بىرلىكتە چۈشكەن
سۈرەت، ئوڭدىن ئۈچىنچى كىشى بۇرھان شەھىدى.



ئوڭدىن ۋاڭ ئېنماۋ، ۋاڭ جېن، بۇرھان شەھىدى،
شولىچىڭلار 1950 ـ يىلى بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەت.




يولداش بۇرهان شەهىدى
خىزمەت ئۈستىدە.
(84 ياشقا كىرگەن ۋاقتى)



بۇرهان شەهىدىنىڭ
1950 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆل ـ
كىسىنىڭ رەئىسى بولغان
چاغدا چۈشكەن سۈرىتى.





بۇرھاننىڭ ئاتىسى شەھىدى.

بۇرھاننىڭ ئاپىسى خەلىمە.




بۇرھان شەھىدى ئوقۇپ تۇرغان مەزگىللەردە تاغىسى بىلەن ھاماچىسى
ياردەم بېرىپ تۇرغان. سۈرەتتە: 1929 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى گېرمانىيىگە
ماڭغان چاغدا، يول ئۈستىدە، يۇرتى قازاندىن ئۆتكەندە، تاغىسى
بىلەن ھاماچىسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەت.



1925 ـ يىل بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە شوپۇرلار مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى بولغاندا چۈشكەن سۈرەت. ئىككىنچى رەتتىكى شلەپە كىيگەن كىشى بۇرھان شەھىدى، ئىككىنچى رەت سولدىن ئىككىنچى كىشى جاۋ دېشۇ. ئارقىسىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە تۇنجى ماشىنا.




1927 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇلامبايدا چۈشكەن سۈرەت. ئىككىنچى رەت ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان كىشى بۇرھان شەھىدى. ئوڭ تەرەپتىكىسى شەرىپخان. ئالدىنقى رەت سولدىن ئۈچىنچى كىشى قازاق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى باي موللا.




1935 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى
ئالتۇن مېدال ئالغاندىن كېيىن
چۈشكەن سۈرەت.



1929 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى
گېرمانىيىگە كېتىۋېتىپ، موسكۋادىن
ئۆتكەندە چۈشكەن سۈرەت.



1935 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ
باش مۇدىرى بولغاندا، سېتىۋېلىنغان تۇلكە تېرىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.



1946 ـ يىلى، جاڭ جىجوڭ قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەت بىرلىكسەپ رەھبەرلىرى بىلەن ئىلىدا بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەت. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: ليۇ مېڭچۈن، رەھىمجان سابىرھاجى، ئوتتۇردىكى رەت ئوڭدىن بىرىنچى كىشى چۇ ۋۇ، ئۈچىنچى كىشى ھاكىمبەگ خوجا، تۆتىنچى كىشى جاڭ جىجوڭ، بەشىنچى كىشى ئەخمەتجان قاسىمى، يەتتىنچى كىشى ليۇ زېرۇڭ.



1937ـيىلى شىنجاڭ خەنزۇ مەدىنى ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئالدىنقى رەت سولدىن ئوڭغا: شۇ لىيەن، لى رۇڭ، شېڭ شىسەي، جاڭ شىن، ئىككىنـچى رەت سولـدىن ئىككىنچى كىشى بۇرھان شەھىدى.



1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا ھال
سوراش ئۆمىكى ئەۋەتتى. سۈرەتتە: ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى (ئوڭدىن) شېن
جۈنرۇ، سا كۇڭلياۋ، ۋاڭ فېڭلار بۇرھان شەھىدى بىلەن سەمىمى سۆھبەتلەشمەكتە.



1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بۇرھان شەھىدى ئۈرۈمچىدىن 10 كىلومېتىر
يىراق جايغا بېرىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازاتلىق
ئارمىيىسىنى قارشى ئالغان چاغدا، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ماشىنى-
لىرى تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى خۇجيەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكتە.

新疆维

# سۆز بېشى

يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دىگەن ئەسىرى نەشر قىلىندى، بۇ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغان ئىش!

مەن يولداش بۇرھان شەھىدى بىلەن 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن تونۇشقان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغىنىمغا ئۇزاق بولغان. شىنجاڭغا بېرىپ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى رەھبەرلىرىنىڭ ۋە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغىنىغا ئۇزاق بولغانلىغىنى بىلدىم. يولداش بۇرھان شەھىدى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىغى يولىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى، شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇش ئىشىغا ئاكتىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ ئازات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يولداش شۆلىچىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇنى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە تونۇشتۇردۇق. مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن، كاندىداتسىزلا رەسمىي پارتىيە ئەزالىغىغا ئۆتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن، يولداش بۇرھان شەھىدى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىگىدە، دېموكراتىك ئىسلاھاتقا پائال قاتناشتى، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرىنى مۇداپىئە قىلىشنى ھىمايە قىلىپ، گۈللەنگەن، باي ـ كۈچلۈك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن

تىرىشىپ خىزمەت قىلدى.

يولداش بۇرھان شەھىدى بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا، ئۇ مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى: ئۇنىڭ پارتىيىگە بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر، شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى چەكسىز قەدىرلەيدۇ ۋە سەممىي ھىمايە قىلىدۇ. مۇشۇ ئەڭ مۇھىم سەۋەپ ئېتىۋارى بىلەن، يولداش بۇرھان شەھىدى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ 12 ـ قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىي يۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقاندا، يولداش بۇرھان شەھىدى 89 ياشقا كىرىپ، شۇنچە ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دىگەن چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنى ھارماي ـ تالماي ئىشلەشتەك روھ بىلەن پۈتتۈردى، بۇ ــ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش. بۇ ــ ناھايىتى قىممەتلىك روھ. مەن يولداش بۇرھان شەھىدىگە سالامەتلىك ــ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن! ئۇنىڭ پارتىيە ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى تىلەيمەن!

ۋاڭ جېن

1983 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

# كىرىش سۆز

بۇ ئەسلىمىلەرنى يېزىپ پۈتتۈرگەن چېغىمدا 90 ياشقا يېقىنلىشىپ قالدىم.

مۇشۇ 90 يىللىق ئۆمرۈمدە، يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزدۈم. مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان ۋاقتىم شىنجاڭنىڭ هازىرقى زامان تارىخى تەرەققىياتىنىڭ تومۇرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. تارىخ مېنى سىياسى سەھنىگە چىقىرىپ قويغان ئىدى، مەن بولسام قابىلىيەتسىزلىكىمدىن، ھېچقانچە تۆھپە يارىتالمىغانلىقىمدىن ئېچىناتتىم. لېكىن، بەختىمگە، "يورۇتۇپ ئالەمنى تاڭ ئاتتى خوراز چىللاش بىلەن"، 1949-يىلى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازاتلىققا ئېرىشتى. مەنمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە يېڭى ھاياتىمنى باشلىدىم.

60-يىللارنىڭ باشلىرىدا، يولداش لىيۇ شاۋچى ماڭا: "شىنجاڭنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆپرەك يېزىڭ" دەپ تاپىلىغان ئىدى. يولداش لىيۇ شاۋچىنىڭ تاپشۇرۇغىغا بىنائەن، خىزمەت ئارىلىقلىرىدا، خاتىرىلىرىمنى ۋە گېزىت-كىتاپلارنى قايتا ئوقۇپ، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭ تارىخىنى ئەسلەپ، جۇ چۈنخۇينىڭ قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن ئىككى پارچە ئەسلىمە يېزىپ چىقتىم، بۇ ماقالىلار 1964-يىلى مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەش تارىخى ماتېرىياللار ھەيئىتى تەرىپىدىن تەھرىرلەپ نەشر

قىلىنىدىغان «تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار»نىڭ 46-سانىغا بېسىلدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭغا دائىر ئۈچىنچى ماقالامنى يېزىشقا كىرىشتىم، ئۇ تېخى پۈتمەستىنلا "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" مالىماتاڭچىلىقى بولدى. مەن ئون يىل ئەركىنلىگىمدىن ئايرىلىپ، تاكى "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىنلا يېڭىۋاشتىن كۈن نۇرىنى كۆردۈم. ئەپسۇسكى، ئۇزاق ئۆتمەيلا، جۇ چۈنخۇي مېنىڭدىن ئاۋال ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇ قەلەم تەۋرىتىپ يازغان لېكىن پۈتمىگەن بىر ماقالا «تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار»نىڭ 1982-يىلدىكى 79-سانىدا ئېلان قىلىندى.

مەن ئاخىرلىشىپ قالغان مۇشۇ ئۆمرۈمدە يەنە داۋاملىق باش قاتۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تىرىشىپ ئەسلىدىم، قەلەم تۇتۇش، رەتلەشكە خەن يىڭشەننى تەكلىپ قىلدىم، 1982-يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە تەخمىنەن يۈز مىڭ خەتلىك دەسلەپكى نۇسخىنى پۈتتۈردۈم. پۈتۈن ماقالىنىڭ دەسلەپكى قوليازمىسى پۈتكەندە جى داچۈن ئۆزگەرتىش-تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. لېكىن خاۋاتىرسىزلىنىدىغىنىم شۇكى، شۇ يىللاردىكى خاتىرىلىرىم ۋە كىتاپ-ژورنال قاتارلىق ماتېرىياللىمدىن بىرمۇنچىسى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" مالىماتاڭچىلىقىدا يوقىلىپ كەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياشىنىپ قالدىم، زېھنىم يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىم كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا، نۇرغۇن كونكرېت، جانلىق ۋەقەلەرنى ئەسكە ئېلىشىم ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالدى. ئەسلىمدە ئەھۋالنىڭ ھەقىقى بولۇشى مۇھىم، كىتاپخانلار رازى بولماي قالسا، ئۇ قەلەم تۇتقۇچىنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. ۋاقىت جىددى بولغاچقا، بەزى نەقىللەرنى ئەسلىدىكى كىتاپقا

سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم، بەزى تارىخىي پاكىتلارنى باشقا خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلەم تۇتقۇچىلار ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇسلۇپنى بىرلىككە كەلتۈرۈشمۇ قىيىن بولۇپ قالدى، بۇ ھەقتە كەڭ كىتابخانلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن.

تارىخىي پاكىتلار جەھەتتىكى خاتالىقلار، نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى نۇقسانلار كىتابخانلارنىڭ خۇسۇسەن شۇ تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە بىلىدىغان كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىشىگە قالدى!

ماڭا تازا ئىلھام بولغىنى ۋە ئەينى زاماندا مېنى خاۋاتىرسىزلەندۈرگىنى مەركەزدىكى بەزى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئەسلىمە يېزىپ چىقىشىمغا قىزغىن مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكى بولدى. يولداش ۋاڭ جېن تازا ئالدىراش بولغىنىغا قارىماي بۇ ئەسلىمىگە سۆز بېشى يېزىپ بەردى ۋە خەت يېزىپ ماڭا ئىلھام بەردى، مېنىڭدىن سالامەتلىككە دىققەت قىلىشنى، 12-قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭخۇا ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش يولىدا داۋاملىق تۆھپە يارىتىشنى ئۈمىد قىلدى.

بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى ۋە نەشر قىلىنىشىغا يەنە نۇرغۇن يولداشلار ياردەم بەردى، بۇ يەردە ئۇلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن!

**بۇرھان شەھىدى**

1983-يىل 2-ئاي.

# مۇندەرىجە


**بالىلىق دەۋرىم** ........................ 1

**ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر** ........................ 9

شىنجاڭدىكى روسىيە سودىگەرلىرى ........................ 9

شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئىككى ئىش ........................ 30

قۇمۇلدىكى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى ........................ 39

تۇرپاندىكى ئەمەت قوزغىلىڭى ........................ 55

ئالتاينىڭ شىنجاڭغا تەۋە قىلىنىشى ........................ 62

ئىككىنچى زالدىكى زىياپەتتە ياتلارنىڭ قەتل قىلىنىشى ...... 69

ئاق ئورۇسلارنىڭ شىنجاڭدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشى ۋە گۇم بولۇشى ........................ 77

باستۇرۇپ كىرىشتىن ئاۋالقى ئەھۋال ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇنىڭغا قاراتقان سىياسىتى ........................ 79

ئاقلار قېچىپ كىرگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئەھۋال ........................ 92

ئالىيانكوۋنىڭ گۇچۇڭدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشى، باچىچىنىڭ ئالتايغا بېسىپ كىرىشى ........................ 112

چار روسىيە كونسۇللىرىنىڭ روسىيە مۇھاجىرلىرىغا قىلغان دەھشەت- لىك زىيانكەشلىكى ........................ 126

ئەمەلدارلارنىڭ بېيىش يوللىرى ........................ 129

شىنجاڭنىڭ 20-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........................ 138

ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نەيرەڭلىرى ...... 150

ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشى ...... 151

نوختىلاش ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىش ...... 160

قول ئاستىدىكىلەرگە قوللانغان ئۇسۇلى ...... 187

زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئالدىدىكى دات-پەريات ...... 202

فەن ياۋنەن ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز سىياسى ئۆزگىرىشى ...... 222

**جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ...... 253**

جىن شۇرېننىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشى ...... 253

بېرلىندا يۇرتۇمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىدىم ...... 267

قۇمۇل ۋەقەسى ...... 277

خوجا نىياز ۋە تاشقى موڭغۇلىيە ...... 293

مالىمانچىلىقتا قالغان شەرقىي شىنجاڭ ...... 300

ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئۈرۈمچىگە تۇتىشىشى ...... 313

يېغىلىقتا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن پاجىئەلىك ئەھۋاللار ... 322

بوران-چاپقۇن ئىچىدە داۋالغۇپ تۇرغان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ...... 334

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ...... 334

سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ... 340

ھۆكۈمرانلىق يادروسى: لىنشىيا گۇرۇھى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي "ئىدارە قىلىش سىياسىتى" ...... 350

زەئىپلەشكەن ئىقتىدارسىز ئارمىيە ...... 353

خاراپلىشىپ كەتكەن ئىقتىسات ...... 361

موسكۋادا چېن جۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم ...... 366

"12 ـ ئاپرېل" سياسى ئۆزگىرىشى ........................ 376
**شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ........................ 396**
شىنجاڭنىڭ شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىنكى
سىياسى ۋەزىيىتى ........................................ 396
سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقىشى ........................ 406
شېڭ شىسەي بىلەن جاڭ جيېشى ـ ما جۇڭيىڭ ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ
سىلىشتۇرمىسى ........................................ 406
سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، تاشقى
ياردەمگە ئىگە بولۇشى ........................................ 410
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش مۇقامىنى توۋلاپ، خەلق رايىنى
قولغا كەلتۈرۈشى ........................................ 419
سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
بايرىقىنىڭ كەينىدە ........................................ 423
مەن چۆچەك، ئالتايلاردا تۇرغان بىر يىل ........................ 430
ئالتايغا تېچلاندۇرۇش ئەلچىسى بولۇشۇم........................ 430
ما رۇلۇڭ، ما خېيىڭلار بىلەن بولغان كۈرەش ........................ 433
شەرققە قاراپ قاچماقچى بولۇپ تۇرغان قازاق چارۋىچىلىرىنى
نەسىھەت بىلەن توساش........................................ 444
چۆچەكتە تۇرۇشلۇق قوشۇننى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر
قىلىش ........................................ 448
سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ... 454
پوچتا يولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاشلىق قەھەتچىلىكىنى
يېڭىش ........................................ 457
ما جۇڭيىڭنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ........................ 461
ئالتاي ئاۋام خەلق كومىتېتىنى سايلاش ........................ 466

شىڭ شىنجاڭنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئۈچ قېتىملىق
ئۇرۇش ........................................................ 468
گۇچۇڭ ئۇرۇشى ................................................ 469
سەنداۋخېزى ئۇرۇشى .......................................... 471
ئۈرۈمچى ئۇرۇشى .............................................. 476
جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ تىنچىتىلىشى ............ 482
جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئاغدۇرمىچىلىق تەشۋىقاتى ... 482
قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ..................... 485
"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى
ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى .......................................... 492
شىڭ شىسەينىڭ ئىقتىسادىي، مەمۇرىي تەدبىرلىرى .............. 503
ئۆلكىلىك ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيى........ 513
مەقسىدى ۋە مۇھىم مەزمۇنى ...................................... 513
قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئۆتمۇشى.................. 520
قۇرۇلتاي مەزگىلىدىكى بىرقانچە ئىش ........................... 528
بارىكۆل چارۋىچىلىق رايونىدىكى ۋاقىتلىق بازار ............... 531
قۇمۇل، بارىكۆللەرنىڭ ئەھۋالى .................................. 532
چارۋىچىلىق رايونىدا ۋاقىتلىق بازار ئېچىش ...................... 535
پىتنە ـ ئىغۋانىڭ بېتچىت بولۇشى ................................ 541
قۇمۇلدىن ئۆتكەندە .................................................. 548
ئىككى قېتىم ئالتۇن رۇبلى قەرز ئېلىش ........................ 550
مىنىگدىكى بۇرۇلۇش .................................................. 562
شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى ...................... 573
شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ............................................ 581
شىنجاڭدىكى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مېنىڭ

تۆرمىدىن بوشىنىپ چىقىشىم ........................ 587
**گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ........................ 594**
ئۈرۈمچىگە ۋالىي بولۇشۇم ........................ 594
تىپچىلىق سۆھبىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ........................ 604
ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى........................ 604
تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇرۇش ئوتلىرى........................ 608
ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى........................ 611
جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرگەنلىكىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۆتمۈشى........................ 613
تىپچىلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى........................ 619
ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم........................ 626
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى... 632
جەنۇبىي شىنجاڭدا سايلامغا نازارەت قىلغان كۈنلەردە........................ 635
قەشقەردە........................ 636
يەركەندە........................ 642
مەكىتتە ........................ 645
خوتەندە ........................ 651
"25 ـ فېۋرال" ۋەقەسى ........................ 654
ئالتاي مەمۇرى تەكشۈرۈش ئۆمىكى........................ 667
بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەيران بولۇشى........................ 675
بىر قېتىملىق مۇھىم تاللاش........................ 690
نەنجىڭغا بېرىپ "ھۆكۈمەت ئەزاسى" بولۇشۇم........................ 695
ئەڭ ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى بولۇشۇم ........................ 702
جاڭ جىجۇڭنىڭ چاقىرتىشى ........................ 717

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ........................................ 718
2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ........................................ 720
2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ........................................ 724
2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ........................................ 724
2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ........................................ 725
2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ........................................ 727
ئۆلكە رەئىسى بولغان مەزگىلدە ........................................ 730
شىنجاڭ كۆمۈش پۇلى تارقىتىش ........................................ 730
ياشلارنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى........................................ 733
ماكنانىنىڭ ئوسمان، جانىمخانلارنى توپىلاڭ كۆتىرىشكە قۇتۇرتىشى... 739
ما چېڭشياڭ، يې چېڭلارنىڭ توپىلاڭ كۆتىرىش سۇيىقەستىنىڭ
بەربات بولۇشى........................................ 743
شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇشى ........................................ 752
يولداش دېڭ لىچۈننىڭ يېتىپ كېلىشى، ھەقىقەتكە قايتىش
ئومۇمى تېلېگىراممىسىنىڭ بېرىلىشى ........................................ 752
چېگرا شەھەردە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە
تەنتەنە قىلىش ........................................ 766
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشىم...... 774
تەنتەنە ساداسى ئىچىدە يۈز بەرگەن بەختكە قارشى ۋەقە...... 785
ئاخىرقى سۆز ........................................ 793

# باللىق دەۋرىم

مەن 1894 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاقسۇدا تۇغۇلدۇم. بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاقسۇ شەھىرى ئەمەس، بەلكى روسىيىدىكى قازان ئۆلكىسى تېتىش ناھىيىسى تەۋەسىدىكى خىلۋەت بىر كەنت. لېكىن مەنبە جەھەتتىن بۇ ئىككى ئاقسۇنىڭ ئاز ـ تولا مۇناسىۋىتىمۇ بار تېخى!

ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلاردىكى ۋاقتىم ئىدى. ھاۋا سۈپ ـ سۈزۈك باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بوۋام غۇبەيدۇللا مېنى يېتىلەپ ئۆگزىگە چىقتى. ۋولگا دەرياسىدا ئۇزاق يىللار كېمە سۆرىگۈچى بولغان بۇ بوۋاي مۆكچەيگەن پېتى ماڭا كۈنچىقىشنى كۆرسىتىپ: ”بىزنىڭ يۇرتىمىز يىراق جايدىكى جۇڭگو دېگەن يەردە، ئۇ يەردە ئاقسۇ دېگەن بىر دەريا بار، ئاقسۇ دېگەن ئەسلى ئەنە شۇ!“ دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: بوۋىسىنىڭ ئىسمى پولات ئىكەن، ئۇ بايلارنىڭ زۇلمىغا قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى باستۇرماقچى بولغاندا، پۈتۈن ئائىلىسىنى ۋە كەنتىكى يىگىرمە نەچچە ئۆيلۈك ئاھالىنى باشلاپ روسىيىگە قاچقان ئىكەن، ئۇ يېرىم يولغا كەلگەندە ئۆلۈپ كېتىپتۇ؛ روسىيە ئەمەلدارلىرى قېچىپ كەلگەن بۇ كىشىلەرنى بىر يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە ئېپكېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ؛ بۇ ئەتراپتا تاتارلار ناھايىتى جىق ئىكەن. كۆپچىلىك بىرلىكتە ياشاپ، ياغاچ كېسىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ؛ بىز

تاتار ئەمەس ئىكەنمىز، يۇرتنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ كەنتنى "ئورمان ئاقسۇ" دەپ ئاتاپتۇ. بوۋام جىق ئىشلارنى دەپ بەردى، كېيىن بىر دانە نەيزىنى تېپىپ چىقىپ، بۇ نەيزە پولات ئىشلەتكەن قورال ئىدى، ئائىلىمىزدە بۇنى ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمىز، دېگەن ئىدى. بوۋام مېنىڭ ئوقۇپ، بىلىملىك ئادەم بولۇشۇمنى، كونىلەرنىڭ بىردە يۇرتقا قايتىپ، يۇرتتىكى تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەرۋاھىغا نەزىر-چىراق قىلىپ تۇرۇشۇمنى ئۈمىت قىلغان ئىدى.

ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساۋاتسىز ئىدى، شۇڭا بوۋامنىڭ يالغۇز ئوغۇل نەۋرىسى بولغان مەندىن ئوقۇپ بىلىملىك ئادەم بولۇشنى كۈتۈشى ناھايىتى سەممىي ئارزۇ ئىدى. ئۇ چاغدا ئائىلىمىزدىكى سەككىز جان: بوۋام، مومام، ئۈچ ھەدە-سىڭلىم ۋە مەن پۈتۈنلەي ئاتام شەھىدى بىلەن ئاپام خەلىمەنىڭ ئەمگىكىگە تايىناتتۇق. قوساق تويغۇزۇش شۇنداق تەس تۇرغان يەردە، مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشقا نەدە پۇل بولسۇن! بەختكە يارىشا چوڭ ئاتام ئەتەيستۇللا بىزگە يېقىن كۆكشىن كەنتىدە دىن دەرس بېرىدىغان خەلپەت ئىدى. بوۋامنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شۇ يەردە ساماۋار قايىنتىپ بەرگەچ، چوڭ ئاتامدىن ئەرەپچە ۋە «قۇرئان» ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

شۇ يىلى كۈزدە بېشىمىزغا كۈن چۈشتى. بوۋام بىر كۈنى ناماز ئوقۇۋېتىپ يىقىلغىنىچە تۇرالمىدى — بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئاتام ئوقۇش دېگەن نىمىگە ئەسقاتىدۇ، ئۆيگە قايتىپ ئىش قىلغانغا يەتمەيدۇ، دەيتتى. لېكىن مەن ئەمدىلا ئېرىشكەن بۇ ئوقۇش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتىم، شۇڭا ئاپامغا ئەھۋال ئېيتتىم، تاغام رەۋەندىچىلىك قىلىدىغان قازان شەھىرىگە بېرىپ ئوقۇسام،

دىگىنىمدە، ئاپام ئايرىلغۇسى كەلمەي يىغلاپ كەتتى، لېكىن كۆڭلۈمنى بەك يېرىم قىلغۇسىمۇ كەلمىدى. ئاخىر دادامنىڭ سەۋزە ساتقىلى كەتكەن① ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، كەنتتىكى بىر كىشى بىلەن قازانغا بېرىش مەسلىھەتىگە كەلدۇق. ئاپام مېنى ئۇزىتىپ قويىدىغان ۋاقتىدا يىغلاپ ھېچ ھالى قالمىدى.

مېنىڭ ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كېلىشىمدىن تاغام ۋە ھاماچام ناھايىتى ھەيران بولدى. ئوقۇشقا بولغان ھەۋىسىمنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، تاغام مېنى يېتىپ ئوقۇيدىغان "مۇھەممەدىيە" مەكتىۋىگە بېرىپ ئوقۇشقا مەرتىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، ھاماچامغا دەپ كونا كىيىملەردىن قىشلىق كىيىم-كېچەكمۇ جايلىتىپ بەردى.

ئەتىيازدا تەتىلگە قويۇپ بەرگەن چاغدا، مەھەللىمىزدىكى بىرەيلەننىڭ ئات ھارۋىسىغا چۈشۈپ ئۆيگە كەلدىم. پۈتۈن ئائىلىمىز خوشاللىققا چۆمدى، مەھەللىدىكى ئاغىنىلىرىممۇ كېلىپ ئۇنى-بۇنى سورىشىپ كەتتى. شەھەردە كۆرگەنلىرىم بىلەن ئاڭلىغانلىرىمنى قويماي سۆزلەپ بەردىم، خەق بەكمۇ قىزىقىشتى. دادامغا ئېيتمايلا كېتىپ قالغان گۇنايىم ئۈچۈن تەتىل مەزگىلىدە ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە ئۆي ئىشىغا قارىشىپ بەردىم. ئاپام ئىشچان تاتار ئايالى ئىدى، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قىلغانىنىڭ سىرتىدا يەنە كاناپ توقۇيتتى ۋە پۈتۈن ئائىلىنىڭ كىيىم-كېچەك، يىمەك-ئىچمەكلىرىنى

---

① ئۇ چاغلاردا يەقەت تېتىش ناھىيىسىدىلا سەۋزە تېرىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇرۇغىنىمۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىز شىنجاڭدىن ئېپكېلىپتىكەن. يېقىن ئەتراپتىكى جايلارغا سەۋزە ئېپبېرىپ سېتىش تېتىش ئاھالىسىنىڭ بىر خىل قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى ئىدى.

تەييارلايتتى، كىشىلەرگە نان يېقىپ بېرىپ ئاز-تولا كىرىمۇ قىلاتتى، ھەدەم ئۇنىڭ قابىل ياردەمچىسى ئىدى. ئۈچ ئايلىق تەتىل تۈگىگەندىن كېيىن، دادام مېنى داۋاملىق ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزى قازانغا ئېپبېرىپ قويدى، ئۆزىمۇ تاغامنىڭكىدە ئىككى كۈن تۇردى.

"مۇھەممەدىيە" مەكتىۋىنى قازى ئاخۇن ئالىمجان ئاچقان ئىدى، "مۇھەممەدىيە" دىگىنى "مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ۋارىسلىق قىلىش" دىگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ مەكتەپتە 2000 دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى، باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرىدىن تارتىپ ئالى مەكتەپ سىنىپلىرىغىچە بولغان سىنىپلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. مەكتەپتە مەن يۇقۇرى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇللا دىگەن بىر بالا بىلەن تونۇشتۇم، ئۇ دائىم ماڭا ماقالا كۆچۈرتكۈزەتتى، بىر قېتىم كۆچۈرۈپ بەرگىنىم بەدىلىگە بىر-ئىككى كوپېيكتىن پۇل بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا: لېنىن رەھبەرلىك قىلغان 1905-يىلدىكى ئىنقىلاپ پارتلىغان چاغدا، نۇرغۇن ساۋاقداشلار ئىنقىلاپقا قاتناشقان، لېكىن ئىككىنچى يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنى مەكتەپ بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەر يىلى شۇ كۈنى ھەممە سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئوقۇش تاشلايدىغان بولدى، سەن سىنىپتا مۇشۇ ھەركەتنى ئۇيۇشتۇرساڭ، دىدى. مەن سىنىپداش دوستۇم بايازىت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سىنىپتىكى ئوتتۇز نەچچە ساۋاقداش بىلەن كېلىشىپ، شۇ كۈنى دەپتەر-قېرىنداشلىرىمىزنى سىنىپقا ئېپكەلمەيدىغان بولدۇق. 1909-يىل 2-ئاينىڭ 21-كۈنى ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپقا كىرىپ پارتىدا كىتاپلىرىمىزنىڭ يوقلۇغىنى كۆرۈپ، كىتاپ-دەپتەرلىرىڭلارنى ئېپكېلىڭلار، دەرس ئۆتىمىز، دىگەندە، ھەممىمىز بىردەك پۈتىمىزنى

دوكۇرلاتتۇق. باشقا ئوقۇتقۇچىلار كىرىپ نەسىھەت قىلسىمۇ شۇنداق قىلدۇق. ئوقۇتقۇچىمىز ئىلاجسىز شۇ كۈنى دەرس ئۆتمەسلىككە قوشۇلدى، لېكىن ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى بىر-بىردىن سىنىپتىن چىقىرىپ، سىلەرگە بۇنداق قىلىشنى كىم ئۆگەتتى دەپ سورىدى. شۇنداق قىلىپ باياجىت ئىككىمىز مەكتەپ تەرىپىدىن بىر كۈن نەزەربەنتكە ئېلىندۇق. بۇنىڭدىن خوشال بولۇپ ھاياجانغا كەلگەنلىك سىرتىدا ئازراق غۇرۇرۇممۇ ئاشتى.

تاغامنىڭ ئوقتى ياخشى بولمىغاچقا، داۋاملىق ئوقۇشۇمغا خىراجەت بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەتىيازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مەن ئۆيگە قايتماي، تاغامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە "مائارىپ" دىگەن بىر كىتاپخانىغا شاگىرتلىققا كىردىم، ئېيىغا 10 رۇبلى ئىش ھەققى بېرەتتى. كىتاپخانىنىڭ باش مۇدىرى ئىمىن مۇستاپا بولۇپ، ئەرەبىستاندا ئوقۇغان، "مۇھەممەدىيە" مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ئىدى. تاغامنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسى ئىسمائىل بۇ كىتاپخانىنىڭ پايچىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ۋەزىپەم دۇكاننى تازىلاش ۋە پوچتىدىن ئەۋەتىلىدىغان كىتاپلارنى بولاش، پوچتىغا سېلىش ئىدى، كەچلىكى باش مۇدىرنىڭ ئاشخانىسىدا ياتاتتىم ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى سۈپۈرەتتىم، بالىسىنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇياتتىم.

بۇ كىتاپخانىدا ئىككى يېرىم يىل ئىشلىدىم. خىزمەت كۆپ ۋە ئېغىر بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ بىرمۇنچە كىتاپ ئوقۇدۇم. رۇسچىنى ئەنە شۇ چاغدا ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىشكە كىرىشكەن ئىدىم؛ «يېۋگېنى ئونېگىن»، «ئاننا كارېنىنا» قاتارلىق روسىيىنىڭ مەشھۇر ئەدىبىي ئەسەرلىرىنىمۇ ئاشۇ چاغدا ئوقۇغان ئىدىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بوغالتىردىن بوغالتىرلىق بىلىملىرىنىمۇ ئۆگەندىم.

بۇلار مېنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىمدە تولىمۇ ئەسقاتتى.

گوركىنىڭ يۇرتى نىژنىدا ھەر يىلى 8-ئايدا يەرمەنكە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى، بىزنىڭ كىتابخانىمىز ئۇنىڭغا ھەر يىلى قاتنىشاتتى. 1911-يىلى يەرمەنكە ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى، بۇ چاغدا مەن كەسپكە ناھايىتى پىششىق بولۇپ كەتكەنلىگىم ئۈچۈن، باش مۇدىر ھەممە ئىشنى مېنىڭ بېجىرىپ كېلىشىمگە تاپشۇردى. مەن كىتابلارنى ئېلىپ نىژنىغا بېرىپ، تۇماقچىلىق دۇكاندارى بىلەن بىرلىشىپ بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، سەرەمجانلاشتۇرۇپ تىجارەتنى باشلىدىم.

بىر كۈنى دۇكىنىمىزغا ئەللىك-ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان بەستلىك بىر قېرى كىشى كېلىپ، بىرمۇنچە كىتاب ئالغاندىن كېيىن، ماڭا سەپسېلىپ قاراپ چىقىپ: "ماڭا سىزدەك بىر يىگىت كېرەك ئىدى، بىرەرنى تونۇشتۇرۇپ بېرەلەمسىز؟" دىدى. گېپىنىڭ ئارىلىغىدا ئىسمىنىڭ ئىسمائىل ھاجى ئىكەنلىگىنى، شەمەيدە تۇرىدىغانلىغى، ئۇ يەردە تىجارەت قىلىدىغان بىرقانچە دۇكىنى بارلىغى، جۇڭگودىمۇ بىرقانچە دۇكىنى بارلىغى، ئۇ يەرگە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا قابىل، ياش ئادەم كېرەكلىگىنى ئېيتتى. "جۇڭگو" دىگەن سۆزنى ئاڭلاپلا بوۋام ھايات چېغىدا قىلغان گەپلەر ئېسىمگە كەلدى، ئاتا-بوۋىلىرىمىز تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتكەن يەرلەرنى كۆرۈش ئارزۇسى قوزغالدى. قولغا كەلتۈرۈش ناھايىتى تەس بولغان بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇم كەلمەيتتى، شۇ زامان جاۋاپ بېرىشىمۇ بىئەپ ئىدى، شۇڭا، بولىدۇ، تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئىككى كۈندىن كېيىن خەۋىرىنى ئاڭلاڭ، دىدىم.

مەن دەرھال ئىككىنچى بىر كىتابخانىنىڭ مۇدىرى شاۋلىنىڭ

يېنىغا باردىم. قازاندا ئۇنىڭ بىلەن خوشنا ئىدۇق، ئۇ ماڭا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ماڭا ئىسمائىل ھاجىنى تونۇيمەن، زۆرۈر بولسا سېنى ئىسمائىل ھاجىغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، دىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسمائىل ھاجى بىلەن جۈڭگوغا بېرىش قارارىغا كەلدىم. ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئىسمائىل ھاجى كېلىپ، ھىلىقى ياش يىگىت بوغالتىرلىقنى ۋە رۇسچىنى بىلەمدۇ؟ دەپ سورىدى، مەن: "خالىسىڭىز ئاشۇ يىگىت مەن بولىمەن" دەپ گەپنىڭ توغرىسىنىلا ئېيتتىم. ئۇ ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتى ۋە ئوبدانراق پاراڭلىشايلى، ئاخشاملىققا مەن چۈشكەن سارايغا بېرىڭ، دىدى. مەن دىگەن ۋاقتىدا باردىم، ئۇ ئېيىغا 20 رۇبلى پۇل بېرىدىغان بولۇپ مېنى يالىلىۋالماقچى بولدى، مەن يەرمەنكە تۈگىگەندىن كېيىن قازانغا قايتىپ ھىساپنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن يولغا چىقالايدىغانلىغىمنى ئېيتتىم.

يەرمەنكە ئاياقلىشاي دەپ قالغاندا تاغام بىر ئىش بىلەن نىژنىغا كەلدى. قازانغا قايتىپ كېتىۋېتىپ كېمە ئۈستىدە شەمەيگە بارماقچى بولغانلىغىم توغرىسىدىكى ئەھۋالنى تاغامغا ئېيتىۋىدىم، ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراپ كەتتى. قازانغا كېلىپ نەق پۇل، ھىساۋاتلارنى ۋە قالغان كىتاپلارنى باش مۇدىرغا ئېنىق تاپشۇردۇم، ئاتا-ئانام قايتىپ كەل دەپتۇ، دىگەن باننى قويۇپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالغاندىن كېيىن خىزمىتىمدىن ئىستىپا بەردىم. 10-ئايدا تاغام مېنى پاراخوتقا سېلىپ قويدى، ئىككى كۈندىن كېيىن سامارغا كېلىپ پويىزغا ئالمىشىپ ئومىسكىغا كەلدىم، ئۇ يەردىن يەنە پاراخوتقا چۈشۈپ ئىرتىش دەرياسى بىلەن مېڭىپ تۆتىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە شەمەيگە كەلدىم.

ئىسمائىل ھاجى ئاكا-ئۇكا تۆتەيلەن بىرلىشىپ شىنجاڭ بىلەن

ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى قىلىدىكەن. باش فىرما شەمەيدە ئىكەن. باش مۇدىر چوڭ ئوغۇل ئىسھاق بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەنە ياقۇپ ۋە ئارىپ دىگەن ئىككى ئىنىسى بار ئىكەن. مەن شەمەيدىكى باش فىرمىدا ئىشلەپ يۈرۈپ ئۆگەندىم، 1912 ـ يىل 9 ـ ئايدا كەلگەندە ئۇلار مىنى ئۈرۈمچىدىكى سودا فىرمىسى ـــ تيەنشىنىڭ سودا فىرمىسىغا ئەۋەتىدىغان بولۇشتى. مەن ھارۋا بىلەن چېگرىدىكى باقتىغا كەلدىم، روسىيە چېگرا ھەربى ـ ساقچىلىرى پاسپورت ۋە يۈك ـ تاقلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۆتتۈر چۆچەككە قاراپ ماڭدىم. چۆچەكتىكى تيەنشىڭ فىرمىسىنى ئارىپ باشقۇرىدىكەن، ئوقتى خېلى ئوبدان ئىكەن. ئۈرۈمچىدىكى تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ مۇدىرى تەكلىپ قىلىنغان ھەسەن شاكۇلۇۋ بولۇپ، ئۇ ئەمدىلا روسىيىدە ئۆيلىنىپ مەن بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەن ئىدى.

مانا ئەمدى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تىرىكچىلىك قىلغان يەرگە قەدەم باستىم ۋە ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ قالدىم. 1914 ـ يىلى مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىگىگە ئىلتىماس يېزىپ، جۇڭگولۇق تەۋەلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم. 1922 ـ يىلى ئاتا ـ ئانامنى ۋە ئىككى سىڭلىمنى ئۈرۈمچىگە ئېپكېلىۋالدىم. ئائىلىمىز بويىچە يۇرتىمىزغا كېلىپ ماكانلاشقىنىمىزغا كارامەت خوشال بولۇپ كەتتۇق.

# ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر

## شىنجاڭدىكى روسىيە سودىگەرلىرى

تيەنشىنىڭ فىرمىسى ئۈرۈمچى نەنگۈەندىكى روسىيە سودا چەمبە-رىگى ئىچىگە جايلاشقان ئىدى. ئۇ چاغدا كىشىلەر بۇ كوچىنى ياڭخاڭ كوچىسى دەپ ئاتايتتى، چۈنكى بۇ كوچىدىكى دۇكانلارنىڭ تولىسىنى روسىيە تەۋەلىگىدىكى سودىگەرلەر ئاچقان بولۇپ، دۇكانلار-نىڭ ۋىۋىسكىسىغا ”روسىيە سودىگىرى“ دىگەندەك خەتلەر يېزىلاتتى.

سودا چەمبىرىگى دىگەن ئاتالغۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل ئاۋالمۇ ناتونۇش بىر ئاتالغۇ ئىدى. دەسلەپتە ئۇ ئالدى-ساتتى چەمبىرىگى دېيىلەتتى، ئۇ، ماھىيەتتە، چار روسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىگىلىۋالغان بىر پارچە يېرى بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى تيەنجىن، شاڭخەيلەردە بولغان ئىجارە زېمىندىن ھېچبىر پەرقلەنمەيتتى.

چار روسىيە ھۆكۈمىتى بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەردىن پايدىلىنىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا باج تاپشۇرمايلا ئۆز ئىختىيارىچە سودا قىلىش، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق

جايلاردا كونسۇلخانا ۋە سودا چەمبىرىكى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان ئىدى، چەمبىرەك ئىچىدىكى ھەممە ئىشنى چار روسىيىنىڭ كونسۇلخانىلىرى باشقۇراتتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشقۇرالمايتتى. ئۈرۈمچى سودا چەمبىرىكى 1895 ـ يىلى ئايرىلغان ئىكەن، يازما كېلىشىم بار ـ يوقلۇغىدىن خەۋىرىم يوق. مەن تيەنشىڭ فىرمىسىدا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىمدا، بۇ سودا فىرمىسىنىڭ دائىرىسى شىمالدا خۇاڭچېڭ كوچىسىدىن جەنۇپتا سەندۇڭبېيغىچە، شەرقتە قەھرىمانلار قەۋرىستانلىغىچە يېتىپ باراتتى، غەرپتە شىخاباغا يېتىپ باراتتى. «شىنجاڭ تەزكىرىسى»دە ئۈرۈمچىدىكى سودا چەمبىرىكى توغرىلىق گۇاڭشۈينىڭ 21 ـ يىلى (1895 ـ يىلى) ئۈرۈمچىدە سودا چەمبىرىكى ئايرىلغان، دائىرىسى سەنداۋچياۋزىدىن (ئۈچىنچى كۆۋرۈكتىن) نەنگۇەنگىچە بولغان چوڭ يولنىڭ شەرق ـ غەرپ قاناتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ يېزىلغان.

شۇ زامانلاردا ئۈرۈمچى سودا چەمبىرىكى ئىچىگە چوڭراق فىرمىدىن جەمئى سەككىزى جايلاشقان، ئەڭ چوڭى تاتار خۇسەيىن، خەسەن دىگەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ جىشياڭيۇڭ فىرمىسى ئىدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا، تاتار ئاكا ـ ئۇكا ئىسھاقلار ئاچقان تيەنشىڭ فىرمىسى، ئۆزبەك ئىمىنجان، تۇرسۇن بابا ئاچقان دېشېڭ فىرمىسى، ئۆزبەك مىرسالى، راخمانباي ئاچقان دېخې فىرمىسى ئىدى؛ ئۈچىنچى ئورۇندىكىسى ئۆزبەك مەنسۇرجان ئاچقان جىلى فىرمىسى، ئۆزبەك تاجى ئوسمان ئاچقان رېنجۇڭشىن فىرمىسى، تاتار زىياباي ئاچقان زىشېڭ فىرمىسى، ئۆزبەك ئابىت ئاچقان ماۋشېڭ فىرمىسى ئىدى. بۇ سودا فىرمىلىرىنىڭ شەمەي، چۆچەكلەردە باش دۇكىنى ۋە شۆبىلىرى بار ئىدى، بەزىلىرىنىڭ تېخى تۇرپان، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ شۆبىلىرى

بار ئىدى①. سودا فىرمىلىرىنىڭ كاپىتالىستلىرى مۇستەملىكىچىلىك بۇلاڭ ـ تالاڭ يولى بىلەن كۆتىرىلىپ بېيىپ كەتكەنلەر ئىدى. مەسىلەن، جىشياگيۇڭ فىرمىسىنى قۇرغۇچى رامازان ھاجىنى ئالساق، ئۇ ئىلگىرى ھارۋىكەش ئىدى، ئۇنىڭ ۋارىسى ـــ ئۇنىڭ جىيەنى خۇسەيىن بولسا كەمبەغەل دىخان ئىدى.

شىنجاڭ ئەسلىدە تەبىئى ئىگىلىگى ئاساسي ئورۇندا تۇرىدىغان رايون ئىدى، 18 ـ ئەسىردىن بۇيان چەتئەل كاپىتالى تەدرىجى كىردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بۇ رايون جاھانگىرلىكنىڭ (ئاساسەن چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ) تاۋار بازىرىغا ۋە خام ئەشيا ئالىدىغان يېرىگە ئايلىنىپ قالدى. پەقەت مەن ئىشلىگەن تيەنشىڭ فىرمىسىنىلا ئالساق، ئۇ ھەر يىلى روسىيىدىن 2000 تاي ھەر خىل گەزمال ئېلىپ كىرەتتى، ھەر تاي 20 توپ، ھەر توپ 30 مېتىر بولۇپ، جەمئى 1 مىليون 200 مىڭ مېتىرغا يېتەتتى، ئۇنىڭ شىنجاڭدىن توشۇپ كەتكەن يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن پەقەت پاختىنىڭ ئۆزىلا 90 نەچچە مىڭ كىلودىن ئاشاتتى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۈرۈمچىدىن چار روسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ھەر يىلى روسىيىگە توشۇپ كېتىدىغان قوي يۇڭى 500 نەچچە مىڭ رۇبلى، ئۇچەي 5600 رۇبلىدىن ئارتۇق قىممەتتە ئىدى. مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن يىلى (1913 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ چار روسىيە بىلەن قىلغان سودا ئومۇمى سوممىسىغا

① 1907 ـ يىل ئۆپچۆرىسىدە، ئۈرۈمچىدىكى چار روسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەر 30 ئائىلىدىن ئوشۇق بولۇپ، جىمى سودىگەرلەر (جۇملىدىن چاربازارچىلار) 800 دىن ئاشاتتى، يىل ئاخىرىدىكى زاپاس مېلىنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 300 مىڭ رۇبلىغا يېتەتتى.

كەلسەك، ئېكسپورت قىلىدىغىنى 9 مىليون 800 مىڭ رۇبلى، ئىمپورت قىلىدىغىنى 8 مىليون 400 مىڭ رۇبلى ئىكەن. ماتاـ چەكمەن توقۇمىچىلىقى گەزلىمىلەرنىڭ كۆپلەپ ئىمپورت قىلىنىشى بىلەن ۋەيران بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىكەن.

شۇ يىللىرى ئاشۇ فىرمىلارنىڭ ئىمپورت قىلىدىغان مېلى گەزلىمە، تۆمۈر، تاختا چاي، پەمىل چاي، شېكەر، يىپ، كىرسىن، تاماكا، سەرەڭگە ۋە باشقا كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى ئاساس قىلاتتى، ئېكسپورت قىلىدىغان مېلى چارۋا، قوي يۇڭى، قوي تېرىسى، ئۆچەي، پاختا، قۇرۇق مىۋە، مويىنا قاتارلىقلارنى ئاساس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن سودا قىلىش ئۇسۇلى: ئىشلەپـ چىقارغۇچىلارغا مەبلەغ كېرەك بولغاندا، زاكالەت بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىمپورت قىلىنغان مال ۋە ئاز بىر قىسىم نەق پۇلنى ئىشلەپـ چىقارغۇچىلارغا بېرىپ، يەرلىك مەھسۇلاتنى دىگەن قەرەلدە تاپشۇرۇش توختىمىنى تۈزەتتى، قەرەلى توشۇپ مالنى تاپشۇرالمىسا، نەچچە ئون پىرسەنت قوشۇپ ئالاتتى ھەتتا نەچچە ھەسسە جەرىمانە قوياتتى. شۇ يىللىرى شىنجاڭدىكى دىخانلار ۋە چارۋىچىلار، فېئودالىلىق ئېكسپلاتاتسىيە دەھشەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەپچىقىـ رىش تېخنىكىسى قالاق بولغاچقا (بۇمۇ فېئودالىلىق تۈزۈمىنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە)، ئاددى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئارانلا قامداپ، ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھەتتا تۇرمۇشنىمۇ مەبلەغ ئۆتنە ئېلىش بىلەن قامدايتتى، يەرلىك جازانىخورلار بولسا، ئۇلارغا تىنىم بەرمەيتتى، شۇڭا ئۇلار سودا فېرمىلىرى بىلەن توختام تۈزۈپ زاكالەت ئېلىپ تۇراتتى. چوڭ پومىششىك، چوڭ چارۋىدارلارغا كەلسەك، تۇرمۇش سەرپىياتلىرىنىڭ كۆپلۈگى ۋە چەتئەلماللىرىغا

بولغان ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن، كۆپىنچە سودا فىرمىلىرىنىڭ چاڭگە-
لىغا چۈشۈپ قالاتتى. ئىسىمدە قېلىشىچە، سودا فىرمىلىرىنىڭ
دىخانلار، چارۋىچىلار بىلەن ياكى پومىشىكلار، چارۋىدارلار بىلەن
تۈزىدىغان مال سېتىۋېلىش توختاملىرى، ئومۇمەن، يەرلىك سودى-
گەرلەر ئارقىلىق بولاتتى. زاكالەت بېرىپ تۈرىدىغانلىقى سەۋەۋىدىن
ئالىدىغان ئۆسۈمى ئىنتايىن زور بولاتتى. مەسىلەن، شۇ چاغدا ھەر
100 جىڭ پاختىنىڭ بازار باھاسى شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى ھىساۋىدا
40 سەر ئىدى، زاكالەت بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەر 100 جىڭ
پاختىغا 15 سەردىن 20 سەرگىچىلا پۇل بېرەتتى①. شۇنداق قىلىپ،
دەللاللارنىڭ شىرىنكانىسىدىن باشقا، سودا فىرمىلىرىمۇ بىر ھەسسىگە
يېقىن پايدا ئالاتتى، يەنە كېلىپ بېرىدىغان زاكالەتنى كۆپىنچە
چەتئەل مېلىغا سۇندۇرۇپ بېرەتتى، سودا فىرمىلىرىنىڭ يەرلىك
مەھسۇلاتلار بىلەن چەتئەل مېلىنىڭ باھا پەرقى جەھەتتىن
ئالىدىغان پايدىسى تېخىمۇ زور بولاتتى.

بۇ سودا فىرمىلىرىنىڭ ئىمپورت، ئېكسپورت سودىسىدا باج
تۆلىمەسلىكى شۇ يىللاردا شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي جان
تومۇرىنى ئىگەللەپ كېتەي دەپ قېلىشىدىكى يەنە بىر ئاساسىي
سەۋەپ ئىدى. 1851-يىلى، تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە «ئىلى-
تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى»دە "سودا ئالاقىسى ئەسلىدە ئىككى
دۆلەتنىڭ ئىناقلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان، شۇڭا بىر بىرىدىن باج
ئېلىنمايدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. كېيىن، 1862-يىلىدىكى «قۇرۇقلۇق

① شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى شۇ چاغدا سەرنى بىرلىك قىلاتتى، 1914-
يىلى قەغەز پۇلنىڭ 100 سېرى تەخمىنەن 60 سەر كۈمۈشكە توغرا كېلەتتى.

قاتنىشى سودا نىزامنامىسى. باج ئېلىش پرىنسىپى قوشۇمچىسى» ۋە 1881 ـ يىلدىكى «قايتىدىن تۈزۈلگەن قۇرۇقلۇق قاتنىشى سودا نىزامنامىسى» قاتارلىق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەردە، جۇڭگو ـ روسىيە چېگرا سودىسىدا 100 چاقىرىم ئىچىدە باج ئېلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 1881 ـ يىلدىكى «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى»دە: "...روسىيە پۇقرالىرىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە ۋە گۇەنۋەي (سەددىچىن سىرتى)دىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالى يوللىرىغا جايلاشقان شەھەرلەردە قىلىدىغان سودىسىدىن ۋاقىتىنچە باج ئالماسلىققا رۇخسەت قىلىنىدۇ. كەلگۈسىدە سودا ئىشلىرى گۈللىنىپ، باج پرىنسىپلىرى ئۈستىدە ئىككى دۆلەت كېلىشىم تۈزگەندە باج كەچۈرۈم قىلىش بىكار قىلىنىدۇ" دەپ يېزىلغان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شۇنىڭدىن كېيىن باج ئالماسلىق توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا چار روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە بەرمىگەن. مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە چار روسىيە تەۋەلىگىدىكى سودىگەرلەر سودىدا يەنىلا باج تاپشۇرمايدىكەن، ئۆزلىرىلا باج تاپشۇرماي قالماستىن، بەلكى، كۆپ ھاللاردا، باج تاپشۇرمىغان جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىمۇ قانىتى ئاستىغا ئالىدىكەن، ھەتتا شىنجاڭنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى سودا بىلەن شۇغۇللانغاندىمۇ باج تاپشۇرمايدىكەن①. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار تېخىمۇ زور پايدىغا

① شۇ چاغدا چار روسىيە تەۋەلىگىدىكى سودىگەرلەر خەنكۇدىنمۇ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى توشۇپ كېلىپ، شىنجاڭ ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىدىكەن، لېكىن بەزىدە ئۇلار يول ئۈستىدە (مەسىلەن، جۇچۈەن، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا) ساتقاندىمۇ باج تاپشۇرمايدىكەن.

ئىگە بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدا چار روسىيە روسىيە مال-لىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا ئىلھام بېرەتتى، شىنجاڭغا مال ئېپپارىدىغان سودىگەرلەردىن باج ئالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى مۇكاپاتلايتتى. بىر مەزگىل، باج ئېلىنغان تاۋارلار ئەگەر شىنجاڭغا توشۇپ سېتىلە-دىغان بولسا، چار روسىيىنىڭ باج ئىدارىلىرى سودىگەرلەرنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئېلىنغان باجنى ئىلتىماس قىلغۇچىغا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى. روسىيە ھۆكۈ-مىتى روسىيە سودىگەرلىرىدىن شىنجاڭغا بىر ئاتقا رۇس مىلى ئارتىپ بارغانلارنىڭ خوجايىنىغا 16 رۇبلى مۇكاپات بېرەتتى. شۇ يىللاردا جۇڭگو سودىگەرلىرى تيەنجىن ۋە بېيجىڭدىن شىنجاڭغا مال ئېپكەلسە، ياكى شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە مال ئېپكىرسە، تۈرلۈك باج ئۆتكەللىرىدىن ئۆتەتتى، ئۇلار ئەلۋەتتە روسىيە سودىگەرلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمەيتتى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ سودا ئىگىلىكىنى بولسا ئەنە شۇ روسىيە سودىگەرلىرى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئىدى.

روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ باج كەچۈرۈم قىلىنغان سودا كىنىشكى-سىنى چار روسىيىنىڭ كونسۇللىرى بېرەتتى، لېكىن ئۇنىڭغا جۇڭگو-نىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ئىمزا قويۇپ بېرەتتى. بۇنداق كىنىشكا شۇ يىللىرى شىنجاڭدا "سودا بېلىتى" دېيىلەتتى. ئەسلىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، سودا كىنىشكىسىنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى يېرىم يىل بولاتتى، ئۇنىڭغا سودىگەرنىڭ ئىسمى، مال تۈرى، سانى يېزىلاتتى. لېكىن كېيىنچە روسىيە كونسۇللىرى بۇنداق كىنىشكىنى ئۆز مەيلىچە بېرىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى ھەمدە ئىناۋەتلىك ۋاقتىنى بىر يىل قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېلەت بېرىلگەن كىشىنىڭ ئىسمى، مېلى ۋە ئۇنىڭ سانى يېزىلماي، پەقەت پالانى سودىگەر

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى پالانى شەھەرلەردە مال ساتىدۇ، روسىيە پۇلى ھىساۋىدا ئېلىپ يۈرگەن دەسمايىسى مانچە، كۆمۈشى مانچە سەر دەپلا يېزىپ قويىدىغان بولۇپ كەتتى (شۇ يىللىرىدىكى ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنى مىسالغا ئالساق، ئەنگلىيە تەۋەلىگىدىكى سودىگەرلەر روسىيە سودىگەرلىرى بىلەن شىنجاڭدا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە ئىدى). شۇنداق بولغاچقا، باج چازىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى قىيىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە روسىيە سودىگەرلىرى كۆچىگە تايىنىپ، كۆپ ھاللاردا، باج چازىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىنى رەت قىلاتتى①. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگولۇق سودىگەرلەر پۇل بېرىپ روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سودا بېلىتىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتتى ياكى روسىيە كونسۇلىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدە تەيىنلىگەن "شاڭيۇلىرى" ("ئاقساقال" دەپمۇ ئاتىلىدۇ، كۆرۈنۈشتە بۇ كىشىلەرنى ھەرقايسى جايلاردىكى روسىيە سودىگەرلىرى روسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان كىشى سۈپىتىدە سايلاپ چىقاتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار كونسۇللارنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتەيتتى ۋە پايلاقچىلىق قىلاتتى) روسىيە كونسۇلخانىسىدىن سودا بېلەتى ئېلىپ، روسىيە سودىگىرى نامىدا، تۈرلۈك باجلاردىن قۇتۇلۇپ قالاتتى ۋە ئۆز ئېلىمىزدىكى سودىگەرلەرنى بوزەك قىلاتتى. چار روسىيە

---

① بۇ يەردە بىر مىسال كەلتۈرەي: قۇمۇللۇق سودىگەر ئاقموللا (بۇ كىشى شىڭ سىسەي دەۋرىدە بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى بولغان) بىر قېتىم سىچۈەنگە مال ئالغىلى بارغىنىدا جىشياڭيۇك فىرمىسىنىڭ سودا بېلىتىنى ئارىيەت ئېلىپ بارغان ئىكەن، قايتىشىدا لەنجۇدا باج چازىسى ئۇنىڭغا باج تاپشۇرسەن دېگەندە، ئۇ سودا بېلىتىنى تاپالماي، مەن روسىيىلىك، دەپلا كۆز بوياپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

كونسۇلخانىلىرىمۇ يەرلىك سودىگەرلەرنى ئۆزىگە تارتىش ۋە ئاز-تولا نەپ ئېلىش ئۈچۈن، سودا بېلىتى تارقىتىپ بېرىشنىمۇ خالايتتى. كېيىنچە ھەتتا شۇنداق دەرىجىگە يەتتىكى، پالانچى مانچىلىك مالنى پالانى يەرگە ئېپبېرىپ ساتىدۇ، دەپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىلسە، بۇ خەت باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىسپات قەغىزى سۈپىتىدە ۋاقىتلىق سودا بېلىتى بولۇپ قالىدىغان بولدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە، روسىيىدە ئىنقىلاپ بولۇپ، چار روسىيە كۈچلىرى شىنجاڭدا گۇم بولغانغا قەدەر، يۇقۇرقىدەك ئىشلار ھەققىدىكى سۆھبەت-ئالاقە ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان.

شۇ يىللىرى شىنجاڭنىڭ يىلىغا 150 مىڭ تۆگىلىك يەرلىك مەھسۇلاتى ئۈرۈمچى ئارقىلىق روسىيىگە توشۇلۇپ تۇراتتى، بىر تۆگىگە ئارتىلغىنىنى 10 پۇت (بىر پۇت 16.38 كىلوگىرام) دەپ ھېساپلىغاندا، 24 مىڭ توننا بولىدۇ. ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلىدىغان چەتئەل مېلىنىڭ مىقدارىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە مال يۈكلەنگەن تۆگىلەرنىڭ كولدۇرمىسى ئۈرۈمچى — چۆچەك — شەمەي يولىنى چاڭ كەلتۈرەتتى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئۇ يەردىن نىژنى نوۋگورودقا ئەۋەتىلەتتى، شۇ يىللىرى ياۋروپا، ئاسىيا سودىگەرلىرى يىغىلىپ كېتىدىغان نىژنى نوۋگورود شەھىرىدىكى ۋاقىتلىق يەرمەنكىدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى كىشىلەر دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان تاۋارلارنىڭ بىرى ھېساپلىناتتى. بۇ ماللار بىلەن سودا قىلىدىغان سودىگەرلەر ۋە خام ئەشيا سېتىۋالىدىغان زاۋۇت خوجايىنلىرى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا شىنجاڭ ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قان-تەرىنى شوراپ باي

بولۇشاتتى①.

مەن ئىشلىگەن تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ كاپىتالىستى ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

شۇ يىللاردا تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ باش دۇكىنى شەمەيدە بولۇپ مۇدىرى ئىسھاق ئىدى، ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا تۆت كىشى بولۇپ، ئىنىسى ئىسمائىل ھاجى بىلەن ئۆزى شەمەيدە تۇرغاندىن باشقا، چۆچەكتىكى شۆبە دۇكىنىنى ئىنىسى ئارىپ بىلەن ئىبراھىم باشقۇراتتى، ئۈرۈمچە-دىكى شۆبە دۇكىنىنىڭ مۇدىرى روسىيە تەۋەلىگىدىكى تاتار خەسەن ئىدى، تۇرپان شۆبە دۇكىنى ھەممىدىن كىچىك ئىدى، دائىم يەرلىك كىشىلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئىسھاق شۇ يەرلىك مۇقات دىگەن كىشىنى مۇدىر قىلىپ ئىشلەتكەن.

تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ شىنجاڭدىكى شۆبە دۇكانلىرى ھەر يىلى تۈرلۈك يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مەۋسۇملىرىدە، يا بىۋاستە دۇكان خادىملىرىنى ئەۋەتىپ ياكى جۇڭگولۇق سودىگەر-لەرگە ھاۋالە قىلىپ، مەھسۇلات رايونلىرىدا سېتىۋېلىش توختاملىرىنى تۈزەتتى، بەزى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزلىرى شۆبە دۇكانلارنىڭ ماگىزىنلىرىغا كېلىپ ئالدى ـ ساتتى ئىشلىرىنى قىلاتتى ياكى سودا

---

① شۇ يىللىرى چار روسىيىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى بويىچە، شىمالدىكى يول شەمەيىنى، جەنۇپتىكى يول پەرغانىنى مەركەز قىلاتتى. ئېلىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئىلى، چۆچەك ئارقىلىق روسىيىگە توشۇلىدىغىنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىلا ئەمەس ئىدى، روسىيە سودىگەرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىنمۇ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى توشۇيتتى، ياكى دېڭىز ئارقىلىق سىبىرىيىگە توشۇيتتى، ياكى جيايۈگۈەندىن ئۆتۈپ شىنجاڭ ئارقىلىق روسىيىگە توشۇيتتى.

شەرتلىرى ئۇستىدە سۆزلىشەتتى. نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق سودىگەرلەر ياكى دەسمايىسى ئازراق بولغان روسىيە تەۋەلىگىدىكى سودىگەرلەرمۇ تيەنشىڭ فىرمىسى بىلەن سودا ئالاقىسىدە بولاتتى، لېكىن ئۇلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا تيەنشىڭ فىرمىسى بىلەن نوقۇل پۇل ئېلىم-بېرىم قىلاتتى. فىرمىلارنىڭ ھەممىسى دەسمايىسىز ھايانكەشلىك سودىسى بىلەن شۇغۇللانمايتتى، دۇكانلارنى تولىمۇ بەك بىزەپ، ياساپمۇ كەتمەيتتى.

فىرمىلار سېتىۋالغان يەرلىك مەھسۇلاتلار سىرتقا توشۇلۇشتىن ئىلگىرى پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى، شۇڭا ئۇلار ئېرىشكەن پايدا ئىچىدە پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىدىغان ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن ئېرىشكەن پايدىمۇ بولاتتى. مەسىلەن، جاۋىغا (5-ئايدا قىرقىلىدىغان قوي يۇڭى) سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن رەڭگىگە قاراپ ئايرىپ، سۇدا لاي ۋە تىزەكلەرنى يۇيۇۋېتىپ، قۇرۇتۇپ تاي قىلىپ تاڭاتتى. ئۇرۇمچىدىكى نەنلياڭدا ياڭماۋخۇ دىگەن بىر يەر بار، ئۇ ئەينى يىللاردا قوي يۇڭى يۇيىدىغان يەر ئىدى، كۈزەم (9-ئايدا قىرقىلىدىغان يۇڭ بولۇپ، مويى پەسرەك بولىدۇ، ئاسەن كىگىز بېسىشقا ئىشلىتىلىدۇ) ئومۇمەن يۇيۇلمايتتى، لېكىن رەڭگىگە قاراپ ئايرىلاتتى. پاختا چىگىتتىن ئادالىناتتى. ئۈچەي مەخسۇس دۇكاندا قىرىپ مېيى چىقىرىۋېتىلىپ تۇزلاپ ئىشلىنەتتى، ...تۇرلۇك يەرلىك مەھسۇلاتلار خاراكتىرىغا قاراپ باشقا-باشقا شەكىلدە ئوراپ تەييارلىناتتى. چوڭراق فىرمىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان دۇكانلىرى بار ئىدى.

پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلار، ئاساسەن، مەدىكارلار ئىدى. مەن ئىشلەيدىغان تيەنشىڭ فىرمىسى ئالدىراش ۋاقىتلاردا 100دىن

ئۇشۇق مەدىكار ياللايتتى. مەدىكارلارنىڭ كۈندىلىك ئىش ھەققى قىلغان ئىشنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ، ھازىرقى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 20 پۇڭدىن 60 پۇڭغىچە بولاتتى، ئىش ھەققىدىن باشقا ئىچىشكە چايلا بېرىلەتتى، كۈنىگە 10 سائەتتىن 12 سائەتكىچە ئىشلىتىلەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن ئېيتقاندا، ئىشچىلار ئاددى تۇرمۇشىنى ئاران قامدايتتى. بۇ مەدىكارلار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىدى، ئاز ساندا قازاق ۋە خۇيزۇلارمۇ بار ئىدى. ئايال مەدىكارلارمۇ بار ئىدى، ئاياللارنىڭ تولىسى پاختا تازىلاش، قوي يۇڭىنى رەڭگە ئايرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. فىرمىلاردىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئايال مەدىكارلارنى كۆپىنچە جىسمانى جەھەتتىن ھاقارەتلەيتتى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار ئېكسپورتىدا چارۋىلارنى ئېكسپورت قىلىشمۇ چوڭ سالماقنى ئىگەللەيتتى، شۇڭا فىرمىلار چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇراتتى، ئۆزلىرى سېتىۋالغان چارۋىلارنى باقاتتى ۋە ئۇلارنى ئاۋۇتاتتى.

فىرمىلارنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانلىرى دەسلەپتە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرگە ئاساسەن ئىگەللىۋېلىنغان مەيدانلار ئىدى. تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان چارۋىچىلىق مەيدانلىرى كونسۇلخانىلارنىڭ ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان چارۋىلارنى ۋاقىتلىق باقىدىغان يەرلەرگە قارىتىلغان ئىدى؛ لېكىن فىرمىلار يايلاقنى ئۆز مەيلىچە كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئوت-چۆپى مول يەرلەرنى ئالدامچىلىق ۋە پارا بېرىش يولى بىلەن چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالاتتى. مەسىلەن، تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ سانجى ناھىيىسىنىڭ سەنتۇنخې دىگەن يېرىدە چوڭ بىر

يايـلىغـى بار ئـىدى، بۇ يايـلاقـتا دائىم 2000 دىـن كۆپرەك قوي بېقىلاتتى، باشقا چارۋىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىـدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، تيەنشىنىڭ فىرمىسى مۇشۇ يايلاقـنى ناھـيە ئامبىلىغا پارا بېرىـش ۋە دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىش يولى بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغان.

شۇ يىللىرى كۇچۇڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق نەنـسەننىڭ بەيياڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى چارۋىچىـلىق مەيدانىـنى تيەنشىنىڭ قاتارلىق ئون نەچچە فىرما ئىگەللىۋالغان ئىدى. 1915 ـ يىل ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن دىپلوماتىيە خادىمىغا چار روسىيىـنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن سۆزلىشىپ، روسىيە سودىـگەرلىرىنىڭ خەلقنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ مال بېقىـشىغا رۇخـسەت قىلىنـمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشقا بۇيرۇغان. ئۇنىڭ دىپلوماتىيە خادىمىغا بەرگەن بۇيرۇغىدا مۇنداق دېيىلگەن: ”بۇ روسىيە سودىگەرلىرى قەسـتەن مال بېقىپ، زىرائەتـلەرنى بۇزەپ قىلىـۋەتـكەن، پۇقـرالار نـىمىشـقا بۇنـداق قىلىسىلەر دېسە، ئەكسىچە ئۇلارنى ھاقارەتلىگەن. ھەتتا پۇقرالارنىڭ قۇلىقىنى كەسكەن، ئۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەن... بۇ روسىيە سودىگەرلـ ـرىـنىڭ ساتـقان كالا، قوي، ئاتـلىرى 100 مىڭدىن كەم بولـمىغان، ئۇلار ئوتلاقلارنى، ئېتىزلارنى ئىگەللىـۋالـغان، ئۇزاق يىللاپ چارۋا باقـقان ۋە ئاۋۇتۇپ كەلـگەن، ئەمـدى مۇشۇنـداق قىـلـمىـساق بولمايـدۇ...“① ئەلۋەتـتە، بۇنـداق سۆزلىششلەر ھېچـبىر نەتىجە بەرمەيتتى.

بىرىنچى دۇنـيا ئۇرۇشى پارتلىغانـدىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن

① ياڭ زېڭشىن: ”سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار“، 7 ـ جىلت 1 ـ كىتاپ، 1 ـ بەت.

روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئاجىزلىشىشقا قاراپ ماڭدى، بىر مەزگىل، بىرقانچە فىرما چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈپ، چوڭ چارۋا ئىگىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

فىرمىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈستىدىكى ئېكىسپىلاتاتسىيىسى دەھشەتلىك ئىدى. مەسىلەن، تيەنشىڭ فىرمىسى ئۇرۇمچى شۆبىسىنىڭ مۇقىم ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ئادەتتە 15 ئۆپچۆرىسىدە بولاتتى. مۇدىر خەسەن كاپىتال تەرەپ ۋەكىلى بولۇپ، ھەر ئايلىق مائاشى ھازىرقى خەلق پۇلىغا 250 يۈەنگە توغرا كېلەتتى، يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە يېتىش ـ قوپۇشىمۇ فىرما مەسئۇل ئىدى. ئادەتتىكى خىزمەتچىنىڭ مائاشىغا كەلسەك، تېرە قاتارلىق ماللارنى پىرسىيوم قىلىپ ئالىدىغان مۇتەخەسسىس ۋە بوغالتىرنىڭكى سەل يۇقۇرى بولغانىنىڭ سىرتىدا، دۇكان خىزمەتچىلىرى بىلەن شاگىرتلارنىڭ ئايلىق مائاشى ھازىرقى خەلق پۇلى ھېساۋىدا 20 ــ 40 يۈەنگە توغرا كېلەتتى. شاگىرتلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە فىرما مەسئۇل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئاددى تۇرمۇش خىراجىتى بىلەنلا تۈگەيتتى. مۇدىردىن باشقا بۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كۈنىگە 10 سائەتتىن كۆپرەك ئىشلەيتتى. روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيتتىن باشقا ۋاقىتلاردا دەم ئېلىش كۈنى بولمايتتى، ھېيت ـ ئايەملەردىمۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مېھمان كۈتۈش بىلەن ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك ھېرىپ كېتەتتى. 1917 ـ يىلى روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، دىخې فىرمىسىدىكى كاششاپ بىلەن ئىككىسىمىز بىرقانچە فىرمىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، كاپىتال تەرەپكە جۈمە كۈنى دەم ئېلىش تەلۋىنى بىرلىكتە قويدۇق. كاپىتال تەرەپ بىلەن روسىيىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا بېرىپ دەۋالاشتۇق.

كونسۇل دىياكوۋ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ بىزگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە بىز جۈمە كۈنى يېرىم كۈن دەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدۇق؛ بىر يىل ئۆتۈپ جۈمە كۈنى بىر كۈن دەم ئېلىشنى قولغا كەلتۈردۇق.

فېرما كاپىتالىستلىرى ئۇ چاغلاردا ئىشى بولسا چار روسىيىنىڭ كونسۇلخانىسىغا باراتتى، ئادەتتە جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ناھايىتى ئاز باردى-كەلدى قىلاتتى، پەقەت ھەر يىلى باھار بايرىمىدىلا جۇڭگو دۇكانلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە يەرلىك ئەمەل-دارلارنى زىياپەتكە چاقىراتتى ھەمدە ئۇستىلىق بىلەن ئەجنەبىچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپ ئالاقىدار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ۋە جۇڭگولۇق كەسپداشلارغا تەقدىم قىلاتتى. ئۇلار مېھمان چاقىرغاندا چوقۇم چار روسىيىنىڭ كونسۇلىنىمۇ چاقىراتتى ۋە شۇ يول بىلەن ئۆز ھەيۋىتىنى ئاشۇراتتى. ئۇلار جۇڭگولۇق ئەمەلدارلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، لېكىن جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىق كەيپىياتىنى ياخشى بىلىۋالغان ئىدى، پۇرسەت تاپسىلا پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي ئۇلارنى ئۆزىگە تارتاتتى. مەسىلەن، شۇ يىللىرى روسىيە ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلار روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شەمەي، چۆچەك قاتارلىق يەرلەردە ئۆتكۈزگەن كاتتا مېھماندارچىلىقىغا داخىل بولۇپ تۇراتتى. روسىيىلىك بۇ سودىگەرلەر كېيىن كېلىدىغان ئىلتىپاتنى دەپ، بۇ جەھەتتە ئادىمەتچىلىك قىلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭ-گولۇق ئەمەلدارلارسىز ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە، يەك ئىچىدە پارىمۇ بېرەتتى. شۇ چاغدىكى تۇرپان ئامبىلى جاڭ خۇالىڭ، ئۈرۈمچى ئامبىلى چېن جىشەنلەر روسىيىلىك سودى-گەرلەردىن كۆپ قىممەت پارا ئالغان، شۇنداق بولغاچقا، روسىيىلىك

سودىگەرلەر بىلەن يەرلىك سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا قەرز ماجىراسى يۈز بەرسە، بەزى يامۇللار ئۇلارنى ئادىل ھۆكۈم قىلالمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا رۇسىيىلىك سودىگەرلەر يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەرز ماجىراسى ياكى باشقا ماجىرا تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇلار ھامان رۇسىيىلىك سودىگەرلەر تەرىپىنى ئالاتتى.

بۇ جەھەتتە، شۇ چاغدىكى ئۈلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن بىرقەدەر پاك ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ياڭ زېڭشىن رۇسىيىلىك سودىگەرلەردىن پارا ئالغاندەك قىلمايدۇ. ئۇ 1912-يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا ئولتۇرغاندىن باشلاپ، رۇسىيىلىك ۋە ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىشتىن نۇرغۇن قېتىم بېشى قاتقان بولغاچقا، شۇنى ئوبدان بىلەتتىكى، بۇ خەقنىڭ پۇلىنى ئېلىپ قويۇش خەنجەرنىڭ سېپىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇش بولاتتى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئابرويى تۆكۈلۈپ نامى يەكسان بولاتتى. ئۇ بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ، قول ئاستىدىكىلەرگە رۇسىيىلىك سودىگەرلەر بىلەن خۇسۇسىي بېرىش-كېلىش قىلماسلىقنى، بىر بىرىگە سوغا تەقدىم قىلماسلىقنى تاپىلاپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا جايلاردىكى رۇسىيىلىك ئاقساقاللار چەتئەلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھۆكۈمەتكە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى؛ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تولا چاغلاردا، مادارا قىلاتتى، ھەتتا ئاقساقاللار يامۇلغا ئىش بېجىرىشكە كېلىپ قالسا، بەزى يامۇللار ئۇدۇل دەرۋازىنى چوڭ ئېچىپ، پوجاڭزا ئېتىپ قارشى ئالاتتى. ياڭ زېڭشىن مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن قايتا-قايتا يوليورۇق بېرىپ، ھەرقايسى ناھىيە ئامباللىرىغا دۆلەتنىڭ ئابرويىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ سۈپىتىگە دىققەت قىلىشنى، چەتئەللىكلەرگە خوشامەت قىلىدىغان بۇنداق كۈتۈۋېلىش ئۇسۇلىنى بىكار قىلىشنى تاپىلىغان ۋە ئاقساقاللارنى كۈتۈۋېلىش چارىسىنى بەلگىلەپ بەرگەن. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن رۇسىيىلىك

سودىگەرلەرنىڭ ھەيۋىتىنى چۈشۈرگىلى بولمايتتى، پەقەت 1917 ـ يىل ـ
دىكى روسىيە ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا روسىيىلىك سودىگەرلەر سەل
ئۆزىنى تارتىدىغان بولۇشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى يەنىلا
زور مىقداردا مەبلەغقە① ئىگە، جەمىيەتتىمۇ مەلۇم ئورۇنغا ئىگە
ئىدى.

1917 ـ يىلدىكى روسىيە ئىنقىلاۋىدىن كېيىن نۇرغۇن روسىيىلىك
سودىگەرلەر جۈملىدىن تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ كاپىتالىستى ئىسهاقمۇ
مەبلىغى بىلەن ئۆي ـ ۋاقىنى شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ كەلدى. روسىيە
ئىنقىلاۋى ۋە ئىچكى ئۇرۇشى شىنجاڭ بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى
سودىنى بىر مەزگىل ئاجىزلىتىپ ۋە ئۈزۈپمۇ قويدى، لېكىن تېخىمۇ
مۇھىمى كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ روسىيىدە قومۇرۇپ تاشلىنىشى،
شىنجاڭدىكى قاچاق روسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ نەزىرىدە، ئەجەل
سىگنالىنىڭ چېلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇلار روسىيە ـ
نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن
كېچە ـ كۈندۈز دىققىتىنى ئۈزمىدى، ئىركۇتسكىدا ئەكسىلئىنقىلاۋىي
ئاق ئورۇس ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، روسىيىلىك سودىگەرلەر
ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا تېخى ئادەممۇ ئەۋەتكەن ئىدى. مەن
تيەنشىڭ فىرمىسىدىن چىقىپ كەتكىچە، بۇ كاپىتالىستلارنىڭ
يىغىلىشىۋېلىپ، روسىيە خەۋەرلىرى ئۈستىدە دائىم پاراڭ قىلىشىدى ـ
غانلىقىنى، بىر بىرىدىن روسىيىگە دائىر خەۋەر سۈرۈشتە قىلىدىغانلى ـ
قىنى ھەمدە سۆيۈپكىتىپ ئارزۇسى بويىچە ئۆزلىرىنى خوشال قىلىشىدى ـ
غان خەۋەرلەرنى، مەسىلەن، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە بىرلىشىپ

① تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ كاپىتالى 1914 ـ يىلنىڭ ئۆپچۆرىسىدە 2 مىليون
رۇبلى ئىدى، بۇنى ئالتۇنغا سۇندۇرغاندا 38 مىڭ سەر ئالتۇن بولاتتى.

روسىيە ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىپتۇدەك، ئاق ئورۇسلاردىن گېنېرال پالانى روسىيىنىڭ پالانى يېرىنى ئېپتۇدەك، ئامېرىكا ئارمىيىسى پېتېربۇرگقا بېسىپ كىرىپتۇدەك، ئەنگلىيە مۇداخىلىچى ئارمىيىسى تاشكەنتنى ئېپتۇدەك دىگەنگە ئوخشاش ئۆزلىرىگە ئەمەس بېرىدىغان خەۋەرلەرنى توقۇپ تارقىتىشىدىغانلىغىنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتىم، تونۇشتۇرۇشقا ھەممىدىن بەك ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شۇ چاغدا بېستروۋ دەيدىغان روسىيىلىك بىر قېرى ئادۋوكات بولۇپ، ئۇ ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىن، مۇردىغا جان كىرگۈزەلەيمەن، كىشىنىڭ ياخشى-يامان كۈنىگە قىلىشىدىن بىشارەت بېرەلەيمەن، دەپ يۈرگەن. بۇ ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى خەنزۇلار ئارىسىدىكى بىر خىل پال سېلىش، جىن-شاياتۇن يولىدا ساماغا دەسسەشكە قىسمەن ئوخشاپ كېتەتتى. ياڭخاڭ كوچىسىدىكى روسىيىلىك سودىگەرلەر كۆپىنچە بۇ قېرىنى چاقىرىپ كېلىپ، كۆپچىلىك قاپ-قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنى چاقىرىشتەك ئىشلارنى قىلىشاتتى. بېستروۋ ھەم خۇراپىي ھەم ھىلىگەر بىرنىمە ئىدى، ئۇ ئەنە شۇ يوللار بىلەن روسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەتتى ۋە مول داستىخىنىغا داخىل بولاتتى. مەنمۇ بىرنەچچە قېتىم قاتناشقان، بۇ رۇس بوۋاينىڭ ئالدامچىلىق يوللىرىنى بىلىۋېلىپ ئەخمەقمۇ قىلغان ئىدىم. ئۇلار يەنە دائىم ئاخۇنلارنى قۇرئان-تالاۋەتكە تەكلىپ قىلىپ، ئاللاتائالادىن بولشېۋىكلارغا جازا بېرىپ، چار پادىشانىڭ تىرىلىشىگە يار-يۆلەك بولۇشىنى تىلەيتتى.

ئۇ چاغدا مەن ماركسىزىمنى ۋە روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم، لېكىن ياشاۋاتقان شارائىتىم ۋە ئوقۇغان ئىلغار ئوقۇشلۇقلار ئارقىسىدا، بايلارنىڭ بىزگە ئوخشىمايدىغانلىغىنى،

بەلكى مەنپەئەتىمىز بىر بىرىمىزگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدىم. دېمەك، ئۇلار نەپرەتلىنىدىغان نەرسە چوقۇم بىز قارشى ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تىلىگىنىنى بىز قاغايمىز، ئۇلارنىڭ قاغىغىنىنى بىز تىلەيمىز، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەتكەن نەرسىلىرىگە قايتىدىن ئېرىشىشكە يول قويماسلىق بىزنىڭ خوشاللىغىمىز بولىدۇ. شۇ چاغدا بۇ بىر خىل بىلىپ-بىلمەي، ئۆز ئۆزىدىن پەيدا بولغان سىنىپي ئاڭ ئىدى.

جۇڭگو بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقاندىن كېيىن، 1918-يىلى ياپونىيە شىنجاڭغا بىر تۈركۈم تەكشۈرگۈچىلەرنى ئەۋەتتى. 1919-يىلى بىر كۈنى غاچ-غاچ ئاياق كىيگەن بىر پاكار كىشى دۇكىنىمىزغا كەلدى. بىرەيلەن ماڭا ئۇنىڭ ياپونىيىلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ياپونىيىلىك كىشىنى ئىسھاق ۋە باشقا روسىيىلىك سودىگەرلەر ئۆيلىرىگە چايغا چىللاشتى، تەرجىمانلىق قىلىش پۇرسەت بولۇپ بەرگەچكە، مەن بۇ سودىگەرلەرنىڭ ياپونىيىنىڭ مۇھاپىزىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ياپونىيە تەۋەلىكىگە ئۆتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. ياپونىيىلىك كىشى ئۇلارغا ئەگەر 40 ئۆيلۈك روسىيىلىك سودىگەر ياپونىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى ئىلتىماس قىلسا، ياپونىيە ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمىتى ئاشۇنى سەۋەپ قىلىپ تۇرۇپ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇپ ئۇلارنىڭ ”مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان“لىقىنى ئېيتتى. لېكىن كېيىن روسىيىلىك سودىگەرلەردىن ياپونىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى خالايدىغانلار 40 ئۆيلۈككە يەتمىگەنلىكى ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى.

روسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ بىر قىسمى روسىيە ئىنقىلاۋىدىن

كېيىن سودىگەرلىكنى توختاتتى، كۆپچىلىكى ئىچكى سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتتى، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مەبلىغى جىق روسىيىلىك سودىگەرلەر يەنە ئىچكى ـ تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ چار روسىيە دەۋرىدە ئىگە بولۇۋالغان "ئىمتىيازى" قالمىغان ئىدى. ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ بىر مەھەل ئۆز ئارزۇسىغا قاراپ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى ئىلتىماس قىلىشتى. مەن تاكى 1922 ـ يىلى تيەنشىنىڭ فېرمىسىدىن ئايرىلغانغا قەدەر، جىشاكىيۇڭ قاتارلىق بىرقانچە فېرما شىنجاڭنىڭ سودا ئىگىلىكىدە يەنىلا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. 1933 ـ يىلى "12 ـ ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، بەزىلەر تېخى سىياسىي سەھنىگە چىقىۋالدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەئىشىتى جەمئىيەتتە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى، ئۇلارنىڭ يېيىش ـ تۇرۇش، يىمەك ـ ئىچمىكىنىڭ ناھايىتى ھەشەمەتلىك ۋە كاتتا ئىكەنلىكىگە شۇ چاغدا شىنجاڭدا ماددىي تەمىناتقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان چوڭ ئەمەلدارلارمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى.

بۇ روسىيىلىك سودىگەرلەر ئۆزلىرىنى تەقۋادار ئىسلام مۇرىتلىرى دەپ ھېساپلايتتى، لېكىن ئۇلار دائىم دىن ئارقىلىق ئاز ـ تولا خەير ـ ئېھسان بىلەن دىندارلارنى ئالدايتتى. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار ھەر يىلى ئۆزلىرىنىڭ كۆچمە مۈلكىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى زاكات ھېساۋىدا كەمبەغەللەرگە بېرىشى كېرەك، دېگەن دىنىي قائىدە بار. تيەنشىنىڭ فېرمىسىدىكى ئىش تۇتقۇچىلار زاكات بېرىشتىن ئاۋال ھامان بىزدەك شاگىرتلارغا كاسات ماللارنى ۋە ئۇزاق يىل بېسىلىپ قالغانلىقتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى ئىشلىتىشكە بولمايدىغان

نەرسىلەرنى سارايدىن ئېلىپ چىقىپ زاكات بېرىلىدىغان مال ھىساۋىدا يىغىشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلايتتى. يەنە، بەزى قەرزدارلار ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېلىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، ئۇلار بۇنىڭغىمۇ "دىنىي مۇراسىم" ئارقىلىق قەرزدارنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك مېلىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ، ئاندىن بىر بولاق نەرسىنى ئاشۇ پۇلنىڭ قىممىتى قىلىپ، قەرزدارنىڭ كۆز ئالدىدا ئايەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاشۇ نەرسىنى قەرزدارغا بېرەتتى، بۇ ئۇنىڭ "مەرتلىك" قىلىپ بېرىۋەتكىنى بولاتتى، ئاندىن بۇ نەرسىنى يەنە قەرزدارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن قەرزدارنىڭ قەرزىنى تۆگەتكەنلىكى ھېساپلايتتى. ئۇلار بۇنى ئاللاتائالانىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلغانلىقىمىز دېيىشەتتى. ئۇ چاغلاردا كەمبەغەللەر-نىڭ ئاڭ-سېزىمى تۆۋەن بولغاچقا، ئاشۇنداق رەڭۋازلىق ئالدىدا بەزىلەر قايمۇقۇپ قالاتتى.

ئىلگىرى-كېيىنكى 12 يىللىق فېرما ھاياتى ماڭا ئىجتىمائىي كىشى-لىك تۇرمۇشنىڭ بىرمۇنچە يولىنى ئۇقتۇردى، بىر ھېساپتا تىيەنشىڭ فېرمىسىنى "مېنىڭ ئالىي مەكتىۋىم" دېسەممۇ بولىدۇ. مەن مۇشۇ ئەسلىمىنى يازىدىغان چاغدا، بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل ئاۋال يېزىلىپ ساقلىنىپ قالغان خاتىرە دەپتىرىمنى ۋاراقلىغىنىمدا، بىر دەپتىرىمگە شۇ چاغدا "بالا دېگەن ئوقۇسىمۇ كۆڭۈل قويمايدۇ" دېگەن خەنزۇچە يېزىلغان سۆزگە كۆزۈم چۈشتى. شۇ يىللاردا ۋاقىت چىقىرىپ ئۆز ئۆزەمدىن ئۆگەنگەنلىكىم ۋە خوجايىنىنىڭ مەن ۋە مېنىڭ ھەمراھلىرىم، نامرات خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپلاتاتسىيىسى، ئالدامچىلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆز ئالدىمغا كەلدى.

# شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئىككى ئىش

1912 ـ يىلى كۈزدە ۋەتەن زېمىنىغا قەدەم قويغان چېغىمدا، ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە بىر يىل بولۇپ قالغان ئىدى، لېكىن مەن چۆچەك كوچىلىرىدا ھېچبىر يېڭىلىق كۆرمىدىم، مۇئاۋىن ۋالى سىرتقا چىقسا، يەنىلا تەختىراۋانغا ئولتۇراتتى، چاڭ چېلىنىپ ئۇنىڭغا يول بوشىتىلاتتى، يامۇلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كالتەكلەر قاتار تىزىپ قويۇلاتتى ۋە گۇناكارلار سولىنىدىغان ياغاچ قەپەزلەر قويۇپ قويۇلاتتى؛ بازاردا ۋە بەزى مەيدانلاردا ئاشكارا تاۋكالار بولاتتى، چوتاچىلار ئۇ يەردە ئالدامچىلىق قىلاتتى ۋە بەزىدە خېلى زور غەلۋە چىقىراتتى.

شۇ چاغدا بۇنداق ھادىسىلەر مەندە بىر خىل ھەيرانلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغان ئىدى. شەمەيدىكى ۋاقتىمدا گېزىت ـ ژورناللاردىن ۋە كىشىلەرنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى پاراڭلىرىدىن ۋەتىنىمىزدە ئىنقىلاپ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. شۇ چاغلاردا روسىيەدە ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى پاراڭلار غەلىتە تۇيۇلمايتتى. بەزى كىشىلەر ئۇچۇن ئىنقىلاپ تارمار دېگەن سۆزنىڭ ئالمىشى ھېساپلانسىمۇ، لېكىن كەڭ خەلق ئۇچۇن ئىنقىلاپ ئۈمىت ئىدى. لېكىن ئىنقىلاپ بولغان ۋەتەندە نېمە ئۇچۇن ئۈمىتتىن بېشارەتمۇ كۆرۈنمەيدۇ؟ تيەنشىڭ فېرمىسىنىڭ چۆچەك شۆبىسىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭدا شۇ چاغدىمۇ ئىككى مەزھەپ بار ئىكەن، يېڭى مەزھەپ يىلىنىڭ بېشىدا ئىلىدا ئىنقىلاپ قىلىپ، ئىلى جاڭجۈنىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنقى-

لاۋىي ھۆكۈمەت قۇرغان ئىكەن. كونا مەزھەپ ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ "جازا يۇرۇشى" قىلىپ ئەسكەر چىقىرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى كورت قاتارلىق يەرلەردە ئۇرۇش قىپتۇ، قىلغاندىمۇ ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش قىپتۇ. كېيىن بېيجىڭدا خان ئورنىدىن چۈشۈپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇپتۇ، شىنجاڭ پەرمەتدارى "يۈەن داخۇا جاناپلىرى" ئىلى تەرەپ بىلەن تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىل ئەۋەتىشكە مەجبۇر بوپتۇ، 6 - ئايدا ئىككى تەرەپ ئاخىر چۆچەكتە سۈلھى كېلىشىمى ئىمزالاپتۇ. ئەمدى "يۈەن داخۇا جاناپلىرى" بېيجىڭغا قايتىپ، شىنجاڭغا "ياڭ زېڭشىن جاناپلىرى" ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بوپتۇ، ئەمەل نامىنى تۇتۇقبەگ قىلىپ ئۆزگەرتىپتىمىش. پەقەت ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى تېخى سۈلھىگە كەلمەپتۇ، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپمۇ ناھايىتى قالايمىقان ئىكەن.

شىنجاڭ ئىنقىلاپ ۋە داۋالغۇش ئىچىدە تۇراتتى، لېكىن چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە كەلگىچە يول ئۈستىدە ھېچقانداق ئەنسىزلىك سەزمىدىم، شىخۇ ئەتراپىدا دېيىك باۋشەن باشچىلىقىدىكى ئىلى ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىنى ئۇچراتتىم، شىخۇ شەھىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا بولسا ئۆلكىگە قاراشلىق نۇرغۇن قوشۇن ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇلار بىر بىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان ئىكەن.

ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ۋە ھەۋەس مېنى رىياللىققا يۈزلەندۈردى - دە، نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىدىم ۋە كۆردۈم. بۇلاردىن مۇنۇ ئىككى ئىشنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

بىرى ــ 1912 - يىلى 1 - ئايدىكى ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ يەرلىك

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى.

ئەينى ۋاقىتتا، ئىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلاشقان يەر ئىدى، شەھەردە ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلارنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ ئىدى؛ ۋاڭ-گۇڭ، تەيجى① قاتارلىق يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، شىۋە، داغۇر (سولۇن)، چاخار ۋە ئۆلۈت موڭغۇللار، شۇنىڭدەك كۆچمەن قازاقلار، موڭغۇللار② ئىلى جىياڭجۈنىگە بىۋاستە قارايدىغان خوشۇن يىلىك قىلىپ تەشكىل قىلىنغان ئىدى. ئۇلار ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات دەھشەتلىك فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچراپ كەلگەچكە، ھۆكۈمران سىنىپنى تەبىئى ھالدا يامان كۆرەتتى. شەھەرلەردىكى سودىگەرلەر ۋە قول سانائەتچىلەر كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا ۋە ئىمتىيازلىق روسىيىلىك سودىگەرلەر بىلەن رىقابەتلىشىشكە قادىر بولمىغاچقا، ھاكىمىيەتتىنمۇ نارازى ئىدى. خۇسۇسەن چار روسىيىنىڭ ئىلىدىكى كونسۇلخانىسى ئىلىدىكى ئىشلاردا ئۆز بەگ-ئۆز خان ئىدى، روسىيە مۇھاجىرلىرى كۆچىگە تايىنىپ يەرلىك ئاھالىنى بوزەك ئېتەتتى. جىياڭجۈن ۋە مۇئاۋىن ۋالى بولسا مادارا چىلىق قىلاتتى، خەلق تەرەپتە تۇرۇپ چەتئەل كۆچلىرىگە قارشى تۇرمايتتى، شۇ سەۋەپتىن ئاھالە بىلەن ھۆكۈمە-

① تەيجى — موڭغۇللارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى. — تەھرىردىن.

② ئىلى تەۋەسىدىكى قازاقلار قىزاي ۋە ئالبان دىگەن ئىككى قەبىلىگە تەۋە بولۇپ، شۇ يىللىرى بۆرتالا تەرەپلەردە كۆچۈپ يۈرەتتى؛ موڭغۇللار غەربىي يولدا كونا تۇرغۇتلار بولۇپ، جىڭ دەرياسى بويلىرىدا چارۋىچىلىق قىلىشاتتى، ئۆلۈت موڭغۇللار جۇڭغارلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىدى، چاخار موڭغۇللار بولسا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ يىللىرىدا شۇەنخۇانىڭ چەت-ياقىلىرىدىن مۇداپىئە ئۈچۈن ئىلىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى.

رانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. ئىلى شۇ زامانلاردا تاشقى سودا ئېغىزى ئىدى، شەرقتىن ۋە غەرپتىن كىرگەن دېموكراتىيە ئىدىيىسى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئاھالىنىڭ قەلبىدە ئاسانلا تەسىر كۆرسەتتى.

ياڭ زەنشۇي باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي ھەركەتلەردە مەلۇم رول ئوينايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي تاكتىكىسىنىڭ بىرى قىلدى. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلارغا قىلغان تەشۋىقاتىدا، شىنجاڭدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ نۇرغۇنى خەنزۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى، ئۇلار خەلقنى باستۇرۇش، خەلققە زىيانكەشلىك قىلىش جەھەتتە خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت دەپ قاراپ تۇرمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئىنقىلابچىلار ئىشلىگەن "بەيخۇاباۋ" گېزىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىغىدىمۇ بېسىپ تارقىتىلدى.

ئىنقىلابچىلار گېلاۋخۇيىنى① ئاممىنى تەشكىللەشنىڭ ۋاستىسى قىلغان، شۇ يىللىرى ئىلىدا گۇرۇھۋازلىق تەشكىلاتى قۇرغان شۇ سەنتەي گېلاۋخۇيغا نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت خەلقنى قاتناشتۇرغان. گېلاۋخۇي ئەسلىدە كۆچمەنلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئاساسەن رىيال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلات ئىدى، ئۇنىڭ تەشكىلىي ئىدىيىسى خېلى ئىلغار بولۇپ، كۈچلۈك دىنىي تۈس ئالمىغان، مىللەت ۋە دىنىي پەرقلەر بىلەن چەكلەنمىگەن ئىدى،

---

① گېلاۋخۇي يەنە ئاكا-ئۇكىلار جەمئىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خەلق ئىچىدە قۇرۇلغان مەخپىي تەشكىلات. — تەھرىردىن.

فېئودالىققا ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتا ھەممەيلەن بىر ئائىلە دەپ قارايتتى، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى جەلپ قىلالايتتى.

1912 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىلى قوزغىلىڭى كۆتىرىلگەن كېچىسى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان نۇرغۇن ئامما كۇرەدىكى ساڭگۇن مەھكىمىسىگە ۋە شىنجاڭ مانجۇ يىڭىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشتى، خۇيزۇلاردىن مادېيۇەن①، مالىڭشياۋ، خەن يۈشۈلار شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوشۇننىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق باشلىقلىرى ئىدى. ئۇيغۇرلاردىن ھېكىمبەگ، ھۈسەنباي، ياقۇپبايلارمۇ قوزغىلاڭ باشلىنىشتىن ئاۋال ئىنقىلاپقا ياردەم بېرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرگەن ھەمدە پۇل ـ مال بېرىپ، ئىنقىلاپ ئۈچۈن كۈچ چىقارغان ئىدى. ئىنقىلاپچىلار ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىشىنىپ، ئۇلارغا قورال ـ ياراق تارقىتىپ بەرگەن؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئىنقىلاپقا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، قورال ـ ياراق ئېلىش بىلەنلا ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان.

ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئىنقىلاپچىلاردىن فېڭ تېمىن 5 مىللەت بىرلەشمىسىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇ جايدىكى يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرى، مەسىلەن، چاخار، ئولۇت يىڭىنىڭ باشلىقى، قازاقلارنىڭ مىڭبېگى قاتارلىقلار يېڭى ھاكىمىيەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شىخۇ ناھىيىسىنىڭ تۆت تۈپ تېرەك دېگەن يېرىدىكى كونا تۇرغۇت چىنۋاڭى پالتا (ياپونىيە ھەربى مەكتىۋىدە ئوقۇغان)مۇ ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىنقىلاپنى قوللايدى-

---

① بۇ كىشىنىڭ لەقىمى "يوغان بۇرۇن" ئىدى، كېيىن ياڭ زېڭشىن ئۆز يېنىغا تارتىپ كەتكەن، مەن ئۇنى ئۈرۈمچىدە كۆرگەن ئىدىم.

غانلىقىنى بىلدۈرگەن. يۇقۇرى تەبىقە ئىچىدىكى بۇ چىنۋاڭ، باشلىق، مىڭبېگى دىگەنلەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇزاق يىللىق فېئودالىق مۇناسىۋىتى تۇرۇقلۇق نىمە ئۈچۈن ئىلىدا قوزغىلاڭ بولۇشى بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ كونا خوجايىنلىرىدىن ۋازكېچىدۇ؟ يەنە نىمە ئۈچۈن كېيىن يۈەن داخۋا ھۇجۇم قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىنقىلاۋىي قوراللىق قوشۇن كورت دىگەن يەردە مۈشكۈل ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئارقا سەپتىكى ئايماق، خوشۇن بېگلار ۋە چارۋى-چىلار يۈەن داخۋانىڭ قۇترىتىشىغا ئالدانماي، ئەكسىچە، چاخار بېگىنىڭ باشلىقى سوتەي تېخى ئايماق، خوشۇن ئەسكەرلىرىدىن 1000دىن ئوشۇق ئادەمنى قومبۇلاققا ئۆلكە قوشۇنىغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتىدۇ؟ ئېيتىش كېرەككى، بۇ، بىر تەرەپتىن، بۇ يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىشەنچى قالمىغانلىقىدىن بولسا، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كەتمىسىنى چاپمايدىغانلىقىدىن بولغان، شۇ سەۋەپتىن، ئۇلار ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت بىلەن ۋاقتىنچە ھەمكار-لاشقان. ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ تېز غەلىبە قازىنىشى ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن پايدىلىنىپ كېتەلمىگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچىسى — 1912-يىل چىرىيە كەنتىدە ئۇيغۇر دىخانلىرىنىڭ گېلاۋخۇي بىلەن بىرلىشىپ چار روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ خەلقنى ئېزىشىگە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى.

چىرىيە خوتەن ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايغا جايلاشقان چوڭ بازار ئىدى، ھازىر ئۇ يەر ناھىيە بولدى، ئۆز ۋاقتىدا خوتەن ناھىيىسىگە قارايدىغان مۇھىم بىر قاتناش

تۆگۈنى ھەم يىزا ئىگىلىگى خۇسۇسەن شايى ـ ئەتلەسچىلىك قول سانائىتى خېلى تەرەققى قىلغان بىر يەر ئىدى (بۇ يەردە يىلىغا تەخ- مىنەن 30 مىڭ توپتىن كۆپرەك شايى ـ ئەتلەس ئىشلەپچىقىرىلاتتى)، شۇ سەۋەپتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپ، روسىيە- لىك سودىگەرلەر سودا ـ سېتىق ئىشى بىلەن بۇ يەرگە كېلەتتى، كېيىنچە بۇ يەردە بىر شاڭزۇڭ (سودا ئاقساقىلى)مۇ قويۇلغان ئىدى.

ئالدىنقى باپتا بايان قىلىنغىنىدەك، شىنجاڭدا ئېكسپورت ـ ئىمپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار باج تاپشۇرمايتتى، شاڭزۇڭلار ئەنە شۇ يول بىلەن يەرلىك ئاھالىنى روسىيىلىك سودىگەر بولىمەن دەپ ئالداپ، ئۇلارغا سودا بېلىتى تارقىتىپ بېرەتتى، لېكىن يەرلىك ئاھالە روسىيىلىك سودىگەرلەرگە ئەزەلىدىن ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولاتتى. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، شاڭزۇڭ سىيىت ھاجى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ: جۇڭگو قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئاھالە كاپالەتسىز قالدى، ئۆزەڭلەرنىڭ ئامانلىغى ئۈچۈن دەرھال روسىيە تەۋەلىگىگە ئۆتۈڭلار، روسىيە تەۋەلىگىگە ئۆتسەڭلەرلا سودا ـ سېتىق، دېخانچىلىق ئىشلىرىدا باج تاپشۇرمايلا قالماستىن، بەلكى ھەرقانداق ۋەقە تۇغۇلۇپ قالسىمۇ سىلەرگە قەشقەردىكى روسىيە كونسۇلخانىسى ئىگە بولىدۇ، دىگەن. سىيىت ھاجىنىڭ شۇ تەشۋىقاتى ھەقىقەتەن بىرمۇنچە سودىگەرلەرنى جەلپ قىلالىغان، بۇ سودىگەر- لەرمۇ چار روسىيىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ كەنتتە سىيىت ھاجىنى يۆلەپ ئۆز مەملىكىتىدىكى قېرىنداشلارنى بوزەك ئەتكەن. بۇنداق ئەھۋال ئەينى يىللىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى كاتولىك دىنى ياكى خىرىس- تىيان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ چەتئەللىك پوپلار ياكى دىن تارقاتقۇچى-

لارنىڭ قۇترىتىشى ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ئۆز ئېلىدىكى قېرىنداشلىرىنى بوزەك ئەتكىنىگە ئوخشاش ئەھۋال ئىدى.

شۇ يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرلىرى چىرىيە ئاھالىسى ئىستىخىيىلىك ھالدا قوزغىلىپ، روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي زۇلمىغا ۋە جىسمانىي زىيانكەشلىكىگە قارشى چىققان، چار روسىيە شاڭزۇڭى سېيىت ھاجى بولسا ئۆز ئادەملىرىگە يەرلىك ئاھالىنى ئۇرغۇزغان. بۇ چاغدا چىرىيىدىكى گېلاۋخۇي ھەققانىي غەزەپكە كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سېيىت ھاجىنىڭ ئادەملىرىگە زەربە بېرىشىگە ياردەم بەرگەن.

شىنخەي ئىنقىلابى بولغان يىلى گېلاۋخۇينىڭ نۇرغۇن مۇرىتلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى پائالىيەتلەرنى ئەۋج ئالدۇرغان. 1912-يىلى ئۇلار ئىلگىرى-ئاخىر قاراشەھەر، ئاقسۇ، كۇچار، بۈگۈر، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كۆتىرىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شۇ جايلارغا ئەۋەتكەن خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان. بۇ خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ يوق قىلىنىشى ۋە گېلاۋخۇينىڭ يەرلىك ئاھالىگە قىلچىلىكمۇ زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەنلىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياخشى تەسىر بەرگەچكە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر گېلاۋخۇي تەشكىل قىلغان قوراللىق قوشۇنغا قاتناشقان.

چىرىيە ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر دائىرىلىرى ۋەقەنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا سەركەردە شۈن گاۋشېڭنى بىرمۇنچە قوشۇن بىلەن چىرىيىگە ئەۋەتكەن. شۈن گاۋشېڭ باشلاپ بارغان ئەسكەر ۋە ئەپىتسەرلەرنىڭ بىرمۇنچىسى گېلاۋخۇينىڭ مۇخلىسلىرى بولۇپ، ئۇلار چىرىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چار روسىيە تەسىر كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى ھەرىكىتىگە ھېسداشلىق

بىلدۈرگەن.

شۇن گاۋشىڭ چىرىيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال يەرلىك شاگىيۇلارنى، مۆتىۋەرلەرنى ۋە چار روسىيىنىڭ شاگزۇگىنى ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەبلەرنى سۈرۈشتۈرۈش مەقسىدىدە چاقىرتقان. شاگزۇڭ سىيىت ھاجى بارمايلا قالماستىن، بەلكى روسىيىلىك مۇھاجىرلارنى جۇگگولۇق ئەمەلدارنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالماسلىققا قۇتراتقان. بۇ ھال يەرلىك ئاھالىنىڭ تېخىمۇ بەك ھەققانى غەزىپىنى قوزغىغان، نۇرغۇن كىشىلەر روسىيىلىك مۇھاجىرلارنىڭ تۇرار جايلىرىنى قورشىۋالغان. ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشى نەتىجىسىدە ھەقىقى روسىيىلىك مۇھاجىرلاردىن ۋە سىيىت ھاجى كېيىن قوبۇل قىلغان كىشىلەردىن يىگىرمە نەچچىسى غەزەپكە كەلگەن ئامما تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. 1912 ـ يىلى شىنجاڭنى بىر مەھەل لەرزىگە كەلتۈرگەن چىرىيە ۋەقەسى ئەنە شۇ.

چار روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بۇ ۋەقە ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتىللارنى جازالاش، تۆلەم تۆلەش تەلىپىنى قويغاندىن باشقا، يەنە قەشقەرگە ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ھەيۋە قىلىپ، قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلماقچى ۋە شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بۇ مەركىزى شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالماقچى بولغان. قەشقەر دائىرىلىرى روسىيە تەرەپ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن شەھەر ئاھالىسى ۋە دېھقانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، ئارمىيە تەشكىل قىلىپ، شۇ يول بىلەن دەبدەبىسىنى كېڭەيتمەكچى بولغان. ناھايىتى تېزلا شۇ يەردىكى ۋە يېڭىسار، پوسكام، يەركەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇلاش ـ چولاش كېلىپ ئەسكەر بولغان، شۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاقىت

ئىچىدىلا بىر لۈ تەشكىل قىلىنغان. بۇ قوشۇن قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىنىش ـ مەش قىلىش ئارقىلىق، چار روسىيە كونسۇلى ئالدىدا تەھدىتتىن قورقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كېيىن چار روسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە قويغان 180 نەچچە ئەمەلدار ۋە ئاھالىسىنى ئۆلتۈرۈپ بەرسۇن، دېگەن تەلىۋىدىن ۋازكېچىپ، تۆلەمنى ئېلىش بىلەن بولدى قىلغان.

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىككى ئىش شىنخەي ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى كۆرەشلەردىكى پوزىتسىيىسى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## قۇمۇلدىكى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى

مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا قۇمۇلدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇرلار قوشۇنىنى كۆردۈم، بۇ قوشۇن كېيىن ئۆلكە ـ لىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن چېگرىنى تېچلاندۇرغۇچى ئاتلىق 3 ـ يىڭ قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى، ئۇنىڭ يېڭىچاڭى 1912 ـ يىلى قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، قۇمۇل چىنۋاڭىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى تۇرغان تۆمۈر خەلپە ئىدى. بۇ قوشۇن خېلى خىل ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ مەشقى ۋە مانېۋىرىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. لېكىن شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تۆمۈر خەلپە بىلەن ئىككىنچى بىر قوماندان مۇيدىنىنىڭ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قەتل قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇ كۈنى مەن ئۆلتۈرۈلگەن بۇ ئىككى شېھىتنىڭ تۈگۈلۈك ياموۇلنىڭ ئارقا تېمىدىن

تاشلىۋېتىلگەن جەسەدىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم، كېيىن خەقلەر ئۇلارنى ياڭخاڭ كوچىسىنىڭ ئارقىسىغا ئېپپىرىشقان ۋە تۆمۈر خەلپىنىڭ جەسىدىنى يەرلىككە قويغان.

تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقە ئىدى.

قۇمۇلدا ۋارىسلىق تۈسىدىكى ئۇيغۇر ۋاڭى ئۆتكەن، ۋاڭنىڭ بوۋىلىرى يەركەن خانلىغى خانىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىدى، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە خىزمەت كۆرسىتىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جۇنۋاڭ، چىنۋاڭ دېگەن ناملارنى ئالغان. چىنۋاڭ ئۆز تەۋەسىدىكى يەرلەرنى ۋە ئاھالىسىنى تولۇق باشقۇرۇش هوقۇقىغا ئىگە بولاتتى، ئاھالە چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىگە هاشار ئىشلەش، باج-سېلىق تۆلەش ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەيتتى. بۇ تۈزۈم 1884-يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىش، شۇنىڭدەك 1912-يىلى جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇش بىلەنمۇ ئۆزگەرمىگەن. چىنۋاڭ هۆكۈمرانلىغىدىكى ئۇيغۇر دېخانلىرى هەر ئايدا چىنۋاڭغا مەلۇم كۈن هەقسىز ئىشلەپ بېرىش بەدىلىگە چىنۋاڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن كىچىككىنە بىر پارچە يەردە دېخانچىلىق قىلىپ ئارانلا جېنىنى باقاتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا هەقسىز ئىشلەپ بېرىش ۋاقتى هەر ئېيىغا 7 كۈنگە چىقىپ، دېخانلار قاتتىق بوغۇلغان ئىدى①.

---

① شۇ يىللىرى ۋاڭ ئوردىسى چىنۋاڭ تەۋەلىكىدىكى دېخانلارنى يەر تېرىپ بېرىشكە قىستايتتى، ئۇرۇقا-ۇق بىلەن دېخانچىلىق قوراللىرىنى ئاھالە ئۆزلىرى تەييارلايتتى. ئاھالە ئېرىشكەن كىچىككىنە يېرىگە مۇشۇلىك دەرەخ تىكىشكە بولمايتتى، ئۇلار سېرىق كىيىم كىيىشكىمۇ بولمايتتى.

ئىچكى ئۆلكىلەردە تۇش ـ تۇشتىن كۆتىرىلگەن ئىنقىلاپ بورىنىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، 1907 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دىخانلار ئىستىخىيىلىك هالدا قوزغىلىپ، دىخانلارنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا بولغان بۇنداق جىسمانى بېقىندىلىق تۇزۇمىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ يەردىكى هۆكۇمەتكە باج ۋە غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. دىخانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەش ئۇچۇن، تىزىلىپ كېسەك توشۇپ كېلىپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىۋەتكەن.

دىخانلارنىڭ دەبدەبىسى ناهايىتى زور بولغانلىقتىن، شامەخسۇت چىنۋاڭ ۋاقتىنچە يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى هۆكۇمىتىنىڭ بۇ يەرگە ئەۋەتكەن ئەمەلدارىنىڭ ياراشتۇرۇشى ئارقىسىدا، دىخانلارنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا ئىشلەپ بېرىش ۋاقتىنى ئېيىغا 7 كۇندىن 3 كۇنگە قىسقارتقان ۋە ئىسپات ئۇچۇن پۇتۇك تاش ئورناتقان. لېكىن ۋەقە ئۆتۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ۋاڭ ئوردىسى شۇ كۇندىكى "غەۋغا"نىڭ باشلىغىنى قولغا ئالماقچى بولغان. دىخانلار يەنە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ۋاڭ ئوردىسى باردىكۆل ئامبىلى يى شېڭفۇنىڭ قوشۇنىنى يۆتكەپ كېلىپ دىخانلارنى قانلىق تۇردە باستۇرغان. قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىغى تورپاق، دۇگامەت قاتارلىق كىشىلەر قۇربان بولۇپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار بۇ ۋەقەنى "تورپاق يېغىلىغى" دەپ ئاتاشقان.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: "ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىغى بەك ئېغىر ئىدى، مۇكچىيىپ هالىمىزدىن كەتسەكمۇ ئورۇنلاپ بولالمايتتۇق. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ 40 مىڭ مودىن ئارتۇق يېرىنى بىز تېرىپ، يىغىشتۇرۇپ بېرەتتۇق، تېخى ئۇرۇقلۇقنى، ئات ـ ئۇلاقلارنى، دىخانچىلىق سايمانلىرىنى بىز چىقىراتـ

تتۇق، ئۇنىڭ يايلىغىنىمۇ بىز قارايتتۇق، ھەر يىلى تۇغۇلىدىغان چارۋىنىڭ سانىنىمۇ چەكلەپ بېكىتىپ بېرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قاتناش ئىشلىرىغا، ئۆي-جاي قۇرۇلۇشىغا، ئائىلە ئەمگىكىگە، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىلىدىغان ئالۋاڭغا قاتنىشاتتۇق.» ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر دېخانلىرى مەدىنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان بولغاچقا، ۋاڭ ئوردىسىدىكى خىزمەتچىلەر تەرىپىدىن خالىغىنىچە دەپسەندە قىلىناتتى، ئىشلەپ بېرىدىغان ۋاقتى تولغان دېخانلارنى داۋاملىق ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇرلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى دېخانلارنى يەنە ۋاڭ ئوردىسىدىكى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار ئۈچۈنمۇ ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇرلايتتى، مەسى-لەن، سۇمۇللاردىكى دورغا (ۋاڭ مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋارىسلىق ئىمتىيازىغا ئىگە ئەمەلدار بولۇپ، شۇ سۇمۇلدىكى دىنىي ئىشلارنى، دېخانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى، ئەرز-شىكايەت ئىشلىرىنى باشقۇراتتى)نىڭ ئۆي ئىشلىرىنى، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ۋە باشقا ئەمگەكلەرنىمۇ دېخانلار قىلىپ بېرەتتى. ۋاڭ ئوردىسى ئاياللارنىمۇ بوش قويمايتتى، نۇرغۇن ياش ئاياللارنى ھەتتا نارەسىدە قىزلارنى ۋاڭ ئوردىسىغا ئېپكىرىپ بولۇشىچە دەپسەندە قىلاتتى، بەزىلىرىنى ھەتتا قىيناپ ناكا قىلىپ قوياتتى، ياكى ئۇلار ئۆلۈپمۇ كېتەتتى. ۋاڭ ئوردىسىدا قاراۋۇللار، سوت، تۈرمە بولاتتى. ۋاڭ ئوردىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر دېخانلىرى ئەمىلىيەتتە يانچى ئىدى.

1912-يىل 2-ئايدا قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى قوراي دېگەن بىر تاغلىق كەنتتە قۇمۇل چىڭۋاڭىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. بۇ شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۇيغۇر دېخانلىرى كۆتەر-

گەن قوزغىلاڭ ئىدى. شىنخەي ئىنقىلاۋى، بىر تەرەپتىن، قۇمۇل دېخانلىرىغا قۇمۇلدا فېئوداللىق تۈزۈمنى بىكار قىلىشقا بولىدىكەن، دىگەن ئۈمىتنى بەرسە، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، ئىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئىنقىلاپلار، خىيانەتچى-پارىخور ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشتەك پاكىتلارمۇ ئۇلارغا: ۋاڭ-گۇڭ خوجاملارمۇ چېقىلغىلى بولمايدىغان ئەۋلىيا ئەمەسكەن، دىگەن ئىلھامىنى بەردى. شۇ سەۋەپتىن، تۆمۈر خەلپە باشچىلىغىدىكى دېخانلار 1907-يىلى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىۋەتكەن دېخانلار ئوتتۇرىغا قويغان شوئارنى — ۋاڭ ئوردىسىغا ھەقسىز ئىشلەپ بەرمەيمىز، بەلكى ئاددى خەلق سۈپىتىدە شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتكە باج ۋە غەللە-پاراق تاپشۇرىمىز، دىگەن شوئارنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويدى، دىمەك، تورپاق قاتارلىق شىھىتلەرنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، يانچىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم كۆرەشكە ئاتلاندى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى تۆمۈر خەلپە قورايلىق كىشى بولۇپ، دادىسىدىن كىچىك قېلىپ، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان، يانچىلىق تۇرمۇشنىڭ دەردىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. دەسلەپتە، ئۇ بۇنداق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ، سەرگەردان بولۇپ ئۆلكە مەركىزىگىچىلىك بارغان، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يەنە قورايغا قايتىپ كەلگەن.

ئىلى ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شىنجاڭ پەرمەتدارى يۈەن داخۇا "باستۇرۇش" ئۈچۈن غەرپكە ئەسكەر ئەۋەتىدىغان چاغدا جايلاردىن ھاشار ئالغان، قۇمۇل چىنۋاڭى 200 دېخان ئەۋەتكەن. كېيىن يۈەن داخۇا داۋاملىق ھاشار ئالىدىغان بولغان، بۇ چاغدا تۆمۈر خەلپە

ئۆز يۇرتىدا كىچىككىنە بىر سىياسى تەشكىلات قۇرغان، ئۇلار هاشار ئېلىش ئىشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ بىلىپ، پاخلان قۇربان قاتارلىق كىشلەر بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ هاشار بولغان ھەمدە تۈزۈلگەن هاشار قوشۇنى بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭغان. 1912-يىل 3-ئايدا، 500 هاشارچى قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، تۆمۈر خەلپە سەپەرداشلىرىغا ئۆلكە مەركىزىگە ۋاڭ-گۇڭ خوجاملار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بارماي، تاققا چىقىپ، ئۆز ئەركىنلىگىمىز ئۈچۈن ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر بىلەن ئېلىشايلى، دەپ چاقىرىق قىلغان. 500 هاشارچىدىن 200 كىشى ئۇنىڭ چاقىرىغىغا ئاۋاز قوشقان. شۇنداق قىلىپ قورالىدا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى بايراق كۆتىرىلگەن.

قۇمۇل چىنۋاڭى شامەخسۇت، بىر تەرەپتىن، دىنىي ئۆلىمالارنى ۋە باي-تۆرىلەرنى تاققا تۆمۈر خەلپىنى گەپكە كۆندۈرۈشكە ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بارىكۆلگە ئادەم ئەۋەتىپ، بارىكۆلنىڭ ئامبىلى يى شېڭفۇنىڭ ئەسكەر تارتىپ كېلىپ باستۇرۇشىنى تەكلىپ قىلغان.

يى شېڭفۇ تەكلىپكە بىنائەن مۇهاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىن 135 كىشىنى باشلاپ بارىكۆلدىن يولغا چىققان، ئۇنىڭ تەرجىمانى ئەشرەپ شاگىيۇ بىلەن گېلاۋخۇيدىكى خەنزۇلار بۇ ئەهۋالنى يوشۇرۇن هالدا تۆمۈر خەلپىگە يەتكۈزۈپ، هېزى بولۇشىنى تاپىلىغان. بۇ چاغدا قورايدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن قوشۇن خېلى كۈچلۈك قوشۇن بولۇپ تەشكىللەنگەن ئىدى، چۈنكى 1907-يىلى قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىكى ئۈچۈن تاشۋىلىققا پالانغان دىخانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ تۆمۈر خەلپىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلغان ئىدى.

تۆمۈر خەلپە ئەشرەپ شاگىيۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئالغان-

دىن كېيىن دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، يى شېڭفۇلار ئۆتىدىغان نەنسەن ئېغىزىغا پىستىرما قويۇپ، بۇ كۆرەك ئەسكەرلەر ھۆكۈمەت سارىيىدا قونغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بىر يولىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن. يى شېڭفۇ 1907-يىلىدىكى شېھىت ئۇزخوجا خوجامنىيازنىڭ ئوغلى ئۇزخوجا ئەخمەتنىڭ قىلىچى ئاستىدا شۇنىڭدىن 5 يىل ئاۋالقى خەلق ئالدىدىكى قان قەرزىنى تۆلىگەن.

دەل شۇ چاغدا، ئىچكىرىگە بېرىش سەپىرىدە قۇمۇلغا كەلگەن يۈەن داخۇا ئۆزىنى يول بويى قوغداپ ماڭىدىغان تۈەنجاڭ چيەن گۇاڭخەننى ئەسكەر تارتىپ تاققا كىرىپ "باسمىچىلارنى تازىلاش"قا ئەۋەتكەن. چيەن گۇاڭخەن ئەسلىدە ئىلى يېڭى ئارمىيىسىدىكى بىر تۈەنجاڭ ئىدى، كېيىن قوشۇنىنى باشلاپ ئۆلكە تەرەپكە تەسلىم بولغان. بۇ جاھىل ئۇنسۇر تۆمۈر خەلپە دىگەن نەدىكى بىر چۈپپۈرەندىلەردىن تەشكىل تاپقان نەرسە، بارسامۇ تۇتۇپ كېلىمەن، دەپ ئويلاپ، تۆمۈر خەلپىنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى جادۇدا توغراش ئۈچۈن، قۇمۇلدا بىرمۇنچە جادۇ يىغىپ، ھارۋىغا بېسىپ ئەسكەرلىرى بىلەن يولغا چىققان. لېكىن تۆمۈر خەلپە ئۇلارنى ئالداپ جىلغىغا باشلاپ كىرىپ ۋەتۋەرىگىنى چىقىرىۋەتكەن، پەقەت چيەن گۇاڭخەن بىلەن بىر قىسىم ئادەملىرىلا قېچىپ قۇمۇلغا بېرىۋالغان.

بۇ قېتىمقى جەڭگە ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ قاتناشقان، ئۇلار دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەلەم ھەم شاخ-شۇمبىلاردىن نۇرغۇن قارانچۇق ئادەم ياساپ، تاققا تىكىۋەتكەن. جەڭ ۋاقتىدا ئۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ مەدەت بەرگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن چيەن گۇاڭخەن بىرنەچچە قېتىم قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچى قوشۇن بارغانسېرى

كۆچىيىپ بارغان، ئادەملىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەن، باشقا
سۇمۇلدىكى دىخانلاردىنمۇ بەزىلىرى قوزغىلىپ ئاۋاز قوشقان. يۈەن
داخۇا ئۇزاقراق تىركىشىپ تۇرالماي، 7-ئايدا ئەلەم بىلەن
قۇمۇلدىن چىقىپ شەرققە قاراپ ماڭغان. شامەخسۇت چىنۋاڭ ئۆزىنى
ساقلاپ قالالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالغان.

ئەمدىلا هاكىمىيەتكە ئېرىشكەن شىنجاڭنىڭ تۇتۇقبېگى ياڭ زېڭ-
شىنىڭ 1907-يىلى شەرقتىن يولغا چىقىپ قۇمۇلغا كەلگەن ۋاقتى
دەل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىۋېتىش ۋەقەسى پارتىلىغان
كۈنلەر ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى "كېلىشتۈرۈپ قويۇش" ئىشىغا قاتناشقان
ئىدى، شۇڭلاشقا چىنۋاڭ بىلەن دىخانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى
ئوبدانراق بىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ
هەرقايسى جايلىرى ئانچە تېچ ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ
تۆمۈر خەلپىگە نىسبەتەن "كۆندۈرۈپ قولغا كەلتۈرۈش" سىياسىتىنى
قوللىنىش قارارىغا كېلىدۇ، 7-ئايدا ئۇ ئۇيغۇرچە تىل-يېزىقتا
كامىل دۇسى① جاڭ سەيتىڭنى بىر ئامال قىلىپ تاقىقا بېرىپ تۆمۈر
خەلپە بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. 8-ئاينىڭ بېشىدا
شامەخسۇت چىنۋاڭنىڭ "ئىسيانچىلارنى تازىلاش" تەلىۋىگە: "ۋەزى-
يەت تېخى ياخشى ئەمەس، يامانلارغا بولغان غەزەپنى تولىمۇ ئاشۇ-
رۇۋېتىشكە بولمايدۇ" دەپ جاۋاپ بېرىپ، چاتاقنى تۈگىتىش ئۈچۈن،
چىنۋاڭدىن "تۆرلۈك ئالۋاڭ-ياساقلارنى ئەۋالغا قاراپ ئازاي-
تىش"نى② ئۆتۈنىدۇ.

---

① دۇسى—يېشىل تۇغلۇقلار قوشۇنىنىڭ 2-دەرىجىلىك ئەمەلدارى—تەھ-
رىردىن.

② ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 2-جىلت، 1-كىتاپ، 4-بەت.

شامەخسۇت چىنۋاڭ ”كۆندۈرۈپ قولغا كەلتۈرۈش“كە قوشۇلمايدۇ، جاڭ سەيتىڭمۇ تاققا بېرىش يولىنى تاپالمايدۇ. شۇ يىلى قىشتا قوزغىلاڭچى قوشۇن سومقاغا، ئاستانە، توغۇچى ۋە قارامۇقچى قاتارلىق يېزا ـ كەنتلەرگە كىرىپ كېلىدۇ. چيەن گۇاڭخەننىڭ قالدۇق قوشۇنى ۋە قۇمۇلنىڭ مۇئاۋىن سەركەردىسى جياڭ گوشېڭ ئالغان بىرنەچچە يىلىق يېڭى ئەسكەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مادارى يەتمەيدۇ. شامەخسۇت چىنۋاڭ بىلەن قۇمۇلنىڭ ئامبىلى بەي ۋېنچاۋ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆلكە مەركىزىدىن ھەربى ياردەم تىلەۋېرىدۇ.

ياڭ زېڭشىن مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ شامەخسۇت چىنۋاڭغا تېلېگىرامما بېرىپ، كۆندۈرۈشنىڭ سەۋەپلىرىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرگەننىڭ، ئامبال بەي ۋېنچاۋنىڭ ”تازىلاش“ توغرىسىدىكى پەمسىز پىلانىنى قاتتىق سۆككەننىڭ سىرتىدا، 9 ـ ئايدا يېڭجاڭ لى شۇفۇنى قۇمۇلغا ئەسكەر تارتىپ بېرىپ، قىلتاق قويۇپ، بىر ئامال قىلىپ تۆمۈر خەلپىنى قىلتاققا چۈشۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ.

لى شۇفۇ قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دىنىي ئېتىقات مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاخىر قورايدا تۆمۈر خەلپە بىلەن كۆرۈشىدۇ. قۇمۇلنىڭ لى شۇفۇ بىلەن بىللە بارغان مۆتىۋەرلىرىمۇ نۇرغۇن سوغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، «قۇرئان» تۇتۇپ سالاچى بولۇشۇۋالىدۇ. لى شۇفۇ تاققا ياڭ زېڭشىننىڭ تۆمۈر خەلپىگە يازغان مەكتۇبىنىمۇ ئالغاچ بارىدۇ. ئۇ خېتىدە: مەن ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇمۇلدا ئىسيان كۆتەرگەنلىكى ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ نامۇۋاپىق تۈزۈملىرىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن بولغانلىقىنى بىلىمەن. ھۆكۈمەت بىگۇنا

پۇقرالارنى ئاسرايدۇ، ئۇلارغا ھەرگىز گۇنا قويمايدۇ، دىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە: تۆمۈر خەلپە باتۇر-زىرەك، دۆلەتكە راسا ئېھتىياجلىق ئادەم، مەن ئۇ كىشىنىڭ ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىشىنى ئۈمىت قىلىمەن، دىگەن.

تۆمۈر خەلپە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، تاغدىكى دىخانلارنىڭ ھەقسىز ئىشلەپ بېرىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، جىسمانى بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇش ئىرادىسىنى چۈشەندۈردۇ. لى شۇفۇ "تولىمۇ ھىسداشلىق قىلغان" تەرىزدە: تاغدىكى ئىشلارنى تۇتۇقبەگ ياڭ زېڭشىن تامامەن چۈشىنىدۇ، ئۇ كىشى يەرلىك ھەربى ۋە مۈلكى ئەمەلدارلارغا تاغدىكى دىخانلارغا قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدا ئىزچىل قاتتىق بۇيرۇق بېرىپ كەلدى ۋە شامەخسۇت چىنۋاڭغىمۇ شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىپ كەلدى. ھازىر مىنگو قۇرۇلدى، ھەممە ئادەم ھوقۇقتا باراۋەر بولدى، تاغدىكى پۇقرالار قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشنى خالايدىغان بولسا، ياڭ تۇتۇقبەگ نىمىشقا قوبۇل قىلمىسۇن. بىراق بۇنداق ئىسلاھات خاراكتېرلىق چوڭ ئىشنى چوقۇم مەركىزى ھۆكۈمەتكە تەستىقلىتىش كېرەك بولغىنى ئۈچۈن، ياڭ تۇتۇقبەگ بۇ ھەقتە زۇڭتۇڭدىن يوليورۇق سورىدى، يوليورۇق يېتىپ كەلگىچە ئۇ كىشى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دىخانلارنىڭ سېلىقىنى كېمەيتىشكە ۋە بۇ قېتىمقى ئىسيانغا قاتناشقانلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىققا ھۆددە قىلىدىغان بولدى، دەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنە «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم بېرىدۇ. تۆمۈر خەلپە ئاخىرىدا لى شۇفۇ بىلەن تۆۋەندىكىچە كېلىشىمگە كېلىدۇ:

1. ۋاڭ ئوردىسىغا ھاشارغا ئىشلىگەنلىكى دىخانلارغا ۋاڭ ئوردىسى ئىش ھەققى بېرىدۇ؛

2. ۋاڭ ئوردىسى سالدىغان ئالۋاڭ-ياساقلار پۈتۈنلەي بىكار قىلىندۇ؛

3. ۋاڭ ئوردىسى بىر قىسىم يەرلىرىنى دىخانلارنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشىغا بېرىدۇ؛

4. قوزغىلاڭ داۋامىدا ۋاڭ ئوردىسى قولغا ئېلىپ كەتكەن 50 نەپەر دىخان قويۇپ بېرىلىدۇ، بارىكۆل ئامبىلى يىپ شېڭفۇنى ئۆلتۈرۈش ئىشى ۋە باشقا ۋەقەلەرنى ھۆكۈمەت سۈرۈشتۈرمەيدۇ؛

5. ئون ئىككى سۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دىخانلار بۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ ئوردىسىغا قارىمايدۇ؛

6. يۇقۇرىدىكى ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ياڭ تۇتۇقبەگ بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تەيىنلىگەن ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.

بۇ 6 ماددىلىق كېلىشىم خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان، لېكىن كېيىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئالاقىسىدا باشقىچە بولدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئالاقىسىدا بايان قىلىنغان كېلىشىمدە، ئاساسەن، دىخانلارنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا ھەر ئايدا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدىغان ۋاقتى 7 كۈندىن 2 كۈنگە قىسقارتىلىدۇ، دېيىلگەن. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 6 ماددىنى مەن شۇ يىللىرى قوزغىلاڭغا قاتناشقان كىشىلەردىن تەكشۈرۈپ ئۇققان ئىدىم.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي بارىكۆلدىمۇ ۋەقە تۇغۇلغان. بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق قوشۇن خۇ دېڭكېنىڭ باشچىلىقىدا ھەربى ئۆزگىرىش قىلىپ، بارىكۆلنىڭ نازارەتچىسى جاڭ سۈنرېننى ئۆلتۈرگەن. ئۇلار تۆمۈر خەلپە بىلەن ئالاقە باغلاپ، تۆمۈر خەلپىنى قورال-ياراق

بىلەن تەمىنلىگەن ھەممە بىر بىرىگە ياردەملىشىشكە كېلىشكەن. ياڭ زېڭشىن شۇ چاغدا بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان، ئۇ تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى تېلېگىراممىلىرىدا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مۇنداق كۆرسەتكەن: "قۇمۇلدا چەنتۇلارنىڭ قايتا-قايتا توپىلاڭ كۆتىرىشىدە، بايا ئۇنى خەنزۇ خائىنلار قۇتراتقان ئىكەن." "قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچىلار بىر-ئىككى خەنزۇ خائىن بىلەن ئۈچ-تۆت ھە-ھۇچىدىن باشقىلار ئەمەس." شۇنداقلا ئۇ يەنە قۇمۇلنىڭ مۇئاۋىن سەركەردىسى جياڭ گوشېڭغا قۇمۇلنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغانلار ئىچىدە "باندىتلار" بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلەرنىڭ بار-يوقلۇغىنى تەكشۈرۈشنى بۇيرۇغان①.

يەنە، 1912-يىل 5-ئايدا، قەشقەردە ئىسيان كۆتىرىپ قەشقەر ۋالىسى يۈەن خۇڭيۇنى ئۆلتۈرگەن گېلاۋخۇيىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بيەن يۇڭفۇ، ۋېي دېشلار شۇ يىلى 10-ئايلاردا قوشۇنىنى باشلاپ ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكىلىپ كېلىۋاتقاندا، گېلاۋخۇيىنىڭ مۇرىتلىرى-دىن دېڭ شىڭباڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۇ ئىككىسىنى قوشۇنىنى باشلاپ تۇرپانغا كېلىپ، قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن دېخانلار بىلەن بىرلىشىپ، ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان. بيەن يۇڭفۇ بىلەن ۋېي دېشى بۇنى قوبۇل قىلمىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ نامرات سەرگەردانلارنىڭ ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر دېخانلىرى بىلەن ئالاقىسى

① بۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ياڭ زېڭشىننىڭ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» دېگەن كىتاۋىنىڭ 2-جىلت، 1-كىتاپ، 7—11-بەتلىرىدىن ئېلىندى.

بارلىغىنى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشقا تىرىشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1913-يىلى يازنىڭ باشلىرىدا، تۆمۈر خەلپە ئۆز سەپداشلىرىدىن 130 كىشىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن، ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى چېگرىنى تېچلاندۇرغۇچى ئاتلىق قوشۇن 3-يىڭنىڭ يىڭجاڭى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ تي جېڭيۈەن قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئاشۇ يىڭنىڭ مۇنتىزىم جەڭچى ۋە كوماندىرلىرىدىن بولغان. تۆمۈر خەلپە ئەسلىدە ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ ئەھۋالغا قاراپ باقمىچى ھەمدە ئالدىنئالا: مۇبادا ئەھۋال چاتاق بولۇپ قالسا، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆلكە مەركىزىدىن چىقىپ كېتىپ، شەرقىي يولدا راسا ئېلىشىش قارارىغا كېلىپ قويغان. لېكىن ياڭ زېڭشىنمۇ تۆمۈر خەلپىدەك بۇنداق ئادەمنىڭ بىردىنلا ئىندەككە كەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەيدۇ، دىگەن نام بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى تۆمۈر خەلپە يىڭىغا تەربىيىچى قىلىپ ئەۋەتىپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەركىتىنى نازارەت قىلىپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇمۇلدا قالغان لى شۇفۇغا ئۇ يەردىكى ئىشلارنى ئوبدان بېجىرىپ، ”جىدەل“ چىقارغان كىشىلەرنى دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا قايتۇرۇپ، خەلق ئارىسىدىكى قورال-ياراقلارنى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قالدۇرماي يىغىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشنى بۇيرۇغان. قۇمۇلنىڭ شىمال تەرەپ تاغلىرىدىكى تۆمۈر خەلپە تەيىنلىگەن كەنت باشلىقلىرىنىمۇ شامەخسۇت چىنۋاڭ ئۆز ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ ئالماشتۇرغان، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىنى ۋاڭ ئوردىسى ئىشقا ئاشۇرمىغان.

بۇ ئەھۋاللار ئۇزاق ئۆتمەي قۇمۇلدىن تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇلىغىغا يەتكەنلىكتىن، ئۇ بىر ئامال قىلىپ شەھەردىن چىقىش كويىدا بولغان. لېكىن بۇ چاغدا ئۇ دۈشمەنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان بولغاچقا، چىقىپ كېتىشى تەس بولغان. ئۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىندىن قوشۇن باشلاپ چاغان تۇڭگۇغا بېرىپ، قارقاشنىڭ پاراكەندىچىلىگىگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن ياڭ زېڭشىن قانداقمۇ يولۋاسنى تاققا قويۇۋەتسۇن! تۆمۈر خەلپە ئاخىر سەپدىشى مۆيدىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر قىسىم مىلتىقنى تۇيدۇرماي يۆتكەپ چىقىپ، پەيت تېپىپ تۇرپانغا چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن. مۆيدىن تۇرپان ئاستانىلىق ئاخۇن بولۇپ، 1912-يىلى كۈزدە شۇ يەردىكى دىخانلارنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشقان، كېيىن ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن "نەسىھەت بىلەن كۆندۈرۈلۈپ" يىڭجاڭلىققا تەيىنلىنىپ، ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكەپ كېلىنگەن.

بۇ چاغدا يۇقۇرىدا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن جىشياڭيۇڭ فېرمىسىنىڭ مۇدىرى خۇسەيىنمۇ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش مەسىلىسىدە شامەخسۇت چىنۋاڭ بىلەن زىتلىشىپ قالغانلىقتىن، تۆمۈر خەلپىگە 40 دانە مىلتىق سېتىۋېلىشىپ بەرگەن.

تۆمۈر خەلپە قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى ئۈرۈمچىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئۇلانبايغا ئوت ئورۇپ كېلىشكە ئەۋەتىش نامى بىلەن قورال-ياراقلارنى بىخەتەر ھالدا توشۇپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ چاغدا مەن كۆندە ئۇلارنىڭ ئۇلانبايغا ئاتلىق ماڭغانلىقىنى، ئوت باسىدىغان ھارۋىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. مىلتىقلار ئەنە شۇ ھارۋىلارغا يوشۇرۇلغان بولسا كېرەك.

ملىتقىلار توشۇپ چىقىلغاندىن كېيىن، ئۇنى سودىگەر ھەسەن كەكلىك تۇيدۇرماستىن تۇرپانغا ئېلىپ چۈشكەن.

تۆمۈر خەلىپىنىڭ پىلانىنى خائىن مۇھەممەتقۇل شامەخسۇت چىنۋاڭغا ئېيتىپ قويىدۇ. چىنۋاڭ تېلېگراممىا ئارقىلىق دەرھال ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن قۇمۇلنىڭ "تېچلىقى" ئۈچۈن بالايى-ئاپەتنى ئالدۇرراق يوق قىلىشنى تىلەپ، تەرجىمانى مۇھەممەت نىيازنى ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن تېز ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ.

بۇ چاغدا تۆمۈر خەلىپىمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۆزىگە قەست قىلغىلى تەييارلانغانلىقىنى سېزىدۇ. گەپلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇمۇلدا تونۇشقان بىر خەنزۇ ئاغىنىسى ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان چېغىدا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەرجىمانى مۇھەممەت نىيازنىڭ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەركەتلىرىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىنى سېزىپ، پۇرسەت تېپىپ تۆمۈر خەلىپە بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشنى تاپىلىغان ھەمدە قىسقا ۋاقىتلىق بولسىمۇ بىر يەردە پانالىنىپ تۇرۇشقا نەسىھەت بەرگەن.

لېكىن تۆمۈر خەلىپە كۆز ئالدىدىكى خەۋپكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدۇ. 1913-يىل 9-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاتلىق قوشۇنىنىڭ تۇغلىقى ما فۇشىڭ تۆمۈر خەلىپىنى تۇغلۇك يامۇلغا مەجلىسكە چاقىرىپ ئاتلىق خەۋەرچى ئەۋەتىدۇ (تۆمۈر خەلىپە يېڭىجاڭ بولغاندىن كېيىن تۇغلۇك يامۇلدا مەجلىس بولسا دائىم ئۇنى مەجلىسكە چاقىرىپ تۇرغان). تۆمۈر خەلىپە ئەنە شۇ يەردە قولغا ئېلىنىپ، شۇ كۈنى كېچىسى مۆيدىن بىلەن بىرلىكتە قەتل قىلىنىدۇ.

9-ئاينىڭ 7-كۈنى ياڭ زېڭشىن تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى

بىلەن پىچان ناھىيىسىنىڭ ئامبىلىغا، شامەخسۇت چىنۋاڭ بىلەن ياڭ تۈەنجاڭغا تېلېگىراممىا يوللاپ، ئۇلاردىن تۆمۈر خەلپە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ملتىقلارنى قاتتىق تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. 9-ئاينىڭ 8-كۈنى تۆمۈر خەلپە "تەتۈر يول تۇتۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى" دەپ ئېلان چىقىرىلدى. تۆمۈر خەلپىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى بولسا، ياڭ زېڭشىن يۇرتىغا قايتۇرىمىز دېگەن نام بىلەن ئېلىپ مېڭىپ، گۇچۇڭ بىلەن مورى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭتاش دېگەن يەردە ئېچىنىشلىق تۈردە قىرىپ تاشلاپتۇ.

تۆمۈر خەلپە قۇربان بولغاندىن كېيىن، شامەخسۇت چىنۋاڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى خەلقىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ۋە ئەزگەن. قوزغىلاڭغا قاتناشقان بىرمۇنچە دېخانلار قولغا ئېلىنىپ پالانغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن. چىنۋاڭ تېخى "ئۇرۇش خىراجىتى"نى تولدۇرىمىز دېگەن نام بىلەن، چارۋىسى بار تاغلىق دېخانلار ۋە چارۋىچىلارغا ھەر 40 قويغا بىر قوي، 10 تۆگىگە 5 قوي، 100 كالىغا 30 قوي، 100 ئاتقا 40 قوي نىسبىتىدە ۋاڭ ئوردىسىغا باج تاپشۇرغۇزغان، نەتىجىدە ۋاڭ ئوردىسى 20 مىڭدىن ئوشۇق قوي يىغىۋالغان.

1962-يىلى مەن قوراي كەنتىنى زىيارەت قىلدىم. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوغلى باسىت تېخى ھايات ئىكەن، ئۇ 50 نەچچە ياشقا كىرىپتۇ. نۇرغۇن بوۋايلار ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى ئەمەلىي تۇرمۇشىمىز تۆمۈر خەلپە ئۆز ۋاقتىدا ئارمان قىلغان تۇرمۇشتىن يۈز ھەسسە ئېشىپ كەتتى، تۆمۈر خەلپە گۆرىدە بۇنى بىلسە، كۆڭلى ئەمىن تاپاتتى، دېيىشتى.

# تۇرپاندىكى ئەمەت قوزغىلىڭى

ياڭقۇنتاغ ئېتىگىدىكى تۇرپان — ئۇيغۇر دېخانلىرى توپلىشىپ جايلاشقان يەر، ئۇ يەردىن چىقىدىغان ئۈزۈم دۇنياغا مەشھۇر.

ئىلگىرى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن نام بېرىلگەن جۇنۋاڭ (ۋىلايەت ۋاڭى)نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر تۈزۈمى ئۆزگەرتىلىپ، يەر ۋە ئاھالە تۇرپان نازارەتخانىسى بىلەن پىچان ناھىيىسىگە قارايدىغان بولدى، جۇنۋاڭ تۇرپاننىڭ جەنۇبىدىكى لۈكچۈنگە كۆچۈپ بېرىپ، يەنە داۋاملىق ۋارىسلىق خوجىلىقىنى قىلدۇەردى. ھۆكۈمرانلىق شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن جۇنۋاڭنىڭ يەنىلا 10 مىڭ مودىن كۆپرەك يېرى ۋە بىرمۇنچە كارىزى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر دېخانلىرى ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى يېنىك-لىمىگەن ئىدى. شۇ چاغدىكى ئەپيۇنكەش ئىمىن جۇنۋاڭ (ئۇنىڭ خوتۇنى قۇمۇل چىنۋاڭىنىڭ قىزى ئىدى) يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلاتتى، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېخانلىرىنىڭ كۈنى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېخانلىرىنىڭكىدىن يېنىك ئەمەس ئىدى.

جۇنۋاڭنىڭ دېخانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتىكى مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى سۇ سېتىش ئىدى، شۇ يىللىرى كۈنىگە 50 مو يەر سۇغىرىشقا بولىدىغان سۇدىن يىلىغا 8 مىڭ سەر كۈمۈش كىرىم قىلاتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەر ئىجارىسىدىن ئالىدىغان

تاپاۋىتىمۇ ناھايىتى زور ئىدى.

جۇنۋاڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۈستىدىكى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغاندەك تۇرغىنى بىلەن، "ۋاڭلىق سەلتەنىتى" يەنىلا مەۋجۇت ئىدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا جۇنۋاڭ دەپ مۇئامىلە قىلغاندىن باشقا، يەنە يىڭجاڭ دىگەن ھەربى ئۇنۋانىنىمۇ بېرىپ، ئۇنى "مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى" تۇتۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە قىلغان ئىدى①. ئۇ شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز مەيلىچە قولغا ئالالايتتى ۋە جازالىيالايتتى. ئۇ چاغدا لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا مەخسۇس "گۇناكار"لارنى قامايدىغان زىندان بار ئىدى، زىنداننىڭ ئىگىزلىگى 16 چى، كەڭلىگى 12 چى بولۇپ، ئۈستىدە كىچىك بىر تۈڭلۈگى بار ئىدى، "گۇناكار"لار ئەنە شۇ تۈڭلۈكتىن چۈشۈرۈلەتتى. ئادەتتە، زىندانغا تاشلانغانلارنىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل سېلىناتتى، "گۇنا"سى ئېغىرلىرىنىڭ بويىنىغا تاقاق سېلىپ ئۈشۈگىدىن باغلاپ قويۇلاتتى. جازا قوراللىرىنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى جىق ئىدى، مەن ياغاچ قەپەز، مۇگۈزا (ياغاچ پۇت تاقىغى)، ئىت تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆپ ئۆرۈملىك قامچا، كالتەكلەرنى كۆرگەن ئىدىم. شۇ يىللىرى كىشىلەر لۈكچۈن ۋە تۇرپان كوچىلىرىدا بويىنىغا سېلىنغان 80 جىڭلىق تۆمۈر كالتەكنىڭ بىر ئۇچىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ قەلەندەرلىك قىلىپ يۈرگەن كىشىلەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇراتتى؛ قوۋۇق

① ئىمىن جۇنۋاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن ھەر ئايدا پۈتۈن يىڭدىكى ئەسكەر سانى بويىچە تەمىنات ئالاتتى، لېكىن ئەسكەرلەرنىڭ سانى كەم ئىدى، خىزمەت ئۆتەيدىغان ئەسكەرلەرنىمۇ ئاھالە ئىچىدىن چىقىراتتى، ئۇلار تېگىشلىك ئوزۇقلۇق ئاشلىغىنى ئالالمايتتى.

بىلەن يۈرۈپ قەلەندەرلىك قىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇراتتى، بۇ كىشىلەر لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن جازالانغان "گۇناكار"لار① ئىدى.

ئۇيغۇرلاردا "سۇ دىگەن دىخاننىڭ قېنى، يەر دىگەن دىخاننىڭ جېنى" دىگەن تەمسىل بار، تۇرپان ۋە پىچاندا، دىخانلارنىڭ قېنى ۋە جېنى فېئودال جۇنۋاڭ ۋە پومىششىكلارنىڭ قولىدا ئىدى؛ دىخانلار تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك جازا زۇلمىغا چىداشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئىمىن جۇنۋاڭدىن باشقا، بۇ ئەتراپتىكى پومىششىكلارمۇ دىخانلارنى ئوخشاشلا دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، ئاتاقلىق چوڭ پومىششىك ما تىڭشياڭ (لەقىمى "ماشاۋيې")نىڭ ناھايىتى جىق يېرى ۋە كارىزى بولۇپ، ھەر يىلى دىخانلاردىن نۇرغۇن بايلىق شۇلۇۋالاتتى.

خورلانغانلارنىڭ ئۇزاققىچە چىداپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، 1912-يىلى كۈزدە قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، تۇرپان دىخانلىرىمۇ تىرىكچىلىك ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن قوزغالدى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا تۇرپان ئاستانىلىق مۇيدىن رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ ئاددى بىر دىخاننىڭ پەرزەنتى بولۇپ، كىچىكىدىن دىنىي تەلىم ئالغاچقا، چوڭ بولغاندا ئاخۇن بولغان. ئۇ كۆپ ھاللاردا مۇشۇ دىنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ كەمبەغەل خەلققە يار-يۆلەك

① ۋاڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى جىسمانى جەھەتتىن دەپسەندە قىلىشىمۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىدى، كەمبەغەل دىخان خوجا ئەخمەت ھەر كۈنى ئات بولۇپ ۋاڭنىڭ ئوغلىنى مىندۈرىدىكەن، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆرە ماڭالمايدىغان بولۇپ قالغان.

بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پالانىدا قىلىنغان. ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىلىغا بارغان، ئۇ يەردىمۇ ئەمەلدارلار بىلەن ئېلىشقان، شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن بىر يىل ئاۋال ئۇ يەنە ئىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق نازارەتتە باشقۇرۇشى ئۈچۈن ئاستانىغا ئېپكېلىپ قويۇلغان.

مۇيدىن ئاستانىدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەندىن كېيىن، سىڭگىم قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر دېخانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. 1912 ـ يىل 11 ـ ئايدا، تۇرپان بىلەن قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئالاقە ئورناتقان، لېكىن ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرى ياڭ زېڭشىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن، مۇيدىنمۇ بىر قىسىم سەپداشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تەيىنلىگەن يىڭجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، كېيىن تۆمۈر خەلپە بىلەن بىر كۈندە قەتل قىلىنغان.

بۇ ئىككىيلەن قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىگىگە قارىماي، ئۇلارنىڭ جەسىدىنى كېپەنلەپ ئالغان، مۇيدىنىنىڭ جەسىدىنى بولسا يۇرتىغا ئېپبېرىپ دەپنە قىلغان.

يۇرتداشلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى يولىدا جېنىنى قۇربان قىلغان بۇ كىشى ئۈچۈن داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزگەن ۋە قەۋرىسىگە گۈمبەز سالغان، ھەر كۈنى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ يەرگە كېلىپ خەتمە قۇرئان قىلىپ تۇرغان.

مۇيدىنىنىڭ ئاستانىلىق سەپدىشى، كەمبەغەل دېخان ئەمەت دەل شۇ چاغدا تۈرمىدىن قېچىپ كېلىدۇ. ئۇ قەۋرە ئالدىدا خەلقنى يەنە زوراۋانلىققا قارشى قوزغىلىشقا، مۇيدىن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا

چاقىرىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىنىسى شاكىر، قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى ياۋ لەن، ئىمىن، سىيىت قاتارلىق كىشىلەرمۇ تۇرپانغا كېلىپ ئەمەتنىڭ قابىل ياردەمچىلىرىدىن بولىدۇ. 1914-يىل 3-ئاينىڭ 29-كۈنى، بوزەك بولۇشقا تەن بەرمەيدىغان ئاما ئەمەت باشچىلىغىدا مۇيدىنىنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا قەسەم قىلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرى ئاساسەن تۆمۈر خەلپە ھايات ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرگەن قوراللار ئىدى.

قوزغىلاڭ كۆتەرگەن كۈنى ئۇلار ئەھۋال تىڭ-تىڭلاپ كەلگەن مامۇتنى تۇتۇۋالىدۇ. مامۇت تۇرپان ناھىيىسىنىڭ جىساسى (جىسا — شۇ يىللىرى قوللىنىلغان بىر خىل ئەمەل بولۇپ، ئۇ ناھىيىنىڭ ئامبىلىغا ياردەملىشىپ يەرلىك مەمۇرى ئىشلارنى بېجىرەتتى، "خەلق-نىڭ رايىنى تەكشۈرۈش" بىلەن شۇغۇللىناتتى، خەلقنى قولغا ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى) بولۇپ، ئادەتتە ھوقۇقىغا تايىنىپ خەلقنى بوزەك قىلاتتى، بۇ قېتىم ئۇ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن قىزىل سىڭىرغا — يالقۇنتاققا كەلتۈرۈلۈپ كاللىسى ئېلىنىدۇ.

شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: "قىزىل سىڭىر گىيا ئۈنمەيدىغان بىر يەر ئىدى، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۆزىنى دالدىغا ئالالمىدى. تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يۇجىسى① سۇن شاۋشياڭ بىلەن ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن فېڭ يىڭجاڭ قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ كەلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم جەڭ قىلدى، گەرچە بىرمۇنچە ئەكسىيەتچى ھەربى ئەمەلدار بىلەن ئەسكەر يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەن-

① مەسلىھەتچى ھەربى ئەمەلدار. — تەھرىردىن.

نىڭ بىر قېتىملىق ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدا، شاكىر ۋە نەچچە ئونلىغان دېھقان ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدى. شاكىر ئۇزاق ئۆتمەي تۇرپان شەھەر ئىچىدە قۇربان بولۇپ كەتتى.»

ئەمەت قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قىزىل سىڭىردىن ئايرىلىپ جىمسار، گۇچۇڭ، پىچان قاتارلىق ناھىيىلەردىكى تاغ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇلار تولىمۇ بەك جاپا چېكىدۇ، بەزىدە نەچچە كۈنلەپ ئاچ قالىدۇ. ئەمەت ياۋلەن، ئىمىن، سېيىتنى ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. لېكىن ياۋلەن قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇلدا خائىننىڭ ساتقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن 1914 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قىلىپ قۇربان بولۇپ كېتىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ئەمەتنى ئىچكى بالايى ـ ئاپەت دەپ ھېساپلاپ، تۇرپان ئامبىلى جاڭ خۇالىڭ بىلەن يۇجى سۇن شاۋشياڭغا ئەمەتنى تۇتۇشنى قاتتىق بۇيرۇيدۇ ھەمدە جاڭ خۇالىڭغا: «مۆيدىننىڭ قەۋرىسىگە گۈمبەز ـ مازار ياسالغان بولسا، كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى دەرھال بۇزۇپ تاشلاڭلار. قەۋرىنىڭ ئېگىزلىگى 3 چىدىن، كەڭلىگى 4 چىدىن، ئۇزۇنلۇغى 6 چىدىن ئاشمىسۇن»① دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ نامرات خەلق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان كىشىلەرنىڭ شۇ يىللىرى خەلق ئىچىدە نەقەدەر زور قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىگىنى، ھەتتا ئەكسىيەت-

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 2 ـ جىلت، 1 ـ كىتاپ، 30 ـ بەت.

چىن ھۆكۈمرانلارمۇ ئۇنىڭ قەۋرىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە چەك قويغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1914-يىلى 8-ئايدا، ئەمەت گۆچۈك تەۋەسىدىكى تيانشان تاغ تىزمىسى ئىچىگە يۆتكىلىدۇ. 1914-يىلى يازدا، ياڭ زېڭشىن مۇئاۋىن يىڭجاڭ مافۇخەي، لىيەنجاڭ مىن گوسەي، شى زوفەنلەرنى ياراملىق ئەسكەرلەرنى پۇقراچە ياسىنىپ تيانشانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئەمەتنى ئىزدەشكە ئەۋەتىدۇ. 8-ئايدا ئۇلار ئەمەتلەر بىلەن تاغنىڭ بىر ئويمان يېرىدە ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ئىككى تەرەپ قاتتىق جەڭ قىلىدۇ، نەتىجىدە ئەمەتنىڭ سادىق سەپدىشى ئابدۇل بىلەن ئابدۇللا قۇربان بولۇپ كېتىدۇ.

قىش چۈشۈپ كېتىدۇ، ئەمەت باشلىغان قوزغىلاڭچى قوشۇن تۇرمۇشتا تېخىمۇ قاتتىق قىيىنىلىدۇ. تۇراقسىز ئۇنسۇر تاجى بىلەن سىيىت ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىققان يېرىدە مافۇخەينىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئىككىسى ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئالدىدا قوزغىلاڭچى قوشۇندىن يۈز ئۆرۈپ، تاققا قايتىپ بېرىپ ئەمەتنى ئۆلتۈرۈشكە ماقۇل بولىدۇ.

1914-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى، ئەمەت گۆچۈك ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر تاغ ئېغىزىدا تاجى بىلەن سىيىت تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. خائىنلار تېخى بۇ قەھرىماننىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، "خىزمەت كۆرسەتكەن"لىكىنى بىلدۈرۈپ مافۇخەيگە تاپشۇرىدۇ.

ئەمەت قۇربان بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قالغان قوزغىلاڭچىلاردىن بىر قىسمى ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتكەننىڭ سىرتىدا (بۇلاردىن بەزىلىرى 1931-يىلى يەنە قومۇل دىخانلار قوزغىلىڭىغا ۋە جىن

شۇرىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىغا قارشى كۈرەشلەرگە قاتنىشىدۇ)، قالغانلىرىدىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي قېرىنداشلىرىنى ئازات قىلىش يولىدا ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغىچە ئېلىشىدۇ.

قۇمۇل ۋە تۇرپان دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك ھەقىقانى كۈرەشلىرى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. 1962-يىلى مەن «تىياتىر» ژورنىلىدا ئەمەت قوزغىلىڭىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان 5 پەردىلىك دىراما — «كۈرەش ئىچىدە قان بىلەن يۇغۇرۇلغان دوستلۇق»نى ئېلان قىلدىم، كېيىن ئۆزگەرتىلىپ «يالقۇنتاغ غەزنۋى» دىگەن تېمىدا كىتاپچە قىلىپ بېسىلدى. بۇ دىراما ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق يەرلەردە قويۇلۇپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى، بۇ ماڭا زور ئىلھام بولدى.

## ئالتاينىڭ شىنجاڭغا تەۋە قىلىنىشى

مەن يۇقۇرىدا تۆمۈر خەلپىنىڭ قالقىلقالارنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى توساش ئۈچۈن ياك زېڭشىندىن ئۆزىنى چاغانتۇگگۇغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغانلىغىنى يازغان ئىدىم. شۇ يىللاردا تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ بىر چوڭ ئىش ئىدى، مەن بۇ يەردە كۆرگەن-بىلگەنلىرىمنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ گىگەنى①

① گىگەن بۇددا دىنىنىڭ چوڭ راھىبى. — تەھرىردىن.

جىپسۇنـدەنبا چار روسىيەـنىڭ قۇترىتىشى بىلەن كولۇنـدا "مۇستەـ
قىللىق" ئېلان قىلدى، 1912 ـ يىلى ئەتىيازدا ئەسكەر تارتىپ كېلىپ
قوبدۇغا ھۇجۇم قىلدى.

قوبدۇدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىلا يەرلىك ھەربىـ
مۇلكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ياردەمچى ۋەزىر قويۇلغان ئىدى (شۇ
چاغدىكى ياردەمچى ۋەزىر بورۇن ئىدى)، قوبدۇ مەمۇرى بۆلۈنۈشتە
بىۋاستە مەركەزگە قارايتتى. ۋەزىيەت جىددىيلەشكەن چاغدا، بېيجىڭ
ھۆكۈمىتى شىنجاڭ، ئىلى، ئالتايغا قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشـنى
بۇيرۇغان ئىدى، لېكىن ياردەمگە بارغۇچى قوشۇن يىغىلىپ بولمايلا،
قوبدۇ 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قولدىن كەتتى. قوبدۇ غەرپـتە ئالـتاي
بىلەن (چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئالتايدا ئالتاي ئىش بېجىرىش
ۋەزىرى قويۇلغان بولۇپ، مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىش بېجىرىش
بېگى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ بىۋاستە مەركەزگە قارايدىغان قىلىنـغان)،
جەنۇپتا شىنجاڭ بىلەن تۇتـىشاتـتى، غەربىي شـىمال بىر بۇرجـىكى
روسىيە بىلەن چېگرىداش ئىدى. چار روسىيە تاشـقى موڭغۇلـىيىنى،
قوبدۇ ۋە ئالتاينى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش نىيىتىدە تاشـقى موڭغۇلىيىنى
مۇستەقىل بولۇشقا كۈشكۈرتتى ۋە ئۇنى قوللىدى.

قوبـدۇ بىلەن ئالـتايـغا ياردەم بېرىـش ئۈچۈن، شىنجاڭ بىلەن
ئىلى ئالتايغا ئەسـكەر توپلـىدى. مەن ئۇرۇمچىـدىن شەرقـقە قاراپ
ماڭغان شىنـجاڭ قوشۇنـىنى كۆرگەن ئىـدىم، بۇ مەن ياڭ زېڭـشىن
دەۋرىدە كۆرگەن ئەڭ خىـل ۋە روھـلۇق قوشۇن ئىـدى. ئالتايـىنى
ساقلاپ قالمىسا، شىنجاڭنىڭ توساقسىز قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەن
ياڭ زېڭـشىن شىمالـدا ئالتايـغا ياردەم بېرىشـتە، شۇ قېتىم ئۆلـكە
غەزىنىسىنى ئايىـماي سەرپ قىلـدى. ئۇ ئالتايـغا ياردەم بەرگـۈچى

قوشۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا خۇسۇسەن قوشۇنغا كېرەكلىك ئوزۇق-تۈلۈك ۋە يەم-خەشەكنىڭ تەمىن ئېتىلىشى ۋە توشۇلۇشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك تۈردە ئورۇنلاشتۇردى. شىنجاڭ قوشۇنى چاغانتۇڭگۇغا ماڭغان چاغدا، چار روسىيىنىڭ ئۇلاستايدىكى كونسۇلى ۋە ئۈرۈمچى، قوبدۇدىكى كونسۇللىرى ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ دائىرىلىرىگە، ئەگەر شىنجاڭ قوشۇنى قوبدۇغا كىرگۈدەك بولسا، ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ، دەپ، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. شۇ سەۋەپتىن، ياردەمگە ماڭغان شىنجاڭ قوشۇنى ۋاقتىنچە چاغانتۇڭگۇ بىلەن يۈەنخۇدا ياتتى، ئىلى قوشۇنى ئالتاي چېگرىسى ئىچىدە توختاپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چار روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلىشىنى كۈتتى.

1913-يىلى 7-ئايدا، تاشقى موڭغۇلىيە فېئودال ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ قوشۇنى ئىككى قېتىم چاغانتۇڭگۇغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى، ئىككىلا قېتىمدا شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە قىسىملىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. چار روسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭ دائىرىلىرىگە تېخىمۇ بەكرەك تەھدىت سېلىش ئۈچۈن، شۇ چاغدا قەشقەر، ئىلى ۋە ئالتايغا ئەسكەر كىرگۈزدى.

شۇ چاغدىكى ئالتاينىڭ ئىش بېجىرىش بېگى كونا تۈرغۇت چىنۋاڭى پالتا ئىدى. پالتا توغرىلىق بىز يۇقۇرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق، ئىلى ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا ئۇ يېڭى ھاكىمىيەتكە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن بۇ ئادەمدە سىياسى قارا نىيەت ۋە دۇنيايەرەسلىك بار ئىدى. پالتىنىڭ تيەنشىڭ فېرمىسى بىلەن ئالاقىسى زىچ ئىدى، تيەنشىڭ فېرمىسىنىڭ كاپىتالىستى ئىسماقنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى ئىبراھىم (ئۇ چاغدا چۆچەكتە ئىدى) پالتا بىلەن

ياخشى ئاغىنە ئىدى. ئۇ ئىككىسى دەسلەپتە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرلىشىپ قالغان ئىدى، چۈنكى ئىبراھىمنىڭ مۇنداق بىر موڭغۇل ئاقسۆڭگى بىلەن دوست بولۇشى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشقىمۇ، چەتئەل ماللىرىنى سېتىشقىمۇ پايدىلىق ئىدى؛ پالتىنىڭ بۇنداق بىر چەتئەل سودىگىرىنى دوست تۇتۇشى ئاز-تولا نەپكە ئىگە بولۇشقىلا ئەمەس، بەلكى شۇ يىللىرىدىكى شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ دەبدەبىسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ پايدىلىق ئىدى. بىزگە مەلۇم، چەتئەل سودىگەرلىرى جۇڭگودا ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماستىن، ئومۇمەن، ئۆز ئېلىنىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن سىياسىي پائالىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى، مەسىلەن، ئۆز ئېلىنىڭ كۆچمىنى تەرغىب قىلاتتى، ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى، جايلاردىكى زاتلارنى جاھانگىرلىكنىڭ كەتمىنىنى چېپىشقا تارتاتتى، ۋاھاكازالار. پالتا كېيىنكى چاغلاردا ئىبراھىم تەرىپىدىن تارتىلىپ، چار روسىيەنىڭ چۆچەكتىكى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى.

تاشقى موڭغۇلىيە "مۇستەقىل" بولۇپ، قوبدۇ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، مەن تيەنشاڭ فېرمىسىنىڭ كاپىتال تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ پاراڭلىرىدىن پالتىنىڭ ئالتايىنى تاشقى موڭغۇلىيەگە قوشۇۋېتىش نىيىتى بارلىقىنى بىلگەن ئىدىم. شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدە پالتىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ھەممىدىن يۇقىرى بولۇپ، چەتئەللەرگە بېرىپ كۆرگەن، يەنە كېلىپ ئۇ ئىلى ئىنقىلاۋىنى قوللىغان ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇ ئاجىز بېيجىڭ ياكى شىنجاڭ دائىرىلىرىگە يۆلەنگەندىن كۆرە چار روسىيەگە تايىنىشنىڭ پۇختىراق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ مەخسۇس ئادىمى دائىم چۆچەك ۋە ئۈرۈمچىگە كېلىپ-كېتىپ

تۇراتتى. تيەنشاڭ فىرمىسىدىكى يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەر سودا-سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە پاراڭلاشقاندا، دائىم، شەرقىي ۋە غەربىي يوللاردىكى سودا-سېتىقتا نۇرغۇن قولايلىقلارغا ئىگە بولىمىز، بەلكى پالتا چىنۋاڭ ئالتاينىڭ ھەقىقىي ۋاڭى بولۇپ قالارمىكىن، دېيىشەتتى.

دەرۋەقە، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى چار روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ۋەقەسى توغرىسىدا ئالاقىلىشىۋاتقان چېغىدا، پالتا ئالدى بىلەن چار روسىيىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلى بىلەن ۋاقىتلىق شەرتنامە تۈزدى (1913-يىل 10-ئايدا). شەرتنامىدە ئالتاي، شىنجاڭ قوشۇنلىرى بىلەن قالقا قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلىمەي ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورنىدا تۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەننىڭ سىرتىدا، يەنە ئالتاي بىلەن قوبدۇنىڭ چېگرىسى بەلگىلەنگەن، سودا يوللىرى ئېچىلىدىغانلىقى ۋە باشقىلار بەلگىلەنگەن①. شۇ يىلى 12-ئايدا پالتا يەنە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان چار روسىيە كونسۇللىرى بىلەن جۇڭگو-موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىغان، ئۇنىڭدا شەرتنامە ئىمزالىنىپ 3 ئايدىن كېيىن شىنجاڭ قوشۇنى چاغانتۇڭگۇدىن يۈەنخۇغا قايتىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. چار روسىيە شۇ يىللىرى پالتىنى قورچاق قىلىپ قويۇپ، پەيدىن-پەي ئالتاينى تىزگىنلەش ۋە ئاخىردا يۇتۇۋېلىش كويىدا بولغان. پالتىنىڭ تيەنشىڭ فىرمىسى ئارقىلىق چار روسىيە بىلەن بولغان

---

① بۇ ۋاقىتلىق شەرتنامە تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان «جۇڭگو-روسىيە باياناتىغا ئائىت ھۆججەتلەر» ۋە «جۇڭگو-روسىيە باياناتىغا ئائىت ئايرىم ھۆججەتلەر» ئىمزالانغاندىن كېيىن كۈچتىن قالغانلىقى ئېلان قىلىنغان.

سىرلىق مۇناسىۋىتىدىن مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىن ئىبارەت. پالتا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ تولىسى ئاللىبۇرۇنلا چەتئەللەرگە چىقىپ كەتكەن، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قېزىپ چىقىلار.

تاشقى موڭغۇلىيە "مۇستەقىل" بولغان مەزگىلدە، 1912-يىلى چار روسىيە ئالتاي، قابا، بۇرچىن قاتارلىق جايلارغا بىر تۈمەن ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇس مىللىتى ئىچىدىكى پىروتېستانت دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان 300 ئۆيلۈكتىن ئارتۇقراق دىخاننى چۇڭخۇ ۋە تېلېز دەرياسى قاتارلىق جايلارغا بوز يەر ئېچىپ مەھەللە قۇرۇشقا كۆچۈرگەن؛ بۇرچىن دەرياسى بىلەن ئېرتىش دەرياسى قوشۇلىدىغان يەرگە يېقىن بولغان بۇرچىندا پورت قۇرۇپ، زايساندىن يۈك پاراخودى كېلىپ بۇ يەردە توختايدىغان قىلىنغان، تاكى روسىيە ئىنقىلاۋىغىچە ئالتايدا چار روسىيىنىڭ ئىككى لېيەن قوشۇنى تۇرۇپ كەلگەن. شۇ يىللىرى چار روسىيىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرى قازاقلارنىڭ يۇرت باشلىقلىرىنى روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈشكە كۈچىنىڭ بېرىچە ھەرىكەت قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يۇرت باشلىقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇنىڭلىق بىلەن تەۋرىنىپ قالمىغان. بىر قېتىم چار روسىيىنىڭ بىر ئەپتىسەرى مېركىت قەبىلىسىنىڭ چوڭى جاقىپقا چار پادىشا ھەدىيە قىلدى، دەپ يۈز ئالتۇن رۇبلى بەرگەن. شۇ چاغدا جاقىپ 70 ياشتىن ئاشقان ئىدى، ئۇ ئالتۇن رۇبلىنى يەرگە ئېتىپ، ھىلىقى ئەپتىسەرنىڭ ئەدىۋىنى بەرگەن.

ئالتاي غەربىي شىمالدا ئايرىم ھالەتتە تۇرغان بىر رايون بولۇپ،

شۇ يىللىرى شۇ يەردىكى مەمۇرىيەت ۋە ھەربىلەر بېيجىڭدىن بېرىلگەن تەمىنات بىلەن قامدىلاتتى. 1913 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق روسىيە ئەلچىسى بىلەن «جۇڭگو ـ روسىيە باياناتىغا ئائىت ھۆججەتلەر» ۋە «جۇڭگو ـ روسىيە باياناتىغا ئائىت ئايرىم ھۆججەتلەر»نى ئىمزالىغاندىن كېيىن، قوبدۇ تاشقى موڭغۇلىيىگە قوشۇۋېتىلىپ، چار روسىيىنىڭ ئالتايغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ھەركىتى كۆرۈنۈشتە تېچلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە ئالتاي بېگى جاڭ چىڭتۇڭغا تەھدىت سېلىپ، سودا قىلىش، يەر قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەگەر روسىيىدە ئىنقىلاپ بولۇپ قالمىغان بولسا، ئالتاي ھامان چار روسىيە تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىش خەۋپىدە تۇراتتى.

1918 ـ يىلى ئالتاينىڭ ئىش بېجىرىش بېگى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر ۋىلايەت سەۋىيىسىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قارايدىغان قىلىندى.

بۇنىڭدىن ئاۋال، 1914 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئىلى چېگرا مۇداپىئە مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەر مۇداپىئە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن ئىدى؛ 1916 ـ يىلى چۆچەك ياردەمچى ۋەزىرلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چۆچەك ۋىلايىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇنداق قىلىپ ئەسلىدىكى مەمۇرى رايون ئايرىلىشى ياكى مەلۇم باشقۇرۇش ھوقۇقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە قارىمايدىغان ئالتاي، ئىلى، چۆچەكتىن ئىبارەت ئۈچ رايون بىر تۇتاش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارايدىغان قىلىندى.

# ئىككىنچى زالدىكى زىياپەتتە ياتلارنىڭ قەتل قىلىنىشى

شۇ يىللىرى ئۇرۇمچىدىكى ياڭخاڭ كوچىسى بىرقەدەر پاكىز، كەڭ ئىدى، ھەر يىلى قىشتا، ئەتىگىنى ھامان بەزى كىشىلەر بۇ كوچىغا كېلىپ ئاتلىرىنى يورغىغا سالاتتى. شۇ يىللىرى ئۇرۇمچىدە كۆندۈرۈلگەن، چىرايلىق، شاش لېكىن قاۋۇل ـ كېلىشكەن بىر يورغا ئات نەچچە سەر ھەتتا ئون نەچچە سەر ئالتۇنغا يارايتتى، شۇڭا يورغا ئېتى بارلارنىڭ تولىسى پومىشىك ـ باي سودىگەر ۋە ئەمەلـ دارلار ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگىنى ياكى كەچقۇرۇندا ھەيـ ۋەتلىك يورغا ئاتلىرىنى مىنىپ كېلىپ بىر بىرىگە داملىشاتتى. تەبىئى، ئاتلىرىنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىمۇ قالتىس خىل بولاتتى. بەزىلىرىنىڭ ئېتىنىڭ يۈگەنلىرىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ياكى ئىسىل تاشلاردىن كۆز قويۇلغان بولاتتى، ئىگەر ـ توقۇملىرى ياكى چەتئەلچە بولاتتى، ياكى كىمخاپ بىلەن قاپلانغان كونىچە ئىگەر بولاتتى. ئاتنىڭ كۆكسىگە ۋە بېشىغا قىزىل پۆپۈك تاقالغان بولاتتى، بەزىلىرى ئېتىنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىپ، شالدۇر ـ شۇلدۇر قىلىپ ماڭاتتى.

دائىم ياڭخاڭ كوچىسىغا ئەتىگىنى كېلىپ ئاتلىرىنى يورغىغا سالىدىغان سۆلەتلىك كىشىلەر ئىچىدە بىرقانچە ئەپەندى بار ئىدى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ياڭخاڭدىكى خوجايىنلار بىلەن يېقىن تونۇش بولۇپ كېتىشكەن ئىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۇنلارچە قېتىم يورغىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتلىرىنى

ئادەملىرىگە يېتىلەشكە بېرىپ قويغان ۋاقىتلىرىدا ياڭخاڭنىڭ خوجايىن-لىرى تولا چاغلاردا ئۇلارنى دۇكانغا كىرىپ دەم ئېلىشقا تەكلىپ قىلاتتى، بىرنەچچە پىيالىدىن چاي ئىچىپ، ھېسسىياتلىرىنى سۆزلە-شەتتى. بۇ ئەپتىسەرلەرنىڭ ئىچىدە لى يىن ناملىق بىرەيلەن بولۇپ، ئۇ توپچىلار يىگىنىڭ يىگىجاڭى ئىدى. ئۇ دائىم تيەنشىڭ فېرمىسىنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ دەم ئالاتتى. بۇ كىلىشكەن، سۇمباتلىق بىر ھەربى ئىدى. كېيىن ئۇشتۇمتۇت قەتل قىلىنغانلىقى سەۋەپلىك ئۇنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قېپتۇ.

1916 ـ يىلى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەسلى كۆنچى بولۇپ كېيىن تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىدە مۇھاپىزەتچى بولغان ما دېچاڭ دىگەن كىشى تيەنشىڭ فېرمىسىنىڭ دۇكىنىغا كەلدى. بۇ كىشى دۇكىنىمىزغا دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھەممىمىز ئۇنىڭ بىلەن ياخشى تونۇش بولۇپ كەتكەن ئىدۇق.

ئۇ ئالاقزادە بولغان ھالدا، بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان لى يىگىجاڭنى ياڭ زېڭشىن جياڭجۈن ئۆلتۈرۈۋەتتى، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، دەپ بەردى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، چاغاننىڭ 15 ـ كۈنى بولىدىغان بايرام ھارپە-سىدا ياڭ جياڭجۈن تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئىككىنچى زالىدا مائارىپ مىنىستىرلىگىنىڭ كۈزەتكۈچىسى ليۇ جاڭيىگىنى ئۇزىتىش يۈزى-سىدىن زىياپەت ئۆتكۈزگەن ئىكەن، زىياپەتكە قاتناشقانلار ئىچىدە نازىر ـ ۋالىلار ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەپتىسەرلەر بار ئىكەن. زىيا-پەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى ياڭ جياڭجۈن بىر دەم سىرتقا چىقىپ كىرىپتۇ، بۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمانسىرىماپتۇ. لېكىن ئۇ قايتىپ كىرىپ، بىردىنلا شيافۇگۇەنجاڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: "شيادىڭ چىقىلسۇن!"

دەپ توۋلاپتىكەن، جياڭجۇنىڭ يېنىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچىسى
قىلىچىنى سۇغۇرۇپلا چېپىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شيا فۇگۇەنجاڭنىڭ كال-
لىسى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ. بۇ چاغدا ئولتۇرغانلار نىمە قىلارىنى
بىلمەي هاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قېپتۇ، خۇسۇسەن ئاساسلىق مېهمان
ليۇدارىن (ليۇ جاڭيىڭ) قورققىنىدىن ئۇستەلنىڭ ئاستىغا كىرىپ
كېتىپتۇ. لېكىن ياڭ جياڭجۈن گويا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك،
مۇھاپىزەتچىسىگە جەسەتنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇپ قويۇپ،
كۆپچىلىكنى داۋاملىق غىزالىنىپ مەي ئىچىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بىر
ھازادىن كېيىن ياڭ جياڭجۈن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ توپچىلار
يىگىنىڭ يىڭجاڭىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ”لى يىن چېپىلسۇن!“ دەپ
توۋلاپتۇ. بۇ قېتىم مۇھاپىزەتچىنىڭ قىلىچى ئۆتمەي قېپتۇ، لى يىڭجاڭ
ئېغىر يارىدار بولغان ھالەتتە سىرتقا قاراپ قېچىپتۇ، ئەلۋەتتە ئۇ
قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ، يەنىلا كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنىپتۇ. شيا دىڭ
بىلەن لى يىننىڭ زىياپەت زالىدا كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنىشى
بىلەن زىياپەتكە قاتنىشىۋاتقانلارنىڭ چىرايىدا قان قالماپتۇ، ئەمدىكى
قىلىچ كىمنىڭ بوينىغا چۈشەر دەپ ئەنسىرەپتۇ. ياڭ جياڭجۈن بولسا
مېهمانلارغا تەسەللى بېرىپ، قەتل قىلىنىدىغانلار مۇشۇ ئىككىسى،
خاتىرجەم غىزالىنىڭلار، دەپتۇ. ئۇ: لى يىڭجاڭ بىلەن شيا فۇگۇەنجاڭ
ئىسيان كۆتىرىش، شىنجاڭدىكى پۇقرالارنىڭ تېچ كۈن كۆرۈشىگە
يول قويماسلىق كويىدا بولۇۋاتقاچقا، ئۇلارنى قەتل قىلىشقا مەجبۇر
بولدۇم، دەپتۇ. ياڭ جياڭجۈن يەنە: مىنىڭ قۇرۇلغاندىن بۇيان
نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭ بۇگۈنكىدەك خاتىرجەم-
لىككە ئېرىشتى، مەن دۆلەت تەرىپىدىن بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن ھەم
ئاتا، ھەم ئانا بولىمەن، قارا يۈزلەرنىڭ پۇقرالارنى ئوتقا ئىتتىرىۋېتىش-

شىگە چىداپ تۇرالمايمەن، دەپتۇ. مېھمانلارنى چۆچۈتۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپتۇ.

مادېچاڭ يەنە مۇنۇلارنى ئېيتتى: شيا دىڭ بىلەن لى يىننى قەتل قىلىش بىر ھەپتىدىن ئاۋاللا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئىش ئىكەن. ياڭ جياڭجۈن بىر كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىرنەچچە مۇھاپىزەتچىسنى قىچقىرىپ: سىلەر ئادەم ئۆلتۈرۈشنى بىلەمسىلەر، دەپ سوراپتۇ. ئۇلار: جياڭجۈن كىمنى ئۆلتۈرۈشنى تاپىلىسا، بىز شۇنى ئۆلتۈرىمىز، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ياڭ جياڭجۈن ئۇلارغا قىلىچ-لىرىنى تەييارلاپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا دائىم تەييار تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ ۋە بۇ توغرىلىق ھېچكىمگە گەپ قىلماسلىقنى تاپىلاپتۇ. 1-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى زىياپەتتە ئۇلار دەل جياڭجۈننىڭ يوليورۇقى بويىچە لى يىڭجاڭ بىلەن شيا فۇگۇەنجاڭنى چېپىپ تاشلاپتۇ.

كېيىن ئاڭلىسام، بايا يۈەن شىكەي خانلىق تۈزۈمنى يولغا قويدۇم دەپ كۆرەڭلەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئىنقى-لاپچىلار ھەركەتكە كېلىپ، يۈەن شىكەيگە قارشى قوزغىلاڭلارنى ئويۇشتۇرغان ئىكەن. شۇ چاغدا شىنجاڭغا كېلىپ ھەركەت ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشى يۈننەنلىك ياڭ يى دىگەن كىشى ئىكەن. ياڭ يى يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، يۈننەنلىكلەر ئارىسىدا تەشۋىقات-تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە شۇ يول بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى يۈەن شىكەينىڭ خانلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈرۈپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلغۇزماقچى بولغان ئىكەن. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان شيا دىڭ بىلەن لى يىن ۋە باشقا يۈننەنلىكلەر، مەسىلەن، ھەربى لاۋازىمات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۇ گوجېن، ساقچى نازىرى ليۇ يىڭفۇ، كان ئىشلىرى دۇبەنى

ۋۇ مىڭكوي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياڭ يىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز
قوشقان. باشقا يۈننەنلىكلەر، مەسىلەن، كېيىن ئالتاينىڭ ۋالىسى
بولغان جاڭ مىڭيۈەن قاتارلىق كىشىلەر گەرچە ئېنىق ئىپادە بىلدۈر-
مىسىمۇ، لېكىن قارشى كەيپىياتتا بولمىغان. بىراق ئۇلار ياڭ
زېڭشىندىن گەپ ئېلىپ باققان چاغدا، ياڭ زېڭشىن ئىچكىرىدىكى
"ھاكىمىيەت تالىشىشى"غا شىنجاڭنى چېتىلدۇرماسلىقنى، مەركەزنىڭ
باشلىقى كىم بولىدىغانلىقى ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ قانداق شەكىلدە
بولىدىغانلىقىنىڭ يۈمېنگۈەننىڭ سىرتى بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى،
شىنجاڭنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆلكە دائىرىسىدىكى
تېچلىقنى ساقلاپ، كۈچلۈك خوشنىلىرىمىزنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ
كىرىشىگە پۇرسەت بەرمەسلىك بولۇپمۇ خەنزۇ سەرگەردانلىرىنىڭ
"پاراكەندە"چىلىك تۇغدۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.
شۇنداق بولغانلىقتىن، يۈەن شىكەيگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس
قىلغۇچى ھەربى-مۇلكى باشلىقلار ئۆز ئىچىدە ياڭ زېڭشىننى ئاغ-
دۇرۇپ تاشلىماي تۇرۇپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىش ۋە دۆلەتنى
ھىمايە قىلىش ئۇرۇشىغا ئاۋاز قوشۇش تەس، دېيىشكەن. لېكىن
ئۇلارنىڭ گېپى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم بولۇپ قالغان.

ياڭ زېڭشىن پەم بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئادەم، ئۇ ھىچ ئىش
بولمىغاندەك يۈرۈپ تەدبىر تۈزۈۋاتقان چېغىدا، تۇتۇقبەگ مەھكىمى-
سىنىڭ پايلاقچىسى — سىچۈەنلىك شىي ۋېنفۇ يۈننەنلىكلەرنىڭ
"ئىسيان كۆتىرىشى" ھەققىدە ئالغان بۇيرۇقى بويىچە ئۇققان
ئاخباراتنى يۈننەنلىكلەر بار سورۇندا ئالمان-تالمان ياڭ زېڭشىنغا
مەلۇم قىلغان. ياڭ زېڭشىن شيا دىڭ بىلەن لى يىن قاتارلىقلارنىڭ
ئاۋال مۇشت ئېتىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇ زاماتلا شىي ۋېنفۇنى يۈن-

نەنلىك يۇرتداشلار ئوتتۇرىسىغا قەستەن بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، پىتنە-ئىغۋا توقۇش يولى بىلەن خىزمەت كۆرسەتكۈچى بولۇۋالماقچى، دەپ قاتتىق تىللىغان ھەمدە ئۇنى ئىسيان كۆتەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ مەلۇم قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن يۈزلەشتۈرگەن. ئەلۋەتتە، بۇلار ياڭ جياڭجۈنگە قارشى تۇرۇش غەرىزى بار دىگەننى بىردەك رەت قىلغان، ياڭ زېڭشىن شېيى ۋېنفۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا قارىماستىن شۇ يەردىلا مۇھاپىزەتچىسىگە شېيى ۋېنفۇنى ئېپچىقىپ ئېتىپ تاشلاشقا بۇيرۇغان. شيا دىڭ بىلەن لى يىن دىگەندەك بىخىرامان بولۇپ قالغان-دە، بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا زىياپەت ئۈستىدە قەتلى قىلىنغان.

ياڭ زېڭشىن شيا دىڭ بىلەن لى يىننى چېپىپ تاشلىغاندىن كېيىن، دەرھال ياڭ يىنى ۋە يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن دۇگوجېن قاتارلىقلارنى قولغا ئالغان. ياڭ يى ئۈرۈمچىدە ئېتىلغان، قالغانلىرى كۆرۈنۈشتە يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىلگەندەك قىلىنغىنى بىلەن، ئەمىلىيەتتە، قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى چوڭتاش دىگەن يەردە كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان. شېيى ۋېنفۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى بولسا نەپەقە ئالغان، تېخى ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزى تەزىيەنامە يېزىپ، ئۇنىڭغا ماتەم تۇتقان.

كېيىن ئۇقسام، شيا دىڭ، لى يىن قاتارلىق كىشىلەر سىياسى ئۆزگىرىش قىلماقچىمۇ ئەمەس ئىكەن، ئۇلار پەقەت ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەيگە قارشى تۇرۇشنى قوللىمىدى، دىيىشكەن ۋە ئۇنى كاللىسى قاتماللىشىپ قالغان ئادەم دەپ تەنقىت قىلىشقان، شىنجاڭنى تەرەققىيپەرۋەر ئادەم باشقۇرۇشى كېرەك ئىدى، شۇ چاغدىلا يۈننەندىكى دۆلەتنى قوغداش قوشۇنىغا ماسلاشقىلى بولاتتى ۋاھاكازا دىيىشكەن ئىكەن. ياڭ زېڭشىنمۇ ئۇلارنىڭ ئاشۇ گەپلىرىگە قاراپ، بىر كۈنى

بولمىسا بىر كۈنى مىنىڭ ھاكىمىيىتىمگە مۇشت ئاتىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، تۈيدۈرمايلا ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن يۈننەنلىكلەرگە ئىشەنمەيدىغان، يۇرتلۇغۇم دەپ كەلگەن يۈننەنلىكلەرنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ قالغان، كۆپلىگەن يۈننەنلىك ھەربىيلەرنى ۋە ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان يۈننەنلىكلەرنىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتۇرۇۋەتكەن. ئاڭلىشىمچە، ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يۈننەنلىكلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەۋرىسىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغان ئىمىش. 1928-يىلى ياڭ زېڭشىن قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ قايتالماي، بېيجىڭنىڭ غەرب تەرىپىدىكى فاڭشەن دىگەن يەرگە قويۇشقان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يۇرتداشلىرىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ①.

ياڭ زېڭشىن شىيا دىڭ، لى يىنلارنى ئۆلتۈرگەن يىلى يەنە يۈەن شىكەينىڭ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىشىغا قارشى تۇرغان سانجى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى كۇاڭ شىنىمۇ ئۆلتۈرگەن. كۇاڭ شى گۇاڭدۇڭلۇق بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭغا ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ كەلگەن، ئۇ ئارقا-ئالدىغا قارىماي گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن يۈەن داخۇا تەرىپىدىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ئىلى ئىنقىلابىدىن كېيىن لى پۇخۇاڭ قاتارلىق كىشىلەر يەنە ئۇنى گەنسۇدىن تەكلىپ

---

① ياڭ زېڭشىن ھايات چېغىدا ماڭا، ناۋادا ئۆلۈپ تارتىپ قالسام، جەسىدىمنى بوغدا تېغىدىكى بوغدا كۆلىنىڭ يېنىغا قويۇڭلار، مەن شىنجاڭدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن، دىگەن ئىدى.

قىلىپ ئېپكەلگەن. ئۇ ئىلىغا كېتىۋېتىپ ئۇرۇمچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتـ
قىنىدا ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە ئىنقىلاپچىلارنى
بىر ـ بىرلەپ يوقىتىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئىلىغا بارغاندىن
كېيىن ئۆلكىگە خىزمەت قىلىشقا كۆندۈرگەن. كۇاڭ شى ئىلىغا
بارغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر قىسىم كىشىلەرنى يېنىغا
تارتقان.

1913 ـ يىلى ئىلىدا قالغان ئىنقىلاپچىلاردىن لى پۇخۇاڭ، فېڭ
تېمىن قاتارلىق كىشىلەر ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ياڭ زېڭشىن بىلەن قارشى
لاشقان ھەمدە قوشۇننى ئۆلغايتىش ئۈچۈن داۋشىڭ بانكىسى بىلەن
ئالاقە باغلاپ پۇل قەرز ئالغان. ياڭ زېڭشىن كۇاڭ شىنىڭ بىرقانچە
قېتىملىق مەخپىي مەلۇماتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاخىر كۇاڭ شىغا
مۆرىتىنى تېپىپ لى پۇخۇاڭ بىلەن فېڭ تېمىن قاتارلىق "ئالاھىدە
ئادەملەر"نى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن. 1913 ـ
يىل 12 ـ ئايدا كۇاڭ شى ئۆزى قولىغا كەلتۈرۈۋالغان ما دېيۇەن
(شۇ چاغدا ئىلى قوشۇنىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەپتسەر)گە ئەسكەر
باشلاپ بېرىپ لى پۇخۇاڭ بىلەن فېڭ تېمىننى ئېتىپ ئۆلتۈرگۈزگەن.
كۇاڭ شى كېيىنكى چاغلاردا ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكەلگەن ۋە
ئۇزاق ئۆتمەيلا سانجى ناھىيىسىگە ئامبال بولغان.

يۈەن شىكەيگە قارشى ھەركەت جەنۇپ بىلەن شىمالدىكى ئۆلكى
لەردە قانات يېيىپ كەتكەندىن كېيىن، كۇاڭ شى يۈەن شىكەيگە خەت
يېزىپ، ئۇنى خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويدۇڭ، سەن ۋەتەن خائىنى
دەپ تىللاپ ئەيىپلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ مۇستە
قىللىق ئېلان قىلىشى كېرەك دېگەن تەشەببۇسنى تارقاتقان. ياڭ
زېڭشىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۇاڭ شىنى باشقۇرۇش تەس بولۇپ

قالدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆلكە مەركىزىگە تەكلىپ قىلىپ، مەھكىمە ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن بىلەن ئىككىسى دۇڭخۇايۇەن باغچىسىدا سەيلە قىلغان. سەيلە قىلىپ يۈرۈپ ياڭ زېڭشىن تەرەت قىلىپ كېلەي دەپ بۇرۇلۇشىغىلا ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى كۇاڭ شىنى بىر پاي ئوق بىلەن يىقىتقان. كۇاڭ شى جان تالىشىۋېتىپ ياڭ زېڭشىننى سۇيىقەستچى ئەبلەخ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن دەپ راسا تىللىغان. لى يۈخۇاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن ما دېيۈەنمۇ كېيىن ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ياڭ زېڭشىن: ”ئۇنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلگىنىمدە، ئۇ مۇشت ئېتىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەت“ دىگەن. ئۇ يەنە: ”ئەۋلىيالار ئىنسانىيەت ئۈچۈن زىيانداشلارنى يوقىتىشقا توغرا كەلگەندە، قەھرى-غەزەپكە كېلىشتىن ۋە قاتتىق قول بولۇشتىن ئەنسىرىمەيدۇ“① دىگەن. ياڭ زېڭشىن ئەنە شۇنداق ئىچى زەھەر ۋە قاتتىق قول ئادەم ئىدى.

## ئاق ئورۇسلارنىڭ شىنجاڭدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشى ۋە گۇم بولۇشى

1920-يىلىنىڭ كەچ كۈزىدىمۇ ياكى قىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىمۇ ئېنىق ئېسىمدە يوق، بىر كۈنى ئۈرۈمچى كوچىسىدا رەتلىك ھەربى كىيىم كىيگەن بىر توپ ئورۇس ئەپىتسەر-جەڭچىلەرنى

① ياڭ زېڭشىن: ”سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر“، 16-جىلت، 24-25-بەتلەر ۋە 27-بەت.

كۆردۈم، تۇپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقىنىنى قامەتلىك، ھاكاۋۇر بىر ئەپتىسەر ئىدى، كىشىلەر ماڭا: يېقىندا ئىلىدىن كەلگەن ئاق ئورۇس قاچاق ئەسكەرلەرنىڭ باشلىغى ئالىيانكوۋ دىگەن ئەنە ئاشۇ، دىدى.

ئالىيانكوۋنىڭ ئادەملىرى ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى نەنلياڭ كوچىسىنىڭ دايىڭپەن① دىگەن يېرىدە تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ گۇچۇڭغا كەتكەنلىگىنى ئاڭلىدىم.

1921-يىلى باھاردا ئالىيانكوۋنى يەنە كۆردۈم. بۇ قېتىم ئۇ قولغا ئېلىنىپ ئۈلكە مەركىزىگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى، ئۇ ھازىردا خۇددى ھېچنىمىگە پىسەنت قىلمىغاندەك ئولتۇراتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ناھىيىلىك گۇندىخانىغا نەزەربەنت قىلىپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئەپيۇن سېلىشنى بىلىدىغان بىر كىشىنى ئۇنىڭغا ئەپيۇن سېلىپ بېرىشكە ئەۋەتىپتۇ. دەرۋەقە، ئالىيانكوۋ بۇ نەرسىگە ئىشتىياق باغلاپتۇ-دە، سېپى ئۆزىدىن ئەپيۇنكەش بولۇپ كېتىپتۇ. تەخمىنەن ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ئەپيۇنكەش ئىچكىرىگە ئەۋەتىلىپتۇ: يول ئۈستىدە فېڭ يۈيشياڭنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىپ بېرىلىپتۇ. سوۋېت دائىرىلىرى ئۇنى شەمەيگە ئېپكېلىپ، خەلقنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپتۇ.

ئالىيانكوۋ چار روسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ شاۋشياۋ ئەپتىسەرى بولۇپ، ئىنقىلاپتىن كېيىن ئاقلار ئىچىدىكى جاھىل ئەپتىسەر بولۇپ قالغان ئىكەن. 1918-يىل 6-ئايدا، ئۇ شەمەيدە يەرلىك ئەكسىلئىنقىلاپچىلار بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇپ،

① بۇرۇنقى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئورنى.

جايلاردا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلارنى قىلغان؛ 1920-يىلى قالدۇق قىسىملارنى باشلاپ ئىلىغا كىرىپ، شىنجاڭدا سوۋېتكە قارشى تايانچ بازا قۇرۇش كويىدا بولغان، بىراق ئاخىرى شىنجاڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

شىنجاڭدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان ئاق ئورۇسلار ئاليانكوۋ تۇركۇمىلا ئەمەس. 1919-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئىلى، چۆچەككە ئارقا-ئارقىدىن كىرگەن ئاق ئورۇسلار نەچچە ئون مىڭ كىشىگە يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كېيىن ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا قورااللىق توپىلاڭ كۆتەرگەنلىكى شۇ چاغدا ھەقىقەتەن چوڭ بىر ۋەقە ئىدى.

## باستۇرۇپ كىرىشتىن ئاۋالقى ئەھۋال ۋە ياڭ زېڭشىنىڭ ئۇنىڭغا قاراتقان سىياسىتى

شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىرگەن ئاق ئورۇسلار، ئاساسەن، 1918-يىلى 8-ئايدا قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن سۈرۈپ توقاي قىلىنغان، ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەكسىلئىنقىلابچى جياڭجۈنى كولچاك ۋە دۇتوۋنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىشىپ، جىنىنىڭ بېرىچە ئېلىشتى، ئاخىردا شىنجاڭنىڭ چېگرىسىغا يېقىن يەرلەرگە يىغىلدى.

شۇ چاغدا ئۇرۇمچى، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، قەشقەرلەردىكى چار روسىيىنىڭ كونسۇللىرى رومانوۋ خاندانلىقىنى تىرىلدۇرۇش كويىدا ئاقلارنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتەي دەپ قالغان مۇشۇ قورااللىق

كۆچمگە تۆرلۈك چارە-ئاماللار بىلەن ياردەم بەردى.

1918-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى، چار روسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى دياكوۋ شىنجاڭ تاشقى ئىشلار ۋالىسىغا نوتا تاپشۇرغان، ئۇنىڭدا: جۇڭگو بىلەن روسىيە بولسا كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەر، ھازىر روسىيىدىكى ئىسيانچى پارتىيە دۆلەت ئارمىيىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شەرق ۋە غەرب تەرەپلەردىن روسىيە زېمىنىغا كىرىپ، چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، جۇڭگو ئەۋەتكەن ئارمىيمۇ ۋىلادىۋاستوكتا قورۇقلۇقتا چىقتى①، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چار روسىيە ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىشى كېرەك، دېگەن. دياكوۋ يەنە ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن تەكشۈرگۈچىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەسكەر چىقىرىشقا كۈشكۈرتكەن. ياپونىيە تەكشۈرگۈچىسى ياڭ زېڭشىنغا: ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىر شتۇەن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلى، چۆچەكلەردە تۇرغۇزۇشقا رازى، دېگەن. ئۇ يەنە، كەلگۈسىدە ھوقۇقلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاساس سېلىش ئۈچۈن روسىيىنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئانچە-مۇنچە ئىش قىلىۋېلىڭلار، دەپ قۇترىتقۇلۇق قىلغان.

---

① شىمال مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى 1918-يىل 8-ئايدا ۋىلادىۋاستوكقا ئەسكەر ئەۋەتكەن.

چار روسىيىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ليۇبا كولۇن (هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتۇر)دا تۇرۇشلۇق كونسۇللۇقتىن يۆتكەپ كېلىنگەن. ئۇ چاغدا، ئۇ ئىنتايىن ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ شىنجاڭ دائىرىلىرىدىن چار روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىلى، چۆچەك چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىلى چېگرىسىنىڭ سىرتىدىكى ساماردىكى قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1919 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ روسىيىدىن قېچىپ كەلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن نەچچە يۈز كىشىنى تەشكىللەپ، ئاق ئورۇس ئەپىتسەرلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى مەشق قىلدۇردى، بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنى قىزىل ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى. شۇ يىلى يازدا، ئۇ يەنە ئاق ئورۇس ئەپىتسەرى بېلىيانچېۋ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ ئىلىدىن ئەسكەر ئېلىشنى، ئورگان تەسىس قىلىپ، روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ سانىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى پىلانلىدى ھەمدە روسىيە مۇھاجىرلىرىدىن قاقتى ـ سوقتى قىلىپ نەق پۇل ئېلىپ، ھەربىلەرگە كىيىم ـ كېچەك، قورال ياراق سېتىۋېلىپ، ئومسكىغا ئېپىپېرىپ ئۇ يەردىكى ئاق باندىتلارغا ياردەم بېرىشكە ئۇرۇندى. ليۇبا سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىگە قەستەن بۆلگۈنچىلىك سېلىپ تۇردى، 1919 ـ يىلى يىل بويىچە، ئۇ دائىم: شەمەيدىكى قىزىل ئارمىيە ئىلىغا ھۇجۇم قىلىدىكەن، دەپ پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتتى. ئۇ يەنە: شىنجاڭ چار روسىيىگە ھەمكارلىشىپ قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى، دەپ يۈردى. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت روسىيىسى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش بولۇشتىن پايدىلىنىپ،

شىنجاڭنى سوۋېت روسىيىسىگە قارشى تۇرۇشنىڭ بازىسىغا ئايلاندۇر-
ماقچى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا
ئالدىراپ: قىزىل ئارمىيە ئىلىغا بېسىپ كىردى، ئىلىدا ئىنقىلاپ
بولۇپ كەتتى، دىگەن ئىغۋالارنى توقۇپ، كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەت-
لەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا بانا تاپماقچى
بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 1919 ـ يىلىنىڭ
بېشىدا چار روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى مىشچېن بىلەن بىرلە-
شىپ شەمەيدە چىقىدىغان «ئەركىن مۇنبەر» گېزىتىدە خەت ـ چەك
ئېلان قىلىپ، قەشقەردىكى ئىسلام ئەھلى بولشېۋىكلارنىڭ "ئېزىق-
تۇرۇشى"غا ئۇچراپ كەتتى، يېقىندا ئەنگلىيىگە قارشى ھەركەت قوز-
غالغۇسى، دىدى. ئۇ يەنە ئىغۋا توقۇپ، ئىلى دائىرىلىرى قىزىل
پارتىيە كىرگۈزگەن خادىملار بىلەن ھەمكارلىشىپ، قىزىل ئارمىيىگە
ياردەم قىلدى، دىدى ھەمدە چار روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق
ئەلچىسى ئارقىلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە سوئال قويۇپ، بېيجىڭ
ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك
سالدى، چۈنكى شىنجاڭ دائىرىلىرى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ روسىيىگە
ئەسكەر چىقىرىشىنى قوللىمايتتى.

چار روسىيىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دىروبىچېۋمۇ
بىكار تۇرمىدى. ئۇ يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاليانكوۋ قاتارلىقلار بىلەن
دائىم ئالاقە باغلاپ، ئاق باندىتلارغا ماددى ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ
بېرىپ تۇردى. ئاليانكوۋنىڭ ئۆزىمۇ بىرنەچچە قېتىم چۆچەككە
كېلىپ ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى كۆزەتتى، 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى
ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى خەنزۇ شياڭ بىڭشېڭنى چۆچەككە ئەسكەر
ئېلىشقا ئەۋەتتى. 1919 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، دىروبىچېۋ ئاق ئورۇس ئەپىت-

سەرى بىلىيانچىۋقا ھەمرا بولۇپ چۆچەك ۋالىي مەھكىمىسىگە بېرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتتىن سودىگەرلەرگە ئۇلار ئومسكىدىن ئېلىپ كەلگەن يېڭىدىن تارقىتىلغان روسىيە ئاقچىسىنى① قوللىنىش توغرىلىق بۇيرۇق بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دىروبىچېۋ ئاقلارنىڭ قىزىل تۇز كۆلى ئارقىلىق سامارىدىكى قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنسا، دېگەن تەلەپنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى.

چار روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى مىشچىن بىلەن ئەنگلىيىنىڭ كونسۇلى ئېزدۇن ئالىلبۇرۇنلا قەشقەرنىڭ باشبۇغى ما فۇشىڭ بىلەن ئاستىرتىن كېلىشىمگە كېلىشىپ، ما فۇشىڭنى روسىيىگە ئەسكەر كىرگۈزۈشكە كۈشكۈرتتى②. 1919 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ما فۇشىڭ ياڭ زېڭشىندىن چار روسىيىنىڭ "ئىسيانچىلارنى تىنچىتىش" ئىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 15 يىڭ ئەسكەرنى روسىيىگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا، ئۇ يەنە قەشقەرگە قاراشلىق ناھىيىلەردىن، مەسىلەن: يەركەن، قاغىلىق قاتارلىق يەرلەردىن

---

① روسىيە ئىنقىلابىدىن ئاۋال روسىيە ئاقچىسى شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان ئىدى، ئىلى، چۆچەكلەردە يەنە روسىيىنىڭ داۋشىڭ بانكىلىرى بار ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، روسىيە ئاقچىسىنىڭ كۇرسى بەك چۈشۈپ كەتكەچكە، ئومسكىدىن ئېلىپ كېلىنگەن يېڭى روسىيە ئاقچىسىمۇ بىر مەزگىل بازاردا ئېقىپ يۈردى، پۇل بەكمۇ ئۇزۇن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى "كالا تىلى" دەپمۇ ئاتايتتى.

② ما فۇشىڭ يۈننەنلىك خۇيزۇ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن شىنجاڭغا پالانغان، ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى سەنداۋبا(ھازىرقى مىچۈەن ناھىيىسى)دا شال تېرىغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن خۇيزۇ قوشۇنى تەشكىللەپ، ئۇنى ئاتلىقلار

ئەسكەر ئېلىپ، ئاتلىق ئەسكەر تەشكىل قىلىپ تەربىيىلەپ، ئۆزى-
نىڭ ئوغلى ماجۇڭنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ چېگرىغا ئەۋەتىشنى
بەلگىلىدى.

شۇ يىلى، قەشقەر ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ روسىيىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرىنى قوزغايدىغان ئاساسلىق
بازىسى بولۇپ قالدى، ئەنگلىيە كونسۇلى ئېزدۇن ئۆزىنىڭ ئەسلى-
مىسى — «ئاسىيانىڭ مەركىزى»① دىگەن كىتاۋىدا، ئۆزىنىڭ شۇ يىل-
لاردىكى جىنايەتلىرىنى ھېچقانداق پەدەزلەپ ئولتۇرمايلا ئىقرار قىل-
غان. مەسىلەن، ئۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە روسىيە تۈركىستانىغا بىر پەۋ-
قۇلئاددە ئەلچىلەر ئۆمىگى ئەۋەتىش تەكلىۋىنى بەرگەن؛ 1919 - يىلى
يازدا ئەكسىيەتچى پەرغانە "ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى"نىڭ باشلىق-
لىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ ئوغلىنى قوبۇل قىلغان،

---

قوشۇنغا باشلىق قىلىپ بەلگىلىگەن. كېيىن سەركەردە قىلىپ كۆتەرگەن،
ئۇنىڭ ياش زېھىنىغا بولغان ياردىمى ناھايىتى چوڭ بولغان. ياش زېھىن
ما فۇشىڭنى قارا تۈرۈك ئادەم، باشقۇرۇش ئاسان، دەپ قاراپ، 1914 - يىلى
قەشقەرنىڭ باشبۇغى قىلىپ ئەۋەتكەن. ما فۇشاڭ قەشقەردە زورلۇق-زومبۇلۇق
قىلىپ، يەرلىك پادىشا بولۇۋالغان. ئۇنىڭ قارا نىيىتى ئەنگلىيە ۋە روسىيە
كونسۇللىرىنىڭ "ئىلھامى" ئاستىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇستەقىل ئىسلام
دۆلىتى قۇرۇش ياكى پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇش
دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. روسىيە ئىنقىلاۋىدا ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرا
ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە كونسۇلى ئېزدۇن ما فۇشىڭنى ئوتتۇرا
ئاسىياغا ئەسكەر ئەۋەتىشكە قۇتراتقان ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنى پۈتۈن
شىنجاڭغا ھۆكۈمران قىلىپ يۆلەپ تۇرغۇزۇشنى شەرت قىلىپ قويغان.

① 1925 - يىلى لوندۇن نەشرى، ئەسلى نامى «In the Heart of Asia».

بۇ ئەكسپەدىتسىيە ئۇنسۇر ”ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت“ نامىدىن ياردەم ئىز-
دەپ قەشقەرگە كەلگەن. ئېزدوۋن ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە ”تاشكەنتتىكى
بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى شەمەي بىلەن يەرغاندە تەشكىللەنگەن قورال-
لىق گۇرۇھلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، مەن بۇ گۇرۇھلار
بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرغان ئىدىم“① دەپ يازغان.
ئېزدوۋن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھاقارەتلەيدىغان
ئاخباراتلارنى قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي
باندىتلارغا بىرقانچە قېتىم ئەۋەتىپ، سىياسى تەشۋىقات يۈرگۈزگەن ۋە
قۇتراتقۇلۇق قىلغان. بۇ باندىتلار دائىم ئېزدوۋن ئەۋەتكەن قورال-
لار بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرغان. شۇ يىللىرى ئەنگلىيە «ئىشچىلار گېزى-
تى»: روسىيىنىڭ چېگرىدىكى تاغلىق رايونىدىن روسىيىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا شەھەر-يېزىلىرىغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان باسمە-
چىلار ”ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن ئىن-
تايىن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى، باش كونسۇل ئاق باندىتلارغا
ناھايىتى 'مەردانىلىق' بىلەن قورال-ياراق ۋە ھەربى ئەشيالارنى
يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى“② دەپ پاش قىلغان.

يۇقۇرىدىكى خىلمۇ-خىل ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ
شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، شۇنىڭدەك شىن-
جاڭدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەرنىڭ ۋەزىيەت-
كە بولغان كۆزقارىشىمۇ بىردەك ئەمەس ئىدى. مۇتلەق زور كۆپ

① 1925 ـ يىلى لوندوْن نەشرى، ئەسلى نامى «In the Heart of Asia».
151 ـ بەت.

② «چېگرا سىرتىدىكى شەرق» ژورنىلىنىڭ 1933 ـ يىل 5 ـ سانىنىڭ
107 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

ساندىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلـدارلار بولـشېۋىكلارنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئىشەنمەيتتى، بەزىلەر روسسىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى شىنجاڭ چېگرىسىغا كېلىپ قالىدىغان بولسا، يېڭى-كونا پارتىيىلەرنىڭ ھەممە-سىلا شىنجاڭغا ھـۇجۇم قىلىپ كـىرىشى مۇمكىن، بۇ ھالدا شىنجاڭ ھازىرقى ئەسكەر كۈچى بىلەن ئۇلارغا تاقابىـل تۇرالـمايـدۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى؛ بەزىلەر چار روسسىيە ھامان ھاكىمىيەتنى تىرىلدۈرىدۇ، شىنجاڭ دائىرىلىرى بولسا چار روسسىيىنىڭ كونسۇللىرىـغا ئەپلەپ-سەپلەپ مۇئامىلە قىلمىسا بولمايـدۇ، بەلكى كېيىن ھوقۇق-مەنپە-ئەتنى قايتۇرۇۋېلىشىـنىڭ ئاساسى قىلىـش ئۈچۈن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چار روسسىيـىگە ماددى ياردەم بېرىشكىمۇ بولـىدۇ، دەپ قارايتتى. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ما فۇشىڭغا كەلسەك، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەسكەر چىقارماقـچى بولۇپ، ئۆزىـنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن "مۇسـتەقىـل" بولۇش ئـۈچـۈن ئاساس يارىـتىش كويىدا ئىدى. چېگرىنى ساقلىغۇچـى ھەربـى-مۇلـكى ئەمەلـدارلار ئۆلكـىلىك ھۆكـۇمەت دائىرىلىرىـغا ئارقا-ئارقـىدىن تېلېگىراممـا ئەۋەتىپ، ئەسـكەر ئېلىپ ئادەمـنى كۆپەيـتىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

ياڭ زېڭشىن رىياللىققا ئېتىۋار بىلەن قارايدىغان ئادەم ئىـدى، ئۇ ۋەزىيەتنى كۆزەتكەندىن كېيىن مۇنداق قاراشقا كەلگەن: 1) روسسىيە ئىنقىلاۋىدىكى ئەھـۋال مۇرەكـكەپ، ئۇرۇش ئوتى كېڭىيىپ كېتىپ بېسىقتۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىـشىدىن ساقلى-نىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ، ئەڭ ياخشىـسى، ئارىلاشمـىغىنى تۈزۈك؛ 2) چەتئەللەرنىڭ شىنجاڭنى روسسىيگە ئەسكەر چىقىرىشقا قۇترىتىش-تىكى مەقـسىدى باشقا يەردە، ئالدام خالتىغا چۈشمەسلىك كېرەك؛

3) شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تىنچلانغىنىغا ئۇزاق بولمىدى، چېگرىدا توقۇنۇش بولۇپ قالسىلا، چوقۇم ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ. ما فۇشىڭنىڭ سۆيىقەستىگە كەلسەك، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئالدىن بىلەلەيتتى، شۇڭا ئۇ بىتەرەپ تۇرۇپ، چار روسىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرىنىڭ ئالاقىدار تەلەپلىرىنى بىردەك رەت قىلىدى. مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن شۇ چاغدىكى بىر قىسىم ھۆججەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن.

1919-يىل 3-ئاينىڭ 18-كۈنى ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭغا مۇنداق يوليورۇق بەرگەن: "...شىنجاڭ روسىيىدىكى ئىسيانغا نىسبەتەن ئەزەلدىن ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلدى، شۇ سەۋەپتىن روسىيىلىكلەردىن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا بىرمۇ ئەسكەر كەلمىدى. ...زىيان تارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئىنغۋاغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇزاق يىلدىن بۇيان تۇتۇپ كەلگەن پوزىتسىيىمىزنى ئۆزگەرتىشكە زادىلا بولمايدۇ. ياپونىيىلىك تەكشۈرگۈچى ۋە روسىيە كونسۇللىرى شىنجاڭنىڭ روسىيىگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، يېڭى پارتىيىگە قارشى ھۇجۇم قىلىشنى قايتا-قايتا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، بىز بىردەك ئۇزرە قويۇپ كەلدۇق."① 1918-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى ئۇ ئىلى شەھەر مۇداپىئە مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى ياڭ فېيشياغا يوليورۇق بېرىپ مۇنداق دېگەن: "... روسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتمەكچى بولۇشى پۈتۈنلەي مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ئادىمىنىڭ ھەركىتى، ئۇلارنىڭ مەقسىدى ساماردا ئەمەس، بەلكى مەلۇم دۆلەتنىڭ ئىلى ئىشلىرىغا ئارىلىششىغا

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 10-جىلت، 7-كىتاب، 1-بەت.

بىرەر بانا تېپىپ ئەسكەر چىقىرىپ، ئىلى چېگرىسى ئىچىدە ھەركەت قىلىپ، ئىلىدا بۇزغۇنچىلىق قىلىش."① ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "مەلۇم دۆلەتنىڭ ئادىمى ئۆلكىدە بىرقانچە قېتىم تەكلىپ بېرىپ، ئىلى ۋە چۆچەكتە بىر شتۇەن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىڭلارغا ياردەم بېرەيلى، دىدى. بەختىمىزگە مەركەز بۇ ھەقتە شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى جۇڭگو ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ دەپ، ئۇلارنىڭ قىلتىغىغا چۈشمىدى. بۇ ئادەم يەنە بىزگە روسىيىدىكى يېڭى پارتىيىگە قارشى ئەسكەر چىقارساڭلار، تۈرلۈك ھوقۇق-مەنپەئەتڭلارنى قايتۇرۇۋالالايسىلەر، دەپ نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ بويىچە مۇشۇنچىلىكلا ئەسكەر بارلىغىنى، يىمەك-ئىچمەكلىرىنىڭمۇ، قوزال-ياراقلىرىنىڭمۇ يېتىشمەيدىغانلىغىنى، تولدۇرۇشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىمىزنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېگرىدا توقۇنۇش بولۇپ قالسىلا باندىتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆتىرىلىپ، ئىچكى-تاشقى دۈشمەننىڭ قىسىشىغا ئۇچراپ قالىدىغانلىغىمىزنى بىلمەسلىك ناھايىتى خەۋپلىك."②

ياڭ زېڭشىن شۇ چاغدا قول ئاستىدىكىلەرنى چەتئەللىكلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىپ كەتمەسلىك، روسىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا قايىل قىلىشقا تىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە قايتا-قايتا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ روسىيىدىكى كونا پارتىيىگە ياردەملىشىپ يېڭى پارتىيىگە

---

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 10-جىلت، 7-كىتاپ، 16-بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 10-جىلت 1-كىتاپ، 13—14-بەتلەر.

ھۇجۇم قىلالماسلىقىدىكى سەۋەپلەرنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ بۇنداق
قىلىشىدا، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ ھۆكۈمىدىن باشقا، تېخىمۇ
مۇھىمى، ئۇنىڭ روسىيە ئىنقىلاۋىغا نىسبەتەن مۇنداق تۈپ قارىشى
بار ئىدى: ئۇنىڭ قارىشىچە، روسىيە ئىنقىلاۋى باي ـ كەمبەغەللىك
پەرقىنىڭ چوڭلۇغىدىن قوزغالغان، ئۇنى قورال كۈچى بىلەن توسىغىلى
ۋە ئۇجۇقتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ؛ روسىيىدىكى يېڭى پارتىيىنى زور
كۆپچىلىك ھىمايە قىلىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشىمۇ
مۇقەررەر. شۇ چاغدا ئۇ بۇنداق قارىشىنى بىرقانچە تېلېگراممىدا
ئاشكارىلىغان ئىدى. مەسىلەن، 1919 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۇ بېيجىڭ
ھۆكۈمىتى چېگرا مۇداپىئە باشقارمىسىدىن كەلگەن تېلېگراممىنى
تاپشۇرۇۋالغان، ئۇنىڭدا روسىيىدىكى يېڭى پارتىيە مۇلۇك ئومۇمچە-
لىغىنى تارقىتىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن قاتتىق پەخەس بولۇش كېرەك،
دېيىلگەن. ئۇ قايتۇرغان جاۋاپ تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېگەن:
"ھازىر دۇنيا ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، بايلار ئازىيىپ، كەمبەغەللەر كۆپەيمەكتە...
مەملىكىتىمىزدە خەلق كەمبەغەل، بايلىق ئاز، ئەگەر خەلق تۇرمۇشىنى چىڭ
تۇتۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى سودا ـ سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان
قىلالمىساق، جاھاننى كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ، جاھاننى
تېچلاندۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ قورال كۈچىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ
كەتمەي، ھەر تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن، جاھان
نامراتلىشىپ كېتىدىغان بولسا، جەزمەن روسىيىدىكى زور ئىنقىلاپتىكىدەك،
خەلق ئەمەلدارلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، ئەسكەرلەرمۇ سەركەردىلەرنىڭ
گېپىنى ئاڭلىمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنى
ئەسكەر قاپلاپ كەتكەندىمۇ ئەلنى ئىدارە قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ..."①

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 10 ـ جىلت، 8 ـ كىتاپ،
39 ـ بەت.

1920 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇنىڭ قەشقەر ۋالىسى جۇ رۇيچىغا بەرگەن يولىيورۇغىدا مۇنداق دېيىلگەن: "ئەنگلىيە كونسۇلى روسىيىدىكى يېڭى پارتىيىنى شامالدىكى شامىكى، ئۇزاققا قالماي ئۆچىدۇ، دەۋاتىدۇ، ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ھەقىقى يېڭى پارتىيە سۆزسىز يېڭىپ چىقىدۇ، قەدىمقى زامانىدىمۇ ۋە ھازىرقى زاماندىمۇ، جۇڭگودىمۇ ۋە چەتئەللەردىمۇ شۇنداق ھەرقايسى ئەللەردە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، پەقەت جۇڭگودىلا بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقى يېڭى پارتىيە مەيدانغا كەلمىدى، خالاس."① 1920 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۇ ۋالىلارغا ۋە ئىلى شەھەر مۇداپىئە ئەمەلدارىغا ئۆز قولى بىلەن يازغان تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېگەن: "... پۈتۈن كائىناتقا نەزەر سالساق، يېڭىلىققا يۈزلەنمەيدىغان نەرسە يوق، كونىلار خاراپلىشىدۇ، يېڭىلار غالىپ كېلىدۇ، قەدىمقى زاماندىمۇ ۋە ھازىرقى زاماندىمۇ، جۇڭگودىمۇ ۋە چەتئەللەردىمۇ مۇشۇنداق بولماي قالمايدۇ. روسىيىدە كونا پارتىيىنىڭ ئەسلى مادارىغا كېلىشى تەس. بۇنى مەن بىرقانچە يىل ئاۋاللا ھېس قىلغان ئىدىم. ھۆكۈمىتىمىز ئەنگلىيە، ياپونىيە، فرانسىيە قاتارلىق كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە كونا پارتىيىگە ياردەم بېرىپ يېڭى پارتىيىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، شىنجاڭ ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. شىنجاڭدا بىرقەدەر تېچ ۋەزىيەتنىڭ يارىتىلىشىدىكى سەۋەپ پۈتۈنلەي مۇشۇنىڭدا. ئەگەر پەقەت بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىلا ئەنگلىيە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىللە چەتتە قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى قوللانغان بولساق، بەك كېچىككەن بولاتتۇق..."②

ياڭ زېڭشىن شىمال مىلىتارىستلىرى كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۆز سىنىپىي چەكلىمىسىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان

---

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 10 ـ جىلت، 7 ـ كىتاپ، 44 ـ بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 10 ـ جىلت، 8 ـ كىتاپ، 41 ـ بەت.

دۇنياقارىشىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ياخشى كۆرۈش پوزىتسىيىسىنىڭ بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بىراق، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆپ يىللار داۋامىدا ئالغان بىلىمگە ۋە سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، شەخسى ھاكىمىيەت مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ يۇقۇرىقىدەك ھۆكۈمگە كېلىشى، ئەينى يىللاردا قورال كۈچى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قارغۇلارچە ئىشىنىدىغان مىلىتارىستلارغا قارىغاندا، ھەر ھالدا، ئەۋزەل تەدبىر ھىساپلىناتتى. ئېيتساق، كىشىلەر ھەيران قېلىشىمۇ مۇمكىن، 1927 ـ يىلىدىكى بۈيۈك ئىنقىلاپتىن 8 يىل ئاۋاللا ئۇ مۇنداق دىگەن ئىدى: "... ئەگەر مەلۇم بىر دۆلەت چېگرا مۇداپىئە سىياسىتىنى ئىشلىتىشنىلا بىلىپ، يۇمشاق ۋاستە بىلەن باشقۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىشنى بىلمەيدىغان بولسا، چوقۇم خەلقنى شىلىش بەدىلىگە، يەنى قەرز ئېلىپ ئەسكەر بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەسكەر قانچە كۆپەيسە، خەلق شۇنچە كەمبەغەللىشىدۇ، دۆلەتمۇ شۇنچە قالايمىقانلىشىدۇ. دۇنيادىكى ھەممە خەلق كەمبەغەل بولسا، دۇنيادىكى ھەممە خەلق ئىسيان كۆتەرگۈچى خەلق بولۇپ قالىدۇ، مەن ھەربىلەر ئىنقىلاۋىنىڭ خەلق ئىنقىلاۋىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن، روسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ تارقاتقان زەھىرىنىڭ ئۇزاققا بارماي يالغۇز شىنجاڭغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جۇڭگوغا تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن."① جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغان كونا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ يۇمشاق قوللۇق سىياسىتىنى قوللىنىپ، سىنىپي

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 10 ـ جىلت، 8 ـ كىتاپ، 33 ـ بەت.

زىددىيەتنى يۇمشىتىشقا ئۇرۇنۇشى بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇر، ياڭ زىڭشىن بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھەسرىتىمۇ مۇددەت-تىن بۇرۇن تارقاتقان ئۆز سىنىپىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

## ئاقلار قېچىپ كىرگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئەھۋال

قىزىل ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ زەربىسى ئاستىدا، ئاقلار 1920- يىلنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ چېگرىسىغا ئارقا-ئارقىدىن قېچىپ كىردى. بايان قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلار قېچىپ كىرگەن رايونلارنى بىر-بىردىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

1920- يىلى 2- ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ باقتى چازىسىدىن چۆچەككە باچىچ① باشلامچىلىق قىلغان 11 مىڭدىن ئارتۇق ئاق باس-مىچى قېچىپ كىرگەن، ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاقلىرى 9 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن "مۇساپىر"لار 6 مىڭدىن ئاشىدۇ.

باچىچ باسمىچىلىرى چۆچەككە قېچىپ كىرىشتىن ئىلگىرى، 1920- يىلى 1- ئايدا، چار روسىيىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دىروبچېۋ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىلىرىگە نوتا تاپشۇرۇپ: روسىيىنىڭ چوڭ-كىچىك جۇنتۇەنلىرى جۇڭگو-روسىيە چېگرىسىغا يىغىلىدىغان بولدى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىگە ئاسا-

① باچىچ باسمىچىلىرى ئاقلار جياڭجۈنى دۇتوۋنىڭ قىسمى ئىدى، باچىچنىڭ ئۆزى چىخ.

سەن، روسىيە خەلقى ئەگەر مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ جۇڭگو چېگرىسىغا
كىرسە، جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ توسماسلىقىنى سورايمەن،
دىگەن. شۇ ئايدا، ئاقلار جياڭجۇنى ئالىيانكوۋمۇ ئۆزى چۆچەككە
كېلىپ ئەھۋال ئىگەللەپ، قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ جۇڭگو چېگرىسى
ئىچىگە كىرىشىگە دائىر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان.

ياڭ زېڭشىن ئاق ئورۇس قاچاقلىرىنىڭ سۆزسىز شىنجاڭ چېگ-
رىسى ئىچىگە قېچىپ كىرىدىغانلىقىنى پەملىگەنلىكى ئۈچۈن، 1919 ـ
يىلى قىشنىڭ باشلىرىدىلا چۆچەك توقساۋۇلى مافۇمىڭغا روسىيە
چېگرىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ روسىيىنىڭ ئىچكى ئورۇش ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈشنى بۇيرۇغان. بۇ چاغدا، ئۇ ئاق ئورۇسلارنىڭ كۈچىنى
ۋە شارائىتىنى خېلى بىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، چۆچەك-
نىڭ ۋالىسى ۋاڭ بۇدۇەنگە چېگرا چازىسىدىكى مۇداپىئە كۈچىنى
كۈچەيتىشنى، قىزىل ئارمىيە قوغلاپ كېلىپ، ئىككى تەرەپ ئېتىشىپ،
قېيىن ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاقلار
چېگرىغا كىرگەن ھامانلا ئۇلارنى دەرھال قورالسىزلاندۇرۇشنى بۇيرۇ-
غان. ئۇ يەنە ئاقلارنىڭ قورال-ياراقلىرىنى ھەرگىز چار روسىيىنىڭ
كونسۇلىنىڭ ۋاكالىتەن يىغىۋېلىپ ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشىگە رۇخ-
سەت قىلماسلىق، ئاقلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن
تاپشۇرىمىز دىگىنىگىمۇ رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدا يوليورۇق
بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋە-
تىپ، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە يول قويماس-
لىق تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇشنى، ئەگەر ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى
توسقانغا ئۇنىمىغان تەقدىردىمۇ خەلقارا ئومۇمى قانۇن بويىچە ئۇلارنى
قورالسىزلاندۇرۇشنى، چار روسىيە ئەلچىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىقنى

بانا قىلىپ، جۇڭگو چېگرا ۋەزىيىتىنى بۇزۇشقا يول قويماسلىقنى ئۆتۈنگەن. روسىيە قاچاقلىرىغا ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن، ئۇ 1919 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇەنجاڭ جاڭ جيەننى قوماندان قىلىپ چۆچەككە يۆتكىگەن. جاڭ جيەن 1913 ـ يىلى شىنجاڭ قوبدۇغا ياردەم بەرگەن چاغدىكى قوماندان بولۇپ، شۇ چاغدا شىنجاڭدا بىرقەدەر يارامل‍ىق سەركەردە ئىدى.

چېگرىدىن ئۆتكەن ئاقلار جىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر قىسىم قورال ـ ياراقلىرىنى جۇڭگونىڭ مۇداپىئە قىسىملىرىغا تاپشۇردى. چۆچەك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇرۇن ئۆلكە تەرىپىدىن بېرىلگەن يوليورۇقلارغا ئاساسەن، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى دۆربىلجىن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر بىر كىشىگە كۈنىگە بىر يېرىم جىڭدىن بۇغداي ئۇنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، بۇ ئۇننى ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى سايلاپ بەرگەن ۋەكىللەر كېلىپ ئالدى، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ھەر مىڭىنى بىر توپ قىلىپ تامغا باسقاندىن كېيىن، موڭغۇل، قازاق مىڭبەگلىرىگە ھەرقايىسى يۈزبەگلىرىنىڭ ۋاكالىتەن بېقىپ بېرىشىگە تاپشۇرغۇزدى، چارۋىدار بىلەن يىلقىچىغا ھۆكۈمەت ماددى ھەق بېرىدىغان بولدى؛ ئاق ئورۇس ئەپىتسەر ـ ئەسكەرلىرى سېتىشنى خالىسا، يەرلىك خەلقنىڭ باھا قويۇپ سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى؛ ئاتلاردىن ئۆلگىنى بولسا، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ جىدەل چىقىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چارۋىدارنىڭ تامغا بېسىلغان يېرىنى كېسىپ كېلىپ دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ رويخەتتىن ئۆچۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىندى. قېچىپ كەلگەن ”مۇساپىر“لارنىمۇ چۆچەك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئادەم ئەۋەتىپ كۈتۈۋالدى، ئۇلارنى ۋاقىتىنچە

چىپارئاغاش دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ھەممىدە ئۇلارغا ھەقسىز 10 كۈنلۈك ئوزۇق ئۈلەشتۈرۈپ بەردى (ھەر كىشىگە كۈنىگە 1 جىڭدىن بۇغداي ئۇنى بېرىلدى، يەرلىك خەلق ئۇلارغا پىشۇرۇپ بەردى ياكى ئۆزلىرى ئېلىپ كېتىپ پىشۇرۇپ يېيىشتى)؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، "مۇساپىر"لارغا ۋەكىل تەيىنلەپ روسىيە چېگرىسى تەرەپكە ئۆتۈپ يېڭى پارتىيىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقا بولىدىغانلىقى، لېكىن ۋەقە تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولۇشتىن ئاۋال ئۆز ئالدىغا چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا مەخپىي يوليورۇق بېرىلدى.

يۇقۇرىقىدەك بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىدە، كۆرۈنۈشتە چوڭ ۋەقە تۇغۇلمىغاندەك قىلغىنى بىلەن، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئاقلار ئەپەندىلەرنىڭ تولىسى سودا چەمبىرىكى ئىچىدە قېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەركەتلىرى توغرىلىق چار روسىيىنىڭ كونسۇلى بىلەن پىلان تۈزۈشتى ھەممىدە ئۇممىسكىدىكى ئاقلار بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پىتىراپ كەتكەن ئەسكەرلەر ئۈزلۈكسىز چېگرىدىن كىرىپ تۇردى. چۆچەككە يېڭىدىن ۋالى بولغان جاڭ جىيەن چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەنسىرەپ، ياڭ زېڭشىنغا يېڭى ئەسكەر ئېلىش توغرىسىدا ئارقا-ئارقىدىن تېلېگرامما بەردى. ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يوليورۇق بەردى: ھەممىدىن مۇھىمى قېچىپ كەلگەن ئەسكەرلەر بىلەن ئەپەندىلەر ئاچ قالمىسۇن؛ ئۇلار قىشتىن چىقالىغۇدەك ئاددى ئۆيلەر بالدۇرراق ياسالسۇن؛ پايلاقچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ ھەركىتى كۆزىتىپ تۇرۇلسۇن؛ تاپشۇرۇلغان مىلتىق، زەمبىرەكلەر-نىڭ تەپكىسىنى چىقىرىۋېلىپ تېزلىكتە ئۆلكە مەركىزىگە يەتكۈزۈپ

بىرىڭلار؛ قېچىپ كەلگەن ئەسكەر ۋە خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ قايتۇرۇش ئۈچۈن، دىپلوماتىيە خادىملىرىنى ئەۋەتىپ يېڭى پارتىيە بىلەن ئالاقىلىشىپ، قاچاقلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈڭلار. يېڭى ئەسكەر ئېلىش مەسىلىسىدە، ياڭ زېڭشىن ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت چۆچەكتىنلا 3 لىيەن پىيادە ئەسكەر ئېلىشنى، ھەر لىيەنگە تولۇق 100 دىن ئادەم ئېلىشنى تەستىقلىدى، ئەسكەر سانىنى يالغان مەلۇم قىلىپ قويۇپ تەمىنات ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى؛ ئەسكەرلەرنىڭ تەركىۋى مەسىلىسىدە، مىللەت ئايرىلمايدىغانلىقىنى، لېكىن ئىچكىرىدىن چىققان سەرگەردانلارنى قوبۇل قىلىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدىغانلىقىنى، بۇنداق سەرگەردانلارنى سودا چەمبىرىكىدە ساقچى قىلىپ ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى①. 1920-يىل 3-ئاينىڭ 28-كۈنى ياڭ زېڭشىن جاڭ جيەنگە تېلېگرامما ئارقىلىق بەرگەن بۇيرۇقىدا بۇنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان: "قاچاق ئەسكەرلەر بىلەن مۇساپىرلار گەرچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەربىر جېنىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر، ئۇلار ھەرگىز جۇڭگوغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ كەلگەنلەر ئەمەس، بۇ ھەقتە تولا ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق... نۆۋەتتە بۇ قاچاقلارغا تېزدىن ئوزۇق-تۈلۈك، ئوتۇن-ياغاچ يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇلارنى

① 1920-يىلى چۆچەك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى سودا چەمبىرىكى دائىرىسىدە ساقچى ئىدارىسى تەسىس قىلدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ھەقتە: ساقچىلارنى پەقەت موڭغۇل، مانجۇلاردىنلا ئېلىشقا بولىدۇ، دەپ يوليورۇق بەردى. چۈنكى ئۇ باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ روسىيە مۇھاجىرلىرى بىلەن ئالاقىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايتتى، خەنزۇلارنى بولسا، تولىسى سەرگەردانلار، ئاسان ۋەقە تۇغدۇرىدۇ، دەپ قارايتتى.

خاتىرجەم قىلىش كېرەك، بۇ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئىش. چۆچەكتە ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىغا كەلسەك، بۇنى مەن ئوبدان بىلىمەن. بۇ ئىشلار ھەربىي مەسىلە ئەمەس، پۈتۈنلەي دىپلوماتىيە مەسىلىسى، ئەگەر پۈتۈنلەي ئەسكىرىي كۈچكىلا تايىنىشقا توغرا كەلسە، شىنجاڭ، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئاقسۇ، ئالتاي بولۇپ پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئەسكىرىي كۈچنى جەملىگەندىمۇ ئون نەچچە مىڭ كىشىدىن ئاشمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن نېمە قىلغىلى بولسۇن."①

شۇ چاغلاردا چۆچەكنىڭ دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاران ئۆزىنى قامدايتتى، بىردىنلا شۇنچە كۆپ ئادەم قوشۇلغاچقا، ۋاقتىنچە ئاھالىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئاز-تولا ئۇن، پىششىق يېمەكلىك يىققاندىن باشقا، ھەممىسنى ئورۇمچىنىڭ غەربىدىكى ناھىيىلەردىن توشۇپ كېلىشكە توغرا كەلگەن ئىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىشتىن ئاۋال تەييارلىق كۆرۈپ قويغان، ۋەقە يۈز بەرگەندە ياخشى تەدبىر كۆرگەن بولغاچقا، شۇنىڭدەك قىزىل ئارمىيە جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ قوغلاپ زەربە بەرمىگەچكە②، خەتەرلىك ھالەت ۋاقتىنچە ئۆتۈپ كەتتى. 1920-يىل 6-ئايغا كەلگەندە، سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ئاق ئورۇس

---

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 10-جىلت، 2-كىتاپ، 21-بەت.

② 1920-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى قىزىل ئارمىيە ئاقلارنى قوغلاپ چېگرىغا كەلدى، بۇ چاغدا باقتى چازىسىدا تۇرۇشلۇق يېڭىنىڭ مۇئاۋىن يېڭجاڭى ۋېي جېڭگو ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى توسىدى ۋە ئاق ئورۇسلارنىڭ پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن قىزىل

ئەپتسەر ۋە ئەسكەرلىرىدىن ئارقا-ئارقىدىن 4 مىڭ 500 كىشى ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى.

شۇ چاغلاردا مەن چۆچەككە بارغان ئىدىم، گەرچە كوچىلاردا ئاق ئورۇس ئەپتسەر ۋە ئەسكەرلىرى ئۇ ياق-بۇ ياقتا ئۆتۈشۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ئەمەس ئىدى، شەھەردە ئامانلىق ياخشى ئىدى، پەقەت چېگرىدىلا پات-پات بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ قالاتتى. مەن دۆربىلجىندە كۆرگەن ئاق ئورۇس ئەپتە-سەر ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ھالى ناھايىتى خاراپ ئىدى. ئېمىل دەرياسى بويىدا، قىشتىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن بەزى يەرلەرگە گەمە كولانغان، بەزى يەرلەرگە كەپە ياسالغان ئىدى. قېچىپ كەلگەن سودىگەرلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ تولىسى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئىدى، بەزىلىرى كاپىتالىست ۋە پومېشچىك بولۇپ، چۆچەكتە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بارلىرى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭكىگە كەتكەن ئىدى؛ بەزىلىرى ۋە-ھىمىدىن قورقۇپ كەلگەن ياكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن قېچىپ كەلگەن، بۇلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. شۇ چاغلاردا سودا چەمبە-رىگى ئىچىدىكى روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ پارىڭى، ئاساسلىقى، روسى-يىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ئۈستىدە بولاتتى. چار روسىيە كونسۇلخانىسى ئۆز تەرىپىدىكى ۋەزىيەتكە ھەمدەم بولۇش ھەمدە قېچىپ كەلگەن ئاق ئورۇس ئەپتسەر ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ روسىيە چېگرىسىنى پارا-كەندە قىلىپ تۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، كېلىشىم تۈزۈشكەن

---

ئارمىيە قايتىپ كەتتى. 4-ئايدا قىزىل ئارمىيە چۆچەك تەرەپتىن ئوت-چۆپ قەرز سورىۋىدى، ياڭ زېڭشىن چۆچەك دائىرىلىرىگە شىنجاڭ بىلەن روسىيە يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن ئەھۋالغا قاراپ قەرز بەرسەڭلەر بولىدۇ، دەپ يوليورۇق بەردى.

دۆلەتلەرنىڭ ئاقلارغا ياردەم بېرىپ تۇرغانلىقلىرى توغرىلىق دائىم خەۋەر تارقىتىپ تۇراتتى.

ئەمدى ئىلى تەرەپتىكى ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

ئاق ئورۇسلاردىن ئىلىغا ھەممىدىن بۇرۇن قېچىپ كەلگەنلەر 1918-يىلى ئەتىيازدا ئىۋانوۋ باشلامچىلىق قىلغان 300 دىن ئوشۇق كازاك ئەپىتسەرلىرى ۋە ئەسكەرلىرى ھەمدە كۆپلىگەن "مۇساپىر"لار ئىدى. شۇ چاغدىكى ئىلى شەھەر مۇداپىئە ئەمەلدارى ياڭ فېيشيا چازىنى ساقلاۋاتقان قوشۇنغا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرغان ۋە سەنتەي ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي، چار روسىيىنىڭ كونسۇلى ليۇبا روسىيە چېگرىسىدىكى ئاقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، دۇتوۋنىڭ قالدۇق قوشۇنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بۇ ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلەرنى قورال-ياراقلىرى بىلەن قايتىدىن روسىيە چېگرىسى تەرەپكە قايتۇرۇشنى بەلگىلىگەن. ليۇبا ئىنتايىن ھىلىگەر ئادەم ئىدى، ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئىۋانوۋ بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇل دياكوۋغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن قورال-ياراقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ۋە بۇ ئەپىتسەر ھەم ئەسكەرلەرنىڭ شىخۇ ئارقىلىق چۆچەككە بېرىپ ئۆز ئېلىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغۇزغان. يەنە بىر تەرەپتىن، چار روسىيىنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە بىرقانچە كازاك ئەپىتسەرىنىڭ قورال-ياراقلىرى بىلەن ئىلىدىن چۆچەككە بېرىپ روسىيە چېگرىسىدىكى قومۇشلۇققا بېرىشى زۆرۈر بولغانلىقتىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشنى بۇيرۇشىنى تەلەپ قىلغان.

ياڭ زېڭشىن ليۇبانىڭ سۈيىقەستىنى پەملەپ، دەرھال بېيجىڭ

ۋە ئىلىغا تېلېگىرامما بېرىپ، قورال-ياراقلىرىنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىكتە چىڭ تۇرغان، زادىلا بولمىغاندا، بۇ بىر تۈركۈم كازاك ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆز ئېلىگە قۇرۇق قول قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنسا بولىدۇ، دېگەن. لېكىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى كېيىنچە چار روسىيە ئەلچىسىنىڭ تەلىۋىنى قاندۇردى. ياڭ زېڭشىن يەنە ئىلى شەھەر مۇداپىئە ئەمەلدارىغا مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ، بۇ قوراللارنىڭ بىر قىسمىنى بۇزۇۋېتىپ چۆچەككە ئېپىبېرىشىنى، ئەسلىدە قورال تاپشۇرغان ئەپىتسەرنىڭ ئەسلىدە شەھەر مۇداپىئە مەھكىمىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ھۆججەت بويىچە ئېلىشىنى، لېۋباننىڭ بۇ قوراللار بىلەن ئاق ئورۇسلارنى قوراللاندۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا بولغان نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ قوراللارنى ھەرگىز لېۋباغا تاپشۇرماسلىقنى تاپىلىغان. ئىۋانوۋقا ئۆز تەۋەسىدىكى ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ جۇڭگو ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا چۆچەك ئارقىلىق قۇرۇق قول ئۆز ئېلىگە قايتىشىغا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

1919-يىل 1-ئايدا، بۇ قوراللار چۆچەككە يەتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئىۋانوۋ قاتارلىقلار ئاللىقاچان چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، بىرنەچچە قېتىم ئالاقە قىلىش ئارقىلىق بۇ قوراللارنى ئاخىر چار روسىيىنىڭ چۆچەكتىكى كونسۇلى تاپشۇرۇۋالغان. بۇ ۋەقەنى ئاقلارنىڭ ئىلىغا كۆپلەپ قېچىپ كىرىشىنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاقلارنىڭ ۋە "مۇساپىر"لارنىڭ ئىلىغا كۆپلەپ كىرىشى 1920-يىل 1-ئايدا باشلاندى. 5-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قېچىپ كىرگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 5 مىڭدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلەر

تەخمىنەن 3 مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ باشلىقى يۇقۇرىدا ئاتاپ
ئۆتۈلگەن ئالىيانكوۋ بىلەن دۇتوۋ، سىدوروۋ، بىلىيانچىۋ قاتارلىقلار
ئىدى. ئالىيانكوۋ مۇشۇ بىر تۈركۈم ئاق ئورۇسلارنىڭ سۈيىقەستلىك
ھەركەتلىرىنىڭ تەشكىلاتچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن كىيىن نام چىقى-
رىپ كەتكەن ۋە ئاق ئورۇس جان كەچتىلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ
قالغان①.

چېگرىدىن كىرگەن ئاق ئورۇسلار دەسلەپتە قورال تاپشۇرۇشقا
ئۇنىمىغاچقا، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ئىدى، ياڭ زېڭشىن
مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرەر ۋەقە تۇغۇلۇپ قالمىغىدى دەپ قاتتىق
ئەنسىرەپ، شەھەر مۇداپىئە ئەمەلدارى ياڭ فېيشياغا ئىلگىر-
ئاخىر بىرنەچچە قېتىم تېلېگرامما بېرىپ، ئاق ئورۇس قاچاقلىرىغا
قاتتىق ۋاستە قوللانماسلىقنى بۇيرۇدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
"ئالىيانكوۋنىڭ ھازىرقى ئورنىنى ساقلاپ قالغاندا، ئاندىن ئۇ ھايا-
تىدىن ئۈمىت كۈتەلەيدۇ... شۇڭا ۋاقتىنچە كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇنى
دۆلىتىمىزگە نەپرەتلەنمەي، ئەكسىچە ئىشىنىدىغان ھېسسىياتقا كەل-
تۈرۈش لازىم، شۇنداق قىلغاندا قورالسىزلاندۇرۇپ، گېپىمىزگە
كىرگۈزگىلى بولىدۇ."② ئۇ، ئاق ئورۇس قاچاقلىرىنىڭ ئىلىغا
قېچىپ كىرىشى ئالاقزادىلىقىدا جاننى قاچۇرۇش ۋە قوساق بېقىش،

① ئالىيانكوۋ تۈركۈمى 1920 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۆرتالا چېگرىسىدىن
ئىلىغا قېچىپ كىرگەن، ئۇ باشلاپ كەلگەن ئەپتسەر ۋە ئەسكەر 1 مىڭ 400
دىن، ئات ـ ئۇلاق 700 دىن ئاشاتتى، ئۇلار قوراللىرىنىڭ كۆپىنى روسىيە
چېگرىسىغا يوشۇرۇپ قويغان.

② ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 10 ـ جىلت، 4 ـ كىتاپ،
35 ـ بەت.

ئۇلاردا بۇنىڭدىن باشقا نىيەت يوق، ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى ئارزۇسى قاندۇرۇلسا ۋە ئۇلار قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنسا، خەتەرلىك ۋەزىيەت ۋاقتىنچە ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئىلى ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىمىز ھەرگىز دەشتى باياۋانلاردا ئۇزاق ئايلىنىپ يۈرگەن بۇ جان كەچتىلەرنىڭ تەڭدىشى ئەمەس، مۇبادا قوراللىق توقۇنۇش بولۇپ قالسا، ئىلىدىكى ۋەزىيەتنى زادىلا يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماي قالىدۇ، دەپ ھىساپلىغان. ياڭ زېڭشىن ئاقلار ئىچىدىكى ئەپىتسەرلەر بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى جاڭ شاۋبو، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ۋە ئۇزاقتىن بېرى ئىلىدا تۇرۇپ چار روسىيىنىڭ كونسۇلى بىلەن زىچ ئالاقىدا بولۇپ كەلگەن دىپلوماتىك خادىم لى جۇڭلىننى مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتكەن.

ئاق ئورۇس قاچاقلىرى بىر مەھەل تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىلىغا مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى بېجىرىشكە ئەۋەتكەن خادىملىرىنىڭ قاچاقلارغا نىسبەتەن ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقىدىن، ئالىيانكوۋ قوماندانلىق قىلغان قوشۇنلار ئاخىر بىر قىسىم قوراللىرىنى تاپشۇردى. ئۇلار 63 دانە تەپكىسى يوق پىلموت، 350 نەچچە دانە بۇزۇق مىلتىق ۋە 400 نەچچە ساندۇق ئوق تاپشۇردى، كېيىنكى تۈركۈمدە قېچىپ كىرگەن باشقا قاچاقلارمۇ بىر قىسىم قوراللىرىنى تاپشۇردى. بىر تۈركۈم قاچاقلار قورال تاپشۇرۇشقا ئۇنىماي، يەنە روسىيە چېگرىسى تەرەپكە قايتىپ كەتتى، لېكىن بۇلار كۆپ ئەمەس.

شۇ چاغدا بۇ خىزمەتكە قاتناشقان لى جۇڭلىنىڭ گېپىدىن قارىغانـ
دا، ياڭ زېڭشىنىڭ ئۇلارغا ئېيتقانلىرىنى مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا
يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: (1) قانداقلا بولمىسۇن ئاق ئورۇس قاچاقلىرى
بىلەن ئىرىكىشىپ قالماسلىق بولۇپمۇ قورالىلىق توقۇنۇش ۋەزىيىتىنى
شەكىللەندۇرۇپ قويماسلىق. (2) تۇركۇمگە بۆلۈنۈپ كىرگەن
قاچاقلارنى مۇمكىن قەدەر تۇركۇمگە بۆلۈپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ
قىلىش، كۆپىيىۋېرىپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېخىمۇ قىيىن بولۇپ
قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىلگىرى-كېيىن كىرگەنلەرنى بىر يەرگە
يىغىپ قويماسلىق؛ ئەگەر مەلۇم بىر تۇركۇمى قەتئىي قورال تاپشۇر-
ماي تۇرۇۋالسا، يا نەسىھەت قىلىپ روسىيە چېگرىسى تەرەپكە
قايتۇرۇش، ياكى بولمىسا ئۇلارنى ۋاقتىنچە تاغلىق رايونغا باشلاپ
ئېپكىرىپ قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇرۇش. (3) قورال-ياراقلىرىنى
تاپشۇرغان ئەپتىسەر ۋە ئەسكەرلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش،
ياخشىراق كۈتۈش ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسە-
تىش، ئەپتىسەرلەرنىمۇ، ئەسكەرلەرنىمۇ تۇتۇپ قالماسلىق. (4) كازاك-
لارنىڭ تولىسى قورالىنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ، خۇسۇسەن
ئەپتىسەرلەرنى تاپانچىسىنى يوشۇرۇپ قويمىدى دېگىلى بولمايدۇ،
بەزىلىرى قايتا كۆتىرىلىپ چىقىش ئۈچۈنمۇ قورالىلىرىنى تىقىپ
قويغان ياكى ساقلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنداقلارغىمۇ چاندۇر-
ماستىن دىققەت قىلىپ، قورال-ياراقلىرىنىڭ قەيەردىلىگىنى تەك-
شۈرۈپ ئېنىقلاش. (5) ئاق ئورۇسلار چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن
مىللىتىق ۋە ئاتلىرىنى سېتىشىنى خالىسا، ھۆكۈمەت تەرەپ ئادەم
ئەۋەتىپ سېتىۋالسا ياكى خەلق ئۆزى بىۋاستە سېتىۋالسا بولىدۇ،
بىراق ئېنىق رەسمىيەت ئۆتەش لازىم. خەلق ئىچىدە مىلتىق ۋە

ئات سىتىۋالغانلار بولسا، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشى
لازىم، قورال ـ ياراقلارنىڭ سەرگەردانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەس ـ
لىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. (6) ئاق ئورۇسلارنى ۋە
قورال ـ ياراقلارنى يىغىۋېلىشنى بىۋاستە بېجىرگەن ئەمەلدارلار ئاق
ئورۇس ئەپىتسەرلىرىنى قايىل قىلىش ۋە ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش
ئۈچۈن خەلقارا قانۇندىن پىششىق خەۋەردار بولۇشى لازىم. كازاكلار
ئۆز ھاياتى يولىدا چىپىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، ئەگەر بىز تەرەپتىكى
كىشىلەر قورقمىسا، چېگرىدا ۋە شەھەردە ھەربى كۈچىنى كۆرسىتىپ
قويمىدىغان بولسا، ۋاقتىنچە ئۇلارنىڭ ھەيۋىتىنى يوقىتىپ، ئۇلارنى
بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ. (7) يېڭى پارتىيە بىلەن بولغان ئالاقىدىمۇ
گەپ ـ سۆزلەر سىلىق بولۇشى، ئىشلار قانۇن بويىچە بېجىرىلىشى
كېرەك. چار روسىيىنىڭ كونسۇلى ليۇبانىڭ ھەركەتلىرىنى قاتتىق
نازارەت قىلىپ تۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كازاكلارنى ئىلىدا جىدەل
چىقىرىشقا قۇتراتقۇشىدىن ۋە شىنجاڭ بىلەن روسىيىدىكى يېڭى
پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.
لى جۇڭلىننىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، ئۇلار ياڭ زېڭشىننىڭ يوليورۇغى
بويىچە ئىش قىلغاچقا، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى خېلى ئوڭۇشلۇق
بىر تەرەپ قىلغان.

قاچاق ئاق ئورۇسلارنىڭ تولىسى شۇ چاغدا بۆرتالانىڭ چارۋىچى ـ
لىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كۆنگە ھەر كىشىگە بىر يېرىم
جىڭدىن بۇغداي ئۆتنى ئۆلەشتۇرۇپ بېرىلگەن. لېكىن ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى بىرمۇنچە ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلەر باشقۇرۇشقا بوي ـ
سۇنمىغان، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەپىتسەرلەر غۇلجىدا تۇرۇۋېلىپ،
ليۇبا بىلەن بىرلىكتە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنى پىلانلاشقان

ھەمدە روسیە چېگرىسىدىكى قالدۇق باسمىچىلار بىلەن داۋاملىق
ئالاقىلىشىپ تۇرغان. 1920 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئالىيانكوۋ ئۆزىگە قاراش-
لىق مىڭدىن ئوشۇق ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچى ئارقىلىق
قەشقەرگە بېرىپ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى
تەلەپ قىلغان. يەنە بىر قىسىم قاچاقلار تېكەس قاتارلىق يەرلەرگە بېرىپ
سودىگەرلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، يارىدار
قىلىش ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرغان. ئىلى شەھەر مۇداپىئە ئەمەلدارى
ئۆز مەسئۇلىيىتىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، بىرنەچچە قېتىم ئۆلكىگە
تېلېگىرامما ئەۋەتىپ، ئاق ئورۇس ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلىرىنى ئۆلكە
مەركىزىگە ئېلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان، ياڭ زېڭشىن بۇ ئاق
ئورۇسلارنىڭ يولدا جېدەل چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ تەلە-
ۋىنى تەستىقلىمىغان، پەقەت ئىلى دائىرىلىرىگە چار روسیە كونسۇلى-
دىن ھەم ئاق ئورۇس قوماندانلىرىدىن ۋەقە تۇغدۇرغانلارنى تەك-
شۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى، بۇنداق ئىشلارنىڭ قايتا يۈز بېرىشى-
دىن قاتتىق ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن.
سوۋېت ھاكىمىيىتى چەتئەللەردە جان قايغۇسىدا يۈرگەن ئاقلارغا
ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، 1920 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا چېگرىسىغا
بىرنەچچە قېتىم ۋەكىل ئەۋەتىپ، قېچىپ كىرگەنلەرنى ئېلىپ كېتىشنى
تەلەپ قىلغان ھەمدە ئىلىدا سودا خادىملىرى تۇرغۇزۇش، روسیە
بىلەن قورغاس ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگىرامما ئالاقىسىنى ئېچىش،
ليۇبانى ۋە قېچىپ كەتكەن پۇقرالارنى ئېلىپ قايتىش قاتارلىق ئىش-
لارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ياڭ زېڭشىن ئىلى ۋالىيسى شۈ گوجېنغا:
شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن ئاق ئورۇس ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلىرى
قورالسىزلاندۇرۇلدى، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۇلارغا نىسبەتەن كەچۈ-

رۇم قىلىش بۇيرۇغىنى ئېلان قىلسا، شىنجاڭ ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ؛ قېچىپ كەلگەن پۇقرالارنىڭ قايتىپ كېتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇلارغا پەقەت تېچ يول بىلەنلا نەسىھەت قىلىدۇ، ئۇلارنى زورلىيالمايدۇ؛ لېكىن ناھايىتى زوراۋان بىرنىمىكەن، ئۇنىڭغا روسىيە خەلقىلا ئەمەس، شىنجاڭ خەلقىمۇ ناھايىتى ئۆچ، ھازىر ئۇنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىش قارار قىلىندى؛ سودا ئالاقىسىنى تىكلەش، تېلېگىراممىا ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا كەلسەك، شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى جۇڭگو مال لىرىنىڭ روسىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈشىنى ئەزەلدىن توساپ باققىنى يوق، تېلېگىراممىا ئالاقىسىدە، ئالدى بىلەن روسىيە چېگرىسى بىلەن قورغاس ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگىراممىا سىملىرىنى ئۇلاپ تۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئىككى مەملىكەتنىڭ ئۆزئارا سودا خادىملىرىنى ئەۋەتىش ئىشىغا كەلسەك، بۇ شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆز ئالدىغا قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىش ئەمەس، جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى بەلگىلەيدىغان ئىش، دېگەندەك سىلىق سۆزلەر بىلەن جاۋاپ بېرىشلار دەپ يوليورۇق بەرگەن. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، تاشكەنت سوۋېت ھۆكۈمىتى ئاق ئورۇس ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى كەچۈرۈم بۇيرۇغىنى ئېلى ۋالىي مەھكىمىسىگە يەتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۇچرىشىپ، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت روسىيىسىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىگە دەسلەپكى ئاساسنى سالغان. سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، ئىلىغا كىرگەن ئاق ئورۇس ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلىرىدىن 3000 دىن كۆپرەكى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز ئېلىگە قايتىپ كەتكەن.

ئاخىردا، قەشقەر تەرەپتىكى ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

جۇغراپىيىۋى شارائىتتىن ئېيتقاندا، قەشقەر بىلەن روسىيىنى ئىگىز تاغلار ئايرىپ تۇراتتى، ئاقلارنىڭ قېچىپ كىرىشى تەس ئىدى. لېكىن يۇقۇرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلى ئىزچىل تۇردە قەشقەرنى ئاق ئورۇسلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى پائالىيەتلىرى ئۈچۈن بازا قىلىش كويىدا بولۇپ كەلگەن ئىدى، شۇ سەۋەپتىن بۇ يەرمۇ تېچ بولمىدى.

1919 ـ يىلى يازدا، ئۆزبەك رايونىدا ھەركەت قىلىپ تۇرغان ئاقلار جياگجۇنى مۇقانوۋ شۇ يەردىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئاتامانلاردىن مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە "پەرغانە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى" نى تەشكىللەپ، ئۇشنى ئېلىپ، ئەنجان قاتارلىق جايلاردا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان. لېكىن يېرىم يىلغا بارمايلا، قىزىل ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ زەربىسى ئاستىدا، ئۇلار قېچىپ قەشقەر چازىسىدىكى ئەركەشتامنىڭ سىرتىغا كېلىۋالغان. قاتتىق سوغاق مەزگىلىگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز ئىچىدىمۇ ماجرا تۇغۇلغان، مۇھەممەت ئىمىن بىلەن مۇقانوۋ بىر بىرىدىن ئاغرىنىپ يۈرگەن. بۇ چاغدا ئىزچىل تۇردە ئاتالمىش "پەرغانە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى" بىلەن ئالاقىلىشىپ كەلگەن ئەنگلىيە ۋە روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى بۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي قوراللىق كۈچنى ساقلاپ قېلىش غەرىزىدە، بىرنەچچە قېتىم قەشقەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە يا ئۇلارنى چازىدىن كىرگۈزۇش، ياكى ئۇلارغا قورال ـ ياراق، ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن ياردەم بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ قەشقەرگە كېلىپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىش تەلەۋىنى قويغان، چار روسىيىنىڭ ئورۇمچىدە

تۆرۈشلۈق كونسۇلىمۇ ئۇلارنى چازىدىن كىرگۈزۈۋېتىشىنى تەلەپ قىلغان، لېكىن بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ياڭ زېڭشىن قەتئىي رەت قىلغان. مۇقانوۋ ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى روسسىيە كونسۇلىغا يازغان خېتىدە، مەن پەرغانە ئۆلكىسىدىكى روسسىيە يېڭى پارتىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىمەن، ئەگەر بىرەر بازىغا ۋە تەمىناتقا ئىگە بولسام، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتەلەيتتىم، دىگەن. مۇقانوۋ يەنە قەشقەر-دىكى سودىگەرلەرنى ئۇنىڭغا گەزمال قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىپ بېرىش-كە ھەركەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قەشقەر ھۆكۈ-مەت دائىرىلىرىنى ئۆز "ھۆكۈمىتى"نى ئېتىراپ قىلىشقا قىستىغان. ئۇنىڭ بۇ ھەركەتلىرىنى قەشقەر ۋالىسى جۇ رۇيچى پەملىگەن ۋە بىز قىسىم مەخپىي خەت-ئالاقىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن.

ياڭ زېڭشىن قەشقەر تەرەپتىمۇ، خۇددى ئىلى، چۆچەكتىكىگە ئوخشاش، ھەربىي-مەمۇرى دائىرىلەرگە روسسىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششقا بولمايدۇ، ئەنگلىيە، روسسىيە كونسۇللىرىنىڭ ئاق ئورۇسلار توغرىسىدىكى تەلىۋىنى بىردەك رەت قىلىش كېرەك، دەپ قاتتىق بۇيرۇق بەرگەن. مافۇشىڭنىڭ سۇيىقەستىگە نىسبەتەن، ئۇ نازارەت قىلىپ كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇشنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە قەشقەرگە بىۋاستە ئۆزىگە قارايدىغان قوشۇن ئەۋە-تىپ، مافۇشىڭنىڭ ھەركىتىنى چەكلەپ تۇرغان. ياڭ زېڭشىن شۇ چاغدا ئۆز قوشۇنلىرىغا "مېنىڭ بۇيرۇغۇمسىز ئۆز ئالدىڭلارغا ھەركەت قىلىشقا بولمايدۇ" دەپ ئېنىق بۇيرۇق بەرگەن؛ شۇنىڭدەك قەشقەردىكى مۇلكى ۋە ھەربىي دائىرىلەرگە، روسسىيىلىك قانداق كىشى بولمىسۇن، مېنىڭ بۇيرۇغۇمسىز ياكى قەشقەر ۋالىسىنىڭ تەستىقىسىز

چېگرىدىن ئۆتۈشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ ئېنىق بۇيرۇق بەرگەن.

ئەنگلىيە كونسۇلى 1920-يىل 3-ئايدا يەنە قەشقەر ۋالىيسىغا مۇقانوۋنىڭ چېگرىدىن كىرىپ، تاشقورغان ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان، بۇمۇ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. مۇقانوۋ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقتىن، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە تەسلىم بولغان. شۇ يىلى 6-ئايدا، يەنە ئاق ئورۇس ئەپىتسەرلىرىدىن نەزەروۋ قاتارلىقلار تويۇن چازىسىغا كېلىپ چېگرىدىن ئۆتۈشنى تەلەپ قىلغاندا چازىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئەپىنسەر ۋە ئەسكەرلەر توساپ قايتۇرۇۋەتكەن.

قەشقەر تەرەپتىكى چېگرىنىڭ سىرتىدا، 1920-يىل بىر يىل ئىچىدە بىرقانچە جايدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي باندىتلار ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، كونسۇلنىڭ ماددىي ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، سوۋېت شەھەر-يېزىلىرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان. بۇ باندىتلار ئىلگىرى-ئاخىر سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى چېگرىنى ساقلاپ تۇرغان مۇلكى-ھەربىي دائىرىلەرگە باندىتلارنى چېگرىدىن كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق بەرگەن ۋە قەشقەر ۋالىيسىغا ئەكسىيەتچىل باندىتلار تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلۇپ قاراملىق قىلىپ قويماسلىق توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن①. شۇنداق

① شۇ چاغدا روسىيە چېگرىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقتىن، قەشقەر دائىرىلىرىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىپ، قولدىن كەتكەن جۇڭگو يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان. ياڭ زېڭشىن قەشقەر ۋالىيسى جۇرۇيچىغا چازىنى

بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرىسىدا ئىككىنچىلەپ باشقا ۋەقە چىقمىغان.

ئاق ئورۇسلارنىڭ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلىگەن چاغدا، يەنە ئاق ئورۇس باندىتلىرى ئىچىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى قوراللىق قوشۇننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

روسىيە چېگرىسى ئىچىدە بۇرۇندىنلا نۇرغۇن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بار ئىدى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە چار روسىيە يەنە ئېلىمىزدىن (ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىن) يىراق شەرققە كۆپلەپ ئىشچى ئالغان. روسىيە ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، بۇ مۇھاجىرلارنىڭ تولىسى ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلغان، نۇرغۇنلىرى قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، بەزىلىرى تېخى سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلغان؛ لېكىن يەنە ئاز بىر قىسىم جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئاقلارنىڭ تەھدىتى، ئالدىشى ئارقىسىدا ياكى تەبىئىتىنىڭ ئەكسىيەتچىللىكى ئارقىسىدا ئاقلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئاليانكوۋنىڭ قوشۇنى ئىچىدە جۇڭگو مۇھاجىرى لىۇ لىيەنكې، جاڭ جۈنچىڭ قاتارلىقلار باشچىلىق قىلغان بىر يۈزدىن كۆپ جۇڭگولۇق ئەسكەر بار ئىدى، ئۇلار مۇ ئاق ئورۇسلار بىلەن روسىيە چېگرىسىغا چېكىنىپ كەلگەن بولۇپ، 1920 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىلى ـ

---

مەھكەم ساقلاش، ياتلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشكە يول قويماسلىق، روسىيە زېمىنىدا ۋەقە يۈز بەرگەن بولسا، چاتاق چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئارىلاشماسلىق توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق بەرگەن.

چۆچەك ئوتتۇرىسىدىكى قىزىلتۇزغا قېچىپ كەلگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن ئاۋال، 1920 ـ يىل 3 ـ ئايدا، ليۇ لىيەنكېنىڭ ئۆزى چۆچەككە كېلىپ، ئۆزىنى سەركەردە، ئۇرۇشنى كۆزەتكۈچى دەپ ئاتاپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنى چازىدىكىلەرنىڭ توسىشىغا قارىماي قىزىلتۇزغا كىرىپ، يەنە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە تەييارلانغان ئىدى. ياك زېڭشىن بۇ ئىشقا ناھايىتى ئېتىۋار بىلەن قارىغان، ئۇ ئىلى شەھەر مۇداپىئە ئەمەلدارىغا دەرھال 3 ـ 4 يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەيىنلەپ، ھەر بىرەيلەنگە 20 جىڭدىن ئوزۇق ئالدۇرۇپ، ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە ئەۋەتىپ، چازى-دىكىلەرگە ياردەملىشىپ، ئاشۇ بىر قىسىم قوراللىق قوشۇنىنىڭ ۋەقە تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق بەرگەن. ئۇ تېلېگراممىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئەگەر ئۇلار خاراكتېر جەھەتتە روسىيە قاچاقلىرىدىن پەرقلەنسە، تېزلىكتە ئامال قىلىپ ئۇلارنى قوراللىسىزلاندۇرۇش كېرەك."① شۇ چاغدا قىزىلتۇز ئەتراپىدا ۋەزىيەت ناھايىتى جىددى ئىدى، چېگرىدىن كىرگەن جۇڭگو مۇھا-جىرلىرى قوراللىق قوشۇنى بىلەن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە قېتىم قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن ھەمدە ئۇلار تەھدىتلىك تەلەپلىرىنى ئۆزلۈكسىز قويۇپ كېلىۋاتقان ئىدى.

4 ـ ئايدا ماجىخېي يىڭى قىزىلتۇزغا يېتىپ بارغاننىڭ سىرتىدا، ياڭ زېڭشىن يەنە ياڭ چۇنرۇڭ يىڭىنى ئەۋەتكەن ھەمدە ئىلى شەھەر

---

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 10 ـ جىلت، 6 ـ كىتاب، 18 ـ بەت.

مۇداپىئە ئەمەلدارىغا ئويىراتلار يىگىمدىكى 600 ئادەمنى تۆپىلەپ بۆرتالا چېگرىسىغا ئەۋەتىشنى بۇيرۇغان. ياڭ زېڭشىن ئەگەر بۇ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى چېگرا رايونلاردا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرسا، ئىلى ۋە چۆچەكلەردىكى كۆچمەنلەرنى ھەركەتكە كەلتۈرۈۋېتىپ، ۋەقەنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ، دەپ ئەنسىرىگەن. كېيىن ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ لىۇ لىيەنكېنى چۆچەككە تەكلىپ قىلىپ، ئالاھىدە ھال سورىغان، ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئۆز قىسمى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ھەم ئۇنىڭغا بىساۋۇل دىگەن نامنى بەرگەن. 5-ئايدا، لىۇ لىيەنكې قىزىلتۇزغا قايتىپ بېرىپ، ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۇنىمىغان 3 لىيەنجاڭنى ئېتىپ تاشلاپ، شۇ يەردىكى ئارمىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ بۆرتالاغا كەلگەن. شۇ چاغدىكى ئىلى ئاھالىسى بۇ مۇھاجىرلارنى "خۇڭخۇزى"① دەپ ئاتىغان. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاشۇنداق باندىتلىق قىلغان ئىدى.

يۇقۇرىدىكىلەر ئاق ئورۇسلار شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئەھۋال.

## ئاليانكوۋنىڭ گۇچۇڭدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشى، باچېنىڭ ئالتايغا بېسىپ كىرىشى

ئاليانكوۋنىڭ ھىندىستانغا بېرىش تەلىۋى ئورۇنلانمىغاندىن

---

① "قىزىل ساقاللىقلار" دىگەن سۆز بولۇپ، "باندىتلار" دىگەن مەنىدە ئىدى، ئۇيغۇرلار "خاڭخۇزىلار" دەپ ئاتايتتى. — تەرجىماندىن.

كېيىن، ئۇ ئۆز ئادەملىرىنى يوشۇرۇنلۇقچە روسىيە چېگرىسىغا كىرگۈزۈپ، ئۇ يەرگە كۆمۈپ قويغان قورال-ياراقلىرىنى ئېلىپ توپىلاڭ كۆتەرمەكچى بولغان. بەختكە يارىشا ئىلى دائىرىلىرى قاتتىق كۈزىتىپ تۇرغانلىقى، ليۇبامۇ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ مېڭىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەقە تۇغۇلمىغان.

شۇ چاغدا ئۆز ئېلىغا قايتىشقا ئۈنىمىغان كازاكلارنىڭ تولىسى ئەپتەسەرلەر ئىدى، ياڭ زېڭشىن ئۇلار چېگرىدا قالدىغان بولسا بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چاتاق چىقىرىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئاخىر جاڭ شاۋبو، لى جۇڭلىن ۋە ئىلى خارجى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شاۋ چاڭ قاتارلىق كىشىلەر ئارقىلىق ئاليانكوۋ قاتارلىقلارغا ئالدى بىلەن سىلەر ئۆلكە مەركىزىگە بېرىڭلار، ئاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن مەسئۇل بولۇپ سىلەرنى ئۆز ئېلىڭلارغا يولغا سېلىپ قويىدۇ، دەپ نەسىھەت قىلغان. 1920-يىل 9-ئايدا، ئاليانكوۋ قول ئاستىدىكى 700 ئەپتەسەر ۋە ئەسكەرنى 800 ئات بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭغان. شۇنداق قىلىپ، ئىلىدا ئاق ئورۇسلاردىن دۇتوۋ بىلەن ئاز سانلىق ئەپتەسەر ۋە ئەسكەرلەرلا قالغان. ئادەتتىكى ئورۇسلار ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تولىسى ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىش، ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭكىگە بېرىش ئارقىسىدا تارقىلىپ كەتكەن.

ئاليانكوۋ قاتارلىقلار ئۆلكە مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ قارا نىيىتىدىن يانمىغان، ئۇلار ئۆلكە دائىرىلىرىدىن ئوزۇق-تۈلۈك ۋە مائاش ئالغان، روسىيىلىك سودىگەرلەردىن نەق پۇل ۋە كىيىم-كېچەك ئالغان. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قولىدا يوشۇرۇن ساقلاپ كېلىۋاتقان قورال-ياراقلىرى بولغاچقا، دائىم ياڭخاڭ كوچىسىدا يۈرۈ-

شەتتى، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى ئۆز ۋاقتىدا دائىم ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق كازاك ئەترىتىدىكىلەردىن قېلىشمايتتى. مەن خىزمەت قىلىدىغان تيەنشىنىڭ فىرمىسىمۇ ئۇلارنىڭ قاقتى-سوقتىسىغا ئۇچرىغان. تيەنشىنىڭ فىرمىسى ۋە باشقا فىرمىلارنىڭ خوجايىنلىرى چار روسىيىنىڭ تىرىلىشىنى ئۈمىت قىلىشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ تەلۋىلەرنىڭ قاقتى-سوقتى قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزۈشىدىن ھامان بېشى قاتاتتى. بىر مەزگىل، ياڭخاڭ كوچىسىدا ئاليانكوۋنىڭ قاچاقلىرى بۇ يەرنى بۇلايدىكەن، دېگەن گەپ تارىلىپ، روسىيىلىك سودىگەرلەرنى ئالاقىزادە قىلىۋەتكەچكە، روسىيىلىك سودىگەرلەر تۇتۇقسىبەگ مەھكىمىسىدىن قوغداشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان، ياڭ زېڭشىن بولسا ھەربى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ مىڭيۈەننى ياڭخاڭ كوچىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا تەيىنلىگەن. 10-ئايدا، ئاليانكوۋ ئۆلكە دائىرىدىلىرىگە چۆچەككە قېچىپ كەلگەن ئاق ئورۇس قوشۇنلىرىنىڭ ئاتامانى باچىچىنىڭ چۆچەكتە ئامانەت قويغان زور مىقداردىكى پۇلىنى ئېلىشقا ئۆلكە دائىرىلىرىنىڭ مەسئۇل بولۇشىنى، ئەگەر بۇ پۇل قولىغا تەگمىسە، ھەرگىز شەرققە ماڭمايدىغانلىقىنى ياكى ھەتتا ئۆزلىرى بىرەر ھەركەت قوللىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەھدىت سالغان. ياڭ زېڭشىن يەنە ئادەم ئەۋەتىپ، ئاليانكوۋقا ئۆلكە مەركىزىدە ئوزۇق-تۈلۈك كەم بولغاچقا، ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ھەمدە ئۇنىڭغا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ئېتىۋار بەرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز مەيلىچە ھەركەت قىلىشىغا ئەمدى يول قويمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

ئالىيانكوۋ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى (بولۇپمۇ بۇ چاغدا دەل بىر تۈركۈم قورال-ياراقنىڭ بېيجىڭدىن ئۆلكە مەركىزىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى) ئېنىق بىلمىگەچكە، قارامىلىق بىلەن ۋەقە تۇغدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ياپونىيە تەكشۈرگۈچىسىدىن ئاقلارنىڭ جياڭجۈنى سېمىنوۋنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدە كولۇنىنى ئىشغال قىلغانلىقى ۋە ياپونىيىنىڭ ياردىمى بىلەن سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوبدۇغا قېچىپ بېرىپ، سېمىنوۋ باندىتلىرىغا قوشۇلۇۋېلىش مەقسىدىدە، گۇچۇڭغا يۆتكىلىپ بېرىشقا قوشۇلغان.

شۇ يىللاردا ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن تەكشۈرگۈچىسى شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن ئاق ئورۇسلارنى "تېپىلغۇسىز مال" ھىساپلاپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۇلارنى ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇتراتقان. ياڭ زېڭشىن شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە، ئاق ئورۇسلارنىڭ شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالسىلا، ئىختىيارسىز ھالدا: "شىنجاڭنىڭ ياپونلار تەرىپىدىن بەربات قىلىنمىغانلىقى ھەقىقەتەن تەلەيىنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكى جۇمۇ!" دەپ يۈرگەن.

ئالىيانكوۋ گۇچۇڭغا بېرىشتىن ئاۋال ئىلى ۋە چۆچەكتە قالغان ئاقلارنىڭ جياڭجۈنلىرى بىلەن مۆرىتى كەلگەن ھامان تەڭ ئىسيان كۆتىرىمىز، دەپ كېلىشىۋالغان. ئۇلار ئالدى بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، تاشقى موڭغۇلىيىگە بېرىۋالغان ئاقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئاندىن سوۋېت روسىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش كويىدا بولغان. ئالىيانكوۋنىڭ ئادەملىرىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى جاھىل ئەپىتسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ئىزچىل تۈردە يېنىك قوراللىرىنى ساقلاپ

كەلگەن ئىدى①، 1920-يىل 11-ئايدا، ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ نازارىتىدە ئۇلار گۇچۇڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن جەڭ ئورۇنلاشتۇرۇشقا جىددىي كىرىشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ پىلانى، ئالدى بىلەن، گۇچۇڭنى ئېلىش، شۇ يەردىكى ئارمىيىنىڭ قورال-ياراق، ئوق-دورىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، مال-مۈلۈك، هارۋا، ئاتلارنى بۇلاپ، خەلق ئىشچىلىرىنى زورلاپ بىللە ئېلىپ مېڭىش، ئاندىن ئۆلۈڭگۈر دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئالتاي تەۋەسىگە كىرىپ، ئالتاي، مايغايىچاغاي (جىمىنەي)، قوبدۇنى ئېلىپ، چۆچەك ۋە كولۇندىكى ئاقلار بىلەن بىرلىشىش ئىدى.

شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرى ئاليانكوۋ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى هەقىقەتەن تۈركۈمگە بۆلۈپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە يولغا سېلىش ئۈچۈن گۇچۇڭغا يۆتكىگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ يول بويى جىدەل چىقىرىشىدىنمۇ ئەنسىرىگەن، شۇڭا يولغا چىقىشتىن ئاۋال شەرقىيتىكى ناھىيەلەرگە يەرلىك مۇداپىئەنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تېلېگىراما ئارقىلىق بۇيرۇق بەرگەن. ئاليانكوۋلار گۇچۇڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ۋاقىتىنچە شەھەر سىرتىدىكى گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

1921-يىل 1-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاليانكوۋ گۇچۇڭغا ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قوزغىغان. گۇچۇڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى مۇستەھكەم شەھەر بولۇپ، مۇداپىئەدە تۇرغان ئارمىيە ئالدىنئالا تەييارلىق

① ئاليانكوۋ ئىلىدىن شەرققە قاراپ ماڭغان چېغىدا، بىرىچكىلارنىڭ ئاستىغا مىلتىق، يېنىك پىلىموت ۋە ئوق-دورا يوشۇرغان. بۇنى شىنجاڭ دائىرىلىرى سەل سېزىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما تەكشۈرۈپ مۇسادىرە قىلىندىغان بولسا، ئاسانلا ۋەقە تۇغۇلۇپ قالىدۇ، دەپ بىلمەسكە سېلىۋېلىپ، ئاستىرتىن نازارەت قىلىپ تۇرغان.

كۆرۈپ قويغاچقا، ئاليانكوۋ گۇچۇڭنى ئالالمىغان①، بىر مەھەل ئىككى تەرەپ تىركىشىش ھالىتىدە تۇرغان.

ياڭ زېڭشىن گۇچۇڭدا ۋەقە تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىكى جىددى تېلېگراممىنى ئالغاندىن كېيىن، خىزمەت بىلەن گۇچۇڭدا تۇرۇۋاتقان ھەربى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ مىڭيۈەنى دەرھال شەھەر گارنىزونىنىڭ سىلىڭى قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا شەھەر دەرۋازىسىنى ئېتىپ مۇداپىئە كۆرۈشنى، قارامىلىق بىلەن ئىش كۆرمەسلىكنى تېلېگراممىدا ئارقىلىق تاپىلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە لۇجاڭ جياڭ سۇڭلىننى ئۆلكە قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ بېرىپ قاچاقلارنى تازىلاشقا ئەۋەتكەن، يەنە يۈەنخۇ، بۇرگىن قاتارلىق جايلاردىكى قىسىملارغا ئاق ئورۇسلارنى شىمالغا قاچۇرۇپ قويماسلىق توغرىسىدا تېلېگراممىدا ئارقىلىق بۇيرۇق بەرگەن. ئۇ شۇ چاغدا جياڭ سۇڭلىنغا ئەڭ ياخشىسى ئاق ئورۇسلارنى قورال كۈچىگە تايىنىپلا بىر تەرەپ قىلماسلىق كېرەك، ئەگەر بۇ تەلۋىلەر پىتىراپ كېتىدىغان بولسا، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئۇرغۇن جايلارنى ئاياق-ئاستى قىلىدۇ، دەپ مەخپى يوليورۇق بەرگەن، ئاليانكوۋنى تېچلاندۇرۇش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن يەنە ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى جاڭ شاۋبو بىلەن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنى گۇچۇڭغا سۆز بىلەن قايىل قىلىشقا ئەۋەتكەن.

---

① ئاليانكوۋ گۇچۇڭغا تۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۆز قوشۇنى ئىچىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر چى خەيشەننى شەھەرگە رازۋېتكىغا ئەۋەتكەن، لېكىن ئۇ تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئاليانكوۋ قىسىملىرىنىڭ سۈيىقەستىنى ۋە قورال-ياراقلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن.

ئالیانکوۋ جاڭ شاۋبونىڭ نەسىھتى ئارقىسىدا، شۇنىڭدەك يەنە ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن گۇچۇڭغا يىغىلدۇاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قورال تاپشۇرۇپ①، شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قوشۇننى باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە مېڭىشقا قوشۇلغان.

ئالیانکوۋ قارا نىيەتتىن قايتماي، قول ئاستىدىكىلەرگە مەخپى بۇيرۇق بېرىپ قورال-ياراقلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوشۇرغۇزۇپ قويغان. لېكىن ئالیانکوۋنىڭ ئۆزى ئۆلكە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن نەزەر بەنت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئورۇمچىگە كەلتۈرۈلگەچكە، قاچاقلار باشلىقسىز قالغان، ئۇزاق ئۆتمەي تۈركۈمگە بۆلۈپ گەنسۇغا ئەۋەتىلگەن، پەقەت ئاز بىر قىسمىلا ئاستاغىنا ئىلى ياكى ئورۇمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئالیانکوۋ باندىتلىرى ئەنە شۇنداق بىر تەرەپ قىلىنغان②.

---

① ئالیانکوۋ بۇ قېتىم قورال تاپشۇرۇشتا يەنىلا يۇۋاشلىق قىلمىغان، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە قورال-ياراقلىرىنى بىرمۇنچە يەرلەرگە يوشۇرۇپ قويۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن، كېيىن شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرى تۈرلۈك يول بىلەن رازۋېت قىلىپ تەكشۈرۈپ، قوراللارنى تېپىپ چىقىپ مۇسادىرە قىلغان. بۇ ئىش بىرنەچچە ئاي سوزۇلۇپ ئاندىن ئاساسەن ئاخىرلاشقان، شۇنداقتىمۇ بەزى قورال-ياراقلار يەنىلا خەلق ئىچىگە تارىلىپ كەتكەن.

② بۇ بىر تۈركۈم ئاقلارنى دىگەن يەرگە يەتكۈزۈشمۇ ناھايىتى كۆپ ئەگرى يوللار ئارقىلىق بولغان. گەنسۇ دائىرىلىرى دەسلەپتە قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان، تېلېگرامما ئارقىلىق بىرنەچچە ئاي مەسلىھەت قىلىنغان. ئاڭلىشىمچە، كېيىن ئۇلار دۇنخۇاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن

ئالیانکوۋ گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، 1921 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئىلىدا قالغان دۇتوۋ ۋە يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان قوراللىق قوشۇنمۇ كۈرەدە توپىلاڭ كۆتىرىپ، سىپىل سىرتىدىكى خەلق ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلىغان، لېكىن شۇ يەردىكى قىسىملار تەرىپىدىن تېزلا يوقىتىلغان، دۇتوۋ، جاڭ جۈنچىڭ ۋە كۆپچىلىك توپىلاڭچىلار ئوق تېگىپ ئۆلگەن، لىۇ لىيەنكېمۇ كېيىن ئېتىپ تاشلانغان.

چۆچەككە قېچىپ كىرگەن ئاقلار چوگۈراق رايونىدا ئۇزاقىراق چاتاق چىقاردى.

1920 ـ يىل 2 ـ ئايدا باچىچ باشچىلىق قىلغان ئاقلار چۆچەككە قېچىپ كىرگەندىن كېيىن، قېچىپ كەلگۈچىلەر ئۈزۈلمىگەن. 5 ـ ئايدا، چۆچەك دائىرىلىرى پايلاقچى لازارېۋ ئاقلارنىڭ بىر قىسىم ئەپىتسەرلىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرى نەنخۇ دىگەن يەرگە كۆمۈپ قويغان قورال ـ ياراقلىرىنى ئېچىپ ئېلىپ، جۇڭجياڭ روژېيېۋ باشچىلىقىدا توپىلاڭ كۆتىرىشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ، دەپ بەرگەن مەخپى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغان. چۆچەك ۋالىسى نەنخۇغا بېرىپ تەكشۇرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئادەملەردىن قورال ـ ياراقلارنىڭ تولىسىنىڭ ئاقلار ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېچىپ ئېلىپ كېتىلگەنلىگىنى بىلگەن، ئۇلار پەقەت ئازراقلا مىلتىق، پىلىموت ۋە قولبومبا ھەم قىلىچ قاتارلىق نەرسىلەرنىلا تاپالىغان. توپىلاڭ كۆتىرىشنى ئاساسىي پىلانلىغۇچى

كېيىن ئاندىن تۈركۈمگە بۆلۈپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئاز ساندىكى ئاق ئورۇسلار گۇچۇڭدا قالغان، 1922 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلگەن، بەزىلىرى تىرىكچىلىك يولىنى ئىزدەپ ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن.

ئەپتسەرلەردىن ئانتونوۋ قاتارلىقلار شەپنى سىزىپ قېلىپ ئالتايغا قېچىپ كەتكەن①.

شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، يەنە شىنىسكى باشچىلىقىدا مىڭدىن جىقراق ئاقلار قېچىپ كەلگەن، 1921 ـ يىل 1 ـ ئايدا، شىنىسكى ئالىيانكوۋنىڭ گۇچۇڭدا توپىلاڭ كۆتىرىشكە ماسلاشماقچى بولغاندا، بەختكە يارىشا پايلاقچى يەنە ۋەقەدىن ئاۋال مەلۇمات بەرگەنلىكتىن، چۆچەك دائىرىلىرى ئالدى بىلەن چېگرىدا قورال كۆمۈلگەن يەر-لەرنى ئېچىپ قورال-ياراقلارنى قولغا چۈشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن شىنىسكىنىڭ سۇيىقەستى ئىشقا ئاشماي قالغان. 3 ـ ئايدا، شىنىسكى يەنە سودا چەمبىرىگى ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئاقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، قورال-ياراق ۋە قاتناش قوراللىرىنى بۇلاپ، دۆربىلجىنگە مېڭىش تەييار-لىقىنى قىلىۋاتقاندا، شۇ يەردىكى قوشۇنلار ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن ئاۋاللا سودا چەمبىرىگىنى مۇھاسىرىگە ئالغان، شىنىسكى قېچىپ قۇتۇلغاندىن باشقا، ئاساسلىق ئۇنسۇرلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ، چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان.

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، يەنە نوۋىكوۋ باشچىلىقىدىكى ئاقلاردىن 2 مىڭدىن ئوشۇق كىشى جۇڭگو چېگرىسىدىكىلەرنىڭ توسقىنىغا قارىماي، قورال-ياراقلىرى بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ كىرىپ، دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق باچىچ باندىتلىرى بىلەن بىرلەشكەن، ئۇلار شىخۇ، ماناسلارنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارا

① ئانتونوۋ كېيىن سەرگەردان بولۇپ ئىلىغا بارغان، 1932 ـ يىلى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس قوشۇنىنىڭ تۈەنجاڭى بولغان، 1933 ـ يىلى قىشتا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، مەخپى ئۆلتۈرۈلگەن.

جاكالىغان.

ياپون جاھانگىرلىگى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا چۆچەككە ئىشپىيونلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن، بۇ چاغدا ئاق ئورۇسلار ئىچىدە ياپون ئارمىيىسى سىبىرىيىدە ئاقلارغا ياردەم بېرىپ غەلىبە قازاندى، سېمىنوۋ كولۇننى ئالدى، پات ئارىدا قىزىل ئارمىيىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، دېگەن خەۋەرلەر دائىم تارقىلىپ يۈردى. يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئاقلارنىڭ توپىلاڭلىرى ياپونىيە ئىشپىيونلىرىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ۋە تەرغىباتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

نوۋىكوۋ قاچاقلىرى چۆچەككە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت روسىيىسى يەتتىسۇ ئۆلكىلىك پۈتۈن ئارمىيە باش ئىشتاۋىنىڭ خادىمى قوشۇمچە خارجى ئىشلار ۋەكىلى رازدوبىلىيېۋ روسىيە كالىندارى بويىچە 5-ئاينىڭ 14-كۈنى (مىلادى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى) چۆچەك دائىرىلىرىگە نوتا تاپشۇرۇپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ باندىتلارنى تازىلاشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ھەربى ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆز ئېلىگە تولۇق قايتىپ كېتىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن. ياڭ زېڭشىن چۆچەكنىڭ ۋالىسىغا يوليورۇق بېرىپ، رازدوبىلىيېۋگە مۇنداق جاۋاپ بەرگەن:

"يېڭى پارتىيىگىزلارنىڭ ئارمىيىسى ئىش يۈزىدە ئامالسىزلىقتىن جۇڭگو چېگرىسىدىن ئۆتىدىغان بولدى، مۇبادا كونا پارتىيە ۋاقتىدا قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولسا...كۆپ قىرغىن قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق؛...كونا پارتىيىنىڭ قوشۇنىنى ئەل قىلغاندىن كېيىن، ئەل قىلىنغان قاچاقلارنى ۋە مۇساپىرلارنى قالدۇرماي ئۆز ئېلىڭىزلارغا ئېلىپ كەتكەيسىزلەر...كونا پارتىيىنى ئەل قىلىش مەزگىلىدە، ئەگەر ھەربى ھەركەت بولۇپ قالسا، جۇڭگونىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرىگە ۋە

يېزا ئاھالىسىگە ئازراقمۇ زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ؛...جۇڭگو خەلقىنىڭ قوي، كالا، يىلقىلىرىغا ۋە سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىغا، ھارۋىلىرىغا تېگىشكە بولمايدۇ ياكى ئۆز ئىختىيارىڭلارچە سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ؛ كونا پارتىيە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىدىن قالغان ھامان يېڭى پارتىيە قوشۇنلىرى دەرھال روسىيە چېگرىسىغا تولۇق قايتىپ كېتىشى كېرەك....يېڭى پارتىيىڭىزلارنىڭ قوشۇنى جۇڭگو چېگرىسىدىن ئۆتكەن كۈندىن تارتىپ تاكى روسىيە چېگرىسىغا قايتىپ كەتكىچە جۇڭگودىن تەمىنات ئېلىشقا بولمايدۇ،..."①

شۇ يىلى 5-ئاينىڭ 24-كۈنى قىزىل ئارمىيە ئاتلىق پولكىدىن 800 دىن ئوشۇق كىشى قومۇشلۇقتىن يولغا چىقىپ، باقتى چازىسى ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى چۆچەككە كېلىپ سودا چەمبىرىگىنى مۇھاسىرىگە ئالدى، ئۇلار جۇڭگو ساقچىلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، ئاقلارنىڭ 900 دىن ئوشۇق ئەپتەسەر ۋە ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى. قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ كۆپچىلىگى توپ-توغرا دۆربىلجىنگە يول ئالدى، باچىچ بىلەن نوۋىكوۋنىڭ قول ئاستىدىكى 7-8 مىڭ كىشى ئېمىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا چېكىنىپ ئىستىھكام قۇرۇپ ياتتى. 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا، قىزىل ئارمىيە دەريادىن ئۆتۈپ شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغاندا ئاقلار بەرداشلىق بېرەلمەي، چارۋىچىلارنى مەجبۇرى ئەگەشتۇرۇپ جەنۇپقا قاراپ قاچتى. جۇڭگو قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ يولىنى توسىغانلىقتىن، ئۇلار قوشتولغاي تەرەپكە مېڭىپ، ناھىيىلىك يامۇلغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، مال-مۈلۈك ۋە ئاشلىقلارنى بۇلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي زايساندىن

① ياڭ زېڭشىن: "سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار"، 2-قىسىم، 6-جىلىت، 10-11-بەتلەر.

كەلگەن قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنىڭ قاملىنى بوٚسوٗپ ئوٚتوٚپ، چارۋىچى-
لارنىڭ كوٚپلىگەن چارۋىسىنى ۋە مال-موٗلكىنى بوٗلاپ، خېيشەنتوٗ-
دىن ئوٚتوٚپ، ئىرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يېتىپ باردى،
بۇ چاغدا ئالتاي ۋەزىيىتى دەرھال جىددىيلەشتى.

ئالتاي شىمالدا روسىيە بىلەن چېگرىداش بولۇپ، روسىيە ئىنقى-
لابىدىن كېيىن بۇ يەرگە ئاقلارنىڭ ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلىرىدىن ۋە
سودىگەرلەردىن ئاز بىر قىسمى قېچىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن
ھەممىسى ھەل قىلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇرچىن
ناھىيىسى تەۋەسىدىكى چوڭقۇر دىگەندەك يەرلەردىكى رۇسلارنىڭ
كەنتلىرىگە كەتكەن①، بىر قىسمى قابا، جېمىنەي ناھىيىسى بازارلىرىغا
ئورۇنلىشىپ قالغان ئىدى.

باچىچ قوشۇنى ئىرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يېتىپ
بارغاندىن كېيىن، ئالتاينىڭ ۋالىسى جۇ ۋۇشۇ ئۇلارنى توساشقا چارىدا
تۇرۇشلۇق قوشۇننى ئالدىراپ-تېنەپ ئەۋەتكەن، لېكىن ئەسكەرلەر
يېڭىلىپ بولغىچە باچىچنىڭ ئاساسىي كۈچى دەريادىن ئوٚتوٚپ شىمال-
غا-توپ-توغرا ئالتايغا قاراپ ماڭغان. جۇ ۋۇشۇ ياڭ زېڭشىنىڭ شۇنچە
ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىنى يەردە قويىدۇم دەپ ئويلاپ، 1921-
يىل 6-ئايدا، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئىچىدە ئۆلۈۋالغان②.

① 1912-يىلى چار روسىيە ئالتايغا ئادەم كۆچۈرۈپ، زورلۇق بىلەن
يەر ئىسجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان، 1917-يىلىغا كەلگەندە، ئالتاي
تەۋەسىگە 300 ئائىلىدىن كۆپرەك رۇس يىغىلغان، ئۇلارنىڭ مۇتلەق
كۆپ قىسمى دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، رۇسلار مەھەللىسىنى
پەيدا قىلغان ئىدى.

② جۇ ۋۇشۇ ئەسلى گەنسۇدا ۋالى بولغان، ياڭ زېڭشىنىڭ تەۋسىيەسى
بىلەن ئالتايغا ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى لۇ شاۋزۇ تارقىلىپ كەتكەن ئەپتەسەر- ئەسكەرلەر ۋە سودىگەرلەرنى يىغىپ، ئالتايغا كىرگەن. ئۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن ئاقلارنى يوقىتىشتا قىزىل ئارمىيىگە ماسلىشىشنى قۇۋۋەتلىگەن ھەمدە لۇ شاۋزۇغا ھەرگىز قارامىلىق قىلماسلىقنى تاپىلاپ قايتا-قايتا يوليورۇق بەرگەن. لېكىن لۇ شاۋزۇ ئۆزەم قوماندانلىق قىلغان مۇلكى-ھەربى خادىملار بىلەنلا ئاق ئورۇسلارنىڭ شىمالغا قىلغان ھۇجۇمىنى توسىيالايمەن دەپ قارىغان. ئۇ ئالتايغا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، باچىچنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، توپ-زەمبە- رەكلىرىنى تاشلاپ جىمنەيگە قېچىپ كەتكەن.

باچىچ ئالتاي بىلەن بۇرچىنغا كىرگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى موڭغۇل، قازاق ۋاڭ-گۇڭلىرىنى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشقا قۇترىتقان ھەمدە ئالتايدا ئۇزاققىچە تۇرۇش، زايسانغا ھۇجۇم قىلىش غەرىزىدە تاشقى موڭغۇلىيىدىكى سېمېنوۋ باندىتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلار شۇ يەردىكى موڭغۇل-قازاق چارۋىچىلىرىغا ئات-ئۇلاق، ئوزۇق-تۈلۈك سېلىقى سالغان ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغان.

1921-يىل 7-ئايدا، قىزىل ئارمىيە كولۇننى بېسىپ ياتقان ئاقلارنى تارمار كەلتۈرگەن، باچىچ مەلۇم ئەسكەر بىلەن بۇرگىندىن شەرققە قاراپ مېڭىپ ئۇلاستايغا ھۇجۇم قىلىپ، سېمېنوۋ قالدۇقلىرىغا ياردەم بەرمەكچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالتايدا روسىيە مۇھاجىرلىرىدىن ۋە موڭغۇل-قازاق چارۋىچىلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ كۈچىنى تولۇقلىماقچى بولغان.

8-ئايدا، شىنجاڭنىڭ دىپلوماتىيە خادىملىرىدىن ليۇ شىزېڭ، كىچىك تاي قاتارلىقلار ياڭ زېڭشىننىڭ يوليورۇقى بويىچە، سوۋېت دائىرىلىرى بىلەن قىزىل ئارمىيە زايساندىن ئىلگىرىلەش،

جۇڭگو ئارمىيىسى ۋۇخېي، قوشتولغاي قاتارلىق جايلاردا توساپ زەربە بېرىپ، كۆزلەنگەن ۋاقىتتا ئاقلارنىڭ ھەممىسىنى قورشاپ يوقىتىش توغرىسىدا كېلىشىمگە كەلگەن. 9-ئاينىڭ 1-كۈنى قىزىل ئارمىيىدىن 4 مىڭدىن ئوشۇق كىشى ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ بۇرچىن بىلەن ئالتايغا ماڭغان؛ ئاقلار بىر مەھەل قارشىلىق كۆرسىتىپ بېقىپ، 3-كۈنى بۇرچىندىن، 6-كۈنى ئالتايدىن چېكىنىپ چىققان. بىر ھەپتە ئىچىدە قىزىل ئارمىيە ئاقلاردىن 2 مىڭدىن ئوشۇق كىشىنى ئەسىر ئالغان، 4-5 يۈز كىشىنى يوقاتقان ھەمدە كۆپلىگەن ھارۋا، ئات قاتارلىق ئەشيالارنى غەنىمەت ئالغان. 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، باچىچ قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ چىڭگىل، بۇرگىندىن ئۆتۈپ تاشقى موڭغۇلىيىگە قېچىپ كەتكەن، ئالتايدىكى توپىلاڭ ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان. شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرى ئادەم ئەۋەتىپ قىزىل ئارمىيىدىن ھال سورىغان، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان. 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا، قىزىل ئارمىيە پۈتۈنلەي زايسانغا قايتىپ كەتكەن.

ئالتايدا قالغان چار روسىيە ئارمىيىسىنىڭ لېيەنجاڭى ژېنكوۋنىڭ كېيىن دەپ بېرىشىچە، باچىچلارنىڭ قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن بۇنداق تېز تارمار كەلتۈرۈلۈشىدە، ئاساسەن، ئەپتىسەر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغان، ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى ئەمدى قېچىپ بارىدىغان يەر قالمىدى، ئۆز يۇرتىمىزغا ئاسانراق قايتىمىزمىكىن دەپ ئەسىرگە چۈشۈشنى خالىغان.

ئاق ئورۇسلار شىنجاڭغا قېچىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان مەزگىلدە ئالتاي ھەممىدىن بەك ئاپەتكە ئۇچرىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مال-مۈلكى ناھايىتى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان.

شىنجاڭدا قېلىپ قالغان ئاق ئورۇسلارنىڭ تولىسى ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، بەزىلىرى كېيىن جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئۇلار ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس مىللىتى دەپ ئاتالغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار رۇسلارلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە پولەكلەر، ۋېنگىرلار، نېمىسلار ۋە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ھەرقايسى ئەللىكلەرمۇ بار ئىدى. چار روسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سابىق باش كونسۇلى دىياكوۋمۇ ئۆلكە مەركىزىدە قالغان. 1939-يىلى ئۇ شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە شۇ يىللىرى ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھەركەتلىرىنى شۇنىڭدەك ئاق ئورۇسلارنىڭ شىنجاڭغا قېچىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇش جەريانىنى ۋە شىنجاڭدا قېلىپ قالغان ئاق ئورۇسلارنىڭ ئەھۋالىنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ماتېرىياللار نەلەردە قالدىكىن.

## چار روسىيە كونسۇللىرىنىڭ روسىيە مۇھاجىرلىرىغا قىلغان دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى

1917-يىلدىكى روسىيە ئىنقىلاۋىدىن ئاۋال روسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسى ئىچىدە ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلار بار ئىدى، بەزى ئىنقىلابچىلار چار روسىيە ژاندارمىلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىشى ئارقىسىدا شىنجاڭغا كېلىپ پانالانغان ئىدى. ئۇلار شىنجاڭدا ئاۋالقىدەكلا ئىنقىلاۋىي تەشۋىقات ۋە تەشكىلاتچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ چاغدا چار روسىيىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى كۆپ قېتىم ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ بۇي-

رۇغىغا ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قاتتىق كۆزىتىپ بارغان، گۇمانلىق كىشىلەرنى ئۇچراتسىلا قولغا ئېلىپ روسسىيە تەرەپكە يەتكۈزۈپ بەرگەن. چار روسسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ۋە ئومسكىدىكى قورچاق تەشكىلاتى ئىنقىلاپتىن كېيىنمۇ بۇ كونسۇللارغا بولشېۋىكلار ئۇچرىسىلا قولغا ئېلىپ روسسىيە چېگرىسى تەرەپتىكى ئاقلار قوشۇنىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ياكى شۇ يەردىلا مەخپى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا قايتا-قايتا يوليورۇق بېرىپ تۇرغان.

1918-يىلى مەن چۆچەككە ئىش بىلەن بېرىپ، نۇرغۇن ياش روسسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ روسسىيە ئىنقىلاۋىغا ياردەم بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم. 4-ئايدا، بىر كۈنى مەن تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ بوغالتىر بۆلۈمىدە ھېساپ توغرىلاۋاتسام، ئۇشتۇمتۇت بىر ياش ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كىردى-دە، كازاكلارنىڭ ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى يوشۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ چاغدا مەنمۇ روسسىيە ئىنقىلاۋىغا ئىستىخيىلىك ھالدا ھېسداشلىق قىلاتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ھەمراھلىرىم بىلەن بۇ ياشنى ئىسكىلاتقا يوشۇرۇپ قويۇپ، قوغلاپ كەلگەن كازاكلارنى يولغا سېلىۋەتتۇق. ئۇ ئابدۇللا دىگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر تاتار يىگىت بولۇپ، بىرنەچچە يىل ئاۋال ئۇمۇ تيەنشىڭ فىرمىسىدا دۇكان خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن، بۇ چاغدا ئۇ بولشېۋىكلار پارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، چۆچەكتە يەر ئاستى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىكەن.

شۇ يىلى كۈزدە، چۆچەكتىكى جىشياڭيۈڭ فىرمىسىنىڭ باش بوغالتىرى مۇھاجىر ئارتىم بىلەن باشقا 4 نەپەر دۇكان خىزمەتچىسى باي تەرىپىدىن ئىنقىلاپچى، دەپ پاش قىلىنغان ئىكەن. نەتىجىدە چار

روسىيىنىڭ كونسۇلى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى مەخپىي تۈردە قولغا ئېلىپ كەتتى. بىر كۈنى كېچىدە بۇ 5 نەپەر ئىنقىلاپچىنىڭ ھەممىسى باقتى چېگرىسىدا تىرىك كۆمۈلۈپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئىلغار روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ كونسۇل تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئاقلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم. زاكىر لاتىپ دېگەن بىر تۇققىنىم (50 نەچچە ياشلىق بىر كىچىك سودىگەر، شۇ چاغدا ئۇ روسىيە ئىنقىلاۋىغا ھېسداشلىق قىلاتتى) ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىن ئالىيانكوۋ باندىتلىرى تەرىپىدىن ئېتىلغان.

ئېسىمدە شۇنداق ۋەقەلەر تۇغۇلغان، مېنىڭ بىلىشىمچە، 1919- يىلنىڭ باشلىرىدا، چار روسىيىنىڭ كونسۇلى لىۋبا تاتار سودىگەر خابىتوۋنى قولغا ئېلىپ، چۆچەككە ئېپكېلىپ چېگرا سىرتىدىكى ئاقلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ ۋەقە بىر قىسىم روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان، ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قوغدىشىنى تەلەپ قىلغان. شۇ يىلى 7-ئايدا، ئاقلار ئەپتەسەرى بىليانچېۋ ئىلىدا بولشېۋىكلارنى تۇتىمەن دەپ نۇرغۇن روسىيە مۇھاجىرلىرىنى چار روسىيىنىڭ كونسۇلخانىسىغا قامىغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بولشېۋىك ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ قاقتى-سوقتى قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن كىشىلەر ئىدى، خالاس. تاكى 1921- يىل قىش ۋاقتىغا كېلىپ، چار روسىيىنىڭ كونسۇللىرىنىڭ ئاۋازى ئۆچكەندىن كېيىنلا، بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىگەن.

ئاق ئورۇسلارنىڭ شىنجاڭغا قېچىپ كېلىش ۋەقەسى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە جايلاردا يۈز بەرگەن ئاخىرقى بىر توپىلاڭ بولدى، 1921-يىلى ئالتاي تىنچ- لانغاندىن كېيىن شىنجاڭ بىرقەدەر ئۇزاق داۋام قىلغان تېچلىق

باسقۇچىغا ئۆتتى.

# ئەمەلدارلارنىڭ بېيىش يوللىرى

1914 ـ يىلى، تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ مۇدىرى بىلەن تۇرپانغا بېرىپ تۇرپاندا قىزىق بىر ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭلىدۇق يەنى يامۇلنىڭ يايلىرى زىباۋۇدۇن دىگەن يەرلىك بايىنى بوينىغا 50 سەرلىك يامبۇدىن ئىككىنى ئېسىپ سازايى قىپتۇ. تۇرپاننىڭ بازار ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك كوچىغا چىقىپ تاماشا كۆرۈپتۇ.

ئەسلىدە بۇ باي ئىشىمنى ھەل قىلىپ قويارمىكىن دەپ ناھىيە ئامبىلىغا چاغلىمايلا ئىككى يامبۇنى تۇتقان ئىكەن. ئامبال جاڭ خۇالىڭ مېنىڭ ئابرويۇمنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكەمدىغان دەپ، شەھەردىكى سودىگەرلەرنى يامۇلنىڭ ئالدىغا يىغىپ، ھېلىقى بايغا خالايىقنىڭ ئالدىدىلا كايىپتۇ، ئاندىن باينىڭ بوينىغا يامبۇلارنى ئېسىپ، لوزۇڭ، يايىلىرىغا داقا ـ دۇمباق چالدۇرۇپ باينى سازايى قىلدۇرۇپتۇ.

بۇ ئىشنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئامبالنى پاك ئەمەلدار ئىكەن دەپ ماختىشىپتۇ، ئەلۋەتتە.

مەن تۇرپاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم، تۇرپانغا پۇر كەتكەن بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقىنى ئۇقۇپ باققىم كەلدى. بىر كۈنى ئاخشىمى، مۇدىرىمىز تۇرپان شۆبە فىرمىسىنىڭ مۇدىرى مۇھەت بىلەن پاراڭغا چۈشتى، مەن چاي قۇيۇپ يۈرۈپ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىۋالدىم.

مۇھەتنىڭ ئېيتىشىچە، پالاكەتكە ئۇچرىغان باي دۆت ئادەم

ئىكەن، ئۇ قاماقخانىدا تەرجىمانغا: مېنى قۇتقۇزۇپ قويسىلىكەن، دەپ يېلىنىپتۇ. تەرجىمان ئۇنىڭغا: گۇنايىمنى يۇيىمەن دىسەڭ، ئازراق بىرنىمە قىلىمامسەن، دەپتۇ. باي ئۇنىڭغا: نەرسە بېرىپ بالاغا قالغان تۇرسام، يەنە ئۇنداق قىلسام قانداق بولار، دەپتۇ. تەرجىمان ئۇنى دۆت ئىكەنسەن دەپ: نەرسىنى ئۇنداق سۇنۇشقا بولمايدۇ، "يەنە كېلىپ سېنىڭ دەۋايىڭ شۇنچە چوڭ تۇرۇقلۇق، شۇنچىلىك نەرسە بەرسەڭ، ئامبال جاناپلىرىنىڭ ئاچچىغى كەلمەي قالمايدۇ-دە!" دەپتۇ. كېيىن باي بۇرۇنقىدىن 10 ھەسسە كۆپ نەرسە سۇنۇپتۇ ۋە ئۇسۇلنىمۇ ئۆزگەرتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي قويۇپ بېرىلىپتۇ ۋە قىلماقچى بولغان ئىشىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك جۆندىلىپتۇ.

بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى، 1921-يىلى بۇيرۇققا بىنائەن چۆچەككە بارغىنىمدا يەنە شۇ ئىش خىيالىمغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بىلىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم (قانداق قىلىپ فېرما خىزمەتچىسىدىن ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ قالغانلىقىم توغرىسىدا كېيىن توختىلىمەن).

مەن خىزمەتتىدىشىم خۇگېڭياڭ بىلەن چۆچەكتە 3 ئاي تۇرۇپ، 17 مىڭ 600 سەر تەڭگە ھىساۋىدىكى باجنىڭ يوقۇرىغا تاپشۇرۇلمىغانلىغىنى تەكشۈرۈپ تاپتىم. ئوقۇشۇمچە، شۇ چاغدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىدا ئەمەلدارلار 500 سەر تەڭگە خىيانەت قىلسا، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ دىيىلگەن ئىكەن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىيانەتچىلىك يامراپ بارماقتا ئىدى. بۇ قېتىم ياڭ زېڭشىن بىزگە: چۆچەكنىڭ چېگرا بېجى ئىشلىرىدا يالغانچىلىق بار ئىكەن، جەزمەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاڭلار، زۆرۈر تېپىلسا، سىرۋېت

ئىشىپاقىنىڭ سودا ئورگىنىغا بېرىپ ھېساپ ـ كىتاپىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ، دەپ يولىيورۇق بەردى، ئەگەر شۇ چاغدا ئېنىق ـ لاپ چىققان ئەھۋالنى يۇقۇرىغا ئەينەن مەلۇم قىلىغان بولساق، خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋاي ئىدى.

چۆچەكنىڭ ۋالىسى جاڭ جيەن ئىشنى يېپىۋەتمەسەكلەر دەپ خۇ گېڭيالىغا 2 مىڭ 640 سەر تەڭگە① بېرىپتۇ. خۇ گېڭياڭ بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتتى، مەن ئۇنىمىدىم. ئاخىر سالا ـ سۇلا يولى بىلەن ئەھۋالنى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلدۇق، ئەمما باج تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ھېساپ ـ كىتاپ قىلىشقا چولا تەگمەي يۇقۇرىغا تاپشۇرۇلمىغان دەپ ئەسكەرتىپ قويدۇق. ۋالىي جاڭ جيەنىنىڭ پارىسىنى ئالمىدۇق، بۇ ئىشنىمۇ مەلۇم قىلمىدۇق.

ياڭ زېڭشىن بىز يوللىغان مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، باج سومـ مىسى زىيانغا ئۇچراپتۇ دەپ بەك مەمنۇن بولۇپتۇ. ياڭ زېڭشىن پارا ئېلىشنى رەت قىلغانلىقىمنى پەرەز قىلغان بولسا كېرەك، شۇنىڭـ دىن كېيىن ئىقتىساتقا ئالاقىدار نۇرغۇن ئىشلارنى بېجىرىشنى ماڭا تاپشۇرىدىغان بولدى.

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ياڭ زېڭشىن شۇ چاغلاردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىكلەرنى بىلەتتى، ئەينى ۋاقىتتا "ئەبىدى ئامانلىق"نى ساقلاش ئۈچۈن پۇقرا ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى يېنىكلىتىپ، "ئىدارە قىلغۇچىلار" بىلەن

---

① ئۇ چاغدا ئەڭ ياخشى بىر قوينى بىر سەر تەڭگىگە ئالغىلى بولاتتى، پارا بېرىلگەن بۇ تەڭگە خېلى جىق ئىدى. بۇ ھال جاڭ جيەنىنىڭ ئادەتتە قانچىلىك كۆپ خىيانەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

”ئىدارە قىلىنغۇچىلار“ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇمشىتىش كېرەكلىكىنىمۇ سەزگەن ئىدى، شۇڭا ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى دەسلەپكى چاغلاردىلا ھۆكۈمەت پۇلىنى زىيانغا ئۇچراتقان ئۈرۈمچى ئامبىلى شىيې ۋېيشىڭ بىلەن پۇقرانىڭ ئاشلىقىنى ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتقان غۇلجا ئامبىلى لياۋ يەنىنى ئېتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئۆلكە باشلىقى مەھكىمىسى جاۋاپكارلىققا تارتىلغان يەرلىك ئەمەلدارلاردىن قىلمىشى ئېغىرلىرىنى، ئادەتتە، ئاۋال ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلاتتى؛ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە دەلىل-ئىسپات تېپىلمىسىمۇ شىكايەت قىلغۇچىغا گۇنا ئارتمايتتى. ياڭ زېڭشىن ئاھالىنىڭ ئەرزىگە ئومۇمەن ئەستىق سالاتتى. ئەلۋەتتە، بۇمۇ ئۇنىڭ كىشىلەر كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئاندىن ئۆزىگە ياتلارنىڭ كەشنى توغرىلاپ، جايلارغا ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى قويۇشتىكى ۋاستىسى ئىدى. ئەمما، مۇشۇنداق ئوڭشاش ئارقىسىدا، ئەمەلدارلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىسى ھەقىقەتەن بىرئاز يېنىكلىدى، ئۆلكە دائىرىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ كۆپەيدى. مەسىلەن، يېزىلاردىكى جامائەت مۈلۈكلىرىنى سېتىش توختاملىرىنى مەنئى قىلىش، جىسالارنى، پايلاقچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئاشلىق، يېقىلغۇ سېلىقى سېلىشنى، كونا قائىدىلەر بويىچە كىرىم قىلىشنى مەنئى قىلىش قاتارلىق چارىلەر بىر مەزگىل ئۈنۈم بەردى. ئەمما، كونا جۇڭگودىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى خىيانەتچىلىك مەنبەسى ئىدى، ياڭ زېڭشىن ئۆزىمۇ ”ئەمەلدارلارنىڭ كۆزى پۇلدا“ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ خىيانەتچى-پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالىشىمۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان چاتاق تېرىپ قويۇشىنى چەكلەش

ئۈچۈنلا ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ چاغلاردا جايلار مەدىنىيەت جەھەتتە قالاق، ئاھالىنى شاڭيۇ، مۇشتۇمزورلار كونتۇرۇل قىلىپ قايمۇقتۇرۇ-دىغان بولغاچقا، ئۇ كەمدە "3 پۇڭلۇق ماركا بىلەن ئامبالنى خىزمە-تىدىن ئېلىۋېتىش مۇمكىن" دىگەن گەپ تارالغان بولىسىمۇ، ئامبال-نىڭ يەرلىك كاتتىۋاشلار بىلەن ئالاقىسى ياخشى بولۇپ، زاڭنى بۆلۈشۈش جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت تۇغۇلمىسىلا، ئاددى خەلق ئۆزىنىڭ پىكرىنى "يۇقۇرىغا" يەتكۈزەلمەيتتى.

ياڭ زېڭشىن دائىم "ياخشى ئادەم ئىچكىرىدىن غەرپكە چىقماس" دەيتتى. ئۇ شىنجاڭ ئىچكىرىدىن يىراقتا، كىشىلەر ئەمەلدار ۋە باي بولۇش ئۈچۈن خەۋپكە قارىماي بۇ يەرگە كېلىدۇ؛ ئەمەلدار ۋە باي بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن، يەرلىك پۇقرانىڭ قان-تەرىنى شورىماي قالمايدۇ، پۇقرانىڭ سەۋر-پەيمانى توشۇپ، چىداپ تۇرغۇسىز ئەھۋالغا كېلىپ قالغاندا، چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ مەلۇم دەرىجىدە بېيىيدىغان، پۇقرامۇ چىداپ تۇرغۇسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايدىغان ۋاستىنى قوللاندى.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە جايلاردىكى مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ بېيىش يولى كۆپ ئىدى، بىرى — يەر سېلىغىنىڭ بىر قىسمىنى چۆنتەككە چۈشۈرۈش؛ ئىككىنچى — ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى مۈلۈك (مەسلەن، يايلاق، ھۆكۈمەت يەرلىرى، قومۇشلۇق ۋاھاكازا) نىڭ دارامىتىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش؛ ئۈچىنچى — ھۆكۈمەت سەرما-يىخانىلىرى ئارقىلىق پۇلىنى سودىگەرلەرگە قەرز بېرىش يولى بىلەن كۆپلەپ پايدا ئېلىش؛ ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا پارا يېيىش؛ بۇنىڭدىن قالسا، سوغا-سالام ئېلىش

ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ كەملەردە خوتەن ئەتراپى-
دىكى ناھىيىلەردە ئامباللار مەنسەپكە ئولتۇرسا ياكى مەنسەپتىن
چۈشسە، بېرىپ-كېلىش ئۈچۈن يېرىم يىلچە ۋاقىت كېتەتتى، ئومۇ-
مەن ئامباللارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە
بولاتتى، ئەمما ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى ئۇزۇن بولسۇن ياكى قىسقا
بولسۇن، ئامباللار قۇرۇق قول بېرىپ، بېيىپ قايتاتتى. ۋەزىپە
ئۆتەش ۋاقتى توشۇپ ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كەلگەن ئەمەلدار-
لارنى قارشى ئېلىش ۋاقتىدا، كۆرۈشۈپلا "دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي،
مۇبارەك، مۇبارەك!" "بۇ سەپەر قانچىلىك كۈمۈش يىغىلىپتۇ؟"
دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بولغانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان-
مەن. ياڭ زېڭشىنىڭ قۇدىسى ليۇ چاڭبىڭ يەركەندە ئامبال بولۇپ
تۇرۇۋاتقان چېغىدا ياڭ زېڭشىنغا: قىزىمنى ياتلىق قىلىمەن دەپ
بىرمۇنچە چىقىم بولغان، ھازىرغىچە ئورنىنى تولدۇرۇۋالالمايۋاتى-
مەن، ئۆلكە دائىرىلىرى يەركەندە يەنە بىرنەچچە يىل ئامباللىق
قىلىشىمغا ئىلتىپات قىلسا، دەپ خەت يازغانلىقىنىمۇ ئۇققان ئىدىم.
ليۇ چاڭبىڭ ئەسلىدە ئالتاي شىنجاڭغا تەۋە بولۇشتىن ئىلگىرىكى
ئەمەلدار بولۇپ، ئالتايدا چۆنتىكىنى راسا توشقۇزغان ئىدى، يەركەن
نەپ تېگىدىغان جاي بولغاچقا، بىر نۆۋەت ئامبال بولۇپمۇ قانائەتلەن-
مىگەن ئىدى. مەسىلەن يەنە، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى
ما شاۋۇ ئادەتتىكى ئېكىسپىلاتاتسىيىدىن باشقا، دىنىي مۆتىۋەرلىك
سالاھىيىتى بىلەن ھە دەپ بايلىق يىغقان، ئۇ 1916-يىلى ۋەزىپە
ئۆتەش ۋاقتى توشۇپ ئۆلكە مەركىزىگە قايتقاندا، 30 نەچچە
ھارۋىدا ئالتۇن-كۈمۈش، نەرسە-كېرەك ئېپكەلگەن. نۇرغۇن
ئەمەلدارلار بىر-ئىككى قېتىم ئامبال، ۋالى بولۇۋالغاندىن كېيىن،

”ئەمەلدارلار سورۇنى“دىن چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەدىن تاپقان تاپاۋىتى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تولۇق يېتىپ، بالىلىرىغىمۇ مىراس قالاتتى، جەمئىيەتتە ئۇنداق كىشىلەر تېخى بۇرۇنقى ئەمىلى بويىچە ئاتىلاتتى، تۆرىلەرچە گېپىدىپ يۈرۈشەتتى.
ئۇ چاغلاردا ئۆلكە مەركىزىدىكى ئەمەلدارلارنى باشقا جايلارغا ئەۋەتىش ئۇرۇمچىدىكى ھەرەمخانىدا ”تەگشەش“ دېيىلەتتى، ئەمەلدارلار نەپ ئالساق، تۇرمۇشىمىزنى ”تەگشىسەك“ دەپ، باشقا جايغا بېرىشنى كۈتۈشەتتى. شۇنداق قىلىپ، باشقا يەرگە نەپ ئېلىشقا ماڭغان ئەمەلدار ئالدى بىلەن خەلقىنىڭ قان-تەرىنى قانداق شوراش مەسىلىسىدە چوت سوقاتتى. بەزى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆستەڭ چاپتۇرۇش، مەكتەپ ئېچىش، جايلاردىكى ماجرالارنى ھەل قىلىش، يا بولمىسا مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ، جايلار تەزكىرىسى تۈزدۈرۈش ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە ئانچە-مۇنچە تارىخىي ماتىرىيال قالدۇرۇش دېگەن نام بىلەن، ئۆزىنى بىزەپ كۆرسىتىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ قوياتتى. بىرمۇنچىلىرى بولسا مەھكىمىنى ئۆزىنىڭ ئۆيى قىلىۋالاتتى، ھەشەمەتچىلىك قىلاتتى، راھەت-پاراغەتتە ئۆتەتتى، كۆن بويى قوسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، نەپ، پايدا كويىدا يۈرەتتى. ياڭ زېڭشىن گويا چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆمگەندەك، ماڭا ”ئەمەلدارلار“نىڭ بۇزۇلغانلىقى ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، ئەمما يەرلىك ئەمەلدارلار چاتاق چىقارماي، ياڭ زېڭشىن چەكلىگەن دائىرىدە نەپ ئالسىلا، كۆپ دېگەندىمۇ، بىۋاستە ئالاقىدار كىشىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى قىسقارتىپ قوياتتى ياكى ”ئىپلاس! ئىپلاس!“دەپ تىللاپلا قوياتتى، خالاس.
ياڭ زېڭشىن بارا-بارا بىر يۈرۈش چارە ئويلاپ تاپتى.

ياڭ زىڭشىنىڭ كونا ئىلىم جەھەتتىكى ئاساسى چىڭ ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئادەم باشقۇرۇشتا ئۇستا ئىدى. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن "ئەمەلدارلىققا لايىق ئادەم بولۇش" ئۆلچىمىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇرۇمچىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدا "تەڭرى ئىبادەتخانىسى" سالدۇردى، ئىبادەتخانىنىڭ تۆرىدە بىر ياغاچ تەزىيە تاختىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ياڭ زىڭشىن ئۆز قولى بىلەن تەڭرى دېگەن خەتنى يازغان، كۈڭزى تەڭرىگە تەقلىت قىلىنغان ئىدى. يېڭى ئەمەلدارلار رەسمىي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى، تەڭرى ئىبادەتخانىسىغا كېلىپ باش ئۇرۇپ، ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقى، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم بېرەتتى، ياڭ زىڭشىن: ئادەمنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ، ۋاھالەنكى ئەمەلدارلارنىڭ دىلىدىن دىن، ئەۋلىيا دېگەنلەر بۇرۇنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، ئەمەلدارلار ئىش قىلىش، ئادەم بولۇشتا "ئۆز نېسىۋىسى"دىن چىقمىسۇن ئۈچۈن، ئەمەلدىكىتە ئۇلارنىڭ "ۋىجدانى"نى تەڭرى نامى بىلەنلا قوزغاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جازا قانۇنىنىڭ يېتەرسىزلىكى تولدۇرۇلىدۇ، دېگەن.

يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئامباللارنىڭ رەتلىك كىيىنىپ، تەڭرى تاختىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ قەسەم بەرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. كونا ئۇسلۇپتا يېزىلغان قەسەمنامە ۋە قەسەم بەرگۈچىلەرنىڭ تەقى-تۇرقى ئەتراپتىكىلەرنى ئۇزاق ئۆتمۈشكە باشلاپ كېتەتتى. مەن تەڭرى ئىبادەتخانىسى ھېچقانداق ئىجابىي رول ئوينىمىغان دېيەلمەيمەن، ئەمما بۇ يەردە ئويۇن كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يەنىلا "بۇلۇڭ-پۇچقاقتا سۈيىقەست ئىشلىتىش" شۇملۇقلىرىنى قىلاتتى. مەسىلەن، شۇ يىللىرى

شىنجاڭدا ياك ئەمەلدار دەپ نام چىقارغان ئاقسۇ ۋالىسى شۇ چيەن
(شۇ يىشەن)، لوپ ئامبىلى گوۋي فېن پۇقرانى ئارتۇقچە قاقتى-
سوقتى قىلماسلىق، ئاتالمىش ئومۇمنىڭ پۇلىغا تەگمەسلىك بىلەنلا
چەكلىنەتتى، خالاس. تەڭرى ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان ياڭ
زېڭشىننىڭ ئۆزىمۇ "تەڭرى" ئالدىدا يۈزى قىزارماي تۇرالمايتتى.
مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ سوغا-سالام ئالمايتتى، پارا يېمەيتتى، ئىقتى-
ساتچىل ئىدى، سۆلەتۋازلىق قىلمايتتى، ياخشى كىيىش، ياخشى
يېيىشكە بېرىلمەيتتى، ئەمما ئۇمۇ بېيىش يولىنى بىلەتتى. شۇ
چاغلاردا شىنجاڭدا پۇل بىرلىككە كەلمىگەن، قەغەز پۇل بىرلىگى
سەر دېيىلەتتى، قەشقەردە تارقىتىلغان قەشقەر پۇلىنىڭ بىر سەرى
ئۈرۈمچىدە تارقىتىلغان ئۆلكە پۇلىنىڭ 3 سەرىگە تەڭ كېلەتتى، خېلى
بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر
پۇلىنى ئوخشاش ھېساپلىغان، بۇنىڭدىن ھەر يىلى ئېشىپ قالىدىغان
ناھايىتى جىق پۇل ياڭ زېڭشىننىڭ شەخسى دارامىتى ھېساۋىدا
چۆنتىكىگە كىرەتتى. ياڭ زېڭشىن ماڭا بىرنەچچە قېتىم ئىچكىرىگە
پۇل پېرېۋوت قىلىشنى تاپشۇرغان، ھەر قېتىمدا 10 مىڭ يۈەندىن
كۆپ پۇل پېرېۋوت قىلىناتتى. ئۇنىڭ دالىيەندىكى خېيشىپياۋدا،
تيەنجىندىكى ئىجارە زىمىندا ئۆي-ئىمارىتى بار ئىدى. خۇددى
تەڭرى ئىبادەتخانىسى ئارقىلىق قول ئاستىدىكىلەرنى تىزگىنلىگەن،
ئۇلارنىڭ چەكلىك دائىرىدە خىيانەت قىلىشىغىمۇ سۈكۈت قىلغان-
دەك، بەلكىم ئۇ بۇنى چەكلىك بولغان كونا قائىدە-يوسۇن دائىرى-
سىدە قولغا كەلتۈردۈم دەر. ئۇنىڭ ئىچكىرىگە پۇل پېرېۋوت قىلىشنى
ئېيتساق، ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە پېرېۋوت قىلىنغان
پۇلنى ئېلىش تولاراق خۇسۇسىلارنىڭ دۇكانلىرى ياكى خۇەن

بيۇروكىرات كاپىتالى باشقۇرغان دۇفېڭخۇ بانكىسى ئارقىلىق بولاتتى، پىرىۋوت ھەققى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا پۇل پىرىۋوت قىلىپ بەرگەنلەر ئاردىن پايدا ئالاتتى، ئۇ بۇنى بىلسىمۇ سۇرۇشتۇرمەيتتى. كېيىن مېنىڭ زىغزىق چىقارمايدىغانلىقىمنى بىلىپ، پۇل پىرىۋوت قىلىشنى ماڭا تاپشۇردى، ئۇ بەزىدە: "ئەزىمەت ساددىلىقىدىن گوللىنىپ قالىدۇ، ئادالەتسىزلىككە باش ئەگمەيدۇ" دەيتتى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى پىرىنسىپى بولسا كېرەك. بۇنى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ چۈشىنەتتى، شۇڭا، ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكەپ كېلىنگەن ئەمەلدارلار جايلاردا ھەرقانچە ھەشەمەتچىلىك قىلىپ كېتىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە ئاددى كىيىنىپ، ئومۇم ئۇچۇن ئىقتىساتچىللىق قىلغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى، ياش زىيالىلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ قانداقلىقىنى سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايتتى.

## شىنجاڭنىڭ 20-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

1921-يىلى يەنە چۆچەككە باردىم، بۇ چاغدا باچىچ ئەمدىلا شەرققە قاچقان بولۇپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ كۆڭلى تېخى ئەمىن تاپمىغان ئىدى، دۆربىلجىندىن تۇرلۇك گەپ-سۆزلەر كېلىپ تۇراتتى، قوبۇقساردىن ئالتايغىچە بولغان يولدا قانداق قالايمىقانچىلىقنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

بۇ قېتىم مەن چۆچەككە ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىنىنىڭ بۇيرۇقىغا

بىنائەن، چېگرا بېجىنىڭ يىغىلىش-تاپشۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە بارغان ئىدىم.

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمدەك، روسىيە ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى، چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە تەۋەلىگىدىكى سودىگەرلەر شىنجاڭدا ئېكسپورت-ئىمپورت سودىسىدا باج تاپشۇرمايتتى. روسىيە ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى چار روسىيە دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن ئىمزالانغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى؛ 1920-يىلى، تاشكەنت سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىگە ئىككى دۆلەتنىڭ سودا مۇناسىۋىتىنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە باشقا تەلەپلىرىنى قويىدى. ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن سوۋېت روسىيە ھۆكۈمىتىنى ئېلىمىزنىڭ بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تېخى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىدى، ئىككى دۆلەتنىڭ كەم-كۈتىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق، قىسمەن سودا كېلىشىمى ئىمزالاشقىلا بولىدۇ دەپ ھېساپلىدى. نەتىجىدە، ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، شۇ يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى ئىلى ۋالىسى شۇ گوجېن بىلەن سوۋېت روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىچىسى لىمالوۋ، سودا خادىمى لېۋېتاس 3 تارماق، 10 ماددىلىق «ئىلى جۇڭگو-روسىيە ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىمىنىڭ سودا ئىشلىرىغا دائىر بىرىنچى تارمىقىدا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالمۇتىدا سودا ۋە ئالاقە ئورگىنى قۇرىدىغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا سودا ۋە ئالاقە ئورگىنى قۇرىدىغانلىقى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ۋە ئالاقە ئورگىنى ياكى ئادەتتىكى خەلق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا مال ئېپكەلسە، ياكى ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مال يۆتكىسە، شىنجاڭنىڭ باج نىزامنامىسىگە

ئاساسەن جۇڭگونىڭ چېگرا باجخانىسىدا باج تۆلىشى لازىملىقى شۇنىڭدەك ئىكانىكا ئىككى دۆلەت سودا ئالاقىسىدە جەزمەن ئۆتىدىغان يول بولىدىغانلىقى؛ ئىككى دۆلەت خەلقى ئارىسىدا سودا ئىشلىرى تۆپەيلىدىن جىدەل بولۇپ قالسا، شۇنداقلا جىنايى ئىشلار، ئەرز-شىكايەت ئىشلىرى بولۇپ قالسا، ۋەقە بولغان دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى؛ ئىككى دۆلەت خەلقى مەلۇم ئىشى چىقىپ قېلىپ چېگرىدىن ئۆتمەكچى بولسا، ئىككى تەرەپ تارقاتقان پاسپورتى بولۇشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن.

شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 1920-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىلىدا، كېيىن چۆچەكتىمۇ چېگرا باجخانىسى تەسىس قىلىپ، سوۋېت سودىگەرلىرىدىن كىرىش-چىقىش بېجى ئالىدىغان بولدى① ھەمدە جاۋ گولياڭنى ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق سودا ھەيئىتى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان روسىيىلىك سودىگەرلەرمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە باج تۆلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شىنجاڭ دائىرىلىرىگە ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شىنجاڭ دائىرىلىرى 1920-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئۇلاردىن باج ئالدى.

شۇ چاغلاردا شىنجاڭ دائىرىلىرى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ باج جەھەتتىكى بىرنەچچە ئون يىللىق زىيىنىنى مۆلچەرلىگەن، بۇ — تارىخنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەمتىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا ئاسانلىقچە چۈشمەيدىغان ماتېرىيال. تۆۋەندە ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈرمەكچىمەن: ”گۇاڭشۈنىڭ

---

① شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ چېگرا باجخانىلىرى، ئومۇمەن، كىرگەنلەردىن 7.5%، چىقىدىغانلاردىن 5% باج ئالاتتى.

7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى)دىن مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى)غىچە چېگرا چازىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، روسىيىدىن ھەر يىلى 30 ـ 40 مىلىيون سەر قىممىتىدە مال كىرگەن، ھەر يىلى 30 مىلىيون سەر قىممىتىدە مال كىردى دەپ كەم ھىساپلاپ، نىزام بويىچە 5% باج تۆلىگەندىمۇ، يىلىغا بىر مىلىيون 500 مىڭ سەر باج تۆلىشى لازىم ئىدى، توختام بولمىغاچقا، 30 يىل ئىچىدە 40 ـ 50 مىلىيون سەر باج زىيان بولغان، ۋاھالەنكى ئەنگلىيە سودىگەرلىرىدىن ئېلىنمىغان باج تېخى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى."①

چېگرا باجخانىسى تەسىس قىلىش ئىشى باشلانغاندىن كېيىن، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، رۇسچە تىل ـ يېزىقىنى بىلىدىغان كادىرلارغا ئېھتىياج چۈشتى. روسىيە ـ جۇڭگو داۋشىڭ بانكىسىنىڭ تەرجىمانى پەن زۇخۇەن دىگەن ئاغىنەم مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويمايلا، مېنىڭ بۇ 3 خىل تىل ـ يېزىقتىن مەلۇم ئاساسىم بارلىقىنى دادىسى — مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پەن جېنغا دەپتۇ. بىر كۈنى پەن تىڭجاڭ مېنى چاقىرتتى، ماڭا: چېگرا باج ئىدارىسىگە بېرىپ ياردەملەشسىڭىز، دىدى. ئۇ، جۇڭگونىڭ چېگرا بېجى ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش، ئەمما خەقىنىڭ كۈلكىسىگە قالماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئوبدان قىلىش لازىم، دىدى. ئۇ يەنە: مالىيە نازارىتى سىزنى چېگرا بېجى مۇپەتتىشى قىلىپ ئەۋەتمەكچى،

① بۇ — شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا چېگرا باجخانىسى تەسىس قىلىنغاندا يېزىلغان ئالاقىدىكى خاتىرە. مەن بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرگەن خاتىرە ئەسلى تېكىست ئەمەس، قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ قويغان بولسامۇ، ئاساسى مەنىسىلا بېرىلگەن، ئەسلى خاتىرىدىكى سۆزلەرگە ئوخشىماسلىقىمۇ مۇمكىن.

دۇكان خىزمەتچىلىگىنىزگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ھۆكۈمەتنىڭ چېگرا بېجى ئېلىش ئىشىنى ئوبدان يولغا قويۇشىغا ياردەملەشسىڭىز، دىدى.

قايتىپ كېلىپ، تيەنشىنىڭ فىرمىسىنىڭ مۇدىرىغا مەسلىھەت سالدىم، مۇدىرنىڭ قاپىغى تۇرۇلۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ رەت قىلىشى ئەپسىز ئىدى، شۇنداق قىلىپ مەن دۇكان خىزمەتچىسى قوشۇمچە ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ قالدىم. بۇ ھاياتىمدىكى بىر بۇرۇلۇش بولدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شىنجاڭ بىلەن روسىيىنىڭ چېگرا سودىسى ئازايغان، روسىيە ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە بولسا بىر مەھەل توختاپ قالاي دىگەن ئىدى. روسىيە كونا-يېڭى ھاكىمىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرى ئارىسىدا ”ئۇقۇشۇلماسلىق“ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئاۋارىچىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن يەنە سودىگەرلەرنىڭ چېگرىدىن مال ئېلىپ چىقىشى ۋە كىرىشىنى مەنئى قىلغان①.

جۇڭگو-روسىيە سودا ئالاقىسىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى يەرلىك

---

① ياڭ زېڭشىن مەيلى كونا ھاكىمىيەت بىلەن بولسۇن، ياكى يېڭى ھاكىمىيەت بىلەن بولسۇن، بىرى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغاندا يەنە بىرىدە نەپرەت تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، ئاقلارنىڭ قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشتا شىنجاڭدىن ماددى ئەشيا ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلىشى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ قېلىشىدىن تېخىمۇ ئەندىشە قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، چېگرا بويلىرى تېچ ئەمەس ئىدى، سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلاش ياكى تۇتۇپ قېلىش ۋەقەلىرى بولۇپ تۇراتتى، سودىگەرلەر ئۆلكە دائىرىلىرىدىن روسىيە تەرەپ بىلەن سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلغان

قول ھۈنەرۋەنچىلىككە دەرۋەقە تەسىر كۆرسەتتى، تۆمۈر ئەسۋاپلار، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، سەرەڭگە، سوپۇن، قەغەز قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى جۇڭگو تەرەپ ئۆزى تېپىشى كېرەك بولۇپ قالدى؛ ئەينى ۋاقىتتا، چەتئەل مىلى كىرمەيدىغان بولغانلىقى ياكى ئىنتايىن ئاز كىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ نۇرغۇنلىغان كۈمۈشلىرىمۇ سىرتقا ئاقمايدىغان بولدى. ئەمما، شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن روسىيىگە چىقىرىلاتتى، روسىيە بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرىنىڭ كاسات بولۇشى تەبىئىي ئىش ئىدى، شۇڭا، شىنجاڭ دېھقانلىرى بىر مەزگىل كېۋەزنى ئاز تېرىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا سودا ئالاقىسى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سودا مىقدارى بارا-بارا ئېشىپ باردى. 1921-يىلى 5-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلجىدىن باشقا، ئۈرۈمچى، قەشقەر، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق 4 جايىنىمۇ ئېچىپ بېرىش، چار روسىيە ۋاقتىدا شىنجاڭدا قۇرۇلغان 5 كونسۇلخانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ شىنجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتتى. شىنجاڭ ئالمۇتىدىن باشقا، تاشكەنت، ئەنجان، شەمەي، زايسانلاردا كونسۇلخانا ئېچىشنى شەرت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى بەزىدە داۋاملىشىپ، بەزىدە توختاپ تۇردى، ئاخىر

---

ئىدى، گايىدا سۆزلىشىدىغان ئادەمنىمۇ تاپقىلى بولماي قالاتتى، شۇ سەۋەپتىن، ياڭ زېڭشىن روسىيە بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى توختىتىش تۈگرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى.

1924 ـ يىلى يۇقۇرقى جايلاردا ئىككى تەرەپنىڭ كونسۇلخانىلىرىنى تەسىس قىلىش مەسىلىسى ھەل بولدى.

دەسلەپتە، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 5 شەھىرىدە تەسىس قىلغان كونسۇلخانىلىرىدا ئاساسەن خۇيزۇلار، شۋەلەر ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ يېقىنلىرى كونسۇل بولدى①، بۇ كونسۇللارنىڭ ئىسىملىكىنى ئومۇمەن شىنجاڭ دائىرىلىرى كۆرسەتتى، شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى. شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى كۈنسايىن راۋاجلاندى، 1925 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالە ھەتتا ئىچكىرىدىن ئېقىپ چىققان خەنزۇ، خۇيزۇ ئەمگەكچىلەرمۇ ھەر يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى شەھەر ـ بازارلارغا ئىشلەمچى بولۇپ تۈركۈملەپ چىقىپ، شۇ جايلارنىڭ ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇردى، شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەمگەك كۈچى كەم بولۇپ، بۇ جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار ئۇ يەرلەردە جىسمانى ئەمگەك قىلاتتى، كۈنلۈكىگە بىر سەر كۈمۈش نەرقىدە ئىش ھەققى ئالاتتى، شىنجاڭدا بولسا كۈنلۈك ئىش ھەققى ئاران 3 مىسقال كۈمۈش ئىدى، شۇڭا، يىلىغا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا نەچچە ئون

---

① شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتكەن تۇنجى سودا خادىمى، سابىق غۇلجا ئامبىلى، بېيجىڭ رۇس تىلى تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن خۇيزۇ جاۋ گولياڭ ئىدى. شەمەيدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىنىڭ تۇنجى باش كونسۇلى لىيۇ چاڭبىڭ بولسا ياڭ زېڭشىننىڭ قۇدىسى ئىدي.

مىڭ جۇڭگولۇق چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق بولغاچقا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى جۇڭگو كونسۇللىرى گەرچە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا تىلغا ئالغۇدەك پايدىلىق ئىش قىلىپ بەرمىگەن بولسىمۇ، بىكار قالمايدىغان بولدى.

ياڭ زېڭشىن يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سوۋېت روسىيىسىگە باشتىلا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، مېنىڭدە ھازىرمۇ «روسىيە ئەمگەكچىلەر ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇۋەققەت مىنىستىرىنىڭ تېلېگراممىسى» بار، بۇ 1919-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى كاناكان نامىدا جۇڭگوغا ئېلان قىلىنغان 1-خىتاپنامە ئىدى، ياڭ زېڭشىن 1921-يىلى بۇنىڭ تەرجىمىسىنى 2-ھەرپ بىلەن باستۇرۇپ كىتابچە قىلدۇرۇپ، ئۆلكىلىك كېڭەشكە ۋە ھەرقايسى ئورگانلارغا تارقىتىپ بەرگەن ھەمدە بۇنى سوۋېت روسىيىسى بىلەن بولىدىغان ئالاقىدە ئاساس قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنغان. بۇ تەرجىمىدە ”ئەمگەكچىلەر ھۆكۈمىتى“ دېگەن سۆز ”كەڭ مەنىلىك ھۆكۈمەت“ دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ياڭ زېڭشىن تېخى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن لى جۇڭلىننى موسكۋاغا ئەۋەتكەن. لى جۇڭلىن شۇ چاغلاردا لېنىننى كۆرگەنلىكى بىلەن ھەمىشە پەخىرلىنەتتى.

ياڭ زېڭشىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىزچىل دىپلوماتىك ئالاقە قىلىپ تۇردى، 1927-يىلى شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىخانىسىنى تەقىپ قىلغاندىمۇ، بۇ ئالاقىگە تەسىر يەتمىدى. ياڭ زېڭشىن بولشېۋىكلارنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا سىياسىي تەشۋىقات قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ياكى باشقا ئالاقىدار خەۋەرلەرنى تاپشۇرۇۋالغىنىدا، ئالاقىدار ئورگانلارغا ۋە

خادىملارغا، ھەممىدىن مۇھىمى سىياسى ئادىل بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمىغاندا، پۇقرالار بۇنداق تەشۋىقاتسىزمۇ ئىسيان كۆتىرىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ سىياسى تەسىرنى يۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇ شىنجاڭنىڭ چېگرىدىكى بىرنەچچە چوڭ شەھىرىگە پايلاقچى قويغان ئىدى، بۇ پايلاقچىلار ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولماستىن، شۇ جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان باي سودىگەرلەر ئىدى. بولشېۋىكلار باي سودىگەرلەر ئۈستىدىن ئىنقىلاپ قىلىدىغان بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن باي سودىگەرلەرنى ئىشەنچلىك دەپ، ئىشتا ئاكتىپراق كېلىدۇ، دەپ ھېساپلىغان بولسا كېرەك. 1925-يىل ئەتىيازدا، مەن ئىش بىلەن ئىلىغا بارغىنىمدا، ئىلىدىكى ئەڭ چوڭ باي سودىگەر ياقۇپ باباشوۋ مېنى مېھمان قىلدى. داستىخان ئۈستىدە ياقۇپ باباشوۋ ماڭا ياڭ جياڭجۈن بىلەن ئالاقەم بەك قويۇق، دائىم خەت يېزىشىپ تۇرىمىز، دېدى. ئۇنىڭ يەنە كۆز-كۆز قىلغۇسى كەلدى بولغاي، ياڭ زېڭشىن شۇنىڭدىن سەل بۇرۇن يازغان خەتنى ماڭا كۆرسەتتى. خەتنى كۆرۈپ بەك ھەيران قالدىم. خەت: دوكلادىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئوبدان بوپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى پات-پات يېزىپ تۇرۇڭ، دېگەن مەنىدە ئىدى. ئەسلىدە ياقۇپ باباشوۋ ئىلى ئاھالىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان ئىكەن. مەن ئىلىدىن كېتىش ئالدىدا، ياقۇپ باباشوۋ ياڭ جياڭجۈننىڭ پايلاقچىسى ئىكەن، بۇ ئادەمدىن پەخەس بولۇڭلار، دەپ غۇلجىدىكى مائارىپ ساھەسىدىكى ياش دوستلىرىمغا ئېيتىپ قويدۇم.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ كۆنلەرنىڭ

بىرىدە پارتلايدىغانلىغىنى پەملىگەن ئىدى، ئۇ ماڭا ۋە باشقىلارغا ئۆز ئاغزى بىلەن: مەن ئۆلگەندىن كېيىن ياكى شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدا چاتاق چىقىدۇ، دىگەن ئىدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسى ۋە غەرىزىنى بىلمەي، جايلاردا دەۋران سۈرۈشنىلا بىلىشىدىن ئاغرىناتتى، بۇنداق ئەھۋالنى چوغ كۆمگەنلىك دەيتتى، ئۇ، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ئەمەلدار ئەۋەتىشكە ئەزەلدىن قارشىمەن، چۈنكى بۇ ئەمەلدارلار شىنجاڭنىڭ بايلىغىنى تۈگەل قۇرۇتۇش كويىدىلا يۈرىدۇ، دىگەن ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ دۇنياغا قانچىلىك زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىغىنى ياڭ زېڭشىن بىلەتتى. لېنىننىڭ ۋاپات بولغانلىغى ھەققىدىكى خەۋەر ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ئۇ يېنىدىكى ئەمەلدارلار (مەنمۇ بار ئىدىم)نىڭ ئالدىدىلا راسا بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ: "لېنىن بۈيۈك ئادەم ئىدى! ئۇ قۇرغان دۆلەت دۇنيا تارىخىنى ئۆزگەرتىۋەتتى" دىگەن ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايوننىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى تەسىرگە ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، شۇڭا قول ئاستىدىكىلەرگە دائىم ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇراتتى: تۆپ چارە شۇكى، جايلاردىكى ئەمەلدارلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى "يولدىن چىقمايدىغان قىلىپ، تىرىكچىلىك قىلدۇرۇشى، ئۇلاردا ئەمەلدارلارغا ئۇچمەنلىك كەيپىياتى تۇغدۇرۇپ قويماسلىغى، گاڭگىرىسىمۇ قارغۇلارچە ئەگىشىدىغان قىلىپ قويماسلىغى" كېرەك؛ ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "يەرلىك ئەمەلدارلار ياخشى بولمىسا، پۇقرالار ئىسيان كۆتىرىپ، ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرىدۇ"، بۇنىڭغا چەتئەللىكلەرنىڭ قول

تىققشىنىڭ ھاجىتى يوق.① شۇ چاغلاردا تاشكەنتتە ئۇيغۇرچە «ئازات» گېزىتى چىقاتتى، بۇ گېزىتنى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى چىقارغان ئىكەن، بۇ گېزىتتە شىنجاڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ خىيانەتچىلىكلىرى ۋە يەرلىك ئاھالىنى بوزەك قىلغانلىقىغا دائىر خەۋەرلەر دائىم بېسىلىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ياڭ زېڭشىن مۇھىم ئىشلار خادىمىگە خەۋەر-نىڭ تەرجىمىسىنى بىرنەچچە ۋالى ۋە ئامبالغا تارقىتىشنى بۇيرۇدى، بۇنىڭدىن مەقسىدى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قاملاشمىغان ئىشلىرىنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئىدى. ئەمما بۇ ئۇسۇل ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمەيتتى.

مۇنداق بىر ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدە: بىر يىلى گۇ فېن يەركەندىكى ئامباللىق ۋەزىپىسىنىڭ مۇددىتى توشۇپ ئۈلكە مەركىزىگە قايتتى، ئۇ شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى پاكىراق ئەمەلدار ئىدى، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ سىلەن كۆرۈشكەن سورۇندا مەنمۇ بار ئىدىم. ئۇ گۇي فېندىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ مال-مۈلۈكنى شۇلۇۋېلىشتەك يامانلىقلىرىنى سورىغاندىن كېيىن، يېنىپ-يېنىپ: "ئېپلاس! ئېپلاس!" دىدى. ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ: "سىزچە پۇقرالار بۇ خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى پۈتۈنلەي قىرىۋەتسە قانداق؟" دەپ سورىدى. مەن ئۇ چاغدا بۇ ياڭ زېڭشىننىڭ مەندىن گەپ ئالماقچى بولۇۋاتقىنى دەپ ئويلاپ، "ئۇنداقتا جەمىيەت قالايمىقان-لىشىپ كەتمەسمۇ؟" دەپلا جاۋاپ بەرگەن ئىدىم. ياڭ زېڭشىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

---

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 10 ـ جىلت، 7 ـ كىتاپ، 40 ـــ 41 ـ بەتلەر.

ياڭ زېڭشىن خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، بىراق خەلق بىلەن ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى چاتاق چىقمايدىغان دەرىجىدە يۇمشىتىشنىلا ئۈمىت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئاتالمىش "سىياسىي قۇتراتقۇلۇق"تىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا يەرلىك ئەمەلدارلارغا بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت باشلىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى پايلاقچىلىرى ئارقىلىق ئۇقۇپ تۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن پاسسىپ مۇداپىئەدە بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىيە، سودا قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچىنىڭ بېرىچە دوستلۇق، مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلايتتى، جاھانگىرلىكتىن پايدىلىنىش غەرىزى يوق ئىدى، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىدىن پەخەس بولۇش كەيپىياتىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، جاھانگىرلىكنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە چەكلەيتتى.

1925-يىلى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بېستروۋنى رەسمىي ئەۋەتتى، بېستروۋ ئىشچى بولغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان رۇس ئىدى. ئادەت بويىچە، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىشلارنى ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى ئارقىلىق بىر ياقلىق قىلىش كېرەك ئىدى. ئەمما، ياڭ زېڭشىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. مەن بىرنەچچە قېتىم ئۇلارغا تەرجىمان بولغان ئىدىم. ياڭ زېڭشىن بەزىدە سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلىغا كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماستىن دەيتتى، ئۇلار سۆزلەشكەندە كەيپىيات ئىزچىل ياخشى ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ

ئارىسىدا مەخپىي كېلىشىم ۋە ئاغزاكى پۈتۈم يوق ئىدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كۈنسايىن قويۇقلىشىپ بارىدىغانلىقىنى پەملەپ، 1923 - يىلى رۇسچە قانۇن - سىياسى كەسپىي مەكتىۋىنى قۇرۇپ، ئادەم يېتىشتۈردى.

ياڭ زېڭشىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆلۈكى سىبىرىيە ئارقىلىق شەرققە ئېلىپ مېڭىلىدىغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى مەخسۇس ماشىنا بەردى ۋە ھەربىي ساقچى ئەۋەتىپ قوغدىدى، بۇ ھال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياڭ زېڭشىنغا قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغاندەك تۇرىدۇ.

## ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نەيرەڭلىرى

مەن سىياسى ساھەگە كىرىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن تىيەنشىڭ فىرمىسىدىن تامامەن چىقىپ كەتتىم. 1922 - يىلى ياڭ زېڭشىن 2 مىڭ ئېتى بار ئات فىرمىسىنى ماڭا تاپشۇرۇپ، مېنى بۇ فىرمىنى باشقۇرىدىغان ھەيئەتلىككە تەيىنلىدى. 1925 - يىلى ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىنلىدى، يەنە شۇ ۋاقىتتا تاشيول ياساشقا نازارەتچى ھەمدە قوشۇمچە شوپۇرلار مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى بولدۇم. ئۇ چەتئەللىكلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىمۇ دائىم مېنى تەرجىمانلىققا سالاتتى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلەن بارغانسېرى كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇم.

ياڭ زېڭشىن ئىچىدە ھىيلىسى تولا، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، ئەمما كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى،

چىقىشقاق ئىدى. گەپچى ئىدى، قىزىق گەپلەرنى قىلاتتى، قىلغان سۆزلىرى كىشىنى جەلپ قىلاتتى. بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن تۇرمۇشى ۋە شەيئىلەرگە بولغان قارىشى توغرىسىدا پاراڭ سالاتتى، خوشى كەلگەن ياكى ھاياجانلىنىپ كەتكەن چاغلاردا ئۆزىنىڭ ھەقىقى كىشىلىك تۇرمۇشقارىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق نەيرىڭىنىمۇ تاسادىپەنلا ئاشكارىلاپ قوياتتى. تۆۋەندە، ئۇنىڭ ئۆزەم بىلىدىغان ئەھۋاللىرىنى ئېيتىپ ئۆتىمەن.

جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخى ھەققىدىكى يۈزە بىلىمىم بويىچە ئېيتسام، شىمال مىلىتارىستلىرى دەۋرىدىكى مىلىتارىست بولغان ياڭ زېڭشىندا ئومۇمى مىلىتارىستلارغا خاس ئورتاقلىق بولغانىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار ئىدى.

## ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشى

ياڭ زېڭشىننىڭ تەخەللۇسى دىڭچېن، يۈننەننىڭ مېڭزى دېگەن يېرىدىن، بيۇروكرات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، گۇاڭشۈنىڭ جىچۇ يىلى (1889 ـ يىلى) كېجۈلەر ئىمتىھانىدا جىنشىلىققا ئۆتۈپ، شۇ يىلى ئەمەلدارلار سېپىگە قېتىلغان، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسى جۇڭۋېي ناھىيىسىگە ئامبال، خېجۇ ۋىلايىتىگە ۋالى، گەنسۇ ھەربى مەكتىۋىدە مۇدىر بولغان. ئۇ بۇ مەزگىلدىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، جايلارنى ئەمىن قىلاي دېسەڭ، قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشقىلا تايانماي، ھەممىدىن مۇھىمى يەرلىك خەلقنى يەرلىكلەر ئارقىلىق نوختىلىشىڭ كېرەك، دېگەن. ئەمما، ئۆمرىنىڭ

ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، كىشلەرنىڭ ئۇنى ھەربى ئىشلارنى ئۇقمايدۇ، ھەربى ئادەم ئەمەس دېگەن باھاسىنى ئاڭلىغاندا، 20 نەچچە ياش ۋاقتىمدىلا ئەسكەر باشلىغانمەن، ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش-كىمۇ ماھىر ئىدىم، ھېچقاچان سەۋەنلىك ئۆتۈلمىگەن، دەپ پەخىر-لىنەتتى. كېيىنىڭ ئاخىرىدا "ئەمدى قېرىپ قالدۇق، ماغدۇر يوق!" دەپ قويىسمۇ، "ھەربى ئىشلار"دا ھازىرقى زاماندىكى "ئەزىمەت-لەر"دىن قېلىشمايدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن①. دېمىسىمۇ، ياڭ زېڭشىننى ھەربى ئىشلارنى ئۇقمايدۇ دېيىش خاتا ئىدى، ئەمما ئۇ سىياسى ساھەگە كىرگەن دەسلەپكى چاغلاردا لۇگيۇدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا "ئادەم ئىدارە قىلىش" جەھەتتە 20 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئېرىشكەن تەجرىبىلەر ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭدا ھۆكۈم-رانلىق قىلىش جەھەتتە بەرگەن ئۈنۈمىدىن ئېيتقاندا، ياشلىق دەۋرىدە ھەربىلىك تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈش جەريانىدا توپلىغان تەج-رىبىلىرىدىن يۈز ھەسسىلەپ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شىنجاڭنى "جاھاندىن خالى جەننەت" قىلالىشىغا "كىتاپ ئوقۇپ تەربىيىلىن-شى"نىڭ ياخشى بولغانلىغى ۋە شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ قولايلىق بولغانلىغىدىن باشقا، دەسلەپكى چاغلاردا جۇڭگۇيي، خېجۇلاردا چىنىققانلىغىنىڭ زور پايدىسى تەككەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى.

ئۇ شىنجاڭنىڭ پەرمەتدارى لىيەن كۇينىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن،

---

① ياڭ زېڭشىن گەنسۇدا چېغىدا نىڭشيا جياڭجۇنى جۇڭ تەينىڭ تاپشۇ-رۇغى بىلەن گازارما باشقارمىسىنى باشقۇرغان قوشۇمچە ئەمەلدار بولغان، ئەسكەرلەرگە تەربىيىچى بولۇپ، خېلى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

1907 ـ يىلى كاندىدات دوتەيلىكتىن شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىۋىنىڭ مۇدىرلىقىغا كەلگەن. 1908 ـ يىلى لىيەن كۈي ئۇنى قابىلىيىتى ئۈستۈن دەپ تونۇشتۇرۇپ بېيجىڭغا ئەۋەتكەن. ياڭ زېڭشىن بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، گۇاڭشۈ خان بىلەن خانىشى ئۇنى قوبۇل قىلغان، ئەمما ياڭ زېڭشىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە ئاقسۇنىڭ ۋالىسى بولغان. شىنخەي ئىنقىلابى ۋاقتىدا، ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىنى تېچلاندۇرغۇچى بەگ قوشۇمچە قانۇن تەپتىشى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بولۇپ، سىياسى ساھەدىكىلەر ئىچىدە خېلىلا ئابرويلۇق بولۇپ قالغان.

1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىلىدا قوزغىلاڭ بولۇپ، مۇستەقىللىق جاكالانغان. ياڭ زېڭشىن ئىچكى ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا يول ئېچىش ئۈچۈن، ئۆلكە زېمىنىنى قوغداش، ئىلى كۈچلىرىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى توساش بانىسى بىلەن، پەرمەندار يۈەن داخۇادىن رۇخسەت ئېلىپ، ئۆزى يەرلىك خۇيزۇلارنى يىغىپ 5 يىڭلىق ئاتلىق قوشۇن تۈزگەن، قوشۇنغا ئۆزى سەركەردە بولغان. ھەرقايسى يىڭلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە قاراۋۇل باشلىقلىرىنى ئۆزى تەيىنلىگەن، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دېخان ياكى گۇناكار خۇيزۇلار ئىكەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ خۇيزۇلارنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى پائالىيىتىگە دەسمايە قىلىۋېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسكەر بولۇشنى خالايدىغانلار تىزگىنلەش ئەڭ تەس بولغان كۆچمەنلەر ئىدى، ئۇنىڭ

ئۇستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى گۇرۇھ-جەمىيەتلەرگە قاتناشقان
بولۇپ، "ئالاھىدە شەخسلەر"نىڭ ــ ياڭ زېڭشىن ئەزەلدىن ئىنقىلاپ-
چىلارنى "ئالاھىدە شەخسلەر" دەيتتى ــ تەرغىباتىنى قوبۇل قىلىشلا،
جايـلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن "مالىماتاڭ" قىلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ
ئېيتىشىچە، خۇيزۇلار يەرلىك خەلق، كۆپىنچىسىنىڭ بالا-چاقىلىرى
ياكى كەسپى بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە كالىلىسى ئاددى، تېنى ساغلام،
ناچار ھەۋەسلىرى يوق، كىچىكىدىنلا دىنىي تەربىيە ئالغان، ئىنتىزام-
چان، ئىشلىتىش ئاسان ئىدى. ئۇ يەنە: تۇنجى يىللىرىدا چىڭ
سۇلالىسى يۈننەن، گەنسۇلارغا لەشكەر تارتقاندا، خۇيزۇ قىسىملىرىنى
ئىشلەتكەن، بۇنىڭ ئۇنۇمى چوڭ بولغان، بۇنى ئۈلگە قىلىش كېرەك؛
بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەگى
ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، خۇيزۇلاردىن قوشۇن تەشكىللەش
پۈتۈن شىنجاڭنى "نوختىلاش"قا ئەپلىك، دەپمۇ كۆرسەتكەن ئىدى.
ئۇ كۆپ قېتىم: خۇيزۇ قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ خەنزۇلارنى باستۇر-
غاندا، غەلىبە ئىشەنچى زور بولىدۇ؛ ئۇلار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى
باستۇرغاندىمۇ مىللى ۋە دىنىي توقۇنۇش كېلىپ چىقمايدۇ، دىگەن
ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئادەتتە يەرلىك خۇيزۇلارنىڭ كاتتىۋاش-
لىرى ۋە مۇشتۇمزورلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ، ئۇلار
بىلەن ئاغىنە بولاتتى، مەسىلەن، دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭ كۆرسەت-
مىسى بىلەن بىساۋۇل بولغان ما فۇشىڭ (يۈننەنلىك)، ما جىخې،
لى شۇفۇ، يۇ باۋشەن، تۇڭ مىڭسەي قاتارلىقلار شۇ دەۋردىكى
"نوچى"لار بولۇپ، ئۇلار شۇ چاغدا ياڭ زېڭشىنغا چوقۇناتتى، ئۇنىڭ
تېرى-بېرى قىلىشىغا رازى ئىدى. بۇلاردىن، مېنىڭ بىلىشىمچە،
ما فۇشىڭلا كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى، باشقىلىرى ئۇنىڭغا سادىق

بولۇپ ئۆتتى①.

ئەلۋەتتە، ياڭ زېڭشىن ئۆزى ئۈچۈن تەشكىللىگەن بۇ بىر قىسىم قوراللىق كۈچنى يۈەن داخۇانىڭ ئىلىغا تاقابىل تۇرۇشىغا بەرمەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ۋەزىيىتىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئەگەر بۇ قوراللىق كۈچنى ئۆلكە مەركىزىدىن يۆتكىۋەتسە، جايلارنىڭ "تەرتىۋى"نى ساقلاش راستلا قىيىن بولاتتى. 1912 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئىلىدىن بۇ تەرەپكە ئۆزگىرىپ كەلگەن سەي يۈشەن يىڭى ئۈرۈمچىدە "ئىسيان كۆتەردى"، شۇ چاغدا مۇشۇ خۇيزۇلار قوشۇنى بولمىغان بولسا، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ياڭ زېڭشىن ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدىغانلىغى جەزمەن ئىدى.

سەي يۈشەن يىڭى ئىسيان كۆتەرگەندىن كېيىنكى تەھدىت ئالدىدا، يۈەن داخۇا شىنجاڭنىڭ ھەربى ۋە سىياسى ھوقۇقلىرىنى ياڭ زېڭشىنغا بېرىپ، ھاپىلا ـ شاپىلا شەرققە تىكىۋەتتى.

ئەسلىدە، يۈەن شىكەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، يۈەن داخۇانى شىنجاڭغا تۇتۇقبەگ قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. يۈەن داخۇا جاھىل خانپەرەسلەردىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى تۈزەشكە ئۇنىڭ چامىسى يەتمەيتتى، شۇڭا ئورنىغا قەشقەر ۋالىسى يۈەن خۇڭيۇنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۆزى

① بۇ كىشىلەرنى مەن كۆرگەن، بۇلار پومىششىكلار قاتلىمىغا تەۋە كىشىلەر بولۇپ، كېيىن ھەممىسى نۇرغۇن يەر ـ زېمىنغا ئېرىشتى، بەزىلىرى قوشۇمچە سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ياڭ زېڭشىن مۇشۇنداق مۇلۇكدار يەرلىك كىشىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزى "جانلىق ئەمما مۇلۇكسىز كۆچمەنلەر" دەۋالغان كىشىلەرگە تاقابىل تۇرۇش يولى بىلەن ھاكىمىيەتكە ئېرىشكەن ۋە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەن.

شەرقتە قاراپ تىكىۋەتمەكچى بولغان. ئەمما 5-ئاينىڭ 7-كۈنى يۈەن خۇڭيۇ قەشقەر يېڭىشەھەردە گېلاۋخۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، 6-ئاينىڭ بېشىدا، يۈەن داخۇا ئۈرۈمچىدىن ماڭىدىغان چېغىدا ئۆزىدىن قالغان تەختكە ياڭ زېڭشىننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان①. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى خېلى بىلەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنقىلاپچى ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى شىنجاڭغا تۇتۇقبەگ قوشۇمچە ساتراپ دەپ ئېلان قىلغاندىن باشقا، ئۇنى شىمال مىلتارىستلىرىنىڭ بىر قانىتى ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا ئىنقىلاپچىلارنىڭ ھەركىتىدىن قاتتىق پەخەس بولۇش، ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ كېڭىيىشىنى توساش توغرىسىدا مەخپى بۇيرۇق بەرگەن. ياڭ زېڭشىن بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغان، يۈەن شىكەي ھايات چېغىدا، ئۇ يۈەن شىكەينى ھىمايە قىلاتتى، گەرچە ئۇ يۈەن شىكەينىڭ خانلىق تۈزۈمنى چۆكۈرىدىغان گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بۇ تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە "خۇڭشيەن" دىگەن يىلنامىنى قوللانغان. يۈەن شىكەي ئۆلگەندىن

---

① ئۇ كەملەردە شىنجاڭدا يۈەن خۇڭيۇنى ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆلتۈرۈشكەن ئىمىش دىگەن گەپ تارقالغان ئىدى. يۈەن خۇڭيۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئاساسلىق بولۇپ قاتناشقانلاردىن ۋېي دېشى، بيەن يۇڭفۇ، چېن دېگۇڭ قاتارلىقلارنى كېيىن ياڭ زېڭشىن قەشقەردىن يۆتكىۋەتكەن، ۋېي دېشىنى ياڭ زېڭشىن نەرسە-كېرەك بىلەن ئىچكىرىگە ئەۋەتىۋەتكەندىن باشقا، بيەن يۇڭفۇ گەنسۇغا يالاپ ئېلىپ كېتىلگەن، چېن دېگۇڭمۇ ئۆزى گەنسۇغا قايتقاندىن كېيىن قولغا ئېلىنغان، بۇ ئىككىسى كېيىن گەنسۇ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان گەپ-سۆزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمىدى، پايدىلىنىش ئۈچۈنلا بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتتۈم.

كېيىن، ئۇ يۈەن شىكەي توغرىلىق گەپ قىلسىلا، يۈەن شىكەينى "شىياڭچېڭ" دەپ چاقىراتتى، "شىياڭچېڭ" ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭدا قوللىنىلغان بارلىق تەدبىرلەرنى چۈشىنەتتى ۋە قوللايتتى، كېيىنكى چاغلاردىكى لى يۈەنخۇڭ، دۇەن چىرۇيلاردىن كۆپ ياخشى ئىدى، دەپ ھېسابلايتتى.

ياڭ زېڭشىن تۇتۇقبەگلىك تەختىگە چىققان چاغدا، غەرب تەرەپتىكى ئىلى يەنىلا ئۇرۇمچى بىلەن قارىمۇ-قارشى ئىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گېلاۋخۇيىنىڭ پائالىيەتلىرى بەك ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى؛ شەرق تەرەپتىكى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى بولغان، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تاقابىل تۇرالمايۋاتاتتى؛ شىمالدىكى ئالتاي "مۇستەقىل" قالقانىڭ تەھلىكىسى ئاستىدا تۇراتتى.

ياڭ زېڭشىن ھەممىدىن ئاۋال ئىلى بىلەن مۇرەسسەلەشتى، ئىلى تەرەپتىكىلەرگە ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى تارقاقلاشتۇردى، ئاندىن كېيىن، يا نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش بېرىپ ئىچكىرىگە قايتىشقا ئالدىدى، يا تەھدىت سېلىش يولى بىلەن ۋەزىپىسىدىن بوشىنىشقا مەجبۇر قىلدى. مەسىلەن، ئىلىدىكى ئىنقىلاۋىي رەھبەرلەردىن ياڭ زەنشۇ قەشقەرنىڭ باشبۇغى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى، كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ قوشۇنلىرى ئارقا-ئارقىدىن جەنۇپقا بارغانلىقى ۋە گېلاۋخۇيىنىڭ ھەركىتى ئەدەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىچكىرىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى خې جىيادۇڭ (ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىدە مەھكىمە باشلىقى بولغان)، خاۋ كېچۈەن قاتارلىقلارمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ئالدىشى ئارقى-

سىدا ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئىچكىرىگە قايتتى①. ئاخىرىدا ئىلىدا قالغان ئىنقىلابچىلارمۇ ياڭ زېڭشىنغا سېتىلغان يەرلىك ھەربىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ياڭ زېڭشىن ئاز-تولا ئىنقىلاۋىي ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى ۋە ئىنقىلاۋىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنى تامامەن دىگۈدەك يوقىتىۋەتتى. ئەڭ روشەن مىسال شۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەرقايسى ئۆلكىلەردە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن ياكى ئۆزى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك ياڭ زېڭشىن ئىچكىرىگە يولغا سالدى، يا بولمىسا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەركەت قىلىۋاتقان گېلاۋخۇيغا تاقابىل تۇرۇشتا، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئاساسى قوشۇنىغا تايىنىپ، يا باستۇردى، يا گېلاۋخۇي باشلىقلىرىنى بىر ئاماللار بىلەن ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكىدى، شۇنداق قىلىپ، 1916-يىلىغا كەلگەندە بۇلارنىمۇ تامامەن يوقىتىپ بولدى. ياڭ زېڭشىن: گېلاۋخۇينىڭ شىنجاڭغا سالىدىغان تەھدىدى ئىنقىلابچىلارنىڭكىدىن يۈز ھەسسىلەپ ئارتۇق، ئەمما بۇلار جېنىدىن تويغانلار، ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشنىلا بىلىدۇ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتقاندا، يەرلىك خەلق ئارىسىدا گېلاۋخۇيغا قاتنىشىدىغانلار چىقىسىمۇ، لېكىن چاتاقنىڭ چوڭى چىققاندا، ئۇلارنى يەرلىك خەلق چۆرۈۋېتىدۇ؛ بۇ بىر توپ ئادەمنى قابىل كىشىلەر بىلەن بويسۇندۇرساق ھەممە پۇل،

① 1912-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياڭ زېڭشىن خې جيادۇڭغا 10 مىڭ سەر كۈمۈش، خاۋ كېچۈەنگە 2 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىپ ئىچكىرىگە قايتۇرۇۋەتكەن.

مەنپەئەت بىلەن ئالداپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇغىنى چاچساقلا، ئۇلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ، ئەمما، بۇ كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، بۇرۇنقى قائىدە بويىچە چوڭ ئەمەل بېرىشكە بولمايدۇ، دېگەن ئىدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئامبال، ۋالى قىلىپ تەيىنلەيدىغان چاغدا، ھامان "خەلق ئىچىدىكى ئاپەت"نى كۆزىتىشنى تاپىلايتتى، پايلاقچى قويۇپ، "مەككارلار"نىڭ پائالىيىتىنى تىڭ-تىڭلاپ تۇرۇشنى تاپشۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا "مەككارلار" دېگىنى، ئاساسەن، گېلاۋخۇيچىلار ئىدى. ئۇ، ھوقۇق تۇتۇشقا ماھىر كىشىلەر دەرۋەقە "ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ"، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن بۇزۇق-لارغا يول قويۇشقا بولمايدۇ؛ بىر "مۇناپىق" يولۇقسا، ئۇنى جايلىۋې-تىش بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتۇر، ناۋادا ئۇنىڭ "قالايمىقانچىلىق چىقىرىشى"غا قاراپ ئولتۇرساڭ، ۋاقتى كەلگەندە نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولىسەن، بۇ "خەلقنى سۆيۈش" ئۈچۈن "خەلققە زىيان سېلىش" دېيىلىدۇ، دېگەن ئىدى①. جايلاردىكى گېلاۋخۇيچىلار يوقىتىلىپ ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ياڭ زېڭشىن شەرق، جەنۇپتىكى مۇھىم ئېغىزلاردا ۋە ئارمىيە ئىچىدە گېلاۋخۇينىڭ پائالى-

① ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەزىرىيىنى يازغان: "بىر ئادەمنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، مىڭلىغان ئادەمنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش ھاياتلارنىڭ ھالاكەت يىلتىزى؛ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ مىڭلىغان ئادەمگە ھاياتلىق بېرىش ئۆلگەنلەرنىڭ ھاياتلىق يىلتىزى، شۇڭا باشلامچىلىرىنى ئۆلتۈرۈش ھەق ئىش، يامانلىرىنى يېنىكلىك بىلەن مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك كېرەك." («كىتاپ ئوقۇش»نىڭ 18 ـ جىلت، 31 ـ بېتىگە قارالسۇن)

يىتىنى رازۋېت قىلىش ئىشىنى توختاتىمدى.

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيتى 1916 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن مۇقىملىق باسقۇچىغا كىرىشكە باشلىدى، كېيىن روسىيە قازاقلىرى، قىرغىزلىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ قېچىپ كەلگەن ۋە ئاق ئۇرۇسلار ئىلى، چۆچەك، ئالتايغا پاراكەندىچىلىك سالغان چوڭ ۋەقەلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەقەلەر ياڭ زېڭشىننىڭ ھاكىمىيتى مۇستەھكەملەنگەن دەۋردە يۈز بەردى.

## نوختىلاش ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىش

1927 ـ يىلى (قايسى ئاي ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ) بىر كۈنى ياڭ زېڭشىن ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى روزى ھاجى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مەنمۇ بىللە بولغان ئىدىم. ياڭ زېڭشىن روزى ھاجىنى ئۆگەنمىسەڭ، چىنىقمىساڭ، پۇقراغا قانداقمۇ ئۆلگە بولىسەن، دەپ تەنقىت قىلدى.

روزى ھاجى قەشقەرلىق ئۇيغۇر بولۇپ، ساۋاتسىز ئىدى. ئۇ چوڭ پومىشچىك، چوڭ سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئازراق ئىسلاھاتچىلىق تۈسىنى ئالغان ئىدى. ئۇ ياڭ زېڭشىنغا بىرقەدەر سادىق، يەنە كېلىپ ئۆز تەبىقىسى ئىچىدە مەلۇم ئابرويى بار ئادەم ئىدى، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى نوختىلايتتى.

ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھۈنىرىنى "نوختىلاش"، "ئىسكەنجىگە ئېلىش" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە خۇشتار ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىنجاڭ-

دىكى كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، ئۇ ھەمىشە: شىنـ
جاڭدا بىر مەھەللىك ئەمىنلىك پەيدا قىلالىشىم يۇقۇرىقى ئىككى
سۆز بويىچە ئىش قىلغانلىغىمدىن بولغان، دەپ كۆرەڭلەيتتى.

مەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرى ھوقۇقىنى تۇتۇۋاتقان چېغىمدا، — دىگەن ئىدى ئۇ، — تاشقى موڭغۇلىيە ۋە شىزاڭلار شىنخەي ئىنقىلاۋى سەۋەبىدىن داۋالغۇپ قالغان، پەقەت شىنجاڭدىلا، يەرلىك مىللەتلەردە ئىنقىلاپ توغرىلىق باشقىچە ئىپادە كۆرۈلمىدى①، كۇنلەر يەنىلا تىنچ ئۆتتۈۋەردى، بۇ يېرى بەك قىممەتلىك. ئەمما بۇنى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نادانلىغىدىن بولغان دەپ قاراپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق نوختىلىمىغاندا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن خۇيزۇلاردىن پايدىلىنىپ، ھەم شۇ چاغدىكى ئاسا- سىي خەۋپ بولغان خەنزۇ "كۆچمەنلەر"، "كۆچمەن ئەمەلدارلار"، "كۆچمەن ئەزىمەتلەر"نىڭ جايلاردا "چاتاق چىقىرىش" مەسىلىسىنى ھەل قىلغان، ھەم شىنجاڭدىكى كۆپچىلىك ئاھالىنى نوختىلىغان. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، شۇ چاغلاردا، شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا بولغان تەسىرى چوڭ ئىدى، ئۇلارنى نوختىلىۋالغاندا، ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلارنىمۇ نوختىلىۋالغىلى بولاتتى؛ شىنجاڭدا ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىنى تەشكىل قىلىدى- غان بۇ كىشىلەرنى گەپكە كىرگۈزگەندە، خەنزۇلارنى تەبىئى ھالدا ئىسكەنجىگە ئالغىلى بولاتتى، شۇنداق بولغاندا، ئەينى زاماندا،

---

① 1912 ـ يىلى قۇمۇلدا كۆتىرىلگەن تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنى ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەگلىرىگە قارشى تۇرۇشى، بۇنىڭ شىنخەي ئىنقىلاۋى بىلەن ئالاقىسى يوق، دەپ قارىغان.

ئىسكەنجىگە ئېلىنغان خەنزۇلار باشقا مىللەتلەرنى ئىسكەنجىگە ئالاتتى، دىگەن ئىدى.

ئۇ، خەنزۇلار بېشىمنى بەك قاتۇرىدۇ، دەيتتى. دائىم: ئىچكىرىدىن چىققان خەنزۇلار "ۋاپادارلار" ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزەلدىن رايونلار بويىچە نۇرغۇن گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەن، بىر بىرىنى يەكلەيدۇ، دىنىي-خۇراپىي تەشكىلاتلار تېخىمۇ يامان، دەيتتى. ئۇ، دىنىي-خۇراپىي تەشكىلاتلاردىكى ئۇنسۇرلارنى قاتتىق باستۇرغاندىن باشقا، رايونلار بويىچە بۆلۈنگەن گۇرۇھلارنىمۇ بىر بىرىنى ئىسكەنجىلەپ تۇرىدىغان قىلىپ قويۇپ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، جايلارنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ كەلمەيدۇ، دەپ ھىساپلىغان.

يۇقۇرىدا ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرىنىڭ مۇھىم جايلىرىنى بايان قىلدىم، بۇلار ئۇنىڭ ئەسلى سۆزى ئەمەس، بەلكى بۇلارنى ئەسلەپ ئومۇملاشتۇرۇپ چىقتىم.

دىمىسىمۇ، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىل ئىچىدە، نوختىلاش بىلەن ئىسكەنجىگە ئېلىشىنى ئىزچىل تۇردە ئۆز سىياسىتىنىڭ مەركىزى قىلدى. ئەمدى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىنى كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ياڭ زېڭشىن فېئودال-پومىششىكلار مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى، ئۇ پۈتكۈل شىنجاڭغا فېئوداللىق يۇقۇرى قاتلامنى نوختىلاش يولى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى ۋاڭ-گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەر ياڭ زېڭشىن ھەممىدىن ئاۋال قولغا كەلتۈرۈشكە ھەركەت قىلغان ئادەملەر ئىدى.

شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ۋاڭ-گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەھۋالى ئاساسەن مۇنداق ئىدى: (1) ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن ئېيتقاندا، يەنجى (قاراشەھەر)، قوشتولغاي، شىخۇ، جىڭلاردىكى كونا تورغۇتلار، قاراشەھەردىكى خوشوتلار، چىڭگىلدىكى يېڭى تورغۇتلار، ئالتايدىكى ئۇرانخەيلەر...نىڭ ۋاڭ-گۇڭلىرىدا ئۆز پۇقرالىرىنى مۇتلەق كونترول قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. ئالتايدىكى قازاقلارنىڭ كېرەي قەبىلىسىنىڭ ۋاڭ-گۇڭلىرى، چۆچەك، ئىلىدىكى قازاقلارنىڭ نايمان، قىزاي قاتارلىق قەبىلىلىرىنىڭ ۋاڭ-گۇڭلىرىمۇ شۇنداق ئىدى①. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ-گۇڭلىرى ئىچىدە قۇمۇل چىنۋاڭى پۇقرالىرىنى ۋە خوجىلىق يەرلىرىنى مۇتلەق كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندىن باشقا، پىچان-لۈكچۈن چىنۋاڭى گەرچە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە مەلۇم كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، بۇنداق ھوقۇقتىن مەھرۇم بولغان ئىدى. كۇچار، ئۇچتۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ جايلاردىكى كۈچى چوڭ پومىشچىك ۋە چوڭ سودىگەرلەرگە ئورۇن بوشاتقان ئىدى. (2) ۋاڭ-گۇڭلار گۇرۇھى پارچىلىنىشقا باشلىغان، يەنى نام ياكى ۋەزىپىسى تۆۋەنرەك موڭغۇل، قازاق ئاقساقاللىرىنىڭ بەزىلىرى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئورۇن جەھەتتە نام ياكى ۋەزىپىسى يۇقۇرىراقلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ياكى ئۇلار بىلەن تەڭ بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئالتاي قازاقلىرىدىن ئەلنى

---

① موڭغۇل ۋاڭ-گۇڭلىرىغا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نام بىلەن بىللە يەرمۇ سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن، قازاق ۋاڭ-گۇڭلىرىغا بولسا يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلمىگەن.

تىنچلاندۇرغۇچى بەگ زاكارىيە بىلەن مەمى ۋە جۇنۋاڭ (ئايماق ۋاڭى) ئەلەن، قاراشەھەردىكى موڭغۇل جۇنۋاڭ بەندى بىلەن خەنۋاڭ بايان مۇڭكۇلارنىڭ نامى بەزىلىرىنىڭ يۇقىرى، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى تەڭلىشىپ قالغان ئىدى. بىر قەبىلە ئىچىدە مىڭبېشىنىڭ ھوقۇقى يۈزبېشىنىڭكىگە يەتمەسلىك، يۈزبېشىنىڭ ھوقۇقى ئەللىكبېشىنىڭكىگە يەتمەسلىك ئەھۋاللىرىمۇ كۆپ ئىدى. (3) موڭغۇل، قازاق ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ كۆپىنچىسى باي ئىدى، ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ بەزىلىرى زاۋالغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، يەرلىرى، جاڭزىلىرى بار ئىدى. بۇ ۋاڭ-گۇڭلار پۇقرالىرىنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، مەسىلەن، يىلىغا مەلۇم مىقداردا ئولپاڭ تاپشۇرۇش، ھەر خىل سەيسە، يەر ئىجارىسى، سۇ ئىجارىسى، ھاشار، جازانە... دىگەندەكلەر ئارقىسىدا پۇقرالار ئاددى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئارانلا قامدايتتى. ۋاڭ-گۇڭلار بىلەن يەرلىك ھۆكۈمرانلار بىر بىرىگە يان تىرەك بولۇشۇپ، خەلقنى بىرلىكتە ئېزەتتى. (4) شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى بەزى ۋاڭ-گۇڭلارغا تېخىمۇ يۇقىرى نام بەرگەن، مەسىلەن، يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن قۇمۇلدىكى شاھمەخسۇتقا قوش چىنۋاڭ نامىنى، ئالتايدىكى ئەلەنگە جۇنۋاڭ نامىنى، زاكارىيە بىلەن مەمىگە ئەلنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ نامىنى، بۇلاردىن باشقا كۇچاردىكى مۇھەممەت ئىمىنگە چىنۋاڭ نامىنى، لۈكچۈندىكى ئىمىنغا قوش چىنۋاڭ نامىنى، ئۈچتۇرپاندىكى ئىبراھىمغا ئەلنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ نامىنى بەرگەن... بۇ يېڭى ناملار ۋاڭ-گۇڭلار-

نىڭ پۇقرالارغا بولغان تەسىر كۈچىنى شەكسىز ئۆستۈردى①. بەزى ۋاڭ-گۇڭلار تېخى پارلامېنتنىڭ ئەزاسى بولۇپ "سايلاندى" ۋە بېيجىڭغا كەلدى.

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى چاغلاردا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى بارا-بارا يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ خەلققە بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتىش خىيالىدا بولغان. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى ۋاقتىدا، ئۇ تېخى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن يوليورۇق سوراپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغان. ئەمما، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، بۇ خىيالىدىن يېنىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارىمىقىدىكى پۇقرانى ئاقسۆڭەكلەر ئارقىلىق تىزگىنلەشنىڭ ئۆزى بىۋاستە ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار ئارقىلىق تىزگىنلىگەندىن بەكرەك قولايلىق ۋە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى سەزگەن. بۇمۇ ئۇنىڭ دائىم دېگىنىدەك، ئاقساقاللارنى نوختىلىۋېلىشنىڭ ئۆزى پۇقرانى نوختىلىۋالغانلىق بولاتتى.

ياڭ زېڭشىن ۋاڭ-گۇڭ، ئاقساقاللارنى نوختىلاشتا، ئاساسلىقى، ئۇلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە تەگمەسلىك، ئەمما بۇ ھوقۇق-مەنپەئەتنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەش ۋاستىسىنى قوللاندى. ئۇ ھەمىشە، ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلغاندا، ئۇلار ئۆلكە باشلىقىنى ھىمايە قىلىدىغان، ئۆلكە باشلىقىغا ئىشىنىدىغان بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پۇقرانى ھەددىدىن ئارتۇق ئېزىشىنى

① ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ كەلسە-كەلمەس نام بېرىشكە باشقىچە پىكرىنى بىلدۈرگەن، ئۇ، بۇنداق بولغاندا ئۆزەمنىڭ ۋاڭ-گۇڭ ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان قوماندانلىق ھوقۇقۇمغا تەسىر يېتىدۇ دەپ ھېساپلىغان، ئەمما ئۇ بۇ يېڭى ناملارنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان.

ۋە جايلاردىكى باشقا ھوقۇق ـ مەنپەئەتلەرنى تالىشىشنى چەكلىگەندە، پۇقرا خاتىرجەم ياشايدۇ، يەرلىك ئەمەلدارلار قوماندانلىق ھوقۇقىنى يوقىتىپ، ئاقساقاللارنىڭ كېيىمىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالمايدۇ، دەيتتى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ئاقسۆڭەك، ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقىغا ئائىت ئىشلار توغرىسىدا كۆپ توختالماقچى ئەمەسمەن، خەلقنى باستۇرۇش ۋە خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئاساسلىق قوراللاردىن بىرى بولغان ئەدلىيە ھوقۇقىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سوت نازارىتى، تەپتىش نازارىتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان ياكى تەسىس قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈلگەن، 1911 ـ يىلى قىسقارتىلىپ، ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلارنى ناھىيە ئامباللىرى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان بولغان؛ ئۆلكە مەركىزىدە يۇقۇرى سوت نازارىتى ۋە تەپتىش نازارىتىنىڭ ئورنىغا ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان. ئەمما، موڭغۇل، قازاق قەبىلىلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ تولىسى ۋاڭ ـ گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەر ياكى قازىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان ياكى ئۇلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۈكۈت قىلىنغان، ۋاڭ ئوردىلىرىدا، چوڭ پومېشچىكلارنىڭ جاگزىلىرىدا ۋە بەزى مەسچىتلەردە، ئىبادەتخانىلاردا دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس كىشىلەر بار ئىدى ھەمدە خەلقنى سولايدىغان ھەپسە ياكى زىندان بار ئىدى.

شۇ يىللىرى موڭغۇل، قازاقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا خۇن

ھەققى تۆلەيدىغان "خۇسۇسى قانۇن" بار ئىدى، يەنى ئادەم ئۆلتۈر-
گەن قاتىل ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەسىگە مەلۇم مىقداردا چارۋا
مال ياكى ئالتۇن-كۈمۈش بەرسە ئىش تۈگەيتتى. ئەلۋەتتە، بۇ
"خۇسۇسى قانۇن"دىن ئاقسۆڭەكلەر ۋە بايلارلا بەھرىمەن بولاتتى،
ئادەتتىكى كەمبەغەللەر ئاقسۆڭەكلەرنى ياكى بايلارنى ئۆلتۈرسە،
خۇن ھەققى تۆلىيەلەيدىغان-تۆلىيەلمەيدىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر،
جانغا جان تۆلەيتتى. شۇ يىللىرى ھەتتا ئاقسۆڭەك ياكى ئاقساقاللار
خۇن ھەققىنى تەييارلاپ قويۇپ ئۆزى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمنى
ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان، ئاندىن خۇن ھەققىنى تاشلاپ بېرىپلا "سودا"نى
تاماملايدىغان ئىشلارمۇ بولغان. ئازاتلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان
جانىمخان تەيجى مۇشۇنداق جىنايى شۇملۇقنى كۆپ قېتىم قىلغان.
يەنە مەسىلەن، شۇ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا بايلار ئۆزلىرىنىڭ
خۇسۇسى مۈلكىنى زىيانغا ئۇچراتقان ئاتالمىش "ئوغرى"لارنىڭ
ئىككى قولىنى خالىغانچە كېسىۋېتەتتى، مىنگونىڭ جىنايى ئىشلار
قانۇنى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرىدىمۇ بۇنداق ۋەھشىلىككە
ئاساس بولىدىغان ھېچنەرسە تېپىلمايدۇ، ئەمما ئەدلىيە ئىشلىرىنى
قوشۇمچە باشقۇرىدۇ دېگەن ئاتاقتا ئېرىشۋالغان ناھىيە ئامباللىرىنىڭ
بۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. خەلقنى باستۇرۇش، خەلققە
ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ بۇنداق ۋاستىلىرىنى ياڭ زېڭشىن ئاشۇ
ئاقسۆڭەكلەر، بايلار ۋە ئاخۇنلارغا بەرگەن.

ياڭ زېڭشىن بىرنەچچە قېتىم، موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق
مىللەتلەرنىڭ ۋاڭ-گۇڭلىرى ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ماڭا
يۆلىنىپ ساقلايدۇ، شۇڭا ماڭا بەك ئىشىنىدۇ، دېگەن ئىدى. 1919-
يىلى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، بوز يەر

ئىچىشنى قارار قىلىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن فىڭ يۇشياڭ غەرپكە لەشكەر تارتىپ ماڭماقچى بولغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ۋاڭ-گۇڭلىرى، ئاقساقاللىرى قاتتىق سۆزلەر بىلەن مەركەزگە بىرلىكتە ئومۇمى تېلېگىراما يوللايدۇ، بۇ ھالدىن قورققان فىڭ يۇشياڭ شىنجاڭغا بېرىشنى بولدى قىلىدۇ. 1922-يىلى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ، ئۆزىگە ھاردۇق يەتكەنلىكىنى، باشقا جايدا ئىشلەشنى ئۆتۈنۈپ قويىدۇ، بۇ چاغدا ھەر مىللەت باشلىقلىرى ياڭ زېڭشىننىڭ داۋاملىق شىنجاڭدا تۇرۇشىنى ھىمايە قىلىپ ۋە ئۇنى ماختاپ، ئومۇمى تېلېگىراما يوللايدۇ. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ۋاڭ-گۇڭلىرىغا ھەرگىز ياڭ زېڭشىننى يۆتكىۋېتىش خىيالى يوقلۇغىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

مانا بۇنىڭدىن ياڭ زېڭشىن بىلەن ۋاڭ-گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر ئىش بار، ياڭ زېڭشىن ۋاڭ-گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىش بىلەنلا قالمىدى، ئۇ بۇ ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھلىرىنى بىر بىرىنى تىزگىنلەيدىغان قىلدى. بۇنى بىرنەچچە مىسال بىلەن چۈشەندۈرمەكچىمەن.

قاراشەھەر جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ، بۇ يەردە موڭغۇللار كۆپرەك ئىدى، ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ سۇيۇرغال يېرىمۇ كەڭرەك ئىدى، بۇ يەردىكى موڭغۇل ۋاڭ-گۇڭلىرىنى تۇختىتىۋالغاندا، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى تىزگىنلىگىلى بولاتتى. بۇ يەردىكى موڭغۇل كونا تۇرغۇتلارنىڭ جەنۇبىي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بايان مۇڭكۇخانىنى ياڭ

زىڭشىن ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇ تېخى ياڭ زىڭشىن تەرىپىدىن موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ (نامدا 12 يىلىق) سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى①. بۇنىڭدىن باشقا، ياڭ زىڭشىن يەنە قارا شەھەر موڭغۇللىرى خوشۇت قەبىلىسىنىڭ جۇنۋاڭىنى 1-يىغىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى، بۇنىڭ بىلەن موڭغۇل ۋاڭ-گۇڭ گۇرۇھلىرىمۇ بىر بىرىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان بولدى.

كونا تۇرغۇتلارنىڭ شەرقىي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى ئاقساقال ۋە مۇئاۋىن ئاقساقال دەپ ئايرىلاتتى، ئاقساقال پالتا قەبىلىسى شىخۇدا، مۇئاۋىن ئاقساقال دېيىنچىنئالاش قەبىلىسى شىخۇ بىلەن ماناس ئارىلىغىدا ئىدى. پالتا ياپونىيىدە ئوقۇغان، چار روسىيە بىلەن ئالاقىسى بار ئادەم ئىدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئۇ مۇئاۋىن ئاقساقالنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆز قارىمىغىغا ئالماقچى ۋە كونا تۇرغۇت شىمالىي قەبىلىسىنىمۇ (ئاقساقىلى ئولولمۇجاپ) يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قوشۇۋالماقچى بولغان. 1913-يىلى بولسا كىرەك، ئالتاي ئىش بېجىرىش بېگى دىگەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنغان پالتا بېيجىڭغا بارىدىغان چاغدا، مۇئاۋىن ئاقساقالنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى قۇترىتىپ، دېيىنچىنئالاشنى موڭغۇل-زاڭزۇ مەھكىمىسىگە چېقىشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى دېيىنچىنئالاشنىڭ مۇئاۋىن ئاقساقاللىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان. ياڭ زىڭشىن پالتىنىڭ سۈيىقەستىنى ۋە ياپونىيە، چار روسىيە بىلەن بولغان

① 1917-يىلى بايان مۆڭكۆ ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى مەنچۆكجاپ ئاران بىر ياشتا بولغاچقا، سەركەردىلىك ۋەزىپىسىنى بايان مۆڭكۆنىڭ ئىنىسى گىگەن بەندى ئۆتىگەن.

مۇناسىۋىتىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى خوشۇنىنى بىرلەشتۈرۈش ئويىنى جېنىنىڭ بېرىچە توسغان، دېئېنچىئالاشىنىڭ قول ئاستىدىكى فۇجېنئېلورامانى ۋاقىتلىق مۇئاۋىن ئاقساقال قىلىپ قويغان. 1914 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا خوشۇنىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زىيىنى توغرىلىق توختالغىنىدا مۇنداق دېگەن: ”مۇئاۋىن ئاقساقال شىخۇ بىلەن ماناس ئارىلىغىنى باشقۇرىدۇ، ئۇنىڭ غەربى ئاقساقالنىڭ زېمىنى بىلەن چېگرىداش، شەرقىي شىمالى چۆچەكنىڭ شىمالىدىكى قەبىلە بىلەن چېگرىداش، جەنۇبى بولسا قاراشەھەرگە تەۋە جەنۇبىي چېگرىدىكى قەبىلە بىلەن چېگرىداش، مانا بۇ جايلار مۇئاۋىن ئاقساقالنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلاردۇر، بۇ جاي بىر تۈگۈن، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۈچۈن ھالقىلىق بىر جاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ، ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ئۈچۈن مۇھىم جاي، ئەگەر قوشۇلۇپ كەتسە، تۇرغۇت قەبىلىلىرى بىر بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ-دە، بىر بىرىنى تىزگىنلەپ تۇرالمايدۇ، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، شىنجاڭ، ئىلى، ئالتاي، چۆچەك بۆلۈنمەي قالىدۇ، ۋاھالەنكى قاراشەھەر ئوتتۇرىدا بولغاچقا، جەنۇپ بىلەن شىمال بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بۇ ھال چېگرا جاينىڭ ئەھۋالىغا زادىلا ماس كەلمەيدۇ.“①

ئالتاي قازاقلىرىنىڭ جۇڭۋاڭى ئەلەن، ئەلنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ مەملەرگە ياڭ زېڭشىن بىساۋۇللۇق ئۇنۋانى بەرگەن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە بىر يىگىدىن ئەسكەر بار ئىدى. ئەلەن جەمەتىدىكىلەر

---

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 2 ـ قىسىم، 1 ـ جىلت، 10 ــ 11 ـ بەتلەر.

ئاقسۆڭەكلەردىن ئىدى، مەمى جەمەتىدىكىلەر بولسا قاراسۆڭەكلەر (ئاددى مالچى) ئارىسىدىكى ئاقساقاللاردىن بولۇپ، مەمىنىڭ ئوغلى قاناپىيە بىلەن مەڭكەيىنىڭ مالچىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ئەلەنىڭكىدىن يۇقۇرى ئىدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىككى جەمەتنى باشقا ھەركەتتە بولمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ تەڭ دەرىجىدە قارشىلىشىپ تۇرۇشىنى ساقلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئالتاي موڭغۇللىرىنىڭ ئۇراڭخەي قەبىلىسىنىڭ سول قانىتىنىڭ بېيزىسى① تەيپىڭمۇ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قازاق ۋاڭ-گۇڭلىرى بىلەن بىر بىرىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان بولدى. تەيپىڭ 1936-يىلى ئۆز ئەسلىمىسىدە، ياڭ جياڭجۇن ھايات ۋاقتىدا، بىرقانچە يىلدا بىر قېتىم بىزنى ئۈلكە مەركىزىگە چاقىراتتى؛ ياڭ جياڭجۇن بىر تەرەپتىن بىزگە قازاقلار بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى تاپشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىزگە: موڭغۇللار ئالتايغا يەرلىك خەق، ئۇ يەرنى قوغداشقا جاۋاپكار بولۇشى كېرەك دەيتتى، دىگەن. تەيپىڭ، موڭغۇللار بىلەن قازاقلار شۇ يىللىرى يايلاق، يەر تالىشىپ دائىم جىدەللىشىپ قالاتتى، ياڭ جياڭجۇن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭلا كېلىشتۈرۈپ قويۇشىنى بۇيرۇپ، تۈپ ئاساسىدىن ھەل قىلمايتتى، دىگەن. مانا بۇ ياڭ جياڭجۇننىڭ ئالتايدىكى موڭغۇللار بىلەن قازاقلار ئوتتۇرىسىدىكى پايدا-زىيان زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككىلا مىللەت ئادەملىرىنى ياڭ جياڭجۇننى يۆلەنچۈك دەپ ھىساپلايدىغان، ئەمما ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشمايدىغان قىلىپ قويغانلىقىدۇر.

① بېيزى — مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ 4-دەرىجىسىنىڭ نامى. —تەھرىردىن.

ياڭ زېڭشىننىڭ ۋاڭ-گۇڭلارغا ھەربىي ئۇنۋان بېرىشتىكى غەرىزى مۇشۇنداق كۆرۈنۈشتىكى ھۆرمەت ئارقىلىق ۋاڭ-گۇڭلارنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىزگە ئىشىنىدىكەن دېگەن ھېسقا كەلتۈرۈش ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۇلار تۈزگەن قوشۇننىڭ خىل ياكى خىل ئەمەسلىگىنى ھېچقاچان سوراپ باقمىغان، ئەكسىچە، ۋاڭ-گۇڭلار كەم ئىشتات تەمىناتىنى قانچە كۆپ يېسە، ياڭ زېڭشىن شۇنچە خۇشال بولاتتى. ئۇ ئۆزى ئاجرىتىپ بەرگەن ھەربىي راسخوتنىڭ ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈشىگە رازى ئىدى. ياڭ زېڭشىن ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ ئۆزىگە خەنجەر ۋە ئەپچىل تاپانچا بەرگەندىن باشقا، ئۇلار تۈزگەن قوشۇنغا يارامسىز قوراللارنى بېرەتتى. 1920-يىلى ئۆپچۆرىسىدە ياڭ زېڭشىن كونا تۇرغۇتلارنىڭ جەنۇبىي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىغا بەرگەن ئوق-دورىلارنى 1932-يىلى بۇ ئاقساقال (گىگەن، ۋاقىتلىق ئاقساقال) جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق ھەرىكەت قوزغىغاندا ئىشلەتمەكچى بولۇپ ئېلىپ چىققاندا، بۇ ئوق-دورىلار كارغا كەلمىگەنلىكتىن (ۋاقتى ئۆتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلتىققا چۈشمىگەنلىكتىن)، ئاقساقال قولغا چۈشۈپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنگەن ۋە جېنىدىن ئايرىلغان.

ياڭ زېڭشىننىڭ ۋاڭ-گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چەتئەللىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىدىن ئالاھىدە پەخەس بولغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چەتئەلدىن ئاتالمىش "ساياھەت" ۋە "تەكشۈرۈش" ئۆمەكلىرى ياكى شەخسلەر ۋە دىپلوماتىيە خادىملىرى شىنجاڭغا كەلسە، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ۋاڭ-گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن كۆرۈشتۈرمەيتتى؛ كۆرۈشۈش زۆرۈر بولغاندا، ئاستىرتتىن نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئۆز يېقىنلىرىنى

ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياتتى. ئۇ، شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن شىزاڭنىڭ مەركەزدىن ئايرىلىشىغا ئاساسەن چەتئەل-لىكلەرنىڭ قۇترىتىشى سەۋەپ بولدى، چەتئەللىكلەر ۋاڭ-گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ، دىگەن. 1914-يىلى، قۇمۇل چىنۋاڭى شامەخسۇت بېيجىڭغا روسىيە ئارقىلىق بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇ بۇنى بارلىق كۈچى بىلەن توسقان، جىق چىقىم كېتىشىگە قارىماي، چىنۋاڭنى يەنىلا گەنسۇ بىلەن مېڭىشقا ئۈندىگەن[1].
بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپونىيە ئەۋەتكەن تەكشۈرگۈچىلەر شىنجاڭدا چاغدا، ياڭ زېڭشىن بۇ شەرق ئەجنەبىلىرىنىڭ موڭغۇل، قازاق ۋاڭ-گۇڭلىرى، يەرلىك مۆتىۋەرلەر ئارىسىدا ھەق-ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەردە بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ۋالىلارغا مەخپى بۇيرۇق بەرگەن. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ تەدبىرلىرى، دەرۋەقە، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوللىنىلغان، ئەمما بۇ تەدبىرلەر جاھانگىرلىكنىڭ شىنجاڭدا سۇيىقەست ئىشلىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ ئىجابى رول ئوينىغاندەك تۇرىدۇ.

---

[1] مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن ياڭ زېڭشىن 1914-يىل 5-ئاينىڭ 30-كۈنى شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىگە يازغان خېتىدە مۇنداق دىگەن: "...ئۇنىڭ ئۇستىگە، يىراقنى كۆزلىگەن مەلۇم بىر دۆلەت قايمۇقتۇرۇش ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ، چىرايلىق گەپ، ئۇششاق-چۈششەك مەنپەئەتلەر بىلەن ئۆزىنىڭ باشقا غەرىزىگە يېتىش كويىدا بولۇشى مۇمكىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، دالاي لامانىڭ پايتەختكە كىرىشتە چەتئەللىكنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ئارقىسىدا، قايتىپ بېرىپ شىزاڭنى مۇستەقىل قىلىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى بۇنىڭ روشەن مىسالى...." («سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 1-جىلت، 1-كىتاپ 11-بەتكە قاراڭ).

لېكىن، بۇ تارىخىي شەخسلەرگە باھا بېرىش مەسىلىسىگە تەئەللۇق ئىش بولغاچقا، بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ ۋاڭ-گۇڭلارنى (ئاساسەن موڭغۇل، قازاق ۋاڭ-گۇڭلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭلىرىنى) نوختىلىغانلىقى، ئىسكەنجىلىگەنلىكى ھەققىدىكى ئىشلارنى شۇنچىلىك تونۇشتۇراي. ياڭ زېڭشىن ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملارنى، ئالايلۇق، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكىنى بولسا چوڭ پومىشچىكلار، چوڭ سودىگەرلەر ئارقىلىق نوختىلىغان، ئەينى ۋاقىتتا شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۈچلۈك يۇرتۋازلىقتىن پايدىلىنىپ، بىر بىرىنى تىزگىنلەتكەن①.

ئۇ كەملەردە، قەشقەر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئىقتىسات، مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى چوڭ شەھەرلەر، مەسىلەن، ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك ھەتتا ئالتايدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى چوڭ بايلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەشقەرلىق ياكى قەشقەرنىڭ يېنىدىكى ئاتۇشلۇقلار بولۇپ، ئۇلار قۇمۇللۇقلار ۋە تۇرپانلىقلار بىلەنلا پۇت تېپىشىپ قالماستىن، بىر بىرى بىلەنمۇ كېلىشەلمەيتتى.

شىمالىي شىنجاڭدىكى غۇلجىنى مىسالغا ئالايلى. شۇ چاغدا

---

① ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇرتۋازلىق خېلى ئېغىر ئىدى، قۇمۇللۇقلار، تۇرپانلىقلار، قەشقەرلىكلەردىلا يۇرتۋازلىق كۈچلۈك بولۇپ قالماستىن، بىر قەشقەر رايونىدىكى قەشقەرلىقلەر بىلەن قەشقەرگە يېقىن بولغان ئاتۇشلۇقلار ئارىسىدىمۇ يۇرتۋازلىق ئېغىر بولۇپ، ئۇلار بىر بىرىنى يەكلەيتتى.

بۇ يەردە ئاتۇشلۇق ھۆسەنباي ۋە قەشقەرلىق ياقۇپ دىگەن ئىككى چوڭ باي بار ئىدى، بۇ ئىككىسىنىڭ شۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى تەسىرى خېلى چوڭ ئىدى. ياڭ زېڭشىن ياقۇپنى پايلاقچى ئورنىدا پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا "چىن كۆڭلىدىن" ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ھۆسەنبايغىمۇ مۆتىۋەر قاتارىدا مەلۇم دەرىجىدە ھۆرمەت قىلاتتى. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈرەشلەردە، ياڭ زېڭشىن يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، بەزىدە ئۇنىڭغا، بەزىدە بۇنىڭغا يان بېسىش، شۇنىڭ بىلەن ئىككىلىسىنى ھۆكۈمەت مېنىڭ بېشىمغا يۆلەنچۈك بولۇۋاتىدۇ دىگەن ھىسسىياتقا كەلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن.

ئۇ چاغدا غۇلجا ئىلغار ئىدىيىلەرمۇ، ئەكسىيەتچى ئىدىيىلەرمۇ گىرەلىشىپ كەتكەن جاي ئىدى، پانتۈركىزىم ئىدىيىسى جەمئىيەتتىكى بەزى تەبىقىلەردىمۇ خېلى ئەۋج ئالغان ئىدى، ھۆسەنبايمۇ ۋە ئوغلى ـ جىيەنلىرىمۇ مۇشۇنداق ئىدىيىدە ئىدى، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان پانتۈركىست مەسئۇتمۇ غۇلجىدا پومىششىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياڭ زېڭشىن، بىر تەرەپتىن، بايلار تەبىقىسىنى مەلۇم دەرىجىدە بېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنى بىر بىرىنى تىزگىنلىتىپ، نازارەت قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئىدىيە ـ ئاڭلارنىڭ ئەمەلىي ھەركەتكە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. غۇلجا ناھىيىسىدە ئامبال بولغان، بېيجىڭ رۇسچە تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن خۇيزۇ جاۋ گولياڭ ئاغىنىسىغا يازغان بىر خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: "غۇلجىنىڭ شارائىتى، ئەھۋالى مۇرەككەپ، جياڭجۈن

(ياڭ زىڭشىنى دىمەكچى) كۆپ قېتىم شۇنداق دەپ تاپىلاپ
كەلدىكى، يامان ئىللەتنى تۈگىتىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بىر
قىناققا كەلتۈرۈش، يەرلىك مۆتىۋەرلەرگە ھۆرمەت قىلىش، بولۇپمۇ
ھۆرمەت قىلىش داۋامىدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىش، كىشىلەر
بىلەن ئالاقىلىشىشقا ماھىر بولۇش، ئەمما ھۇشيار بولۇشنى ئۇنتۇماس-
لىق لازىم. ... كىشىلەر بىزنىڭ سىياسىتىمىزدىن ھۆكۈمەتنىڭ
ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلسۇن، ۋاھالەنكى، بىر بىرىنى تىزگىنلەپ
تۇرسا، چاتاق چىقمايدۇ، جايلاردا مۇشۇ يول بىلەن 10 يىلغىچە
ئەمىنلىك بولدى. ... ھازىر ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىبقىمى
كۈندىن-كۈنگە ئۇلغايماقتا، سىياسىنى تۈزەش دىگەن گەپ ئىيتماققا
ئاسان، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىغى توغرىسىدا
بىر نىمە دىيىش تەس.» بۇ خەتتە نەقىل ئېلىنغان ياڭ زىڭشىنىڭ
سۆزلىرى ياڭ زىڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈشتە
قوشۇمچە بولالايدۇ.

ياڭ زىڭشىن قەشقەردىكى باي سودىگەر روزىنى ئۆلكىلىك
كېڭەشنىڭ باشلىغى قىلىپ ئۆستۈردى، ئاتۇشلۇق ياقۇپنى مەملىكەت-
لىك پارلامېنتنىڭ ئەزاسى قىلىپ ئۆستۈردى، باشقا جايلاردىكى
بەزى ئۇيغۇر بايلىرىنىمۇ مەملىكەتلىك پارلامېنت ياكى ئۆلكىلىك
كېڭەشكە ئەزا قىلدى. شۇ چاغلاردا بۇنداق ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ
مائاشى خېلى يۇقۇرى ئىدى، پايتەختكە، ئۆلكە مەركىزىگە بارسا
ئايرىم ھەق بېرىلەتتى①، ياڭ زىڭشىن تېخى ئۇلارغا ئالاھىدە

---

① ھۆكۈمەت ھەق بەرگەندىن باشقا، بەزى پارلامېنت ئەزالىرى تېخى
يەرلىك ئاھالىدىن پۇل شۇلۇۋالاتتى ياكى باي سودىگەرلەردىن پۇل قەرز
ئالاتتى (بۇ قەرزلەرنىمۇ ئاھالە تۆلەيتتى).

مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارمۇ مۇشۇنداق ئاتالمىش خەلق رايىنى بىلدۈرىدىغان ئورگاندا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشقا، ھەممىدە ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدىدا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇشقا رازى ئىدى.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان روزى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئەيىپلەنگەن كۈنى مەن روزىنى يوقلاپ بارغان ئىدىم، روزى يىغلاپ تۇرۇپ: "مەن شۇنچە ياشقا كىرىپ قالدىم، ئۆگىنىپ نەگە باراي، ئۆگەندىم دىگەندىمۇ جياڭجۈننىڭ گېپى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولغاندىكىن، ئۆگەنگەن نەرسە نىمە كارغا كەلسۇن!" دىدى. روزىمۇ ئۆزىنىڭ ياڭ جياڭجۈننىڭ قورچىقى ئىكەنلىكىنى، ئۆزى پۇقرانى تېچ قىلىپ تۇرسىلا بولىدىغانلىقىنى، ياڭ جياڭجۈننىڭ ئۇنىڭدىن بىرەر يېڭى ئىش قىلىشتا پايدىلانمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ياڭ زېڭشىن پومېشچىك، باي سودىگەرلەرگە تايىنىپ خەلقنى نوختىلىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىگە تەگمەيتتى. ياڭ زېڭشىن ئادەتتىكى سۆھبەتلىرىدە ياكى مۆتىۋەرلەرگە بەرگەن ئاتالمىش كۆرسەتمىسىدە، پۇقرانى ھەددىدىن زىيادە ئەزمەسلىك كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، پۇقرا كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۆتىۋەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دىگەن گەپنى دائىم تەكرارلايتتى. ئەمما، چوڭ پومېشچىكلارنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى ئىگىلىۋېلىشى، يەرلەرنى قوشۇۋېلىشى، چوڭ سودىگەرلەرنىڭ سودىدا ئادەتتىكى ئاھالىنى بولۇپمۇ چارۋىچىلارنى ئالداپ بايلىق توپلىشى، كۆپ پايدا ئېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى قاتارلىق جىنايەتلىرىنى بولسا ئاڭلىمىغان-كۆرمىگەنگە سالاتتى. گايىدا بىرنەچچە ئاتالمىش مۆتىۋەرنى

جازالىسىمۇ، ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ جازالايتتى، جازالىغاندا ئۆزىگە مەنپەئەت بەرگەندىن باشقا، سىياسىي جەھەتتىمۇ بۆلەك چوت سوققانلارنى، يا بولمىسا مەنپەئەت بېرىشتە ئاشۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزگۈچىلەرنى جازالايتتى. ياڭ زېڭشىن مۇنداق دېگەن: "مەنپەئەتپەرەسلەرنىڭ ھوقۇق تالىشىشى ناتايىن؛ ھوقۇق تالاشقۇچىلار بولسا مەنپەئەتپەرەس كېلىدۇ." ئەگەر بىرەر مۆتىۋەر ھەم مەنپەئەتپەرەس، ھەم ھوقۇقپەرەس بولسا، ياڭ زېڭشىن بۇنداق ئادەمگە دىققەت قىلاتتى. ياڭ زېڭشىن ئەۋەتكەن يەرلىك ئەمەلدارمۇ ئۇنىڭ مەقسىدى بويىچە ئىش قىلىپ، مۆتىۋەرلەرگە ياردەملىشىپ خەلقنى ئېزەتتى، ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئۇلارنى كونترول قىلىپ تۇراتتى.

ئۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە شاڭيۇ بار ئىدى، شاڭيۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بايلار ياكى بايلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، شاڭيۇلار ناھىيە ئامبىلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلاتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شاڭيۇلار ياڭ زېڭشىنىڭ شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنى نوختىلاش، مۆتىۋەرلەرنىڭ بىر-بىرىنى تىزگىنلىتىشىدە پايدىلىنىدىغان ئاساسىي تايانچى ئىدى. شاڭيۇلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى خېلىلا چوڭ ئىدى، كۆپىنچە يەرلىرى بار ئىدى، شۇڭلاشقا ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى بىلەن بىر بولۇۋېلىپ، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە باستۇراتتى. شاڭيۇلار ئىچكىرىدىكى باۋجاڭلارغا ئوخشاش بولۇپ، ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلاتتى. ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆزىمۇ: "شىنجاڭدىكى شاڭيۇلار شۇنداق ئەسكىكى، بۇ ھال مەملىكەتنىڭ باشقا يېرىدە يوق، شاڭيۇلار كۆپىنچە يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ، پۇقرانى ئېزىدۇ" دەپ

ئېتىراپ قىلغان①. ئۇ يەنە: ”شاڭيۇلار يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تايغىنى، يەرلىك ئەمەلدارلار شاڭيۇلارنىڭ تىلتۇمارى، پۇقرا بۇلار-نىڭ زىيانكەشلىكىگە راسا ئۇچرىدى“ دېگەن②. ئەمما، ئۇنداق دېگىنى بىلەن، ئۇ يەنىلا شاڭيۇلارنىڭ يېرىنى ساقلاپ قېلىشىنى جېنىنىڭ بېرىچە تەشەببۇس قىلدى، يەنە كېلىپ ئۆلگىچە شاڭيۇلۇق تۈزۈمىنى ئۆزگەرتمىدى. ئۇ شاڭيۇلۇق تۈزۈمىنى ئاقلاپ: ”شىنجاڭ خەلقى ئىچىدە چەنخۇيلار كۆپچىلىك، ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى چاغلاردا پەرمەتدار لىۋ جىنتاڭ بەگلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شاڭيۇلۇقنى تىكلىگەن، شاڭيۇلار يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قوماندانلىقىدا يەرلىك ئىشلارنى، مەسىلەن، ئاشلىق بېجى يىغىش قاتارلىقلارنى بېجىرىدۇ، بۇ ئىشلاردا شاڭيۇ بولمىسا، ئىش پۈتمەيدۇ، بۇنىڭغا چيەنخۇينىڭ تىل-يېزىقىنىڭ باشقىچە بولغانلىقى سەۋەپ بولغان.“③ تىل-يېزىق مۇناسىۋىتىدىن دېگىنى قالقان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىدە ھۆكۈمرانلىق فۇنكتسىيىسىنى شاڭيۇ ئارقىلىق ئىجرا قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاڭيۇلارنى ئالماشتۇرۇۋەتكىلى بولاتتى، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يەرلىك مۆتىۋەرلەرنى بىر بىرىنى تىزگىنلىتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتكە تېخىمۇ بېقىندۇرغىلى بولاتتى. شۇ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر قېتىم شاڭيۇ سايلاش

---

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 1-جىلت، 1-كىتاپ، 66-بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 2-قىسىم، 14-جىلت، 40-بەت.

③ يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 1-جىلت، 1-كىتاپ، 65-بەت. نەقىلدىكى ’چەنخۇي“ دېگەن سۆز ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى كەمسىتىپ ئاتىشى.

ۋاقتىدا، يەرلىك ئاقساقاللار بىر بىرى بىلەن تالىشاتتى، بىرقانچەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتە ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ، نەپ تېگىدىغان، يۈلەنگۈچىلىكى بولغان بۇ ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالاتتى. بولۇپمۇ بۇ رىقابەتتە قەشقەرلىقلەر بىلەن ئاتۇشلۇقلار تېخىمۇ بەك ھۈنەر كۆرسىتەتتى. مەسىلەن، شۇ چاغلاردا يەركەندىكى ئىككى چوڭ پومىشچىك — مۇھەممەت سىيىت بىلەن ھۇشۇر ئۆز قەۋمىدىكىلەرنىڭ شاڭيۇ بولۇشى ئۈچۈن، يەركەن ئامبىلى، قەشقەر ۋالىيسىغا سوغا-سالام بېرىپ تۇرغان. ئۇلار مۇشۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق، نۇرغۇن نامرات دىخانلارنىڭ يەرلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان؛ ئادەتتە خەلقتىن بىر نەرسە ئېلىۋالماقچى بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ غالچىسى — ئۆزلىرىنىڭ غالچىسى ئارقىلىق، ھەمىشە ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە ئىش قىلىپ تۇرغان. بەزى شاڭيۇلار ناھىيە ئامبىلى ۋە باشقا ئەمەلدارلارغا پايدا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئەمەلدارلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆمۈرۋايەت شاڭيۇ بولۇۋالغان، ئۇلارنى شاڭيۇلۇقتىن ھېچكىممۇ ئېلىۋېتەلمىگەن.

دىمەك، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ۋاڭ-گوڭ ئاقسۆڭەكلەر، چوڭ پومىشچىكلار، چوڭ سودىگەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى — چاپارمەنلەر، خىزمەتكارلار ۋە شاڭيۇلارغا تاياندى. بۇنىڭدىن پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداقلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس.

ئاخىردا، ياڭ زېڭشىننىڭ دىن، مىللىي مۇناسىۋەت قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەنلىكىگە دائىر مەسىلىلەرنى كەلتۈرمەكچىمەن.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 شەھەرنىڭ تۇنجىسى بولغان قەشقەر شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تېچ ياكى مالىمان بولۇشىغا

تەسىر كۆرسىتىدىغان جاي ئىدى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، دىنىي ۋە مىللىي (ئۇيغۇرلارنى خۇيزۇلار ئارقىلىق باشقۇرۇش) مۇناسىۋەت ئارقىلىق كونترول قىلماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىنى بولغان خۇيزۇ ما فۇشىڭنى قەشقەرگە باشبۇغ قىلىپ ئەۋەتتى. ما فۇشىڭ قەشقەردە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلدى، نۇرغۇن خوتۇن ئالدى، پۇقرانىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى ئاياق-ئاستى قىلدى، ئومۇمنىڭ ۋە خۇسۇسىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى، خەلقنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى، تۈرلۈك جازا ۋاستىلىرىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ پۇت-قولىنى كەستى، كەلسە-كەلمەس قىرغىنچىلىق قىلدى. بۇ ئىشلارنى ياڭ زېڭشىن ئاڭلىماسقا سالدى. كېيىنكى چاغلاردا ما فۇشىڭ ئەنگلىيە ۋە چار روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ۋە بېيجىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، ياڭ زېڭشىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، ياڭ زېڭشىن ما شاۋۋۇنى ئەۋەتىپ ما فۇشىڭ بىلەن ئوغلىنى ئاتقۇزۇۋەتتى، ئۇ ما فۇشىڭنى ئېتىشنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن ما فۇشىڭ قىلغان جىنايى شۇملۇقلارنى 10 ماددا قىلىپ تىزدى.

ما شاۋۋۇمۇ خۇيزۇ ئىدى، يەنە كېلىپ ئىخۋان مەزھىپىنىڭ ئىمامى ما يۈەنجاڭنىڭ پۇشتى ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭدىنمۇ پايدىلىنىپ، ئۇنى قەشقەرگە ۋالىي قىلدى (ئۇ چاغدا خوتەنمۇ قەشقەرگە قارايتتى)، ما شاۋۋۇ خۇسۇسىي تۇرمۇش جەھەتتە ما فۇشىڭدىن سەل ياخشى بولسىمۇ، ئەمما "مۈلۈكپەرەس" ئىدى، ئۇ يەنە دىنىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق دىندارلارنى شىلىۋالاتتى. ئۇ ياڭ زېڭشىنغا ئىنچىل سادىق بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەردە ۋالىي بولۇپ تۇرد-

ۋەردى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇزاق تۇرغان گۇ فېن مۇنداق دېگەن: "ياڭ جياڭجۇنىڭ مادۇتەيىنى قەشقەردە تۇرغۇزۇشى ئۇ يەردە 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزغاندىنمۇ ئەۋزەل ئىش بولدى. چۈنكى، مادۇتەي دىنىي جەھەتتىكى ئاقساقال بولۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلار ئارىسىدا تەسىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇ ياڭ جياڭجۇننىڭ سىياسىتىنى بىلەتتى، ئىزچىل تۈردە ياڭ جياڭجۇننىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلىپ كەلدى. ئۇ چاغدا قەشقەردىكى ھەتتا ئاقسۇدىكى نۇرغۇن خەنزۇ ئەمەلدارلار ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى مادۇتەي ئوڭۇشلۇق ھەل قىلدى."

ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى دىنىي كۈچكە تايىنىپ مۇستەھكەملىگەنلىكىنى يوشۇرمىغان، ئۇ 1923-يىل 1-ئاينىڭ 4-كۈنى ناھىيىلەر، ۋىلايەتلەرنىڭ باشلىقلىرىغا بەرگەن بىر مەخپىي بۇيرۇقىدا مۇنداق دېگەن:

> "...يېقىندىن بېرى جايلاردىكى ئەمەلدارلار دىنغا قارىتا كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇۋېتىپتۇ ھەمدە سەۋەپسىزلا ئاخۇنلارنى ئالماشتۇرۇش، بانا-سەۋەپ بىلەن جازالاش ئىشلىرى كۆرۈلۈۋېتىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇنداق قىلىش خەلقنىڭ رايىغا توغرا كەلمەيدۇ. چەنخۇيلارنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىشى، ئاخۇنلارنى ھۆرمەتلىشى ئۇلارغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت، ئۇلارنىڭ نادانلىقىمۇ مۇشۇنىڭدا، ياخشىلىقىمۇ مۇشۇنىڭدا. ئەگەر چەنخۇيلار دىنغا ئېتىقات قىلمىغان، ئاخۇنغا ھۆرمەت قىلمىغان بولسا، ئۇلار ھېچنىمىدىن ھەزەر ئەيلىمەيتتى-دە، ئۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى بىلەن باشقۇرۇش تەسكە چۈشەتتى. روسىيىدە قالايمىقانچىلىق ئەمدىلا بېسىقتى، ئېلىمىزنىڭ چېگرىسى نەچچە مىڭ چاقىرىم بولۇپ، نۇرغۇن يېرى روسىيە بىلەن چېگرىداش، رادىكاللارنىڭ مەسلەكلىرى، سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئېقىمى ئېلىمىزگە ئاستا-

ئاستا كىرمەكتە، بۇنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ رادىكال-
لارنىڭ مەقسىدىمۇ دىننى يوقىتىش، ئاخۇنلارنى ئاغدۇرۇش، ئۇلار ئاۋال
جەزمەن دىننى يوقىتىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلىپ، ھۆكۈ-
مەتسىزلىك، مۈلۈكنى تەكشىلەش، باراۋەرلىك دېگەنگە ئوخشاش سەپسە-
تىلەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ... كىشىلەرنىڭ رايىنى ئۆزىگە قارىتىپ،
ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ دىندىن
پايدىلانغىنى، خۇيزۇلار ۋە چەنخۇيلارنىڭ كىتاپ - نامەلىرىگە ھۆرمەت
قىلغىنى تۈزۈك. ... شۇ سەۋەپتىن، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە، شۇنىڭدەك ۋىلا-
يەتلەرنىڭ قارمىقىدىكى ئامباللارغا، ناھىيە ئەمەلدارلىرىغا بۇيرۇيمەنكى،
بۇنىڭدىن كېيىن چەنخۇيلارنىڭ ئاخۇنلىرىنى سەۋەپسىز ئالماشتۇرۇۋەت-
مەڭلار، دىننى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قەستەن خورلاشقىمۇ
بولمايدۇ."①

ياڭ زېڭشىن دىني ئاقساقاللارغا تايىنىپ خەلقنى تىزگىنلىمەكچى
بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغ-
دايتتى، ئۇلارنىڭ خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ۋە خەلققە
ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قوللايتتى. ياڭ زېڭشىنىڭ ئىسلام دىنى
بىلەن خوشى يوق ئىدى، ئۇ پەقەت ئاخۇن قاتارلىق دىني ئاقسا-
قاللارنى نوختىلاش ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى نوختىلاش
كويىدىلا ئىدى، خالاس. ئۇ دائىم مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرىغا
مۇسۇلمانلارغا قۇرئاننى كۆپلەپ سۆزلەش، ئۇلارنى خۇداغا سېغىنى-
دىغان، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىدىغان، جايلاردا تېچلىقنى
مۇستەھكەملەيدىغان قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرەتتى، باشقىچە
ئېيتقاندا، ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھ-

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 2 - قىسىم، 14 - جىلت،
45 - بەت.

كەملەشنى كۆزدە تۇتاتتى. 1921 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرىغا يازغان مۇراجەئەتنامىسىدە مۇنداق دېگەن: ”مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە خەلق نامراتلىشىپ، بايلىق قۇرۇپ كەتتى، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان جايلار كۆپ، ساق تۇرۇۋاتقان جايلار ئاز. شىنجاڭ خەلقىلا 9 يىلدىن بېرى توغرا كەيپىيات ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرمەكتە، خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، چەنتۇي، قازاق، بۇرۇت خەلقى بەخت-سائادەتلىك، تىنچ ـ ئامان ياشىماقتا، بۇ ئىنتايىن زور بەخت. ھازىرقى شارائىتتا، جۇڭگولۇقلار ئىچىدىمۇ، چەتئەللىكلەر ئارىسىدىمۇ تىنچلىقنى بۇزۇش، جايلاردىكى تىنچ ھالەتنى ئۆزگەرتىش قەستىدە بولۇۋاتقانلار بار. پېقىر ئۆلكە باشلىقى شىنجاڭ خەلقىنىڭ نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ، ساتقىنلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقلىرىغا قۇلاق سالماسلىقنى، يامان نىيەتتە بولماسلىقنى، يولدىن چىقىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقنى قاتتىق ئۈمىت قىلىمەن، ئۇنداق ئىشلارنى قىلغانلار ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زىيان سالىدۇ. جايلارنىڭ تىنچ بولۇشى ئەل ـ جامائەتنىڭ بەختى. ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلماي، ئىچى قارىلىق قىلغانلارنى ئاخۇنلىرىمىز، ئاقساقاللىرىمىز نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ يەرلىك ئەمەلدارلارغا مەلۇم قىلسا، بۇنداقلار قاتتىق جازالانسا ياخشى بولىدۇ، توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئەلنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈندۇر، ئۇلارغا مادارا قىلماسلىق كېرەك.“① مانا بۇنىڭدىن ياڭ زېڭشىننىڭ ئاخۇنلارغا تايىنىشتىكى مەقسىدىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

---

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 2 ـ قىسىم، 13 ـ جىلت، 42 ــ 43 ـ بەتلەر.

خەنزۇلارنى نوختىلاش ـ تىزگىنلەشكە كەلسەك، ياڭ زېڭشىن ئىچكىرىدىن چىققان خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىنى "پەسلەر" دەپ قارىغاچقا، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەمەلدار، ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىشىنى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر ياكى جىنايەتچىلەرنى ئەۋەتىشىنى ئىزچىل رەت قىلدى. 1915 ـ يىلى، ئۇ شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان كاندىدات ئەمەلدارلارنى ۋە باشپانا ئىزدەپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇققان، دوست ـ يارەنلىرىنىمۇ راسخوت بىلەن كۆپلەپ ئۆز يۇرتىغا قايتۇردى ھەمدە شىنجاڭغا كىرىش ۋە شىنجاڭدىن چىقىش پاسپورت تۈزۈمىنى ئورناتتى، يەنى ھەرقانداق ئادەم شىنجاڭ ئالى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەستىقىسىز شىنجاڭدىن كېتەلمەيتتى، شىنجاڭغىمۇ كىرەلمەيتتى. شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن ۋە چەتئەللەر بىلەن بولغان خەت ئالاقىسىمۇ تولۇق تەكشۈرۈلەتتى؛ جايلاردا چىقىدىغان گېزىتلەرمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز شىنجاڭغا كىرەلمەيتتى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ كونىلىرىغا (دىخانلىرىغا) ئانچە دىققەت قىلمىغاندىن باشقا، سودىگەرلىرىگە ۋە يېڭىلىرىغا ئۇلارنىڭ گۇرۇھ ـ مەزھەپلىرى بويىچە تىزگىنلەش سىياسىتىنى قوللاندى، ھەرقايسى گۇرۇھ ـ مەزھەپلەرنىڭ پايدا ـ زىيان زىددىيەتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر بىر گۇرۇھ ـ مەزھەپنىڭ بولۇپمۇ گېلاۋخۇينىڭ ھەركىتىنى بىلىپ تۇراتتى؛ سودىگەرلەر بىلەن پومىشچىكلارنىڭ ھەربى، سىياسى ساھەدىكى ئەرباپلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىشىنى توساتتى ھەمدە چەكلەيتتى. ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: بايلار (سودىگەرلەر بىلەن پومىشچىكلارنى دېمەكچى) ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقە باغلاشتا پۇل تېپىشتىكى قولايلىقنى كۆزلىگەن بولسا، بۇ بىر گەپ،

ئەگەر ھۆكۈمەتنى نېرى-بېرى قىلىپ، ئەمەلدارلارنىڭ كۆچمىگە تايىنىپ "خەقنى بوزەك قىلىش"نى كۆزلىگەن بولسا، ئەمەلدارلار بايلارنىڭ پۇلىنى خەجلەپ باشقا مەقسەتكە يەتمەكچى بولغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئەمەلدارلار چاتاقنىڭ ئالدىنى ئالمىسا بولمايدۇ. ئۇ مۇنداق دىگەن: مىنگو قۇرۇلغاندىن بېرى، شۇ سەنتەي غۇلجىدا "شىنمىنشەن" رەخت سېتىش گۇۋانامىسى تارقىتىشتا، لىۇ رۇيتىڭ ماناستا گۇرۇھۋازلىق تەشكىلاتى قۇرۇشتا بايلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا لىيەن كۇي پەرمەتدار بولغاندا، تيەنجىنلىكلەر مەزھىبى بىلەن سەنشىلىكلەر مەزھىبى ئەمەلدارلىقنى تالىشىپ توپىلاڭ كۆتەرگەن، ئۆلكە مەركىزىدىكى پەنخۇجىي كوچىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. شىنجاڭدىكى خەنزۇلار يىتىم قالدۇق دەپ يۇرت بويىچە گۇرۇھ بولۇۋالغان، ئەمەلدارلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ بىر بىرىگە يۆلەنچۈك بولۇشى خالى بولغىلى بولمايدىغان ئىشتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما، ھەر بىر گۇرۇھ بىر بىرى بىلەن قاتتىق زىتلىشىپ قالغاندا، ئۆلكە ئەمەلدارى بۇ ئەھۋالنى يىغىشتۇرالمىسا، ئويلاپ يەتكۈسىز ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر.

ئۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا خۇنەن-خۇبېي گۇرۇھى، جېجياڭ-جياڭشى-جياڭسۇ گۇرۇھى، سىچۇەن گۇرۇھى، يۈننەن گۇرۇھى، گەنسۇ گۇرۇھى دىگەن گۇرۇھلار بار ئىدى. سودا ساھەسىدە تيەنجىن گۇرۇھى، شەنشى-گەنسۇ گۇرۇھى، خۇنەن گۇرۇھى بار ئىدى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، بىر بىرىنى يەكلەيتتى. ياڭ زېڭشىن يۇرتۋازلىق قىلمايتتى، لېكىن ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يۈننەنلىكلەرنى تېخىمۇ ئەتىۋارلىمايدىغان بولۇپ قالغان

ئىدى، باشقا گۇرۇھتىكىلەرنىمۇ نۆۋەت بىلەن ئىشقا قويۇپ، ھېچقايسى گۇرۇھ ئادەملىرىنىڭ مۇھىم ئورۇندا ئۇزاق ۋاقىت چىقىۋېلىشىغا ياكى مۇھىم ھوقۇقنى ئۇزاق ۋاقىت ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويمايتتى، بۇنىڭغا دائىر تەپسىلات توغرىسىدا كېيىنكى بۆلۈمدە توختىلىمەن. سودا ساھەسىدىكى چوڭ ئەربابلارنى ياڭ زېڭشىن كۆپ بولغانىدىمۇ، سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ قوياتتى. ياڭ زېڭشىن ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئەڭ چوڭ گۇرۇھ بولغان تيەنجىن گۇرۇھىدىن سىياسى ساھەگە كىرگەنلەر ناھايىتى ئاز ئىدى، يۇقۇرى ئەمەل تۇتقانلار توغرىلىق ئىغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تيەنجىن گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ ئەمەلدار بولۇشنى مەنسىتمەسلىكى ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ئەمما، ئاساسلىقى، ياڭ زېڭشىن سودىگەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ سىياسى ساھەگە كىرىشىنى چەكلەيتتى.

شۇ چاغدىكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتتە، ياڭ زېڭشىن نوختىلاش-تىزگىنلەش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئون نەچچە يىل ئەمىن-تېچ ۋەزىيەت ياراتقان ئىدى، ئەمما كېيىن، ئويلىمىغان يەردىن پۇتاق چىقتى دىگەندەك، ئۆزى نوختا سالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئۆلدى. فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ تارىخ چاقىنى ئىلگىرىلەتمەسلىك غەرىزى، ئاخىر بېرىپ، نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك، دىگەندەك نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، خالاس.

## قول ئاستىدىكىلەرگە قوللانغان ئۇسۇلى

ياڭ زېڭشىننىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلار ئىچىدە مۇلكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇلار ئىدى، ھەربى ئەمەل-

دارلارنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەپتىسەر، مەسىلەن، شىجاڭ، لۈجاڭدىن باشقىلىرىنىڭ تولىسى بولۇپمۇ يىڭجاڭ دەرىجىلىك ئەپتىسەر-لەرنىڭ تولىسى خۇيىزۇلار ئىدى (ئۇ چاغلاردا يىڭجاڭ بولغان ئازراق ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى).

ياڭ زېڭشىن كادىر ئىشلىتىشتە بىرقانچە پىرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرەتتى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، "ئەخلاق"لىقلارنى ئىشلىتىش. ياڭ زېڭشىن مۇنداق دېگەن: "ئادەم ئىشلىتىشتە ئاۋال ئەخلاقىغا قاراش لازىم، ئەخلاقسىزلارنى ئىقتىدارلىق بولغان ھالەتتىمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۇنداقلارنى كىچىك ئىشقا قويغاندا كىچىك زىيان، چوڭ ئىشقا قويغاندا چوڭ زىيان كېلىپ چىقىدۇ، ئىشقا قويماق ئاسان، ئىشتىن بوشاتماق تەس."① ئۇنىڭ "ئەخلاق-لىق ئادەم" دېگىنى ئۆزىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان، باشقا سۆز-ھەرىكەتلەردە بولمايدىغان، رۇخسەت قىلىنغان دائىرىدە چۆنتىگىنى تولدۇرىدىغان، خۇسۇسى تۇرمۇش جەھەتتە فېئوداللىق جەمىيەتنىڭ ئاتالمىش "ئەخلاقى"غا بىرقەدەر ئەمەل قىلىدىغان، ئومۇمەن، ناچار ھەۋەسلىرى بولمىغان، ئەينى ۋاقىتتا ئۆز گۇرۇھىدا ياكى باشقا گۇرۇھلاردا مەلۇم ئابرويى بولغان ئادەملەر ئىدى. ياڭ زېڭشىن بۇنداقلارنى كۆپىنچە مۇھىم ئورۇنلارغا ئۆستۈرگەن ھەمدە ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەن. مەسىلەن، ياڭ زېڭشىنىڭ ئاساسلىق مەمۇرى ئاپپاراتى بولغان مەمۇرى ئىشلار نازارىتى (مىنگونىڭ 10-يىلىغىچە، مائارىپ نازارىتى، سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى مەمۇرى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قوشۇمچە ئۆتىگەن، بۇ ئىككى نازارەت مەمۇرى

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 12-جىلت، 11-بەت.

ئىشلار نازارىتىنىڭ ئىككى بۆلۈمىگە تەڭ ئىدى)نىڭ نازىرى يى باۋيى (خۇنەنلىك)، جاڭ مىڭيۈەن (يۈننەنلىك)، ساناھەت نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۈشەن (گەنسۇلۇق)، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پەن جېن (ئەنخۇيلۇق)، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ (خۇنەنلىك)، ئاقسۇ ۋالىسى شۇ يىشەن (ئەسلى ئىسمى شۇ چيەن، گەنسۇلۇق)، مەخپىي ئىشلار كاتىۋى گۇ فېن (لياۋنىڭلىق) ۋە ئالدىدىكى بۆلۈمدە تىلغا ئېلىنغان قەشقەر ۋالىسى ما شاۋۋۇ قاتارلىقلار مانا مۇشۇنداق ئادەملەردۇر. مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پەن جېننىلا مىسالغا ئالساق، ئۇ ھەقىقەتەن كونا جەمىيەتتىكى ئاتالمىش ئەخلاقلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ياڭ زېڭشىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن، زادىلا خىيانەتچىلىك قىلمىغان؛ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن پەن جېننىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېپپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭا 3 مىڭ يۈەن پۇل بەرگەن ۋە بۇ ئىشنى خەققە دىمەسلىكنى تاپىلىغان. ئۇ پەن جېننىڭ قولىدا تۈزۈك نەرسە يوق، شۇڭا غەمخورلۇق قىلدىم، بۇ ئىشنى باشقىلار بىلىپ قالسا، كېيىن باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلماق تەس بولىدۇ، دىگەن.

ئىككىنچىسى، ياڭ زېڭشىن ئىشەنچىدارى يۇقىرىراق ئادەملەرنى، زورۇر تېپىلغاندا، ئىشلىتەتتى، ئەمما، بۇنداق ئادەملەر ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرمەي، خالىغىنىچە ھۆكۈم سۈرمەي، ياڭ زېڭشىن كۆرسەتكەن دائىرىدە ئىش قىلىشى كېرەك ئىدى، بولۇپمۇ بۇنداقلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى كېڭەيتىشىنى چەكلەيتتى. يۈننەنلىك ياڭ فېيشيا ياپونىيىدە ئوقۇغان بولۇپ، 1913 ـ يىلى ياڭ زېڭشىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن غۇلجىدا تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچى بەگ (كېيىن شەھەر مۇداپىئە بېگى)

بولغان، شۇ چاغلاردا جايلاردىكى داۋالغۇش ۋەزىيىتىنى ئۇكشىغان، كېيىن روسىيە قازاقلىرىنىڭ غۇلجىغا قېچىپ كېلىش ۋەقەسى بىلەن ئاق ئورۇسلارنىڭ پاراكەندە سېلىش ۋەقەسىدەك جىددى ۋەقەلەرنىمۇ بىر تەرەپ قىلغان. ئەمما، بۇ ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا، ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ سىزىغىدىن چىقالمىغان، گايىدا ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسەتمىسىدىن باشقىچىرەك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ھەر قېتىم دىگۇدەك ياڭ زېڭشىندىن دەككە يىگەن. مەسىلەن، ئۇ شەھەر مۇدا- پىئە بېگى بولغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، روسىيە قازاقلىرى غۇلجىغا قېچىپ كەلگەندە يېڭى قوشۇن بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئاق ئورۇسلار غۇلجىغا كىرگەندە، ئاق ئورۇسلارنى تۇتۇپ ئۆلكە مەركىزىگە ئېپبېرىشنى تەلەپ قىلغان، كېيىن مەمۇرى ئاپارات تەسىس قىلىشنى، قىسمىدىكى كەم قالغان ئەپتىسەر-جەڭچىلەرنىڭ سانىنى تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئۇنىڭ بۇ چوڭراق تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياڭ زېڭشىن رەت قىلغان. 1922-يىلى بولسا كېرەك، ياڭ زېڭشىن ئاخىر ئۇنى ۋەزىپىسىدىن يۆتكىدى ۋە بىكار قىلىپ قويۇپ ئىشلەتمىدى. ياڭ فېيشيامۇ چاققان چىقىپ، دەرۋىشلىك چاپىنىنى كىيدى-دە، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، جېنىنى ساقلاپ قالدى. يەنە مەسىلەن، ھەربى ئىشلار جەھەتتە قابىلىيەتلىك بولغان جاڭ جيەن چاغانتوقاينى ساقلاش، ئاق ئورۇسلارنىڭ چۆچەكنى پاراكەندە قىلىش ۋەقەسىنى ھەل قىلىش قاتارلىق زور ئىشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش مەسىلىسىدە ياڭ زېڭشىن ئۆزى ھەممىنى پىلانلاپ بەرگەن، ھەتتا ھەربى يۈرۈش ئورۇنلاشتۇ- رۇلمىسى، چەتئەللىكلەر بىلەن بولغان ئالاقىدىكى نوتا ئارگىنالى

قاتارلىقلارنىمۇ ياڭ زېڭشىن ئۆزى تەييارلىغان، تېلېگىرامما بۇيرۇق-لىرى ياڭ زېڭشىننىڭ يوليورۇقلىرى بويىچە بېرىلگەن؛ چۈچەكتىكى ۋەزىيەت تۇراقلىشىپ بولغاندا، جاڭ جىيەننىڭ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن ياڭ زېڭشىن ئۇنى ۋاللىق مۇددىتى توشمايلا چۈچەك-تىن دەرھال يۆتكەپ كەلدى ۋە ئىككىنچى مۇھىم ئىشقا قويمىدى.

ئۈچىنچىسى، قورقۇنچاق، قابىلىيەتسىز، ئەمەلدار بولۇشنى بېيىش-نىڭ يولى قىلىۋالغان، ئەمما ئارتۇقچە ئەسكىلىك قىلىشقا پېتىنالماىدىغان كىشىلەرنى ياڭ زېڭشىن ئىچ-ئىچىدىن كەمسىتەتتى، لېكىن ئۇنداق ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىگە زىيان كەلتۈرەلمەيدىغانلار دەپ قارايتتى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى ئاساسلىق يەرلىك ئەمەل-دارلار (ناھىيە ئامباللىرى) مۇشۇنداق ئادەملەر ئىدى، بېيجىڭغا پارلامېنت ئەزاسى قىلىپ ئەۋەتىلگەنلەر ياكى ئىچكىرىگە ئەۋەتىلگەن-لەر ۋە چەتئەلگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەنلەرمۇ مۇشۇنداق ئادەملەر ئىدى. مەن ياڭ زېڭشىننىڭ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ بەك كۆپ خىيانەتچىلىك قىلغانلىقىغا ئاچچىقلانغانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن ئىدىم، ئەمما مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئۇ ئۆز قولى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بىرنەچچە خىيانەتچى ئەمەلدارنى ئۆلتۈر-گەنلىكى ۋە سولىغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، كۆپ بولغاندىمۇ بۇنداقلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايتتى ياكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن شىنجاڭدىن چىقىرىۋېتەتتى، خالاس. مەسىلەن، 1922-يىلى ئاقسۇ ئامبىلى شۇ ۋېنبىن چارۋا بېجىنى كۆپ ئالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەيىپلەنگەندە، ياڭ زېڭشىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ قاتتىق جازالاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپلا قويدى، لېكىن شۇ ۋېنبىن كېيىن يەنىلا ئەمەلدارلىق سورۇنىدا

تاشىڭ شىسەي ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەرگىچە يۈردى، 1935 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قۇتۇبىدا ھاكىم بولۇپ ئىشلەۋاتقان چېغىدا خىيانەتچىلىك سەۋەبى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا تۈگەشتى. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، شۇڭا ئۆزىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغان، ئەمەلدار بولۇشتىن باشقا، يەر ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن ئوقەت قىلىپ، ئېكسپىلاتاتسىيىگە تايىنىپ بېيىغانلارنى ياڭ زېڭشىن ياخشى كادىر ھېساپلايتتى، مەسىلەن، "سامان قوساق" دېيىلىدىغان لى رۇڭ (باركۆللۈك، كېيىن ئۈرۈمچىگە ۋالى بولغان، شۇنىڭدەك سانائەت ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن جىلى، فېڭتيەن قاتارلىق جايلارغا بارغان)، تۇرمۇش ئىستىلىدا ئىزچىل تۈردە ياڭ زېڭشىننى ئۆلگە قىلغان لى جۇڭلىن (غۇلجىلىق، لەقىمى "لى موڭغۇل"، ئاخىردا چۆچەكنىڭ ۋالىسى بولغان) ياڭ زېڭشىن ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا دەۋر سۈرگەن ھەمدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. لى جۇڭلىن: ياڭ جياڭجۈن نادان، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، ئۆزىنى قابىل كۆرسەتمەيدىغان، ئۆز كېيىمىنى يورغىلاتمايدىغان ئادەملەرگە ئامراق دېگەن. لى جۇڭلىن ئەينى يىللاردا بېيجىڭدا پارلامېنت ئەزاسى بولغان چېغىدا "ساۋساۋ تەرەپكە ئۆتكەن شۇ شۇدەك بولۇش"نى مەقسەت قىلغان، تۈزۈكرەك گەپمۇ قىلمايدىغان بولۇۋالغان. كوچا ئايلىنىش، زىياپەت يېيىش قاتارلىق ئىشلاردىن باشقا، ئۇ بۆلەك ئۆلكىلەردىن كەلگەن پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ھېچقانداق سىياسى ئالاقە قىلمىغان، پەقەتلا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنى ياڭ جياڭجۈنگە مەلۇم قىلغان، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلغان.

تۆتىنچىسى، ياڭ زېڭشىن ئىچكىرىدىن ئەۋەتىلگەن بىرقەدەر قابىلىيەتلىك ياشلارنى① ئىشلەتسىمۇ، ئەمما، فەن ياۋنىيەننى ھىساپقا ئالمىغاندا، تاۋ مىڭيۈ، چېن دېلى، جاڭ شىن، ۋاڭ يىڭلۇ، تۇ گۇڭچېڭ، چېيۇ داجىڭ قاتارلىقلارنى كۆپ بولغاندىمۇ ئامبال قىلىپ قويغان ياكى بەزى ئىش باشقۇرغۇچى ئورگانلارنىڭ ۋەزىپىسى بار، ھوقۇقى يوق ھەيئەتتى قىلىپ قويغان ھەمدە ئاستىرتىن نازارەت قىلغان. تاۋ مىڭيۈ 1915 ـ يىلى شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، ياڭ زېڭشىن ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاران ھاكىم بولالىغان②.

بەشىنچىسى، ياڭ زېڭشىن ئەپتىسەرلەرنىڭ كەم ئىشتات تەمناتىنى يەپ يېتىشىغا رازى ئىدىكى، قوشۇننى رەتكە سېلىپ، مەشىق قىلىشىغا رازى ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ 1921 ـ يىلىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملىشىش بىلەن، ئۇ ئەسكەر توغرىلىق پاراڭ قىلىشتىن تېخىمۇ بىزار بولدى. 1928 ـ يىلى مەن ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ھەيئىتى ۋاقتىمدا، ئۇ بىر كۈنى ماڭا تۇرپانغا بېرىپ، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ بۇ يولنىڭ ياسىلىۋاتقىنىغا ئۇزاق بولدى، تېخىچە

---

① 1921 ـ يىلىدىن ئىلگىرى، شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىنى ياڭ زېڭشىن رەت قىلسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ رۇسچە مەكتەپنى ۋە سىياسى قانۇن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچى-لارنى، دىپلوماتىيە خادىملىرىنى ۋە بىرنەچچە ئەمەلدارنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن.

② يۇقۇرىقىلاردىن تۇ گۇڭچېيۇ كېسەل بولۇپ ئۆلگەندىن باشقا، قالغانلارنى شىڭ شىسەي دەۋرىدە شىڭ شىسەي تۇراقسىز ئۇنسۇرلار دەپ ھىساپلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

پۈتمەيۋاتقىنىغا قارىغاندا چوقۇم مەسىلە بار دەپ ئويلىغان ئىكەن.
مەن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا، جىياڭجۇن يول ياساشقا 11 لىيەن
ئەسكەر چىقارغان، يەنە كېلىپ ئەسكەرلەرگە قوش مائاش بەرگەن
بولسىمۇ، رەسمىي يول ياساۋاتقانلار ئۇنچىلىك كۆپ بولمىسا كېرەك،
دېدىم. نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈۋىدىم، ئەمەلىيەتتە 345 ئەسكەر
يول ياساۋېتىپتۇ، ۋاھالەنكى، شۇ چاغدىكى ھەربىي تۈزۈم بويىچە، 11
لىيەندە كەم دېگەندە مىڭ ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۆلكە
مەركىزىگە قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدىم، ئۇ يەرنى
تېپىپ تۇرۇپ: "ئىپلاسلىق! ئىپلاسلىق!" دەپ تىللاپلا قويدى.
ئەمما ئۇ ئەپىتسەرلەرنىڭ كەم ئىشتات تەمىناتىنى يەپ ياتقانلىقىنى
بىر تەرەپمۇ قىلمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆلكى ئەمەلدارلارنىڭ
ئازراق پۇل خىيانەت قىلىشى، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ كەم ئىشتات
تەمىناتىنى يەپ يېتىشى ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى؛ ئادەمدە
مۆلۈك بولسا، بېيىشنىڭ يولى تېپىلسا، ئىسيان كۆتەرمەيدۇ دەپ
ھېساپلايتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قارىشىمۇ بار ئىدى: "ھاكىمىيەتنى
مۆلكى ئەمەلدارلار ئارقىلىق باشقۇرغاندا، ئۇلارنى ئىشلەتمەسلىككە
توغرا كەلسە، ئالماشتۇرۇۋېتىش ئاسان؛ ھەربىي ھوقۇقنى ھەربىي
ئەمەلدارلارغا تۇتقۇزۇپ قويغاندا، ئۇلارنى ئىشلەتمەسلىككە توغرا
كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كەشىنى توغرىلاش تەس."① شۇڭا، ئۇ ھەربىي
ھوقۇقنى ئاسانلىقچە خەققە تۇتقۇزۇپ قويمايتتى، بەزى يۇقۇرى
دەرىجىلىك ئەپىتسەرلەر مۆلكى ئەمەلدارلىقتىن كەلگەنلەر ئىدى،

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 12 ـ جىلت،
11 ـ بەت.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. 1921 ـ يىلىدىن كېيىن، ئۇ ئەسكەرلەرنى راسا قىسقارتتى، شى، لۇ دېگەنلەرنىڭ تولىسى قۇرۇق نام ئىدى، مەسىلەن، قۇرۇقـلۇق ئارمىـيە 1 ـ شىسى (شىجاڭى جياڭ سۇڭلىن) دىكى نەق ئادەم بىر تۇەنلا چىقاتتى، قۇمۇل، قەشقەر، غۇلجىلاردا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىردىن لۈيى بار ئىدى، ئەمەلىيەتتە، غۇلجىدىكىسىدىن باشقا جايدىكىـلىرىنىڭ ئادىمى بىر تۇەنمۇ كەلمەيتتى. مۇداپىئە يىڭى دېگەن نام بولىسا تېخىمۇ قۇرۇق نام ئىدى، داۋانچىڭ، تاشۋېلىق (تاللاچىن)، تاشقورغان قاتارلىق مۇھىم ئېغىزلارنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەرنىڭ تۈزۈلمىسىلا بەلگىلەنگەن ساندىن ئانچە بەك پەرقلەنمەيتتى. ياڭ زېڭشىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە ۋە مۇستەھكەملەشتە تايانغان يېڭى قوشۇنى — خۇيزۇلار قوشۇنىغا ئىزچىل تۈردە ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ قوشۇننىڭمۇ يېرىمى شاللاندى. بىر بىرىنى تىزگىنلىتىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن تەشكىلىي جەھەتتە ھەربىي قوشۇندا ھەر مىللەت كىشىلىرىنى تەڭ ئىشلىتەتتى، ئەمما ئىچكىرىدىن چىققان خەنزۇ كۆچمەنلىرىنىڭ قىسمىغا كىرىپ قېلىشىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە توساتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن: ”ئۆلكىمىزدىكى ئادەمنى ئەسكەرلىككە ئالساق، خالىغاندا چاقىرىمىز، خالىغاندا ھەيدەيمىز؛ باشقا ئۆلكىنىڭ ئادەملىرىنى ئەسكەرلىككە ئالساق، ئۇلارنى يىغماق ئاسان، تارقىتىش تەس، شۇڭا باشقا يۇرتلۇق ئەسكەرنى ئىشلەتكەننىڭ پايدىسى ئاز، زىيىنى كۆپ.“① ئۇ يەنە

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 12 ـ جىلت، 47 ـ بەت.

مۇنداق دىگەن: شىنجاڭنىڭ خەۋپسىزلىگىنى ئەسكەر بىلەن قوغدىغىلى بولمايدۇ، ئەسكەر بىلەن چەتئەلگە تاقابىل تۇرۇش توغرا كەلسە، ئەنگلىيە، روسىيىلەرنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يەڭگىلى بولمايدۇ؛ جايلارغا قارىتا ئەسكەر ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسيان كۆتىرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، بىرنەچچە لۈ خەنزۇ قوشۇنىغۇ ھىچنىمىگە كار كەلمەيدۇ، ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن بولغان ھالەتتىمۇ ھىچنىمىگە دال بولمايدۇ؛ شىنجاڭنىڭ ئامانلىغىنى قوغداشتا سىياسى جەھەتتىن تۇتۇش قىلىش كىرەك. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرگە دائىم: مەن شىنجاڭدا ئون نەچچە يىل "شەھەرنى قورۇقداش ھىلىسى" بويىچە ئىش كۆردۈم، دىگەن ئىدى، ئەمىلىيەتمۇ دەل شۇنداق بولدى.

يۇقۇرىدا ئىيتىلغان 5 نۇقتا ياڭ زېڭشىننىڭ كادىر ئىشلىتىشتىكى مىزانى ۋە ئەسكەرلەرنى مەشق قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىگى ھەتتا بۇنى رەت قىلىشىنىڭ داۋلىسى. كادىرلارنى كونتۇرۇل قىلىش جەھەتتە، بىرىنچىدىن، ئۇ ھىچقايسى يۇرتۋازلىق گۇرۇھىغا چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋىلىش پۇرسىتىنى بەرمەيتتى. مەسىلەن، ئەزەلدىن شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار سورۇنىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن خۇبېي، خۇنەنلىكلەر گۇرۇھى ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللەردە گەنسۇلۇقلار گۇرۇھى بىلەن ئوخشاش ھوقۇق تۇتقان. ليۇ ۋېنلۇڭ، يى باۋيى قاتارلىقلارنىڭ كۈچى يەن يۇشەن، شۇ يىشەن قاتارلىقلارنىڭكىدىن ئۈستۈن كېلەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى گۇرۇھ-مەزھەپلەر ياڭ زېڭشىندىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئۆز ئادەملىرىنى ئىشقا قويالمايتتى. جياڭشى-جياڭسۇ-

جېنجىياڭ گورۇھىنى ياڭ زېڭشىن ئىدىيىسى مۇرەككەپرەك دەپ ھىساپلايتتى، شۇڭا بۇ گورۇھنىڭ ئادەملىرىنى مۇھىم ئورۇنغا كەمدە-كەم قوياتتى. ياڭ زېڭشىن ھەربى ئىشلاردا ئومۇمەن خۇيزۇلارغا تاياناتتى، ئەمما ئۇلارنى سىياسى ئىشلارغا ئارىلاشتۇرمايتتى.

ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى چوڭ شەھەرلەردە ھەرقايسى ئۆلكىلەر-نىڭ سودا سارايلىرى كۆپ ئىدى، ياڭ زېڭشىن بۇلارنى بىكار قىلمىدى، ئەمما بىرەر ئۆلكىنىڭ سودا سارىيىنىڭ جايلارنىڭ ئىقتى-سادىي ۋە باشقا مەمۇرى ھوقۇقىنى تەنھا ئىگىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن بىر بىرىنى تىزگىنلەش يولىدا پايدىلاندى. مەسىلەن، بىر مەزگىل ئالتايدا سىچۈەنلىكلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولدى، ئالتايدىكى سىچۈەن سودا سارىيى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ، سارايىنىڭ ئىچىدە تىياتىرخانا باز ئىدى، ئالتاي شىنجاڭغا قارايدىغان بولغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن سىچۈەنلىكلەرنىڭ مەمۇرى ھوقۇقىنى تەنھا ئىگىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالتايغا سىچۈەنلىكتىن ئەمەلدار ئەۋەتمىدى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشۈم كېرەككى، ياڭ زېڭشىن ئۆزى يۇرتۋازلىق قىلمايتتى، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان يەن يۇشەن، پەن جېن، ليۇ ۋېنلۇڭ، شۇ چيەن قاتارلىق يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن تايانچلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىققان.

ئىككىنچىدىن، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە "ئىشپىيون" دىگەن نام بولمىسىمۇ، ياڭ زېڭشىن جايلاردا خېلى نۇرغۇن كۆز-قۇلاق قويغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلكە مەركىزىگە ئەمەلدارلار ۋە

مۆتىۋەرلەر كەلسە، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم قوبۇل قىلاتتى، بەزىدە يېپىندىكىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز سۆزلىشىپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەيتتى، شۇڭا، ئۇن نەچچە يىل داۋامىدا ياڭ زېڭشىن ئۆلكە مەركىزىدىن چىقمىغان بولسىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ۋە جايلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ئاساسىي جەھەتتىن مەلۇم ئىدى. كاتولىك دىنىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق نېمىس پوپى شۇبودىن: "قۇمۇلدا بىر چۇسىنىڭ قىزىنىمىسى ئۆرلەپ قالسىمۇ، ياڭ جياڭجۇن ئۇنى بىلىدۇ" دىگەن. بۇ شاڭخو پاراڭ بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىنىڭ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشىدىغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە يەرلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزى دىققىتىنى بۆلۈپ يۈرۈۋاتقانلارنى پايلاپ يۈرەتتى. مەسىلەن، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن قەشقەر باشبۇغى ما فۇشىڭنىڭ تۈرلۈك سۇيىقەستلىك ھەركەتلىرىنى ما فۇشىڭ بىلەن شەخسى پايدا-زىيان زىددىيىتى بولغان كونىشەھەر ئامبىلى ما شاۋۋۇ ئارقىلىق بىلىپ تۇرغان. ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭنى جايلىۋېتىش توغرىسىدا ما شاۋۋۇغا مەخپى بۇيرۇق بەرگەندە، ما شاۋۋۇ شەخسى ئاداۋىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بىر تۈەن ئەسكەر بىلەن كېچىلەپ مېڭىپ قەشقەرگە بېرىپ، ما فۇشىڭنى ئوغلى بىلەن بىللە تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ياڭ زېڭشىن ھەر ئىشقا ئۆزى قول تىقاتتى، بولۇپمۇ كادىرلار مەسىلىسىگە دائىر مەخپى خەت، تېلېگراممىلارنى ئۆزى كۆرەتتى، ئۆزى تەييارلايتتى؛ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشلار بۆلۈمىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى تۇتاتتى، تېلېگرامما تەرجىمە قىلغۇچىلار 3-زالدا تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ھەركەت ئەركىنلىكى يوق ئىدى.

1924 ـ يىلى بولسا كېرەك، بىر تېلېگىراممىا تەرجىمە قىلغۇچى تۇساتـ
تىنلا ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ بىرنەچچە قېتىم ھەركەت قىلدى ھەمدە
ئۇرۇمچى يەرلىك ھۆكۈمەتتىكى شەھەر ئىلاھى مېنى چاقىرتتى دىگەن
ئۆسەك سۆزنى تارقاتتى. ياڭ زېڭشىن رەڭۋازلىق قىلىپ، شەھەر
ئىلاھىغا ئېتىرازنامە يازدى، ياڭ زېڭشىن ئەۋەتكەن ئادەم بۇ
ئېتىرازنامىنى شەھەر ئىلاھى بۇتخانىسىدا ئوقۇدى ۋە كۆيدۈرۈۋەتتى.
كېيىن بۇ تېلېگىراممىا تەرجىمە قىلغۇچى سىپىلدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ،
كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈگىنى تاپقىنىدا، ئۇ بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ
تۇرغان ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئادەم ياڭ زېڭشىننىڭ
جىق مەخپىيەتلىرىنى بىلىدىكەن، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا ئۇخلىتىش
كارامىتىنى ئىشلىتىپ، شەھەر ئىلاھىغا خىزمەت قىلىشقا رازى بولىدىغان
ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ مەخپىيەتنى ئاشكارىلاپ
قويۇش ئېھتىمالى بولغان بۇ كىشىنىڭ كانىيىدىن ئېپتۇ.

ئۇچىنچىدىن، ياڭ زېڭشىن ”ئادەمنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشتا، ئاچمۇ
قويماسلىق، زىيادىمۇ تويغۇزۇۋەتمەسلىك يولىنى تۇتۇش كېرەك“
دىگەن①. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن كادىرلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ھامان
ئۇلارنىڭ نەپسىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇراتتى، ئەمما تولۇق قاندـ
دۇرمايتتى، بولۇپمۇ مەمۇرى ھوقۇق بېرىش جەھەتتە شۇنداق ئىدى.
ياڭ زېڭشىن دائىم: ”تويغان قۇش ئىگىز ئۇچىدۇ“ دەيتتى. ئەمما،
تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزى ئىدى: ”كىشىلەرنىڭ نەپسىنى
مەن قاندۇرىمەن، ئۇلار مېنىڭ تىزگىنىمدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» 16 ـ جىلت،
9 ـ بەت.

بولسۇن". ئۇ ئۆزى "هاكىمىيەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ" دەپ ھېساپلىغان-
لارغا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلمايتتى. دائىم ئۆزى بىلەن كىلاس-
سىك ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆزلىشىدىغان گوۋي فېنغا مۇنداق دىگەن:
"زىياندا شلارنى يوقىتىش زەھەرلىك يىلاننى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش
ئىش، بۇ ئىشتا كەسكىن بولۇش كېرەككى، ۋاقىت سەللا كېيىنگە
سوزۇلسا، ئىش سۇغا چىلىشىدۇ. مەن خەقنى جايلىمىسام، خەق مېنى
جايلىۋېتىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت-مەغلۇبىيەت، ھايات-مامات بىر دەمدە
بەلگىلىنىدىغان ئىش. بىر قارارغا كېلىدىغان چاغدا قارارغا كېلەلمەس-
لىك بالاغا تىقىدۇ." گوۋي فېن: ياڭ جياڭجۈن ئەزەلدىن چىقىشقاق
ئىدى، ئەمما ياتلارنى يوقىتىشتا ھىچقاچان ئىككىلەنمىگەن، دىگەن.
1928-يىلى باش يازدا بىر كۈنى مەھكىمىگە① بارغان ئىدىم، بىر
ئەسكەر 3-زالنىڭ سىرتىدا باغلاقلىق تۇرۇپتۇ، ياڭ زېڭشىننىڭ
جىيەنى بۇ ئەسكەرگە راستىنى ئېيت دەۋېتىپتۇ، ئەمما بۇ قاۋۇل
يىگىت قاتتىق تۇرۇۋېلىپ: "ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈر، دەيدىغان گېپىم
يوق!" دەپ جاۋاپ بەردى. 3-زالغا كىرسەم، ياڭ زېڭشىن چىرايىدا
قان قالمىغان تۇستە ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ: "ئۆلتۈرۈلسۇن! ئۆلتۈرۈلسۇن!"
دىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىلىقى ئەسكەرنى ئېتىۋېتىشكە ئېلىپ چىقىپ
كېتىشتى. كېيىن ئۇقسام، ئۆلتۈرۈلگەن ھىلىقى ئەسكەر ئۆزىچىلا
تۆر ئۆيگە كىرىپتۇ، نىمە ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى دىمەپتۇ. ياڭ زېڭشىن
ئۇنى قاتىللىق قىلغىلى كىردى دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، شۇڭا
ئۇنى دەرھاللا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، ئۇرۇم-

① ئۇ چاغلاردا ئادەتتىكى ئادەملەر تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنى "مەھكىمە"
دەيتتى.

چىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى ئەسكەرلەر دېخانچىلىقنىڭ ئالدىراش چاغلىرىدا ياكى شەھەر ئاھالىلىرى ئىمكارغا مۇھتاج چاغدا ئۆز ئىختىيارىچە بۇغداي ئورۇش، قار تازىلاش① قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ، پۇل تاپاتتى. ئۇ چاغدا ئەسكەرلەرگە ئېيىغا 4 سەر 2 مىسقال مائاش بېرىلەتتى، ئەسكەرلەر پۇقرانىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بەرسە، كۈنىگە 5 مىسقالدىن 1 سەرگىچە (قەغەز پۇل ھىساۋىدا)ھەق ئالاتتى، شۇڭا ئەسكەرلەر ھامان شۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا پۇرسەت ئىزدەيتتى. بۇنداق قىلىشقا يالڭ زېڭشىن سۈكۈت قىلاتتى، ھالبۇكى، بىر ئەسكەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ شۇ ئەسكەرنى ئۆلتۈردى، بۇ ھال ئۇنىڭ شەيئىلەرنى قانداق دەڭسەيدىغانلىقىنى، قول ئاستىدىكىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ "نەپسى"نى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۈلكىنى تولۇق، كۆڭلىنى توق قىلىش ئۈچۈن، كۆپىنچە، قول ئاستىدىكىلەرنى ئەمەلدار بولۇشتىن باشقا، قوشۇمچە دېخانچىلىق، سودىگەرلىكتەك قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇ بىر خېتىدە مۇنداق دېگەن: "يەرلىكلەردىن سىياسى ساھەگە كىرگەنلەر دېخانچىلىق ۋە سودىگەرلىكنى رەسمىي كەسىپ قىلىشى، ئەمەلدارلىقنى قوشۇمچە قىلىشى لازىم، دېخانچىلىق بىلەن سودىگەرلىكنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەسلىكى، ئەمەلدارلىقنى تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ بىرلا يولى قىلىۋالماسلىقى كېرەك. ... باشقا يۇرتتىن كېلىپ شىنجاڭدا ئەمەلدار بولۇۋاتقانلار ئەمەلدارلىقنى رەسمىي كەسىپ قىلغان بولسىمۇ،

---

① ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە لاي سېلىنغان بولۇپ، قىشتا قار ياغسا، ئۆگزىلەردىكى قارنى تازىلىۋېتىش كېرەك ئىدى.

ئەگەر ماتاش كىرىمىدىن سەللا ئېشىنغۇدەك بولسا، قوشۇمچە سودىگەرلىك ياكى دېخانچىلىق قىلىشنى قوشۇمچە كەسىپ قىلىۋېلىشى كېرەك. ئەمەلدارلىقتىن باشقا كەسىپنى بىلمەيدىغانلار تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ ـ دە، تىرىكچىلىك قىلىشى تەس بولىدۇ.“① شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى چوڭ پومېشچىك ياكى كاپىتالىستلاردىن بولۇپ قالغان (مەسىلەن، ليۇ ۋېنلۇڭ، لى جۇڭلىنلارنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى، ئۆي ـ جايلىرى بار ئىدى) ھەمدە ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق بېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ياڭ زېڭشىندىن قاتتىق مىننەتدار بولۇپ، مەڭگۈ مۇشۇنداق باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىشاتتى.

## زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئالدىدىكى دات ـ پەريات

ياڭ زېڭشىننى شىمال مىلىتارىستى دېسەك، ئۇ ھالدا، ئۇمۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ۋەكىللىك قىلغان سىنىپنىڭ مەنپەئەتى باشقا شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قانداق قوغداش ۋە ئۆز سىنىپىنىڭ ئىستىقبالىغا قانداق قاراش جەھەتلەردە ياڭ زېڭشىن باشقا شىمال مىلىتارىستلىرىغا ئوخشىمايدۇ. نىمە ئۈچۈن ئوخشىمايدىغانلىقى تارىخچىلارنىڭ تەھلىل قىلىشىغا قالسۇن، بۇ يەردە ئۆزەم بىلىدىغان پاكىتلارنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

---

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 2 ـ قىسىم، 14 ـ جىلت، 47 ـ بەت.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، فېئودال پومېششىكلارنىڭ بيۇروكرات ھۆكۈمرانلىقىغا كېتىدىغان خىراجەتنى قانداق ئۇندۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئىقتىسادىي مەسىلىگە دۇچكەلدى.

كىشىلەرگە مەلۇمكى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىزچىل تۈردە باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن، يەنى باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردەملىرىگە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق راسخودىنى قامداپ كەلگەن①. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ياردەملەر ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىدىغان ھالدا جايلارنىڭ ھەممىسىدە ھەربىي بولۇپ، ئۇنىڭ چىقىمى بەك كۆپ ئىدى. ھۆكۈمرانلار مالىيە جەھەتتە خانىۋەيران بولۇش دەرىجىسىگە بېرىپ قالماسلىق ئۈچۈن، خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتتى. ئەمما، ياڭ زېڭشىن بۇرۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا كۆپ يىللار يەرلىك ئەمەلدار بولغاچقا، خەلقنىڭ يىلىگىنى شوراش، زۇلۇم ۋە تالان-تاراجنى كۈچەيتىشنىڭ جەزمەن يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان "بالا-قازا" كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ مۇنداق ئۇسۇللارنى قوللاندى: بىرىنچى، قەغەز پۇل تارقىتىش يولى بىلەن ۋاستىلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش؛ ئىككىنچى، باجنى ساختىلىق بىلەن كۆپەيتىش؛ ئۈچىنچى، "كونا قائىدە" دېگەن نىمىلەرنى بىكار قىلىپ، ئەمەلدارلارنىڭ شەخسى

① شىنخەي ئىنقىلاۋىغىچە باشقا ئۆلكىلەردىن يىلىغا بېرىلىدىغان ياردەم 2 مىليون 300 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئىدى، ئەمما ئەمىلىي سان بۇنىڭغا يەتمەيتتى.

چۈنتىگگە چۈشكەن بىر قىسىم مال ـ مۈلۈكنى ئۆلكىنىڭ غەزنىسىگە ئېلىش؛ ئۆتىنچى، چىقىمنى تېجەش. ئۆۋەندە مۇشۇ تۆت جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرىمەن.

مالىيەدىكى مەسىلىنى قەغەز پۇل تارقىتىش يولى بىلەن ھەل قىلىش مۇقەررەر ھالدا پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. 1917 ـ يىلدىكى ئەھۋالىنى ئالساق، 8 مىليون سەردىن كۆپ (ئۇ چاغدا شىنجاڭدا پۇل بىرلىكى سەر دېيىلەتتى) قەغەز پۇل تارقىتىلغان ئىدى، ۋاھالەنكى تارقىتىشقا تەييارلانغان ئەمەلىي پۇل ــ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كىرىمى ئاران 3 مىليون سەر ئىدى، شۇڭا قەغەز پۇل كۆمۈشكە ئايرىۋاشلانغاندا، ھەر 100 سەر كۆمۈشكە 70 ـ 80 سەر پۇل قوشۇپ بېرىلەتتى①. 1918 ـ يىلى، روسسىيە بىلەن بولغان سودا توختاپ، كۆمۈشنىڭ سىرتقا ئېقىشى ئازايغاچقا، قەغەز پۇل بىلەن كۆمۈشنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتىدە پەرق ئانچە چوڭ بولمىدى. ۋاھالەنكى، بۇ ۋاقىتلىق ئەھۋال ئىدى. ياڭ زېڭشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، يىللىق كىرىم ـ چىقىم ئاساسەن دېگۈدەك بىرگە ئۈچ نىسبەتتە بولۇپ، مالىيەدىكى قىزىل رەقەم تامامەن قەغەز پۇل تارقىتىش يولى بىلەن تولدۇرۇلۇپ، زىيان خەلققە ئىتتىرىپ قويۇلدى. بىر مەزگىلدە (1921 ـ يىلدىن بۇرۇن)، ياڭ زېڭشىن پۇلنىڭ كۇرسى شىددەت بىلەن چۈشكەن چاغدا، قەغەز پۇل بىلەن كۆمۈشنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، غەزنە ـ

---

① پۇل پاخاللاشقاچقا، مال باھاسىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى، ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر دەن بۇغداي ئالدىنقى يىلى 5 سەر بولغان بولسا، 1915 ـ يىلى 20 سەرگە چىققان.

دىكى ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئېلىپ چىققان. ئەمما، بۇ ئۇنىڭ "سېھىرگەرلىكى" بولۇپ، بايا ئۇ 3 ـ زالدىكىلەرنى تەشكىللەش ۋە ئاز ساندىكى باي سودىگەرلەر بىلەن چوڭ پومىششىكلار ئارقىلىق پۇلنى تېگىشىۋېلىپ قەغەز پۇلنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى ۋاقىتىنچە مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئايرىۋاشلاپ كېتىلگەن مېتال پۇلنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى يەنىلا ئۆلكىنىڭ غەزنىسىگە قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغان ئىكەن. بۇنداق "سېھىرگەرلىك" ئەلۋەتتە ئۇزاققا بارالمايتتى، قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ مەلۇم دەرىجىگە بارغاندا، بۇ چارە كۈچتىن قالدى ـ دە، ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى. 1912 ـ يىلدىن ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن بىر يىل ئىلگىرىكى 1927 ـ يىلغىچە بولغان 16 يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمى 49 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ قىزىل رەقەم پۈتۈنلەي قەغەز پۇل تارقىتىش يولى بىلەن تولدۇرۇلغان. 1915 ـ يىلىلا ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزى مۇنداق ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان: "قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، نەرسىلەرنىڭ نەرقى ئۆرلەپ كەتتى، بىر سەرگە كېلىدىغان نەرسە هازىر بىرنەچچە سەرگە چىقتى، سودىگەرلەر بېسىمدارلىق قىلدى، يەنىلا نامراتلار زىيان تارتتى. قەغەز پۇلنىڭ تولىسى خەلق ئارىسىدا، شۇڭا بۇ هال ھېچبىر ئالامەتسىزلا خەلقنىڭ يۈكىنى چەكسىز ئېغىرلاشتۇردى."① قەغەز پۇلنى كەلسە ـ كەلمەس تارقىتىش "خەلقنىڭ يۈكىنى چەكسىز ئېغىرلاشتۇرغانلىقى"نى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋاستىلىك

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 9 ـ جىلت، 2 ـ كىتاب، 12 ـ بەت.

بۇلۇۋالىدىغان بۇنداق ۋاستىدىن ۋازكەچمەسلىك ئەكسىيەتچى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنى قانداق تالان-تاراج قىلغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

باجنى ساختىپەزلىك بىلەن كۆپەيتىش مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆز گېپىنى نەقىل كەلتۈرسەم كۇپايە قىلار. ياڭ زېڭشىن 1915-يىل 4-ئاينىڭ 29-كۈنى بېيجىڭ هۆكۈمىتىگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا مۇنداق دىگەن:

"... ئۆلكە قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئۆلكىمىزدە 5-6 يۈز مىڭ سەرلا كىرىم بولاتتى. ... شۈەنتۇڭنىڭ 3-يىلىدىكى خامچوتقا ئاساسلانغاندا، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ياردەم قىلغىنىنى هىساپقا ئالمىغاندا، ئاران بىر مىليون 160 مىڭ سەردىن ئارتۇقراقلا كىرىم بولغان. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پېقىر ياڭ زېڭشىن ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، چەتتىن ياردەم ئېلىشنىڭ تەسلىگىنى ئوبدان بىلىپ يېتىپ، ئۆلكىمىزنىڭ ئەهۋالىغا قاراپ پىلانلاشقا مەجبۇر بولدۇم، باجنى كۆپرەك ئالغىلى بولسىلا، كۆپ ئالدۇق، يەنە ئوتتۇرىدىن نەپ ئېلىش تۈگىتىلىپ، ئازراق نەپ بولسىمۇ ئومۇمغا تاپشۇرۇلدى، شۇنداق قىلىپ، 2-3 يىلدىن بېرى، كىرىم يىلمۇ-يىل ئېشىپ باردى. ئاشلىققا سۇندۇرۇپ ئېلىنىدىغان سۇندۇرۇلما باجنى① ئالساق، چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا

---

① سۇندۇرۇلما باج دىگىنىمىز باج ئېشلىرىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، ئەسلى باجغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. ئەسلى باج دىگەندە نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان باج كۆزدە تۇتۇلىدۇ، سۇندۇرۇلما باج دىگەندە باجغا تۆلىنىدىغان نەرسىنى پۇلغا سۇندۇرۇش، يەنى باجغا نەق پۇل تاپشۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ شىمالىدا باجغا ئومۇمەن نەرسە ئېلىناتتى، جەنۇبىدىكى بەزى جايلاردا نەق پۇل ئېلىناتتى.

بىردەن بۇغـداي بىر سەر پۇل، بىردەن قۇناق 6 مــسـقال بولغان بولسا، هازىـر بازاردىـكى سۇندۇرۇلـما باها بويىـچە بولۇۋاتىدۇ، يەنى بىردەن بۇغداينىڭ باهاسىغا 3 ـ 4 سەر پۇل، بىر دەن قوناق-نىڭ باهاسىغا 3 ـ 4 سەر ياكى 2 سەردىن كۆپرەك پۇل قوشۇلدى. يەم ـ خەشەكنى ئالساق، چىلڭ سۇلالىسى ۋاقتىـدىكى باها بويىچە، هەر 100 جىڭ ئوت 5 پۇڭ كۈمۈشـكە سۇندۇرۇلاتتى، هازىر بولسا 100 جىڭ ئوت 5 مىسـقال كۈمۈشـكە سۇنـدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭغا ئوت بېجى بولغان 5 مىسـقالنى قوشـساق، 100 جىڭـى بىر سەر كۈمۈش بولىدۇ، بۇ چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى باهادىن ئون نەچچە هەسسە كۆپ بولىدۇ. يەنە مەسلەن، بىر دەن ئاشلىـقتا ئومۇم ئۈچۈن بىر مىسقال 5 پۇڭ، خـۇسۇسـىلار ئۈچـۈن 2 كۈرە 5 شىڭ تۆلـىنىدۇ، بۇنىڭغا 4 مىسقال تۇز بېجى قوشۇمچە قىلىنىدۇ، ئەسلى باجمۇ ئېغىر، سۇندۇرۇلما باجمۇ ئېغىر. بۇنىڭـدىن باشقا، تۈرلۈك باجلار، مەسە-لەن، چارۋا بېجـى ئۈچـۈن ئەزەلـدىن سەرىـگە 3 پۇڭ كۈمـۈش ئېلىناتتى، هازىر 4 پۇڭ ئېلىنىدىـغان بولدى؛ يەر بېجىگە بىر سەر ئۈچۈن 3 پۇڭ كۈمۈش ئېلىناتتى، هازىر 9 پۇڭغاچىقتى؛ گۆرە بېجى ئۈچۈنمۇ 6 پۇڭ ئېلىنىدىـغان بولـدى. چارۋا سودىـسىدىن باشقا، ئوتلاق بېجىمۇ بار؛ يەر بېجىدىن باشقا، قەغـەز بېجى بار؛ يۆتكە-لىش بېجىدىن باشقا، سودا بېجـىمۇ بار؛ هـاراق ـ تاماكا بېجىدىن باشقا، پەيجو بېجـىمۇ بار؛ ئومۇمـى ئاقىدىـغان باجدىن باشقا، 25 پىرسەنت سودا بېجـىمۇ بار؛ ئىـسپات بېجـى، ماركا بېجى داۋاملىق ئېلىنىۋاتىدۇ. 3 يىللىق تەخمىنچوت بويىچە بولغاندا، ئالدىنقى يىلى 2 يېرىم مىليون سەردىن كۆپرەك بولسا، هازىر 2 مىليون 200 مىڭ سەردىن ئاشتى، ئۆلكە قۇرۇلغان دەسلەپـكى چاغلاردىكىدىن كىرىم 4 هەسسە ئاشتى، شۇەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلىدىـكى كىرىمدىن بىر هەسسە ئاشتى. نامدا باج ـ سېـلىق كۆپەيـتىلمـگەن بولسىمۇ، ئەملىيەتتە

ئاستىرتىن كۆپەيتىلدى.“①

ياڭ زېڭشىن ئۆلكە غەزنىسىدىكى كىرىمنى كۆپەيتىش ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاھالىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلى-شىنى چەكلەش يولى بىلەن، ئەمەلدارلار بىلەن خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىپ كېتىشىنى تۈگەتمەكچى بولغان. ئۇ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان دەسلەپكى چاغلاردا (1912 ـ يىلى) مالىيىنى ئېنىقلاش ۋاقىت-لىق ئورنى قۇرۇپ، مەخسۇس خادىملارنى ناھىيە، ۋىلايەتلەرگە باج ھىساۋاتىنى سېلىشتۇرۇشقا ئەۋەتكەن، ئەزەلدىن يەرلىك ئەمەلدار-لارغا تەئەللۇق بولۇپ كەلگەن 25 پىرسەنت پايدا (بىردەن ئاشلىق ئۈچۈن 2 كۈرە 5 شىڭنى ئارتۇق ئېلىش) ۋە 100 جىڭ ئوتقا سۇن-دۇرۇپ ئېلىنىدىغان 5 مىسقال (بۇنىڭ ئىككى يېرىم مىسقال يەرلىك ئەمەلدارلارغا تەئەللۇق ئىدى) پۈتۈنلەي ئۆلكە غەزنىسىگە تاپ-شۇرۇلىدىغان بولغان، ناھىيىلەرگە بولسا مەلۇم ئىش خىراجىتى بەل-گىلەپ بېرىلگەن. كېيىن ئەمەلدارلاردىكى خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىش توغرىسىدا كەينى ـ كەينىدىن بۇيرۇقلار چىقىرىلغان، مەسىلەن، ئاش-لىق ۋە ئوتتىن غەللە ئېلىشتا كۆپ ئېلىش، چارۋا بېجىنى، ئاشلىق، يېقىلغۇ بېجىنى چېچىش، باجگىرلارنىڭ كۆچمە چارۋىچىلىقتىكى قاقتى ـ سوقتىلىرى، جىنايى ئەنزىلەرگە جەرىمانە ئېلىش داۋامىدا

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» 9 ـ جىلت، 2 ـ كىتاپ، 10 ـــ 11 ـ بەتلەر. شۇ كىتاپنىڭ 43 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: تۇز بېجىدىنلا 1912 ـ يىلى شياڭپىڭ كۈمۈشى بويىچە ھىساپلىغاندا 7 مىڭ 900 سەردىن كۆپ كىرىم بولدى، 1915 ـ يىلىغا كەلگەندە كىرىم كۆپىيىپ 28 مىڭ 100 سەردىن ئاشتى.

نەپ ئېلىش قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك ـ ئاچكۆزلۈگىگە
ياتىدىغان ئىشلارنى قەتئىي تۈگىتىش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇقلار
چىقىرىلغان. بۇيرۇقلار ئېلان قىلىنغان چاغدا راستىلا بىرئاز ئۈنۈم
بەرگەن بولسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردا كونا كېسەل يەنە قوزغالغان.
مەسىلەن، 1922 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ياڭ زېڭشىن ئىلى شەھەر مۇداپىئە
بېگىگە قازاق چارۋىچىلىرىدىن چارۋا بېجى ئېلىشتىكى كونا ئىللەت ـ
لەرنى بىكار قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى (ئەمەلىيەتتە ئۇ
بۇنداق ئىشلار توغرىلىق بۇرۇنلا كۆپ قېتىم كۆرسەتمە بەرگەن)،
ئەمما 1925 ـ يىلىغا كەلگەندىمۇ ئىلىدىكى قازاق چارۋىچىلىرى يەنىلا
بۇ كونا ئىللەتلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇ چاغدا ياڭ زېڭ ـ
شىن مېنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى، مەن شۇ يەرگە بارغاندىن
كېيىن، قازاق چارۋىچىلىرى باجگىرنىڭ ھەر نۆۋەت كەلگەندە
40 ـ 50 ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، چېكەتكە ئاپىتىدەك يامراپ،
نىمنى كۆرسە شۇنى ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىنى؛ ئۇلار چۈشكەن كىگىز
ئۆيلەردىكى سەرەمجانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك غايىپ بولىدىغانلى ـ
قىنى؛ ئۇلار نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان باج (چارۋا بېجى) ئالغاندا،
سېمىز ماللارنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى؛ كەلگەندىن كېيىن چاي ـ تۇز
ۋە قوي ئېلىپ تۇرغانلىقىنى؛ ئۇلارغا ياخشى ئات سوغا قىلىپ
كۆڭلىنى خوشال قىلىپ قويمىغاندا، ئۇلارنىڭ چاتاق چىقىرىپ،
ئەنسىزلىك پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، كۆڭلىنى ئالسىمىز دەپ نەرسە
بەرگەندە، چوڭ چارۋىدارلارنىڭ باجگىرلار بۇلاپ كەتكەن مال ـ
مۈلۈكنى ئاددىي چارۋىچىلاردىن تۆلىتىۋالىدىغانلىقىنى... مىساللىرى
بىلەن سۆزلەپ بەردى. چارۋىچىلار مىسال كەلتۈرگەن بۇ ئەھۋاللار
يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۈلگەن 1922 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېرىلگەن بۇيرۇقتا

كۆرستىلگەنلىرى بىلەن تامامەن دىگۈدەك ئوخشاش ئىدى. مەن
ئىگەللىگەن ھەممە ئەھۋالنى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلدىم، ياڭ زېڭ-
شىن ئىنتايىن ”غەزەپلىنىپ“، ئىلى شەھەر مۇداپىئە بېگىگە
دەررو تېلېگىراممىا بېرىپ بۇ ئىشنى دەرھال تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ
قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى ھەمدە خەلقنىڭ غەزىۋىنى بېسىش
ئۈچۈن، يۈزدە ئۈچ باج نىسبىتىنى يۈزدە ئىككىگە ئۆزگەرتتى. ياڭ
زېڭشىن قول ئاستىدىكىلەرنى ئەدەپلەپ قويىدىغاندەك ئەلپازدا
كۆرۈنەتتى، ئەمما ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن باج-
گىرلار يەنە كونا يولغا ماڭدى. ئەسلىدە، شۇ يىللاردىكى ئىجتىمائى
تۈزۈم ئاستىدا، ئۆلكە دەرىجىلىك ئورۇننىڭ ”كونا قائىدە“لەرنى
بىكار قىلىپ، ئۆز كىرىمىنى ئاشۇرۇشى، ياكى ”كونا ئىللەت“نى
تۈگىتىپ، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى
يۈمشىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆلكە تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان
نەرسىنى يەرلىك ئەمەلدارلار تۈرلۈك ئاماللار بىلەن خەلقتىن ئۈن-
دۈرۈۋالاتتى. خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىشنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ھەقتىكى
ئوخشاش بۇيرۇقلار بەزىدە بىرنەچچە يىلدا بىر ئېلان قىلىنىپ
تۇرسىمۇ، لېكىن خىيانەتچىلىك تۈگىمىدى. ياڭ زېڭشىن بەزىدە
ئۆز بۇيرۇغىنىڭ ئاقمىغانلىقى توغرىسىدا ئاھ ئۇراتتى، يۇقۇرىسمۇ،
تۆۋەنمۇ باج ئالىدىغان جەمىيەتتە ياخشى ئەمەلدارنى ئۇچراتقىلى
بولمايدۇ، دەيتتى. بۇنداق باجلار كۆپ بولغاچقا، خەلق تېخىمۇ
ئېغىر ئېكىسپلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. مەسىلەن، ئۇ چاغلاردا
جەنۇبىي شىنجاڭدا باجنىڭ يەرلىك ئەمەلدارغا تەۋە 25 پىرسەنتى
ئۆلكىنىڭ غەزىنىسىگە كىرىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئامباللار ئاشلىق
ۋە ئوت-چۆپنى كۆپ ئېلىش يولى بىلەن بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇ-

ۋالىدىغان بولدى، پۈتۈرا 100 جىڭ ئوت ئېپكەلسە، بۇنى زورمۇ-زور ئازلىتىپ بىرنەچچە ئون جىڭ دەپلا تۇرۇۋېلىشاتتى. بەزىلەر ئاچچىقىغا پايلىماي، ئوت-چۆپ ئارتقان ئېشەكنى: "ھۇ ئەبلەخ، 100 جىڭ ئوتنى نىمىشقا ئازايتىۋەتتىڭ؟" دەپ تىللاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كېيىن سېلىق چېچىش بىكار قىلىنغاندا، ئامباللار سېتىۋېلىش جەھەتتە كاللا ئىشلىتىپ، شاڭيۇ، تەرجىمانلار ئارقىلىق، پۇقرادىن ئەرزان باھادا سېتىۋالغان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ياڭ زېڭشىن چىقىمنى تېجەش پىرىنسىپىنى ئىجرا قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ ئەسكەرنى كۆپەيتمەيتتى، ئورگاننى كۆپ قۇرمايتتى، ئورگانلاردىكى خادىملارنى كۆپەيتمەيتتى، مۇشۇنداق قىلىپ يۇرۇپ ھەقسەتەن بىرمۇنچە ھەربى ۋە مەمۇرى خىراجەتلەرنى تېجەپ قالغان ئىدى. بۇنىڭ ئەڭ ئېنىق مىسالى شۇكى، ئۇ چاغلاردا پۈتۈن شىنجاڭدىكى موڭغۇل، قازاقلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆلكە باشلىغى مەھكىمىسى خوجىلىق بۆلۈمى قارىمىقىدىكى موڭغۇل-قازاق ئىشلىرى بۆلۈمچىسىلا بېجىرەتتى، بۇ بۆلۈمچىدە كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىرلا بۆلۈم ئەزاسى بار ئىدى. ئۆلكە باشلىغى مەھكىمىسى ۋە ھەرقايسى نازارەت-ۋىلايەتلەرنىڭ مەھكىمىلىرى ئاددىيلا بولۇپ، ياڭ زېڭشىن ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا رېمونتمۇ قىلىنمىغان. ئېسىمدە قېلىشىچە، سۈيىن خېدىن شىنجاڭغا كەلگەندە، ياڭ زېڭشىن ئۇنى كۈتۈۋالدى، مەن تەرجىمانلىق قىلدىم. ياڭ زېڭشىن خېدىنغا: "سىلەر ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن كەلدىڭلارغۇ، مېنىڭ بۇ مەھكىمەممۇ قەدىمي قۇرۇلۇش، ئاۋال مۇشۇ يەرنى تەكشۈرۈپ كۆرسەڭلەر بولارمىكىن!" دېدى. بۇ چاخچاق گەپ بولسىمۇ،

شىنجاڭدىكى ئالى مەھكىمىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پەرمەتدار يامۇلىنىڭ كونا قىياپىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئەمما بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، بىرىنچىدىن، ئەسكەر كۆپ ئەمەس ئىدى. شىمال مىلىتارىستلىرى ئارىسىدا يېغىلىق بولۇۋاتقاندا، شىنجاڭدا ئەسكەر ئەڭ ئاز بولىدى. 1920-يىلىدىن بۇرۇن شىنجاڭ بويىچە ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئون نەچچە مىڭلا ئىدى، كېيىن بىرنەچچە قېتىم قىسقارتىش نەتىجىسىدە، 1927-يىلىغا كەلگەندە ئەسكەرلەرنىڭ ئەمىلىي سانى 10 مىڭغىمۇ يەتمەي-دىغان بولۇپ قالدى. ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەن يىلى ئۈرۈمچىدىكى 1-شىدا قېرى مىجەز شىجاڭ جياڭ سۇڭلىن قوماندانلىق قىلالايدىغان قېرى-چۆرى، ئاجىز-زەئىپ، ئاقساق-چولاق ئەسكەرلەر 200-300 چىلا ئىدى. ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلەپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يېڭى مىلىتارىستلارغا قارشى تۇرۇشتا تايانچ قىلىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن شۇ يىلىلا ئەپىتسەرلەر مەكتىپى قۇرۇشنى پىلانلىدى.

ياڭ زېڭشىن ئۆزى ھىساپ قىلىپ كۆرگەن، ئۇ مۇنداق دىگەن: "...شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇگۈنكى كۈندە بىر ئەسكەرنىڭ ئايلىق مائاشى 4 سەر 2 مىسقال، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك، دورا راسخوتلىرىنى قوشۇپ ھىساپلىغاندا، بىر ئەسكەرنىڭ يىللىق خىراجىتى تەخمىنەن 60 سەر بولىدۇ. شىنجاڭدا باجدىن كىرىدىغان يىللىق كىرىم ئاران 3 مىليون 200 مىڭ سەردىن سەل ئاشىدۇ، ئاران 2 مىليون 300 نەچچە مىڭ نوپۇس بار، بۇنداقتا بىر ئادەم يىلىغا تەخمىنەن بىر سەر 5 مىسقال كۆمۈش تاپشۇرۇشى لازىم بولىدۇ، 40 ئادەمنىڭ تاپشۇرغىنى بىر ئەسكەرنىڭ يىللىق خىراجىتىگە

يېتىدۇ..."① ياڭ زېڭشىننىڭ ئەسكەرنى كۆپەيتمەسلىكى خەلققە ئىچى ئاغرىتقانلىقىدىن بولمىغان، ئەلۋەتتە، بىراق، ئەسكەر كۆپ بولمىغاچقا، ياڭ زېڭشىنغا مالىيە جەھەتتە چوڭ بېسىم چۈشمىگەن، بۇنى ئۇنىڭ باشقا شىمال مىلىتارىستلىرىغا ئوخشىمايدىغان ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، قۇرۇلۇش ئېلىپ بارمىغان. ئۇ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 17 يىل ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي قۇرۇلۇشلار ئىچىدە خاتىرىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغانلىرى، ئومۇمەن كىشىلەرگە مەلۇملىرى تۆۋەندىكى بىرنەچچىلا: 1916-يىلى ۋۇ مىڭكۇي باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە ياشنى شەنشىدىكى يەنچاڭ نېفىت زاۋۇتىغا نېفىت ئايرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مايتاغدا شۇ يەردىن چىققان نېفىتنى ئايرىدى، بۇ چىراق يېقىشقىلا يېتەتتى؛ 1918-يىلى لى رۇڭنى جىلى قاتارلىق ئۆلكىلەرگە توقۇمىچىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت غەزنىسى تۇرپاندا ئۆرنەك ھىساۋىدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئېچىشقا دەسمايە قەرز بەردى؛ 1925-يىلى ئۆلكە مەركىزىدە ئارمىيە-خەلق توقۇمىچىلىق شىركىتى قۇرۇلدى؛ 1925-يىلى گېمبېركىن ئىككىمىز ئاپتوموبىل شىركىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلغۇچى ھەيئەت بولۇپ تەيىنلەندۇق، مەن يەنە شوپۇرلۇق مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى بولدۇم، بۇ مەكتەپتە ئاپتوموبىل ھەيدىگۈچى ۋە رېمونت قىلغۇچىلار تەربىيىلىنەتتى، بۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈمچى-چۆچەك،

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 12-جىلت، 21-بەت.

ئۈرۈمچى-تۇرپان تاشيوللىرى ياسالدى①؛ 1920-يىلى ئۆلكە مەركىزىدە سىمسىز رادىيو ئىستانسىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى... بار-يوق قۇرۇلۇش مانا مۇشۇلار ئىدى. مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتە، ئۆلكە بويىچە يىللىق مائارىپ خىراجىتى ئاران 100 نەچچە مىڭ يۈەن ئىدى، ئۆلكىدە ئاخبارات ئورگىنى، گېزىت يوق ئىدى، تىياتىرخانا، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىقلاردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، 1923-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئىشلىرىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن رۇسچە قانۇن-سىياسى مەكتىۋى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپتە شىنجاڭدا تۇغۇلغان تۇراقلىق مۈلكى بولغان دىپلوماتىيە كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى بىلەن بولغان ئالاقىدە "رادىكال" ئىدىيىنى يۇقتۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىلانلانغان ئىدى (بۇرۇن دىپلوماتىيە خىزمىتىنى ئىشلىگەنلەرنىڭ

---

① ئاپتوموبىل شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تيەنجىندىن ئېغىر يۈك ئاپتوموبىلدىن ئوتتۇزنى سېتىۋالدۇق، ئاق ئورۇس تېخنىكلىرىدىن بىرنەچچىنى ئېپكەلدۇق. 1928-يىلى ئۈرۈمچى-چۆچەك تاشيولىدا قاتناش باشلاندى. ياڭ زېڭشىن ئىچكىرى بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىنى ئېچىشنى خالىمايتتى، چۈنكى، بۇنداق قىلىش بىزگە قولايلىق بولغىنى بىلەن، ئىچكىرىدىكى بۆلۈنمە كۈچلىرىنىڭ كىرىۋېلىشىغىمۇ قولايلىق بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئاپتوموبىل مەكتىۋى قۇرۇلغاندا، ياڭ زېڭشىن ماڭا: خەنزۇ ياشلىرىنى مەكتەپكە ئېلىشقا بولمايدۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل، قازاق ياشلىرىنىلا ئېلىش كېرەك، دەپ يوليورۇق بەرگەن، ئۇ خەنزۇ ياشلىرىنىڭ ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بۇ مەكتەپ شىنجاڭ بويىچە 1-تۈركۈم ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنى ۋە رېمونتچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

كۆپىنچىسى بىيجىڭ رۇسچە تېخنىكومدىن چىققانلار ئىدى). بۇنىڭـدىن باشقا، 1920 ـ يىلى موڭغۇل، قازاق مەكتىۋى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپكە موڭغۇللار بىلەن قازاقلارنىڭ يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ باللىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارغا خەنزۇچە تىل ـ يېزىق ۋە ئومۇمى بىلىملەر ئۆگىتىلەتتى، ياڭ زېڭشىن مۇشۇ مەكتەپنى قۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىگە سادىق بولغان موڭغۇل، قازاق كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، مىللى ئازاتلىق ئېقىمىغا قارشى تۇرماقچى، پانتۈركىزىمنىڭ ۋە رادىكال ئىدىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىنى توسماقچى بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، مەدىنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە تىلغا ئالغۇدەك قۇرۇلۇش بولمىغان.

ياڭ زېڭشىننىڭ مەكتەپ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرماسلىق ھەققىدە بىر يۈرۈش نەزىرىيىسى بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: ”جۇڭگودىكى شۆتاڭلار (مەكتەپلەر)نىڭ ھەممىسىدە لۆكچەكلىك خاراكتېر بار، ئوقۇغۇچىلىرى ئەمەلدار، باي بولۇش ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ.“① ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: ”بۈگۈنكى كۈندە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشنىمۇ تۈزۈك ئوقۇمايدۇ، دېخانچىلىقمۇ قىلمايدۇ، سانائەت ساھەسىدىمۇ، سودا ساھەسىدىمۇ ئىشلىمەيدۇ، ھەممىسى سىياسى ساھەگە كىرىۋېلىپ جان بېقىشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ، شۆتاڭنى پۈتتۈرۈپ چىققانلارمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمەلدارلىق سورۇنىدا رىقابەت كۈندىن ـ كۈنگە قاتتىق ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، جاھاننىڭ مالىماتاڭ بولۇشىغا مانا مۇشۇلار سەۋەپ بولۇۋاتىدۇ.“②

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىلەردىن خاتىرىلەر»، 17 ـ جىلت، 33 ـ بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 16 ـ جىلت، 17 ـ بەت.

ياڭ زېڭشىن ئۆز مەھكىمىسىنىڭ چوڭ زالىغا بىر نەزىم يازغان، بۇ نەزم شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى چاغلار- غىچە ئېسىقلىق تۇرغان، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىغا دائىر ئومۇمى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تولىسىدا بۇ نەزم تىلغا ئېلىنغان. نەزم مۇنداق:

جۇمھۇرىيەت قۇتۇلماقتا نادانلىقتىن ئەمدىلا،
دورىمايمەن مۇشتۇمزورلۇقنى ئەسلا.
ئاربلاشمايمەن جۇڭيۇەندىكى ماجراغا،
چېگرا ئۆلكەم خۇددى ئوخشار جەننەتۇلمەئۋاغا.
باشلىغايمەن جەنۇپ مۇسۇلمانلىرى بىلەن شىمال مىللەتلىرىنى،
كۆندۈرىمەن ئۇلارنى يۇۋاش-مۆمىن بولۇشقا.

ئۇ جۇڭيۇەندىكى ماجراغا ئارىلاشمىغاچقا، ئەسكەرنى كۆپەيتمىگەن؛ خەلقىنىڭ "ساددا-ئاقكۆڭۈل"، يۇۋاش-مۆمىن بولۇشىنى تەلەپ قىلغان، شۇڭا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارمىغان. ئۇ نادانلارنى بەك ياقتۇراتتى. ئۇ مۇنداق دىگەن: "بۇرۇن جاپادىمۇ، ئۆلۈم-كۆرۈمدىمۇ بىللە بولغۇچىلار يۇقۇرىدىكى ئەقىللىق- لەر ئىدى؛ بۈگۈنكى كۈندە جاپادىمۇ، ئۆلۈم-كۆرۈمدىمۇ بىللە بولغۇچىلار تۆۋەندىكى نادانلاردۇر. بۇنداق نادانلار ئىنتايىن نادان بولسا، ئۇلار بىلەن ئۆلۈمدىمۇ، كۆرۈمدىمۇ، جاپا-مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولغىلى بولىدۇ."① ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئەقىللىق ساناپ، ئۆزى نادان دەپ قارىغان ئاممىنى خالىغانچە ئىدارە قىلىش ئويىدا بولغان.

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» 17-جىلت، 41-بەت.

ياڭ زېڭشىن مۇشۇ سىياسەتنى يۈرگۈزگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغدا ئىچكىرى بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسى ئىنتايىن قولايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ، بىر تەرەپتىن، مىلىتارىستلار يېغىلىقى قايىنمىغا كىرىپ كەتمىدى، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، زۇلمەتلىك مۇھىتتا قېلىۋەردى.

قامال قىلىشنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى ياڭ زېڭشىن بىلەتتى، بولۇپمۇ 1917-يىلدىكى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شۇنداق ئىدى. ئۇ بەزىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى بولغان ئىقتىساتنى يۇقۇرىقى 4 جەھەتتىن قوغداپ قالالىغىدىن مەمنۇن بولسىمۇ، ئەمەلدارلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇمشىتىش تەدبىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلمىغانلىقى ئۇنى بەك خاپا قىلاتتى. 1927-يىلى بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئۇ ماڭا دەرغەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى: "شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە ياخشى ئادەملەر بەك ئاز، كەلگۈسىدە شىنجاڭنى باشقۇرۇشنى سىلەرگە تاپشۇرۇۋېتىمەن!" مەن ئۇ چاغدا بۇنى مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇۋاتىدۇغۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم، كېيىن ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇمشىتىشتىن ئىبارەت ئىسلاھاتچىلىق سىياسىتى ئاقمىغانلىقتىن غەزەپلىنىپ، ئاچچىغىدا شىنجاڭنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش نىيىتىگە كەلگەن ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلىدىم. 1928-يىلى بىر كۈنى، 3-زالدا ئۇنىڭ بىرنەچچە خەنزۇ ئەمەلدارلارغا كايىۋاتقانلىقىنى يەنە كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ، مەندىن: "دوزاقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟" دەپ سورىدى. مەن: "بىلمەن" دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ: "دوزاق دېگەن مانا مۇشۇ، مەن مۇشۇ يەردە مۇد-

دەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىندىم!" دېدى. ئەمدى ئويلىسام، بۇ، سەگ-
راتقا چۈشۈپ قالغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئۆز تەختىنىڭ
لىڭشىپ قالغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، تەختتىن ئايرىلىشقا يەنىلا
قېيماي دات-پەريات چەككەنلىكى ئەمەسمۇ!

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى بولۇپ 3-يىلى، ياڭ زېڭشىن ئەمەلدارلار-
نىڭ خىيانەتچىلىك قىلىشىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئۇدا ئون
نەچچە قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرگەن، شۇنىڭدەك ئەمەلدارلىرىغا ئومۇمى
ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: "ئەمەلدارلار... نېمە
ئۈچۈن ئەمەلدارلىققا قويۇلغانلىقىنى ئويلىمايدۇ، ئەمەلدارلىقنىڭ
يولىنىمۇ بىلمەيدۇ، ...مۇشۇنداق تۈرلەردەك كېتىۋەرگەندە... ئىش
ئۆزگىرىپ قالسا، ئەمەلدارلار خەلقنى سۆيمىگەنلىكتىن، خەلق ئەمەل-
دارلارغا چەزمەن ئۆچلۈك قىلىدۇ، بۇنداقتا ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-
رىماي قالامدۇ؟ مېنىڭچە، خەلق ئەمەلدارنى قوغلىۋەتسە، بۇنىڭدىكى
ئەيىپ قوغلىغۇچىلاردا ئەمەس، بەلكى قوغلانغۇچىدا، ...بۇنداق
ئەمەلدارلار ئادەتتە سىياسى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنىڭ ناچارلىقى-
دىن ئاشۇنداق ئەھۋالغا قالىدۇ. ...شۇڭا ھەرقايسىڭلارغا ئېيتىپ
قويايكى، سىياسىنى ئىسلاھ قىلىپ، خەلقنىڭ رايىغا بېقىش كېرەك،
پۇقرا ئىچىدىكى ئاپەتنى بىخلىماستىلا يوقىتىش كېرەك، شۇنداق
قىلغاندىلا چېگرا خەلقى قوغلىۋېتەلمەيدۇ." بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ مەھكى-
مىدىكى ياشراق كىشىلەرنى ئۇيغۇرچە تىل-يېزىق ئۆگىنىپ، كېيىن
سىرتقا ئىشقا بارغاندا تىلماچ ۋە شاكىيۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ
كەتمەسلىك ئۈچۈن تەييار تۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرغان.

1926-يىلى، ياڭ زېڭشىن سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلخانى-
سىدىكى تەرجىمان كىنكوۋىچنى ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم مەھكىمىگە

چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ ماركس يازغان «كاپىتال»نى تەتقىق قىلىشىغا ياردەملەشتۈرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كونسۇل بولغان ۋۇ پەملىلىك بىرسى تەرجىمە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن، ئەمما بۇ ئىش 2 ـ 3 ئاي داۋاملىشىپلا توختاپ قالدى.

ۋۇ پېيفۇ، جاڭ زولىنلار قورالىنىڭ كۈچىگە خۇراپىلارچە ئىشىنىپ كېتىپ، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان چاغدا، ياڭ زېڭشىن "سىياسىنى ئىسلاھ قىلىش" ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا بولدى، سىياسەتلىرى ئاقمىغاندا بولسا دات ـ پەرياد چەكتى: "كىشىلەر پادىشانى مۇستەبىتلىك قىلدى دېيىشىدۇ، مېنىڭچە، جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى پادىشا مۇستەبىتلىك قىلمىدى، تۆرىلەر مۇستەبىتلىك قىلدى. تۆرىلەر جاھاندا مۇستەبىتلىك قىلسا، خان ـ پادىشالار ھەرقانچە دانىشمەن بولۇپ كەتكەندىمۇ، ھېچقانداق قىلالمايدۇ. «پالنامە»دە: ئۇنداق تۆرىلەرنىڭ 'يېغىنى سىقىۋېلىش' كېرەك دېيىلگىنى توغرا." كەينىدىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئېيتقان:

"ھەربىلەرنىڭ مۇستەبىتلىگىنى قوزغىلاڭچىلارسىز يوقاتقىلى بولمايدۇ؛ تۆرىلەرنىڭ مۇستەبىتلىگىنى قوزغىلاڭچىلارسىز ئاغدۇرغىلى بولمايدۇ. خەلقنىڭ قوساق كۆپۈكى ئاخىر ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ، ئاپەتنىڭ ۋاقتى ئۇزارغانسېرى ئاخىر بالا ـ قازا بولىدۇ. مەملىكەت بويىچە زور ئىنقىلاپ تەييارلىنىۋاتىدۇ، بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى كۆزەتكىنىمدە، ھەربىلەر مۇستەبىتلىگى ئۇزاق داۋاملاشسا، جەزمەن قوزغىلاڭچىلار مۇستەبىتلىگە ئۆزگىرىپ كېتەرمىكىن، دەيمەن. دانىشمەن كىشى ئاپەت توغرىلىق كۆپ ئويلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ!"①

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 17 ـ جىلت، 30 ـ بەت.

باشقا بارلىق شىمال مىلىتارىستلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، مۇشۇنداق نەزەر دائىرىسىدە بولغانلىقى ۋە خەلقنى سىياسى جەھەتتىن بىخۇتلاشتۇرماقچى بولغانلىقىدىن ئالغاندا، ئۇنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى "دانىشمەن" دېيىشكىمۇ بولار. ئەمما، ئۇنىڭ "دانىشمەن"لىكى بىر گەپ، تارىخ تەرەققىياتى باشقا بىر گەپ، ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ بېرىشىنى قانداقمۇ ئۆزگەرتەلىسۇن!

ئاخىردا يەنە بىرنەچچە نۇقتىنى قوشۇمچە قىلىپ قوياي: 1. ياڭ زېڭشىن شەخسى تۇرمۇشنى خېلى ئاددى-ساددا ئۆتكۈزەتتى، ھېچقانداق كەيپىكە خۇمار ئەمەس ئىدى، توقال ئالمىغان، تۇرمۇشتا راھەتكە بېرىلمەيتتى، ھەشەمەتچىلىك قىلمايتتى، بولۇپمۇ سوغا-سالام بېرىشكە، تۇغۇلغان كۈننى داغدۇغىلىق خاتىرىلەشكە قارشى تۇراتتى. ھەممە ئىشقا ئۆزى قول سالاتتى، ھەر كۈنى ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھۆججەت-ئالاقىلەرنى كۆرۈپ تەستىق سېلىش، جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، شۇڭا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ئاساسەن ئايدىڭ ئىدى.

2. ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى سەنداۋبا (ھازىرقى مىچۈەن ناھىيىسى) تەرەپتە پاك ئىلاھ ئىبادەتخانىسىنى بانا قىلىپ نۇرغۇن يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزى چوڭ پومېشچىك بولۇپ، ئون نەچچە يىل ئىچىدە قان-تەرىنى شورىغان دىخانلارنىڭ سانى يوق.

3. ئۇ شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون نەچچە يىل ئىچىدە، جاھانگىر دۆلەتلەر ياكى ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقنى سېتىپ، ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان كېلىشىم تۈزۈ-

گەن ياكى كېلىشىمگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاغزاكى ۋەدە بەرمىگەن، جاھانگىر دۆلەتلەرگە تايىنىپ بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش كويىدا بولمىغان، چەتئەلدىن قەرزمۇ ئالمىغان. تاشقى ئالاقە جەھەتتە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى جېنىنىڭ بېرىچە قوغدىغان.

4. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئۇ كۆڭزى-مېڭزىلارنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇشقا ھەممىدىن بەك ئامراق ئىدى، ئۇ «تۇمارنامە» ۋە «ئەخلاقنامە» دىگەن كىتاپلاردىن ھۆكۈمرانلىق نەيرىڭىنى ئۆگەنگەن ۋە كىتاپتىكى نەزىرىيىلەرنى زامان، جاھانغا ماسلىشىش ھەم ئۆز تەربىيىلىنىشىنىڭ مىزانى قىلغان. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ھەل قىلىشقا قىيىنراق مەسىلە تاپشۇرسا، ھامان "ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش"نى ئېيتاتتى، بۇنداق دىگىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ياكى ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا ماسلىشىپ، ئىشنى ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپكە باشلاش كېرەك دىگىنى ئىدى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشنى تەرەققىياتقا قاراپ يېتەكلەش دىگىنى ئىدى. ئۇ ئۇن نەچچە يىل ئىچىدە چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلغان ئىدى. ئۇ بۇنى كۈچلۈكنى ئاجىز ئارقىلىق باپلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى دەپ قارايتتى. ئۇ، بەزى ئىشلارنى ۋاقتىنچە ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەي بولمايدۇ، ئەمما ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش داۋامىدا ئىشنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىشقا پايدىلىق تەرەپكە بۇراش كېرەك، دىگەن. ئۇ يەنە: ئەزىمەت ئازار يېيىشنى بىلىشى كېرەك، ئازار يېيىش ئىشقا ئازار يېمىگەندىن پايدىلىق دەپ ھىساپلىسا، ئەزىمەت نادان بولۇۋېلىشى كېرەك، ھەقىقى نادان بولۇپ قالمىسىلا بولغىنى، دىگەن.

# فەن ياۋنەن ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز سىياسى ئۆزگىرىشى

ياڭ زېڭشىن 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ھەربى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قوشۇمچە خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

فەن ياۋنەن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ گۇڭئەن دېگەن يېرىدىن بولۇپ، تەخەللۇسى زاۋشياڭ ئىدى، ياپونىيىنىڭ زاداۋتىيەن داشۆسىنى پۈتتۈرگەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنغان، يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ تىڭجاڭى، قوشۇمچە قانۇن ـ سىياسى مەكتىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ چاغدا، بەزى ئەمەلدارلار يولدا ئازاپلىنىپ قالىمىز دەپ، سىبىرىيە ئارقىلىق چۆچەككە كېلىپ، چۆچەكتىن شىنجاڭغا كىرەتتى، فەن ياۋنەنمۇ مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان. ئۇ شەمەيگە بارغاندا، پۇلى تۈگەپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن چار روسىيىنىڭ شەمەي ئۆلكىلىك دائىرىلىرىدىن ياردەم سورىغان، شەمەي ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى ئوتتۇرىسىدا ئوقەت قىلىدىغان شەمەيلىك سودىگەر ئىسھاق (مەن ئىشلەيدىغان "تيەنشىڭ" فىرمىسىنىڭ مۇدىرى)نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئىسھاق فەن ياۋنەننى قالتىس مەرتلىك بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، ئۇنىڭغا يول خىراجىتى بېرىپ تۇرغاندىن باشقا، ئۇنى چۆچەككىچە ئۇزىتىپ قويۇشقا ئادەم قوشۇپ قويۇپتۇ.

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، فەن ياۋنەن ئىچكىرىگە قايتىپ، شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت مەمۇرى كېڭەشىدە ئىشلىگەن. 1917 ـ يىلى لى يۈەنخۇڭ زۇڭتۇڭ بولغاندا، يەنە شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنغان، بۇ قېتىم ئۇ ئاقسۇغا ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى. ئۇ شىنجاڭغا ماڭاي دەپ تۇرۇۋاتقاندا، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى پايلاقچىلىرىدىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا قول تىقماقچى بولۇۋاتىدۇ، فەن ياۋنەننى ئەۋەتىشتىن مەقسىدى ئەھۋال ئىگەللەپ، پۇرسەت كەلگەندە سىزنى تەختتىن قوغلىماقچى دېگەن مەزمۇندا مەلۇمات تاپشۇرۇۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1918 ـ يىلى فەن ياۋنەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئېپقالىدۇ. بەزىلەر، ياڭ زېڭشىن ئۆزى شىنجاڭدا ئاقسۇ ۋالىلىقىدىن ئۆسۈپ چىققان، ئۇنىڭ بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئاقسۇ ۋالىسىنى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشقا قويماسلىقى خۇراپاتلىقتىن بولغان، دېيىشىدۇ. قىسقىسى، ياڭ زېڭشىننىڭ نەزىرىدە، فەن ياۋنەن قارشى ئېلىنماي-دىغان ئادەم ئىدى. غۇلجا ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان خۇبېيلىق لەن جاۋخۇامۇ فەن ياۋنەن بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى، ياڭ زېڭشىن بۇ ئادەمدىن تېخىمۇ ھەزەر ئەيلىدى.

فەن ياۋنەن ئۆلكە مەركىزىدە خېلى ئۇزاق كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئۈرۈمچى ۋالىسى قىلىپ بەلگىلىدى. فەن ياۋنەن تۇرمۇشتا ئىنتايىن ئاددى ساددا ئىدى، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش تەرىپىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرى ياڭ زېڭشىننىڭ-كىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. كونا جەمىيەتتە ”بىر بىرىگە قاياش بولۇش“ قۇرۇق گەپ ئىدى، بىر بىرىنى يەكلەش بولسا دائىملىق ئىش ئىدى. ئەمما فەن ياۋنەن ئىنتايىن ئېھتىياتچان ئىدى؛ ياڭ

زېڭشىن بولسا مەنمەنچىلىك قىلىپ، ئۇنى ئاخىر ئىندەككە كەلتۈرىمەن، ھەتتا "ئۆزگەرتىپ" ئۆز تەرىپىمگە تارتىمەن دەيتتى، شۇڭا، 10 يىلغىچە تىنچ ئۆتۈشتى.

روسىيە ئىنقىلابى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسھاق 1919-يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن روسىيىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى. فەن ياۋنەن كونا دوستلۇقنى ئۇنتۇماي، ئىسھاقنى يوقلىدى؛ ئىسھاقنىڭمۇ بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ ئۆتكۈسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇنى ئۆيىگە چاقىردى. ئۇ ئىككىسى سۆزلەشكەندە مەن تەرجىمە قىلىپ بېرەتتىم، شۇنداق قىلىپ مەنمۇ فەن ياۋنەن بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدىم. فەن ياۋنەن مېنى بىرقەدەر تەرەققىپەرۋەر ياش دەپ ھېساپلاپ، ناھايىتى قەدىرلەيتتى. فەن ياۋنەن بىلەن بىللە كەلگەن لەن جاۋخۇا دائىم ئۆزلۈكىدىن مېنى ئىزدەپ كېلەتتى. مەن تونۇشقان خەنزۇلار ئىچىدە لەن جاۋخۇا ئىدىيىۋى ئىستىلى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئىككىمىز سىرداش ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكا-ئۇكىدەك بولغانلىقىمىز يۈزىسىدىن نەسەپنامە ئالماشتۇرۇشتۇق. لەن جاۋخۇانىڭ ۋاستىسى بىلەن فەن ياۋنەن بىلەنمۇ ئاغىنە بولۇپ قالدىم.

فەن ياۋنەن ئادەتتىكى ئەمەلدارلاردەك ئەمەلدار بولۇپ بېيىشنىلا مەقسەت قىلغان ئادەم ئەمەس، ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭدەك ئادەم شىنجاڭدا ئاز ئۇچرايتتى. ئۇ دائىم، ياڭ جياڭجۈننىڭ سىياسىتى زۇلمەتلىك سىياسەت، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تامامەن خىيانەتچى ئەمەلدارلار قاپلاپ كەتتى، ئۇلار پۇقرانىڭ قان-تەرىنى شورايدۇ، پۇقراغا بىرەرمۇ ياخشى ئىش قىلىپ بەرمەيدۇ، دەيتتى. ئۇ

يەنە، شىنجاڭدا تۈزۈكرەك مەكتەپمۇ يوق، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى راۋاجلانمىغان، بۇنى ياڭ جياڭجۇنىنىڭ نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەيتتى. ئۇ، پۇقرالارغا ئىش قىلىپ بېرەي دېگەن كىشى شىنجاڭدا تۇرالمايدۇ، دەپ ھېساپلايتتى. ئۇ يەنە ياڭ زېڭشىننى ئەيىپلەپ: ياڭ جياڭجۇن شىنجاڭدا مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىش يولى بىلەن ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. مەسىلەن، ئۇ بۈگۈن خۇيزۇلارنى ئىشلەتكەندە، سىلەر ئىشەنچلىك، باشقا مىللەتلەر ئىشەنچسىز، دېسە، ئەتىسى ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىدىغان چاغدا خۇيزۇلارنى ئىشەنچسىز دېدى؛ يەنە ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن قازاق، موڭغۇللارنى ياخشى دېدى، ...مۇشۇنداق قىلىپ مىللەتلەرنىڭ ئارىسىغا سۈنئىي ھالدا توساق قويدى، ياكى ئورا كولىدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرگەندە، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ، دېگەن ئىدى. ئۇ دائىم: ھەممە مىللەتكە مۇتلەق باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ھەممىسىگە بىر كۆزدە قاراش لازىم، دەيتتى.

مەن شىنجاڭدا سىياسىي ساھەگە كىرگەندىن كېيىن، ئاز ساندىكى پاك كىشىلەرنى يولۇقتۇرغان بولسامۇ، ئەمما ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىتىنى ئەيىپلەيدىغانلار چىقمىغان، مىللەتلەر باراۋەرلىكى توغرىسىدا گەپ قىلغانلار تېخىمۇ بولمىغان. ئۇ كەملەردە، ئەمەلدارلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى (ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئەمەلدار بولۇشنى بېيىش، راھەت كۆرۈش ۋاستىسى قىلىۋالغان ئىدى. ئۇلار پۇقرالارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئىزچىل تۈردە "ئۈچ ئېغىز ياخشى گەپ قىلغاندىن كۆرە، ئىككى قامچا سالغان ياخشى" دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنەتتى، پۇقرانى يۇقۇرى بېسىم ئىشلىتىش

ۋاستىسى بىلەن مولىلا مۇشۇك قىلىماقچى بولۇشاتتى، ياڭ زېڭشىن ئەمەلدارلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇنداق ۋاستىگە خۇراپىلارچە ئىشىنىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا خاس تەبىئىتى ئۆزگەرمىگەن ئىدى، يەنە كېلىپ ياڭ زېڭشىن ئۆزى ئۆزىنىڭ گېپىنى ئەمىلىيەتتە كۆرسەتمەيتتى.

مەنمۇ ئادەتتە ياڭ زېڭشىن نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىسى ياخشى بولسىمۇ، مەن شىنجاڭدىكى زۇلمەتچىلىكنى تۈگىتىش كېرەك دەپ ھىساپلايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1922 ـ يىلى، مەن ئاغىنەم مىرزاجان بىلەن بىللە «يېڭى ھايات» ژورنىلىنى مەخپى چىقاردىم. بىز ”تاماكا چەكمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك، كىتاپنى كۆپ ئوقۇش“نى تەشەببۇس قىلدۇق. مەن دائىم ”كۈنتۇغدى“① دىگەن تەخەللۇس بىلەن ماقالا يازاتتىم. «يېڭى ھايات» نىڭ ھەر بىر سانى 100 نۇسخا بېسىلاتتى، ھەر بىر سانى ئون نەچچە بەت ئىدى. ژورنال بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، مىرزاجان ئۇنى مەخپى تارقىتىشنى دۇكان خىزمەتچىسىگە تاپشۇراتتى. ئەمما، ژورنال ئىككى سان چىققاندا، مىرزاجاننىڭ قېيىنئاغىسى بىلىپ قېلىپ، پوپوزا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن «يېڭى ھايات»نى چىقىرىشنى توختاتتۇق.

مەن سىياسى ئىدىيە جەھەتلەردە يەن ياۋنەننىڭ تەشەببۇسلىرىغا

① كۈنتۇغدى ـــ 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان ئۇيغۇر كلاسسىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك»دىكى شەخس.

قوشۇلاتتىم. بىر قېتىم پەن ياۋنەن ماڭا: شىنجاڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مالىيىنى رەتكە سېلىش، خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش. قاتارلىق 5 ئىشنى تېز ئىشلەش لازىم، دېگەن ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارنى قىلىشنى شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەرلەرەك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئارزۇ قىلىشاتتى. بولۇپمۇ مىللى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىش ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىغا تېخىمۇ ياقاتتى. شۇ چاغدا مەن تېخى تاھىربەگ، مەخسۇت، كېرەمخان دېگەنگە ئوخشاش يېقىن ئاغىنىلىرىم بىلەن بىللە مەخپى گۇرۇپپا قۇردۇم، مېنى گۇرۇپپا باشلىقى قىلىشتى. بۇ گۇرۇپپا ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پەن ياۋنەننىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشىنى ھىمايە قىلاتتى. كېيىن بۇ گۇرۇپپىغا شەرىپخان، سىڭلىمنىڭ يولدىشى خەيدەر قاتارلىق كىشىلەرمۇ قاتناشتى. ئۇ چاغدا سىياسى ـ ئىدىيىۋى سەۋىيەم تۆۋەن ئىدى، زۇلمەتلىككە ئۆچ بولسامۇ، بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسنى ۋە بۇ ئەھۋاللارنى تۈگىتىشنىڭ يوللىرىنى تېخى بىلمەيتتىم، پەن ياۋنەندەك پىكرى ئېچىلغان ئادەمنى قالتىس ھېساپلايتتىم. ئىككىمىزنىڭ سىياسى قاراشلىرى ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، ئۇ مەندە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئىدى.

ياڭ زېڭشىنمۇ پەن ياۋنەننىڭ ئادەتتىكى ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغانلىغىنى بىلەتتى، ئەمما، يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، ئۇ بۇنداق ئادەمنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. 1922 ـ يىلى

ياڭ زېڭشىن 10 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلىنى فەن ياۋنەنگە ئېپىبېرىپ بېرىشنى ماڭا تاپشۇردى، بۇنچىلىك پۇل ئۇ چاغدا ئاز پۇل ئەمەس ئىدى، نەچچە يۈز سەر ئالتۇنغا تەڭ كېلەتتى. ياڭ زېڭشىن: فەن دوتەي شىنجاڭدا ئۆزى يالغۇز تۇرىدۇ، بالا-چاقىلىرى ئىچكىرىدە، ئىككى چوڭ بالىسى بېيجىڭ داشۆدە ئوقۇيدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى كۆپ، خاتىرجەم ئىشلىسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئازراق ياردەم بېرىش كېرەك، دېدى. لېكىن ئۇ ماڭا بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقنى تاپىلىدى.

پۇلنى فەن ياۋنەنگە ئېپىبېرىپ بېرىۋىدىم، فەن ياۋنەن بەك ئۇڭايسىزلاندى، ئۇ بۇنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ پۇل بىلەن سېتىۋالغانلىقى ئىكەنلىكىنى پەملىگەندەك بولدى، ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن پۇلنى ئالدى. كېيىن ياڭ زېڭشىن باشقىلاردىنمۇ ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتكەن ئىمىش. ئەمما، فەن ياۋنەن گەرچە باشقىلارغا كەلسە-كەلمەس گەپ قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمىدى.

كېيىن ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئەمەل بېرىش يولى بىلەن تىزگىنلىمەكچى بولدى، ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىنىڭ ۋالىيلىقىنى بەرگەندىن باشقا، يەنە قوشۇمچە تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننىڭ تەدبىرلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا، دىپلوماتىيە ئىشلىرى جەھەتتە ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش بولمىغان پىكىرنى بىرنەچچە قېتىم بىلدۈرگەندىن باشقا، گەرچە كۆڭلىدە دائىم نارازى بولۇپ يۈرسىمۇ، ئومۇمەن، ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلغان ئىدى.

ئۇرۇمچىدىكى سىياسى ساھەدە دىپلوماتىيە مەھكىمىسىدىكى خادىملاردىن جاۋ دېشۇ (شىنجاڭلىق)، جاڭ شىن (خۇبېيلىق)، جاڭ چۇنشى (خۇبېيلىق، كېيىن رۇسچە قانۇن-سىياسى مەكتىۋىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغان)، ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۈەن تىڭياۋ قاتارلىقلار پەن ياۋنەن بىلەن يېقىن ئىدى. جاۋ دېشۇ كاتولىك دىنى مۇرىدى بولسىمۇ، دىنغا ھەۋەس قىلمايتتى، ئۇ ئادەتتە سۆز-لىگەندە سۆزلىرىدىن جاھاندىن بىزار بولۇش پىكرى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ رۇسچىنى ئوبدان بىلەتتى، ئىنگلىزچىنىمۇ بىلەتتى. يۈەن تىڭياۋ پىكرى بىرقەدەر ئېچىلغان ئادەم بولۇپ، تەرەققىپەرۋەرلىككە مايىل ئىدى. فەن ياۋنەن ماڭا بۇ ئىككىيلەن بىلەن ئاغىنە بولۇشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى، مەن ئۇلار بىلەنمۇ ئومۇمەن چىقىشىپ قالدىم.

1921-يىل 12-ئاينىڭ 3-كۈنى، ئىلى قوشۇنىنىڭ گۈچۈڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭىنىڭ يىڭجاڭى سۇڭ جىنشەن بىلەن پىيادە ئەسكەرلەر يىڭىنىڭ يىڭجاڭى گاۋ شىخاۋلار ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغىدى. سۇڭ جىنشەن بىلەن گاۋشىخاۋ ئىچكىرىدىن چىققانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى غۇلجى-لىق يەرلىك شىۋەلەر ۋە موڭغۇللار ئىدى. ھەربىي ئۆزگىرىشنىڭ ھەقىقى سەۋەبىنى ياڭ زېڭشىن ئېلان قىلمىدى، لېكىن كېيىن كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئىچكىرىدىكى ئىنقىلابچىلار (قايسى خىلدىكى ئىنقىلابچىلار ئىكەنلىكى نامەلۇم) بىلەن ئالاقىدار ئىمىش؛ بەزىلەر گەنسۇدىكى مىلتارىستلار بىلەن ئالاقىدار ئىكەن دېيىشتى. ھەربىي ئۆزگىرىش بولغان چاغدا، ئەھۋال ئىنتايىن جىددى ئىدى، ئەمما ياڭ زېڭشىن

سۇڭ جىنىشەن، گاۋ شىخاۋلارنىڭ قول ئاستىدىكى شىۋە، موڭغۇل ئەپتىسەر ـ ئەسكەرلەر ئارقىلىق بۇ ھەربى ئۆزگىرىشنى تىنجىتتى، گاۋ شىخاۋ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، سۇڭ جىنىشەن تىرىك تۇتۇلغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى.

گۇچۇڭدا بولغان ھەربى ئۆزگىرىش دوستۇم لەن جاۋخۇاغا چېتىلدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، لەن جاۋخۇانىڭ سۇڭ جىنىشەنلەر بىلەن ئالاقىسى بار دەپ، لەن جاۋخۇانى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىنغا قاتتىق كاپالەتلىك قىلىشى ئارقىسىدا، ئاخىر لەن جاۋخۇانى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەندىن ئېھتىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولدى، ئەمما فەن ياۋنەننىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. ئۇ، فەن ياۋنەننىڭ ئىچكىرىدە سىياسى ئالاقىسى كەڭرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياردەمگە ئىگە، ئەگەر قايتۇرۇۋەتسەم، چاتاق تېرىيدۇ، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي قالىمەن، دەپ ھېساپلايتتى. ياڭ زېڭشىن ئەينى يىللاردا ياڭ زەنشۇ قاتارلىقلار بېيجىڭغا بېرىۋالغاندىن كېيىن پارلامېنتتا ئۆزىگە توختىماي ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئۆزى "ئالاھىدە شەخس" دەپ ھېساپلىغان بۇ ئادەمنى ئىچكىرىگە ماڭدۇرمىدى①.

ياڭ زېڭشىن دىگەن بۇ يۈزسىز ئادەم پەن ياۋنەنگە زادى چېقىلمىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ

① ياڭ زەنشۇ ئەينى يىللىرى بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن. پارلامېنتتا ۋە باشقا جايلاردا ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسى تەدبىرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش پىكرىنى تەرغىپ قىلىدىغان كىتابچە نەشر قىلدۇرغان.

زېڭشىننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئادەتتىكى كىشىلەر فەن ياۋەننى ياڭ زېڭشىننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ چاغدا ياڭ زېڭشىننىڭ قول ئاستىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە مەمۇرى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى شۇ يىشەن، سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۇشەن، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ۋە ھەربى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى فەن ياۋەنلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە فەن ياۋەننىڭلا قوشۇمچە ۋەزىپىلىرى ئەڭ كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە فەن ياۋەن خارجى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئاساسىي ئادەم ئىدى.

شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۆزى ئالدىن پەملىگەن ئىش — قوزغىلاڭچىلار مۇستەبىتلىكى ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى، دەپ ھىساپلىدى، ئەمما ئۇ سەھنىدىن قانداقمۇ ئۆزلۈگىدىن چىقىپ كەتسۇن! شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىچكىرى بىلەن بولغان قاتناشنى تېخىمۇ قاتتىق كونتىرول قىلدى، ئىچكى جەھەتتىكى رازۋېتكىنىمۇ كۈچەيتتى. فەن ياۋەنمۇ ئىچكىرىدە ۋەزىيەت بىردىنلا ئۆزگەرسە، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىگە ياتلارنى باستۇرىدىغانلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتى. ئۇ يەنە ياڭ زېڭشىننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت بېرىشىنى ئۆتۈندى، ئەمما ياڭ زېڭشىن يەنىلا ئۇنى ماڭغۇزمىدى ھەمدە ئۇنىڭغا: "دەشت-باياۋاندىكى بىزدەك يەككە ئەرۋاھلارنىڭ كېيىنچە بىللە قايتىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك" دېدى. فەن ياۋەن قەپەزدىن چىقالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېپقالسا ئۆز خاھىشى بويىچە ئىشمۇ قىلالمايتتى، شۇڭا ئۇ ياڭ زېڭشىنغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى، بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئامانلىقىدىن

ئەندىشە قىلغان بولسا، ئەمدى ئاۋال تۇتۇش قىلىپ جايلىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئەمما ئۇ كۆرۈنۈشتە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇۋالدى.

1928 ـ يىلى، شىمالغا يۈرۈش ئارمىيىسى شەندۇڭ، خېنەنلەرگە كىردى. 2 ـ ئايلاردا، فېڭ يۈشياڭ ئىككى ۋەكىل ئەۋەتتى، بۇنىڭ بىرى جاۋ پەيلىنلىك بولۇپ، لۇجاڭ بولغان ئادەم ئىكەن، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىدىكى كىتابخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋالدى، ئەمما ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى مەنئى قىلدى، ئۆلكىلىك تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى ئىككى مەھكىمىنىڭ ئادەملىرى ئىچىدىمۇ بۇ ئىشنى بىلىدىغانلار بەك ئاز ئىدى.

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كەلگەن چاغدا، ياڭ زېڭشىن كۈتۈۋېلىشنى ماقا تاپشۇردى. بۇ تەكشۈرۈش ئۆمىكى "جۇڭگو ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتى جەمئىيىتى" بىلەن شۋېن خېدىن قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى جىق ئويلىنىشلاردىن كېيىن تەستىقلىغان ئىدى، ئۇلار چېگرىدىن كىرىدىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىلىرى تەكشۈرۈلدى، يان قوراللىرى پېچەتلەندى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئېپكەلگەن رادىيو ۋە ئالاقە ئەسۋاپ- لىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ تېپىپ يىغىۋالدۇق.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ 6 ـ كۈنى يەنى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن ئۇلارغا زىياپەت بەرمەكچى بولدى، ئەمما شۇ كۈنى قۇۋۇق ئېتىلگەن ئىدى، جىنايەتچىلەر تۈرمىدىن قېچىپتۇ، دىگەن گەپ بولدى، شۇ سەۋەپتىن زىياپەت شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنگە سۈرۈلدى. بۇ چاغدا جىنايەتچىلەر قېچىپتۇ دىگەن گەپمۇ

ئايدىڭلاشتى. ئەسلىدە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان فېلىك يۇشياڭنىڭ ئىككى ۋەكىلى كىتاپخانىغا ئوت قويۇپ، تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىدىن قاچقان ئىكەن①، ئۇلارنىڭ بىرى شەھەر ئىچىدە تۇتۇلدى، بىرى شەھەردىن چىقىپ غەرپكە قاراپ 40 ـ 50 چاقىرىم يەرگىچە قېچىپ بارغان ئىكەن، ئۇمۇ تۇتۇپ كېلىندى.

بۇ ۋەقە ماڭا شۇنىڭدىن 10 كۈن بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى ئەسلەتتى. شۇ كۈنى ياڭ زېڭشىن مېنى چاقىرىپ ئاق ئورۇس دوختۇر پېتاشېنكونى تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى 3 ـ زالدىكى بىراۋنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قويۇش ئۈچۈن چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مەن پېتاشېنكونى چاقىرىپ كەلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ جۇبىڭ ناملىق يېقىنى بىلەن ئىككىمىزنى دوختۇر بىلەن بىللە 3 ـ زالنىڭ ئىشىگىنىڭ يېنىدىكى كىچىك كىتاپخانىغا ئەۋەتتى.

كىچىك كىتاپخانىدا ياشانغانراق بىرەيلەن، ئېھتىمال، جاۋ پەملىلىك ئادەم بولسا كېرەك، ياش بىرەيلەن تۇراتتى. پېتاشېنكو ئۇلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ياشانغانراق ئادەمگە بادام بەز ياللۇغى دەپ دىئاگنوز قويدى ۋە ئازراق دورا بەردى، ئاندىن سىرتلارغا چىقىپ هاۋالىق يەردە يۈرسە ئوبدان بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېسەل كىشى جاۋابەن: هاۋالىق يەردە يۈرۈشكە پۇرسەت بولسىمۇ كېسەلمۇ بولمايتتىم" دېدى. كىچىك كىتاپخانىنىڭ تاملىرى ئىنقىلاۋىي لوزۇنكا، شوئارلار بىلەن تولغان ئىدى، بۇلارنى ھېلىقى ئىككىسى يازغان بولسا كېرەك.

① كىتاپخانىدىكى ئوت تېزلا ئۆچۈرۈلدى، كىتاپخانىنىڭ يېنىدا ئوق - دورا ئامبىرى بار ئىدى، ھېلىمۇ ياخشى ئوت ئامبارغا تۇتاشماپتۇ.

ياڭ زېڭشىن ماڭا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمەسلىكنى تاپىلىدى، ئۇ چاغدا مەن بۇ ئىككىيلەننىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم. ئۇلار تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سولاقخانىغا ئېلىپ كېتىلدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ھېلىقى جاۋ پەملىلىك ئادەم سولاقخانىدا كېسەل بىلەن ئۆلۈپتۇ، ياش كىشى شىنجاڭدىن قوغلىنىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. بۇ ئىككىيلەن راستىلا فېڭ يۈشياڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بولۇپ، شىڭشىڭشياغا كىرىش بىلەنلا نەزەربەنت قىلىنىپ، ئۆلكە مەركىزىگە مەخپىي ئېلىپ كېلىنگەن ئىكەن①. ئۇلارنىڭ ياڭ زېڭشىنغا فېڭ يۈشياڭنىڭ پىكرىنى قانداق يەتكۈزگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇ كىچىككىنە ۋەقەدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە جەزمەن ”ئالاھىدە شەخسلەر“ يوشۇرۇنغان دېگەن ئويغا كەلگەن ياڭ زېڭشىن رازۋېتكا ئىشلىرىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. كېيىن ئىچكىرىدە ۋەزىيەت جىددىي ئۆزگىرىپ، 6-ئاينىڭ 12-كۈنى فېڭتيەن ئارمىيىسىنىڭ بېيجىڭدىن چېكىنگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى، ياڭ زېڭشىن مەركەزگە نىسبەتەن ”بۇتخانىنى تونۇش، بۇتنى تونۇماسلىق“تەك ئىزچىل

---

① 1926-يىلىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن شەرق مۇداپىئەسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، قۇمۇلنىڭ شەرقىدە يولۋاسنىڭ ئۇيغۇرلار يېڭى، جەنۇبىي تۇرغۇتلارنىڭ قوغدىغۇچى خوشۇن باشلىقى دورجى (سەركەردە ئۇنۋانلىق) نىڭ 3 موڭغۇل يېڭى، شىمالىي تۇرغۇتلارنىڭ بايان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل يېڭى، شەرقىي تۇرغۇتلارنىڭ سېكسەي باشچىلىقىدىكى موڭغۇل يېڭى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئا داۋدې (گەنسۇلۇق) يېڭى، چېن ۋەنشياڭ مۇداپىئە يېڭى بار ئىدى.

پوزىتسىيىسىگە ئاساسەن، 7 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى نەنجىڭ مىللى ھۆكۈ-
مىتىنى ئومۇمى تېلېگىراممىا ئەۋەتىپ ئېتىراپ قىلىش قارارىغا كەلدى.

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەتنى ئىگەللىگەن دەسلەپكى چاغلاردا، يۈەن
شىكەي ھۆكۈمىتىنى ئەستايىدىل ھىمايە قىلغان ئىدى، ئىككىنچى قېتىم-
لىق ئىنقىلاپنىڭ ئالدى ــ كەينىدە، ياڭ زېڭشىننىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇ-
رۇن سىياسى تەشەببۇسلىرى يۈەن شىكەينىڭكىگە ماس كەلگەن ئىدى.
مەسىلەن، 1912 ــ يىل 12 ــ ئاينىڭ 3 ــ كۈنى ئۇ كېڭەش پالاتاسىغا
تېلېگىراممىا ئەۋەتىپ، ئۆلكە باشلىقىنى دېموكىراتىك سايلاشقا قارشى
تۇرۇش قاتارلىق تەشەببۇسلارنى قويدى، 1913 ــ يىل 2 ــ ئاينىڭ
27 ــ كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگىراممىا ئەۋەتىپ، پارلامېنت
ئەزالىرىنىڭ جەنۇپقا بېرىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، "پارلامېنتنى
دازۇڭتۇڭنىڭ چاقىرىشى، پارلامېنت تۇرۇشلۇق ئورۇننى ئەلۋەتتە
دازۇڭتۇڭ بەلگىلىشى لازىم"لىقىنى① تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى، پارلامېنت يىغىنىنى چوقۇم بېيجىڭدا ئېچىشنى تەشەببۇس
قىلدى. يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى گۇم بولغاندىن كېيىن، مىلىتارىستلار
يېغىلىقى بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى-
نىڭ زۇڭتۇڭى دائىم ئالمىشىپ تۇردى، ياڭ زېڭشىن بۇنى ھىمايە
قىلمەن، ئۇنى ھىمايە قىلمايمەن دەپ ئولتۇرغاندىن ئۆزىنى قوغداپ
جىم تۇرۇش تۈزۈك ئىكەن دىگەن يەرگە كەلدى ــ دە، ئىچكىرىنىڭ
سىياسى ۋەزىيىتى توغرىسىدا، گايىدا ئەسكەرلەرنى ئازايتىش
تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ياكى ئىچكى ئۇرۇشتىن قايغۇرىدى-

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» 1 ــ جىلت، 1 ــ كىتاپ،
3 ــ بەت.

غانلىغىنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، ھېچقانداق پىكىر بايان قىلمىدى. كىم زۇڭتۇڭ بولسا بولسۇن، ياڭ زېڭشىن يەنىلا شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ مىنىستىرلىك، مەھكىمىلىرىگە ئادەت بويىچە ئالاقە يوللاپ تۇردى، پارلامېنت ئەزالىرىنى ئەۋەتىپ تۇردى. جاڭ زولىن ئەلنى ئەمىن قىلغۇچى قوشۇننىڭ دايۈەنشۈەيى بولغاندىن كېيىنمۇ، ياڭ زېڭشىن يەنىلا بۇ غەيرى نورمال ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى ئىشلار، مالىيە مىنىستىرلىكلىرى قاتارلىقلار بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇردى.

ئۆتكەن ئون نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەربىلەر يېغىلىغىنىڭ "تۇرا لغۇسى" يوق، ھېچكىمنىڭ يۆمىڭگۈەنىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارغا ئارىلاشقۇدەك چولىسى ۋە كۈچى يوق، شۇڭا، بۇگۈن پالانىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ئەتە پۈكۈننى ھىمايە قىلىشنى بىلدۈرۈپ، ئۆزەمنى پاسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشۇمنىڭمۇ ھاجىتى يوق، دەپ ھېساپلىغان ئىدى. ئەمما بۇ نۆۋەت ئۇ شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىنى تەل-تۆكۈس گۇمران بولدى دەپ ھېس قىلدى: شىمالدىكى ھەربىي باشلىق جاڭ زولىن — شىمال مىلىتارىستلىرى ئارىسىدا ئۆزى ئەڭ كۆزگە ئىلىمايدىغان ئادەمنى ياپونلار پارتلىتىپ ئۆلتۈردى، يەن شىشەن بىلەن فېڭ يۈشياڭ يەنە جياڭ جيېشى بىلەن بىر كېچىككە كىردى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشالىغۇدەك ئادەم قالمىدى دەپ ئويلىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇتخانا نەنجىڭغا يۆتكەلدى دەپ ئويلىغان ياڭ زېڭشىن بۇ بۇتخانىنى ئېتىراپ قىلماقچى بولدى.

ئەمما ئۇ بۇ قېتىم بۇتخانىدىكى بۇتنىڭ ئالمىشىشى بۇرۇنقىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇڭا 1927 - يىلى ئائىلىسىنى

ئىچكىرىگە ماڭدۇردى، ئۆزى بولسا شىنجاڭدا تۇرالىماي قالغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تيەنجىنگە ياكى دالىيەنگە بېرىپ تۇرماقچى بولدى. ئۇ بۇ ئويىنى شۇ چاغدا بەزىلەرگە بىلدۇرگەن.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى دوختۇر ئېخمىر بوغدا كۆلگە ساياھەتكە بارماقچى بولۇپ①، ياڭ زېڭشىندىن ماشىنا سورىدى. ياڭ زېڭشىن ماڭا بىر ماشىنا بېرىشنى تاپىلىدى ۋە مېنى بىللە بېرىپ يولنى كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى، يول ياخشى بولسا، ئۆزىمۇ بوغدا كۆلگە بېرىپ كۆرۈپ كەلمەكچى ئىكەن. ئۇ ئىلگىرى ئۆلسەم جەسىدىمنى بوغدا تېغىغا قويۇڭلار، دىگەن ئىدى، بەلكىم ئۇ بۇ نۆۋەت راستلا ئۇ يەردىن بىر ئورۇن تۇتۇپ قويماقچى بولغاندۇ!

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە مەن ياڭ زېڭشىن بىلەن كۆرۈشكىلى بارسام، ئۇ ماڭا: "فۇكاڭغا بارماڭ②، دەرھال تۇرپانغا بېرىپ، تاشيولنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىڭ. تۇرپانغا بارغاندىن كېيىن سۇي ھاكىمغا دەپ قويۇڭ، ئاپتوموبىل قويىدىغان ئۆينى دەرھال پۈتتۈرسۇن، شۇ يەردىن ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ھەيئىتى قىلسۇن" دىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ياڭ زېڭشىندىن ئاخىرقى قېتىم يوليورۇق سوراش ئۈچۈن مەھكىمىگە بارسام، ئۇ يەن يۈشەن، شۇ يىشەن، جىن شۇربېن، لى رۇڭلار بىلەن بىللە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە

① ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بوغدا كۆلگە بېرىپ بولغان ئىكەن.

② ئۇ چاغلاردا بوغدا كۆلگە بېرىش توغرا كەلسە، ماشىنا فۇكاڭغىلا بارالايتتى، تاققا ئاتلىق چىقىشقا توغرا كېلەتتى.

تېلېگرامما يېزىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋېتىپتىكەن. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتكەن بولسىمۇ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن خەۋەر كەلمەگەچكە، ئۇلار دەككە ـ دۈككىدە قېلىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەپ يەنە بىر تېلېگرامما ئەۋەتمەكچى بولۇشقان ئىكەن.

ياڭ زېڭشىن مېنى كۆرۈپ، قاچان ماڭىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن: "ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمەن. جياڭجۈننىڭ يەنە نىمە تاپشۇرۇقى باركىن؟" دېدىم. ئۇ: "تېز بېرىپ، تېز يېنىپ كېلىڭ، مەنمۇ بېرىپ كۆرۈپ باقمىسام بولمايدۇ!" دېدى. بۇ ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى گېپى بولدى، بىز شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى كۆرۈشمىدۇق.

مەن قايتىپ چىقىپ، ئۇدۇللا فەن ياۋ نەننىڭكىگە باردىم، ھەر قېتىم باشقا يەرگە سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭاتتىم. فەن ياۋ نەن مەندىن: "نەدىن كېلىشىڭىز؟" دەپ سورىدى. "جياڭجۈننىڭ يېنىدىن" دېدىم مەن. ئۇ "ئۇلار نىمە قىلىۋاتىدۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "ئۇلار نەنجىڭغا ئەۋەتىدىغان تېلېگراممىنى تەييارلاۋاتىدۇ" دېدىم. بۇ چاغدا بىردىنلا بىر ئادەم كىرىپ كەلدى، بۇ ئادەمنىڭ كىملىكى ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇ ئادەم يا جاڭ چۈنشى، يا جاڭ شىن. فەن ياۋنەن بۇ ئادەمگە: "قارىمامسىز، ئۇلار يەنە تېلېگرامما تەييارلاۋېتىپتۇ!" دېدى.

مەن فەن ياۋنەنگە ئەتە ئەتىگەندە تۇرپانغا ماڭىدىغان بولدۇم، 3 كۈندە كېلىشىم مۇمكىن، دېدىم. فەن ياۋنەن: "ئوبدان بوپتۇ، ئاقيول تىلەيمەن، تېز بېرىپ، تېز قايتىڭ" دېدى.

بۇ كۈنى فەن ياۋنەن مەن بىلەن بىرەر سائەتچە سۆزلەشتى،

ئۇنىڭ سۆزلىرى شىنجاڭدا سىياسىنى ئوڭلاش توغرىسىدا بولدى. ئۇ: ھازىر كونا پەدە ئاقمايدۇ، شىنجاڭنى ئوبدان ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك، بولمىسا، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن خەتەرلىك، شىنجاڭ بەك ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ، دېدى. ئۇنىڭ يەنە نىمىلەرنى دېگەنلىكى ھازىر ئېسىمدە يوق. قىسقىسى، بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئۇ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

مەن ئۇنىڭكىدىن چىقىپ ماڭغىنىمدا، ئۇ ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك، مېنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ باردى، بىرنەچچە قېتىم بولدى، كىرىپ كېتىڭ دېسەممۇ ئۇنىمىدى. ئىككىمىز يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالغاندىن كېيىن، كۈندىلىك بېرىش-كېلىشتە ئۇ تۈنجى قېتىم مۇشۇنداق مېھرىۋانلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا: "يىراق سەپەرگە ماڭىدىكەنسىز، يىراقتىراق ئۇزىتىپ چىقاي" دېگەن ئىدى. بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈش بولۇپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي.

مەن 7-ئاينىڭ 7-كۈنى تاڭ يورۇشىغىلا مېڭىپ كەتتىم، يول بويى تاشيولنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردۈم، شۇ كۈنى كېچىدە تۇرپانغا يېتىپ باردىم. 7-ئاينىڭ 8-كۈنى سۇي ھاكىم بىلەن كۆرۈشتۈم، ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇغىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ھەممىمىز تۇڭشېڭخېي فىرمىسىنىڭ ئۈزۈملۈكىگە سەيلىگە باردۇق. بۇ كۈنى مېھمانلار ۋە ئامما ناھايىتى جىق كەلگەن ئىدى، سۇي ھاكىم بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، شۇ يەردىكى مامۇت دېگەن سودىگەرنى ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ھەيئىتى قىلماقچى بولدۇق. مامۇتنىڭ ئاكىسى مەخسۇت ئىلغار پىكىرلىك، يەنە كېلىپ ۋەتەنپەر-

ۋەرلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك كىشى ئىدى. مەن ئۇ چاغدا، مامۇت ئاكىسى بىلەن ئوخشاشتۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ماڭغان يولىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن.

ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولدۇم. بۇ چاغدا تۇرپان يۇجى ۋاڭى داتۇڭ (يۈننەنلىك) ماڭا، ئۆلكە مەركىزىدىن تېلېگرامما كەلگەنلىكىنى، ئۈرۈمچىدە سىياسى ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، ئەمما تەپسىلى ئەھۋالنىڭ تېخى ئايدىڭ ئەمەسلىكىنى يوشۇرۇن دەپ قويدى. مەن دەرھال ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدىم.

ئاپتوموبىل بىلەن داۋانچىڭغا كەلگىنىمدە، دوستلىرىم ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتكەن تاھىرئاخۇن يولۇمنى توسىدى. ئۇ ماڭا 7-ئاينىڭ 7-كۈنى فەن دوتەينىڭ ياڭ جياڭجۈننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، نازىر جىن شۇرېننىڭ ئەسكەر باشلاپ بېرىپ فەن دوتەينى تۇتۇۋالغانلىقى ۋە شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆلتۈرگەنلىكىنى؛ ئادەتتە فەن ياۋنەنگە يېقىن كىشىلەرنىڭ تولىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، بىرنەچچىسىنىڭ جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى؛ دوستلىرىمنىڭ مەندىن ئەنسىرەپ داۋانچىڭدا كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ۋە جىن شۇرېننىڭ زەھەرلىك قول سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆلكە مەركىزىگە قايتماسلىقىمنى ئېيتتى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك ھەيران قالدىم، ئەسلىدە فەن ياۋنەن چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىدىغانلىقى، ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىنقى كۈنى ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك مېنى يىراققىچە ئۇزىتىپ چىققان ئىكەن-دە. بىر كۈن ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ شەخسنىڭ تەڭ گۇم بولۇشى ھەقىقەتەن

كۆتۈلمىگەن بىر ئىش ئىدى!

شۇ چاغدا مەن بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، مەن فەن ياۋنەن بىلەن يېقىن دوست بولغان، ياڭ زېڭشىنىنىڭ زۇلمەتلىك سىياسىسىنى تەنقىت قىلىشقان، فەن ياۋنەننىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى قۇۋۋەتلىگەن بولسامۇ، ئەمما مەن فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىنىنى قەستلەپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى راستلا بىلمەيمەن، ئەگەر سوقۇنۇپ يۈرسەم، ئىش ئەكسىچە چاتاق بولىدۇ، ھەتتا دوستلىرىمنىڭ ئامانلىقىغا تەسىر يېتىشى مۇمكىن، دەپ ھېساپلىدىم-دە، تاھىر ئاخۇننىڭ گېپىگە كىرمەستىن، يەنىلا ئۈرۈمچىگە قايتىش قارارىغا كەلدىم.

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن مېنى قوبۇل قىلدى. ئۇ مەندىن: "ئۈرۈمچىدە بولغان ئىشنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "داۋانچىڭغا كەلگەندە ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بوپتۇ دەپ ئاڭلىدىم" دېدىم. جىن شۇرېن: "ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى، فەن دوتەي ئىسيان كۆتىرىپ ياڭ جياڭجۈننى ئۆلتۈردى. سىزنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئۆز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ. نەنسەندىكى قازاقلار ئىش تېرىدى دېگەن مەلۇماتنى ئالدىم، سىز نەنسەنگە بېرىپ تىنچلاندۇرۇپ كېلىڭ" دېدى.

مەن شۇ كۈنىلا بەيياڭگۇغا كەتتىم. كېيىن دوستۇم ماڭا جىن شۇرېننىڭ مېنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن پايلاقچى ئەۋەتكەنلىكىنى، مېنىڭ ھېزى بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

مېنىڭ كېيىن ئۇقۇشۇمچە، فەن ياۋنەننىڭ بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتسىز سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ جەريانى مۇنداق بوپتۇ:

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رۇسچە قانۇن ـ سىياسى مەخسۇس مەكتىۋىنىڭ 1 ـ قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن ئىدى. بۇ شۇ چاغدىكى شىنجاڭدا چوڭ ئىش بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن ۋە ھەرقايسى نازارەت باشلىقلىرى، ھەربى باشلىقلار، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى قاتارلىقلار تەكلىپكە بىنائەن مۇراسىمغا قاتنىشىپتۇ. مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن رەسىمگە چۈشۈشۈپتۇ، مەكتەپنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى سىنىپتا زىياپەت بوپتۇ. بۇ دەل چۈش ۋاقتى ئىكەن، ياڭ زېڭشىن ئېلىپ كەلگەن مۇھاپىزەتچىلەرگە ئالدى قەسىردە باشقا سورۇن تۈزۈپ زىياپەت بېرىپتۇ.

سىنىپتىكى زىياپەتكە 3 جوزا ھازىرلانغان بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى جوزىدا ياڭ جياڭجۈن بىلەن ۋەكىل چىيەن (تۈڭ)، نازىر يەن يۈشەن، ئۈرۈمچى ۋالىسى يىڭ رۇڭ، لۈجاڭ دۇ فارۇڭلار، غەرپ تەرەپتىكى جوزىدا نازىر فەن ياۋنەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەققەت كونسۇلى گائۇرېۋ بىلەن ئايىلى قاتارلىقلار ئولتۇرۇپتۇ. بۇ كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، زىياپەتتىن كېيىن ھەربىي مەكتەپكە بېرىپ سۆزلىمەكچى بولغاچقا، تاماقنى ئىتتىك ئېپچىقىڭلار دەپ ئالدىرىتىپتۇ. ئىككى خىل سەي كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۈنشى كىرىپ، ھاراق بوتۇلكىسىنى جوزىغا جاققىدە قويۇپتۇ. بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن باشقىلار بىلەن خۇاچۈەن ئويناۋاتقان ئىكەن، بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتۇ. فەن ياۋنەن جاڭ چۈنشىدىن: ”ھاراق ـ سەيلەر تەل بولدىمۇ؟“ دەپ سوراپتۇ. جاڭ چۈنشى: ”تەل بولدى!“ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. فەن ياۋنەن ئورنىدىن تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى بىلەن

رۇمكا سوقۇشتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا، كۆك ئۇزۇن پەشمەت كيىۋالغان خىزمەتكار قوينىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ، ياڭ زېڭشىنغا ئوق چىقىرىپتۇ.

بىرىنچى ئوق ياڭ زېڭشىننىڭ كۆكرىگىگە تەككەن بولسا كېرەك، ئۇ جوزىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە: ”نىمە قىلماقچىسەن!“ دەپ تۋۋلاپتۇ. كەينىدىنلا كۆك پەشمەت كيىۋالغان بىرنەچچە ئادەم تەڭلا ئوق چىقىرىپتۇ، ياڭ زېڭشىنغا يەنە ئوق تېگىپتۇ-دە، يەرگە يىقىلىپتۇ. يەن يۇشەننىڭ بىلىگىگە ئوق تېگىپ، ئۇمۇ يىقىلىپتۇ. ئۆلىدىغان يېرىگە ئوق تەككەن دۇ فارۇڭ شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ.

ياڭ زېڭشىننىڭ فۇگۇەنى جاڭ زىۋېن بىلەن مۇھاپىزەتچىلەر ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىچكىرىگە يۈگۈرەپتۇ، جاڭ زىۋېن يۈگۈرۈپ بېرىپ ياڭ زېڭشىننى يۆلەۋاتقاندا، ئېتىپ تاشلىنىپتۇ. ياڭ زېڭشىننى ئۆلمەي قالمىسۇن دەپ ئەندىشە قىلغان فەن ياۋنەن تېخى ئۆزى ياڭ زېڭشىنغا ئىككى پاي ئوق ئېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭنى 17 يىل بۆلۈنمە قىلىۋالغان ياڭ زېڭشىننىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى. شۇ يىلى ئۇ 66 ياشتا بولۇپ، سالامەتلىكى ئىنتايىن ياخشى ئىدى.

بۇ چاغدا، زىياپەتكە قاتناشقان مېھمانلار تالاغا قېچىپتۇ، فەن ياۋنەننىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ 30 نەچچە ئەسكىرىنى باشلاپ تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىگە ئۇدۇل بېرىپتۇ-دە، 3-زالغا كىرىپ، تامغىنى ئىزدەپتۇ① ھەمدە ھەرقايسى نازارەتنىڭ

① تامغىچى ياڭ چىڭنەن (خۇنەنلىك، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە بېيجىڭغا پارلامېنت ئەزاسى قىلىپ ئەۋەتىلگەن) تامغىنى فەن ياۋنەنگە بېرىپتۇ، ئاڭلىسام، ياڭ چىڭنەن فەن ياۋنەن بىلەن بىر ئىمىش، ياڭ چىڭنەنمۇ جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

باشلىقلىرىنى مەھكىمىگە مەجلىسكە چاقىرتىپتۇ.

مەمۇرى ئىشلار نازارىتىنىڭ (خەلق ئىشلىرى نازارىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) نازىرى جىن شۇرېنمۇ شۇ كۈنى رۇسچە قانۇن-سىياسى مەخسۇس مەكتەپتىكى مۇراسىمغا قاتناشقان ئىكەن، ئەمما ئارىلىقتا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال يېقىنلىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىپتۇ، ھەربى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ پېييۈەن، ھەربى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى فېڭ لياڭ، بولۇپمۇ دادىسى دۇ فارۇڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان دۇ جىگولار تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىگە بېرىپ فەن دوتەيگە جۆر بولۇشقا بولمايدۇ دەپ قاتتىق تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوشۇننى باشلاپ، پىشقەدەم جياڭجۈن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز دېگەن چاقىرىق ئاستىدا تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنى قورشاپتۇ.

فەن ياۋنەن شېرىكلىرى بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. فەن ياۋنەن 3-زالدا تاپانچىسىدىكى ئاخىرقى بىر پاي ئوقنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قولغا چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپتۇ، قالغانلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ قېچىپ كېتەلمەپتۇ.

سىياسى ئۆزگىرىشنى فەن ياۋنەننىڭ قوزغىغانلىقى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، شۇ كۈنى ئاخشىمى جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، فەن ياۋنەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇپ "چاتاق چىقارغان"لار ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. فەن ياۋنەننى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئېغىلدىكى ئات باغلايدىغان تۈۋرۈككە باغلاپتۇ، ئەسكەرلەر بىر تەرەپتىن ئۇنى تىللىسا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بۇرۇتىنى يۇلۇپ، كۆزىنى ئويۇپ، شۇنداق پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ مۇردى جاڭ چۈنشى بىلەن لۇ باۋرۇ (سىمسىز رادىيو تېخنىكى، جياڭسۇلۇق)لارمۇ قولغا چۈشكەندىن كېيىن جىق

ئازاپ تارتىپ، 13 ـ چىسلا ئىبتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، جىن شۇرېن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى قوشۇمچە ۋاقىتلىق ئۆلكە رەئىسى نامىدا ئېلان چىقىرىپتۇ، ئېلاندا چاتاقچىلار ئۆلكىمىزنىڭ باشلىقىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىدى. ھەربى ۋە خەلقنىڭ بىردەك قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا، "توپىلاڭ" شۇ كۈنىلا تىنىچىتىلدى، ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر ساھەدىكىلەر خاتىرجەم بولۇپ تىرىكچىلىكنى قىلسۇن، دېيىلگەن. ئۆلكە مەركىزىدە بىر ھەپتىگىچە جىددىيچىلىك بولۇپ، 14 ـ چىسلا ئاران نورمال تەرتىپ ئەسلىگە كەلدى.

فەن ياۋنەن ئادەتتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى، ئۇ نىمە ئۈچۈن ئاقىۋەتنى ئويلىماي تۇساتتىنلا بۇنداق ئىشنى قىلدۇ؟

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىندىن ھەم پەخەس بولۇپ يۈرەتتى، ھەم ياڭ زېڭشىنغا بەك ئۆچ ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدا ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈش نىيىتى ياڭ زېڭشىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىپ تېلېگرامما ئەۋەتىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇغۇلغان.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىن كېتىش ئويىدا بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى. 1928 ـ يىل 5 ـ ئايدا ياڭ زېڭشىن ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىش ئۈچۈن، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئەۋەتتى. كېيىن ئۇ يەن شىشەن قاتارلىق بەزى شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ نەنجىڭغا بېقىنىپ ئەسلىدىكى زېمىننى يەنىلا ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە بىر مەزگىل قاراپ، باقاي دىگەن ئويىدا بولدى.

فەن ياۋنەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقىنىغىمۇ 10 يىل بولغان ئىدى،

ئۇزاقتىن بېرى ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن ئۆچمەنلىكى ھامان پارتلاپ چىقماي قالمايتتى. ئۇ، شىمالغا يۈرۈش ئىنقىلاۋى ئەڭ ياخشى پۇرسەت، بۇ قېتىمقى مەملىكەت خاراكتېرلىق چوڭ ئۆزگىرىشتە چېگرا رايوندا بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمىسام ياكى ئىچكىرىدىكە كېتىپ قالسام، ئۇ ھالدا، ئۆمۈرلۈك غايەم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ ھىساپلايتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ بۇ قېتىمقى چوڭ ئۆزگىرىشتە ئۆزىنىڭ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ بۇنداق خىيالىنى ماڭا ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1927 - يىلى بىر كۈنى مەن ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى روزىنى پەن ياۋنەنگە ئالاھىدە تونۇشتۇردۇم. روزى فەن ياۋنەنگە: "فەن دارېن، ئۆزلىرى پۇقراچە ياسىنىپ ناھىيىلەرگە بېرىپ، ئاممىلارنىڭ پۇقرالارنى قانداق ئېزىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدىغان بولسىلا، سىلمۇ چىداپ تۇرالمايدىلا" دىدى. فەن ياۋنەن جاۋابەن: "كەلگۈسىدە بۇنداق ئەھۋال ئاخىر بىر كۈنى يوقىتىلىدۇ، بىراقلا يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما يوقىتىش ۋاقتىغىمۇ ئۇزاق قالمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا ياردەملىشەيلى!" دىدى. روزى فەن ياۋنەنگە كۈنلەرنىڭ بىرىدە فەن ياۋنەن ئۆلكە باشلىقى بولىدىغان بولسا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ياڭ زېڭشىنغا سىلىشتۇرغاندا، فەن ياۋنەن شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى ئىللەتلەرنى راستلا تۈگەتمەكچى بولغان بولسا كېرەك، ياڭ زېڭشىن بولسا بۇ ھەقتە بەزەن - بەزەندە سۆزلەپ قوياتتى، خالاس. فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغانلىقى

ھەققىدە ماڭا بىر نەرسە دەپ باقمىغان. ئەمما، ئەگەر ئۇ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسا، بىز ئۇنى ھىمايە قىلغان بولاتتۇق.

1928 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىپ تېلېگىرامما يوللىدى ھەمدە يەرلىك ئەمەلدار ـ مۆتىۋەرلەرنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى. ياڭ زېڭشىن مەجلىستە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ھازىر بېيجىڭ ھۆكۈمىتى غۇلىدى، نەنجىڭدا مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى سەنمىنجۇيىنى يولغا قويىدىكەن، ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ شىنجاڭدا سەنمىنجۇيى بۇرۇنلا يولغا قويۇلغان. 17 يىلدىن بېرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تېچ ئۆتتى، چاتاق چىقمىدى، بىز چەتئەللىكلەرنىڭ زېمىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگىمۇ يول قويمىدۇق، دىپلوماتىيە جەھەتتە ئىگىلىك ھوقۇقتىن مەھرۇم بولمىدىغان، ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلمىدۇق، بۇلار مىللەتپەرۋەرلىكنى يولغا قويغانلىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ. كىشىلەر شىنجاڭنى مالىماندىن خالى تېچ جاھان دېيىشىدۇ، ھەممەيلەننىڭ قورسىقى توق، بۇلارنى خەلق تۇرمۇشى، خەلق ھوقۇقى مەسىلىسىنىڭ ئىپادىلىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن خەلق كۈچىنى ئاسراشقا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى ئېزىشىنى قاتتىق مەنئى قىلىپ كەلدىم، بۇنىسى ھەممىگە ئايان. شىنجاڭنىڭ سىياسىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى بىلەن بىردەك، شۇڭا مەن بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلىش قارارىغا كەلدىم، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىمەن. ئۇ ئۆخشىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مۇنداق دېدى: ئالايلۇق، بىر دۇكان تىجارەتتە

زىيان تارتىپ ۋەيران بولسا، كېيىن دۇكاننىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئالماشتۇرىدىغان گەپ. ۋىۋىسكا ئالماشقىنى بىلەن، مال يەنە شۇ بۇرۇنقى مال، تىجارەتنى يەنە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ۋىۋىسكىسى ئالماشقاندىن كېيىن بۇ دۇكاننى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدۇ.

ياڭ زېڭشىن سۆزلەۋاتقاندا نۇرغۇن ئادەملەر چاۋاك چالدى، فەن ياۋنەن بولسا ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئەتىسى فەن ياۋنەن جاۋ دېشۇ بىلەن ئىككىمىزگە: "ياڭ جياڭجۇن يەنە ئالدامچىلىق قىلماقچى، قاچىنى يەڭگۈشلەپ، ئاشنى يەڭگۈشلىمەسلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى. ئۇ بۇ يەردە ئۆزى ئېيتقاندەك ئاتالمىش 'ئالاھىدە شەخسلەر'نىڭ بارلىقىنى بىلمەمدىكىن، خەق ئۇنىڭ ھىلىسىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىدۇ" دېدى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى فەن ياۋنەن راستىلا زادى چىداپ تۇرالمىغان بولسا كېرەك، غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شۈ بىڭچاڭ (شۈ شېڭ) بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ يۇقۇرىقى خىيالىنى شۈ بىڭچاڭغىمۇ ئېيتقان. شۈ ئەپەندى بىلىملىك ئادەم بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن دائىم فەن ياۋنەن ئىككىمىز بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلاتتى، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى ئىدى، فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىنغا قارشى ئىدىيىسىنى شۈ بىڭچاڭغىمۇ ئاشكارىلاپ قويدى، پەقەتلا بۇ قېتىمقىسى تېخىمۇ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن بولدى، خالاس. ئۇ شۈ بىڭچاڭغا ئاتالمىش يېڭى ھۆكۈمەتتە كومىتېت ۋە رەئىسلا بار، ھەيئەتلەر يوق، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ياڭ جياڭجۇن شەخسى مۇستەبىتلىكىنى يەنە ساقلاپ قالماقچى ئوخشايدۇ، دىگەن پىكرىنىمۇ بىلدۈرگەن، فەن ياۋنەن يەنە مۇنداق دىگەن: "ئۇ ئۆزىنىڭ چارىلىرىنى ئاقىدىغان چارە دەپ ئويلايدۇ،

مېنىڭچە، ئۇ ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن كەلگەن غەلىتە ئادەملەرنىڭ بۇ يەردە كۆپلۈگىنى، جەزمەن چوڭ ئىش تېرىلىدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك.” ئۇ شۇ ئەپەندى بىلەن بىرنەچچە سائەت سۆزلەشكەن. 6 ـ چىسلا مەن شۇ بېگچاڭنىڭكىگە بارسام، شۇ بېگچاڭ ماڭا: ”فەن ئەپەندى جىنچىبىن (ياڭ زېڭشىننىڭ لەقىمى) جياڭجۇندىن بەك نارازى ئىكەن” دېدى ۋە تۈنۈگۈن فەن ياۋنەن ئۆزىگە دېگەن گەپلەرنى ماڭا دەپ بەردى. كېيىن ئۇقۇشۇمچە، ياڭ زېڭشىن راستىلا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كومىتېتىنىڭ تەركىۋىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى تەييارلىغان ئىكەن، بۇ ئىسىملىكتە نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن، يالغۇزلا پەن ياۋنەننىڭ ئىسمى يوق ئىكەن. ياڭ زېڭشىن ئەسلىدە بۇنداق ئىشلارنى ئىنتايىن مەخپى بىر تەرەپ قىلاتتى، ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرى فەن ياۋنەننى بىز بىلەن بىللە تۇرمايدۇ دەپ ئۇنىڭدىن ئاغرىناتتى، ئېھتىمال، فەن ياۋنەنگە قاتتىق تەسىر قىلسۇن دەپ، بۇ يېڭى ئىسىملىكنى ئەتەي ئۇنىڭغا ئاشكارىلاپ قويغان ئوخشايدۇ.

ئۇ چاغلاردا، ئۈرۈمچىدىكى ئىلغارراق پىكىردىكى ياش زىيالىلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تولىسى پەن ياۋنەننى قوللايتتى، شۇڭا فەن ياۋنەن ئۆزىنى سىياسى جەھەتتە دەسمايىلىك ھېس قىلاتتى. ئەمما ئۇ ھەممە ئىشتا ئېھتىياتچان بولغاچقا، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىگە قولايسىزلىق كەلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىلات قۇرۇش مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ ئىنتايىن يېقىن كىشىلىرىگىمۇ دېمىگەن.

ياڭ زېڭشىن كەينىگە سوزماقچى بولدى، ھالبۇكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كومىتېتىدىكىلەرنىڭ تەركىۋىدە فەن ياۋنەننىڭ ئىسمىنىڭ

بولماسلىغى فەن ياۋنەننى يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلسىلا، ياڭ زېڭشىن مېنى جۆندەيدۇ، دىگەن ھىسقا كەلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياڭ زېڭشىننى يوقاتمىسام بولمايدىكەن دىگەن ئاخىرقى قارارغا كەلگەن. ئەمما ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈشكە ۋە ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈشكە بىۋاستە قاتناشقۇچىلار جاڭ چۈنشى، لۇ باۋرۇ، جاڭ شىن قاتارلىق بىرنەچچىلا كادىر بولۇپ، قالغىنى ئۇ ئادەتتە قوبۇل قىلغان ھەز خىل شەخسلەر ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئىدى①. 7-ئاينىڭ 3-ياكى 4-كۈنلىرى بولسا كېرەك، ئۇلار خارجى ئىشلار مەھكىمە-سىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا ھەركەت پىلانىنى مەسلىھەتلىشىپتۇ ھەمدە ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان قورالنى سىناپ كۆرۈپتۇ.

فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىگە ئۆزەم كىرسەم ۋە تامغىنى تارتىۋالسام، ھەممىگە قوماندانلىق قىلالايمەن دەپ ئويلىغان. ئۇ جىن شۇرېن، يەن يۈشەنگە ئوخشاشلار قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ، ئۈرۈمچىدىكى ئارمىيمۇ باشقىچە ئىپادىدە بولمايدۇ دەپ ھىساپلىغان. ئۇ شۇ چاغدىكى شىنجاڭنى ياڭ زېڭشىن يالغۇزلا نېرى-بېرى قىلىدۇ، ياڭ زېڭشىننىڭ تايانچىلىرىدا ئۆلۈمدىمۇ، كۆرۈمدىمۇ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ ياڭ زېڭشىن بىلەن بىللە بولۇش ئويى يوق، دەرەخ يىقىلسا مايمۇن توزۇيدۇ دىگەندەك، ھېچكىممۇ ياڭ زېڭشىننى دەپ جېنىنى ساتمايدۇ، دەپ خاتا مۆلچەرلىگەن.

رۇسچە قانۇن-سىياسى مەكتىۋىدە بولغان ۋەقەدە ئوق تېگىپ

---

① ياڭ تۈەنجاڭ دىگەن خەنزۇ كىشى (بۇ كىشى ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىكەن) فەن ياۋنەننىڭ شېرىگى ئىكەن، لېكىن فەن ياۋنەن تېزلا مەغلۇپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئىسيان كۆتىرىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئىمىش.

ئۆلگەن دۇلۇجاڭ گەنسۇلۇق ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەپتىسەر ـ ئەسكەرلەرنىڭمۇ تولىسى گەنسۇلۇقلار ئىدى، ئۇنىڭ ئوغلى دۇ جىگو دادىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى، ھالبۇكى ئۇ چاغدا ئارمىيىدە فېئوداللىق مۇناسىۋەت يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا ئىدى. جىن شۇرېن بۇنداق مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ (جىن شۇرېنمۇ گەنسۇلۇق، دۇلۇجاڭ بىلەن لىنشيادا يۇرتداشمۇ بولغان)، بۇ ۋەقەنىڭ مۇۋەسسىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى.

ئىستاۋىنى سۇرۇشتۇرسە، جىن شۇرېن نازىرلار ئىچىدە ئارقىدا تۇراتتى، ئەمما ئۇ ئارمىيىنى ئۆزىگە تارتقان ئىدى، شۇڭا يەن يۈشەن، شۇ يىشەن قاتارلىقلارغا ئۇنىڭ كېيىنگە كىرمەكتىن باشقا ئامال بولمىدى. ئادەتتە فەن ياۋنەنىنى قوللايدىغانلار قولىدا قورالى يوق، جاسارەتسىز كىشىلەر بولۇپ، ئاپەتتىن ساقلىنىش تەييارلىقىنىمۇ قىلمىغان ئىدى، بۇ جەھەتتە ھېچنىمىمۇ قىلالمايتتى.

فەن ياۋنەن بۇرژۇئا دېموكراتىزىمى ئىدىيىسىگە ئىگە ئادەم ئىدى، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىمۇ شىنجاڭنى ئەمگەكچى خەلق كۈتكەن يولغا باشلىيالمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈشى تامامەن شەخسىي ئاداۋەت بىلەنلا بولغان ئىشمۇ ئەمەس، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە كىشىلىرى ياڭ زېڭشىنغا ماتەم تۇتتى، ياڭ زېڭشىننىڭ جەسىدى ئۆزى ياساتقۇزغان تەكرى بۇتخانىسىغا قويۇلدى، تەزىيەنامىلەر ۋە مەرسىيەنامىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ياڭ زېڭشىن مەدھىيىلەنگەن، فەن ياۋنەن ئەيىبلەنگەن ئىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ جەسىدى كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىلدى. ئاڭلىسام، ئازاتلىقتىن كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ ئائىلە

تەۋەلىرى بېيجىڭدا تۇرغان ئىمىش. ياڭ زېڭشىننىڭ 3 ئوغلى بار ئىدى، تۇنجىسى تۇغما دۆت ئىدى، ئوتتۇرانچىسىغا مەن رۇسچە ئۆگەتكەن ئىدىم، ھازىر ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇغىنى بىلمەيمەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئەسەرلەردىن نەشر قىلىنغىنى 54 جىلتلىق «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» بولۇپ، ماقالىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ياڭ زېڭشىن ئۆزى تەييارلىغان، بۇ ــ شىنجاڭنىڭ 1912 ــ 1924 ـ يىللاردىكى تارىخى ھەققىدىكى ئوبدان ماتېرىيال. 30 جىلتلىق «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» ياڭ زېڭشىننىڭ كىتاپ ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ پەلسەپە ۋە سىياسى ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن، بۇ خاتىرىلەر ياڭ زېڭشىننى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيالدۇر.

# جىن شۇرېن هۆكۇمرانلىق قىلغان دەۋر

## جىن شۇرېننىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشى

شىنجاڭدا دەۋر سۈرگەن ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ جىن شۇرېن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ياڭ زېڭشىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمدەك قويۇق ئەمەس ئىدى، ئەمما جىن شۇرېن شاللاق، ئاچكۆز ئادەم بولۇپ، ياڭ زېڭشىنغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى كۆرۈۋېلىش ئاسانراق ئىدى.

جىن شۇرېننىڭ تەخەللۇسى دېيەن بولۇپ، گەنسۇنىڭ داۋخې (يەنى خېجۇ، كېيىن لىنشيا ناھىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) دېگەن يېرىدىن ئىدى، چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ جىيۇ يىلى (1909-يىلى) كېجۇلەر ئىمتىھانىدا ئەلاچى بولغان، گەنسۇ يۇقۇرى دەرىجىلىك شۆتاڭنى پۈتتۈرگەن، ياڭ زېڭشىن بىلەن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ راھەتلىكرەك تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئاندىن ئەمەلدارلىق بىلەن بېيىش ئۈچۈنلا شىنجاڭغا بارغان ئىدى؛ فەن ياۋنەن سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ هۆكۇمرانى بولۇش

نىيىتى يوق ئىدى①. ئۇ قەلەمكەش بولغاچقا ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدىدا بەك مۇلايىم كۆرۈنگەچكە، ياڭ زېڭشىنغا يېقىپ قېلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئاقسۇ، كونىشەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى)، ئۈرۈمچى قاتارلىق ناھىيىلەردە ئامبال بولغان، 1926-يىلى ئۆلكە باشلىقى مەھكىمىسى مەمۇرى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.

1928-يىلى، شىنجاڭدا فەن ياۋنەن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغاندا، جىن شۇرېن خەلق ئىشلىرى نازارىتى (ئەمدىلا مەمۇرى ئىشلار نازارىتى دىگەن نامدىن ئۆزگەرتىلگەن)نىڭ نازىرى ئىدى. ئۇ ئىستاز ۋە ئىناۋەت جەھەتتە ئەسلىدە ليۇ ۋېنلۇڭ، يەن يۇشەن، شۇ چيەن (يىشەن) قاتارلىق نازىرلارغا يەتمەيتتى، ئۇنىڭ بىردىنلا شىنجاڭنىڭ ھەربى-مەمۇرى ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا ئاساسەن بىرنەچچە ھەربى باشلىقنىڭ ئۇنى كۆتەرگەنلىكى سەۋەپ بولغان.

سىياسىي ئۆزگىرىش بولغان كۈنى رۇسچە قانۇن-سىياسىي مەخسۇس مەكتىۋىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمغا جىن شۇرېنمۇ قاتناشقان ئىكەن. ئۇ ئىشىم بار دەپ، ئارىلىقتا كېتىپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئارىلىقتا چىقىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، ئۇنى دەسلەپتە فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتناشقان دەپ ھىساپلاشقان، بىراق بۇنداق قاراش دۇرۇس ئەمەس ئىدى. فەن ياۋنەن تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ 3-زالىغا كېلىپلا، جىن شۇرېنغا مەھكىمىگە يىغىنغا كېلىش توغرىسىدا باغاق ئەۋەت-

① ئۇ بۇ ھىسسىياتىنى كېيىنچە خىزمەتتىن بوشاپ لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا دوست-بۇرادەرلىرىگە ئېيتقان.

كەن①، ئۇ مۇشۇ چاغدىلا پەن ياۋنەنىنىڭ قەستىنى بىلگەن. ئۇ چاغدا گەنسۇلۇق ھەربىلەر، ئالايلۇق، دۇ جىگو، جاڭ پېيىۇەنلەر ئۇنى بارغۇزمىغان ھەمدە قوشۇننى باشلاپ بېرىپ، تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنى قورشىۋېلىپ، فەن ياۋنەنىنىڭ ئازغىنا قوراللىق كۈچىنى يوقاتقان②. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىن ئۆچۈن ئۆچ ئالغۇچى بولۇپ قالدى ھەمدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە باشلىقلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ۋاقىتلىق رەئىس ۋە باش قوماندان بولۇۋالدى.

ياڭ زېڭشىن كۆپ يىللار داۋامىدا خەنزۇ ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى يۇرتداشلىق رىشتىسى بىلەن باغلانغان گۇرۇھ كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلىگەنلىكتىن، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، خۇنەن-خۇبېي گۇرۇھى بىلەن باشقا گۇرۇھلاردىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا تەن بەرمىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا جىن شۇرېن بىلەن قارشىلاشقۇدەك مادار يوق ئىدى، كۆپ بولغاندىمۇ كەينىدە غۇدىراپ قوياتتى، خالاس. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى دوتەيلەر، مەسىلەن، غۇلجىدىكى نيۇ شى، چۆچەكتىكى لى جۇڭلىن، ئاقسۇدىكى جۇ رۇيچى، قەشقەردىكى ما شاۋۋۇ، ئالتايدىكى ۋېي جېنگو قاتارلىقلار ياڭ زېڭشىن ئۆلگەندىن كېيىن جايلاردا يېغىلىق بولۇپ كېتەرمىكىن دىگەن ئەندىشىدە تۇرغاچقا، بىركىم

---

① باغاقنى سىمسىز تېلېگىراف ئاپاراتى تېخنىكى لۇ باۋرۇ ئېيتىپ بەرگەن، ئۇ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ چاڭجۇ دىگەن يېرىدىن.

② ئۇ چاغدا جاڭ پېيىۇەن ھەربى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىدىن گۇاڭدۇڭلۇق لى خەيرۇ، يۈننەنلىك فېڭ لياڭ قاتارلىقلار جىن شۇرېننى ھىمايە قىلغان ھەمدە فەن ياۋنەننى يوقىتىش يولىدىكى قوراللىق ھەركەتكە قاتناشقان.

ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋەزىيەتنى ساقلاپ تۇرالىسىلا، ئۇلارنىڭمۇ يۈرىكى جايىغا چۈشەتتى. ياڭ زېڭشىن كۆپ يىللار داۋامىدا ئاساسلىق كادىر-لىرىنى "ئۆز نىپسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىدىغان" چاكىنىلاردىن قىلىپ تەربىيىلىگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىستائەتمەن بولۇپ "تەربىيىلىنىپ" چىققان ئىدى؛ فەن ياۋنەن قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھالەتتىمۇ، جايلاردىكى خەنزۇ ئەمەلدارلار قارشى چىقمايتتى.

جىن شۇرېن كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى سۆزمەن كۆرسەتتەتتى، يەنە كېلىپ ياڭ زېڭشىننىڭ چىقىشقاقلىق ئىستىلىنى دورايتتى، ئەمما ئۇ ئىچى تار، كالتا پەم ئادەم ئىدى، بولۇپمۇ ئەپيۇنخۇمار بولۇپ، زېھنى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ياڭ زېڭشىندەك ھەممە ھوقۇقنى ئۆز قولىغا يىغىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ياڭ زېڭشىن ئۆلۈپ ئەتىسى جىن شۇرېن خەلق ئىشلار نازارىتى-نىڭ نازىرى قوشۇمچە ۋاقىتلىق رەئىس، باش قوماندان ئۇنۋانى بىلەن ئېلان چىقىرىپ، چاتاقچىلار ئۆلكىمىزنىڭ باشلىقىنى ئۆلتۈ-رۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئارمىيە قورشىۋېلىپ چاتاقچىلارنى قولغا چۈشۈردى، دېگەن؛ شۇنىڭدەك شۇ كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگىرامما يوللاپ، ۋەقەنىڭ جەريانىنى مەلۇم قىلغان، چېگرا رايوندا ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئارمىيە-خەلققە قوماندانلىق قىلىپ، ۋەزىيەتنى كۈچىنىڭ بېرىچە ئوڭشاۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن، بۇ ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۆلكىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ بېجىرىشى توغرىسىدا بالدۇرراق ئېنىق پەرمان چىقارغۇزماقچى بولغان. ئۇ يەنە ھەرقايسى دوتەيلەرگە تېلېگىرامما بېرىپ، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ جەريانىنى چۈشەندۈرگەن،

شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ۋەزىيەتنى كونتروۋل قىلغانلىقىنى
ئېيتقان، بۇ ئارقىلىق جايلاردىكى مۈلكى ۋە ھەربى ئەمەلدارلارغا
ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلدۇرماقچى بولغان.

ۋەقەدىن كېيىنكى ئون نەچچە كۈن ئىچىدە، جىن شۇرېن ۋە ئۇنى
كۆتەرگەن ھەربىلەر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بىر قىسىم ھۆكۈمەت خادىمـ
لىرىنى قولغا ئالدى، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاتتى، بەزىلىرىنى تۈرـ
مىگە سولىدى. 7ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنى تەگرى ئىبادەتخانىسىدا ياك
زېڭشىننىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنىگىچە جىن شۇرېن
ھاكىمىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن پۈختىلىنىۋالدى دېيىشكە بولىدۇ.
ئۇ شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى، جەنۇبىي ۋە شىـ
مالىي شىنجاڭنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە ھەربى
باشلىقلىرى ھەم موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرـ
نىڭ ۋاكـ گۇڭلىرى ۋە يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ نامىدا ئۆزىنىڭ
ئۆلكە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىنى ھىمايە قىلىدىغان مەزمۇندا
نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگىرامما يوللىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شۇ
چاغدا شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىش نىيىتىدە بولسىمۇ، لېكىن
ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا، ئاخىر جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىـ
لىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە باش قوماندان دەپ ئېلان
قىلدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي باش قوماندان دىگەن نام چېگرا
مۇداپىئە دۇبەنى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەلق تۇرمۇشىغا تەسىر
قىلغان تۇنجى ئىش ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش بولدى. بۇ ئۇنىڭ
شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتى جەھەتتە ياك زېڭشىنغا
ئوخشىمايدىغان ئاساسلىق يېرى ئىدى. ئۇنىڭ ئارمىيىسنى كېڭەيتىـ

شىدە بىرقانچە سەۋەپ بار ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۇنى كۆتەرگەن گەنسۇلۇق ھەربىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى ئارمىيىنى كېڭەيتىش يولى بىلەن كۈچەيتىش كويىدا ئىدى، جىن شۇرېنمۇ ئارمىيىسىنى كېڭەيتىشنى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم ئامىل دەپ ھىساپلايتتى. ئىككىنچىدىن، شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇل ۋە چارقىلىقتىن گەنسۇ ئارمىيىسى كونا ئۆتەڭ تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ دىگەن مەلۇماتنى ئالغان ئىدى①، ئەينى ۋاقىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گەنسۇ دائىرىلىرىنى شىنجاڭدا بولغان سىياسى ئۆزگىرىشنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ دىگەن گەپ چىققان ئىدى، جىن شۇرېن سىرتقى كۈچنىڭ شەرق تەرەپتىن كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەسكەرنى كۆپەيتىپ، مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتمەكچى بولدى. ئۈچىنچىدىن، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، ئۆلكىدىكى ئارمىيىنىڭ ئەپتىسەر-ئەسكەرلىرى ساپلا گەنسۇلۇقلار ۋە شىنجاڭلىقلار ئەمەس ئىدى، جىن شۇرېن بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئەپتىسەر-ئەسكەرلەردىن ھەزەر ئەيلەپ، يېڭى ئەسكەر ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئارمىيە ئىچىدە گەنسۇلۇقلار بىلەن شىنجاڭلىقلارنىڭ سالمىغىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزلىرى ئىشەنچىسىز دەپ ھىساپلىغان باشقا ئۆلكىلىك ئەپتىسەر-ئەسكەرلەرنى بارا-بارا شاللاپ چىقىرىۋەتمەكچى

① ئۇ چاغدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى فېڭ يۈشياڭ گۇرۇھىدىكى ليۇ يۇفېن ئىدى. فېڭ يۈشياڭ قوشۇنى گەنسۇغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا پات-پات فېڭ يۈشياڭ شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگۈدەك دىگەن گەپ تارقىلىپ تۇردى؛ 1927-يىلدىن كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ شەرقى مۇداپىئەنى كۈچەيتىشىمۇ فېڭ يۈشياڭ ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولغان ئىدى.

بولدى. كېزى كەلگەچكە ئېيتسپ ئۆتۈپ كېتەي، شۇ يىللىرى ئومۇ-
مەن ھۆكۈمران سىنىپلاردىن كېلىپ چىققان گەنسۇلۇقلار خۇيزۇلارغا
ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەس دەيدىغان مۇتەئەسسىپ قاراشتا ئىدى.
جىن شۇرېن دەل ئەنە شۇنداق قاراشتىكى گەنسۇلۇق بولۇپ،
تەختكە چىققاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىنىڭ خۇيزۇ ئەپەندىلەرگە
تايىنىش چارىسىنىڭ تامامەن ئەكسىچە، ئارمىيىنى كېڭەيتىش جەريا-
نىدا بارا-بارا زور بىر قىسىم خۇيزۇ ئەپەندى-ئەسكەرلەرنى ئىلگىر-
ئاخىر بولۇپ شالللىۋەتتى.

ئۇ چاغدا شىنجاڭدا ئەمگەك كۈچى كەم بولۇپ، دېخانلارنىڭمۇ،
ھۈنەرۋەنلەرنىڭمۇ كىرىمى ئەسكەرلەرنىڭكىدىن جىق ئىدى، يەنە
كېلىپ ئۇلار ئەسكەرلەردىن ئەركىنرەك يۈرەتتى. بولۇپمۇ بالا-
چاقىلىرى بار خەنزۇلار بالا-چاقىلىرىنى تاشلاپ ئەمەلدارلارغا
جېنىنى سېتىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، جىن شۇرېن
ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەر ئېلىشى مۇقەررەر ھالدا ئەسكەرلىككە تۇتۇش
بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە خاتىرجەمسىزلىككە چۈشتى، شەنشى،
گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت ھەم-
مىدىن كۆپ بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى
خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئىشىنىۋەرمەيتتى، ئالايلۇق، جىن شۇرېن
خۇنەنلىكلەر، خۇبېيلىكلەر ۋە تيەنجىنلىكلەرگە ئىشەنمەيتتى، ئۇلارنى
ئەسكەرلىككە ئالمايتتى، شۇڭا بۇ بىرنەچچە ئۆلكە-شەھەردىن
كەلگەنلەر ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇش مەسىلىسىگە كەمدە-كەم دۇچكېلەتتى.

ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش ۋە ئارمىيىنى كېڭەيتىشنىڭ بىۋاستە
ئاقىۋىتى قەغەز پۇلنىڭ كۈرسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە چۈشۈشى بولدى.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، شىنجاڭ بازارلىرىدا ئاساسەن كۈمۈش

ھساۋىدىكى چەك ئاقاتتى. كۈمۈش ھساۋىدىكى چەك توغرىسىدا بۇ يەردە كۆپ توختالماقچى ئەمەسمەن، ئۇنى قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. 1927 ـ يىلى، شىنجاڭدا ئاقىدىغان چەكنىڭ بىر مىسقاللىغى بولۇپ، ئوڭ تەرىپىگە بۇ چەككە ساق 40 داچەن بېرىلىدۇ دەپ يېزىلغان ئىدى (داچەننىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە يېزىق بار ئىدى)؛ ئۇنىڭ يەنە 2 يېرىم مىسقاللىغى بولۇپ، ئوڭ تەرىپىگە بۇ چەككە ساق 100 داچەن بېرىلىدۇ دەپ يېزىلغان ئىدى، يەنە بىر سەرلىكى بولۇپ، ئارقا تەرىپىگە بىر سەر خۇەن تەڭگىسىگە (400 داچەن) باراۋەر ئىكەنلىگى يېزىلغان ئىدى① ئەمما بۇ قەغەز پۇللارنى ئالماشتۇرۇش نەقلەشمەيتتى. شۇ يىللىرى شىنجاڭدىكى پۇل زاۋۇدىدا كۈنىگە 5 ـ 6 مىڭ سەرلىك چەك بېسىلاتتى. 1927 ـ يىلى، چەك بىلەن ساپ كۈمۈشنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى 330 — 340 سەرگە 100 سەر ئىدى، يەنى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ ئارانلا 3 ھەسسە بولدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزى بۇنى ئەسكەرنى كۆپەيتمىگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى دىگەن. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دائىم

---

① شۇ يىللاردا جۇڭگودا كۈمۈشنى ھساپلاشتىكى ئاساسىي بىرلىك سەر ئىدى، ئەمما ھەر بىر سەر كۈمۈشنىڭ ئەمەلىي ئېغىرلىغى مەركەزدە بىر خىل، ئۆلكىلەردە باشقا بىر خىل ئىدى. خۇەن تەڭگىسى دىگىنىمىز خۇەنىدە قوللىنىلغان ھساۋات بىرلىگى ئىدى؛ يەنە غەزنە تەڭگىسى بولۇپ، ئۇ دۆلەت غەزنىسىدىكى كاسسىرنىڭ ئېغىرلىق ھساپلاشتىكى بىرلىگى ئىدى. ئۇ يىللاردا شىنجاڭ پۇلنى ئىچكىرىنىڭكىگە ئالماشتۇرۇشتا، مىقدارى كۆپ بولسا خۇەن سەرراپخانىلىرى ئارقىلىق ئالماشتۇرۇلغانلىقتىن، شىنجاڭدا خۇەن پۇل بىرلىگى قوللىنىلغان.

ئۆچۇقتىن ـ ئۆچۇق: مەن شىنجاڭدا 17 يىل ”شەھەرنى قورۇقداپ قويۇش ھىيلىسى“نى ئىشلەتتىم، لېكىن شىنجاڭدا ئىچكى ئەمىنلىك بولدى، دىگىنىمۇ ئەنە شۇ مەنىدە ئىدى. ئەلۋەتتە، 1927 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇمۇ شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى، ئەمما، ئەھۋال ئارمىيىنى كېڭەيتىش ۋە ھەربى چىقىمنى جىددى ئاشۇرۇش دەرىجىسىگە تېخى يەتمىگەن ئىدى.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەھۋال باشقىچە بولدى. ئۇ ھەم ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇپ ئارمىيىنى كېڭەيتتى، ھەم ئەسكەرلەر قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىنى كۆپەيتتى (ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىق مائاشى 6 ـ 7 سەردىن 8 ـ 9 ياكى 10 سەرگە يەتكۈزۈلدى). بۇ پۇللار پۇل باسقۇچى ماشىنىنىڭ ھەر كۈنى پۇلنى كۆپ بېسىشى ۋە پۇلنىڭ يۈزىدىكى رەقەمنىڭ كۆپەيتىلىشى بىلەن كېلەتتى. شۇڭا، جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، چەك بىلەن كۈمۈشنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى 370 ـــ 400 سەرگە 100 سەر بولۇپ قالدى①. قەغەز پۇل كۇرسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئارقىسىدا، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، بىر دەن (400 جىڭ) بۇغداي 28 ـــ 30 سەردىن 50 ـــ 55 سەرگە چىقتى (ھۆكۈمەت باھاسىدا 40 سەر، ئەمما قىسمەن ھۆكۈمەت سورۇنلىرىدىلا ھۆكۈمەت باھاسى بويىچە سېتىۋالغىلى بولاتتى). تۈگمەندە تارتىلغان بۇغداي

---

① ئېسىمدە قېلىشىچە، 1928 ـ يىلىغىچە، 2 يېرىم سەر ئۆلكە پۇلىنى تيەنجىنگە ئەۋەتسە بىر يۈەنگە تېگىشكىلى بولاتتى، جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ بىر يىل بولمايلا، 15 سەر ئۆلكە پۇلىنى تيەنجىنگە ئەۋەتسە، ئاندىن بىر يۈەنگە تېگىشكىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۆنىنىڭ 100 جىڭى 7 سەردىن 17 سەرگە چىقتى، ياغۇنچاقتا تارتىلغان بۇغداي ئۇنىنىڭ 100 جىڭى 9 سەردىن 20 سەرگە چىقتى، گۈرۈچنىڭ بىر كۈرىسى (40 جىڭ) 4 يېرىم سەردىن 7.5 — 8 سەرگە چىقتى. كۆمۈرنىڭ ۋە كوكۇسنىڭ 100 جىڭى بىر سەر 2 مىسقال ۋە بىر سەردىن 2 سەر 4 مىسقال، بىر سەر 8 مىسقالغا چىقتى. مال باھاسىنىڭ بۇنداق شىددەتلىك ئۆسۈشى ۋە بىر ئۆسۈۋېلىپ چۈشمەسلىگى ئون نەچچە يىل داۋامىدا شىنجاڭدا كەمدە-كەم كۆرۈلگەن.

جىن شۇرېن قەغەز پۇلنى قالايمىقان تارقىتىشتىن تاشقىرى، ئىچكى-تاشقى سودىنى مونوپولىيە قىلىۋېلىش يولى بىلەنمۇ كۆپ پايدا ئۈندۈرۈۋالدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئەلتېرە شىركىتى قۇرۇپ، بۇ يەرلىك مەھسۇلاتنى ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقىنى چاڭگىللىغا كىرگۈزۈۋالدى. شىنجاڭنىڭ ئەلتېرىسى مەملىكىتىمىزدە ۋە دۇنيادا داڭلىق. بولۇپمۇ قارىكۆل ئەتىۋارلىق بولۇپ، دۇنيا بازىرىدا بازىرى ئىتتىك ئىدى. "جىن شۇرېن شىركىتى" چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھوقۇققا تايىنىپ، شىنجاڭدا چىقىدىغان ئەلتېرىنى ۋە مەرىنى① بېيپىڭ، تيەنجىنلەرگە ئېپېرىپ سېتىشنى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مالغا تېگىشىشنى مونوپول قىلىۋالغان ئىدى. بۇ شىركەت ئەرزان ھۆكۈمەت باھاسىدا سېتىۋېلىپ، بىر ئۆرۈپلا 10 ھەسسىگە يېقىن پايدا ئالاتتى. بۇنداق مونوپول قىلىۋېلىش تەدبىرى بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلارغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى، ئادەتتىكى تېرە

---

① مەرى دېگىنىمىز تۇغۇلۇش ۋاقتى بولمايلا قويىنىڭ قوسىقىدىن ئېلىۋېلىنغان قوزىنىڭ تېرىسى بولۇپ، بۇنداق تېرىنىڭ تۈكى پارقىراپ تۇرىدۇ، بۇدىرىسى پەقەت ئۆزگەرمەيدۇ.

سودىگەرلىرىگىمۇ زەربە بولىدى①. ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقە قىلىپ كۆنۈپ كەتكەن چوڭ سودىگەرلەرمۇ پارا بېرىش يولى بىلەن بۇ مونوپول گۇرۇھقا قول تىقىپ، بىر قىسىم يۇقۇرى پايدا ئۇندۇرۇۋالاتتى. نەتىجىدە بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلار، بولۇپمۇ چارۋىچىلار زىيان تارتتى.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىگە ئاشۇنداق ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەچكە، يوشۇرۇنغان زىددىيەتلەرنىڭ كۈنسايىن راۋاجلىنىشى ۋە ئۆتكۈرلىشىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇنىڭغا ئالاقىدار پاكىتلارنى كېيىن كەلتۈرىمەن. ئەمدى بۇ مەزگىلدىكى سىياسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى تارىخىنى بايان قىلغان كىشلەرنىڭ تولىسى، جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىنىڭ كونا ھىللىرىنى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەقلى ياڭ زېڭشىنغا يەتمىگەچكە، ئەھۋالى خاراپ بولغان، دەپ ھىساپلاشتى. ئەمىلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا قوللانغان ئاساسي تەدبىرلەر ياڭ زېڭشىنىڭكىنىڭ ئەكسىچە ئىدى.

ئالدى بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆزىنىڭ يۇرتۋازلىغىدىن شەكىللەنگەن گۇرۇھقا باغلىق قىلىپ قويغان ئىدى. بۇنىسى ياڭ زېڭشىنىڭ ئۇسۇلىغا زور دەرىجىدە ئوخشىمايتتى. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىدە خەلق ئىچىدە بىر مەزگىلگىچە

---

① ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا ئەلتېرىنىڭ ئۇلگۇجە سېتىلىش باھاسى بويىچە، بىر تېرە 3 يۇەن ئىدى، جىن شۇرېن شىركەت قۇرغاندىن كېيىن، شىركەت مونوپول قىلىۋېلىپ، سېتىۋېلىش باھاسى ھۆكۈمەت باھاسىدا 3 موچەن ياكى 5 موچەن بولدى، سودىگەرلەر ئۆزلىرى ساتسا، تۇتۇۋېلىنسىلا، مۇسادىرە قىلىناتتى.

مۇنداق گەپ تارقالغان: ”ئەتىگىنى ئۇگەنسە خېجۇچە سۆزنى، ئاخشاملىغى ئاسىدۇ يانغا قىلىچىنى.“ بۇ سۆز گەنسۇنىڭ خېجۇ دىگەن يېرىدىن كەلگەنلەر جىن شۇرېننىڭ يۇرتداشلىرى ئەپتەسەر بولۇپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلالايدۇ، دىگەن مەنىدە ئىدى. ئۇقۇشۇمچە، بۇ سۆزنى دەسلەپتە جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىستىلىدىن نارازى بولغان خۇبېي، خۇنەنلىك ئەمەلدارلار تارقاتقان بولىسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ كېيىنچە ھەممە ئادەم بىلىدىغان قوشاق بولۇپ قېلىشىدا ھەقىقەتەن پاكىت-ئاساسلار بار ئىدى.

جىن شۇرېن تەختكە چىققان كۈندىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ جەمەتلىرىنى، يۇرتداشلىرىنى، ئاغىنە-بۇرادەرلىرىنى كەينى-كەينىدىن مۇھىم ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. جىن شۇرېننىڭ 5-ئىنىسى جىن شۇشىن ھەربى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى، 4-ئىنىسى جىن شۇجى كېيىنچە قەشقەرگە شىجاڭ قىلىپ ئەۋەتىلدى؛ بولۇپمۇ 5-ئىنىسى بايلىقخۇمار، ھوقۇقپەرەس بولۇپ، ئاكىسىدىن ئېشىپ چۈشۈشكە تاسلا قالغان ئىدى، ئۇ ئەمەلدە ”دۇبەن“ بولۇپ قالدى. جىن شۇرېننىڭ مۇھاپىزەتچىسى سۈي جاۋجى (لىنشيالىق، كىشىلەر ئۇنى ”شياۋسۈي“ دىيىشەتتى) كېيىن تۇەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. جىن شۇرېننىڭ 5-ئىنىسى بىلەن شياۋسۈي جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ جىمى ئىپلاسلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىدى. جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىنى ھىمايە قىلغان دۇجىگو لۇجاڭ بولدى؛ جاڭ پېيۇەن بوز يەر بېگى قىلىپ غۇلجىغا ئەۋەتىلدى؛ لى خەيرۇ①

① لى خەيرۇ گۇاڭدۇڭلۇق بولۇپ، باۋدىڭ ھەربى مەكتىۋىدە ئوقۇغان، 1917-يىلى شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە نەزەرگە ئېلىنمىغان، سىياسى ئۆزگىرىشتىن كېيىن جىن شۇرېننى ھىمايە قىلىشتا تۆھپىسى بولغاچقا، جىن شۇرېن ئۇنى ئۆستۈرگەن.

چۆچەككە ياڭ زېڭشىننىڭ يېقىنى لى جۇڭلىننىڭ ئورنىغا ۋالى قىلىپ ئەۋەتىلدى؛ باشقا ئەمەلدارلارمۇ، مەسىلەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يېڭىدىن باش كاتىپ قىلىپ تەيىنلەنگەن لۇ شياۋزۇ، خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن جىشەن، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق شىجاڭ لىيۇ شىزېڭ، ئالتايدا تۇرۇشلۇق شىجاڭ ۋېي جېنگو قاتارلىقلار جىن شۇرېننىڭ يۇرتداشلىرى ئىدى، قىسىملاردىكى چوڭ-كىچىك ئەپىتسەرلەر، ئامباللارنىڭ ھەممىسى بارا-بارا گەنسۇلۇقلار ياكى جىن شۇرېننىڭ يېقىنلىرىدىن بولدى. كادىرلارنى خىزمەتكە قويۇش جەھەتتىكى بۇنداق ئۆزگىرىش كۆپ يىللاردىن بۇيان بىرقەدەر مۇقىملىشىپ قالغان شىنجاڭ ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا خېلى چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ياڭ زېڭشىنغا قارشى كىشىلەر ئاساسەن سىياسى قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن قارشى تۇرغان دېيىلسە، ئۇ ھالدا، جىن شۇرېن دەۋرىگە كەلگەندە جىن شۇرېنغا قارشى كىشىلەر ئاساسەن ئۆزىنىڭ ھەرەمخانىدىكى تەقدىرى تۈپەيلىدىن قارشى تۇردى. ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان "كىشىلەر" شۇ چاغلاردا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدە بەلگىلىك ئورنى بار ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەنزۇ ئەمەلدارلار. مەسىلەن، كېيىنكى چاغلاردا جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇشتا ئاساسلىق شەخسلەردىن بولۇپ قالغان تاۋ مىڭيۆ، جاڭ شىن قاتارلىق كىشىلەر مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەنلەر بولۇپ، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئەتىۋارلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئامبال بولۇپ بېيىش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار راستىلا بىرنەچچە قېتىم ئامبال بولغان ئىدى، جىن شۇرېن دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ كىشىلەر ئۇرۇمچىدە قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ بولۇپ قالدى.

ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر-
دىن كەلگەنلەرگە بىر بىرىنى تىزگىنلىتىش، شىنجاڭلىقلار بىلەن
ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەرگە بىر بىرىنى تىزگىنلىتىش قاتار-
لىق ۋاستىلەر بىلەن نوختىلىغان ئىدى. جىن شۇرېن بولسا
ئەل-ئاغىنە، يۇرت-مەھەللىداشلىرى ئارقىلىق باشقىلارنى
كونتروُل قىلىشقا ئۇرۇندى، ئەمما ئۇ بىرنەچچە يېقىنىنىڭ ئۆزىنىڭ
بۇرنىغا چۆلۆك ئۆتكۆزگىنىنى بىلمەيتتى. كېيىنكى چاغ-
لاردا، ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى گەنسۇلۇقلارمۇ بىر بىرىگە ئورا
كولاپ، بىر بىرىنى يەكلىدى، تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ 3-زالىدىن
كەمدە-كەم چىقىدىغان جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنىمۇ تىزگىن-
لىيەلمەي قالدى. قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ گەنسۇلۇق نازىرى يەن
يۈشەن: جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى
يۇرتداشلىرى ئارقىلىق چىڭىتماقچى بولغان ئىدى، ئەمما يۇرتداش-
لىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ چوتىنى سوققاچقا، جىن شۇرېن ئاخىر
يەككە-يىگانە، ھىلىم دىۋانە بولۇپ قالدى، دىگەن. كونا تۆرە يەن
يۈشەن شۇ چاغلاردىكى شىنجاڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى پىش-
شىق بىلەتتى. جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەن
يۈشەن جىن شۇرېننىڭ قىلىقلىرىنى كەينىدىن دائىم ئەيىپلەپ
تۇرغان، بولۇپمۇ جىن شۇرېننىڭ 5-ئىنىسىنى تېخىمۇ قاتتىق ئەيىپ-
لىگەن. ئۇ: جىن شۇرېننىڭ 5-ئىنىسىغا ياقمىغان ئادەمنىڭ سىرتتا
ئەمەلدار بولۇشى ياكى دۆلەتمەن بولغۇدەك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى
خام خىيال، دىگەن. ئۈرۈمچى ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يەن-
مىڭ، تۇەنجاڭ سۈي جاۋجى قاتارلىقلار جىن شۇرېننىڭ 5-ئىنىسى
بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ ئەسكىلىك قىلغان، شىنجاڭدىكى ئەمەل-

لەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل-مەنسەپ سودىسى قىلىدىغان ماكانىغا
ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇ-
قىنى كېڭەيتىۋېلىپ، خالىغانچە ئەسكىلىك قىلدى. تەبىئىكى، مۇشۇن-
داق ۋەزىيەتتە، شىنجاڭدا سىياسى ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىس تەبئى
ھالدا كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ باردى.

دېمەك، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن كۆرۈل-
گەن بەزى تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسى ۋەزىيىتىنى
تۇراقسىزلاشتۇرۇپ قويدى، بۇنىڭغا ئىچكى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى
قوشۇلۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭدا ئەنسىزلىك باشلاندى.

## بېرلىندا يۇرتۇمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىدىم

جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-بۇرادەرلىرى-
دىن ھېچكىمگە ئىشەنمىگەن يەردە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى
ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا تېخىمۇ ئىشەنمەسلىكى تۇرغانلا گەپ
ئىدى. ماڭا ئوخشاشلار جىن شۇرېننىڭ نەزىرىدە خەۋپلىك ئادەملەر
ھېساپلىناتتۇق، لېكىن، ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئىكەنلىكىم توغرى-
سىدىكى دەلىل-ئىسپاتلارنى تاپالمىغاچقا، مېنى چەتئەلگە ھەيدىمەكچى
بولدى. بىر كۈنى ئۇ مېنى چاقىرىپ، شىنجاڭ ئەمدى غەپلەت
ئىچىدە ئۆتىۋەرمەسلىكى، مائارىپ راۋاجلاندۇرۇلۇشى، سودا-سانائەت
يولغا قويۇلۇشى، قاتناش يوللىرى ئېچىلىشى كېرەك؛ قاتناش
يوللىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر بولۇشى كېرەك، ھازىر
بولۇپمۇ يول چىڭداش ماشىنىسى ھەممىدىن ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى
دېدى. ئۇ ماڭا پەن جىيى بىلەن گېرمانىيىگە بېرىپ يول چىڭداش

ماشىنىسىنى سېتىۋېلىشقا، شۇنىڭدەك ئۆلكىمىزدە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن چەتئەللەرنىڭ سودا ـ سانائىتىنى، مائارىپىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە مەسئۇل بولۇشنى تاپشۇردى. بىزگە چەتئەلگە چىقىپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ قايتىپ كېلىشكە 3 ئاي ۋاقىت بەردى.

مەن جىن شۇرېننىڭ غەرىزى مېنى ھەيدەش ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، لېكىن چەتئەلگە چىققاندا بەزى پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغىلىمۇ بولاتتى، بىز 1929 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىن چىقىپ، چۆچەك ئارقىلىق چەتئەلگە مېڭىپ كەتتۇق.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىرنەچچە ھەپتە تۇرۇپ قالدۇق، موسكۋادا، لېنىنگرادتا مەشھۇر قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ۋە بەزى مەكتەپ، زاۋۇتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، كونا دوستلار بىلەن كۆرۈشتۇق، ئاندىن كېيىن، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە ئارقىلىق گېرمانىيەگە يېتىپ باردۇق. بېرلىندا جۇڭگو ئەلچىخانىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، 6 دانە يول چىڭداش ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ، يۈك توشۇش ئورۇنلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ھاۋالە قىلدۇق. جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، يەنە 200 ماۋزۇر سېتىۋالدۇق، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى قوراللاندۇرماقچى ئىكەن. بۇلار مېنىڭ گېرمانىيەگە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بېجىرگەن ئىشلىرىم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە جۇڭگو ئەلچىخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، گېرمانىيەنىڭ سودا ـ سانائەت ۋە مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، جىن شۇرېنغا دوكلات يازدىم. جىن شۇرېننىڭ ماڭا بۇ ئىشلارنى تاپشۇرۇشى ھەرگىز شىنجاڭدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراق يەردىكى

گېرمانىيىنىڭ سودا-سانائەت ۋە مائارىپ ئەھۋالىنى ئەستايىدىل ئىگەللەش ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىمغا تۇسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا يوللىغان دوكلاتتا شىنجاڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت پىكىرلىرىمنى قويغان ئىدىم. شۇ چاغدا گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقان يولداش شېن چېڭ مېنىڭ شۇ دوكلاتنى يېزىشىمغا ياردەملەشكەن ئىدى.

دوكلاتتا شىنجاڭدىكى ئاھالىنىڭ ئاساسلىغى ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، قازاقلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلار مەدىنىيەتتە ئارقىدا قالغانلىغىنى، شىنجاڭدا مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماي بولمايدىغانلىغىنى، شىنجاڭدا مىللى يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنىڭ يوقلۇغىنى، بەزى خۇسۇسى مەكتەپلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان دەرسلىكلەر-نىڭ كۆپىنچىسى تۈركىيە، ھىندىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى باشقا دۆلەتلەردە نەشر قىلىنغان دەرسلىكلەر بولۇپ، بىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىغىنى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇ-رىغا قويدۇم. شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان سىفەن مەكتىۋىنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن مائارىپ خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى مىللەت ئىچىدىكى بىرقەدەر مۇنەۋۋەر خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ خەنزۇ تىلىدىكى دەرس-لىكلەرگە ئانچە-مۇنچە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، مىللى تىلدىكى دەرسلىكلەرنى تەھرىر-لەش ۋە تەرجىمە قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، بىر تەھرىر-تەرجىمە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى؛ ئاندىن ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ-لەرنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن، چەتئەللەردىن مەتبە ماشىنىلىرى ۋە

ئۇسكۇنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، مائارىپ نازارىتى رەھبەرلىكىدە مىللىي تىل-يېزىق باسما زاۋۇدى قۇرۇپ، مىللىي تىلدىكى دەرسلىكلەرنى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىتاپلارنى نەشر قىلىشنى تەكلىپ قىلدىم. شۇنداق قىلغاندىلا، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولاتتى. گېرمانىيىدە تەكشۈرۈلگەن سودا-سانائەت، مائارىپ ئەھۋالىغا كەلسەك، مەن يازغان دوكلاتتا، بۇنىڭ شىنجاڭغا ھېچقانداق پايدىسى يوق؛ شىنجاڭدا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ۋە مەدەنىيەت-مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئاساسىي گەپ ھۆكۈمەتنىڭ ئىرادىسىدە، ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا بەل باغلايدىغانلا بولسا، گېرمانىيىدە تەجرىبە ئۆگىنىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، دېدىم.

بۇ دوكلادىمنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن، خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە، جىن شۇرېننىڭ دەيدىيەنىنى① تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ دەيدىيەندە مۇنداق دەپتۇ: "...ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىر باسمىخانا تەسىس قىلىپ مۇسۇلمانچە كىتاپلارنى قايتىدىن بېسىش، مۇسۇلمانچە دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ شۇ بويىچە بېجىرىشكە بولىدۇ. بىراق بۇ چوڭ ئىش بولغاچقا، مەمۇرى ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ بېجىرىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاندىن يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاقىپ‌لىنىپ قالارسىز..."
(يېزىلغان ۋاقتى 1930-يىل 10-ئاينىڭ 2-كۈنى).

مەن بۇ يەردە گەپ ئارىلىغىدا شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى

---

① دەيدىيەن — تېلېگراما ئورنىدا ئەۋەتىلىدىغان تېز خەت-ئالاقىنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى، شۇ چاغلاردا چەتكە ئەۋەتىلىدىغان ھۆكۈمەت ئالاقىسىنىڭ بىر خىل شەكلى.

مائارىپ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي:

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ مائارىپى پەقەت زىنىنەت بۇيۇملا ئىدى. ناھىيىلەردە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر-ئىككىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئوقۇش پۇرستى ناھايىتى كەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇنداق مەكتەپلەرگە بېرىشنى خالىمايتتى. ئايرىم شاڭيۇ ۋە تىلماچلار باللىرىغا بىرئاز خەنزۇچە تىل-يېزىق ئۆگىتىپ، كەلگۈسىدە ئۆز ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باللىرىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېچىلغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرەتتى. ئۈلكە بويىچە ئەڭ ئالى بىلىم يۇرتى — رۇسچە قانۇن-سىياسى مەخسۇس مەكتىۋىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ مەكتەپتە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرى ياڭ فېڭچۈن، سۇ××، يۈنۈسبەگ (خەنزۇچە ئىسمى يۈ ۋېنبىن)، لايۇس قاتارلىق بىرنەچچىسىلا ئىدى. پۈتۈن ئۈلكە بويىچە ئۇرۇمچى بىلەن غۇلجىدىلا ئوتتۇرا مەكتەپ بار ئىدى. قىزلار مائارىپىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى، جىن شۇرېن دەۋرىگە كەلگەندىلا، ئۇرۇمچىدە مەخسۇس ئەمەلدارلارنىڭ قىز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ ساۋات چىقىرىدىغان بىر قىزلار باشلانغۇچ مەكتىۋى ئېچىلدى.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، شۇ يىللاردا مەدرىسلەرنى تەلىم-تەربىيە سورۇنى قىلاتتى، ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئاز ساندىكى پەرزەنتلىرى مەدرىسلەردىكى ئاخۇنۇملاردىن، ئىماملاردىن ئەرەبچە دىني كىتاپلارنى ۋە بەزى ساۋاتلارنى ئۆگىنەتتى. قەشقەر،

ئۇرپاندا بىردىن ئالى مەدرىس بولۇپ، مەخسۇس دىنىي خادىملار تەربىيىلىنەتتى. بۇنىڭ سىرتىدا، بەزى چوڭ شەھەرلەردە باي سودىگەرلەر ۋە پومىششىكلار پۇل چىقىرىپ ئاچقان مەكتەپلەر بار ئىدى، دەسمايىسى كۆپرەك مەكتەپلەر تۇرۇكلەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زىيالىلاردىن بۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى تەربىيە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، بەزىلىرى پانتۈركىزىمنى، پانئىسلامىزىمنى تەشۋىق قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمەن ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە-ئېتىقادىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش نەرسىلىرىنى، مەسىلەن، سوتسىيالىزىم ئىدىيىسى، مىللەتچىلىك ئىدىيىسى، يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ۋە پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلاتتى، ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىدىيىلەر ئوقۇغۇچىلارغا ئازدۇر-كۆپتۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، بۇنداق مەكتەپلەرگە ئىنتايىن دىققەت قىلغان، مەكتەپلەردە چەتئەللىكلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا جايلارغا بىرقانچە قېتىم ئومۇمى بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بەزى تۈركىيىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان ئىدى، لېكىن چەتئەللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش ئەھۋالى توگەپ كەتمىدى. 1920-يىلىدىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ساداسى بارغانسېرى ئەۋج ئالدى، مەنمۇ بۇ مەسىلىنى جەزمەن توغرا ھەل قىلىش زۆرۈرلۈگىنى ھېس قىلدىم. شۇ چاغدا مېنىڭ يېقىن دوست-

لىردىم ئىچىدە بەزى مۇنازىرىلەر بولغان ئىدى، مەن ۋە كېيىن تۇر-
پاندا قۇربان بولۇپ كەتكەن مەخسۇت ئىسكىمىز بىزنىڭ مائارىپ
فاڭجېنىمىز فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش، جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇشنى مەزمۇن قىلىشى كېرەكلىكىنى، لېكىن بۇنىڭغا خەنزۇلارغا
قارشى تۇرۇش بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ كېتىش ئىدىيىسىنى خاتا
ھالدا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلاتتۇق.
تارىخىي تەرەققىياتتىن ۋە تارىخىي ساۋاقلاردىن قارىغاندا، ئەگەر
شىنجاڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىدىكەن، ھەرقانداق مىللەت جاھان-
گىرلىكنىڭ ياۋۇز تىرنىقى ئاستىدا قېلىش خەۋپى بولاتتى، 20 يىلغا
يېقىن ئەمەلىي تۇرمۇش بىزگە شۇنى چوڭقۇر تونۇتقان ئىدىكى،
كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر شىنجاڭغا كۆز تىكىپ شۆلگەيلىرىنى
ئېقىتىپ تۇراتتى، مۇبادا ئۇلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالساقلا،
بىزنىڭ تەقدىرىمىز مۇستەملىكىلەردىكى خەلققە ئوخشاشلا پاجىئەلىك
بولاتتى. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ توغرا لۇشيەنى ۋە ئىستراتېگىيىسى،
تاكتىكىسى شۇ چاغلاردا تېخى ماڭا ئايدىڭ بولمىسىمۇ، شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرىنى جاھانگىرلىكنىڭ قايمۇقتۇرۇش-
لىرىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، شۇ چاغدا جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تەلىۋىگە
ئۇيغۇن كېلىدىغان دەرسلىكلەرنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدىم.
ئەمدى مەن گېرمانىيىدىكى ھاياتىمغا دائىر بايانلىرىمنى داۋام-
لاشتۇرىمەن.

مەن بېرلىندا بىرنەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، جىن شۇرېنغا
خەت يېزىپ ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ بۇ نۆۋەت
ماڭا، گېرمانىيىدە يەنە قىلىدىغان ئىشلار بار، تۇرۇپ تۇرۇڭ، دەپ
تېلېگراممىا بەردى. ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇيۇمنىڭ دەرھال ئەمەلگە

ئېششى تەس ئىكەنلىگىنى مۆلچەرلەپ، نېمىسچە ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. 6 ئايدىن كېيىن، 1930 ـ يىلى يازنىڭ ئاخىرلىرىدا بېرلىن داشۆبىگە ئىمتىھان بېرىپ كىردىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، جىن شۇرېن ماڭا ھېچقانداق ئىش تاپشۇرمىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ مېنى ئىككىنچىلەپ يۇرتۇمغا قايتۇرماس بولغان ئوخشايدۇ. يۇرتتىن يىراقتا بولغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا، پوچتا ـ تېلېگرافنى قاتتىق تەكشۈرۈش سىياستىنى يۈرگۈزۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇققان، دوست ـ بۇرادەرلەر خەتلىرىدە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، مەملىكەت ئىچىدە ۋە چەتئەللەردە نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژورناللاردىمۇ شىنجاڭغا دائىر خەۋەرلەر تولىمۇ ئاز چىقاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالىنى قىلچىلىكمۇ ئۇقالمىدىم.

1931 ـ يىلى، جىن شۇرېننىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە يېقىنلىرىنىڭ بالىلىرى بېرلىنغا ئوقۇشقا كەلدى، بۇلارغا ۋۇ ئېنيۈەن زاپخوز ئىدى. بۇ ئىسلزادىلەرنىڭ كۆپى ھەربىي مەكتەپكە كىردى، ئۇلار مەن بىلەن ئانچە بېرىش ـ كېلىش قىلمايتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن پەقەت جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، قوراللىق كۈچىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى، تېخى شەرققە يۈرۈش قىلىش غەرىزىنىڭمۇ باردەك ئىكەنلىگىنى بىلىۋالدىم. بۇ بالىلارنىڭ خورىگى خېلىلا ئۈستۈن ئىدى، گويا بۇ "باتۇرلار" ئوقۇپ بولۇپ شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرسىتىۋېتىدىغاندەك قىلىشاتتى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىل ئىچىدە،

زادىلا چەتئەللەر ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مەزھەپلەر بىلەن سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاقە قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ "بىكىنمىچىلىكى"، ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئىدى. جىن شۇرېنمۇ بۇ جەھەتتە دەسلەپكى چاغلاردا ياڭ زېڭشىننىڭ كونا نەيرىڭىگە ۋارىسلىق قىلدى، لېكىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چەتئەللىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گېرمانىيىلىكلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى ماڭا نامەلۇم، لېكىن، مەن ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ئاغزىدىن شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ گېرمانىيىدىكى بەزى كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭدا نېفىت ئېچىش، ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇش قارارىغا كەلگەنلىكىنى، يەنە گېرمانىيىدىن تۈرلۈك سانائەت ماشىنىلىرى، ھەربى قورال-ياراق قاتارلىقلارنى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم.

ئۆتكەن ئەسىردىن باشلاپلا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ياۋۇز قولىنى شىنجاڭغا سوزغان ئىدى. يۈز نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە، گېرمانىيە جاھانگىرلىكى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ نۇرغۇن قېتىم شىنجاڭغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى تەكشۈردى، ئەمدى پەيت كەلگەن تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ بۇنى قويۇپ بەرسۇن؟ ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتا، گېرمانىيە فاشىست ھاكىمىيىتى گومىنداڭنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈرۈۋاتاتتى. جۇڭگو-گېرمانىيە بىرلىشىپ ئاچقان ياۋروپا-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى دەل شۇ مەزگىلدە قۇرۇلدى. بۇ شىركەت يەنە قۇمۇلغا، ئۈرۈمچىگە، چۆچەككە قاتنايدىغان ھاۋا قاتنىشىنى ئاچتى.

1932-يىلى، جىن شۇرېن بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئوغلىغا يازغان خېتىدە، ئوغلىنىڭ گېرمانىيىدىن پىيادە ئەسكەرلەر مىلتىقى، ئاتلىق

ئەسكەرلەر مىلتىغى، ئاپتومات ۋە پىلىموت سېتىۋېلىش توغرىسىدا
ئالاقىلىشىپ كۆرۈشنى تاپشۇرۇپتۇ. جىن شۇرېننىڭ ئوغلى خەتنى
ماڭا كۆرسەتتى. خەتتە نېمە ئۈچۈن چەتئەلدىن قورال-ياراق سېتىـ
ۋېلىنىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلمەپتۇ. لېكىن، مەن شىنجاڭدا بىرەر
ۋەقە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، جىن شۇرېن خەلقنى باستۇرۇش
ئۈچۈن قورال-ياراق سېتىۋالسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. مەن جىن
شۇرېننىڭ ئوغلىغا ھەمرا بولۇپ شىۋېتسارىيىگە باردىم، ھەربى
قورال-ياراق زاۋۇدى بىلەن ئالاقىلاشقاندا، مەن قەستەن بۇ سودىنى
ئىشقا ئاشۇرماسلىققا تىرىشتىم.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، مېنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم بىلەن
دوست بۇرادەرلىرىمدىن كەلگەن خەتتىن شىنجاڭنىڭ شەرقىدە
ئۇرۇش بولغانلىقىنى سەل بىلىپ قالدىم. 1932-يىل بىر يىل ئىچىـ
دە، چەتئەل گېزىتلىرىمۇ گايى-گايىدا شىنجاڭغا دائىر بەزى قىسقا
خەۋەرلەرنى بېرىپ تۇردى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق
ھەركەت قۇمۇل، پىچان، تۇرپاندا پارتلىغان ئىكەن، جەنۇبىي شىنـ
جاڭمۇ تېچ ئەمەستەك قىلاتتى.

مېنىڭ يۇرتتىن ئايرىلغىنىمغا 3 يىل بولۇپ قالغان ئىدى، يۇرتتىـ
كى ئەھۋاللارنى ئېنىق بىلىشكە ئالدىرايتتىم، شۇڭا، مەن جىن
شۇرېننىڭ ئوغلىغا دادىسىغا خەت يېزىپ مېنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ
ئاتا-ئانامنى يوقلاپ كېلىشىم، شۇنىڭدەك قورال-ياراق سودىسىنى
بالدۇرراق پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، گېرمانىيىدە، شىۋېتسارىيىدە قورال-
ياراق سېتىۋېلىش توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتنىڭ كونكرېت
جەريانى، ھەربى قورال-ياراقلارنىڭ باھاسى، سېتىۋېلىش رەسمىيەتـ
لىرى قاتارلىقلارنى جىن شۇرېنغا يۈزمۇ-يۈز دوكلات قىلىشىم توغرىـ

سىدا مەن ئۇچۇن جىن شۇرېندىن رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. مېنىڭچە، بۇ جىن شۇرېنغا مېنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىمنى تەستىقلىتىشۇېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئوبدان يولى ئىدى. دىگەندەك، جىن شۇرېندىن تېلېگراما كەلدى، ئۇ مېنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىمغا قىسقا مۇددەتلىك رۇخسەت بېرىپتۇ.

مەن 1932 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بېرلىندىن چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق، 1933 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم.

دەل شۇ چاغدىلا، 1931 ـ يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا بولغان ئۆزگىرىشلەرگە دائىر ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر تاپتىم، ئۇرۇش ئوتلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يالقۇنلاپ كېتىپتۇ.

## قۇمۇل ۋەقەسى

مەن 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇرۇق ـ تۇققانلار، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، تېچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىنلا، گەپ ھەمىشە جايلاردىكى يېغىلىقا بۇرۇلاتتى، ھەممەيلەن ۋەزىيەتتىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى ھەمدە تېچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ياخشىراق ئامالىنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

بۇ قېتىمقى شىنجاڭ ۋەقەسىگە قۇمۇل ۋەقەسى تۈرتكە بولغان ئىدى. قۇمۇل ۋەقەسى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ۋە 40 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا خېلى مۇھىم رول ئوينىدى. مەن ئۆزەمنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم بويىچە بۇ قېتىمقى

ۋەقەنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى شۇ پېتىچە داۋاملىشىۋەردى. بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەنىلا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەك شامەخسۇت چىنۋاڭنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراۋاتاتتى. ھەقسىز ئەمگەك قىلدۇرۇش تۈزۈمى شۇ پېتىچە ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

1930 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شامەخسۇت چىنۋاڭ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ، ئوغلى نەزەر ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىزچىل ئۈمىت قىلىپ كەلگەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي كۈرەش ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئەمدى يەنە يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى، نەزەرنىڭ ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىشىغا قارشى تۇردى. نەزەر ۋەھشى ھەم چىرىكلىشىپ كەتكەن ئادەم بولۇپ، ھاراق ـ شاراپ ئىچىش، ئەپيۇن چېكىشتەك ئىسلام دىنىغا خىلاپ يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان ئىدى، قول ئاستىدىكى پۇقرالارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلاتتى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى نەزەرنىڭ ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ۋە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ پۇقرالارنى جىسمانىي جەھەتتىن كونترول قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇنى يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ياخشى پەيتى دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى قۇمۇلدا فېئودال چىنۋاڭنىڭ يەرلىرى تارتىۋېلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ پۇقرالارنى كونترول قىلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان بولسا، ئېلىنىدىغان باجنى كۆپەيتىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى گەنسۇدىكى قەھەتچىلىكتىن قېچىپ چىققان سەرگەردانلارنىمۇ

قىستۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكىلى، تېرىلىدىغان يەرلەرنى كۆپلەپ ئۆزلەشتۈرۈپ، يەر بېجىنى كۆپەيتكىلى بولاتتى. جىن شۇرېن ھۆكۈ- مىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مالىيەسىدە قىزىل رەقەم خېلىلا كۆپ بولۇپ، 1930-يىلى 26 مىليون يۈەنگە يەتكەن (جىن شۇرېن تەختكە چىقىشتىن بىر يىل ئىلگىرى، يەنى 1927-يىلى، مالىيەدىكى قىزىل رەقەم 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇق) ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن چارە ئىزدەۋاتاتتى.

شۇ چاغدا قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان شىجاڭ لىۇ شىزېڭ (تەخەللۇسى شېڭسەن، گەنسۇنىڭ جىنىنىڭ دىگەن يېرىدىن)مۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش تەكلىۋىنى بەرگەن ئىدى. نەزەر ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق ئورنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش غەرىزىدە، ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھەركەت قىلغان. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى لىۇ شىزېڭنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، قۇمۇل رايونىدا قۇمۇل، ئاراتۇرۇك، يېڭى ناھىيىلىرىنى قۇرۇپ، بوز يەر ئېچىشقا قويۇۋېتىش ۋە يەر بېجى ئېلىشقا تۇتۇش قىلىشنى بەلگىلىگەن. 1923-يىلى 4- ئايدا ئۈرۈمچى دوتىيىگە قارايدىغان قۇمۇل ناھىيىسى تەسىس قىلىن- غان، ئەمما، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا قارايدىغان يەرلەردىن يەر بېجى ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى، شۇنىڭدەك ئاھالىنى فېئودال ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ يېرىدە بوز يەر ئېچىشقا ئورۇنلاشتۇرال- مايتتى. شامەخسۇت چىنۋاڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپە- ئەتىنى ئىنتايىن چىڭ تۇتقان ئىدى، ئۇ يەرلىك ھەربى-مەمۇرى دائىرىلەر بىلەن ئۆزئارا يېقىن ئۆتسىمۇ، لېكىن يەرلىك ئەمەلدار- لارنىڭ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويمايتتى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى نەزەرنى نوختىلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىش تەلىۋىگە سۈكۈت قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى قومۇلغا قايتقىلى قويماي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن. 1931 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 3 ناھىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بوز يەر ئېچىش ۋە يەر بېجى ئېلىش چارىلىرىنىمۇ ئېلان قىلغان. ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق يەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن، 1930 ـ يىلى كۈزدە ئىلگىرى يېڭجاڭ بولغان ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باش ئاغىسى يولۋاسنى بۇ خىزمەتكە قاتنىشىشقا ئەۋەتكەن①.

ئېلان قىلىنغان يەر بېجى توغرىسىدىكى چارىدە، ئومۇمەن، ئۆلكە يەرلەرنى ئۇيغۇرلار تېرىشنى خالىسا، يەر خېتى ئېلىپ داۋاملىق تېرىشقا بولىدۇ، شۇ يىلدىن باشلاپ يەر بېجى ئېلىنىدۇ، ۋاڭ ئوردىسىغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىش تۈزۈمى شۇنىڭدىن ئېتى- ۋارەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى داۋاملىق تېرىشنى خالىمايدىغان يەرلەر ۋە بوز يەرلەر پۈتۈنلەي بوز يەر ھېساۋىدا يېڭى پۇقرالارنىڭ تېرىشىغا بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇ چاغدا گەنسۇدىن قەھەتچىلىكتە قېچىپ چىققان خەنزۇلاردىن 90 دىن ئارتۇق كىشىنى يېڭى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لۇڭ رۈيچېڭ ناھىيە چېگرىسىدىكى توخۇلۇ دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇرغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئۆكۈز، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇق بەرگەن، ئىككى يىللىق يەر بېجىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىدىغان بولغان، لېكىن

① يولۋاس 1928 ـ يىلى ئۆلكىلىك قوشۇندا ئۇيغۇر يېڭىسىنىڭ يېڭجاڭى بولۇپ، قومۇلنىڭ شەرقىدىكى ئاراتام ئەتراپىدا تۇرغان.

ئۇلار ئالغان يەرلەر نامدا بوز يەر دېگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرلەر ۋە ئۆلكە يەرلەر ئىدى. بۇ ھال ئەسلىدىكى ئاھالىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىماي ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتقا تەسىر يەتكۈزمەي قويمايتتى.

يەر تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى، لېكىن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. شۇ يىللاردا شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى يېرىك، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى، دېھقانلار ئۆمۈرۋايەت تىرىشىپ ئەمگەك قىلسىمۇ، بەزىدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلمەيتتى، باج-سېلىقلار ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر يۈك بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا يەرلىك تۈزدىنمۇ باج ئېلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەر تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دېھقانلارنى جىسمانىي جەھەتتىن كونترول قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئورنىغا بىيۇروكرات سىياسىنىڭ قاتمۇ-قات ئېكسپىلاتاتسىيىسى دەسسىدى. مىللىي مەسىلىگە كەلسەك، بۇ مەسىلە ئەكسىيەتچىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتلەردە مىللىي ھېسسىياتنى قوزغايدىغان چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەرسە، ئاسانلا ۋەقە تۇغۇلاتتى.

1931-يىلىنىڭ باشلىرىدا، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا يەر بېجى ئېلىش چارىسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتكە يەر بېجىنى كېچىكتۈرۈپ ئېلىش توغرىسىدا تەلەپ قويغان، ئەمما يەرلىك ھۆكۈمەت بۇنىڭغا پىسەنت

قىلمىغان. دەل مۇشۇ چاغدا، شوپۇل دىگەن جايدا چېگرا مۇداپىئە چازىسىدىكى ئەپتىسەرنىڭ ئۇيغۇر دىخاننىڭ قىزىنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى.

ئەينى يىللاردا قۇمۇلدىكى بىرنەچچە ئۆتەڭنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك، مەسلەن، شىڭشىڭشا، ئاراتام، تاشۋېلىق، قارامۇقچى، سانچاخې، ئەرگۈك، شوپۇل قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلغان ئىدى. ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر ئاھالىنى خالىغانچە ھاشاغا تۇتاتتى ۋە ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. شوپۇل قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى 200 لى يىراقلىقتىكى تاغلىق كەنت ئىدى، ئۇ يەردىكى ئاھالە، ئاساسەن، ئۇيغۇر دىخانلىرى ئىدى، بىرقانچە ئۆيلۈك خەنزۇ ۋە بىر خەنزۇ ئائىلىسى ئاچقان مىلىچماللار دۇكىنى بار ئىدى. چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنىڭ ليەنجاڭى جاڭ گوخۇنىڭ شۇ يەردىكى بىر ئۇيغۇر قىزىغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنى مەجبۇرى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ يەردىكى تاقىتى تاق بولغان ئاھالە، 1931 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەنى جاڭ گوخۇ ئاشۇ قىزنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ "توي" قىلىۋاتقان كۈنى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئادەتتىكى چاغلاردا خەلقنىڭ چىشىغا تەگمەي كەلگەن ئىككى ئەسكەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، جاڭ ليەنجاڭنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى جايلىۋېتىدۇ.

شوپۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاراتۇرۇك، تۇركۆل، تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلىپ ئەمەلدارلارنى قوغلىۋەتكەن، دۈڭسەندە ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەن. ئەسلى 1931 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا، بىرقانچە كەنتنىڭ دورغىلىرى (ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن كەنت

باشلىقلىرى) ئابدۇرەھىم، سوۋۇر، سالى، پال نىياز، ئابدۇنىياز، مىتىپ قاتارلىقلار 7-ئاي ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى پۈتۈشۈۋالغان ئىكەن. ئۇلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلار دېخانلارنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىرلىرىگە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەھلىكە سېلىپ، ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ قالماقچى بولغان. شوپۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۇلار مۇددەتتىن بۇرۇن ھەركەت قىلغان. ئەسكەر تۇرغۇزۇلغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە، تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىگى يوقىتىلغان، قورال-ياراقلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن، دورغىلار شۇ جايلارنىڭ باشلىقى بولۇپ قالغان.

قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق شىجاڭ ليۇ شىزىڭ ئەسكەر چىقىرىپ بېسىقتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تاشۋىلىق دېگەن جايدا قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. بۇ چاغدا، تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقان خوجا نىياز ۋاڭ ئوردىسىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر قىسىمىدا ھەربى ئەمەلدار ئىدى، ليۇ شىزىڭ يەنە بىر قېتىم قوشۇن تارتىپ شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ شوپۇلدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى سالى بىلەن پۈتۈشۈپ، تۈن قاراڭغۇسىدا، كۆچىتى تېغىنىڭ جىلغىسىدا ئۆلكە ئەسكەرلىرىگە ئالدى-كەينىدىن قىستاپ زەربە بەرگەن. نەتىجىدە ليۇ شىزىڭ ئەۋەتكەن بىر يىلىڭ قوراللىق ئەسكەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوقىتىلغان. خوجا نىياز شۇنىڭ بىلەن دۆڭسەندە ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ قالغان.

1931-يىل 2-ئايدىن 4-ئايغىچە، قۇمۇلدىكى ھەربى-ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قوراللىق باستۇرۇش بىلەن بىردىنلا غەلىبە قىلىشقا

كۆزى يەتمەي، خوجا نىيازنى "كۆندۈرۈش" شەرتلىرىنى قويغان، ھەمدە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جۇ لې (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىدىن)نى، ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاخۇنى سەدەنشانى ۋە يارى دورغىنى تاققا خوجا نىياز بىلەن سۆھبەت قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئەگەر "قوزغىلاڭچىلار" قورالنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلا بولسا، ھۆكۈمەت ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىككە ۋەدە بېرىدىغانلىقىنى، "قوزغىلاڭچىلار" نىڭ تەلىۋىگە ئەھۋالغا قاراپ ۋەدە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خوجا نىياز تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدىكى ۋەقەدىن ساۋاق ئالغان بولغاچقا، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا ئۇنىمىغان. ئۇ ئەسلىدە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. لېكىن شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن تايانچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دورغىلار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىرلىشىپ كەتكەنلىكى، يەنە كېلىپ قۇمۇل چىنۋاڭى نەزەرنىڭ ئوغلى بېشىر، كۆيوغلى مەھبۇپھاجىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن قىلغان ياردىمىگە ئىگە بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلىۋى بولغان تېچلىق شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار لىيۇ شىزىڭ ئەۋەتكەن ۋەكىلگە: ئەگەر بىزدىن قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلساڭلار، بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت ۋاڭلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەۋەتكەن ھاكىمنى قايتۇرۇپ كەتسۇن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆلكە قوشۇنلىرى قۇمۇلدىن چىقىپ كەتسۇن، يەرلىك ئامادلىقنى ساقلاش ۋە ئىچكىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ غەرپكە چېقىلىشىنى توساش ئۇيغۇر قىسىملىرىنىڭ مەسئۇل بولۇشىغا تاپشۇرۇلسۇن،

دىگەن. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى خوجا نىيازغا باشقا شەرتلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە بولىدۇ، "قوزغىلاڭچىلار" قورال-ياراقلىرىنى تاپشۇ-رۇشلىرى شەرت دەپ جاۋاپ بەرگەن.

سۆھبەت مەزگىلىدە، لىيۇ شىزىڭ يەنە قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش-لىقلىرىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولۇپ، ئەسكەر يۆتكەپ قۇمۇل، بارىكۆل تەرەپتىن سۆھبەت ئورنىنى قورشىغان. لېكىن، خوجا نىياز بۇنىڭغا ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ، قويغاچقا، ئۆلكە قوشۇنلىرى يەنىلا چېكىندۈرۈلگەن. بۇ قېتىمقى ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى دەل باچىچ ئالتايغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان چاغدا ئۆلتۈرۈلگەن ئالتاي ۋالىيسى جۇ ۋۇشۈنىڭ ئوغلى جۇ لىجۇڭ ئىكەن.

جىن شۇرېن قۇمۇلدىكى ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى سېزىپ، لىيۇ شىزېڭنى يۆتكىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ قۇدىسى ئاقسۇنىڭ سابىق ۋالىيسى جۇ رۇيشىنى شىجاڭلىقتا تەيىنلەپ ۋە ئۇنى لۇجاڭ شيۇڭ فايۇ بىلەن قۇمۇلغا قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن. جۇ رۇيشى قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، دۆڭسەنگە قارىتىلغان ھەربىي ھەركەتتە ھېچقانداق ئىلگىرىلىيەلمىگەن. ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئۆلكىگە تېلېگىراممىا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سوپى ھاجى قاتارلىقلارنى خوجا نىياز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تاققا ئەۋەتكەن.

بۇ چاغدا، بارىكۆلدىكى قازاقلارنىڭ ئاقساقىلى ئارىپمۇ قوشۇن تارتىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. قۇمۇل بىلەن چىتەي، تۇرپان ئوتتۇ-رىسىدىكى قاتناش ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان. قۇمۇل، يەتتە قۇدۇق ئارىلىغىدىكى سومقاغا، ئاستانە قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇرۇش ئوتى تۇتاشقان. خوجا نىياز بىلەن ئارىپ، ھەربىي جەھەتتە ئۇدا غەلىبە قىلىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچى

ئۇستۇن، ۋاقىت ئۇزارسا، بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن، دەپ، دورغىلاردىن سالىنى جيۇچۈەنگە ياش خۇيزۇ ھەربى ما جۇڭيىڭنى ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتكەن.

ما جۇڭيىڭ ئەسلىدە چىڭخەيدىكى ما چىنىڭ قول ئاستىدا يىڭجاڭ بولغان، دادىسى ما باۋشۇ چاغدىكى خېجۇ ئايمىقىنىڭ مۇداپىئە ۋالىسى جاۋ شى تەرىپىدىن ئالداپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، 1928-يىلى قوشۇن تارتىپ خېجۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككىنچى يىلى گەنسۇ، نىڭشا، چىڭخەيلەردە ھەركەت قىلغان، يۇڭچاڭ، يەنچې، مىنچىن قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان، كېيىن نىڭشيادا ما خۇڭبىن ئۇنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان. 1930-يىلى ما جۇڭيىڭ نىڭشيادىن چىقىپ، 11-ئايدا جاڭيېگە كىرىپ، ئۆزىنى گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى دەۋالغان. ئۇنىڭ كونا قوشۇنلىرى كېلىپ قوشۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى مۇساپىر ياشلارمۇ قوبۇل قىلىنغان، بىر مەھەل داڭقى چىقىپ كەتكەن، ئىچكىرىدىكى بەزى گېزىتلەردە ھەتتا ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ قوراللىق كۈچى قوراللىق قىزىللار دەپ تەسۋىرلەنگەن. 1931-يىلى، ما بۇفاڭ جاڭيېگە ھۇجۇم قىلغاندا، ما جۇڭيىڭ غەرپتىكى جيۇچۈەنگە قاراپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ تازا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان چاغدا، خوجا نىياز ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ تەكلىۋىگە مۇيەسسەر بولغان، شۇنىڭ بىلەن خوشاللىق بىلەن قوشۇنىنى باشلاپ غەرپكە ئاتلانغان.

ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنىڭ 50 پىرسەنتتىن كۆپرەگى ۋەيران بولغان سەرگەردان دېھقانلار ئىدى، ئۇلار بىرنەچچە يىللىق جەڭلەر ئارقىلىق چېنىققان، جەڭگىۋارلىقى خېلى كۈچلۈك ئىدى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇرۇش داۋامىدا بېيىۋېلىشقىمۇ

ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. مەسىلەن، قىسمىنىڭ غوللۇق ئادەملىرىدىن بولغان "قارام ئاخۇنۇم"، "ئۆدەك تۆەنىجاڭ"، "تورۇق ئات" دىگەن لەقىمى بارلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك باتۇر، چەبدەس ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى فېئودالىلىق ئۇسۇللار بىلەن تەشكىللىگەن ۋە تىزگىنلىگەن، تۆۋەنىنىڭ يۇقۇرىغا قەتئى بويسۇنۇشى شەرت ئىكەن. ھەربىي مەشىق قىلىغاندا، ئەسكەرلەر ھەرقانداق خەتەرلىك ھەركەتنى پىداكارلىق بىلەن ئورۇنلايدىكەن، سەل-پەلمۇ بويۇن تولغاشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىللىرى خېشى تەۋەسىدە، ھەر يىلى دىگۈدەك تەبىئى ئاپەت ۋە سۈنئى ئاپەت يۈز بىرىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئەسكەرلەرنى تولۇقلاپ تۇرۇش قىيىنغا چۈشمىگەن. بۇ قاۋۇل قوراللىق كۈچ غەربىي شىمال يايلاقلىرىدا ۋە تاغلىقلىرىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا قاتراپ يۈرگەن. نۇرغۇن "ھۆكۈمەت ئەسكىرى" ۋە "مىڭتۆەن" دىگەنلەرمۇ ئۇلارغا تىگەلمىگەن.

ما جۇڭيىڭ خوجا نىيازنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلغاندىن كىيىن، 800 دىن كۆپرەك ئادەمنى توپلاپ، "قارام ئاخۇنۇم" ئالدىن يۈرەر قوشۇنىنى باشلاپ، 1931-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى ساۋلاققا باستۇرۇپ كىرگەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا قۇمۇلنىڭ تاشقى سەپ مۇداپىئەسىدىكى ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ، قۇمۇلنىڭ كونا-يېڭى شەھىرىنى قورشىۋالغان.

جۇ رۇيشى بىلەن شيۇڭ فايۇ كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەرنى ئايرىم-ئايرىم ساقلاپ ياتقان ئىكەن. جۇ رۇيشى ئۆزىنىڭ «قۇمۇلنىڭ قورشاۋدا قېلىشى» دىگەن كىتاپچىسىدا ئېيتىشىچە، ئۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىدا ئېغىر تىپتىكى قوراللار يوق ئىكەن، پىلىموتىمۇ ئاز ئىكەن، شۇڭلاشقا، سېپىل ئارقىلىق ئۇلارنى توساپ

تۇرغىلى بولغان. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى بەزىدە ئۆلە-
تىرىلىشكە باقماي سېپىلغا ياماشقان، لەخمە قېزىپ سېپىلنى
پارتلاتقان. لېكىن شەھەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلار بىلەن
ئاھالە شەھەر قولدىن كېتىپ قالسا، ئەسكەرلەر ۋە ئاھالىنىڭ
بىردەك قىرغىنچىلىققا ۋە بالايى-قازاغا ئۇچرىشىدىن ئەندىشە
قىلغاچقا، شەھەرنى جان تىكىپ قوغدىغان، سېپىلدا كۆرۈنگەن يوچۇق-
لارنى قوي يۇڭى بىلەن تايلانغان قاپلار بىلەن توسغان، ئىستىھكامنى
ۋاقتى-ۋاقتىدا مەزمۇتلاپ تۇرغان؛ كەچ كىرىش بىلەنلا مەشئەل،
پانۇسلارنى يېقىپ، دۈشمەنگە ھېچقانداق يوچۇق قالدۇرمىغان، ئۇنىڭ
ئۈستىگە شۇ يىللىرى قۇمۇل شەھىرىدە زاپاس قورال-ياراق يېتەرلىك،
ئاشلىقمۇ خېلى كۆپ بولغاچقا، يېرىم يىلدىن ئۇزاقراق بەرداشلىق
بېرەلىگەن.

ما جۇڭيىڭ شۇ يىللاردا 23 ياش بولۇپ ئىنتايىن زىرەك ۋە
قابىلىيەتلىك ئىدى. ئۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھ-
كەم ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئېتىشلارغا قارىغاندا، بارىكۆلدىكى
زاپاس قورالنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى، ئۇ يەردىكى قازاقلارنىڭمۇ ئۇرۇشتا
ئۆزىگە ياردەم بېرىشى مۇمكىنلىكىنى بايقاپ، ئاساسىي كۈچىنى بارى-
كۆل تەرەپكە بۇرىغان.

بارىكۆلنى بىر تۈەن ئەسكەر ساقلاپ ياتقان ئىكەن، ئۇلار قۇمۇل
ۋەقەسىدىن كېيىن شەھەرگە توپلىشىۋالغان. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى
تېخى قورشاپ بولماستىنلا، ئۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان ئەسكەرلەرنىڭ
تۈەنجاڭى خې جېنشاڭ ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى تەسلىم بولۇشقا
دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ۋەكىلنىڭ ۋەز-نەسىھىتى ئارقىسىدا
تەسلىم بولغان. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرالىغىتىن،

بارىسكۆلدە بۇلاڭچىلىق-قىرغىنچىلىق بولىسغان، پەقەت نەچچە مىڭلىغان قورال-ياراقنى غەنىيمەت ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەسكەرلىرىنى تولۇقلاپ، قۇمۇل، گۇچۇڭ ئارىلىغىدىكى يولنى بويلاپ شىمالغا ئاتلىنىشقا تەييارلانغان.

جىن شۇرېن قۇمۇلدىن كەلگەن جىددى تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باش كاتىپ لۇ شياۋزۇنى قۇمۇلغا ياردەمگە بارىدىغان قوشۇننىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، دۇ جىگونىڭ لۇسى بىلەن شەرققە ئەۋەتكەن. كېيىن شىنجاڭغا زومىگەر بولۇۋالغان شېڭ شىسەي (بۇ چاغدا دۇبەن يامۇلنىڭ سەنمۇ مۇدىرى ئىدى) سەنمۇجاڭلىققا تەيىنلىنىپ، مەسلىھەتچى سۈپىتىدە ھەربى ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان بولغان.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنى تولۇقلىغان، قىسىملارنىڭ قورال-ياراقلىرىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن قىسىملارنىڭ ھەربى ئىنتىزامى ۋە جەڭگىۋارلىقى ھېچبىر ياخشىلانمىغان ۋە ئۆسمىگەن ئىدى. دۇ جىگو لۇسى لياۋدۇنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ بىر قېتىمقى كىچىلىك ھۇجۇمىدا، پۈتۈنلەي يوقالغان، دۇ جىگونىڭ ئۆزىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

لۇ شياۋزۇ ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن، يەتتە قۇدۇقتا ساقلاۋاتقان ھەربى لازىمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇۋېتىپ، گۇچۇڭغا قايتقان. ما جۇڭيىڭنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۆلكە تەرەپنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئېنىق بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قوغلاپ زەربە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى شەرقىي سەپتىكى خەتەرلىك ۋەزىيەتنىڭ

كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەشقەردىكى شىنجاڭ ئې يىڭغا تېزلىكتە ئۆلكىگە يېتىپ كېلىش توغرىسىدا تېلېگىرامما بەرگەن. ئې يىڭ ئۆلكىگە كېلىش سەپىرىدە ئاقسۇدا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن، لۇ شياۋزۇمۇ مەغلۇپ بولغان، شىنجاڭدىكى مەشھۇر "سەركەردە"لەردىن پەقەت ئىلىدىكى جاڭ پېيىۋەن بىلەن ئالتايدىكى ۋېي جېنگولا قالغان. شىنجاڭنىڭ ياڭ زېڭشىن دەۋرى بىلەن جىن شۇرېن دەۋرى-دىكى بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپچىلىكى قەلەمكەشلەر بولۇپ، لۇ شياۋزۇ، ئې يىڭ، جاڭ پېيىۋەن، ليۇ شىزېڭ، جۇ رۇيشى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى دەل شۇ تىپتىكى ئادەملەر ئىدى. جاڭ پېيىۋەن ئىلىدىن ئۆلكىگە يۆتكىلىپ، ئالدىنقى سەپتە باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن، شىڭ شىسەي يەنىلا سەنمۇجاڭ بولغان، ئۇلار قىسىملىرىنى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلغان.

جاڭ پېيىۋەن باشلىغان ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەرمۇ ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان ئىكەن، شۇڭا، گۇچۇڭدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، كەچلەردە قونالغۇلاردا ياتقاندا، ھەمىشە ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق ئوق چىقىرىشىپ، بىر بىرىنى پاراكەندە قىلىغان، بەزى ئەپتەسەر-ئەسكەرلەر قورققىنىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ چۆل-جەزىرىگە كىرىپ كەتكەن، بەزىلىرى بولسا كەتكەن پېتى قايتىپ كەلمىگەن. بەختكە يارىشا يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان 2 مىڭدىن ئارتۇق ئۆزلەشتۈرۈل-گەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئالدىدا ماڭغان، ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى نۇرغۇن ماددى ئەشيالارنى ۋە قورال-ياراقلارنى قولغا چۈشۈرۈپ تازا بېيىۋالغاچقا، ئۇرۇش قىلىش خۇشياقماي، ئۆزلۈگىدىن شەرققە چېكىنگەن، شۇنىڭ بىلەنلا جاڭ پېيىۋەن قۇمۇلغا كىرىپ، قۇمۇلنى

قورشاۋدىن قۇتقۇزغان.

جاڭ پېيىۇەن بىلەن بىللە شەرققە بارغان ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار لياۋدۇندىن شەرققە قاراپ يۈرگەندە، يول بويى ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى چېكىنگەندە قاداپ كەتكەن ياغاچ تاختىلارنى كۆرگەن. بۇ تاختايلارغا بىز پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى مېڭىپ كەتتۇق، كەلگۈسىدە يەنە قايتىپ كېلىمىز، ئەگەر ئۇلكە قىسىملىرى بىز بىلەن ئېلىشىپ باقماقچى بولسا، قۇمۇلدا ساقلاپ تۇرسۇن، دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، جاڭ پېيىۇەن قىسىملىرىنىڭ ماجۇڭيىڭنىڭ ئاخىرىدا ماڭغان قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشقان قېتىم سانىمۇ بەك ئاز بولغان.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى شەرققە چېكىنىپ كەتكەنلىكى ۋە جاڭ پېيىۇەن قىسىملىرىنىڭ قۇمۇلغا كىرگەنلىكى توپەيلىدىن، خوجا نىياز يەنە ئۆزىنىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ تاققا كىرىپ كەتكەن. بۇ دەل ياز بىلەن كۈزنىڭ ئالمىشىدىكى چاغلار بولۇپ، ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈپ كەتكەچكە، ئۇلكە قىسىملىرىنىڭ ھەركەت قىلىشى قىيىن بولغان. ئۇزاق ئۆتمەيلا، جاڭ پېيىۇەن ئىلىغا يۆتكىلىپ ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە قويۇلغان. ئۇنىڭ ئورنىغا چۆچەكنىڭ ۋالىسى لى خەيرۇ قۇمۇلغا كېلىپ "باندىتلارنى تازىلاش" ئىشىغا باشچىلىق قىلغان. قۇمۇل ۋەقەسى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان.

1931-يىلى 2-ئايدىن 1932-يىلى 11-ئايغىچە، قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ ئۇرۇش ئوتى لياۋدۇننىڭ شەرقى بىلەنلا چەكلەنگەن. لېكىن، شۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، نۇرغۇن مەھەللىلەر ئوتتا كۆيۈپ تۈگىگەن، قۇمۇل

شەھىرىنىڭ ئەتراپى ۋە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوردىسىمۇ شۇ مەزگىلدە ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ئۆلكە مەركىزىدە قالغان نەزەر چىنۋاڭمۇ تۈرمىگە ئېلىنغان.

قۇمۇل ۋەقەسى جەريانىدا، يەنە بىر تارىخىي قىستۇرما بولغان، ئۇنى بۇ يەردە قوشۇپ قوياي.

1932 ـ يىلى قۇمۇل قورشاۋدىن قۇتقۇزۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، قاراشەھەردىكى موڭغۇللارنىڭ كونا تورغۇت قەبىلىسىنىڭ جەنۇبىي قەبىلىسىدىكى خۇلى ئايمىقىنىڭ ئاقساقىلى دورجى گېگەنمۇ قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بولغان ئىكەن. دورجى گېگەن زېرەك ھەم جاسارەتلىك ئادەم ئىكەن. شۇ چاغدا، شىنجاڭدىكى فېئودال ۋاڭ ـ گۇڭلار ئىچىدە، ئۇ بىرقەدەر سەگەك، مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىن ئۇ پارلامېنت ئەزاسى بولغان مانجۇ جى فۇ بىلەن بىرلىكتە جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇشنى پىلانلاپ، قاراشەھەردە قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بولغان ئىكەن. لېكىن، مەخپىيەتلىك ساقلانماي، جىن شۇرېن سېزىپ قېلىپ، دورجى گېگەننى ۋە ئۇنىڭ بىر يىگجاڭى بايىننى ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئەپىرىپ، ئىككىنچى زالنىڭ قىزىل گىلەم سېلىنغان (ئېيتىشلارغا قارىغاندا قىزىل گىلەم سېلىنسا، گېگەن دۇنيانى قايتا كېزىپ يۈرەلمەسمىش) قوراسىدا ئېتىۋەتكەن. مانجۇ جى فۇمۇ مۇشۇ ئارىلىقتا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

شۇ چاغدا مەن چەتئەلدە بولغاچقا، بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىگە دائىر تەپسىلاتنى ئىگەللەپ كېتىشكە ئىلاجىسىز ئىدىم. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى يىقىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بەزى كىشىلەرنى ھېچ تاپالمىدىم، شۇڭا، شۇنچىلىك ئەھۋالنىلا ئەسلىيەلىدىم.

# خوجا نىياز ۋە تاشقى موڭغۇلىيە

خوجانىياز قوشۇننى باشلاپ دۇڭسەنگە كىرگەندىن كېيىن، ئاشلىق، ئوق-دورا ئۆكسۈپ قالغان. ئەسلىدە ماجۇڭيىڭ لىياۋدۇنغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى، خوجا نىياز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ (شۇ چاغدا يولۋاسمۇ ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىغا كەلگەن)، ئۆزئارا ياردەملىشىشنى قارار قىلغان. لېكىن ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇنىڭ تايانچلىرى بۇ ئۇيغۇر ئاقساقىلىنى كۆزگە ئىلمىغان، ئۆزلىرىنى شىنجاڭغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ بارغان سايىپخانىغمۇ ئولجا ئالغان نەرسىلىرىدىن بەرمەي، ئۆزى باي بولۇۋېلىپلا تىكىۋەتكەن.

خوجا نىياز شىنجاڭ-تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدا قىسىلچىلىققا قالغان چاغدا، لى خەيرۇ ۋەكىل ئەۋەتىپ "تەسلىم بولۇش"قا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، نەتىجە بەرمىگەن. خوجا نىيازنىڭ مىجەزى ئىنتىلىك بولسىمۇ، تۇغۇشلۇق پىكرى يوق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنغاندا يازغان بايانامىسىدە ئېيتىشىچە، ئۇ شۇ يىللاردا، ئەگەر ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ساقلاپ قالالايدىغان، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۆزىگە مەلۇم بىر رايوننى بېرىدىغان بولسا، ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ۋاقىتلىق مۇرەسسەلىشىدىغان ئويدا بولغانلىقىنى، لېكىن ئۇ چاغدا مۇنداق ئىمكانىيەت بولمىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە، ئۆزىدە پۈتكۈل شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدىغان سىياسى قارا نىيەتنىڭ يوقلۇقىنى، پانتۈركىزىملىق ئېتىقاتىنىڭمۇ يوقلۇقىنى، پەقەت بىرەر رايوننى بۆلۈۋېلىش كويىدىلا ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بىرەر ياخشى ھۆكۈمەت بولسا، شۇ

هۆكۈمەتنىڭ قوماندانلىغىنى قوبۇل قىلىشقا رازى ئىكەنلىگىنى، شۇنداق هۆكۈمەت بولمايدىكەن، چوقۇم داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئەمىلىي كۈچىنى ئۇلغايتىدىغانلىغىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ بايانامىسىدە دىگەنلىرىنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىگى بىزگە نامەلۇم، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى هەركەتلىرىدىن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىر قىسمىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىگىنى بىلدۈرگىلى بولاتتى.

خوجا نىياز قۇمۇلنىڭ دۆڭسەن تېغىدا تۇرۇپ قالغان چاغلىرىدا، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن بىر مەزگىل ئالاقىلىشىپ تۇرغان. بۇ ئۇنىڭ هەركەتلىرىدە ئالاھىدە تەرىپلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئەھۋال.

خوجا نىياز ئۆزىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدىمۇ توختالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ مەزگىللەردە تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى، ئاساسلىغى، ئۆزىنى ۋە ئۆز گۇرۇھىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىكەنلىگىنى، پۈتۈن شىنجاڭغا خوجايىن بولۇش قارا نىيىتى بولمىسىمۇ، جىن شۇرېن هۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى نىشان قىلغانلىغىنى ئېيتقان.

1932 - يىل كۈزىنىڭ ئاخىرلىرىدا، تاشقى موڭغۇلىيە ئۇنىڭ تۇرغان يېرىگە لوپسىڭ دورجى، جامسىن دورجى ئىسىملىك ئىككى موڭغۇلنى، ئابايى ئىسىملىك بىر قازاقنى 3 ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ 3 ۋەكىل خوجا نىيازغا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئۇنىڭ ھالىغا ھىسداشلىق قىلىدىغان-لىغىنى، ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك، قورال - ياراق، ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن. خوجا نىياز بىلەن ئۇنىڭ يېقىن مۇرىت-لىرىدىن بولغان ئاقمولىلامىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئېيتىشىچە، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇنداق قىلىشى قۇمۇلدا هۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇۋاتقان قوراللىق كۈچلەر ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن ئەسكەر-

لەرنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ جەمىيەت ئامانلىقىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن قورقىدىغانلىقىدىن بولغان ئىكەن، ئەمەلىيەت شۇنداقمۇ-ئەمەسمۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

تاشقى موڭغۇلىيە 1932-يىل قىشتا خوجا نىيازنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىگە 500 قۇر جۇۋا ۋە پاختىلىق ھەربىي كىيىم، 70 تال مىلتىق، بىرنەچچە ئون ساندۇق ئوق ۋە ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېپكېلىپ بەرگەن. ئوق ساندۇقلىرىنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خاباروۋسكى دېگەن يېرى ئارقىلىق موڭغۇلىيىگە يېتىپ باردۇ، دېگەن سۆزلەر بېسىلغان ئىكەن. تاشقى موڭغۇلىيە يەنە خوجا نىياز بىلەن ھەربىي قورال-ياراق يەتكۈزۈپ بېرىش توختامىنى تۈزۈشنى تەكلىپ قىلغان. خوجا نىيازنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ كونتۇرۇل قىلىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالغاچقا، شۇنىڭدەك بۇ ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋالنى ئېنىق بىلەلمىگەچكە، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ھېچقانداق توختام ۋە ھۆججەت ئىمزالىمىغان، پەقەت ھەر قېتىم تاشقى موڭغۇلىيە يەتكۈزۈپ بەرگەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋ-ۋالغان چاغلاردىلا، قەرز پۇل ئۈچۈن ھۆججەت بەرگەن، بەزىدە بىر قىسىم ماللارغا ئالتۇن بەرگەن. ھەربىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن، تاشقى موڭغۇلىيە خوجا نىياز تاللاپ بەرگەن ياشلارنى موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىچىدە تەربىيىلەپ بېرىشكە قوشۇلغان.

1933-يىلىغىچە، خوجا نىيازنىڭ قوشۇنى پىچان، گۇچۇڭغا بۇرۇلۇش-تىن ئىلگىرى، تاشقى موڭغۇلىيە خوجا نىيازنى ئومۇمىي قىممىتى يۈز مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئارتۇق كېلىدىغان مىلتىق، يان قورال، پىلە-

موت، ئوق-دورا ۋە باشقا ماددى ئەشيالار بىلەن تەمىنلىگەن. خوجا
نىياز يەنە 30دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشنى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئۆگە-
نىشكە ئەۋەتكەن. تاشقى موڭغۇلىيىدىن ۋە ئۈرۈمچىدىن كېلىپ خوجا
نىياز قىسملىرىغا قوشۇلۇپ ھەربى ۋە سىياسى خىزمەت ئىشلىگەنلەر
ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئون نەچچىگە يەتكەن. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ
ۋەكىلى ئاباي بارىكۆل ئەتراپلىرىدا ھەركەت قىلىپ، شۇ يەردىكى
قازاقلارنى تەشكىللەپ، ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن قىسملارغا زەربە
بېرىش جەھەتتە مەلۇم رول ئوينىغان. 1935-يىل، شېڭ شىسەي
ھۆكۈمىتى ئابايىنى قۇمۇل رايونىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى قىلىپ تەيىن-
لىدى، خىزمەت ئورنى بارىكۆلدە بولدى. بۇ ئادەم خوجا نىياز شېڭ
شىسەي ھۆكۈمىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىققان،
تاشقى موڭغۇلىيىدىن كەلگەن سىياسى خىزمەت خادىمى ئىدى،
شۇ يىللاردا شىنجاڭدىكى سىياسى ئەربابلار ۋە قازاقلار بۇ ئىشتىن
خەۋەردار ئىدى.

تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرىسى تاشقى موڭغۇلىيە
مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ قامال ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى.
قاتنايدىغان يوللار كۆپ بولغاچقا، ئەتكەسچى سودىگەرلەر يەنىلا
ئۆتۈپ تۇرالايتتى. خوجا نىياز تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئېلىپ تۇرىد-
غان تەمىنات، ئاساسلىقى، تاشۋىلىقنىڭ شىمالىدىكى چېگرا ئارقىلىق
كىرەتتى، بۇ ئەتراپتىكى چېگرا شۇ ۋاقىتتا خوجا نىياز قىسملىرىنىڭ
قولىدا ئىدى.

تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ خوجا نىياز قىسملىرىغا كىرگۈزگەن ھەربى
ۋە سىياسى خىزمەت خادىملىرى خوجا نىيار قىسملىرىدا ئانچە چوڭ
رول ئويناپ كەتمىگەن. خوجا نىياز قىسملىرى قۇمۇلدىن چىقىپ

كېتكەندىن كېيىن، ماددى ئەشيالار بىلەن تەمىنلىنىش جەھەتتە
تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلگەن. كۈلۈن (ھازىرقى
موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتۇر)غا ئوقۇشقا كەتكەن
ئۇيغۇر ياشلىرى 1936 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىلا قايتىپ كەلدى. ئۇلار
ئۇ يەردە ئاساسلىقى سىياسىنى ئۆگەنگەن ئىدى، قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خىزمەتكە تەيىنلەندى.
خوجا نىيازنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئالغان قەرزىنى 1935 ـ يىل
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى نەق چوت قىلىپ تۆلىۋەتتى.
خوجا نىيازنىڭ بايانىنامىسىدىن، ئۇنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن
بىرەر ھۆججەت ئىمزالاشقانلىقىنى كۆرەلمەيمىز. لېكىن ئۇ تاشقى
موڭغۇلىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئۇنىڭ قۇمۇل، بارىكۆل ئەتراپلىرىدا
قورallىق كۈچلەرنى كېڭەيتىپ، بۇ جايىنى قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ
باشقۇرۇشقا ئۈندىگەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان. تاشقى موڭغۇلىيە
ئۇنىڭ ھەممە قوراللىق كۈچلىرىنى گوچۇڭ، پىچانغا ئېلىپ كېتىشىگە
قوشۇلمىغان. لېكىن ئۇ ماجۇڭيىڭنىڭمۇ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭمۇ
تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئەگەر قۇمۇلدا قاملىپ تۇرۇۋېرى-
دىغان بولسام، كۈچلىرىم چوقۇم خوراپ تۈگەيدۇ، دەپ ھىساپلىغان
ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپانلىقلار ئۇنىڭ كېلىشىنى ئۈمىت
قىلغاچقا، غەرپكە يۈرۈلگان.
قۇمۇل ۋەقەسىدە، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن خوجا نىياز ئوتتۇرى-
سىدا بولغان مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق. خوجا نىياز ئۆزىنىڭ بايانىنامى-
سىنى يېزىۋاتقاندا، شىنجاڭ ھاكىمىيىتى كۆرۈنۈشتە جاھانگىرلىككە
قارشى تۇراتتى ۋە سوۋېت بىلەن دوست ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاھان-
گىرلىك بىلەن، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىگى بىلەن ھېچقانداق ئالاقە

قىلمىغانلىغىنى، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشى كېيىنكى
شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ 6 چوڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلى-
غىنى ھە دەپ چۈشەندۈرۈپ كەتكەن ئىدى.

بۇنىڭ سىرتىدا بىز خوجا نىيازنىڭ شۇ يىللاردىكى يېقىنلىرىنىڭ
ئاغزىدىنمۇ بەزى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارغا ئىگە بولغان، ئۇنى
ئەمدى بۇ يەردە قوشۇمچە قىلىپ ئۆتىمەن.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ جامىسىن
دورجى، ئاباي، غەيدۇپ، لوبسىن چاغان، گېبىر، نىيازئاخۇن، قاسىم،
ئىسمائىلئاخۇنلارنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ كۆپچىلىگى
شىنجاڭلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاچان، قانداق يوللار بىلەن تاشقى
موڭغۇلىيىگە بېرىپ قالغانلىغىنى، ھازىر كىمگە ۋەكىللىك قىلىپ
بۇلارنىڭ قوشۇنىغا كېلىپ قالغانلىغىنى، ئەينى ۋاقىتتا سۆزلەپ
بەرگەن كىشىمۇ بىلمەيتتى. سۆزلەپ بەرگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە،
ئۇلار شىنجاڭ-موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈپ قىتاي چوڭقۇرى
دىگەن جايغا كېلىپ، يۈزبېشى سادىق قۇرمالنىڭ ئۆيىدە قونۇپ،
كېيىن كۇنباش خوجىنىڭ گۈمبىزى (ئابرويلۇق ۋە ئاقىل ئادەملەر-
نىڭ قەۋرىسى)دە بىر قېتىم يىغىن ئاچقان. بۇ قېتىمقى يىغىنغا خوجا
نىياز ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى قاتناشقان، يولۋاس ۋە بېشىر (نەزەر
چىنۋاڭنىڭ ئوغلى)مۇ بەزى ئادەملىرى بىلەن كېلىپ قاتناشقان. بۇ
ۋاقىت تەخمىنەن 1932-يىل باھارنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

يىغىندا كىمنىڭ باش رەھبەر بولۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىن-
غان، بەزىلەر خوجا نىيازنى، بەزىلەر بېشىرنى، بەزىلەر يولۋاسنى كۆر-
سەتكەن. ئۇزاق تالاش-تارتىش بولۇپ، مەسىلە ھەل بولمىغان. تاش-
قى موڭغۇلىيە ۋەكىللىرى ئۆمىگىنىڭ باشلىغى: "سىلەر ئىتتىپاق ئەمەس-

كەنسىلەر، بۇ ياخشى ئەمەس“ دىگەن. ئۇ شۇ چاغدا مۇنداق مەزمۇندىكى بىر مەسەلنى سۆزلەپ بەرگەن: بىر يىلاننىڭ بىر بېشى مىڭ قۇيرۇغى بار ئىكەن، دۈشمەن كېلىشى بىلەنلا دەرھال ئۇۋىسىغا كىرىۋالىدىكەن. يەنە بىر يىلاننىڭ بىر قۇيرۇغى، مىڭ بېشى بار ئىكەن، دۈشمەن كەلگەندە، بەزى بېشى شەرققە، بەزى بېشى غەرپكە تارتىپ پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي، چاققان ھەركەت قىلالمىغانلىقتىن، ئاخىر دۈشمەنگە يەم بولىدىكەن. ئۇ بۇ مەسەلنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا، ئىنقىلاپتا پەقەت بىرلا يولباشچى بولۇشى كېرەك، دەپتۇ. ئاخىرىدا كۆپچىلىك ئاران زورىغا بىرلىككە كېلىپ، خوجا نىيازنى باشلىق قىلىپ سايلاپتۇ. خوجا نىياز ئىسمائىل ھاجىنى، زۇنۇن ئاخۇننى، سالى دورغا، باقىنىيازھاجىنى قورال سېتىۋېلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن تاشقى موڭغۇلىيىگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ۋەكىلى ئۇلارنى ئۆزى باشلاپ بارماي، پەقەت ئۇلارنىڭ قولىغا تونۇشتۇرۇشلا يېزىپ بېرىپتۇ.

ئىسمائىل ھاجى قاتارلىق 4 كىشى 1932 ـ يىلى يازدا قايتىپ كېلىپ، ئىككى قارا ماشىنىدا قورال ـ ياراق ئېلىپ كەلدۇق، ماشىنا چېگرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە، دەپتۇ. خوجا نىياز تاشۇۋېلىقتىن 20 ھارۋا ئەۋەتىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 250 تالدىن پىتىر ئوق سەپلەنگەن 100 پىتىر مىلتىق، ئىككى تونىنا قورغۇشۇن، 500 كىشىلىك ئۆتۈك، 500 قۇر چاپان، 500 قۇر يامغۇرلۇق چاپان توشۇپ كېلىنىپتۇ. خوجا نىياز جامىسىن دورجىغا نۇرغۇن يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ھەدىيە قىپتۇ.

خوجا نىياز يولۋاسقا 10 مىلتىق، بىر تاپانچا، 30 قۇر كىيىم تەقسىم قىلىپ بەرگەن؛ بېشىرغا 15 مىلتىق، 20 قۇر كىيىم تەقسىم قىلىپ بەرگەن، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالغان.

جامسن دورجى قايتىش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ بىر يان قورالىنى خوجا نىيازغا تەقدىم قىلغان.

جامسن دورجى ئىككىنچى قېتىم كەلگەن چاغدا، تاراتا دىگەن يەردە خوجا نىياز بىلەن كۆرۈشكەن ۋە خوجا نىياز بىلەن 3 ئايدىن ئارتۇق بىللە تۇرغان. جامسن دورجى قايتىش ۋاقتىدا، خوجا نىياز قىسىملىرىنىڭ سىياسى كومىسسارلىقىنى ئۆتەشكە قاسىم ئىسىملىك بىر قازاق كىشىنى قالدۇرغان. ئابايمۇ قېلىپ خوجا نىيازنىڭ ياردەمچىسى بولغان. ئاباي يولۋاسقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ يۈرگەن. ئۇ خوجا نىيازغا يولۋاسنىڭ ئىنتايىن ئاچكۆز ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا پۈتكۈل شىنجاڭنى بەرسىمۇ تويمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

يۇقۇرىدىكىلەرنى خوجا نىيازنىڭ شۇ چاغدىكى يېقىنلىرى سۆزلەپ بەرگەن، ئومۇمەن ئىشەنچلىك، ئۇلار پەقەت ۋاقىتنى ئېنىق دەپ بېرەلمىگەن. بۇ يەردە ئېغىزغا ئېلىنغان، خوجا نىياز قىسىملىرىدا سىياسى كومىسسارلىقنى ئۆتىگەن قاسىم دىگەن ئادەم ھەققەتەن ئۆتكەن، ھەم شۇنداق ئىشلار بولغان. قاسىم شىڭ شىسەي دەۋرىدە قولغا ئېلىنغان، 1944 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققان بولسا كېرەك، 1949 ـ يىلى غۇلجىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

## مالىمانچىلىقتا قالغان شەرقىي شىنجاڭ

خوجا نىياز ھەم تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپتىن كەلگەن قورال ـ ياراق ياردىمىگە ئىگە بولۇپ تۇردى ھەم گېمپىركىننىڭ 400 تۆگىدە ئېلىپ كەلگەن مىلتىنى بۆلۈشۈۋالدى.

گېمپىركىن دىگەن ئادەم شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىچكى ـ تاشقى

سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دوكا ئىدى، شۇنىڭدەك يەنە ئالتايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىمۇ باشقۇراتتى، شۇڭا ئۇنى شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ئاق ئورۇسلار ئىچىدە مال-مۈلكى ئەڭ كۆپ بىر شەخس دېيىشكە بولاتتى. شۇ چاغلاردا شىمالىي شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇۋاتقاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ماللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى، ئېرىغ ماللىرىنى تىيەنجىنگە ئەۋەتىۋەتكەن. ئۇنىڭ كارۋانلىرى خوجا نىياز ھەركەت قىلىۋاتقان رايونىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بېشىرىنىڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ، خوجا نىياز بىلەن بۆلۈشۈۋالغان. تۆگىلەرگە ئارتىلغان قىممەتلىك بۇيۇملار بىلەن ئالتۇن-كۈمۈشلەرگە قورال-ياراق سېتىۋېلىش ئۈچۈن، خوجا نىياز تاشقى موڭغۇلىيىگە ئادەم ئەۋەتكەن.

خوجا نىيازنىڭ كۈچى كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىپ، ئۆلكە قوشۇنلىرى بىلەن پات-پات تۇتۇشۇپ تۇرغان. شۇ كۈنلەردە كۆپرەك تاراتا، ئۇلانبۇلاق، كۆلۆي قاتارلىق جايلاردا جەڭلەر بولۇپ تۇرغان. ئۆلكە قوشۇنلىرى شېڭ شىسەي بىلەن ليۇ جىبيەن (خېنەنلىك، كىشىلەر ئۇنى قىلىچۋاز دەيتتى، كەسپىي ئەسكەرلىكتىن كېلىپ چىققان ئادەم ئىدى) باشلاپ كەلگەن ئىككى تۈەن بولۇپ، 5 مىڭ-دەك ئادىمى بار ئىدى. لى خەيرۇ قۇمۇلنى بېسىپ ياتقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي، ليۇ جىبيەن ئىككىسى ئالدىنقى سەپ باش قۇماندانلى-غىغا تەيىنلەنگەن ئىكەن. 1932-يىل كۈز پەسلى بولسا كېرەك، ليۇ جىبيەن قىسىملىرى بىر جىلغىدا يولۋاس قىسىملىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قېپتۇ. شۇ چاغلاردا يولۋاس قىسىملىرىدا ماجۇڭيىڭ ئەۋەت-كەن ئادەملەر (تەخمىنەن 30دىن كۆپرەك) قۇماندانلىق قىلىدىكەن. بۇ قېتىمقى تۇتۇشۇشتا ليۇ جىبيەن قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك

تۆگەشكەن؛ ليۇ جيبىسەنمۇ ئېغىر يارىدار بولۇپ ئۆلگەن. يولۋاس ئولجا ئالغان نەرسىلىرىدىن بىر قىسمىنى ما جۇڭيىڭغا تەقدىم قىلغان.

يولۋاس بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ شىرىكلەشكەنلىگى توغرىسىدا مەن يۇقۇرىدا توختالمىغان ئىدىم، شۇڭا بۇ يەردە قىسقىچە تولۇقلاپ كېتەي. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان چاغلاردىلا، يولۋاس قۇمۇلدا ئىكەن. بىر قېتىم جۇ رۇيشى ئۇنى خوجا نىياز بىلەن سۆھبەت قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئۇ ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆز-لۈگىدىن شۇ يەردە قېپقالغان. ئۇ خەنزۇچىغا پىششىق بولغانلىغى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇش بولغانلىغى ئۈچۈن، ما جۇڭيىڭ ئۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلىغان.

1932 ـ يىل 10 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي قوماندانلىق قىلىۋاتقان قىسىملار خوجا نىيازنى تاراتا تېغىنىڭ ئىچىگە قورشىۋالغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىلىشىپ كەتكەن. شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى ئۆلكە قىسىملىرى ئىچىدە كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش تاكتى-كىسىنى بىلىدىكەن، ئۇرۇش قىلغاندا ياكى بىر توپ ھەرىدەك ئولۇشۇپ ئالدىغا يۈگۈرەيدىغان، ياكى قالايمىقانلىشىپ كېتىپ تۆت تەرەپكە جىنىنى ئېلىپ قاچىدىغان باشقا ئۆلكە قىسىملىرىغا ئوخشىمايدىكەن.

قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ كۆپچىلىگى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، جايلاردا جەڭ قىلغان. بۇ ھال ئەنە شۇ يىللاردا شىنجاڭدا بولغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ياكى ۋەقەلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىگى ئىدى. شۇنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقكى، بىرنەچچە

ئەسىردىن بۇيان، بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلار، مەيلى چىڭ سۇلالىسى-نىڭ پەرمەتدارلىرى، جياڭجۇنلىرى بولسۇن، مىنگونىڭ دۇجۇنى، ئۆلكە باشلىقلىرى، دۇبەن، رەئىسلىرى بولسۇن، شۇنىڭدەك جەنۇبىي-شىمالىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتكەن راشىدىن خوجا، تومىن ئاخۇن ۋە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىدىن بولغان ياقۇپبەگ قاتارلىق ئادەملەر بولسۇن، ھەممىسى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا زىددىيەت تۇغدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈن-چىلىك سېلىپ، ئۇلارنى بىر بىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان قىلىپ قويغان ئىدى، بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپلا قالسا، تېچ ئاھالە زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى ياكى قىرغىن قىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاھالە ئۆزىگە پانا دەپ ھېساپلايدىغان قورالىق كۈچلەرگە ئەگىشىپ، جايلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى ياكى شەھەرلەرگە قامىلىپ ياتاتتى. قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار بولسا، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆزىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى، ئاتا-ئانىلىرىنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئېلىپ يۈرەتتى. شۇ چاغدا خوجا نىيازنىڭ قول ئاستىدىكى ئادىمى ئائىلە تاۋابىئات-لىرى قوشۇلۇپ 5-6 مىڭغا يېتەتتى. شۇڭا قورشاۋدا قالغاندا، ئەھۋالى ئىنتايىن مۈشكۈللىشىپ كەتكەن.

شېڭ شىسەي تېخمۇ كۆپ چىقىم تارتىشنى خالىماي، ئابدۇراخ-مان مەخسۇم، ئابدۇۋايىت ھاجى، شاتىھۇشۇر ئاخۇن، نۇربېك (يەنى خاۋ دىڭباڭ) قاتارلىق بىرنەچچە ئادەمنى تاققا بېرىپ خوجا نىياز بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتكەن، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خوجا نىياز شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن تەسلىم بولۇشقا ماقۇل

بولغان بولۇۋېلىپ، ئالدى بىلەن 48 مىلتىق، ئىككى دانە پىلىموت، 50 قوي تاپشۇرغان ھەمدە ئىككى كۈندىن كېيىن تاغدىن چۈشۈپ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغان. ئۇنىڭ ئارقىسىغا سۆرەش تاكتىكىسى ئېقىپ قالغانلىقتىن، دەرھال تۆگە، ئاتلارنى تاشلىۋېتىپ، قىسىملىرىنى ۋە خوتۇن-بالىلارنى شەپىسىز ئېلىپ مېڭىپ، بىر تىك ياردىن ئارتىلىپ قۇتۇلۇپ كەتكەن. شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى تاققا چىقىپ ئاختۇرغاندا، بىر ئادەمنىڭ قارىسىنىمۇ تاپالمىغان. كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا، شېڭ شىسەي خوجا نىيازدىن نۇرغۇن پارا ئېلىپ، ئۇنى مەقسەتلىك قويۇۋېتىپتۇ، دىگەن گەپلەر تارقالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ گەپلەر ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. بىراق شېڭ شىسەينىڭ باشقىچە ئويلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇ شەرقىي سەپتە "باندىتلارنى تازىلاش" جەريانىدا، غەلىبە قىلغاندا توختىماي سۈرۈپ كېتىۋەرمەسلىك، مەغلۇپ بولغاندا ھودۇقۇپ كېتىپ چېكىنىۋەرمەسلىك، ئۆز كۈچىنى دۈشمەندىن كۆپرەك ساقلاپ قېلىش، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش يولى بىلەن ئۆز ئورنىنى قوغداپ قېلىش بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلگەن ئىدى.

لى خەيرۇ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن، قورال كۈچىگىلا تايىنىپ مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، سۈلھىلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ خوجا نىيازنى ۋە يولۋاسنى ئىزدىگەن.

ئەسلى ماجۇڭيىڭ يۈمىنگۈەنگە چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، خوجا نىياز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى روزىھاجىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، قۇمۇل دائىرىلىرى بىلەن سۈلھى سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قۇمۇل شەھىرىگە كىرگەن ئىكەن. لېكىن، ئۇ قۇمۇلدىكى

ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا: ”قۇمۇللۇقلارنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكى تۈگىشىپتۇ، يەنە سۈلھە قىلىغۇدەك نىمە بار!“ دەپلا، قۇمۇل شەھىرىدىن چىقىپ تاققا قايتىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ قېتىملى خەيرۇنىڭ سۆھبەتكە يەنە ئادەم ئەۋەتكىنىگە خوجا نىياز قارشى تۇرغان، لېكىن يولۋاس بىلەن بېشىر ھازىرچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن مۇرەسسەلىشىپ تۇرۇپ، ئەھۋالغا قاراپ ئاندىن ئىككىنچى قەدەمنى قانداق بېسىشنى قايتىدىن پىلانلاشنى تەشەببۇس قىلغان.

يولۋاس قارا نىيەت بولۇپ، باشتىن-ئاياق ئۆزى ئۈچۈن چوت سوقۇپ يۈرگەن. ماجۇڭيىڭ قۇمۇلدىن چېكىنىپ چىققاندا، ئۇمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتمەكچى بولغان ئىكەن. ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭغا تاغدا قېلىپ، كۈچىنى كېڭەيتىشنى تاپىلىغان ھەمدە ئۇنىڭغا 50-60 يامبۇ، 200 تاختا قاراچاي، بىرنەچچە توپ رەخت، 20-30 تۆگە بەرگەن. ماجۇڭيىڭ خوجا نىياز باشقىلاردىن پەس تۇرۇشقا تەن بەرمەيدۇ، دەپ ھىساپلىغان. ئۇ شىنجاڭغا يەنە كېلىش ئۈچۈن، يولۋاسنىڭ خوجا نىيازنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا دەسسەپ، ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئۈمىت قىلغان. ئۇ يولۋاسقا كەلگۈسىدە شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالىدىغان بولسا، چوقۇم ئۇنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن.

يولۋاس ماجۇڭيىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خوجا نىيازنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ئۆزىگە تايانچ كۈچ توپلاشقا كىرىشكەن. ئۇ خېدۈندەن دىگەن جايدا سوپۇر دورغا قاتارلىق خېلى كۆپ ئادەمنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتكەن. كېيىن خوجا نىياز ئۇنىڭ سۈيىقەستىنى سېزىپ قېلىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ،

قوۋۇتاس دېگەن جايدا نەزەربەنت قىلغان. يولۋاسنىڭ چوڭ ئوغلى نىياز ئادەم باشلاپ كېلىپ، يولۋاسنى ئېلىپ قاچقان. شۇنىڭدىن كېيىن يولۋاسنىڭ قىسىملىرى قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى تاغ يولىدا بىر تۈركۈم كارۋانلارنى بۇلاپ، يۈز توپ رەخت ۋە باشقا نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، گوشۇتۇنى بازا قىلغان ھەمدە ماجۇڭيىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلغان. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ماجۇڭيىڭ دەرھال 30 نەچچە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان. يولۋاسمۇ خوجا نىياز بىلەن يارىشىپ، ئۆلكە قىسىملىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغان.

بۇ قېتىم لى خەيرۇ سۇلھىگە ئادەم ئەۋەتكەندە، يولۋاسنىڭ قوترىتىشى بىلەن، خوجا نىياز لى خەيرۇنىڭ ۋەكىلى بىلەن شەرتلەر توغرىسىدا پۈتۈشكەن، يەنى: ئۆلكە تەرەپ ئۇلارغا 400 دادەن بۇغداي يۆتكەپ بېرىش، ئۆلكىنىڭ كۆمۈش ھىساۋىدىكى چېكىدىن 4 تۈمەن سەر بېرىش؛ خوجا نىياز تەرەپ ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن قىسىملارغا 2 مىڭ 100 مىلتىق تاپشۇرۇش؛ بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەقەگە قاتناشقانلاردىن ئۆتكەنكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، باشلىقلىرىغا مۇۋاپىق ۋەزىپە بېرىش، بۇلارنىڭ قىسىملىرىنى ئۆلكە قىسمىغا ئۆزگەرتىش.

يولۋاسنىڭ مۇرەسسە قىلىشنى قۇۋۋەتلىشىدىكى مەقسىدى ئۆلكە تەرەپنىڭ ئۆزىگە بولغان ئېتىۋارىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇرى مەنسەپكە ئىگە بولۇۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىش؛ ماجۇڭيىڭ قايتا كېلىپ قالسا، قۇمۇل شەھىرىدە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇش ئىكەن.

ئۆلكە تەرەپ بۇغداي، پۇللارنى ئېپكېلىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇنى تەقسىم قىلىش مەسىلىسىدە يولۋاس بىلەن خوجا نىياز ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تۇغۇلۇپ، بىر بىرى بىلەن ئېتىشقان. ئۆلكە قىسىملىرى دەرھال ھەركەتكە ئۆتۈپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى يوقاتماقچى بولغان. لېكىن بۇ جەڭدى پەيتتە، يولۋاس بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ، گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن تۇتاشقان جايغا يۆتكەلگەن؛ خوجا نىيازمۇ تاغدا قاملىپ يېتىشىنى خالىماي، ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ پىچان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، شۇ ئەتراپتىكى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق كۈچلەر بىلەن بىرلەشكەن. شۇنداق قىلىپ، قۇمۇل ۋەقەسىدىكى ئاساسىي كۈچ 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا غەرپكە كۆچكەن.

1931 ـ يىلى قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ جايلارغا قاراتقان سىياسى ۋە ئىقتىسادىي زۇلمى بارغانسېرى ئېغىرلاشقان، 1932 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇرپاندىلىق ياشلاردىن مەخسۇت، تاھىربەگ قاتارلىقلار دېھقانلارنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، پىچان، توخسۇننىڭ يېزىلىرىدا بىر مەزگىل جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق پارتىزانلار بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنىڭ داغدۇغىسى بارغانسېرى زورىيىپ كەتكەن.

مەخسۇت مېنىڭ دوستۇم ئىدى، ئەمدى مەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتەي.

1922 ـ يىلى 8 ـ ئايدىلا، بىز بىرقانچە ئىلغار ئۇيغۇر ياشلىرى ئىستىخبىلىك تۈردە بىر مەخپى تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشقان ئىدۇق، بۇنىڭ ئىچىدە لۈكچۈنلۈك تاھىربەگ، قەشقەرلىق كېرىم چوڭھاجى، بايلىق ئايۇپلار بار ئىدى. بىزنىڭ ئۇ چاغدىكى ئىدىيىمىز مىللى

دېموكراتىك ئىنقىلاپ كاتېگورىيىسى بىلەنلا چەكلەنگەچكە، شىنجاڭ-
دا ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي زۇلۇمغا، بيۇ-
روكرات سىياسىغا قارشى تۇرۇش، خىيانەتچىلىكنى يىلتىزىدىن قومۇ-
رۇپ تاشلاش، مەدىنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپنى ئومۇملاش-
تۇرۇش، مالىيەنى رەتلەش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش لازىم، دەپ
ھىساپلايتتۇق. كېيىن تۇرپانلىق ياشلاردىن مەخسۇت، يۇنۇسبەگ
(يۇ ۋېنبىن)، خەيدەر، ئالتايلىق قازاق ياشلاردىن شەرىپخانلارمۇ
قاتناشتى. بىز پانتۇركىستلارغا ئوخشىمايتتۇق، شىنجاڭدا قانداقتۇر
بىر "مۇستەقىل دۆلەت" قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمايتتۇق، پەقەت
مەقسەت ۋە نىشاندا بىر ئادەملەر بىلەن كۆپرەك بىرلىشىپ، ئۆزىمىز-
نىڭ تەشەببۇسنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى زۇلمەتلىك
ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇش تەربىيىسىگە ئىگە قىلىشنى، بۇنىڭ
بىلەن ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتۇق.
دەسلەپكى بىر مەزگىلدە، تاھىربەگ شىنجاڭدا "مۇستەقىللىق" ھەر-
كىتىنى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى، ئۇ چاغلاردا
مېنىڭ سىياسى سەۋىيەم تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن تارىخنى ۋە ئېقىم-
دىكى مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، جۇملىدىن دوست-بۇرادەرلەرنىڭ
ئىدىيىۋى جەھەتتىكى تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنى جۇڭگودىن
ئايرىۋېلىشنى تەرغىپ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ
خەلقىنى قۇل قىلىشنى، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تالان-تاراج قىلىشنى
ئويلايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتىم. بىزنىڭ شۇ چاغدىكى
زۇلمەتلىك بيۇروكرات سىياسىغا قارشى تۇرۇشتىكى مەقسىدىمىز
شىنجاڭ خەلقىنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئىدى، ۋەتەنگە قارشى
تۇرغاندا، شىنجاڭ جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ كېتەت-

تى. كېيىن مەن تاھىربەگنى قايىل قىلدىم. مەن 1925 - يىلدىكى كۈندىلىك خاتىرەمگە بۇ ئىشنى خاتىرىلەپ قويغان ئىدىم. خاتىرەمدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا بولغان قارا نىيىتىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. مەن كۆپچىلىككە، ئەگەر شىنجاڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىدىغان بولسا، يولۋاسنىڭ — ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ يەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. شۇ چاغدا ھەممەيلەن، بولۇپمۇ كېرىم چوڭھاجى مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلغان ئىدى.

بىزنىڭ بۇ كىچىك تەشكىلاتىمىزدىكىلەر دائىم بىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلاتتۇق، كۆپچىلىكنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا قارشى ئىنقىلاۋى ھەركەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ئۈمىت باغلىغان ئىدۇق. كېيىن تاھىربەگنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئۇ يەردە ئەستايىدىل ئىشلەشنى، ئۆگىنىشنى تاپىلىدۇق. ئۇ ئۇ يەردە بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندە ماڭا: ”قەدىرلىك دوستۇم، مېنىڭ بۇ قېتىم قەشقەرگە قىلغان سەپىرىم ئۆزەمنىڭ تەشەببۇسىمنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىۋەتتى، بىز ھەقىقەتەن ’مۇستەقىل‘ بولساق بولمايدىكەن، جاھانگىرلىككە يەم بولۇپ كېتىشكە بولمايدىكەن!“ دېدى.

1929 - يىلى مەن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تەشكىلاتىمىزغا خەيدەر مەسئۇل بولۇپ تۇردى. مەن چەتئەلگە چىقىشتىن بۇرۇن، تاھىربەگ، مەخسۇتلارمۇ سودىگەرچىلىك قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن ئىدى. بىز موسكۋادا كۆرۈشتۇق، ئۇ چاغلاردا كۆپچىلىك ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللى مەسىلىگە دائىر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئىدىيە جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئۆسكەن ئىكەن.

بىز شىنجاڭدا مىللى مەسىلىنى، قۇرۇلۇش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىنى ۋە زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان ئىدۇق.

قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەخسۇت چەتئەلدە بولغاچقا، خەيدەر كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىشنىڭ ئوبدان پەيتى، دەپ ھىساپلاپ، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. 1932 ـ يىل مەخسۇت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 11 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىن يۇرتى تۇرپاندىكى سىڭگىمگە بېرىپ، شۇ يەردىكى دېخانلارنى قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە تەشكىللەيدۇ.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى قۇمۇلدا بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن، باشقا رايونلاردىكى قىسىملارنى يۆتكەپ كېلىپ تۇرپاندىكى ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىدۇ.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخسۇت رەھبەرلىك قىلىۋاتقان قىسىملارغا قارىغاندا قورال ـ ياراقلىرى كۆپ ياخشى ئىدى. 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ھەر ئىككى تەرەپ سىڭگىم، لۈكچۈن ئارىلىقىدا بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. مەخسۇتنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئۇنى قورشىۋالىدۇ. ئۇ تا ئاخىرغىچە جەڭ قىلىپ، ئاخىر قۇربان بولىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، تۇرپاندا ”سازايى“ قىلىدۇ.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئىنتايىن ۋەھشى ئىدى. ئۇلار ئاستانە، سىڭگىم ۋە لۈكچۈن ئەتراپلىرىدا تىنچ ئاھالىنى ھەدەپ قىرغىن قىلىدۇ، مەھەللە-كەنتلەرگە ئوت قويىدۇ. شۇ چاغ دەل قىش پەسلى ئىدى، بەزى كەنت ئاھالىسى تاقىقا قورۇق قوللا قېچىپ كېتىدۇ، بۇلارنىڭ كۆپى شۇ يەردە توڭلاپ ياكى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلار قوزغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ۋە مال-مۈلكىنى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلىدۇ. مەخسۇتنىڭ ئىنىسى مامۇت جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قوراللىق بېسىقتۇرۇشىغا قوراللىق قارشى تۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان رەھبەر بولۇپ قالىدۇ.

مامۇت دىندارلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئاچچىقى يامان، قوپال بولسىمۇ، لېكىن جەڭگەرلىك ئىدى. ئۇ خېلى كۆپ ئادەمنى تەشكىللىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قۇمۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ خوجا نىيازنى پىچانغا كېلىشكە تەكلىپ قىلغان.

خوجا نىياز بىلەن پىچانغا ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرىدىن ماشىمىڭ، ماجەنساڭ قاتارلىقلار بىللە كەلگەن، ئۇلار يولۋاسنىڭ قوشۇنىدا جەڭگە قاتناشقان ئىكەن. ماشىمىڭ ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىدا تۇەنجاڭ بولغان بولۇپ، خېلى كۈچلۈك ھەم ئۇرۇش قىلىشتا تەجرىبىلىك ئادەم ئىكەن. ئۇ ئاز ساندىكى ئادەملىرىنى باشلاپ پىچانغا بالدۇر كېلىپ مامۇتقا ياردەملىشىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا پىچاننى ئالىدۇ.

شۇ چاغدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرپان، پىچان، توخسۇن رايونىدا بولۇۋاتقان ئۇرۇش مەھەللە-كەنتلەرنى ئاساس قىلغان ئىدى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئۆزىنىڭ كۈچىنى تارقىتىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى

ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەزىيەت بارغانسېرى جىددىيلەشكەن. ئەسلىدە قۇمۇلدا تۇرغان، كېيىن يەتتە قۇدۇقتا تۇرغان شېڭ فايۇنىڭ لۇسى قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن پىچانغا يۆتكەپ كېلىندۇ. شېڭ فايۇ خېلى كۈچلۈك ھەربىي كۈچكە تايىنىپ، 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پىچانغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدۇ. ماشىمىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ تۇرپانغا يۆتكىلىدۇ.

تۇرپاننى ساقلاپ ياتقان قىسىملارنىڭ تۇەنجاڭى مافۇمىڭ ماشىمىڭنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، تۇرپاننىڭ ھاكىمى دىڭ فېنۋۇ (لەدجۇلۇق)نى شېڭ فايۇغا ئالاقە ئەۋەتىپ شەھەرگە ئېپكېلىشكە قىستايدۇ، شېڭ فايۇ مافۇمىڭنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، قاراملىق قىلىپ شەھەرگە كىرىپ، تىرىك قولغا چۈشىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلتۈرۈلىدۇ. ماشىمىڭ ئۆزىنى 36 ـ شىنىڭ ئالدىنقى سەپ باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى دېيىلىپ، مافۇمىڭنى شەھەرنى قوغداش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. تۇرپاندا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان، ماشىمىڭ بۇ قورال-ياراقلارغا ئىگە بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى بىردىنلا كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئۇ ئەمدى كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن، مىللىي قىساس ئالىدىغان قىرغىنچىلىقنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرپان شەھىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

شېڭ فايۇنىڭ لۇسى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي (بۇ چاغدا ئۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي سەپنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن)نىڭ قىسىملىرى قۇمۇلدىن غەرىپكە يۆتكىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا (2 ـ ئاينىڭ باشلىرى) تۇرپاننى ئالىدۇ.

شېڭ شىسەيمۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئاھالىنى ۋە ئەسىرلەرنى قىرغىن قىلىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ چەكلەشلىرى تولۇق ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

شېڭ شىسەي قىسىملىرى تۇرپاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، خوجا نىياز بىلەن مامۇت° بىرلىشىپ شىمالغا يۆتكىلىدۇ. ما شىمىڭ بىر قىسىم ئادىمىنى چىقىرىپ ما جەنساڭنىڭ باشچىلىغىدا، توخسۇندىن قارا شەھەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۆزى بولسا قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ شىمال تەرەپكە ئاتلىنىدۇ، 1933 ـ يىل ياز ھارپىسىدا داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى قىمار ئويناپ تاماشا قىلىۋاتقان مۇھاپىزەتچى قوشۇنلارنى ئاسانلا ئەپلىۋېتىپ، ئارقىدىنلا ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالىدۇ.

## ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئۈرۈمچىگە تۇتىشىشى

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى مەن كېيىنكى تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئىگەللىگەن. ما شىمىڭنىڭ ئۆلكە مەركىزىگە قىلغان ھۇجۇمىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

مەن گېرمانىيىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆيدىكىلەر ماڭا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ شەھەر ئەتراپىدا ھەركەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. دۇجۇن مەھكىمىسى بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىدىكى ئاغىنىلىرىممۇ ماڭا ھۆكۈمەت خاتا تەدبىر قوللانغانلىقتىن، مىچۈەن، سانجى ۋە ئۈرۈمچىدىكى نەنسەنلەردە تۇرغۇن ئادەملەرنىڭ توپلانغانلىقىنى، گەرچە ئۇلار ”ئالامانلار“

بولـسمۇ، لېكىن ئۆلكە مەركىزىگە ناھايىتى چوڭ تەھدىت سېلىۋات-قانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆلكە مەركىزىنى ئاشلىق، كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشكە تېخىمۇ چوڭ تەھـدىت سېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

مېنىڭ ئۆيۈم شەھەرنىڭ سىرتىدىكى نەنلياڭدا ئىدى. شەھەر ئەتراپى تىنچسىزلانغاچقا، 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ھەربى ـ ساقچىلار نەنلياڭ ئەتراپىنى كېچىچە چارلاپ يۈرىدىغان بولدى. شۇڭا، كەچ كىرىش بىلەنلا كوچىلاردا ئادەم قالمايتتى. بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئۆي ـ جايلىرى دائىم تەكشۈرۈلەتتى.

شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئاھالىسى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا ئىنتايىن سەزگۈر ئىدى. چۈنكى ھەر قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن كېيىن، ھامان مىللەتلەر بىر بىرىدىن قىساس ئالىدىغان قىرغىنچىلىق ئۇلۇ-نۇپلا كېلەتتى. بۇ چاغدا شەھەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇ ئاھالىسى ئارقا ـ ئارقىدىن شەھەرگە كۆچۈشتى، شەھەردە ئولتۇرۇش-لۇق ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاقلار دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، زىيانكەش-لىككە ئۇچراشتىن ئەندىشە قىلاتتى. كوچىلاردا قەيەرگە بارسا، شۇ يەردە "خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ئېلانى" ۋە "پىتنە ـ پاساتلار مەنئى قىلىنىدىغانلىقى، خىلاپلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى" توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى.

مەن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ بەشىنچى كۈنى، يەنى 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شەھەرنىڭ شەرقىي قۇۋۇقىدىن باشقا قۇۋۇق-لىرىنىڭ ھەممىسى تاقالدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىۋى تاۋ مىڭيۈ ماڭا، تۇرپاندىن شىمالغا ئاتلانغان دۈشمەنلەر شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىجىساۋغا يېتىپ كەلدى، نەنسەنگە ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى كېلىپ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق

مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسىگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، ئۇلار ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن جىددىي خەۋپ ئىچىدە قالدى، دېدى. ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يارامسىزلىقى ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغان قورال كۈچىگىلا تايىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇچقۇننى يالقۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئەمدى ۋەزىيەتنى ئوڭشايدىغان بىرەر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ھالەتنى يىغىشتۇرمايدىغان بولسا، ھەممىمىز بىراقلا تۈگىشىمىز، دېدى.

2 ـ ئاي ئىچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپتىن قاراشەھەر قولدىن كەتتى، ۋالى نيۇ شى پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ئاقسۇنىڭ ۋالىسى شۇ يېشەندىن خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقى توغرىسىدا جىددىي تېلېگرامما كېپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر كەلدى، جىن شۇرېن ھۆكۈمەتتى باركۆلدە تۇرۇشلۇق چېن پىڭشيۇنى يۆتكەپ ئېپكېلىپ جەنۇبىي سەپ قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇ ئاتلىق موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى باشلاپ جەنۇپقا ماڭدى؛ شۇنىڭدەك قاراشەھەرنىڭ موڭغۇل ۋاڭى شىلىكنى مۇئاۋىن قوماندانلىققا تەيىنلىدى. ئۆلكە مەركىزىدە شەھەر مۇداپىئە سىلىڭبۇسى تەسىس قىلىنىپ، ئىلىلىق شۆۋلەردىن بەي شۇجى شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى قىلىپ تەيىنلەندى (بەي شۇجى فېڭ يۈشياڭنىڭ قىسىملىرىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغان، يۈرەكلىك ھەم قوپال ئادەم ئىدى). جىن شۇرېن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ 3 ـ زالىغا كىرىۋالدى، ئۇنىڭ 5 ـ ئىنىسى جىن شۇشىن بىلەن ج خ ئىدارىسىنىڭ جۇجاڭى لى يەنمىڭ ھە دەپ پۇل توپلاشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ئاشلىق بېسىمدارلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن پايدا ئېلىۋاتاتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكىلەر پايدىنىڭ پېيىغا چۈشـ

كەن بۇ مەخلۇقلارنى ئۆلۈم ئالدىدا تۇرسىمۇ، يەنە پۇلغا دۈم چۈشىۋاتىدۇ، دەپ تىللايتتى.

ئۇ چاغدا مېنىڭ ئەھۋالىمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشپىيونلىرى ھەر ۋاقىت مېنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى، دوستلىرىمنىڭ كۆپى بۇ يەردىن كېتىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق ھەركەتكە قاتنىشىپ كەتكەن ئىدى.

مەن 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، خەيدەر شەھەر سىرتىدا مېنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ماڭا دوستلىرىمىزنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى، مېنى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن پەخەس بولۇشنى تاپىلىدى. ئۇ، ئالدىنقى كۈنى شەرىپخان بىلەن ئالدىمغا چىققانلىقىنى، توساتتىن بىرنەچچە قازاقنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ھەسرەپ ـ ھۆمىدەپ، باي موللا تۇتۇلۇپ كەتتى، ئۆيىمۇ ئاختۇرۇلدى، ھازىر شەرىپخاننى تىنتىشىپ يۈرىدۇ، دىگەنلىكلىرىنى دەپ بەردى. شەرىپخان ئالتايدىكى قازاق ئايمىقىنىڭ ۋاڭى ئەلەنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى بولۇپ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئاشاتتى، شۇ چاغدا شىنجاڭ بويىچە داڭلىق ئۇزۇنتارا ئىدى. ئۇ گەرچە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئىدىيە جەھەتتە خېلىلا ئىلغار ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى موڭغۇل ـ قازاق مەكتىۋىنى تۈگەتكەن، شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. قولغا ئېلىنغان باي موللىمۇ قازاق بولۇپ، خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، موڭغۇلچىنى، خەنزۇچىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ چاغدا قازاق يىگىتىنىڭ يىگچاڭى ئىدى. خەيدەر يەنە ماڭا مۇنۇلارنى دەپ بەردى: شۇ چاغدا ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، شەرىپخاننى ئۆيگە قايتۇرماسلىق، شۇ يەردىنلا ئالتايغا قايتۇرۇش

قارارىغا كېپتۇ. مەن مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەگەر شەرىپخان ئالتايغا سالامەت يېتىپ بارسىلا، چوقۇم قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئىش قوزغايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەن ئىدى.

دوستۇم مەخسۇت تۇرپاندىكى سىڭگىمدە قوزغىلاڭ كۆتەرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىزنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقادىمىزنى ۋە تەشەببۇسىمىزنى ئىگەللىيەلمەي قالارمىكىن دەپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ توغرا كۆرەش نىشانىسىنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي سەپتە يۈز بەرگەن ۋەقەگە دائىر كونكرېت ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ باقماقچى بولغان ئىدىم (ئۇ چاغدا مەن مەخسۇتنىڭ قۇربان بولۇپ كەتكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتىم). مەن بۇ ئىشنى تۇرپانلىق ھاشىمغا تاپشۇرغان بولسامۇ، لېكىن خېتىم يېزىلماي تۇرۇپ، ھاشىم بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ تۇققىنى ئەكبەر (ئاشۇرىن)گە ئېيتىپ قويۇپتۇ، ئۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ پايلاقچىسى ئىدى (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسى جىددىيلىشىپ قالغان مەزگىللەردە، ئۇ ئادەملىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆي-جايلىرىنى ئاختۇراتتى)، ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ماڭا ھەيۋە قىلىپ باقتى. مەن قەتئىي ئىنكار قىلدىم، ئۇنى ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلما، دەپ ئەيىپلىدىم. ئۇ باشقا پاكىتلارنى قولغا چۈشۈرەلمىگەچكە، ماڭا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھدىت سېلىشقا پېتىنالمىدى، بىراق مېنى تېخىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىدىغان بولدى (ئەكبەر شۇ چاغدا مەن بىلەن بىر قورادا ئولتۇراتتى، مەن، ئېھتىمال، جىن شۇرېن مېنى نازارەت قىلماقچى بولۇپ، ئۇنى مەقسەتلىك ھالدا بىز يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم).

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تورپان، پىچاننىڭ يوللىرىنى جىن شۇرېن

ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنلىرى قامال قىلىۋالغاچقا، مېنىڭ مەخسۇتقا خەت يېزىشىم ئۈچۈن ھېچقانداق ئامال قالمىغان ئىدى.

1-ئاينىڭ 29-كۈنىدىكى ئالاقىزادىلىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى خۇددى بىر ئۆلۈك شەھەرگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى، بازارلاردا ئەسكەرلەر-ساقچىلار ۋە شەھەرنى ساقلاش ئۈچۈن ۋاقىتلىق تەشكىل قىلىنغان سودىگەرلەردىن باشقا، ئۆتكەن-كەچكەنلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى، سودا دۇكانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تاقالغان ئىدى، ئادەتتە كۆپ زاپاس ئاشلىق تەييارلىۋالالمىغانلار تېخىمۇ ۋەھىمىگە چۈشكەن ئىدى. بىر كۈنى شەھەرگە كىرسەم، بىرەيلەن بىر خالتا ئۇننى يۈدۈپ كېتىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۇننى ج خ ئىدارىسىدا قۇرۇلغان ئاشلىق دۇكىنىدىن ئېلىپتۇ. ئەسلىدە ج خ ئىدارىسىنىڭ جۇجاڭى لى جۇجاڭ شۇ چاغدا جىن شۇرېن بىلەن بىرلىشىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۇقىرى باھادا ئاشلىق سېتىپ كۆپلەپ پايدا ئېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ چاغدا قەيەردە ئاشلىق بولىدىكەن، كىشىلەر ئالتۇن-جابدۇقلىرىنىمۇ ئايىماي ئاشلىققا تېگىشەتتى. كىمكى تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ سەنداۋبا (مىچۈەن)غا بېرىپ ئاشلىق ئېپكېلىدىكەن ياكى بىرەر كالىنى سويۇش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ ماڭىدىكەن، دائىم يول ئۈستىدىلا بۇلاڭغا ئۇچراپ كېتەتتى، ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالاتتى. كىشىلەر شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلارغا چىققاندا، بىرەر مىلتىق بولمىغاندىمۇ، بىرەر قىلىچ ياكى نەيزىنى ئېلىپ چىقىپ ئۆزىنى قوغدايتتى. بەزىدە ئالدىدىن بىرەر ئادەم چىقىپ قالسا، كۆپىنچە، ئاق-قارىسىنى پەرق ئەتمەيلا، ئالدى بىلەن تۇتۇش قىلىپ قارشى تەرەپنى جايلىۋېتەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى ئەنە شۇنداق تېررورلۇق قاپلىغان، كىشىنى تىترەك باستۇ-

رىدىغان مۇدھىش دۇنيا ئىدى!

2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە ئاپام مېنى چاقىرىپ، يىراقتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلىۋاتىدۇ، سىرتقا چىقىپ تىڭشاپ بېقىڭ، دېدى. مەن قوراغا چىقىشىمغا مىلتىق ئاۋازى كۆچىيىپ قالدى، بىر تال ئوق ئىسقىرتىپ كېلىۋاتاتتى، ئاپام ئىككىمىز دەرھال ئۆزىمىزنى ئۆي تەرەپكە ئاتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەيلا، تەرەپ ـ تەرەپتە مىلتىق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. بايا ماشىمىڭنىڭ قىسىملىرى شەھەر بوسۇغىسىغا كېلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان ئىكەن.

مىلتىق ئاۋازى سەل توختىغاندىن كېيىن، ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام، غەربىي شىمال تەرەپتىكى خوڭسەن تۇمشۇغىدا قارا تۈتەك كۆتۈرۈلىۋېتىپتۇ، شىخابادا ئادەم، ئات ـ ئۇلاغلار ئۇ ياق ـ بۇ ياققا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتۇ، بىر يەرلەردىن قىر ـ چاپ دېگەن ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى. كېيىن باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، خوڭسەن تۇمشۇغىنى ساقلاپ ياتقان قىسىملار ماشىمىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، تاغدىكى يۇخۇاڭ بۇتخانىسى ئوت ئىچىدە كۆيۈپ تۈگەپتۇ. ماشى-مىڭنىڭ ئەسكەرلىرى تۇڭگانلار مەيدانىدىكى سىمسىز رادىيو ئىستانـسىسىنى ئىگەللىۋېلىپ، بېيمېننىڭ سىرتىدىكى تۆپىلىككە جان تىكىپ ھۇجۇم قىلىپ ”بىر پاي توپ بىلەن غەلىبە قازانغان“ ئىكەن. ئۇلار خوڭسەن تۇمشۇغىدا شەھەرگە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلارنى قوغداپتۇ، بىر قىسىم كىشىلەر شەھەرنىڭ غەربىي شىمال ئىتىكىگە قىستاپ بېرىپ، سېپىلگە شوتا قويۇپ چىقىپتۇ. شەھەر مۇداپىئەسى سىلىكبۇسى سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان ئادەم-لەرنىڭ ھەممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، سېپىلنىڭ سىرتىغا ياكى ئۈس-

تىگە چىقىرىپ شەھەرنى قوغداپتۇ. شۇ چاغدا شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قىسىملار ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇپ ھېساپلىغاندا مىڭ كىشىدىن ئاشاتتى، قوراللىرىمۇ بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، تاغ زەمبىرىكى، مىناموتلار بار ئىدى. بەي شۇجىغا دۇبەن يامۇلىنىڭ سەنمۇسى چېن جۇڭ قاتارلىقلار ياردەمچى بولغان ئىدى.

2-ئاينىڭ 21-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مىلتىق ئاۋازلىرى سەل پەسىيىپ، كەچتە يەنە كۈچىيىپ كەتتى. ئائىلىدىكىلەر ھەممىمىز ئۆيگە سوقۇنۇۋالدۇق. 22-چىسلا تاڭ سەھەردە شەھەرگە قىلىنغان ھۇجۇم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، زەمبىرەكنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ئىشىك-دەرىزىلەردىكى ئەينەكلەرنى جالاقلىتىۋەتتى. ئاستا ساناپ باقتىم، گۈمبۈرلىگەن توپ-زەمبىرەك ئاۋازى 30-40 قا يەتتى، پىلىموتنىڭ ئاۋازى زادىلا توختىمىدى. مۇنداق زامانىۋى قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۈرۈمچىنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىدى. تاشقىرىدىن بىرسى كىرىپ، ماڭا، بىر بۆلۈك ئۆلكە قىسىملىرىنىڭ خۇڭسەن تۇمشۇغىنى قايتۇرۇۋالغانلىغىنى، شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلە-تىرىلىشكە قارىماي سېپىلگە يامىشىۋاتقانلىق-لىرىنى، ئۇلارنىڭ تېخى چېكىندۈرۈلمىگەنلىكىنى، چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆسۈپ كىرگەن دۈشمەنلەرنىڭ ”تۇڭگانلار مەھەللىسى“گە كىرگەن-لىگىنى ئېيتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۆلكە مەركىزىنىڭ مۇداپى-ئەسى تېخى دىگەندەك كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

2-ئاينىڭ 22-كۈنى كېچىدە، مىلتىق ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى، ئاڭلىشىمچە، سېپىلگە ھۇجۇم قىلغان ئاساسىي كۈچ چوڭ كۆۋرۈككە، شىڭگۈڭيۈەنگە ۋە ئۇنىڭغا يانداش يىپ ئىگىرىش زاۋۇتىغا

توپلىنىپتۇ. ئۆلكە قوشۇنلىرى توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەنلا سىمسىز رادىيو ئىستانسىسىنى، خۇگسەن تۇمشۇغىنى قايتۇرۇۋاپتۇ. بۇگۈن دۇجۇن مەھكىمىسى بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىچىدىكى قېرى، كېسەل، ئاجىزلاردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى قىلىچ ئېلىپ سېپىلگە چىقىپتۇ، بىلىنگەندە بەلگىسى يوق ئادەملەر بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر كوچىغا چىقالمايتتى. نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئوزۇق-تۈلۈگى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى، ھەتتا بەزىلەر تاماق ئېتىش، ئىسسىنىش ئۈچۈن ئۆيلىرىدىكى ياغاچ جاھازلارنى ئوتۇن قىلىپ قالىۋەتكەن. بۇ چاغ قىش پەسلى بولغاچقا، كەمبەغەل-نامراتلارنىڭ تارتمىغان جاپاسى قالمىغان ئىدى.

2-ئاينىڭ 23-كۈنى شەھەر مۇداپىئە سىلىكبۇسى چوڭ كۆۋرۈك كوچىسىغا ئوت قويۇۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ئۇزۇنلۇغى بىر چاقىرىم كېلىدىغان "تۇڭگانلار مەھەللىسى" بىر دەمدىلا كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن. سېپىلغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلار دالدا بولىدىغان جايدىن ئايرىلىپ قېلىپ، غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ چېكىنىشكە باشلىغان، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قىسىملار ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەرگەن، بۇ مالىمانچىلىقتا قىرىلىپ كەتكەن ئادەملەر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەخمىنەن 2-3 مىڭغا يېتىدىكەن، نۇرغۇن ئانا-باللارمۇ ھاياتىدىن ئايرىلغان.

شەھەردىكى خانىۋەيرانچىلىق ۋە چەتكە قاتنايدىغان يوللارنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى ئاھالىنى ماكانسىز-تاماقسىز قالدۇردى، ئۇلار "خەيرى ساخاۋەت جەمىيىتى"نىڭ ئومچىغا تايىنىپ مۇشكۈل كۈنلەرنى ۋاقتىنچە ئاران-ئارانلا ئۆتكۈزدى. سېپىلغا ھۇجۇم قىلىپ چېكىنگەنلەر سەندۇۋاغا، سانجىغا بۇرۇلدى، غەربىي يول بىلەن

شىمالىي يولنىڭ ھەممە يېرىنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى.

# يېغىلىقتا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن پاجىئەلىك ئەھۋاللار

جىن شۇرېن مېنىڭدىن ھېچبىر خاتىرجەم بولالماي، گېرمانىيىدىن قايتىپ كېلىپ ئەمدى ئىككى ئاي بولۇشىغا مېنى يەنە مېڭىشقا دەۋەت قىلدى. مەن جىن شۇرېن تەختىنى ئاغدۇرۇلۇش ھارپىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىپ كەتتىم. كېيىن، شېڭ شىسەي تۇرمىسىدىن تېپىلغان كۈندىلىك خاتىرەمنى ۋاراقلاپ كۆرگەندە، شۇ يىللاردىكى يېغىلىقتا ئۇرۇمچى بىلەن ماناس ئارىلىقىدا بولغان پاجىئەلىك ئەھۋال يەنە كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. ئەمدى كىتاپخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، 1933-يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 4-ئاينىڭ باشلىرىغىچە يازغان خاتىرەمدىن قىسقارتىلمىلار بېرەي.

3-ئاينىڭ 27-كۈنى بۈگۈن رەئىس جىن شۇرېننىڭ فۇگۇەنى رەئىسنىڭ مېنى دەرھال ماڭسۇن، دەپ بەرگەن بۇيرۇغىنى ئېلىپ كەلدى. مەن: "بولىدۇ، مەن ئەتىلا ماڭاي" دېدىم. بۇنداق تۇساتتىنلا چەتئەلگە چىقىش خەۋىرى ئۆيدىكىلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى، بولۇپمۇ ئاتام بىلەن ئانام قاتتىق ئەنسىرىدى. ئۇلار: "ھازىر ۋەزىيەت مۇنداق قالايمىقان تۇرسا، سەن كەتسەڭ، بىز قانداق قىلىمىز!" دېدى. مەن ئۇلارغا تەسەللى بەردىم. لېكىن بۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن شىنجاڭلىقنىڭ تەقدىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى، چىقىش يولىنى قانداق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى كونكرېت يەشكىلى بولمايتتى!

بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزايىمىز مەخسۇت قۇربان بولۇپ كەتتى، تاھىربەگدىن خەۋەر يوق، كېرىم چوڭھاجى قەشقەردە، ئۇنىڭدىنمۇ خەۋەر يوق. ئۇلار ھازىر نىمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ كۈچلەرنى قانداق تەشكىللەۋاتقاندۇ؟ ھازىرقى ۋەزىيەت قانداق تەسىر پەيدا قىلار؟ بۇ ئىشلار ماڭا نامەلۇم. ئۇلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىققا قارشى بىرلىكسەپ تەشكىل قىلالىسىغۇ بەك ئوبدان بولاتتى. جاھانگىرلىكنىڭ بىزنى مۇستەقىل مۇسۇلمانلار دۆلىتى قۇرۇشقا كۈشكۈرتۈش سۈيىقەستىدىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. بىز بۆلگۈنچىلىك قىلماي، جۇڭگو بايرىقى ئاستىدا، ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. بۇ پىرىنسىپلىق مەسىلىنى دوستلىرىمغا بۇرۇنلا دىگەن، ئۇلارمۇ قوشۇلغان، چوقۇم مۇشۇ پىرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرىدۇ. لېكىن مەخسۇتنىڭ قۇربان بولۇپ كېتىشى خىزمىتىمىزگە ناھايىتى چوڭ زىيان كەلتۈردى. تاھىربەگ يۇۋاش ئادەم، ئۇ مەخسۇتتىن ئايرىلىپ تولىمۇ يالغۇزلۇق تارتتى. مامۇت (مەخسۇتنىڭ ئىنىسى) بولسا دىنغا بېرىلىپ كەتكەن ئادەم، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەن ئەكسىيەتچى بايلار، ئاخۇنلارنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭ. ئابدۇخالىق مىجىتمۇ تۇرپاندا تىز پۈكمەستىن قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولدى (ئۇنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قىسىملىرى ئەسىرگە ئېلىپ، تۇرپان بازىرىدا ئۆلتۈرگەن. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى شوئار توۋلىغان، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ جەزمەن يوقىتىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىدىن تا قۇربان بولغىچىمۇ يانمىغان — نەقىل كەلتۈرگەنىدە بېرىلگەن ئىزاھات). يۇۋېنبىن قەيەرلەردە يۈرىدىكىن، ئۇقۇقىلى بولمايۋاتىدۇ. شەرىپخان ئالتايغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇشىغا ئىشىنىمەن.

ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەنىدىن كېيىن، جاۋ دېشۇ بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلەشتىم، ئۇ ھازىرقى ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىل-

مەيدىغان بولسا، شىنجاڭ ئىچلىنالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇردى. بىراق بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك، بۇ ھەقتە چوڭقۇر سۆھبەتلىشەلمىدۇق. تاۋ مىڭيۈمۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ مەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ كەتتى، ۋەزىيەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇش چارىسى ئۈستىدە پىكرىمىز تېخى بىر دەك ئەمەس ئىدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەن ئۇشتۇمتۇتلا ئۆلكىدىن كېتىپ قالسام، ئۇلار ئاڭلىسا ئەپسۇسلىنىدۇ، شوڭلاشقا، مەن خەيدەرنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ قويدۇم، مەنسۇرمۇ كېلىپ بىر مەھەل سۆھبەتلىشىپ كەتتى①.

مەن خەيدەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا ئىلاجى بار مېنىڭ نامىمدا تاھىربەگ، كېرەم چوڭھاجى، يۇ ۋېنبىن بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرۈشنى، ماۋۇت بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ بېقىشنى ئېيتتىم. ماۋۇت بىز بىلەن بىر پىكىردە ئەمەس. لېكىن بىز خىزمەت ئىشلەپ ئۇلارنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىشىمىز كېرەك.

خەيدەر ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلەپ، ئۆتكەن يىل 11 ـ ئايدا مەخسۇتنىڭ تۇرپانغا مېڭىش ۋاقتىدا: "بۇرھان تېخىچە كەلمەيۋا-تىدۇ، ئۇ تېزراق قايتىپ كەلسە ياخشى بولاتتى، ئەگەر ئۇ ئۆلگۈرۈپ كېلەلىسە، بىز تۇرپاندا ھاكىمىيەت تەشكىل قىلساق، ئۇنى رەھبەر قىلىپ سايلايمىز" دىگەن سۆزلىرىنى يەنە تىلغا ئالدى. مەخسۇت شۇ چاغدا خەيدەرگە: "سەن دەرھال ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتكىن، ئۇ قايتىپ كەلسۇن! مەن تۇرپانغا بېرىپ قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇش-

① مەنسۇر دۇكان خىزمەتچىلىگىدىن كېلىپ چىققان مۇنەۋۋەر ياش، كېيىنكى كۈنلەردە "12 ـ ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ھەيئەت بولۇپ قاتناشقان، كېيىن چۆچەكتە ھاكىم بولغان. 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1942 ـ يىلى تۈرمىدە زىيانكەشلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىن تىلغا ئېلىنىدىغان، 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەنسۇر بىلەن ئىسمى ئوخشاش.

تۇرىمەن، مەن قۇربان بولۇپ كەتسەم، بالىلىرىمنى ئۆزەڭلەرنىڭ بالىلىرىڭدەك كۆرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇڭلار" دېگەن ئىكەن. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

مەن ئۆزەمگە ۋە قىزىم شادىيەگە پاسپورت ئېلىش ئۈچۈن، سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بارغان ئىدىم. ئۇ يەردە كونسۇلخانىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلارنى چېكىندۈرۈۋاتقانلىقىدىن، مۇئاۋىن كونسۇل ب. ئا. كولولېۋنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۆزىتىپ چۆچەككە بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ قارا ماشىنىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئىككى قارا ماشىنىسى بىلەن بىللە مېڭىشنى پۈتۈشۈپ قويدۇم.

شىنجاڭدىن مۇشۇنداق چىقىپ كېتىشكە خەلق ئالدىدا ئىنتايىن خىجىل ئىدىم. لېكىن كونسۇلخانىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئويلاپ كۆردۈم: ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، تۈرپانغا بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس؛ جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇغىغا قارشى چىقىپ، زورمۇ-زور ئۈرۈمچىدە قالدىغان بولسام، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى شۇ ھامان ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولىمەن.

3-ئاينىڭ 28-كۈنى ... كوچىدا كۆپىنچە جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرىدۇ. بەزى ئەسكەرلەر ھازىر "زىۋازىلار" بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپتىن كەلگەنلىكىنى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىشى مەنئى قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىشىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قورقۇپ كېتىشتى، سودىگەرلەر ۋە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە ئىشىكلىرىنى تاقىۋېلىشتى. مەن ئەھۋال مۇنداق جىددى تۇرسا، بىز ماڭالمايدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلاپ تۇراتتىم. لېكىن سائەت 9 دىن ئۆتكەندە، شوپۇر كېلىپ مېڭىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ... شۇ كۈنى قاتتىق بوران چىقىپ

كەتتى، شەرقىي دەرۋازا تاقىلىپ قالغاچقا، بىز ئۈچ قارا ماشىنا بىلەن غەربىي دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتۇق.

ماشىنا چوڭ كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى، بۇ ئەتراپتىكى ئەھۋال ئىنتايىن پاجىئەلىك ئىدى — ئۆي - ئىمارەتلەر كۆيۈپ قۇرۇق تاملا قېپتۇ. ماشىنىمىز بىر دەم توختىدى، بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان پۇقـرالار بىزگە، 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە 3 كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتا 2 مىڭ 700 دىن كۆپرەك ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىـگىنى، جەسەتلەرنىڭ بايىلا يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئىلگىرىكى ئاۋات كوچا ئەمدى خۇددى بىر سۈرلۈك قەۋرىستانلىققا ئوخشاپ قېپتۇ. مەن بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، كۆڭلۈمدە، مۇنداق مىللىي ئۆچمەنلىك قىرغىنچىلىقى قاچانمۇ تۈگەر؟ دەپ ئويلىدىم ۋە ئىختىيارسىز ھالدا، ئالدىنقى كۈندىكى بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى: دۇبەن مەھكىمىسىدە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ھەربىي ئەمەلدارىنى يولۇقتۇردۇم، ئۇ كۆپچە-لىك ئالدىدا كۆرەڭلەپ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بىر "زىنۋازى"نىڭ بالىسىنى دەس كۆتىرىپ دەرەخقە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىۋاتاتتى. مەن، ھازىرقى بۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈ-مەت يىقىتىلمايدىغان بولسا، مىللىي ئۆچمەنلىك قىرغىنچىلىقى تۈگىمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم.

... بىز ئېرگۇڭغا يېتىپ كەلگەندە، ئىككى نەپەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكىرى ئۇچرىدى. ئۇلار، قۇرامتاش دىگەن يەردە "زىنۋازىلار" بار، پەخەس بولۇڭلار، دىدى. شوپۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماشىنىنى توختىتىپ ماڭماي تۇرۇۋالدى. ... بىرئازدىن كېيىن، ئارقىمىزدىن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ يۈزدىن كۆپ ئاتلىق ئەسكىرى يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئالدىمىزدىكى بىر يەرگە بېرىپ شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنى قارشى ئېلىشقا ماڭغان ئىكەن. بىز ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ماڭدۇق. يول ئۈستىدە تۇرۇپ - تۇرۇپلا

پىلموتنىڭ تاتا ـ تات قىلغان ئاۋازىدەك ئاۋاز ئاڭلاندى، بىر يەردە يەنە ئۇرۇش بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇق. كېيىن ئۇقساق، بۇ ماشىنىمىزنىڭ چارقىغا تارتىلغان زەنجىرنىڭ مۇز توڭلاپ كەتكەن يولغا ئۇرۇلغاندا چىققان ئاۋازى ئىكەن، ھەممىمىز پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

چۆچەكتىن كېلىۋاتقان شەرقىي شىمال قوشۇنلىرى دىۋوپۇدا بىزگە يولۇقتى، جىن شۇرېن قوشۇنلىرى ئۇلارنى ئۆلكە مەركىزىگە ئېلىپ كەتتى. بىز ئېرگۇڭدىن چىقىپ ماڭغان مۇشۇ ئارىلىقتىكى يولدا ئادەمنىڭ، ئات ـ ئۇلاقنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆپ ئۇچراتتۇق، كۆيدۈرۈلگەن ئۆي ـ ئىمارەتلەر ۋە ھاۋىلارمۇ ئۇچراپلا تۇردى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 دىن چارەك ئۆتكەندە سانجىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال قاپلىغان ئىدى. ... شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە يېقىندىلا ئۇرۇش بولۇپ، ئاھالىدىن مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئۆلۈپتۇ، ھۆكۈمەتكە قارشى قىسىملاردىن 5 ـ 6 يۈز ئادەم ئۆلۈپتۇ، جىن شۇرېن قىسىملىرىدىن قانچىلىك ئۆلگەنلىكىنى ئۇلار بىلمەيدىكەن. كوچىلاردىكى ئىت، ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئۆلۈكىگە قاراشقا نەدىنمۇ چولا تەگسۇن، ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىلا كۆمۈلۈپتۇ. سانجى شەھرى ئادەمگە تولۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭ سەۋەبى تۆت ئەتراپتىكى خەنزۇلار شەھەرگە قېچىپ كىرىۋاپتۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مىڭ تەسلىكتە بىزگە قونىدىغان جاي تېپىپ بەردى. بۇ يەردە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي سەپ باش قوماندانى چېن پىڭشيۇنى كۆردۇق.

3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن 30 ئورۇس ئەسكىرى بىزنى بىر يەرلەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى. يول ياخشى ئەمەس ئىدى، كۆۋرۈكلەر كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن، ھەر قېتىم دەريادىن ئۆتكەندە، ھەممىمىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، كۆۋرۈكنى ئوڭشىدۇق ياكى قار ـ مۇزلار ئۈستىدىن يول ئاچتۇق. سەندۇنخې كۆۋرۈكىدە بىرنەچچە سائەت

ئىشلەپ ماشىنىنى ئازان ئۆتكۈزدۇق. شۇ كۈنى كەچتە قۇتۇبىغا يېتىپ بېرىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قوندۇق.

بۇ يەردە، 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئىككى كۈن ئۇرۇش بولۇپتۇ، نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئوت قويۇلۇپ كۆيۈپ تۈگەپتۇ. ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئىكەن، بىراق ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلەر كېلىپ قېپتۇ. ئۇلارنىڭ پىلىموتلىرى بولغاچقا، ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر بەرداشلىق بېرەلمەي، شەھەرنىڭ سىرتىغا چېكىنىپ كېتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل-نىڭ ئوغلى سىدىق زالىڭ بار ئىكەن.

سودىگەرلەر ئاقساقىلى ساماقنىڭ ئوغلى ھاجىئاخۇن كەل-دى. ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن شەھەرگە قامىلىپ قېپتۇ، ... ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى شەھەردە ھېچكىمگە پاراكەندىچىلىك سالماپتۇ. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ليۇ نىڭ قوماندانلىغىدىكى قىسىملار باستۇرۇپ كىرىپ، يەرلىكلەرنى چەتكە قېقىپتۇ. خەيدەر ئەپەندىنىڭ بۇ يەردىكى ئون نەچچە ساندۇق نەرسىسىنى بۇلاپ كېتىپتۇ ... ئۇ يەنە: "تۈنۈگۈن بىر ئەسكەر كىرىپ ھەيۋە قىلىپ، چوقۇم بىر ئايال تېپىپ بېرىسەن دەپ تۇرۇۋالدى؛ بۈگۈن يەنە بىر ئەسكەر كېلىپ، خوتۇنۇمنى باشقا بىر ئۆيگە سۆرەپ ماڭدى، ئۆزەمنى ئېتىپ بېرىپ تارتىۋالدىم. كېيىن يەنە بىر ئەسكەر ئۇسۇپ كىرىپ، 12 ياشلىق قىزىمىنى دەپسەندە قىلماقچى بولدى" دىدى. ھاجىئاخۇن بۇ ئەھۋاللارنى دەپ يىغ-لاپ كەتتى، بۇلارنى ئاڭلاپ، يۈرىكىمگە پىچاق ئۇرۇلغاندەك بولۇپ كەتتى.

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە يولغا چىقتۇق، يول بويىدىكى مەنزىرىلەر ئىنتايىن گۈزەل ئىدى، بوز تورغايلار-نىڭ ئاۋازى بوشلۇقتا ناخشىدەك ياڭرايتتى، ئۆزىمىزنى خۇددى

باھاردا سەپەر قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتۇق. بوز تورغايلار باھارنى مەدھىيىلەۋاتاتتى، ئۇلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ شەھەر ئىچىدە ۋە سىرتىدا مىللى ئۆچمەنلىك قىرغىنچىلىقىنى تۇغدۇرغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن ...

ئىست تۇخۇلۇ! نىمە دېگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋال! بۇ كىچىك يېزا بازىرىنىڭ كوچىسىدا قەيەرگىلا قارىساڭ، ئەر-ئايال، قېرى-ياشنىڭ جەسىدى. بۇ بىگونا خەنزۇ دېخانلىرى ئالدىنقى كۈنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلىپ يېزا بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. مەن بازار ئىچىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئۆزەم بايقىغان جەسەتلەرنى ھىساپلاپ باقسام جەمئى 101 جەسەت چىقتى، ئەمىلىيەتتە، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. خەلقنىڭ سىياسى سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى، ئۇلار نامراتلىقنىڭ، ئېزىلىشنىڭ مەنبەسى قەيەردە ئىكەنلىگىنى چۈشەنمەيدۇ. ھازىر ھاكىمىيەت ئەكسىيەتچى خەنزۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قولىدا بولغاچقا، باشقا مىللەتلەر خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش دەپ قارايدۇ، بۇ نىمە دېگەن خاتا قاراش! باشقا مىللەتلەر ئىچىدىكى بايلار، بەگلەر شۇ مىللەت خەلقىنى ئەزگەنگە ئوخشاش، باشقا مىللەتلەرنى ئېزىۋاتقان خەنزۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپى خەنزۇلارنىمۇ ئېزىدۇ. ئېزىلگۈچى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئەسلىدە بىر، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش بولماسلىقى كېرەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ، شىللىسىگە مىنىۋالغان ئادەملەرنى بىرلىكتە ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، مانا مۇشۇلا ھەقىقى ئىنقىلاپ!

تۇخولۇدىن چىققاندىن كېيىن، ماشىنا پاتقاقتا پېتىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن توپ-توغرا تۆت سائەت ھايال بولدۇق. كەچتە

ماناسقا يېتىپ باردۇق، ماشىنىلارنى ئاتخان شاڭيۇنىڭ ئۆيىگە توختات-تۇق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى بىلەن ئىككىمىز باۋدۇننىڭ ئۆيىدە قوندۇق.

ماناسمۇ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپتۇ. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق كۈچلەر 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ماناسنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ يېڭجاڭى چى رۇڭ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار تېخى پۈتۈن شەھەرنى كونتىرول قىلىۋالـماستىنلا، ئۈلكە-دىن چۆچەككە كېلىۋاتقان ئىككى قارا ماشىنا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلەر بۇ يەرگە يېتىپ كېپتۇ. ئۇلار شەھەر ئىچىدە "زېۋازىلار" بارلىقىنى ئاڭلاپ، شەھەرگە قارىتىپ پىلىموت ئېتىپتۇ. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قورالىلىق كۈچلەر ئۇرۇمچىدىن چوڭ قوشۇن كېپتۇ دىگەن گەپنى ئاڭلاپ، قايتا ئىنچىكىلەپ تىڭ ـ تىڭلاپ باقماستىنلا، شەھەردىن چېكىنىپ كېتىپتۇ.

بۇ يەردىمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەر بار ئىكەن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۆيلىرىمۇ كۆيۈپ تۈگەپتۇ. ھاكىم شۇ چاغدىلا قېچىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئېلىپ كېتەلمەي قالغان بىر قىزىنى بىر ئۇيغۇر ئادەم يوشۇرۇپ قويغان ئىكەن، جاھان تىنچلانغاندىن كېيىن، بۇ ئادەم ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بۇ قىزنى ئېپكېلىپ بېرىپتۇ.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يول بويى تېچلىق مەنزىرىسىنى كۆردۇق، دېخانلار ئېتىزلاردا ئىشلەۋېتىپتۇ، ھەر بىر بېكەت، ئاشخانا، سەيخانىلاردا نورمال تىجارەت بولۇۋېتىپتۇ، تىجارەتچىلەر خېرىدارلارنى نان، مانتا قاتارلىق نەرسىلەرگە تەكلىپ قىلىۋېتىپتۇ.

شۇ كۈنى شىخۇغا يېتىپ باردۇق. شىخۇنىڭ ھاكىمى ما ۋېنگۇاڭ خۇيزۇ ئىكەن، ھەربىي قوماندان خەنزۇ ئىكەن، ئۇ ھاكىمنى ئىسيان كۆتىرىپ قالارمىكىن دەپ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىكەن.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۆندۈلۈڭگە يېتىپ باردۇق. بۇ يەردە شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنى قارشى ئالىدىغان گەزەرمىلەر يوق ئىكەن، نۇرغۇن قارا ئۆيلەر تىكىلگەن ئىكەن. بىز بۇ يەردە بىر كېچە قوندۇق. كېچىدە قاتتىق بوران چىقىپ، تېمپېراتۇرا كۆپ تۆۋەنلەپ كەتتى. بىزنى قىرغىز زەڭگە كاكەن كۈندە بىلەن موڭغۇل زەڭگە ئىدىنجاپ كۈتۈۋالدى. بۇ يەردىكى قىرغىزلار بۇنىڭدىن 220 يىل ئىلگىرى يەنى 18 ـ ئەسىردە ئالاتاۋدىن① كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان. موڭغۇللار بىلەن ئۇزاق بىرگە ياشىغاچقا، ئۇلار ئۆز تىلىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى موڭغۇللىشىپ كەتكەن. شۇنىڭدەك، ئۇلار يېقىندىن كۆچۈپ كەلگەن چاغلاردا ھەممىسى ئىسلام دىنغا ئېتىقات قىلاتتى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى لاما دىنىنىڭ مۇرىتلىرىغا ئايلىنىپ قېپتۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىكەن. يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر موڭغۇللار بىلەن بىللە ياشايدىغان قىرغىزلار 400 ئائىلىدىن كۆپ ئىكەن. مەن ئۇلاردىن قوللىرىدا ساقلاپ قويغان جۇڭغار تارىخى ۋە شۇنىڭغا دائىر باشقا ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن قوليازمىلارنىڭ ۋە ھۆججەتلەرنىڭ بار ـ يوقلۇغىنى سورىدىم. ئۇلار بىر تارىخ كىتاۋىنىڭ بارلىغىنى، ئۇنىڭ باتۇر ئىسمىلىك بىرىنىڭ قولىدا ئىكەنلىگىنى، ئەگەر تاپقىلى بولسا، بۇ كىتاپنى ماڭا تەقدىم قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى. مەن، مۇنداق قولىيازمىلار مۇھىم تارىخىي ماتىرىيال، تېپىلىپ قالسا، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، جايىدا ساقلاپ قوياتتۇق، دېدىم②.

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۆربىلجىنگە يېتىپ بېرىپ، سودىگەرلەر ـ

---

① سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان رېسپوبلىكىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ئالمۇتىغا يېقىن.

② ئەپسۇسكى، ئۇلار بۇ قولىيازمىنى تاپالمىدى.

نىڭ ئاقساقىلى ئابدۇل ئېزىزنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. شى زۇفەن
مېنى يوقلاپ كەلدى. بۇ ئادەم يېقىندا تۇرپاندا ماشىمىڭغا ئۆتۈپ
كەتكەن تۈەنجاڭ ما فۇمىڭ (لەقىمى ما فۇمىڭ ساقال)نىڭ
ئوغلى ئىدى. ئوغلى بولغاندا ئۆز ئوغلى ئەمەس، ئۇنىڭ خەنزۇ
خوتۇنىنىڭ ئىلگىرىكى ئېرىدىن بولغان بالا ئىدى. ما فۇمىڭ ئۇنىڭغا
ما خۇگجيۇ دەپ ئىسىم قويۇۋالغان. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى
ئىسمى — شى زوفەن دىگەن ئىسمىنى قوللىناتتى. شى زوفەن چۆچەك-
نىڭ سابىق هاكىمى بولۇپ، قانۇننى بۇزۇپ خىيانەت قىلىپ،
راسا بېيىۋالغان، ئۇ تۇرمۇشىغا، كىيىم-كېچەككە ئىنتايىن دىققەت
قىلاتتى، خەلق ئۇنى بەك يامان كۆرەتتى. ئۇ شەپەرەڭدەك،
خەنزۇلار ئىچىگە كىرسە، ئۆزىنى خەنزۇ دەۋېلىپ، شى زوفەن
دىگەن ئىسمىنى قوللىناتتى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىگە كىرسە،
ئۆزىنى خۇيزۇ دەۋېلىپ، ما خۇگجيۇ دىگەن نامنى قوللىناتتى. هازىر
ئۇ دۆربىلجىندە يەرلىكنىڭ شەرقىي شىمال قىسىملىرىنى كۈتۈۋېلىش
مۇدىرى بوپتۇ.

4-ئاينىڭ 4-كۈنى كېچىدە چۆچەككە يېتىپ باردۇق. بۇ
يەردىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەتە قۇربان هېيت ئىكەن، لېكىن كىشى-
لەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىكەن. مۇسۇلمانلار ئىچىدە، قۇربان
هېيت بولغاندا، خەنزۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتكە يىغىلىپ ناماز
ئوقۇۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بىراقلا قىرىپ تۈگەتكى-
دەك، دىگەن ئىغۋالار بار ئىكەن؛ خەنزۇلارنىڭ ئىچىدە بولسا،
قۇربان هېيت بولغاندا، مۇسۇلمانلار ئىسيان كۆتىرىپ، خەنزۇلارنى
قىرغىدەك، دىگەن ئىغۋا بار ئىكەن. بۇنىڭدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ
قەستەن ئىغۋا توقۇپ، جەمىيەتتە ۋەهىمە تۇغدۇرۇۋاتقانلىقى روشەن
ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاق ئورۇسلارنىڭ كاتتىۋېشى پونىكىن
بۇ جەهەتتە ئاجايىپ زور رول ئويناپتۇ. پونىكىن شۇ يىلنىڭ
باشلىرىدا تۇرپاندا خەلقنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ،

نۇرغۇن بىگۇناھ ئاھالىسىنى قىرغان، ھەتتا ئاتا ـ بالىلارمۇ ئۇنىڭ جاللاتلىق قىلىچىدىن قۇتۇلالمىغان ئىكەن. كىشىلەر يەنە ئۇنىڭ كۆپ نەرسىلەرنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئەمدى ئۇ يەنە پىتنە ـ پاساتلارنى توقۇپ چىقىپ، شۇ يەردە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، توپىلاڭدا توقاچ ئوغۇرلىماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بۈگۈن قۇربان ھېيت، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە پىلىموتلارنى قۇرۇپ قويۇپ ھەيۋە قىلماقتا. دەسلەپ كىشىلەر قورققان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن مۇسۇلمانلار يەنىلا مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇدى. سائەت 10 دىن كېيىن، ئاھالە ئۆزئارا ھېيتلاشتى، بايرام ناھايىتى قىزىپ كەتتى.

چۆچەكتە بەزىلەرنىڭ ئاغزىدا، شەرىپخاننىڭ پارتىزانلىرى ئالتاينى كونتۇرۇل قىپتۇ، لېكىن ئەلەن ۋاڭ، زاڭكارىيەنىڭ ئوغلى ساغدۇللا ئەۋزى بىلەن شەرىپخاننىڭ پىكرى بىردەك ئەمەسكەن، دىگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرۈپتۇ.

بۈگۈن رەئىس جىن شۇرېننىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇ مېنى چەتئەلگە تېز چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىپتۇ.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەپەرگە تەييارلاندىم.

يۇقۇرىدىكى بىرنەچچە بەتلىك خاتىرىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن بىرئاز خەۋەر تاپقىلى بولىدۇ.

چۆچەكنىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىسى جىن شۇرېننىڭ يېقىن ئادىمى بولغان لۇ شياۋزۇ ئىدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتىم. ئەزەلدىن تەكەببۇر بۇ ئادەم تېخى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىقبالىدا ئانچە چوڭ مەسىلە يوق دەپ قارايتتى.

بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن چەتئەلگە چىقىپ كەتتىم.

# بوران-چاپقۇن ئىچىدە داۋالغۇپ تۇرغان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، سىياسى كرىزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ ئوبدان ئۇسۇلىنى تېپىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى گۇمران بولغانغا قەدەر، بوران-چاپقۇن ئىچىدە داۋالغۇپ تۇردى.

## نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

جىن شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، كۆرۈنۈشتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ياڭ زېڭشىن ماڭغان كونا يولدا مېڭىپ، گومىنداڭ تەسىرى كۈچىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسىدى.

ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، نەنجىڭدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقۇرۇش باشقارمىسىنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭغا بىرقانچە قېتىم كەلگەن جېجياڭلىق چيەن تۇڭنى بۇ باشقارمىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئۈرۈمچىلىك جاڭ فېڭجيۇنى مۇئاۋىنلىقىغا تەيىنلىگەن ئىدى. جاڭ فېڭجيۇ كونا پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ،

كېيىن جەنۇپتا يۇرۇش قىلغاندا قانۇننى قوغداش كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان، نەنجىڭ مىللى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولغان. ياڭ زېڭشىن ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، چيەن تۇڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. جىن شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يۇرتدىشى ۋاڭ رۇيىنى نەنجىڭغا ئەۋەتىپ، ئىش باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىغىغا قويدى (جاڭ فېڭجيۇنى قۇرۇق نامغا ئىگە باشقارما باشلىغى قىلىپ قويدى).

شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ سياسى ساھەسىدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا قول تىقماقچى، بوپتۇ دىگەن سۆز-چۆچەكلەر ئاز ئەمەس ئىدى. جىن شۇرېننىڭ قارىشىچە، بۇ سۆز-چۆچەكلەر ئاساسسىزلا ئوتتۇرىغا چىقمىغان. ئۇ لۇ شياۋزۇغا مىنگۇ قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىمالغا يۇرۇش قىلىشتىن كېيىنلا جۇڭگو بىرلىككە كېلىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى، گومىنداڭ-ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقى كېڭەيگەندىن كېيىن، چېگرا رايوندىكى ئەمەلدارلارنى شىمال مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە ئوخشاش ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدىغانلىغىنى، شۇڭا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنى كونتۇرۇل قىلىدىغان كۈچنى ئۆزى ساقلاپ قېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان. شۇڭا ئۇ لۇ شياۋزۇنى نەنجىڭغا بېرىپ ھەركەت قىلىشقا ئەۋەتكەن.

لۇ شياۋزۇ كېيىنكى كۈنلەردە شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە يازغان باياناتمىسىدە، ئۆزىنى جىن شۇرېن نەنجىڭغا ئاساسەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى جىن شۇرېننىڭ ساداقەتمەنلىكى ۋە چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈش ۋەزىپىسى

بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. جىن شۇرېن باشقىلارنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا گومىنداڭنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرى بىلەن ئالدىراپ مۇناسىۋەت باغلىماي، ئەڭ ياخشىسى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىگە تۇتقان ھەقىقى پوزىتسىيىسى ۋە شىنجاڭ توغرىسىدىكى ھەقىقى غەرىزىنى بىلىپ كېلىشىنى تاپىلىغان.

جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ تايانچ كۈچلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىچكى ۋەزىيەتكە بولغان قارىشى مۇجمەل ئىدى، ئۇلار يېڭىلىك بىلەن بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتمەي، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ شىياڭ كۆيدۈرۈپ سەجدە قىلىدىغان بۇتخانىسى قىلىۋالغاندىلا، ئاندىن ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىشتە يول تاپالماسلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاشقان. شۇڭا 1930 - يىلى ۋاڭ جىڭۋېي، فېڭ يۈشياڭ قاتارلىق كىشىلەر شىمالىي جۇڭگودا ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرۇپ جياڭ جيېشىغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، جىن شۇرېندىن پوزىتسىيە بىلدۈ-رۈشنى سوراپ تېلېگىرامما بەرگەندە، جىن شۇرېن جاۋاپ تېلېگىرام-مىسىدا بۇنى تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن رەت قىلىپ، شىنجاڭ ئەزەل-دىن مەركەزگە قاراپ كەلدى، ئەگەر ۋاڭ جىڭۋېي مەركەزگە كەلسە، شىنجاڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدۇ، ھازىرچە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشكە پېتىنالمايدۇ، دېگەن.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا راستىنلا قول ئۇزارتىش غەرىزىدە بولغان ئىدى، بەي چۇڭشى قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىچكىرىدىن چىققۇدەك، دېگەن گەپ-سۆزلەر بىر مەزگىل ناھايىتى كەڭ تارقالغان ئىدى. ئەمما گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا گۇرۇھۋازلىق جېدەل-ماجىرالىرى بولۇپ تۇرغاچقا، ھېچكىم غەربىي شىمالغا بېرىشقا

ئۇنىمايتتى. 1929 ـ يىلدىن كېيىن، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز كۈچلىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەپ، ئىشنى سىياسى تەرەپتىن باشلاپ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى ئېلان قىلدى. ئەمما ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدە بىرمۇ شىنجاڭلىق بولمىغاچقا، جىن شۇرېن ئۇنى سىلىق گەپ بىلەن رەت قىلدى. كېيىن بىرنەچچە قېتىملىق سالا ـ سۇلا ئارقىلىق، جىن شۇرېن، لۇ شياۋزۇ، جۇ رۇيشى قاتارلىقلار پىرقە بۆلۈمىگە تارتىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىچكىرىدىكى شىنجاڭلىق ياشلاردىن گۇڭ بىچېڭ، بەي يۇشيۇ ۋە جىن شۇرېننىڭ يۇرتداشلىرىدىن لى چيا، ساۋ چېۋېن قاتارلىق كىشىلەر سەپلىنىپ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە ئىشلىرى ئالاھىدە ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەندى.

گومىنداڭ مەركىزىي پىرقە بۆلۈمى لى چيا ۋە ساۋ چېۋېنلارغا ئۇمىت باغلىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى مەركىزىي سىياسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى، چېن لىفۇ جياڭ جيېشى ئائىلىسىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىشنىڭ ئاساسى قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇشۇ ئىككى ئادەم ئارقىلىق شىنجاڭدا تەشۋىقات، تەشكىللەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدا ھەربى ـ سىياسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدىكى بەزى تايانچىلارنى قولغا كىرگۈزمەكچى بولغان ئىدى. بۇ ئىش 1930 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىدى.

1931 ـ يىلى قۇمۇلدا ۋەقە يۈز بېرىپ، شەرقىي يول قاتنىشى توسۇلۇپ قالغاچقا، گۇڭ بىچېڭ، بەي يۇشيۇلار شۇ چاغدىكى تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل شۈۋە گۇاڭ لۇ (بۇ كىشى كېيىن گومىنداڭ قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولغان، چوڭ قورۇقلۇق ئازات بولۇشتىن ئىلگىرى تەيۋەنگە كەتكەن) بىلەن بىللە سوۋېت

ئىنتىسپاقى ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە كېلىۋالغانىدىن باشقا، لى چيا، ساۋ چىۋېنلار تاكى جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر شىنجاڭغا كېلەلمىدى. شۇنداق قىلىپ چېن لىفۇنىڭ غەرەزلىرىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتتى.

شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ۋە ناھىيىلىك پىرقىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جىن شۇرېن ئەۋەتكەن ئادەملەر باشچىلىق قىلاتتى، بۇلار رەسمىيەت ئۈچۈنلا قۇرۇپ قويۇلغان ئىدى. بۇ يەردە، "12 - ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، يېڭى ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان سەككىز ماددىلىق خىتاپنامىنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ، بۇ خىتاپنامە گومىنداڭنىڭ بىچىگىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تۈزۈپ چىقىلغان، بۇ خىتاپنامە گومىنداڭنىڭ ئىدىيىسىگە قىسمەن ھالدا ۋەكىللىك قىلاتتى. نەنجىڭدىن گومىنداڭنىڭ پىرقە ئىشلىرى، تەشۋىقات قاتارلىقلارغا دائىر تارقاتقان ھۆججەت - كىتاپ ژورناللىرىنى بولسا ناھايىتى ئازلا ئادەم ئوقۇپ كۆرەتتى. نۇرغۇن كىتاپ - ژورناللارنى بولسا ناھايىتى ئازلا ئادەم ئوقۇپ كۆرەتتى، نۇرغۇن كىتاپ - ژورناللار ئاتالمىش ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمىدە دۆۋىلىنىپ ياتاتتى، "12 - ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىنمۇ تېخى پېچىتى بۇزۇلمىغان.

لۇ شياۋزۇ ۋە گۇاڭ لۇ 1930 - يىلىدىن 1931 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا نەنجىڭ، شاڭخەيلەردە خېلى قاتىراپ يۈرگەن بولسىمۇ، گومىنداڭ ئۇلارغا ھېچقانداق نەپ بەرمىگەن. قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئايرۇپىلان، تانكا، ئېغىر تېپتىكى قوراللارنى بېرىش توغرىسىدا تېلېگىرامما يوللىغان بولسىمۇ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى پىسەنت قىلمىدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك قىلغانلىقى ئۈستىدە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ما جۇڭيىڭنى بىرلىكتە يوقىتىش ۋە چەكلەشنى تەلەپ قىلىپ بىرنەچچە قېتىم تېلېگىراما يوللىغان بولسىمۇ، قىلچە نەتىجە چىقمىدى. 1931-يىل 9-ئاينىڭ 16-كۈنى يوللىغان تېلېگىراممىدا مۇنداق سۆزلەر بار: "باندىت ما جۇڭيىڭ ئىلگىرى گەنسۇدا تۇرغان چاغدا، يا داچىنى ۋەكىل سۈپىتىدە خۇاڭخې دەرياسى قىرغىقىدىكى ۋاڭ يىڭ باندىتلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتكەن ھەمدە بىر قىسىم باندىتلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن، يېقىندا يەنە ياداچىنى گۇاڭجۇغا، ۋاڭ يىڭنى نىڭشياغا، لى چيەننى بېيپىڭغا، جاۋ فۇچېڭنى تيەنجىنگە ئەۋەتتى. ئۇلار نۇرغۇن زاڭ پۇل ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مەخپىي يوسۇندا قورال-ياراق سېتىۋېلىپ، غەربىي چېگرىنى قورشاپ پاراكەندە قىلماقچى. ما جۇڭيىڭ يېقىندا شىنجاڭ چېگرىسىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، ھە دەپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتىدۇ، گەرچە ئۇلارغا زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن نىيىتىدىن يانمايۋاتىدۇ، خوشنا ئۆلكىلەرگە ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇلارنى قورشاپ يوقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلسە." قىسقىسى، جىن شۇرېننىڭ نەنجىڭدىن كۈتكەن ئىشلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ ئەمەلگە ئېشىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ما جۇڭيىڭ كېيىنكى كۈنلەردە تېخى يېڭىدىن قۇرۇلغان 36-شىنىڭ شىجاڭى بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان 5 يىل ئىچىدە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى چۇ مىنيىنى جۇڭگو-فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قوشۇپ، شىنجاڭغا پىرقە ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى. چۇ مىنيى ئۈرۈمچىدە قىزغىن قارشى ئېلىنمىدى، ئاخىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى

ئۆزىگە تارتىشىنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر ياشلىرىدىن بىرنەچچىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتتى.

يەنە 1931-يىل 5-ئاينىڭ 5-كۈنى نەنجىڭدا ئېچىلغان مىللى كېڭەش يىغىنىغا شىنجاڭدىن بىرنەچچە ۋەكىلنى① بەلگىلەپ قاتناشتۇرۇشمۇ پەقەت ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا بولدى.

## سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتىمۇ جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىن يولىغا قويغان سىياسەتكە ئەمەل قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ۋە دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. 1929-يىلى شەرقىي مانجۇرىيە تۆمۈريولى ۋەقەسى يۈز بېرىپ، جۇڭگو-سوۋېت دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن تاللاپ بەرگەن، مەركەز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۇرۇشقا تەيىنلىگەن 5 كونسۇلنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا شىنجاڭغا تېلېگىرامما ئەۋەتكەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ دائىرىلىرى جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويارمىكىن دەپ، بۇ ئىشتىن ئۆزىنى چەتكە تارتتى. ئۇلار نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە: شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان چېگرىسى ناھايىتى ئۇزۇن، چېگرىدا

① ۋەكىل بەش: جاڭ فېڭجيۇ (پىرقە)، ماگوفەن (سانائەت)، گۇاڭ لۇ (دېخانچىلىق)، جۇ بىلىڭ (سودا)، ۋاڭ رۇيى (مائارىپ).

مۇداپىئەسى ئاجىز، شەرقىي مانجۇرىيە تۆمۈريولى ۋەقەسىگە ئارىلىشىپ قىلىشقا بولماس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلار كونسۇل-نىڭ خەيرىخاھلىقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا كۈنى تەس بولىدۇ؛ مەركەزنىڭ غەرپتىكى چېگرىغا بولغان ئەندىشىدىن خالى بولۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى قىسمەن تېچلىقنى ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنىمىز، دەپ جاۋاپ قايتۇردى، بۇ تەلەپكە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇلدى، شۇڭا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ شىنجاڭ-نىڭ تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان، شەمەي، زايسان قاتارلىق 5 جايدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق 5 جايدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىۋەردى، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتى.

1931-يىلى قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھەربى، مالىيە جەھەتلەردە ناھايىتى مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بەزى ھەمشىرىكلىرى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىزنىڭ مۇراجىئىتىمىزنى نەزەرگە ئالمىسا، شەرقىي شىنجاڭ-دىكى ئۇرۇشنى ھازىرچە بېسىقتۇرۇش قىيىن بولۇپ قالىدۇ، ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، جەنۇبىي شىنجاڭغا تەسىر قىلسا، كېيىنكى ئىشلارنى يىغىشتۇرۇش قىيىن بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇلار چەتئەلدىن ئايروپىلان، ئېغىر تىپتىكى قوراللارنى سېتىۋېلىپ، بۇ پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى

بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكچى بولدى. ئەمما خەلقارا مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشىمسىز، بىر تەرەپلىمە سودا قىلىش ۋەزىيىتىدە تۇراتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، 1920 ـ يىلى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى- نىڭ دائىرىسى ئىلى بىلەنلا چەكلىنەتتى. كېيىن ئىككى تەرەپ سودا كېلىشىمىنى قايتا تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا بىرقانچە قېتىم مەسلىھەت قىلىشقان بولسىمۇ، كونكرېت نەتىجە چىقمىغان ئىدى. 1925 ـ يىلى شىنجاڭ دائىرىلىرى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە سودا قىلىشىغا يول قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئورگانلىرى باشقا جايلارغا بېرىپ سودا قىلىدىغان ۋاكالەتچى خادىملىرىنى پات-پات ئەۋەتىپ تۇردى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى دەل سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەردىن ھەربىي قورال-ياراق ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى كىرگۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ۋەكىلى سىلاۋسكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن شىنجاڭ-سوۋېت سودا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جىن شۇرېن بۇ سودا ئالاقىسى توغرىسىدىكى سۆھبەتنى مۇ ۋېيتۇڭنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇردى. بۇ چاغدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرمىگەچكە، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى مەسلىھەتنىڭ ئۆتمۈشىنى نەنجىڭ تەرەپكە دوكلات قىلمىدى.

مۇ ۋېيتۇڭ شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئىدى (شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن). ئۇ جىن شۇرېننىڭ ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ۋەكىلى بىلەن مەسلىھەتلەشتى ھەمدە 1931 ــ يىل 10 ــ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «شىنجاڭ ــ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى.

مۇ ۋېيتۇڭ جىن شۇرېنغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلا بولسا، شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيەتتىكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى سودا جەھەتتىكى مەنپەئەتنى كۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى جەھەتتە تېنچ بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنىڭ كېڭىيىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمدە چېگرا بېجىنىڭ نىسبىتى ھەممىدىن چوڭ ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا سودا جەھەتتە چەتئەلگە بىرئاز ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق چەتئەللىك شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە باشقا جەھەتلەرگە بولغان ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولاتتى.

شۇ يىللاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ ئىچكى جەھەتتە تېنچ بولۇشىنى ھەقىقەتەن ئۈمىت قىلاتتى ھەمدە جاھانگىرلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ كىرىشىنى توساش ئۈچۈن، شىنجاڭغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى خالايتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سودىسىنى دۆلەت باشقۇراتتى.

شىنجاڭ بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخسۇس سودا ئورگانلىرى شىنجاڭدىكى شەخسلەر ياكى ھۆكۈمەت سودا ئورۇنلىرى بىلەن سودا توختىمى ئىمزالايتتى. ئۇلارنىڭ سودا قىلىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇلى مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش ئىدى، شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرى ئالاھىدە ماللار (مەسىلەن، ئايرۇپىلان، ئاپتوموبىل، ماشىنا قاتارلىقلار)نى سېتىۋالغاندىلا نەق پۇل تاپشۇراتتى. شىنجاڭ سودىگەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سودا ئورگانلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مەبلىغىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سودا ئورگانلىرى بىلەن ھەر خىل سودا توختىمىنى بىر تۇتاش ئىمزالاش ئۈچۈن، 1929 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرىگە ئېكسپورت شىركىتى قۇرۇش تەكلىۋىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى قالاق بولۇپ، زامانىۋى سانائىتى بولمىغاچقا، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا چەتنىڭ ماللىرىغا كۆپرەك تايىناتتى، شۇڭا شىنجاڭ يەنە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە سانائەت بۇيۇملىرى بازىرى ئىدى. 1925 ـ يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى پەيدىن ـ پەي ئەسلىگە كەلدى، شىنجاڭ بىلەن بولغان سودىسىمۇ پەيدىن ـ پەي ئېشىپ باردى، 1929 ـ يىلى ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى. 1931 ـ يىلى بىر يىلدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا چىقارغان ماللىرى 13 مىليون 954 مىڭ رۇبلى، شىنجاڭدىن كىرگۈز-گەن ماللىرى 10 مىليون 212 مىڭ رۇبلى بولغان. شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گەرچە كىرىم 3 مىليون 742 مىڭ رۇبلى ئاشقان

بولسمۇ، ئەگەر شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدەك مۇشۇنداق بازار بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىقتىسادى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايتتى. شۇڭا ئىككىلا تەرەپ سودا مۇناسىۋىتىنى ھۆججەت شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇشنى ئۈمىت قىلاتتى.

بۇ كېلىشىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئورگانلىرى ۋە گىراژدانلىرى ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي، قەشقەر رايونلىرىدا ئەركىن سودا ـ سېتىق قىلسا بولىدۇ ھەمدە ئۇلار مۇشۇ بىرنەچچە رايوندىن يەركەن، تۇرپان، قاراشەھەر، خوتەن، ئاقسۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، شۇ يەرلەردىكى تىجارەتچىلەر، دۇكاندارلار بىلەن ئالدى ـ ساتتى كېلىشىمىنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛

2. سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئورگانلىرى ۋە گىراژدانلىرىدىن مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، جۇڭگونىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان قانۇنى بويىچە ئېلىنىدىغان چېگرا بېجى ۋە باشقا ئېلانە پۇللىرى جۇڭگو تىجارەتچىلىرى ۋە دۇكاندارلىرىدىن ئۇستۈن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

بۇنىڭدىن شىنجاڭغا كېلىدىغان مەنپەئەت شۇ بولدىكى، بىرىنچى، ئەگەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزگەن ياكى كەلگۈسىدە سودا كېلىشىمى تۈزىدىغان 3 ـ دۆلەتتىن سودا خاراكتېرىغا كىرمەيدىغان ماللارنى سېتىۋالغان ياكى توشۇغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنتايىن دوستانە پوزىتسىيە

بىلەن تەكشۈرۈپ يول قويۇشىنى ئۆمىت قىلىدۇ. ئۇ چاغدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى دەل گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە بىلەن قورال-ياراق ۋە ماشىنا سېتىۋېلىش توغرىسىدا ئالاقە قىلىۋاتاتتى، بۇ نەرسىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنى ئارقىلىق شىنجاڭغا ئېپكىرىش مۇمكىن ياكى زۆرۈر ئىدى، شۇڭا كېلىشىمگە "ئۆمىت قىلىدۇ" دېگەن سۆز يېزىلدى. ئىككىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توختامىنىڭ خاراكتېرى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى شىنجاڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى، شۇنداقلا ئوخشاش خاراكتېردىكى توختام بويىچە، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان تېخنىكلارنى ئەۋەتىشنى ھەمدە شىنجاڭغا تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىشنى ئۆمىت قىلىدۇ.

بۇ كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا تېخىمۇ ئېشىپ باردى. 1932-يىلدىكى سودىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئالدىنقى بىر يىلدىكى 24 مىليون 166 مىڭ رۇبلىدىن ئېشىپ 28 مىليون 3 مىڭ رۇبلىغا يەتتى، 1933-يىلى يەنە ئېشىپ 29 مىليون 648 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە بىرنەچچە ئايروپىلان ۋە بىر قىسىم ترانسپورت قوراللىرىنى سېتىۋالدى.

بۇ كېلىشىم مەخپىي ئىمزالانغان، جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئېچكىرىدىكىلەر ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى. كېيىن جىن شۇرېننىڭ نەنجىڭدە قاملىپ جازاغا تارتىلىشىدا ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇشۇ كېلىشىمنى ئۆز مەيلىچە ئىمزالىغانلىقى بىردىن-بىر جىنايىتى ھېساپلانغان.

جىن شۇرېن دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بۇنىڭدىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك ئەھۋاللار كۆپ ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە ھەر يىلى قەرەلى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ ئىشلەيدىغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ سانى يەنىلا ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇ چاغدا جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپ تاپقان پۇلىنى ۋەتەنگە پېرېۋوت قىلىش ۋە ئېلىپ كېلىش مەسىلىسى ئەڭ چوڭ مەسىلە ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى چەكلىمىسى ناھايىتى قاتتىق ئىدى، جۇڭگونىڭ ئالمۇتا قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى مۇشۇ ئىش توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كۆپ قېتىم ئالاقىلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت سىياسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، زادىلا ھەل بولماي كەلدى. بەزى كونسۇللار جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ پايدا ئالغان، بەزىلىرى ھەتتا جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ پېرېۋوت قىلىش ئۈچۈن ھاۋالە قىلغان پۇللىرىنى پۈتۈنلەي ھاپ ئېتىۋالغان. شۇ يىللاردا شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلگەن 5 كونسۇلنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك مۇشۇ يول بىلەن كۆپ پۇلغا ئىگە بولۇۋالغان.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، چەتئەللىكلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشتا، دەسلەپتە ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېھتىياتچان بولدى. سوۋېتلىكلەرنى چېگرىداش، قاتناش قولايلىق بولغانلىقتىن، ئارتۇقچە توسمىغاندىن تاشقىرى، باشقا چەتئەللىكلەرنىڭ ئادەتتە شىنجاڭغا كىرىشىنى ھامان ھەر خىل چارە-ئۇسۇللار بىلەن توسىدى؛ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭغا كېلىشكە يول قويۇل-

غان چەتئەللىكلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىمۇ ھەر خىل چارە-ئۇسۇللار بىلەن چەكلىدى. مەسىلەن، غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ۋە جۇڭگو-فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەسلىدە تۈزۈلگەن شىنجاڭدىكى پائالىيەت پىلانى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تولۇق ئەمەلگە ئاشماي قالدى. ئەمما كېيىن، جىن شۇرېن خەلقنى قوراللىق باستۇرۇش خام خىيالىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەردى. خەلققە قارشى كونا-يېڭى مىلىتارىستلار ۋە سىياسىي قارا نىيەتلەر مۇقەررەر تاشقى كۈچنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇشنى ئىزدەيدۇ. بۇ بىر تارىخىي قانۇنىيەت بولۇپ قالغان.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى 1931-يىلى خەلقنى باستۇرىدىغان قورال-ياراقلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەنگلىيىدىن نەق پۇلغا قورال-ياراق سېتىۋېلىشنى پۈتۈشكەن ئىدى. ئەنگلىيە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىشلەتكەن 2 مىڭ دانە مىلتىق، 40 مىڭ پاي ئوقنى شىنجاڭغا سېتىپ بەردى. بۇ قوراللار ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭ بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى تاغ يولىدىن خوتەن ياكى قەشقەرگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاندىن ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكەپ كېلىندى. بۇ قوراللار تاكى 1933-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋەقە يۈز بەرگەنگە قەدەر تولۇق يۆتكەپ بولۇنمىغان ئىدى، بىر قىسمى يول ئۈستىدە ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا يۇقۇرىدا توختىلىپ ئۆتتۇم. مەن گېرمانىيىدىكى ۋاقتىمدا، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى شېرمېر شىركىتى بىلەن ئۇرۇمچىدە

ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەن، بۇ شىركەت 1932-يىلى زاۋۇت قۇرىدىغان جاينى تاللاش، ئۆلكە مەركىزىگە يېقىن جايدىن چىققان كۆمۈر ۋە دەريا سۈيىنىڭ تەركىۋىنى تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئىنژېنېر ئەۋەتكەن. بۇ ئىنژېنېر تېخى شىخۇدىن چىققان نېفىتنىڭ ئەۋرىشكىسىنى بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۇ چاغدا گېرمانىيىنىڭ ئۇسكۇنىلىرىگە ۋە تېخنىك خادىملىرىغا تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ كان مەھسۇلاتلىرىنى ئاچماقچى بولغان ئىدى، جىن شۇرېن 1932-يىلى ئوغلىغا ۋە ماڭا گېرمانىيىدىن بىرنەچچە كانچىلىق ئىنژېنېرى ۋە ئېلېكتىر ئىنژېنېرى تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا خەت يازغان ئىدى. ئۇ چاغدا گېرمانىيىدە ئىشسىز ئىشچىلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئىنژېنېر تەكلىپ قىلىپ ئېپكېلىش ئۈچۈن، ناھايىتى يۇقۇرى ئىش ھەققى ۋە يول خىراجىتى تۆلەشكە توغرا كېلەتتى، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى پۇلنى چىقىرىشنى خالىمايتتى. كېيىن مەن جىن شۇرېننىڭ ئوغلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىرلا تېخنىكنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلدۇق. كېيىن شىنجاڭدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىۋەرگەچكە، گېرمانىيىدىن ئېلېكتىر ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە بىرلىشىپ باشقۇرغان ياۋروپا-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇمۇل، ئۈرۈمچى، چۆچەكلەردە ئاۋىئاتسىيە ئىستانسىسى قۇردى. بۇ شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن چوڭ ئىش ئىدى، بۇ ئاۋىئاتسىيە ئىستانسىلىرى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا جاسۇسلۇق قىلدى، كېيىن شىڭ شىسەي بۇلارنى تاقىۋەتتى.

# ھۆكۈمرانلىق يادروسى: لىنشيا گۇرۇھى ۋە ئۇنىڭ
# ئاساسىي ”ئىدارە قىلىش سىياسىتى“

جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ بىر يۇرتلۇقلار كىچىك گۇرۇھىنى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى قىلغان ئىدى. جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، لىنشيالىقلارنى مەركەز قىلغان بۇ كىچىك گۇرۇھ، ئەمەلىيەتتە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە، ھەربىي ۋە كادىرلار ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى.

بۇ كىچىك گۇرۇھنىڭ تايانچىلىرى ئىچىدە جىن شۇرېنىنىڭ 5-ئىنىسى جىن شۇشىن ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى سۇي جاۋجىدىن باشقا، يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى لۇ شياۋزۇ، دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىمى چېن جىشەن، لۇجاڭ دۇجىگولار بار ئىدى. لۇ شياۋزۇ، چېن جىشەن، دۇجىگولار لىنشيالىقلار ئىدى. لۇ شياۋزۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭغا كېلىپ ئۇرۇمچى ئايمىقىنىڭ تەپتىشى بولغان، ئاندىن كېيىن ئەمەلدارلىق سورۇنىدا گاھ ئۆسۈپ-گاھ چۈشۈپ 30 يىلنى ئۆتكۈزگەن، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر بىلەن ياخشى ياكى يامان بولسىمۇ مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىرقەدەر پىششىق ئىگەللىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كونا ئىلىم جەھەتتە بىرقەدەر ئاساسى بولغاچقا، ئادەتتە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يولى توغرىسىدا پاراڭ سېلىشنى ياخشى كۆرەتتى، جىن شۇرېن بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ بار ئىدى، شۇڭا ئۇ مۇشۇ كىچىك گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق ئادىمى بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ سىياسى جەھەتتە ئەقىل كۆرسىتىش ئىش-

لىرىنىڭ ھەممىسىگە دىگۈدەك ئارىلىشاتتى. مالىيە جەھەتتىكى ئىش-
لارنى ئەڭ دەسلەپتە لىنشيالىق شۇ يىشەن باشقۇراتتى. شۇ يىشەن
خېلى كۆڭلى تۈز ئادەم بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ
قىلىشتا جىن شۇرېنغا پۈتۈنلەي ئەگىشىپ كەتمەيتتى، كېيىن جۇ
رۈيشى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. جۇ رۈيشى جىن
شۇرېن بىلەن قۇدا بولۇپ، يېشى چوڭ ئىدى، بىرەر ئىش قىلىشتا
ئەگەشمىچىلىك قىلىپ، جىن شۇرېننىڭ سىزىقىدىن چىقالمايتتى. كې-
يىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ھەربى ئىشلارنى جىن شۇرېن ئاساسەن
ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى، بىرنەچچە يىل ئىچىدە، تۇەنجاڭ، لۈجاڭ
دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ يۇرتداش-
لىرىدىن قىلدى، مەسىلەن، ۋېي جېنگو، جەن شىكۈي، ياڭ جېڭ-
جۇڭ، لى زۇشياڭ، مىڭ كېچاڭ قاتارلىق يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى
ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك لىنشيالىقلار ئىدى. ھەتتا قۇمۇل
ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان شوپۇل چېگرا ھەربى ئەمەلدارى
جاڭ گوخۇمۇ لىنشيالىق ئىدى.

ئارمىيىنى قانداق تىزگىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدا جىن شۇرېن
گۇ فېنغا بىر كۈنى مۇنداق دىگەن: "ياڭ جياڭجۈننىڭ ئېيتىشىچە
يۈەن داخۇا شىنجاڭغا كېلىپ پەرمەتدار بولغاندا، ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە
يۇرتداشلىرى ۋە يېقىنلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆلكە مەركىزىدىكى
قىسىملارغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن
خۇنەنلىك ليۇ شيەنجۈننىڭ ئۆلكە مەركىزىدە قوزغىغان ئىسيانىدا
مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئۆلكە مەركىزىدىكى قىسىملار-
نىڭ كۆپ قىسىم ئەمەلدارلىرىنىڭ يۈەن داخۇانىڭ يېقىنلىرى
بولغانلىقى ئىدى، ياڭ جياڭجۈن يۈەن داخۇانى دورىمىغان، ئۇ لى

يىنىڭ ئىشىنى دەپ، يۇرتداشلىرىنى ھە دەپ چەتكە قاقىان، نەتىجىدە
ئۆزى زىياندىشلىققا ئۇچرىدى.“ جىن شۇرېن، قورالىلىق كۈچ يات
كىشىلەرنىڭ قولىدا تۇرغاندىن كۆرە، يۇرتداشلار ۋە يېقىنلارنىڭ
قولىدا تۇرغىنى ئىشەنچلىكرەك، دىگەن. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئاساس
قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربى ئىشلىرىنى، — كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇ-
رۇش، قىسىملارنى يېتكەش، مائاش بەلگىلەش — ھەممىسىنى ئۆزى-
نىڭ 5 - ئىنىسى جىن شۇشىنغا تۇتقۇزدى.
مەمۇرى جەھەتتىكى كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ لىنشيالىق
كىچىك گۇرۇھ باشقۇرۇپ كەلدى. شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ بىرنەچچە ھەيئىتى مۇشۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولسىمۇ، ئۇلار-
نىڭ بۇنىڭغا ئارىلىششى قىيىن ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىشقەدەم-
لىك سالاھىيىتىگە تايىنىپلا ئۆتەتتى، جىن شۇرېن ئۇلارنى قورچاق
ئورنىدىلا ئىشلىتەتتى، خالاس. مەسىلەن، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ
نازىرى يەن يۈشەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا ئەسلىگىدەك بىرەر
نەرسە قالدۇرۇش ئويى بىلەن، بىرنەچچە نۇسخا قۇرۇلۇش پىلانىنى
تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي چارە-تەدبىرلىرى
يەنىلا جىن شۇرېن ۋە لۇ شياۋزۇلار تەرىپىدىن بەلگىلەندى؛
ھەتتا گېرمانىيىدىن كانچىلىق ماشىنىسىنى سېتىۋېلىش، ئۆلكە
مەركىزىدە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش توغرىسىدا شېرمېر ئېلېك-
تىر شىركىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئىشلىرىمۇ جىن شۇرېن ۋە
ئۇنىڭ يادروسى تەرىپىدىن قارار قىلىنغاندىن كېيىنلا يەن يۈشەنگە
ئۇقتۇرۇلدى، يەنە مەسىلەن، شۇ يىللاردا شىنجاڭدىكى ئالى بىلىم
يۇرتى — شىنجاڭ رۇسچە قانۇن-سىياسى مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى فېڭ
لياڭ يۈننەنلىك بولۇپ، جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللاشتا

خىزمەت كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن، جىن شۈرېننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ مەكتەپكە نامدا مائارىپ نازارىتى رەھبەرلىك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ مەكتەپ جىن شۈرېننىڭ بىۋاستە يولىيورۇغى بويىچە ئىش قىلاتتى. جىن شۈرېن ئۆزىگە كادىر تەربىيىلەش ئۈچۈن، بۇ مەكتەپنى ۋە ھەربى ئەپتىسەرلەر مەكتىۋى، دارىلمۇئەللىمىننى ئۆزىگە بېقىندۇرۇۋالدى. ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مەمۇرىيەتنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۇۋالدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى لىيۇ ۋېنلۇڭ بەزىدە غوتۇلداپ، بىكارچىلىقتا ئازتولا كىتاپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدىم، دەپ قوياتتى.

زايون، ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرى ــ ھەربى باشلىقلىغىمۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئومۇمەن لىنشيالىق كىشىلەر ياكى مۇشۇ گۇرۇھنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى تەيىنلەندى.

بۇ گۇرۇھنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ھۆكۈمرانلىغى ئاساسى جەھەتتىن ياڭ زېڭشىن بىلەن بىردەك بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەتكەن ۋاستىلىرىدە ئوخشىماسلىق بار ئىدى. جىن شۈرېننىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقىغە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى شۇ ۋاقىتلاردا ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن "ئۈچ ئېغىز ياخشى گەپتىن ئىككى قامچا ئەلا" دىگەن بىر جۈملە سۆزى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. ئۇلار شىنجاڭ خەلقىنى دۆت، بەغەرەز دەپ قاراپ، تاكى ئۆزلىرى تەختتىن چۈشكەنگە قەدەر ھە دەپ ئۆزىنىڭ قورال كۈچىگە خۇراپىلارچە ئىشىنىپ كەلدى.

## زەئىپلەشكەن ئىقتىدارسىز ئارمىيە

مەن يوقۇرىدا جىن شۈرېننىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن

قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تولۇقلاشقا كىرىشكەنلىكىنى، قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن يەنە چەتئەلدىن قورال-ياراق، ترانسپورت قوراللىرى ۋە ئايروپىلان سېتىپ ئېپكىرگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئەمما ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا، ئۇنىڭ قوشۇنى مىللىي قىرغىنچىلىقنى كۈچەيتىش، ھۆكۈمەت غەزىنىسىنى قۇرۇقتۇشتىن باشقا، جىن شۇرېننى قوغداش جەھەتتە ھېچقانداق رول ئوينىيالمىدى. 1933-يىل 3-ئايغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي قوماندانلىقىدىكى تەخمىنەن 3 تۈمەن ئادەم تۇرپاندىن شىمالغا يۆتكىلىپ، فۇكاڭ، مىچۈەنلەردە ھەركەت قىلدى. بۇ بىر قىسىم قوشۇن قۇمۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇرۇش مەيدانىدا ساق قالغانلار بولۇپ، ئۆزىنى قوغدىيالىسىمۇ، قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرۇشقا قۇربىتى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى تىكلەش، ئۆزىگە ئىستىقبال ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئەگەر ئۇنى يەنىلا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمر-پەرمانى ئاستىدا ئىش قىلدى دىسەك، بۇ ئۇنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى بىلەن تەڭ تۈگىشىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلغانلىقىدىن بولغان ئىدى، خالاس! ئەگەر جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ گۇمران بولۇشى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان بولسا، ئۇ جىن شۇرېنغا ئاداقىچە سادىق بولمايتتى. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ 1930-يىلى شىنجاڭغا تەكلىپ بىلەن كېلىشىمۇ جىن شۇرېننىڭ سادىق غالچىسى بولۇشىنى چىن كۆڭلىدىن خالىغانلىقىدىن بولغان ئەمەس ئىدى.

1933-يىلنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدىن چېكىنىپ چىقىپ گۆچۈڭنى

ساقلاۋاتقان لى خەيرۇنىڭ قىسىملىرىدا تەخمىنەن 3 تۈمەندىن 4 تۈمەنگىچە ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ تايانچىلىرىنىڭ ھەممىسى گەنسۇلۇقلار بولۇپ، قوراللىرى ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاۋانگارت قىسمى يەتتە قۇدۇق ۋە مورى دەرياسى ئەتراپىدا تۇراتتى. بۇ قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىغى ئاجىز بولۇپ، دالا ئۇرۇشىغا ئاتلىنالمايتتى. بارىكۆلدىن يۆتكىلىپ كەلگەن چېن پىنشيۇ قىسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار بىر مەزگىل داۋانچىڭدا تۇرغان، ئۇرۇمچى خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا ئالماشتۇرۇلغان ئىدى. چېن پىنشيۇ لى خەيرۇغا ئوخشاش قوشۇندىن ئۆزىنى چەتكە تارتىش پۇرسىتىنىلا ئىزدەپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆلكە مەركىزىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان قىسىملار بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى، شەھەر مۇداپىئە سىلىڭبۇسىنىڭ سىلىڭى بەي شۇجى مۇنتىزىم ئارمىيىدىن كېلىپ چىققان ئادەم بولۇپ، ئۇ قوماندانلىق قىلغان مىڭ كېچاڭ تۈمەنى، لياڭ جىخۇڭ تۈمەنىنىڭ ھەممىسى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىنتىزامى ناچار ئىدى، ھەر قېتىم بىرەر شەھەرنى ئالغاندا، چوڭ-كىچىك ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى باي بولۇشنىڭ كويىغا چۈشەتتى، ئايرىم كىشىلەر مىللىي قىرغىنچىلىق جەھەتتە ئۆزىنىڭ ۋەھشىلىك ماھارىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشقا سالاتتى. بۇ كىشىلەر جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئىشەنچىنى ئۈزگەن، پەقەت يوقىلىش ئالدىدىكى بىر دەملىك كۆڭۈل ئازادلىقىنىلا ئىزدەيتتى. ئۇلارنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدى دېگەندىن كۆرە، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ گۇمران

بولۇشنى تېزلەتتى دىگەن تۇزۇك!

ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى ناھىيىلەردە، مەسىلەن، سانجى، قۇتۇبى، فۇكاڭ، جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر لىيەن ياكى بىر يىگىدىن قوشۇن بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن ئەپىتسەرلەر يەنىلا ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىن قېپقالغان، تېخىچە شاللاپ چىقىرىۋېتىلمىگەن خۇيزۇلار ئىدى، ئۇلار "پىشقەدەم جياڭجۈن" بار ۋاقتىدىكىدەك ئېتىۋارغا ئېلىنمىغاچقا، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ياخشى كۆرمەيتتى. مىللىي قىرغىنچىلىقنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن بەزىلەر، مەسىلەن، يۇقۇ-رىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ماناستىكى قوشۇننىڭ يىگىجاڭى چى رۇڭ شۇ يەردە قوزغىلاڭ كۆتەردى؛ بەزىلىرى، مەسىلەن، جىمساردا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ تۇەنجاڭى ما شۇفۇ (كېيىن ما جۇڭيىڭغا تەسلىم بولغان) تەۋرىنىپ قالغان ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم ئەسكىرىي كۈچتىن يەنە ئىلىدا بوز يەر ئېچىش بېگى جاڭ پېيىيۈەنگە قاراشلىق 4 تۇەن ئادەم ۋە ئالتاي شەھەر مۇداپىئە بېگى ۋېي جېنگوغا قاراشلىق ئىككى تۇەن ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنى قوغداش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، پۈتۈن ۋەزىيەتنى ساقلاشقا ئامالسىز قالدى. بولۇپمۇ جاڭ پېيىيۈەن قۇمۇلدىن يۆتكەپ كېلىنىپ ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە قويۇل-غاندىن باشلاپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىگە گۇمانلىق قارى-شىدىن نارازى ۋە خاتىرجەمسىز ئىدى. ئۇرۇمچى مۇھاسىرىدە قال-غاندا ئۇ بىرمۇ ئەسكەر ئەۋەتمىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تۇراقلىق بولماي، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىنغاندىمۇ، ئۇ يەرلىك ئامانلىقنى ساقلاش، يولتۇز، مۇزداۋان قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرىنى قوغداشنى بانا قىلىپ، ئەسكەر ئەۋەتىشنى رەت قىلدى.

جەنۇبي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، قەشقەرنىڭ ۋالىسى
ما شاۋۋۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى چەكلىك بولۇپ، جايلارنى تىچلاندۇ-
رۇشقا مادارى يەتمەيتتى.

جىن شۇرېن قورال كۈچىگە تايىنىپ "توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش"قا
ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى چاغلىق ئىدى.

بۇ يەردە يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى ئۆزلەش-
تۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى. بۇ قوشۇننى قۇمۇل ۋەقەسىدىن
بۇيانقى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنى دېيىشكە بولاتتى،
لېكىن 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ قوشۇننىڭ نىيەت ـ مەقسىدىمۇ جىن
شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن بىر يەردىن چىقماي قالدى.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئەل بولغانلاردىن تەش-
كىللەنگەن. ئەل بولغانلار دېگىنىمىز، ئاساسلىغى، شىنجاڭدا ئولتۇراق-
لىشىپ قالغان ئاق ئورۇسلار ۋە باشقا ياۋروپالىقلارنى كۆرسىتىدۇ.
بۇلار ئالدىنقى ئەسىردىن بولۇپمۇ روسىيىنىڭ 1917 ـ يىلىدىكى
ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كىرگەن. ئۇلار ئاساسەن
ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ
قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مال ـ بىساتى كۆپرەك بولغان ئاز ساندىكى
كاپىتالىستلار بولغاندىن باشقا، كۆپچىلىگى دېخانچىلىق، قول سانائەت
بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى باشقىلارغا يالىنىش بىلەن قوسىغىنى
باقاتتى، كىيىم ـ كېچەك، يىمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە ئومۇمەن ئۆزىنى
ئۆزى بېقىپ كېتەتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى 1920 ـ يىلىدىن
كېيىن رەسمىي رەسمىيەت ئۆتەپ جۇڭگو تەۋەلىگىگە ئۆتتى. زور
كۆپچىلىگى دۆلەت تەۋەلىگى يوقلار ئىدى. ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشى-
لەر ئەسكەر بولغان، بەزىلىرى چار روسىيە دەۋرىدە شىياۋبي دە-

رىجىلىك ئەپتىسەر بولغان، قومۇلدا ئۇرۇش ئوتى ياللۇنجاۋاتقاندا،
بەزىلەر جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە ئاق ئورۇسلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ
قوشۇن تەشكىللەش ئارقىلىق باندىتلارنى تازىلاش توغرىسىدا تەك-
لىپ بەرگەن. شۇ چاغدىكى بەزى دىپلوماتىك ئەمەلدارلار، مەسى-
لەن، شياۋ چاڭ، جاۋ دېشۇ، كې فۇجەي قاتارلىق كىشىلەر جىن شۇرېن
ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاق ئورۇسلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سۆز-
لەشكەن ئىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئاق ئورۇسلارنىڭ
ئاتاقلىق باشلىقى گېمېركىن نۇرغۇن كاپىتالغا ئىگە بولۇپلا قالماس-
تىن، بەلكى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىن تارتىپلا ھۆكۈمەت سورۇنلىرىغا
ئارىلىشىۋالغان ئادەم ئىدى. ئۇ چار روسىيە دەۋرىدىكى بەزى ئەپتى-
سەرلەر بىلەن بىرگە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل
قىلىپ، 1931-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن
ئورۇس ئەسكەرلىرىنى تەشكىل قىلدى. دەسلەپتە ئىككى لىيەن قورۇ-
لۇپ جاڭ پېيۈەن قىسىملىرى بىلەن شەرقتىكى قومۇلغا باردى.
كېيىن كېڭەيتىپ ئىككى تۇەن بولدى، ئانتونوۋ، پاپىنگوتلار تۇەنجاڭ
بولدى؛ 1933-يىلى ئۈرۈمچى قورشاۋدا قېلىشتىن ئىلگىرى يەنە
كېڭەيتىپ لۈ قىلىپ قۇرۇلدى. لۈ ئىشتاۋى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي دەر-
ۋازىسىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان ئىدى.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆلكە قوشۇ-
نىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئۆلكە قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلدى،
بەزىدە مۇستەقىل ئۇرۇش قىلدى. "12-ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرى-
شىدىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلكە مەركىزىگە ۋە
گۇچۇڭغا توپلاندى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى بولغاچقا،
جەڭگىۋارلىقى جەھەتتە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنى ئىچىدە

ئەڭ كۈچلۈك ھسابلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئالتاي رايونىدىمۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس قوشۇنلىرى تەشكىل قىلىندى، ئادىمى تەخمىنەن بىر لىيەن بولۇپ (ئاق ئورۇس سودىگەرلىرىنىڭ ئاقساقىلى كىنكېۋ لىيەنجاڭ بولغان)، ئۇلار ۋېي جېنگونىڭ قوماندانلىقىدا بولغان ئىدى.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس قوشۇنىغا ئەسكەر قوبۇل قىلىشقا ئاق ئورۇس سودىگەرلىرىنىڭ ئاقساقىلى مەسئۇل بولاتتى، يېشى ئۆلچەمگە توشقانلار (ئومۇمەن 30 ياشتىن تۆۋەنلەر)نىڭ ھەممىسىدە ئەسكەر بولۇش مەجبۇرىيىتى بولاتتى؛ پىدائىي بولغۇچىلارغا ياش چەكلىمىسى قويۇلمايتتى، شۇڭا پىشقەدەم ئەپتىسەرلەرمۇ قاتناشقان ئىدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىگە بېرىدىغان تەمىناتى بىرقەدەر ئۈستۈن بولۇپ، مائاشى ئادەتتىكى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭكىدىن بىر ـ ئىككى ھەسسە يۇقۇرى ئىدى.

ئۇ چاغدا ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغاچقا، شىنجاڭدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چار روسىيە ئەپتىسەرلىرى ۋە بۇرژۇئازلار رومانوۋ خاندانلىقىنى دائىم ئەسلەپ تۇراتتى. ئۇلار ئارمىيىگە تايىنىپ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسى سەھنىسىگە قول تىقىشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولسا، بۇ قوراللىق كۈچ چار روسىيىنىڭ تىرىلىشى ئۈچۈن بىر كۈچ بولۇپ قالىدۇ دېگەن خام خىيالدا بولۇشتى. 1933 ـ يىلى پاپىنگوت شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قامالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ شۇ چاغدا مۇشۇنداق نىيەتتە بولغانلىقىنى تاپشۇرغان.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى بىرقانچە يىل ئۇرۇش

قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇش جەريانىدا ئىردىنلا بېرىپ كەتتى، لېكىن كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەر ئىستىقبالى بولمىغان بۇ خىل ئۇرۇش-تىن ئاللىقاچان بىزار بولغان ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەسكەر بولۇشتىن ئىلگىرى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، بالدۇرراق قايتىپ بېرىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. 1933-يىلىغا كەلگەندە، ئۆلكە غەزىنىسى تېخىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالغاچقا، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئۇرۇس ئەسكەرلىرى تەمىناتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئالالمىدى، ئەپىتسەرلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇشىمۇ ناھا-يىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى، بىر تەرەپتىن، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئۇرۇس ئەسكەرلىرىگە تايانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ماددى تەلىۋىنى قاندۇرالمىدى، ئۇلارنىڭ ئەپىتسەرلىرىگە ھېسسىيات جەھەتتە يېقىنلاشمىدى ۋە كۈتۈش جەھەتتە قائىدە-يوسۇن بويىچە ئىش قىلمىدى. پاپىنگوت، ئانتونوۋلار جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدىن ناھايىتى قاتتىق نارازى بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1933-يىل 2-ئايدا ئۈرۈمچى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغاندىن كېيىن، تۇەنجاڭ پاپىنگوت جىن شۇشىن بىلەن كۆرۈشۈپ، بېرىلمەي قالغان تەمىناتنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ چاغدا جىن شۇشىن يېڭىچە يېتىپ تازا ئەپيۇن تارتىۋاتقان ئىكەن، ئۇ پايىنگوتنىڭ كى-رىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئولتۇرۇشقا بىر پۇتى بىلەن ئۆيدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپتۇ. پاپىنگوت ئۇ يەردىن چىقىپ باشقىلارغا، مەن بۇنداق ھاقارەتكە ئۇچراپ باققان ئەمەس، ھەقىقەتەن چىداپ تۇرالمىدىم، دەپتۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئۇرۇس ئەسكەرلىرى خەلقنى ناھايىتى ۋەھشى يوللار بىلەن باستۇرغاچقا، خەلقنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن

ئەندىشە قىلاتتى، ئۈرۈمچى شەھىرى قورشاۋدا قالغاندا، شەھەر ئىچىدىكى ئاق ئورۇسلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئالاقىزادە بولۇپ، قېچىش كېتىشكە تەييارلانغان بولسىمۇ، لېكىن قاچىدىغان جاي تاپال-مىغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشقا بىر چىقىش يولىنى تېپىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى

## خاراپلىشىپ كەتكەن ئىقتىسات

بىرنەچچە يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، دېھقانلار بىر بولسا ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئۆلدى، بىر بولسا سىرتقا قېچىپ كەتتى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئۇرۇقنىڭ كېلىش مەنبەسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان 1933-يىلدىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى قىلالماسلىق كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. تۇرپاندىن قېچىپ چىققان خۇيزۇ دېھقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرپان، پىچان، توخسۇندا نۇرغۇن چوڭ كەنتلەردە بىر ئېغىزمۇ ساق ئۆي قالمىغان. دېھقانلار يەنە قايسى ۋاقىتتا مالىمانچىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئاشلىق تېرىسىغاندا ئاچ-يالىڭاچ قالىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي يېزىغا قايتىپ بارغانلار ناھايىتى ئاز بولغان. ئۆلكە مەركىزىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى جىجىساۋ، سايىپۇ دىگەن جايلارنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، بۇ يەر ئەسلىدە 100 دىن ئارتۇق ئاھالىسى بار يېزا بولۇپ، ئەمدىلىكتە بۇ يەردە پەقەت خارابىلار ۋە قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولغان ئۇستىخانلارلا قالغان ئىدى.

ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى لىيۇداۋان، سەنداۋباغا ئوخشاش ئاشلىق چىقىدىغان رايونلاردىكى ئاھالىسىنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلگەن، قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىرى كەتكەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم قالمىغان ئىدى، بۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنداۋبادا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقنى ما شىمىڭ كۆيدۈرۈپ تۈگىتىۋەتكەن ئىدى. كىشىلەر "خەلق ئاشلىقنى خۇدادەك بىلىدۇ" دەيدۇ، لېكىن بۇ "خۇدا"نى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۈرۈمچى مۇھاسىرىدە قالغاندا، ئاشلىق قەھەتچىلىكى ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن ئىدى، مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، گەرچە يېقىن جايلاردىن بىر قىسىم ئاشلىق يىغىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، مەسىلە ھەل بولمىدى. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە 200 مىڭغا يېقىن نوپۇس بولۇپ، ھەر كۈنى 200 مىڭ جىڭ ئاشلىق (كۈنلۈكىگە 500 دادەن ئاشلىق) بىلەن تەمىنلەشكە توغرا كېلەتتى. ئاھالىدىن بەزىلەر جىددى ئەھۋالدىن ۋاقتىنچە قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاشلىققا تېگىشكەن، بىر دانە ئىككى-ئۈچ مىسقال كېلىدىغان ئالتۇن ئۈزۈككە بەزى ۋاقىتلاردا 100 جىڭ ئۇن تېگىشكىلى بولمايتتى. نۇرغۇن ئاھالە ۋە سىرتتىن قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلار "خەيرى-ساخاۋەت ئۇيۇشمىسى"نىڭ ئۇماچلىرى بىلەن جان باقاتتى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى مەركىزىدە ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقا، بۇ مەركەز بىلەن ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرىنىڭ ئالاقىسى كارغا كەلمەي، جايلاردىن ئاشلىق ئېلىپ بېرىشكە ئامال قىلالمىدى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ھەربى ۋە مەمۇرى خىراجەتتە، شۇ چاغدا، ئاساسلىقى، قەغەز پۇل چىقىرىش ماشىنىسىغا تاينىاتتى. 3 سەرلىك،

5 سەرلىك (1932 ـ يىلى)، 10 سەرلىك (1933 ـ يىلى) قىممەتتىكى ئۆلكە پۇلى چىققاندىن كېيىن، قەغەز پۇل بارغانسېرى پاخاللاشتى. بىر سەر ئالتۇننىڭ باھاسى 1932 ـ يىلدىكى 700 سەر ئۆلكە پۇلدىن 4 مىڭ سەرگە چىقتى، بىر يۈەنلىك كۈمۈش تەڭگىنى 40 ـ 50 سەر ئۆلكە پۇلغا تېگىشكىلى بولاتتى. كۈندىلىك تۇرمۇشقا لازىملىق تۈرلۈك ماللارنىڭ باھاسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ كەتتى، سودىگەرلەر زىيان تارتىشتىن ئەنسىرەپ، ماللىرىنى بېسىپ قويۇپ ساتمىدى، بەزىلىرى دۇكانلىرىنى تاقاپ تىجارەتنى توختاتتى.

مائاشقا تايىنىپ ياشغۇچىلار ۋە ئاددى پۇقرالار ئۆلكە پۇلىنىڭ پاخاللىششىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ چوڭقۇر ئۇچرىغانلار ئىدى، ئۇلار جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۈستىدە توختالغاندا ئىنتايىن قاتتىق نارازىلىق كەيپىياتىنى بىلدۈرەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ بەزى خەنزۇ خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ، جىن دۇبەن تەختكە چىققان 5 يىلدىن بۇيان كۆرسەتكەن خىزمىتى شۇ بولدىكى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى، ئۆلكە پۇلى بارغانسېرى پاخاللاشتى، ئۇنىڭ غەزنىسىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش بولسىمۇ، لېكىن قەغەز پۇلنى كۆپلەپ بېسىپ خەلققە زىيان سالدى، ئەمدى، ئۇ ئانچە ئۇزاق ھۆكۈم سۈرەلمەسمىكىن، دېيىشەتتى.

جىن شۇرېننىڭ ئۆزىدە ۋە ئۆلكە غەزنىسىدە كۆپلىگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ بارلىقى پاكىت ئىدى. جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، مالىيە نازارىتىنىڭ غەزنىسىدە يەنە بىرقانچە 100 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش تەڭگە ساقلىنىپ قالغان. لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان تەقدىردىمۇ، ئۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش رولىنى ئوينىيالمايتتى!

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەھۋاللار ئەنە شۇنداق ئىدى. ئەمدى
جىن شۇرېن گۇرۇھىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرەيلى.

جىن شۇرېن گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا باشتىن-ئاخىر زىددى-
يەت بولۇپ كەلدى، قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جىن شۇرېننىڭ شەخسى
پىكرى بويىچىلا سىياسى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى، ۋەزىيەت
كۈندىن-كۈنگە ئۇساللاشقاندىن كېيىن، بەزى ھەيئەتلەر جىن
شۇرېن قوللانغان چارە-ئۇسۇللار دۇرۇس بولمىدى دەپ ئارقىدىن
غەيۋەت قىلىشتى. مەسىلەن، مائارىپ نازارىتىنىڭ شىنجاڭدا ئۇزاق
يىل ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان كونا بيۇروكرات نازىرى لىيۇ ۋېن-
لۇڭ دائىم غودۇڭشىپ، ياڭ جىياڭجۈندىن قالغان تەئەللۇقلارنى جىن
شۇرېننىڭ ھەمشىرىكلىرى ۋەيران قىلىۋېتەي دەپ قالدى، دەيتتى.
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ھەيئەتلىرى، مەسىلەن، خەلق ئىشلىرى
نازارىتىنىڭ نازىرى گۇاڭدۇڭلۇق لى چى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ
نازىرى گەنسۇلۇق يەن يۈشەنلەر لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن ئوخشاش
ھېسسىياتتا ئىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، جىن
شۇرېن ھۆكۈمىتى قوللانغان چارە-تەدبىرلەرگە ئەزەلدىن نارازى
بولۇپ كەلگەن، بولۇپمۇ جىن شۇشىننىڭ گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، زور-
لۇق، ئۆكتەملىك ۋە ئاچكۆزلۈك قىلىشقا غەزەپلەنگەن ئەمەلدارلار
ئەگەر مۇشۇنداق ۋەزىيەت داۋاملىشىۋەرسە، شىنجاڭدىكى ۋەيرانچى-
لىقنى ئوڭشىغىلى بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلىشقان.
بۇنداق كەيپىيات مەن شۇ كۈنلەردە ئۇچراشقان بەزى كىشىلەرنىڭ
سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

كونا جەمىيەتتە، ھەر بىر جاينىڭ ھەربىي-سىياسى باشلىقلىرى ھامان بىر تۈركۈم مۇرىتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەيتتى، ئەمما ئۇلار خەۋپكە دۇچ كەلگەن ھامان ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولاتتى. ئەگەر بۇ خۇسۇسى گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەر ئادەتتە تەڭ ئورۇندا بولمىسا، ۋاقتى كەلگەندە چوقۇم تېخىمۇ چوڭ پارچىلىنىش كېلىپ چىقاتتى. جىن شۇرېن بۇ ئىشتىن بىخەۋەر دەك تۇراتتى. ئۇ سىرتقىلا دىققىتىنى بۆلگەنكى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئۆزىنى باپلاش ئۈچۈن چوت سوقۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە جىن شۇرېن لەنجۇدا قىسقا ۋاقىت تۇرغاندا، ئەينى يىللاردىكى ئەھۋاللارنى ئەسكە ئېلىپ باشقىلارغا ئېيتىشىچە، ئۇ، ئۇرۇمچى جىددى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، خەنزۇ ئەمەلدار ۋە خەلق مىللى قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر حالدا "جىدەل-ماجرا" قىلماي تۇرۇشى كېرەك ئىدى، دەپ قارىغان. ئەمما ئۇ چاغلاردا نۇرغۇن ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولى بىلەن جايلاردىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭلارنى توختىتىپ، مىللى قىرغىنچىلىقنى يېنىكلەتمەكچى ۋە تۈگەتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمى شۇنداق بولغان يەردە، پۈتۈن خەلقنىڭ ئۇنىڭ 5 يىلدىن بۇيانقى دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى ئۈستىدە كۆپ توختالمىساقمۇ بولار.

مەن 1933-يىل 1-ئايدا ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كېلىپ، 3-ئاينىڭ ئاخىرىدا چىقىپ كەتتىم، تۇرغان ۋاقتىم قىسقا بولسىمۇ،

لېكىن ھەرقايسى تەرەپتىكى ئەھۋاللار جىن شۆرېننىڭ ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئۇزاق داۋاملىشالمايدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. جىن شۆرېن قورال كۈچىگە خۇراپىلارچە ئىشىنىپ كەتكەن، مەن ئۆلكە مەركىزىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئەسكەر ۋە ئايروپىلان ئەۋەتىپ ياردەم بېرىش توغرىسىدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتكەن ئىكەن. نەنجىڭ تەرەپتىن، يېقىندا چوڭ قوشۇن يېتىپ بارىدۇ دېگەن تېلېگرامما كېپتۇ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىدىغان شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ئىكەن. ئەمما، كېيىن شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ئۇنىڭغا ياردەم قىلماستىن، ئەكسىچە ئۇنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدىغان قوراللىق كۈچكە ئايلانغان!

## موسكۋادا چېن جۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم

مەن چۆچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئارىلىقتا يازغان بىر قىسىم خاتىرەمنى تاپالمىدىم. شىنجاڭدا سىياسى ئۆزگىرىش بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى زادى قەيەردە ئاڭلىغانلىقىمنى ھازىر ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن.

سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى كۆرۈنۈپلا تۇرغان ئىش ئىدى. مەن بۇ قېتىمقى سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ سىياسىغا زادى قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتىم. سىياسى ئۆزگىرىشنى قوزغىغانلارنىڭ بىرى بولغان چېن جۇڭ بىلەن كېيىن موسكۋادا كۆرۈشتۈم. ئۇ سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ ئۆتمۈشى ۋە يېڭى ھۆكۈمەتتىكى كادىرلار ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردى؛ بولۇپمۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ

سىياسەتلىرىنى ناھايىتى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ بەردى. 1933 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن باشلانغان بىر مەزگىللىك خاتىرەمنى بەخ-تىمگە يارىشا شىڭ شىسەينىڭ گۇندىپايلىرى كۆيدۈرۈۋەتمىگەن ئىكەن، ئەمدى شۇنى ئاساس قىلىپ، ئەينى يىللاردا چىن جۇڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى ئەھۋاللار ھەمدە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنى تۆۋەندە بايان قىلىمەن.

بۇ شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەس، كىتابخانلار بۇنىڭدىن بەزى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى بەزى گېزىت-ژۇرناللاردا چىقىرىلغان چىن جۇڭغا دائىر بايانلارنى ئۆزئارا سېلىش-تۇرۇپ پايدىلانسىمۇ بولىدۇ.

موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن، قىزىم بىلەن يېڭى موسكۋا مېھمانخا-نىسىغا چۈشتۇم. 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، باش ئەلچى يەن خۇيچىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ مەندىن شىنجاڭدىكى سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ ئەھۋالى ۋە سەۋەپلىرىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا، سىياسى ئۆزگىرىشنى ھۆكۈمەتنىڭ خاتا سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شىنجاڭ خەلقى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ، سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەچكە، تەبىئى ھالدا قوزغىلىپ بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلى-قىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، دېدىم. باش ئەلچى يەن خۇيچىڭ مېنىڭ گېپىمگە ئىپادە بىلدۈرمىدى.

شۇ چاغدا تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇل مۇ ۋېيتۇڭمۇ داۋالانغىلى كەلدىم دەپ موسكۋادا تۇرۇۋاتاتتى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭكىگە شىنجاڭنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بارسام، ئۇ يەردە بىر مېھمان

ئولتۇرۇپتۇ. ماڭا بۇ كىشىنىڭ چىراي ـ تۇرقى ناھايىتى تونۇشتەك تۇيۇلدى، بىرلىندا ياكى ئۇرۇمچىدە كۆردۈمـمۇ، شۇ زامات ئېسىمگە ئالالمىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنىڭدىن قاچان كەلگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ تۈنۈگۈن كەلدىم دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ گەپ باشلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ دۈبەن مەھكىمىسى سەنمۇلار باشقار- مىسىنىڭ باشلىقى چېن جۇڭ ئىكەنلىكى ئېسىمگە چۈشتى. ئۈرۈمچىگە ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا قەدىناس دوستۇم جاۋ دېشۇنىڭ ئۆيىدە ئۇنى بىر قېتىم كۆرگەن ئىدىم. ئۇ چاغدا ھەربىچە كىينگەن ئىدى، ھازىر پۇقراچە كىينىۋالغاچقا، تونۇيالماي قېپتىمەن. چېن جۇڭ مەندىن: "سىز ئۈرۈمچىدىن نىمە ئالغاچ كەلدىڭىز؟" دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: "رەئىس جىن شۇرېن 110 سەر ئالتۇن، 3 مىڭ سوم ئامېرىكا دوللىرى بەرگەن ئىدى، ئۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇۋەتتىم" دەپ جاۋاپ بەردىم.

مەن چېن جۇڭ بىلەن كۆپ ئۇچراشمىغان، ھىلىمۇ ياخشى شۇ يىللاردىكى كۈندىلىك خاتىرەمدە مۇنداق مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغان ئىكەن:

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مۇۋېيتۇڭ ئالدىنقى كۈنى دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتتى، چېن جۇڭ ئۇنىڭ بىكار قالغان ئۆيىگە كىردى. مەن پات ـ پات ئۇنىڭ قېشىغا بىرىپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ موسكۋاغا كېلىشتىكى مەقسىدىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق نەنجىڭ- غا بىرىش ئىكەنلىكىنى، سىياسى ئۆزگىرىشتىن كىيىنكى يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ئۇنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سىياسى ئۆزگىرىش- نىڭ ئۆتمۈشى ۋە سىياسى ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى يېڭى ھۆكۈمەتتىكى كادىرلارنىڭ تەشكىل قىلىنىشىنى دوكلات قىلغىلى ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

چېن جۇڭ ماڭا، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ يولباشچىلىرى سىزنىڭ تېزدىن شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ھەمدە سىزنى ئىچكى جەھەتتە ئالتايغا بېرىشقا بەلگىلىدى. شەرىپخان ئالتاي رايونلۇق مۇداپىئە سىلىڭبۇسىنىڭ سىلىڭى بولدى، سىز ئالتاي رايونىنىڭ ۋالىسى بولۇپ، شەرىپخاننىڭ جايلارنى تېچلاندۇرۇشىغا ياردەملىشىدىغان بولدىڭىز، دېدى. مەن چېن جۇڭدىن، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ، دەپ سورىدىم. چېن جۇڭ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ، سەل خاپا بولغاندەك بولدى. ئۇ "مەن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى، يازما بۇيرۇقنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، مەن ئۈرۈمچىدىن ماڭىدىغان ۋاقتىمدا شىڭ دۇبەن بىلەن رەئىس لىيۇ ۋېنلۇڭ ماڭا يۈزتۇرانە تۇرۇپ مۇشۇنداق تاپشۇرغان" دېدى. مەن: "كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، خىزمەت قىلىشقا ھەرقاچان تەييار" دېدىم.

ئاشۇ بىرنەچچە كۈندىكى خاتىرەمگە يەنە تۆۋەندىكىلەر خاتىرىلەنگەن:

مەن گەرچە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا تاپشۇرغان خىزمىتىنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولغان بولساممۇ، لېكىن كۆڭلۈمدە بۇ ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن بەزى گۇمانىم تۇرىدۇ. چېن جۇڭ ماڭا: يېڭى ھۆكۈمەت ئىلغار ھۆكۈمەت، ئۇ بارلىق كونا چارە ـ تەدبىرلەرنى ئۆزگەرتىشكە، شىنجاڭدا باراۋەر، ئەركىن، ئادالەتلىك جەمىيەت قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ھەقىقى ئەركىنلىككە ئىگە قىلىشقا بەل باغلىدى، دەيدۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستمىدۇ؟ مەن لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن ناھايىتى ياخشى تونۇشمەن، ئۇ سېپى ئۆزىدىن ئەكسىيەتچى بيۇروكرات، خىيانەت قىلىپ چىرىكلەشكەن، شۇنداقلا ئەمەلدارلىقنىمۇ، سودىگەرچىلىكنىمۇ قولدىن بەرمىگەن چوڭ باي. بۇنداق ئادەم يېڭى ھۆكۈمەتكە رەئىس بولسا، خەلققە ئەركىنلىك بېرەرمۇ؟

شىڭ شىسەينىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم، بۇ ئادەمنى زادىلا كۆرمىگەن. پەقەت يېقىندا ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ قىزلار مەكتىۋىنى باشقۇرۇشتا نەتىجە كۆرسەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. چېن جۇڭنىمۇ ئانچە چۈشەنمەيمەن. موسكۋادا ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتكەن مۇ ۋېيتۇڭمۇ خىيانەتچى ئەمەلدار. مۇ ۋېيتۇڭ كونسۇللىقتا تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرى بىرقانچە قېتىم ھاكىم بولغان، ئانچە ئابرويى يوق. بۇ خىياللار مېنىڭ كاللامنى قوچۇۋەتتى. ناۋادا بىرەر كىشى ماڭا بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن بولسا، نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!

يولداش پوگونىن كېلىپ، ماڭا شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن كاللامنى ئېلىشتۇرۇۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقۇۋالدىم.

كېيىنكى كۈنلەردىكى خاتىرەمدە يەنە مۇنداق گەپلەر بار:

چېن جۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەسلىدە نەنجىڭغا بېرىشى كېرەك ئىكەن. ئەمما ئۈرۈمچىدىن ئۇنى قايتىپ كەلسۇن دەپ تېلېگىرامما كەلگەچكە، ئۇنىڭ نەنجىڭغا يازما دوكلات يېزىپ ئەۋەتىپ بېرىشكە توغرا كېپتۇ①.

بىرنەچچە كۈنلۈك بېرىش ـ كېلىش ئارقىلىق، چېن جۇڭدا مەن توغرىلىق مەلۇم ئىشەنچ پەيدا بولغاندەك تۇردۇ. ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتمەكچى بولغان دوكلاتنى ماڭا كۆرسەتتى، ئۇنىڭ

---

① چېن جۇڭنىڭ نىمە ئۈچۈن نەنجىڭغا بارماي، يېرىم يولدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خىلمۇ ـ خىل سۆز ـ چۆچەكلەر بار. ئۇ ماڭا: قايتىپ كېتىشىم توغرىسىدا ئۈرۈمچىدىن تېلېگىرامما كەلدى، دىدى. بۇ بەلكىم يالغان گەپ بولمىسا كېرەك.

ئۈستىگە مەندىن كۆچۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە ماڭا، ئەگەر شېڭ دۇبەن خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلمىسا، خەلق ئۇنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، دەپ پۈرىتىپ قويدى.

ھازىر ئەسلىسەم، چېن جۇڭنىڭ موسكۋادىكى پائالىيەت دائىرىسى كەڭ بولمىغان، ئۇ جۇڭگو ئەلچىخانىسىغا بىرەر قېتىممۇ بارمىغاندەك قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر چېن جۇڭ ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى يەن خۇيچىڭنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلغاندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ، راست شۇنداقمۇ، مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن. پەقەت ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن "12-ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان ھۆكۈمەت ئىچىدە مەلۇم قوماندانلىق ئورنىغا ئىگە بولماقچى بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ زادى قايسى تەرەپتىكى كۈچكە تايىنىدۇ؟ ئوڭمۇ ياكى سولمۇ؟ بۇنىڭغا كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. كېيىن خۇ پېڭجۇ (1935-يىلى پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسىدە بۆلۈم باشلىقى بولغان)نىڭ ئېيتىشىچە، 1934-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسى تەپتىش-باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جەسەدى ئاللىقاچان شەھەر سىرتىدىكى قاقاس دالىغا كۆمۈۋېتىلگەن چېن جۇڭنىڭ سىياسى مۇناسىۋەتلىرى تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گومىنداڭ بىلەن قانداق مەخپى ئالاقىسىنىڭ بارلىقى ئېنىقلانمىغان، كېيىن بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تاشلاپ قويۇلغان.

"5-ئاينىڭ 22-كۈنى چېن جۇڭ ماڭا بۈگۈن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى، مېنىڭمۇ تېزراق قايتىپ كېتىشىمنى ئېيتتى. مەن شېڭ شىسەي، ليۇ ۋېنلۇڭغا خەت يېزىپ، ئالتايغا بېرىشقا قوشۇلمەن، دېدىم".

مۇشۇ بىر كۈنلۈك خاتىرىدىن كېيىن چېن جۇڭ توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرەم چىقمىدى. كېيىن ئۇقۇشۇمچە، ئۇ 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

چېن جۇڭ 1933 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سىياسى سەھنىسىدە بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئادەم، "12 ـ ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشىنى ئاساسلىغى چېن جۇڭ قوزغىغان دىسە بولىدۇ، گەرچە ئۇ غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىش زۆرۈرىيىتى بار.

چېن جۇڭ ئەنخۇيلۇق بولۇپ، شۇ چاغلاردا 27 ـ 28 ياشلاردا ئىدى، ئۇ جاسارەتلىك ھەم ناھايىتى گەپدان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ موسكۋادا مەن بىلەن قىسقىغىنا ۋاقىت بىرگە تۇرغان ۋاقىتتىكى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ۋە مېنىڭ كېيىن ئۇقۇشۇمچە، ئۇ شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، 1927 ـ يىلى ۋۇخەن ھۆكۈمىتى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئىكەن. 1929 ـ يىلى موسكۋا شەرق داشۆسىدە ئۆكتىچىلەر ئەنزىسى كېلىپ چىققاندا، مەكتەپتىن ئايرىلغان، ئۇزاق ئۆتمەي بىرنەچچە ساۋاقدىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېلىپ، چېگرىدىن غىپپىدە ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلگەن.

شۇ يىللاردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسى جەھەتتىكى چىرىكلىكى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ بوشلۇغى بۇ ياشنى سەسكەندۇرگەن. ئۇ يەنە پەم بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا شىنجاڭدا ئىنقىلاۋى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا پىكىرنامە سۇنغان. چېن جۇڭنىڭ دوستى

(ئۇناڭ بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەن)شيۇڭ شىياۋيىۋەننىڭ كېيىن دىيىشىچە، چېن جۇڭ قەشقەردىن كېتىش ئالدىدا شيۇڭ شياۋيۇەنگە: "100 دانە ماۋزۇر بولغان بولسىلا، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى بىر دەمدىلا قولغا كىرگۈزۈۋالغان بولاتتىم" دەپتىكەن. ئۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ مۇشۇ باللارچە قارىشىنى پىكىرنامىگە يازغان بولسا كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى ئۇنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرگەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى ئوغرىلىقچە دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتكەن جىنايەتچى دەپ قاراپ قولغا ئالغان، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلگەن.

شۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا نۇرغۇن خەنزۇ مۇھاجىرلار بار ئىدى، چېن جۇڭ شۇلارنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بەزى ياردىمىگە ئېرىشىپ، تۇرمۇش كەچۈرگەن. كېيىن كىمدۇر بىرسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگونىڭ شەمەيدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا كىرىپ ياللانما خىزمەتچى بولغان. جۇڭگونىڭ شەمەيدىكى كونسۇلخانىسىدا تۇرۇۋاتقان خادىملارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلەتتى. 1931 ـ يىلى جىن شۇرېننىڭ ئوغلى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا بېرىشتا مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە، كونسۇلخانىغا چۈشكەن. چېن جۇڭ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاچقا، ئۆزىنىپ بارغۇچى خادىملىققا تەكلىپ قىلىنىپ، چۆچەكتىن رەسمىي پاسپورت ئېلىپ، جىن شۇرېننىڭ بالىسى بىلەن بىرگە گېرمانىيىگە ماڭغان. ئەمما چېن جۇڭ بېرلىنغا بارمىغان، ئۇ قەيەردىدۇر جىن شۇرېننىڭ ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان ھەمدە قانداق مۇناسىۋەت بىلەندۇر، سۇ يولىدىن شاڭخەيگە كېلىپ، مەركىزىي ھەربى

مەكتەپكە كىرگەن.

چېن جۇڭ شىنجاڭنى قەھرىمانلار ماھارەت كۆرسىتىدىغان جاي دەپ بىلىپ، زادىلا ئۇنتۇمىغان، ھەربى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەربى-سىياسى بۆلۈمدىن شىنجاڭغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. 1932-يىلى سوۋىيۈەندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن شەنشىلىك ۋاڭ لۇجۇڭنى ئېلىپ، بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە كەلگەن.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى ياشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇلارغا سەنمۇلۇق نامىنى بېرىپلا، دۇبەن مەھكىمىسىدە يۈرۈش-تۇرۇشقىلا ئىجازەت بەرگەن. 1933-يىلى باھاردا ئۈرۈمچى مۇھاسىرىدە قالغاندا، چېن جۇڭ ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى چەۋەرلىكى ۋە باتۇرلۇغىنى كۆرسەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن سەنمۇلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. چوڭ كۆۋرۈكتىكى جەڭدە، چېن جۇڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، شەھەر مۇداپىئە قوماندانى بەي شۇجى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن.

مەن موسكۋادا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇ "12-ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشىدە ئۆزىنىڭ قانچىلىك كاتتا ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈستىدە ئۆزىنى ماختىماستىن، پەقەت شۇ قېتىملىق سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ مەقسىدىنىڭ زۇلمەتلىك شىنجاڭنى يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرۈشنىڭ يولىنى ئېچىش ئىكەنلىگىنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇ مىللى مەسىلە بىلەن خەلقارا مۇناسىۋەت مەسىلىسىنىڭ بولۇپمۇ مىللى مەسىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسي مەسىلە ئىكەنلىگىنى بايقىغان. ئۇ، ئەگەر شىنجاڭدا مۇشۇ قېتىملىق سىياسى ئۆزگىرىش بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ ئىككىنچى شەرقي شىمال بولۇپ قالماسلىقىغا

كاپالەت بېرىش ناھايىتى قىيىن ئىدى، دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ غايىسى خېلى يۇكسەك ئىدى، ئۇ گويا شىنجاڭنى سىياسى جەھەتتە ئىلغار بىر جاي قىلىپ چىقىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتتا شىنجاڭنىڭ خەۋپلىك ۋەزىيىتى جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا، ئوڭشىلىدىغانلىقى، بۇ قېتىمقى سىياسى ئۆزگىرىشنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ھىمايە قىلغانلىقى، ئىچكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىمۇ تېز يول بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. دوكلاتتا يەنە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى، مەيدانغا كېلىش ئاساسى شۇنىڭدەك كادىرلار مۇناسىۋىتى چۈشەندۈرۈلگەن. دوكلاتتا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى كونا ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى، شۇنداقلا سىياسى ئۆزگىرىشتىن كېيىن جەمئىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش كومىتېتىغا سايلاپ كىرگۈزۈلگەن ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلگەن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا كىملەرنىڭ تەيىنلىنىشى لازىملىقىنى مەركەزنىڭ تاللىشى تەۋسىيە قىلىنغان. دوكلاتتا شىنجاڭنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۈمىدى — شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ نامزاتلىرىنى بالدۇرراق ئېلان قىلىپ بېرىش؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىش قاتارلىقلار كۆرسىتىلگەن. مەن بۇ دوكلاتنى كۆچۈرۈشۈپ بېرىۋاتقاندا ئۇنىڭدىن بۇ ھەيئەت ئەزالىرىغا بولغان قارىشىنى سورىغان ئىدىم. ئۇ، شېڭ شىسەي خېلى يامان ئەمەس ئادەم، ئۇ ھەر مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئۆتۈش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنى خالايدۇ، دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە، بۇنىڭ-

دىن كېيىن شىنجاڭ خەلقىنى ھېچكىم ئىلگىرىكىدەك خالىغانچە نېرى-بېرى قىلالمايدۇ، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەردىن ھېچكىم ئىككىنچى جىن شۇرېن بولۇشنى خالىمايدۇ، دىگەن ئىدى. چېن جۇڭ بىر ھۆكۈمەتنىڭ قەد كۆتىرىشى ياكى چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىنى ناھايىتى ئاددى چاغلىغان. مەن ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچنەرسە دىمىگەن ئىدىم.

5-ئاينىڭ 22-كۈنى بىز قول ئېلىشىپ خوشلاشتۇق، شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ئايرىلغان بولدۇق.

## "12-ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشى

1933-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى ئۈرۈمچىدە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدا قوزغالغان سىياسى ئۆزگىرىش شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقە ئىدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، مەن جىن شۇرېننىڭ ھەيدىشى بىلەن موسكۋاغا كېتىۋاتقان سەپەر ئۈستىدە ئىدىم. بۇ قېتىمقى سىياسى ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە، مەن ۋەتەندىن ئايرىلىش ھاياتىمدىن ناھايىتى تېزلا قۇتۇلۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. ئەمدى مەن مۇشۇ ۋەقەنىڭ سەۋەپلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

"12-ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشىنىڭ قوزغىلىشىغا ئۈرۈمچىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جىددى ۋەزىيىتى ئاساسى سەۋەپ بولغان، 2-ئاينىڭ 23-كۈنى چوڭ كۆۋرۈكتە بولغان ئۇرۇش ئارقىسىدا ئۆلكە مەركىزى ۋاقىتىنچە مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر يەنىلا شەھەر ئەتراپىدا ھەركەت

قىلىپ يۈرەتتى، قوۋۇقلار كېچە ـ كۈندۈز تاقاقلىق تۇراتتى؛ مىچۈەن، فۇكاڭ بىر مەزگىل قولدىن كەتكەن ئىدى؛ 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرپاندىكى خەنزۇ پۇقرالار ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈلكە مەركىزىگە قېچىپ كەلدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، نەنسەندىكى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرنىڭ باشلىغى ماچۈەنلۇ ياۋموشەن تېغىنى ئىگەللەپ، ئۈلكە قوشۇنلىرى بىلەن بىر بىرىگە زەمبىرەك ئېتىشتى، شەھەر ئىچىگە ئۈچ دانە زەمبىرەك ئوقى چۈشتى. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، سەنفاڭگۇمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە ئەزەلدىن نارازى بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ مەزگىلدە ئۆز ئىچىدە، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەت قالمىدى، ئەگەر بۇ ھۆكۈمەت ھازىر ئۆزىگە قارشى تۇرۇۋاتقان قوراللىق كۈچ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلىدىكەن، ھېچ بولمىغاندا ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالار بىراقلا تۈگىشىدۇ، دىگەن ئورتاق قاراشقا كەلگەن ئىدى. لېكىن يەنە بەزى كىشىلەر بۇ قاراشنى يەنىمۇ ئالغا سۈرۈپ، ئەگەر جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن مەلۇم بىر كىشى قوزغىلىپ جىن شۇرېننى قوغلىۋەتسە، جايلاردىكى جىن شۇرېنغا قارشى ھەركەتلەر بەلكىم پەسىيىپ قېلىپ، تېنچلىق ئەسلىگە كېلەر دەپمۇ قارايتتى.

شۇ چاغلاردا بۇنداق قاراشتا بولغان ھەم ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانلار مەن يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن چېن جۇڭ ھەمدە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تاۋ مىڭيۈ، دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىملىرى مەھكىمىسى خادىمى جاڭ شىن، جاۋ دېشۇ، ئايىرۇپە ـ

لان تېخنىكى لى شياۋتيەنلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىدى نوقۇل ھالدا سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاش بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بولماستىن، بەلكى سىياسى ئۆزگىرىش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئىدى، ئەلۋەتتە.

چېن جۇڭ توغرىسىدا يۇقۇرىدا توختالغان ئىدىم. ئەمدى باشقا بىرنەچچەيلەننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

تاۋ مىڭيۆ جېجياڭلىق بولۇپ، 1915-يىلى مەمۇرى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدا تاللىنىپ، شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن. ئەينى يىللاردا مۇشۇ خىل مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭغا ياش، ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلاردىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىرنەچچە تۈركۈمى كەلگەن ئىدى، ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سىياسى غايىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە تۇڭمېڭخۇي ئەزالىرى ۋە ئەكسىيەتچى "تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيىسى"نىڭ ئەزالىرى بولغان (1937-يىلى شېڭ شىسەي سىياسى "چوڭ تازىلاش" يۈرگۈزگەندە، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-جەمەتىنىڭ ئۆي-بىساتلىرىنى ئاختۇرۇپ مۇسادىرە قىلغان ئىدى، قولغا چۈشكەن ھۆججەتلەر ئىچىدە تۇڭمېڭخۇينىڭ ئەزالىق كىنىشكىسى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيىسىنىڭ كىنىشكىسى، ئۇلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى پائالىيەت پىلانلىرى ھەم سىياسى پىروگراممىلىرى تېپىلغان). لېكىن بۇ كىشىلەر شىنجاڭدا بىرقانچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن "تەربىيىلىنىش" ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان، ئەمما ئەمەلدارلىقنىلا يۈگۈرىدىغان چاكىنا ئەمەلدارلار بولۇپ قالغان، ئۇنىڭغا كىرمەيدىغانلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، تاۋ مىڭيۆ مانا شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئىچكىرىدىكى

ھېچقانداق سىياسى مەزھەپكە چېتىلمايتتى، قارىماققا ھېچقانداق خىلاپ سۆز ـ ھەركەتلەردە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى بار ئىدى. ئۇ يەنە خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسى ۋەزىيەتكە ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، ئۇ ئىچكىرىدىكى گېزىتلەرگىلا يېزىلىپ قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن مۇھىم خەۋەر ۋە سىياسى ماقالىلارنى، زاۋېنغا ئوخشاش ماقالىلارنى كېسىپ ئېلىپ ئۆزىگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇنداق ئەھۋال شۇ يىللاردىكى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت سورۇنلىرىدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. گەرچە بەزىلەر تۇرۇپ ـ تۇرۇپ دۆلەتنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا پاراڭ قىلىشىپ قويسىمۇ، بۇنداق پاراڭلار بوش ۋاقىتتا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قىلىنغان گەپلا ئىدى. تاۋ مىڭيۆنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ "راھەت بېغى"نىڭ چاكىنا ئەمەلدارى بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سىياسى غايىسىنىڭ تېخى ئۆچمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەھۋال دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلدارلار سورۇنلىرىدا 20 يىلغا يېقىن تۇرۇپمۇ باشتىن ـ ئاخىر ۋالى ـ نازىرلىققا ئېرىشەلمىگەن ئىدى. لېكىن ئۇ پەن ياۋنەنگە ئوخشىمايتتى، ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ماھىر بولغاچقا، چەتكە قېقىلمىغان ۋە زەربە يېمىگەن ئىدى.

جاڭ شىنمۇ مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن مەمۇرى ئەمەلدار ئىدى. ئۇ خۇنەنلىك بولۇپ، ئادەتتە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى، ئىدىيىسى سەنمىنجۇيىگە مايىل ئىدى. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، ئۇ جەنۇبىي

شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ ئامباللىغىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئالاقە-لىشىش مەھكىمىسىگە يۆتكەلگەن. ئۇ يەردە فەن ياۋنەن بىلەن تونۇشقان ھەمدە فەن ياۋنەننىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىشىنىڭ ھەمدەمچىسى بولغان. فەن ياۋنەن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاماپ قويۇلۇپ، كالىسىدىن ئايرىلىشقا تاس-تاسلا قالغان. كېيىنكى كۈنلەردە چېن جىشەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، ئالاھەزەل 1930-يىلى قويۇپ بېرىلگەن. بىرنەچچە يىللىق تۈرمە تۇرمۇشىدا، ئۇنىڭ كۆزى كاردىن چىقىپ، كۆرۈش كۈچى ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقى تۆۋەنلىمىگەن.

لى شياۋتيەن لياۋنىڭلىق بولۇپ، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن كېلىپ چىققان، ياپونىيىدە ئوقۇپ ئاۋىئاتسىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. 18-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، باشقا بىرنەچچە شەرقىي شىمال-لىق ئاۋىئاتسىيە خادىملىرى، مەسىلەن، ياۋ شيۇك، ۋاڭ زىڭۇ قاتارلىقلار بىلەن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن شىنجاڭغا كېلىپ ئايروپىلان تېخنىكى قوشۇمچە جاۋليەن بولغان. لى شياۋتيەن خۇشخۇي مىجەزلىك ئادەم ئىدى، كىشىلەرگە باھا بېرىشكە، ۋەزىيەت توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە خۇشتار ئىدى. ئۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قوللانغان چارە-تەدبىرلىرىگە ئەزەلدىن نارازى ئىدى.

جاۋ دېشۇغا كەلسەك، مەن ئۇنى يۇقۇرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىم، ئۇ فەن ياۋنەن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغاندىن كېيىن، بەختكە يارىشا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قولغا ئېلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغان، ئۇ ئادەتتە جىن شۇرېنغا قوسىغىدا غۇم ساقلاپ، پۇرسەت تېپىپ فەن

ياۋنەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بولۇپ كەلگەن. ئۇ فەن ياۋنەننىڭ بەزى نەرسىلىرىنى ساقلاپ كەلگەن (شىڭ شىسەي دەۋرىدە جاۋ دېشۇ قولغا ئېلىنىپ، ئائىلە-بىساتى پۈتۈنلەي ئاختۇرۇپ مۇسادىرە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۆيىدىن فەن ياۋنەننىڭ ياپونىيە زاۋداۋتيەن داشۆسىنى پۈتتۈرگەن شاھادەتنامىسى تېپىلغان).

يۇقۇرىدىكى بىرنەچچەيلەن ئىچىدە، چېن جۇڭ بىلەن تاۋ مىڭيۆ ئەڭ بۇرۇن تېپىشقانلار ئىدى. چېن جۇڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزاق بولمايلا، تاۋ مىڭيۆنىڭ ئۆيىدە تۇرغان. كېيىن ئۇلار يېقىن ئاغىنە بولۇپ كەتكەن.

ئۈرۈمچى قورشاۋدا قالغاندا، تاۋ مىڭيۆ ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى كۆپ بولغاچقا، ئۆزىچە شەھەرنى قوغداش ۋاقتىدا تەمىنلەش جەھەتتە ناھايىتى زور كۈچ چىقاردىم دەپ ھىساپلىغان، ئەمما ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋىنىڭ ئورنى بوش قالغاندا (ئەسلىدىكى باش كاتىپ لۇ شياۋزۇ چۆچەككە ۋالى بولۇپ كەتكەن)، ئىزباسار نامزاتلىق ئۇنىڭغا كەلمەي، پىشقەدەم تالىپ سۇڭ خۇەيشىگە كەلگەن. شۇ چاغلاردا جىن شۇرېننىڭ كادىرلارنى يۆتكەش - سەپلەش جەھەتتىكى ئىدىيىسى ناھايىتى چىگىش ئىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، قابىلىيەتلىك كىشىلەر بولمىسا، خەتەرلىك ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، قابىلىيەتلىك كىشىلەر خەتەرلىك ۋەزىيەتتە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىككى پۈتۈمنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ قويىدۇ، دەپمۇ ئەندىشە قىلاتتى. مەسىلەن، شېڭ شىسەي 4-ئاينىڭ باشلىرىدا فۇكاڭ، سەنداۋبا ئەتراپىدىكى جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قوشۇننى

باشلاپ ئۆلكە مەركىزىگە كىرگەندە، جىن شۇرېن تۇنىڭ قوماندان-
لىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيىدە بىرنەچچە
كۈن زەردە-گۈش بولۇپ تۇرغان. كېيىن بەزىلەر جىن شۇرېنغا،
شېڭ شىسەي قابىلىيەتلىك كىشى، ئادەم ئىشلىتىشتە گۇمانلانماسلىق،
گۇمانلىق ئادەمنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك، ئەگەر ھۆكۈمەت شېڭ
شىسەينى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ دەپ قارىسا، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنى
ئىچكىرىگە ماڭدۇرۇۋېتىش لازىم، بولمىسا چاتاق چىقىرىدۇ، دەپ
تەكلىپ بەرگەن. جىن شۇرېن ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىنى كۆزدە
تۇتۇپ، ئاخىرى شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنىنى باشلاپ يولغا چىقىشىغا
يول قويغان. جىن شۇرېن تاۋ مىڭيۈگىمۇ ئىچىدە قارا ساناپ
كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاۋ مىڭيۈنى يا يۇقۇرى مەرتىۋە بېرىپ
خاتىرجەم قىلالمىدى، يا ئۇنىڭدىن ۋازكېچىشكە پېتىنالمىدى. بۇنىڭ
بىلەن تاۋ مىڭيۈ ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، چېن جۇڭ بىلەن
بىرلىكتە جىن شۇرېنغا قارشى سىياسى ئۆزگىرىش قوزغىدى.

چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈلارنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى ھەركىتى 4-
ئاينىڭ باشلىرىدا باشلانغان، بۇ ھەركەتكە جاڭ شىن، لى شياۋتيەن،
جاۋ دېشۇلار قاتناشقاندىن باشقا، يەنە رايى قايتقان ھۆكۈمەت خادىمى
لى فېڭشياڭ تارتىلغان. لى فېڭشياڭنىڭ تەخەللۇسى دەنچۇ، ئۆزى
غۇلجىلىق بولۇپ، سابىق چۆچەك ۋالىسى لى جۇڭلىننىڭ چوڭ
ئوغلى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا روسىيىدە ئوقۇغاچقا، رۇسچىنى
ناھايىتى ياخشى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك،
سۆزمەن ئىدى، ئۇ شۇ چاغدا ئۆلكە مەركىزىدە خىزمەت كۆتۈپ
تۇراتتى. لى فېڭشياڭ شازادە سۈپەت بولۇپ، ئۇنىڭ نام ۋە مەرتىۋە
ئىدىيىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزەمنىڭ قابىلى-

يېتىمگە تايىنىپ بىراقلا يۇقۇرى پەللىگە ئۆرلىيەلەيمەن دەيدىغان گۆدەك قاراشتا ئىدى. ئۇ دادىسىنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكىگە ھەمدە ئۇنى شەھەر مەركىزىدە بىكارچى قىلىپ قويغانلىقىغا نارازى بولغاچقا، ئىدىيە جەھەتتە چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۆلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۆلەر جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى پىلانلىغاندا، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئوبېكتى قىلىنغان، لى فېڭشياڭ بىلەن جاۋ دېشۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان مەخپى ئەلچى قىلىنغان. شۇ چاغدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككى تۇەنجاڭى — ئانتونوۋ بىلەن پاپىنگوتلار ئۆلكە مەركىزىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا يۇقۇرىدا توختىلىپ ئۆتتۈم. لى فېڭشياڭ بىلەن پاپىنگوت ئەسلىدە غۇلجىدىلا ئوبدان تونۇشقاچقا، تەبىئىي ھالدا بىرلىشىپ كەتتەكەن. ئانتونوۋقا كەلسەك، ئۇ گېمىركىننىڭ ئادىمى بولۇپ، جاۋ دېشۇ گېمىركىننى قايىل قىلالىسا، ئانتونوۋتا گەپ يوق ئىدى.

كېيىنچە پاپىنگوت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىڭ شىسەينىڭ ھەربى سوتىدا ئىقرار قىلىشىچە، لى فېڭشياڭنىڭ ئۇلار بىلەن پۈتۈشكەن شەرتلىرى مۇنداق بولغان ئىكەن: سىياسى ئۆزگىرىش قىلىشتا قوراللىق كۈچكە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى مەسئۇل بولىدۇ؛ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇشىنى خالايدىغانلىرى كەسىپ ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىياسى جەھەتتە خەنزۇلار بىلەن تەڭ تەمىنات-قا ئىگە بولىدۇ، شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ، تىرىكچىلىك قىلىش ئەركىن-

لىگەنگە ئىگە بولىدۇ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشالايدۇ. ئۆزلەشتۈ-
رۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا يېڭى ھۆكۈمەت مۇھىم
ئەمەل بېرىدۇ.

جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى سىياسى پەمى يوق ئادەملەر
ئىدى. شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم بىر ھەيئىتىنىڭ
ئېيتىشىچە، 4-ئاينىڭ 9-كۈنى باش قوماندان شېڭ شىسەي قوشۇنى
باشلاپ شەھەردىن يولغا چىققاندا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋەزىيەت
پەيدىن-پەي ياخشىلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارىغان. 11-كۈنى ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرغان، جىن شۇرېن
يىغىننى ئۆزى باشقۇرۇپ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلاردىن چەككەن
جاپالارنى ئۇنتۇماسلىقنى، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنى ئۈمىت قىلغان. جىن
شۇرېن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر
كۈنى قالغانلىقىنى ھەرگىز خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان.

4-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دە ئۆزلەشتۈرۈل-
گەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ 200دىن ئارتۇق ئادىمىگە پاپىنگوت ۋە
ئانتونوۋ ئايرىم-ئايرىم يېتەكچىلىك قىلىپ، تۇيۇقسىز شەرقىي
دەرۋازىدىن كىرگەن، بىر قىسمى ئۇدۇللا دۇبەن مەھكىمىسىگە
قاراپ ماڭغان، بىر قىسمى بۆلۈنۈپ شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئىگەللى-
گەن. ئۆلكە قوشۇنلىرى ئالاقزادىچىلىقتا تاقابىل تۇرۇپ، چىداشلىق
بېرەلمىگەن. شەھەر مۇداپىئە قوماندانى بەي شۇجى قوماندانلىق
ئىشتاۋىدا ئەسىرگە چۈشكەن، ھەربى ئىشلار نازىرى جىن شۇجىن،
پىيادە ئەسكەرلەر 11-تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى سۇ جاۋجىلارمۇ ئايرىم-
ئايرىم ھالدا ئىشخانىلىرىدا ۋە ئۆيلىرىدە تىرىك قولغا چۈشكەن. شۇ
چاغدىكى دۇبەن مەھكىمىسىدە ئىشلەۋاتقان باش كاتىپ گۇ فېنىڭ

ئېيتىشچە، ئۇلار مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەنسەندىكى قوراللىق كۈچلەر ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ، نۇرغۇن ھۆكۈمەت خادىملىرى ئارقا-ئارقىدىن ئىشخانىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بەزىلىرى تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ، بەزىلىرى بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئىككىنچى زالىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىلا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىدىنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچراپتۇ، ئەمما ئۇلار بىر سائەتكە قالمايلا ئۈچىنچى زالىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپتۇ، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، بەزىلىرى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ، بەزىلىرى شەرق-غەرپ تەرەپتىكى تارچۇق يول بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئۈچىنچى زالىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىشكاپ-ساندۇقلارنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتىپتۇ، ئۆلكىدىكى ئىككى مەھكىمىنىڭ تامغىسى، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئىسىل كىيىم-كېچەكلەرنى بۇلاپ-تالاپتۇ. ئىككى سائەتتىن كېيىن، شەھەر دەرۋازىلىرى ۋە شەھەر ئىچىدىكى مۇھىم جايلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ.

جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەترىدىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالدىراپ-تېنەپلا بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ ئارقا تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى شۆبە ئىدارىسىگە قېچىپ كىرىۋاپتۇ.

تەرەپ-تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ ياق-بۇ ياققا چېپىپ يۈرۈپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس

ئەسكەرلىرى ئىسيان كۆتىرىپتۇ دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشۈپتۇ، سودا دۇكانلىرى تاقىلىپتۇ، ئاھالىلەر ئىشىكلىرىنى ئېتىۋېپتۇ، يامۇلدا ئىشلەۋاتقان كىشىلەرمۇ ۋاقتىنچە ئۆزىنى يوشۇرۇشقا جاي ئىزدەپتۇ ياكى ئۆيلىرىگە قېچىپتۇ. جىن شۇرېننىڭ قۇدىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ رۇيشى شەھەر مۇداپىئە ئىدارىسىدىن دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىملىرى مەھكىمىسىگە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ۋەقە تۇغدۇرۇشى-دىكى مەقسىدى ۋە تەلىۋىنى ئۇقۇپ كېلەلىگۈدەك رۇسچىنى ياخشىراق بىلىدىغان بىر ئىككى ئادەم ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. لېكىن مەھكىمىدىن بۇنىڭغا ماقۇل بولۇشقا پېتىنالىغۇدەك بىرەر ئادەممۇ چىقماپتۇ.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى شەھەر ئىچى ۋە نەنلياڭنى كونتۇرۇل قىلغاندىن كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ نازىر-ۋالىلار ۋە قانۇن تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى لۇ ئىشتاۋىغا چاقىرىپ مەجلىس ئېچىپتۇ، يىغىن مەيدانى-نىڭ ئىچى-سىرتىغا پۈتۈنلەي ئورۇس ئەسكەرلىرىدىن قاراۋۇل قويۇلۇپتۇ. بۇ 12-چېسلا كەچتە بولغان ئىش ئىكەن. يىغىن مەيداندىكى جوزىغا ئۆلكىلىك ئىككى مەھكىمىنىڭ تامغىسى ۋە مۆھۈرى قويۇلۇپتۇ. يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ كېيىن ئېيتىشىچە، پاپىنگوت يىغىندا سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ مەقسىدىنى دوكلات قىپتۇ. ئۇ، ئۆزلەش-تۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرىشتىن مەقسىدى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قۇتقۇزۇش. شىنجاڭ ئىككى يىلدىن بۇيان قالايمىقانچىلىقتا قېلىۋاتىدۇ، يېزىلار ۋەيران بولدى، بۇ يىلقى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىنمۇ ئۈمىد يوقتەك تۇرىدۇ، مۇشۇنداق

كېتۋەرسە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھەممىسى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، دەپتۇ. ئۇ يەنە، رەئىس جىن شۇرېننىڭ قابىلىيىتى بولمىغاچقا، شىنجاڭنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، جىن شۇرېننىڭ ئۆز ئورنىنى كۆپچىلىك بىردەك ئارزۇ قىلغان ئادەمگە بوشىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىمىز، دەپتۇ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشتىكى مەقسىدى ئەنە شۇ، قىلچە ئۆزى ئۈچۈن ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىش ئويى يوق، رەئىس جىن شۇرېننىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ ھاكىمىيەتنى تاپشۇرسىلا، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ بىخەتەرلىكى چوقۇم قوغداپ قېلىنىدۇ، دەپتۇ.

بۇ چاغدا يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ جىن شۇرېنغا يان باسىدىغان سۆزلەرنى قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق جەمىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش كومىتېتى ۋە ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلۇپتۇ. بەزى كىشىلەر مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ رۇيشىنى جەمىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسىتىپتۇ، جۇ رۇيشى بۇنى رەت قىلىپ، يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەئىس جىن شۇرېن بىلەن قۇدا بولغاچقا، كۆڭۈل جەھەتتىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، دەپتۇ. كېيىن كۆپچىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭنى رەئىسلىككە كۆرسىتىپتۇ. ليۇ ۋېنلۇڭ بۇ ئورۇنغا ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئۈچ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك 3 ماددىلىق نىزام دەپتۇ: بىرىنچى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىككىنچى، رەئىس جىن شۇرېننىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە

كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش. يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئىمزا قويۇپ بۇ نىزامنى ئېتىراپ قىپتۇ. ۋاقىتلىق ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىق-لىقىغا كۆپچىلىكنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئار-قىلىق شىنجاڭغا كىرگەن خېيلۇڭجياڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى 15 - لۇنىڭ مۇۋەققەت لۇجاڭى جېڭ رۇنچېڭ تەيىنلىنىپتۇ. جېڭ رۇن-چېڭ باۋدىڭ ئەپتسەرلەر مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن خېبېيلىك ئادەم ئىدى. دەسلەپتە ئۇمۇ مەن چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچى قوشۇنىنىڭ ئەسكەر باشلىغى، شىنجاڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلمىگەچكە، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن دەپ بۇ ۋەزىپىنى رەت قىپتۇ. ئەمما شۇ چاغدىكى يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈل-گەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىغىدىن باشقا، ھەربى ھوقۇق ئىگىلىگەن ھەربى يوق ئىكەن. جېڭ رۇنچېڭ كۆپچىلىكنىڭ سالاسى بىلەن بۇ ئىشنى ۋاقىتىنچە قىلىپ تۇرۇشقا ماقۇل بوپتۇ. ليۇ ۋېنلۇڭ، جېڭ رۇنچېڭدىن باشقا، جۇ رۇيشى، لى جى، تۇ ۋېنفېي (ئالى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى)، چېن جىشەن، لى رۇڭ (ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ۋالىسى)، تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن، گۇڭ بېيچېڭ، بەي يۇشيۇ (يۇقۇرىدىكى ئىككىيلەن گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىگە ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىم)، جاۋ دېشۇ، چېن دېلى (دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىملىرى مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىسى)، لۇ لۇن (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىۋى) چيۇ داخېڭ (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىسى)، دۇڭ گۇاڭچۇن، خې دېيۈەن (يۇقۇرى-دىكى ئىككىيلەن سىددىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىغى ۋە مۇئاۋىن باشلىغى)، كېرىسكى (ئىتالىيىلىك، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسىنىڭ

باشلىقى)، گېمبىركىن (ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، پاپىنگوت قاتارلىقلار جەمىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىرى بوپتۇ. يىغىندا خەلقنى تېچلاندۇرۇش ئېلانى تۈزۈپ چىقىلىپتۇ ھەمدە كۆپچىلىك ماقۇللىغان 3 ماددىلىق نىزام جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى شۆبە ئىدارىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان جىن شۇرېنىنىڭ كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇشىغا ئەۋەتىلىپتۇ. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلاردىن باشقا، شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئىچكى سىرىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

يىغىندا بەزى كىشىلەر يەنە، سىياسىي ئۆزگىرىش تېزلا بولغانلىقتىن، شەھەر سىرتىدا تۇرۇۋاتقان باش قوماندان شېڭ شىسەي ۋە سانجىدا تۇرۇشلۇق باش قوماندان چېن جۇڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپالمىدى، ئەڭ ياخشىسى كۆپچىلىك ماقۇللىغان ئەھدىلەرگە چۈشەندۈرۈش قوشۇپ، بۇ ئىككىيلەنگە سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق جەمىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش كومىتېتى تەرەپتە تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا بىر كىشى باش قوماندان شېڭ شىسەينىڭ چوڭ كۆۋرۈككە كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. كۆپچىلىك شېڭ شىسەينىڭ جىن شۇرېنىنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، شەھەر ئىچىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. بەي يۈشيۇ شۇ زاماتلا ئۆزى ئالاقە ئېلىپ بېرىپ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئادەم ئەۋەتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى شەھەر مەركىزىنىڭ تەرتىۋىنى ساقلاش ۋە كىشىلەر كۆڭلىنى تېچلاندۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىپتۇ، شۇ كۈنى كەچتە تاتار سودىگەر

هۆسسىن، خۇيزۇ ياش ما خۇڭشياڭلار لۇ ئىشتاۋىغا كېپتۇ. خەلقنى تېچلاندۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئېلان ئۇيغۇرچىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپتۇ.

جىن شۇرېن جەمىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈپ ئەۋەتىلگەن 3 ماددىلىق نىزامنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ هەيئەتلىرى ئۆزلەشتۇرۇلگەن ئۇرۇس ئەسكەرلىرىنىڭ تەھدىدى ئاستىدا ماڭا ئۇرا كولىغان ئىدى دەپ قاراپ، شەھەر سىرتىدا تۇرۇۋاتقان قوماندان ياڭ جېڭجۇڭ، باش قوماندان شېڭ شىسەيلەرگە قوشۇن باشلاپ بېرىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۆزى بولسا بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ كېيىن باشقىلارغا: ئەھۋال ئۆزگىرىشى بىلەنلا، كۆپچىلىكنىڭ مېنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن، دەپتۇ.

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، ياڭ جېڭجۇڭ قوشۇننى باشلاپ قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتكەن. شەھەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ئۆلكە قوشۇنلىرى (مېڭ كېچاڭ تۇەنىدىكى قىسىم) غەربىي دەرۋازىدىكى ئۆزلەشتۇرۇلگەن ئۇرۇس ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ قايتۇرما هۇجۇم قىلغۇچى قىسىملارنى شەھەر ئىچىگە كىرگۈزگەن. ئۇلار ناهايىتى قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا شەھەر سېپىلىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ئېگىزلىكنى ئىگەللەپ، كوچا ئۇرۇشى قىلىۋاتقان ھەمراللىرىنىڭ شەھەر مەركىزىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى قوغدىغان.

ئۆزلەشتۇرۇلگەن ئۇرۇس ئەسكەرلىرى كۈچ جەھەتتىكى پەرق چوڭ بولغان ئەهۋالدا چىداشلىق بېرىشكە ئامالسىز قالغان. 13 ـ كۈنى

ئەتىگەندە، ئۇلار شۇ كۈنىلا شەرقىي دەرۋازىدىن چېكىنىشكە تەييارلىق كۆرۈپ، بالا-چاقىلىرى، يۈك-تاقىلىرى، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى ھارۋىغا بېسىپ قويغان، ئاتلارنىمۇ تەخلەپ قويغان.

سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچى تاۋ مىڭيۈ ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قوزغىلىشىنى قوللىغۇچى گېمبىركىن جىڭ رۇنچېڭدىن شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ جەڭگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلغان. جىڭ رۇنچېڭنىڭ قىسىملىرى 3-ئايلاردا ئۆلكە مەركىزىگە كىرگەن، بىر قىسىم ئەپسەر ۋە ئەسكەرلەر 3-ئاينىڭ ئاخىرىدا قورال ئېلىپ، ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ شىمۇگۇ قاتارلىق بازىلارنى مۇھاپىزەت قىلىشىغا ياردەملىشىپ تۇرغان ئىكەن. جىڭ رۇنچېڭ ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەچكە، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا قاراپ تۇرالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى 2-3 يۈز ئادەمنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ، جەڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەرگەن.

شەرقىي شىمال قوشۇنلىرى جەڭگە ئاتلىنىشى بىلەن، جىن شۇرېننىڭ قىسىملىرى بىر ھازا قارشىلىق كۆرسىتىپ، بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىپ كەتكەن، شەرقىي شىمال ئارمىيىسى شەھەر سېپىلىدىن خۇڭسەن تۇمشۇغىغا قارىتىپ توپ ئاتقان، ئۇ يەردىكى جىن شۇرېن قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىق ئىشتاۋسىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمىغان. 13-كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى مىڭ كېچاڭ، لياڭ جىخۇڭ تۈەنلىرىنىڭ قالدۇق ئەپسەر ۋە ئەسكەرلىرى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ قايىل قىلىشى بىلەن، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغان. ياڭ جېڭجۇڭ شەھەر سىرتىدىكى قىسىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، جىن شۇرېننى ۋە ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربتىكى

سانجىغا يول ئالغان. شىنجاڭنى 5 يىل بۆلۈپ تۇرغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى شۇنىڭ بىلەن تەختتىن چۈشكەن.

بۇ قېتىمقى قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى جەڭدە، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىن جەمئىي 20 نەچچە ئادەم ئۆلگەن؛ 12-كۈنى كېچىدىن 13-كۈنى چۈشكىچە بولغان شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى جەڭدە ئۆلكە قوشۇنىدىن 300دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىدىن 50 نەچچە ئادەم ئۆلگەن. ئۇ چاغدا شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ 400دىن ئارتۇق ئادىمىلا بار ئىدى، ئەگەر شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ناھايىتى قىيىنغا چۈشەتتى. سىياسىي ئۆزگىرىش جەريانىدا، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە تىجارەتچىلەر تالاپەتكە ئۇچرىمىغان. شەھەر مۇداپىئە قوماندانى بەي شۇجىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىگە قايتۇرما زەربە بەرگەچكە، 13-كۈنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان؛ جىن شۇشىن، سۇ جاۋجىلارنى ئەزەلدىن كىشىلەر يامان كۆرگەچكە، ئەسىرگە چۈشۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار ئېتىپ تاشلىغان.

جىن شۇرېن 4-ئاينىڭ 14-كۈنى سانجىغا چېكىنىپ كەلگەن، باش قوماندان چېن پىنشيۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىللە جىن شۇرېننى ماناس، شىخۇغىچە مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن. بۇ چاغدا شىخۇدا ئاز ساندىكى ئۆلكە قوشۇنلىرى ۋە

چۆچەكتىن كەلگەن زور بىر تۈركۈم خىيلۇڭجياڭلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى بىلەن جىلىن قوغدىنىش قىسىملىرى تۇراتتى، جىن شۇرېن بۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆلكە مەركىزىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. جىن شۇرېن ئىلىغا بارماقچى بولغاندا، جاڭ پېيۇەن تېلېگراممىدا ئەۋەتىپ رەت قىلغان. 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ياڭ جېڭجۇڭ قىسمىنى باشلاپ، جىن شۇرېننىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى قوغداپ چۆچەككە ئېپپىرىپ قويغان. چۆچەكنىڭ ۋالىسى لۇ شياۋزۇ جىن شۇرېنغا خىزمەتتىن چېكىنىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن ھەمدە ئاپتوموبىل ئېلىش ئۈچۈن چۆچەكتە ساقلاپ تۇرغان بىر قىسىم (1674 سەر 6 مىسقال 5 پۇڭ 5 لى) ئالتۇننى جىن شۇرېنغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، جىن شۇرېن ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا كۆزى يەتمەي، 4-ئاينىڭ 24-كۈنى چۆچەكتە ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى توغرىسىدا ئومۇمى تېلېگرامما ئېلان قىلغان. بىراق بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما يوللاپ، يېڭىۋاشتىن باش كۆتىرىپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 5-ئاينىڭ 5-كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىگە رۇخسەت قىلغانلىقى توغرىسىدا ئوچۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بۇ چاغدا جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىچكىرىگە بېرىپ بولغان ئىدى.

جىن شۇرېن ئالدى بىلەن تيەنجىنگە بارغان، 10-ئايدا نەنچاڭغا بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشكەن، ئاندىن نەنجىڭغا بارغان. ئۇ شۇ چاغدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ماڭا مۇۋاپىق مەنسەپ بېرىدۇغۇ دېگەن خام خىيالدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتى

ئۈزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ئۈچۈن، قولىدىن ئىش كەلمەي ۋەزىپە-
سىدىن بوشىغان بۇ ئۈلكە رەئىسىنى قاتتىق جازالاپ قولىغا ئېلىپ،
سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا 3 يىل 6 ئايلىق قاماق
جازاسى بەرگەن. جىن شۇرېن ئۈستىدىن بىرىنچى بولۇپ ئەرز-
شىكايەت قىلغان كىشى شىنجاڭلىق ئەيسابەگ بولۇپ، ئۇنىڭ
مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى، جىن شۇرېن ئۆزبېشىمچىلىق قىلىپ
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى تۈزدى؛ ئىككىنچى،
قۇمۇل خەلقىنىڭ يەرلىرىنى مەجبۇرى تارتىۋېلىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇپ،
ئەسكەر ئەۋەتىپ بىگۇنا خەلقنى قىردى؛ ئۈچىنچى، ئومۇمنىڭ پۇلىنى
ئىگەللىۋالدى، ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئالتۇننى چىقىرىۋېلىپ
ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتتى؛ تۆتىنچى، ئۇرۇمچىدىكى چوڭ كۆۋرۈكتە
ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ئوت قويدى، ئادەم ئۆلتۈردى. سوت مەھكىمىسى
بۇ ئەرزنى ئاساس قىلغان ھەمدە ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ تەكشۈرۈپ جاۋاپ بېرىشىگە يوللىغان. شېڭ شىسەي جىن
شۇرېننىڭ ئۆزىگە بالايى-ئاپەت كەلتۈرگۈدەك ئىقتىدارى قالمىغان-
لىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت سورۇنلىرىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان
كونا كىشىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جىن شۇرېنغا
مايىل ئىدى)، جىن شۇرېننى ئالاھىدە قانات ئاستىغا ئالغان ۋە
سوت مەھكىمىسىگە جاۋاپ خەت يېزىپ ئۇنى ئاقلىغان. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ساھەسىدىكى
ئاقساقاللاردىن لا شىجۇن، ياڭ سى، جاڭ ۋېي، شۈي زى، ما خۇڭبىن،
لۇ داجاڭ، ما بۇفاڭ، ما بۇچىڭ قاتارلىق كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن
نەنجىڭغا تېلېگىرامما يوللاپ، جىن شۇرېننىڭ ياخشى گېپىنى قىلغان.
چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ما لىن جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ،

جىن شۇرېن ئۈچۈن ئەپۇ سورىغان. جىن شۇرېن ئاخىرى 1935-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىشقا ئېرىشتى. جىن شۇرېن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن تيەنجىنگە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشتى، ئۇ يەردىن يەنە لەنجۇغا كېتىپ، 1941-يىلى كېسەل بىلەن ئۆلدى.

جىن شۇرېن لەنجۇدا بىكار يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، ھەمىشە دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆتكەن-كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشقان. ئۇ، ياڭ زېڭشىنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىگە قول قويغان، بۇنىڭ سەۋىيى ياڭ زېڭشىن ھايات ۋاقتىدا، مەن ئۆلگەندىن كېيىن شىنجاڭدا چوڭ قالايمىقانچىلىق بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ئىدى. جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ ئادەمنى جايىدا ئىشلىتەلمىگەنلىكى، ئادەمنى بىلىش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، پىشقەدەم جياڭجۈن قالدۇرغان ئىشنى ياخشى ئىشلىيەلمىگەنلىكىگە ئېچىنغان. ئۇ، دەۋرنىڭ ئاللىقاچان ئۆزگەرگەنلىكىنى قانداقمۇ بىلسۇن! ياڭ زېڭشىن ھايات بولغان تەقدىردىمۇ شىنجاڭ تىنچ بولمايتتى. ئادەمنى بىلىش-بىلمەسلىككە كەلسەك، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن گەدەن قىچىشسا، تاپاننى قاشلىغاندەكلا ئىش. ئەينى يىللاردا شىنجاڭدىكىدەك ئۇنداق سىياسى ئەھۋالدا، جىن شۇرېننىڭ بۇنداق چىرىك، فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى "ئىچكى جەھەتتىكى جېدەل-ماجرا"دىن قانداقمۇ خالى بولالىسۇن!

# شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر

## شىنجاڭنىڭ شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىنكى سىياسى ۋەزىيىتى

تارىختا يۈز بېرىدىغان بەزى ئىشلاردا، كۆپىنچە، ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، 1928 ـ يىلى فەن ياۋنەن سىياسى ئۆزگىرىش قىلىپ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈردى، نەتىجىدە ھاكىمىيەت جىن شۇرېننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 1933 ـ يىلى چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۆ، لى شياۋتيەنلەر "12 ـ ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ، جىن شۇرېننى قوغلىۋەتتى، ئەمما شېڭ شىسەي تەختكە چىقىۋالدى. پەرقى شۇ بولدىكى، جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ سىياسى ئۆزگىرىشىنى ئىنكار قىلىۋەتتى، شېڭ شىسەي بولسا چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۆ، لى شياۋتيەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇ سىياسى ئۆزگىرىشنى مەن رەھبەرلىك قىلغان "ئاپرېل ئىنقىلاۋى" دەپ ماختىدى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي شىنجاڭغا 11 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭنى ئىدارە قىلغان ۋاقتى ياڭ زېڭشىندىن قالسىلا ئەڭ ئۇزاق بولغان يەرلىك كىچىك مىلىتارىست بولۇپ قالدى.

شىڭ شىسەينىڭ نەخەللۇسى جىن يۇڭ، ئۇ 1892 ـ يىلى لىياۋنىڭ
ئۆلكىسى كەيپۇەن ناھىيىسىدىكى بىر پومىشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
باللىق چاغلىرىدا، شىفىڭ ناھىيىسىدە ئىپتىدائى مەكتەپتە، شىنياڭ
شەھىرىدىكى 5 ـ تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپتە، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك دىخاز ـ
چىلىق ـ ئورمانچىلىق ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇغان. 1915 ـ يىلى شاڭخەي ـ
نىڭ ۋۇسۇڭ دېگەن يېرىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمەت مەكتىۋىنىڭ
مەخسۇس سىياسى ـ ئىقتىسات سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. 1917 ـ يىلى
ياپونىيىگە بېرىپ، توكيودىكى مىڭجى داشۆدە ئوقۇغان. 1919 ـ
يىلى ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ تەلەپ
قويۇش ۋەكىللەر ئۆمىگى بىلەن شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەن. قالغان
ۋەكىللەر مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار باش ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان
ۋەتەن زېمىنى (چىڭداۋ)نى قايتۇرۇۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش
ھەركىتىگە دائىر خىزمەتلەرگە قاتناشقان، شىڭ شىسەي بولسا
گۇاڭدۇڭغا بېرىپ، لى گېنيۇەن ئاچقان شاۋگۇەن ھەربى مەكتىۋىگە
كىرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، لى گېنيۇەننىڭ تونۇشتۇرۇشى
بىلەن، شەرقىي شىمالغا قايتىپ بېرىپ، فېڭتيەن قوشۇنى 8 ـ لۈيىدە
گو سۇڭلىڭنىڭ قول ئاستىدا پەيجاڭ، ليەنجاڭ ۋە شاڭشۈبي سەنمۇ
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ خوتۇنى كېسەل
بىلەن قازا بولغان، گو سۇڭلىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا گو
سۇڭلىڭنىڭ بېقىۋالغان قىزى چيۇ شۇفاڭ بىلەن توي قىلغان. 1923 ـ
يىلى، گو سۇڭلىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، جاڭ زولىن ئۇنى ياپونىيە
قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، خوتۇنىمۇ بىرگە
بېرىپ، توكيو قىزلار داشۆسىگە كىرىپ ئوقۇغان. 1925 ـ يىلى،
گو سۇڭلىڭ يۈز ئۆرۈپ، جاڭ زولىنغا قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغان ـ

دىن كېيىن، جاڭ زولىن شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمەت راسخودى بىلەن ئوقۇشىنى بىكار قىلغان، لېكىن شېڭ شىسەي ئىشنىڭ ئېپىنى بىلگەچكە، كېيىن سۇن چۇەنفاڭ، فېڭ يۈشياڭ ۋە جياڭ جېيشىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىدىكى ئوقۇشىنى ئاخىر تاماملىغان. 1927 ـ يىلى شېڭ شىسەي ۋەتەنىگە قايتىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ خې ياۋزۇ قىسمىدا سەنمۇ بولغان، كېيىنچە باش قوماندانلىق ئىشتاۋىغا يۆتكىلىپ شاڭشياۋ ئۇنۋانلىق سەنمۇ، قوشۇمچە مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ شۆبە ئەپتسەرلەر تۈەنىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1928 ـ يىلى گەزەرمە سەنمۇلار باشقارمىسىدا مۇۋەققەت بۆلۈم باشلىغى بولغان، 1929 ـ يىلى سەنمۇبۇ ئىشتاۋىغا يۆتكىلىپ 1 ـ مەھكىمە 3 ـ بۆلۈمنىڭ باشلىغى بولغان.

شېڭ شىسەي نەنجىڭدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىش قىلالمىغاچقا، بۆلۈم باشلىقلىق ۋەزىپىدە ئۇزاق تۇرۇپ قالغان. شېڭ شىسەي پېڭ شياۋشيەن بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا يېقىپ قالغان. 1929 ـ يىلى كۈزدە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن كاتىۋى لۇ شياۋزۇنى خىزمەت بىلەن نەنجىڭغا ئەۋەتكەن. لۇ شياۋزۇ پېڭ شياۋشيەن بىلەن يېقىن بولغاچقا، پېڭ شياۋشيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، لۇ شياۋزۇ شېڭ شىسەينىڭ ئەر ـ خوتۇن بىللە شىنجاڭغا بېرىشىغا ماقۇل بولغان. ئۇ چاغدا، جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھەربىلەرنىڭ كېلىشىنى خالىمايتتى، بولۇپمۇ جىن شۇشىن شىنجاڭغا ھەربىلەرنىڭ كېلىشىگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇراتتى. شۇڭا شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى شېڭ شىسەينىڭ سەنمۇ ئىشتاۋىنىڭ ئەپتسەرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن لۇ شياۋزۇغا چىرايلىق گەپلەر بىلەن رەت قىلىش

توغرىسىدا تېلېگرامما بەرگەن. بۇ چاغدا، شېڭ شىسەي نەنجىڭدىكى ھەربى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، يولغا چىقىشقا جابدۇنۇپ بولغاچقا، لۇ شياۋزۇ رەت قىلالمىغان. دەل شۇ چاغدا، شەرقىي مانجۇرىيە تۆمۈريولى ۋەقەسى يۈز بېرىپ، سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا بېرىش مۇمكىن بولمىغاچقا، شېڭ شىسەي بېيجىڭدا نەچچە ئاي بىكار تۇرۇپ قالغان، ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي شىمالغا قايتىپ ھەركەت قىلىپ، جاڭ شۆلياڭنىڭ قول ئاستىدا بىرەر ۋەزىپە ئۆتەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ نەتىجە چىقمىغان. 1930-يىلى كۈزدە، شېڭ شىسەي لۇ شياۋزۇ بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، لۇ شياۋزۇنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرغان. جىن شۇرېن دەسلەپتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغان بولسىمۇ، كېيىن لۇ شياۋزۇغا يۈز كېلەلمىگەچكە، شېڭ شىسەينى دۇبەن مەھكىمىسىگە شاڭشياۋ ئۇنۋانلىق سەنمۇ، قوشۇمچە مۇھاپىزەتچىلەر يىگىنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن، كېيىنكى چاغلاردا شېڭ شىسەينى قوشۇمچە ئەپىتسەرلەر مەكتىۋىنىڭ تاكتىكا ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ چاغدا، شېڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى تەلىم-تەربىيە كۆرگەن بىردىن-بىر ئىختىساسلىق ئادەم ئىدى. ئۇ ھەربى مەكتەپتە كۈچىنىڭ بېرىچە ئوقۇغۇچىلارنى يېنىغا تارتىپ، ئۆز كۈچلىرىنى يېتىشتۈرگەن، كېيىنكى چاغلاردا، بۇ ئوقۇغۇچىلار شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالغان. 1931-يىلى قۇمۇل خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى بولغاندا، ئۆلكە قوشۇنلىرى كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنلا جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. شېڭ شىسەينى ئاۋال لۇ شياۋزۇغا

سەنمۇجاڭ، كېيىن جاڭ پېيىۋەنگە سەنمۇجاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، شەرقىي سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتكەن. 1932-يىل 7-ئايدا، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، شېڭ شىسەينى شەرقىي سەپنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا خوجا نىيازغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا سالغان. بۇ چاغدا، ما جۇڭيىڭ يارىلىنىپ ئىچكى ئۆلكىگە كەتكەن، شېڭ شىسەي قوشۇنى تۇرپان، پىچان تەرەپلەردە جەڭ قىلىپ غالىپ سەركەردە دەپ ماختالغان. 1933-يىلى، ما شىمىڭنىڭ قىسمى ئۈرۈمچىگە يېقىنلىشىپ قالغاچقا، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلىشقا يۆتكەپ، مىچۈەن، فۇكاڭ قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان. "12-ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرىشىدە، شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ ھالىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلار بىلەن ھەمكار-لىشىشقا ماقۇل بولۇپ، ئوڭايلا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق — دۇبەنلىك ئورنىغا چىقىۋالغان.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مېنى ئالتاينىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى موسكۋادا چېن جۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇقتۇم. بۇ تارىخنى كېيىن بايان قىلىمەن. مېنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشۈم بولسا، مەن 1934-يىل 6-ئايدا ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولدى.

ئۇ 40 ياشلاردىن ئاشقان، خېلى گەۋدىلىك، قارا قاشلىق، كۆزلىرى يۇمۇلاق، بۇرۇتلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ سەل كىكەشلەپ سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن گويا كۆڭلىدە نېمە بارلىغىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، چوڭقۇر كۆزىتىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ مېنىڭ ئالتاي ۋە چۆچەكلەردىكى خىزمىتىمنى ماختىغاندىن

كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇرۇن ئېزىلگەنلىكى، شۇنىڭدەك ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ زوراۋانلىقى، چىرىكلىكى ۋە خىيانەتچىلىكى ئۈستىدە توختالدى. گويا قىزغىنلىقى تولۇپ تاشقاندەك: "سىلەرنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلىقىڭلاردىن خەۋىرىم بار، ھازىر بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشتى. لېكىن، شىنجاڭ بەك نامرات، بەك قالاق، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يەنىلا زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، سىلەرنىڭ بۇنىڭغا بارلىق كۈچۈڭلار بىلەن قاتنىشىشىڭ-لارنى ۋە ياردەم بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز ياش، ئۆزەمنىمۇ ياش دېسەم بولىدۇ. ھەممىمىز دۇنيا ئېقىمىغا ماسلىشىپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى" دېدى.

دەرۋەقە، ئۇ بۇ گەپلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن قىلغاچقا، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، بىر يىلدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ دۇبەنلىك ئورۇندا ئولتۇرۇش-ئولتۇرالماسلىقى بىر مەسىلە ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى جىن شۇرېننىڭ ئۇنىڭغا ئەيجىنى چىقىپ كەتكەن بوغچا قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى، ما جۇڭيىڭنىڭ كۈچىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ-دىكى نۇرغۇن جايلارغا كېڭەيگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ بەك چەكلىك بولغانلىقىدىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلەش بۇيرۇقى چۈشۈرمەي تۇرۇۋالغانلىقى ئىدى. شېڭ شىسەي 1933-يىل 4-ئاينىڭ ئاخىر-لىرىدا، ئاۋال نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ جەريانىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن چېن جۇڭنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق نەنجىڭغا ئەۋەتكەن، چېن جۇڭ يازما دوكلات بېرىپلا شىنجاڭغا

قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، 6-ئاينىڭ باشلىرىدا يەنە تاۋ مىڭيۈنى نەنجىڭغا ئەۋەتكەن. تاۋ مىڭيۈ لەنجۇغا بارغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىن ھال سوراش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن سەنمۇ ئىشتاۋنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى خۇاڭ مۇسۇڭ باشچىلىقىدىكى غايەت زور ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن ئۇچرىشىپ، خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن.

6-ئاينىڭ 10-كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ ئۆمەكنى باشلاپ شىنجاڭغا كەلگەن، بۇ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ئۇ ئېلىپ كەلگەنلەر ئىچىدە ھەر ساھەنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، بۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتكۈزۈۋالماقچى بولغان ئاساسىي كۈچ ئىدى. ئۇلار شىنجاڭغا كېلىپ ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن قويۇق ئۇچراشقان، يېقىندىلا شېڭ شىسەيگە ساداقەتلىك بىلدۈرگەن بەزى كونا تۆرىلەرمۇ بەس-بەس بىلەن بۇ "مەركەزدىن كەلگەن خادىم" بىلەن تونۇشقان. شېڭ شىسەينىڭ نەزىرىدە، بۇلارنىڭ ھەممىسى "كەلگۈچىنىڭ نىيىتى بۇزۇق، نىيىتى تۈز بولسا كەلمەيتتى" دېگەننى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرىنى گۇچۇڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ، دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، دۇبەن مەھكىمىسىدە جىددىي يىغىن چاقىرغان. چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەنلەر يىغىن زالىغا كىرىشىگىلا قولغا ئېلىنىپ، شەرق باغچىغا ئېپبېرىپ ئېتىۋەتكەن. ئاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي چېن جۇڭ قاتارلىق بۇ 3 ئادەمنىڭ "قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بولغان" جىنايەتلىرىنى يىغىن قاتناشچىلىرىغا ئېلان قىلغان. بۇ، شېڭ شىسەينىڭ

بەتنام چاپلاپ يات كۆچلەرنى يوقىتىشنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا خۇاڭ مۇسۇڭغا ھۇشۇڭنى بىل دىگىنى ئىدى.

چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەنلەر شېڭ شىسەينى يۆلەپ تەختكە چىقارغانلار ئىدى. شۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدىكى سىياسى ساھەدىكى زاتلار ئارىسىدا، شېڭ دۇبەن چېن جۇڭ قاتارلىقلار نەنجىڭدىن ھال سوراشقا ئەۋەتكەن خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈردى، دىگەن گەپلەر تارقالغان. ئادەتتىكى كىشىلەر بۇنىڭغا ئانچە ئىشەنمەيتتى ياكى پەقەت ئىشەنمەيتتى.

مەن موسكۋادا چېن جۇڭ بىلەن قىسقا ۋاقىتلىق ئۇچرىشىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ سىياسى ئىستىكى بار، قىزغىن، ئوچۇق كۆڭۈل ئىلغار ياش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىم. ئۇ، شېڭ دۇبەن، ليۇجۇشى خەلق ئۈچۈن ئىشلىمىسە، خەلق ئۇلارنى يۆتكىۋەتسە بولىدۇ، دىگەن ئىدى. بەلكىم ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەن بولۇشى، شېڭ شىسەي ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىمۇ خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن يېقىنلاشقان تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەنلەرگە قوشۇپ بىراقلا يوقىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چېن جۇڭنىڭ گومىنداڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، مېنىڭ بىلىشىمچە، ئادەتتە ئېيتىلغىنىدەك ئۇنداق قويۇق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسى گومىنداڭغا مايىل ئىدى دىيىش ناھايىتى تەس ئىدى. چېن جۇڭ ئاخىرقى قېتىم موسكۋاغا بېرىشتا ئاۋال تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل مو ۋېيتۇڭ بىلەن ئۇچراشقان. مو ۋېيتۇڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مەخپى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى

بېجىرىدىغان بىردىن-بىر مەسئۇل ئادىمى ئىدى. موۋېيتۇڭ، شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇزاققىچە ئەمىن تاپمىز دەيدىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىشى كېرەك، دىگەننى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ شۇ چاغدا، داۋالىنىمەن، دىگەن بانە بىلەن موسكۋادا ھەركەت قىلىۋاتاتتى، چېن جۇڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر مېھمانخانىدا ئىدى. شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىكى ئادەملەردە ئۆزگىرىش بولغاچقا، موۋېيتۇڭ كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتىپ كەتكەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چوڭچىڭدا ئۆلگەن.

تاۋ مىڭيۈنىڭ خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى راست. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يۆلىنىپ ئۆزىگە يول ئاچماقچى بولۇپ يۈرگەن ئىدى. دوستۇم فەن زۇخۇەننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 1933-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغاندا، تاۋ مىڭيۈ جۇ مىنيىگە بىر خەت ئەۋەتكەن ھەمدە جۇ مىنيى بىلەن كۆرۈشۈپ شىنجاڭنىڭ خەۋپلىك ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشىنى، مەركەزنىڭ بۇرۇنراق ئامال قىلىپ ھەل قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىشنى تاپىلىغان. خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈرۈمچىدە مەسلىھەتچىلەر مەھكىمىسى قۇرغاندا، تاۋ مىڭيۈ ئۇنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسى بولۇپ، قويۇق بېرىش-كېلىش قىلىپ، قانداق قىلغاندا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا ئىز بېسىپ تۇرالايدىغانلىقىنى پىلانلىغان. شېڭ شىسەي تاۋ مىڭيۈنى خۇاڭ مۇسۇڭ كۆرسۈن دەپ ئۆلتۈرگەن. شېڭ شىسەينىڭ سىياسى ئۆزگىرىش قىلغان 3 كىشىنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئۇنىڭ ۋاستىسىنىڭ زەھەرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خۇاڭ مۇسۇڭ چۆچۈپ، بۇنى كىچىك ئىش ئەمەس دەپ بىلگەن. ئىككى كۈندىن كېيىن، نەنجىڭغا ئۇچۇق رەقەملىك تېلېگىراما بېرىپ، شېڭ شىسەي،

ليۇ ۋېنلۇڭلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇغىنى بۇرۇنراق چۇشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. قىلىدىغان ئىشى قالمىغان خۇاڭ مۇسۇڭ 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غىپپىدە كېتىپ قالغان. 8-ئاينىڭ 1-كۇنى، نەنجىڭ هۆكۇمىتى ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي، جاڭ پېيىۋەنلەرنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۇمىتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى، ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ رەئىس، شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن، جاڭ پېيىۋەننىڭ ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش بىگى ۋە يېڭى تەشكىللىگەن 8-دىۋىزىيىنىڭ باشلىغى بولغانلىغىنى ئېلان قىلغان، شېڭ شىسەيىنىڭ هوقۇقى چوڭىيىپ كەتمىسۇن دەپ، جاڭ پېيىۋەن ئارقىلىق ئۇنى تىزگىنلىمەكچى بولغان.

شېڭ شىسەي بۇنىڭدىكى سىرنى بىلەتتى، شۇڭا ئامال قىلىپ ما جۇڭيىڭ، خوجا نىيازهاجى بىلەن ياراشماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا، نەنجىڭ هۆكۇمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ مىنىستىرى، قوشۇمچە ئەدلىيە مەمۇرىيىتى مىنىستىرلىگىنىڭ مىنىستىرى لو ۋېنگەننى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇ نامدا ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنىڭ قەسەم بېرىپ ئىش ئۆتكۇزۇۋېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش هەم مەركىزىي هۆكۇمەتكە ۋاكالىتەن قەسەمنى نازارەت قىلىش ئۇچۇن كەلگەن. ئەمىلىيەتتە، ئۇ، قۇمۇل، تۇرپان، چۆچەك، ئىلى قاتارلىق جايلارغا قاتراپ، ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيىۋەنلەرنى هەر جەهەتتىن ئۆزىگە تارتىپ، ئەقىل ئۇگەتكەن، شۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ سۆهبىتى بۇزۇلۇپ، جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى ئىلگىرى سۇرۇلگەن. شۇنداق قىلىپ شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ شەرقتىن، جاڭ پېيىۋەن غەربتىن قورشاپ هۇجۇم قىلىدىغان ئىنتايىن خەۋپلىك ئەهۋالغا چۇشۇپ قالغان.

# سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بايرىغىنى كۆتىرىپ چىقىشى

## شېڭ شىسەي بىلەن جاڭ پېيۇەن - ما جۇڭيىڭ ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى

ما جۇڭيىڭ جاڭ پېيۇەن بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ سىياسى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئەسلى ناچار ئورۇندا تۇرۇۋاتقان شېڭ شىسەينىڭ كۈنى تېخىمۇ قىيىنلاشتى.

زىمىن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ما جۇڭيىڭ شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەپ تۇراتتى، قۇمۇل، بارىكۆل، يەتتە قۇدۇقتىن تارتىپ تۇرپان، پىچانغىچە بولغان جايلار پۈتۈنلەي ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قولىدا ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەردىمۇ ئۇنىڭ بىر قىسىم كۈچى بار ئىدى. شىمال تەرەپتىكى ئالتاينى بولسا ما جۇڭيىڭنىڭ مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقى ما خېيىڭ ئىشغال قىلىپ تۇراتتى ھەمدە چۆچەككىچە قاراپ ئىلگىرىلەپ، دۆربىلجىننى ئىشغال قىلغان ئىدى. ئىلى تەرەپتە، جاڭ پېيۇەن بىلەن ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن، دەرھال شىخۇغا قاراپ ئىلگىرىلىدى ھەمدە شىخۇ، ماناسلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇرۇن جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن

ۋېي جېنگو ئالتايدىن چېكىنىپ كېلىپ گۇچۇڭنى ئىشغال قىلىۋالدى، ۋېي جېنگو كۆرۈنۈشتە ئۈرۈمچىگە بويسۇنمىغان دىگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە غەرىزى باشقا ئىدى. سانجى، قۇتۇبى، فۇكاڭ قاتارلىق جايلار ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماجۇڭيىڭ ئىشغال قىلىپ تۇرغان رايونلار ھۇجۇم قىلمەن دىسە ھۇجۇم قىلغىلى، چېكىنىشكە توغرا كەلگەندە مۇداپىئەلەنگىلى بولىدىغان جايلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى سېپى داۋانچىڭ، سايىپۇلاردىن ئۆتكەن، ئالدىنقى قاراۋۇللىرى تۇرغان يېرى ئۈرۈمچىگە 50 چاقىرىملا قالغان ئىدى. بۇ چاغدا، شېڭ شىسەينىڭ مۇداپىئە رايونى، ئەمەلىيەتتە، ئۈرۈمچى، چۆچەك، قۇتۇبى، سانجى، مىچۈەن، فۇكاڭ، جىمسار قاتارلىق بىرقانچە ناھىيە شەھىرىلا بولۇپ، كەڭ يېزىلارنى ئۇيغۇر، خۇيزۇ قوشۇنى ئىگەللەپ تۇراتتى، ئۈرۈمچىمۇ مۇھاسىرىدە قالغان ئىدى.

ئەسكىرىي كۈچ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى قىسىملىرى 6 مىڭچىلا كېلەتتى (يەرلىك قوشۇن 2 مىڭدىن كۆپرەك، شەرقىي شىمال قوشۇنى ئالاھەزەل 3 مىڭ ئىدى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى مىڭغا يەتمەيتتى). ئۇنىڭدىن باشقا سىرتقى ناھىيىلەردىكى پونكىتلارغا تارالغان ئاز سانلىق قىسىملار بولسىمۇ، ھەممىسى مۇھاسىرىدە قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇشتىن بىزار بولغان ئىدى، شەرقىي شىمال قوشۇنىدىمۇ گۇرۇھۋازلىق ئېغىر بولۇپ، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ھەممىسىنى تىزگىنلەپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن دۇشمەنلىشىۋاتقان ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى بولسا بۇ چاغدا كۆپىيىپ ئون نەچچە مىڭ كىشىگە

يەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ شىسەينىڭ قوشۇنىدا قېرى-
چۆرى، ئاقساق-چولاقلار كۆپ ئىدى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى
ياش، قابىل ئىدى. ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەننىڭ ئۆزى تىزگىنلەپ
تۇرغان ۋە ئۆزىگە تارتقان شەرقىي شىمال قوشۇنى بولۇپ ئالاھەزەل
8 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرى بار ئىدى، ما جۇڭيىڭ-جاڭ پېيۈەن
ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكىرى كۈچى شىڭ شىسەينىڭ ئەسكىرى كۈچىدىن
3 ھەسسىدەك كۆپ ئىدى.

تەمىنات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيۈەن مۇنبەت
يەرلەرنى ئىشغال قىلغان بولۇپ، ئاشلىق ۋە ئادەم كۈچىنى تولۇق-
لاشتىن قىلچىمۇ غەم قىلمايتتى؛ شىڭ شىسەي ئىشغال قىلىپ تۇرغان
بىرقانچە ناھىيە شەھىرىدە ئادەم ئاز، ئاشلىق ئاز بولۇپ، ئاشلىقى
كۆپ بولغاندا 2-3 ئايغىلا يېتەتتى.

كىشىلەر رايىدىن ئېيتقاندا، شىڭ شىسەي جىن شۇرېن دەۋرىدە،
دائىم ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاچقا، بەزى خەنزۇلارنىڭ مەلۇم دەرىجى-
دىكى ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، زىمچۈەنزى ئۇرۇشىدا زور
غەلىبە قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆسكەن ئىدى. بىراق،
”12-ئاپرېل“ سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ رەھبەرلىرىنى سوراق قىلمايلا
ئېتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىناۋىتى بارا-بارا چۈشۈشكە
باشلىدى. ”12-ئاپرېل“ سىياسىي ئۆزگىرىشىنى ھىمايە قىلغۇچىلار ۋە
ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار دەككە-دۈككىگە چۈشۈپلا قالماستىن،
ئادەتتىكى ئاممىمۇ ئالاقزادە بولۇپ قالغان ئىدى. قالايمىقانچىلىق
دەۋرىدە بىرمۇنچە كىشىلەر ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى.
ئۈرۈمچىدە قېپقالغان ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى-
نىمۇ تىترەك باسقان ئىدى. جىن شۇرېن دەۋرىدىكى كونا ئەمەلدار-

لارنىڭ كۆپچىلىكى جاڭ پېيىۋەنگە مايىل ئىدى، خۇيزۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ما جۇڭيىڭنى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى خوجا نىيازنى ھىمايە قىلاتتى، باشقا مىللەتلەر خەلقى شېڭ شىسەينى تېخىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققان دەسلەپكى چاغلاردا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئويلىمىغانمۇ ئەمەس. لېكىن نەنجىڭ تەرەپ ئۇنى قەستەن چەتكە قاققاچقا، ئۇ بۇ يولنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئەگەر ياپونىيىگە يېقىنلىشىشنى ئويلىغان بولسا، ياپونىيىدە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن يول تاپالماسلىقتىن غەم قىلمايتتى، لېكىن ئۇنداق بولغاندا، يەنىلا ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ كېلىۋاتقان شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ مىلتىقنى ئۇنىڭغا قارىتىشى تۇرغان گەپ ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شېڭ شىسەي پەيتنى پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، پايدا-زىياننى دەڭسەپ كۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشلا مەن ئۈچۈن نۆۋەتتە بىردىن-بىر ئاقىدىغان يول دەپ ھېساپلىغان. ۋاھالەنكى، يېقىندىلا كوممۇنىستلارنى قىرغان شېڭ شىسەينى سوۋېت ئىتتىپاقى قوللامدۇ، يوق، بۇنىڭدا قىلچە ئىشەنچ يوق ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ جاڭ يىۋۇغا ئېيتىشىچە، ئەگەر شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بېرىشنى خالىمىغان بولسا، ئۇ ئورۇمچىنى تاشلاپ، قىسىملارنى باشلاپ چۆچەككە بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىچكىرىگە كەتمەكچى بولغان ئىكەن.

# سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشنى كۆز - كۆز قىلىپ، تاشقى ياردەمگە ئىگە بولۇشى

1933 - يىل 5 - ئايدا، شېڭ شىسەي سىناپ بېقىش مەقسىدىدە،
تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلىنى سوۋېت ئىتتىپاقى
كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى زىلاتكىن بىلەن كۆرۈشۈشكە
ئەۋەتىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزا-
لىغان «سوۋېت ئىتتىپاقى - شىنجاڭ سودا كېلىشىمى» ئاساسىدا،
ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ياخشىلايدىغانلىقىنى بىلدۈر-
گەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرىسى
نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ
ئۆز چېگرىسى سىرتىدا بىر دوستانە ھاكىمىيەتنىڭ بولۇشىنى ئۈمىت
قىلاتتى، ئەلۋەتتە، شۇڭا زىلاتكىن دوست ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىنى
بىلدۈرگەن. ئەتىسى شېڭ شىسەي چېن دېلى ئارقىلىق باش كونسۇل
زىلاتكىن، مۇئاۋىن باش كونسۇل گارىن ۋە كونسۇلخانىنىڭ تەر-
جىمانىنى ئۆيىگە چايغا چاقىرغان. غىزادىن كېيىن كۇتۇپخانىسىدا
بولغان سۆھبەتتە، ئۇ باش كونسۇلغا ئۆزىنىڭ «كاپىتال»، «كوممۇ-
نىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، «لېنىنىزىم مەسىلىلىرى» دېگەنگە
ئوخشاش كىتاپلىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇ باش كونسۇللارغا، بۇ كىتاپ-
لارنى مەن يوشۇرۇن ساقلاپ كەلدىم①، مەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىم-

---

① كېيىن جاڭ يىۋۇنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ
كۇتۇپخانىسىغا كىتاپ ئارىيەت ئېلىشقا كىرىپ، نۇرغۇن كىتاپلارنىڭ چېن
جۇڭنىڭ كىتاپلىرى ئىكەنلىكىنى، بىرقانچە كىتاپتا چېن جۇڭنىڭ پېچەت-

دىن تارتىپلا سوتسىيالىزمغا ئىتىقات قىلاتتىم، جىن شۇرىن ئاق تېروورلۇق يۈرگۈزگەن چاغلاردىمۇ دائىم ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە سوتسىيالىزمنى تەتقىق قىلدىم؛ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يولىدا ماڭغاندىلا جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى بولىدۇ دەپ قارايمەن، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭدا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى خالايمەن؛ ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيۈەنلەر گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى، ئۇلارنى يوقاتقاندىلا، شىنجاڭدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن. زىلاتكىن شېڭ شىسەينىڭ پىكرىنى موسكۋاغا مەلۇم قىلىشقا ماقۇل بولغان. زىلاتكىن قاتارلىقلار خوشلىشىدىغان چاغدا، شېڭ شىسەي ئۇلارغا بىر كىشىلىكتىن قىممەتلىك سوغا تەقدىم قىلغان. زىلاتكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە شېڭ شىسەي ھەققىدە بىلىدىغان ئەھۋاللىرىنى مەلۇم قىلىپ، شېڭ شىسەي كوممۇنىزمغا ئىتىقات قىلىدىكەن، ماركسىزم، لېنىنىزمنى تەتقىق قىلىشتىن خېلى تەسىراتلارغا ئىگە ئىكەن، دېگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەرھال جاۋاپ بەرمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ قەدەممۇ-قەدەم قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىغا

كىسى بارلىقىنى، بىر كىتاپقا چىن جۇڭنىڭ تامغىسى بېسىلغانلىقىنى كۆرگەن. بايا بۇ كىتاپلار چىن جۇڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇسادىرە قىلىنغان كىتاپلار ئىكەن. جاڭ يىشۈ يەر ئاستى پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، چىن جۇڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. جاڭ يىشۈ ئۇ چاغدا، توپچىلار يىگىنىڭ مۇئاۋىن يىڭجاڭى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى تۈەنىنىڭ سەنمۇجاڭى، پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

تاقابىل تۇرالـماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن، شىڭ شىـسەي 10 ـ ئايـدا يەنە چىن دۆلىتى بىلەن ياۋ شيۇگىنى بىۋاسـتە ياردەم سوراش ئۈچۈن موسكۋاغا ئەۋەتتى.

11 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىـپاقى ھۆكۈمـىتى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمـىتى بىلەن دوسـتانە مۇناسـۋەت ئورنىـتىش ئۈچۈن، شەرق ئىشلىرى بىلەن تونۇشلۇق بولغان گېئورگىن ئابراموۋىچ ئاپرېسسوۋنى شىڭ شىسەينى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىش مەقسىتىدە، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئەلـچى دەرىجىـلىك باش كونـسۇل قىلىـپ تەيىنـلەپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ موسكۋاغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى چىن دۆلـىتى بىلەن بىرلىكـتە شىنجاڭـغا ئەۋەتـتى. ئاپرېسسوۋ چىـن دۆلـىتى بىلەن كونا تونۇش ئىدى، ئەينى يىللاردا چىن دۆلىتى تاشكەنتتە باش كونسۇل بولۇپ تۇرغاندا، ئاپرېسسوۋ شۇ جايدا تاشقى ئىشلار ئىـدارىسـىنىڭ باشلىقى ئىدى.

ئاپرېسسوۋنىڭ كېلىـشى شىڭ شىسەيـنىڭ سوۋېـت ئىتتىـپاقـىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىنىڭ تۇنجى نەتىجىسى بولـدى. شىڭ شىـسەي ھەرقانـداق ئىشتا ئاپرېسسوۋ بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى، ئۇنىڭ سىزىقىـدىن چىقمايتـتى، شۇڭـا ئاپرېسسوۋ ئۇنى ياخـشى كۆرۈپ، ئۇنىڭـغا ئىشىنىپ كەتـتى. جاڭ يىۋۇ قاتارلىقـلار ئاپرېسسوۋنى شىڭ شىـسەيگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەتمەڭ دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئاپرېسسوۋ شىڭ شىسەينىڭ سىلىق ـ يۇمشاق گەپلىرى بىلەن قايـمۇقۇپ، شىڭ شىسەيگە كۆپ مەدەت ۋە ياردەم بەردى.

1934 ـ يىل ئەتـيازدا، شىڭ شىـسەي جاڭ يىـۋۇنى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مائارىـپ نازارىتىـنىڭ نازىـرى جاڭ شىـنىڭ كېسىلـىنى كۆرسەتكىلى ۋە شىڭ شىسەينىڭ 5 ـ ئىنىسى شىڭ شىجىنى موسكۋادا

ئۇقۇشقا ئېپبېرىپ قويغىلى بارىدۇ دېيىلگەن نام بىلەن، ئەمەلىيەتتە، موسكۋاغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قوراللاندۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان بارلىق قورال-ياراق، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا جابدۇقلارنى بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ "سەممىيىتى"نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جاڭ يىۋۇدىن موسكۋاغا بېرىپ، ئۇنى كومپارتىيىگە تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە جاڭ يىۋۇغا، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پارتىيە تەشكىلاتى قۇرساق بولىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭدا ئىشلەش ئۈچۈن پارتىيە ئەزالىرىدىن ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلىڭ، دىگەن.

4-ئايدا، جاڭ يىۋۇ جاڭ شىن، شېڭ شىجىلارنى ئېلىپ موسكۋاغا باردى. جاڭ شىنىنىڭ كۆزىنى داۋالىتىشنى ساقلاپ، 3-4 ئاي تۇرۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ كىچىك مىللەتارىست ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىستلارنى قىرغانلىقىنى، ھاكىمىيىتى خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقى ئۈچۈنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ "سەممىيىتى"دىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، لېكىن چېگرىسىنىڭ تېنچ-ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شېڭ شىسەيگە مۇمكىن بولغان بەزى ياردەملەرنى بەردى. شېڭ شىسەي 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا كېرەكلىك جابدۇق بېرىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا قوشۇننى رەتكە سېلىپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1935-يىلى شېڭ شىسەي مېنى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى 5 مىليون رۇبلى قەرز بېرىش توغرىسىدىكى

新疆 维

توختامغا ئىمزا قويۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى (كونكرېت جەريانلار ئۈستىدە تۆۋەندە مەخسۇس توختىلىمەن). بۇنىڭ 1 مىليونى تاشيول ياساشقا، قالغانلىرى قورال-ياراق سېتىۋېلىشقا، زاۋۇت قۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇدى، مەكتەپ، دوختۇرخانا سېلىشقا ياردەملەشتى. شۇ چاغدىلا، شىنجاڭدا ئىقتىسات، مائارىپ، مەدەنىيەت جەھەتلەردە بەزى قۇرۇلۇشلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

كادىر ئەۋەتىش مەسىلىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى كېيىن، ۋاڭ لىشياڭ (زېڭ شيۇفۇ)، ۋاڭ شۇچېڭ (يۈ شيۇسۇڭ)، ليۇ شىيەنچېڭ (رېن يۆ)، مەنسۇر (ئۇيغۇر)، لۇەن باۋتىڭ (جى جۈ)، ۋەن شەنتىڭ (جاڭ يىفەن)، جېڭ يىجۈن، ۋاڭ باۋچيەن (جاۋشى)، يۈ چېڭفا، جاۋ يۈنرۇڭ، گاۋ شيۇيىڭ (ۋاڭ يى)، چېن پېيشېڭ (ليۇ جىڭجۇڭ)، جاۋ گويۇەن (جاۋ يۈشى)، ئاباي (قازاق)، قادىرھاجى (ئۇيغۇر)، سىيىتھاجى (ئۇيغۇر)، قاسىم (ئۇيغۇر) ۋە جى چاۋدىڭنىڭ رەھبەرلىكى قاتارلىق ئون نەچچىلا ئادەمنى ئەۋەتتى.

شېڭ شىسەينىڭ جاڭ يۈۋۇنىڭ موسكۋاغا قىلغان سەپىرىدىن نارازى بولغان بىرلا يېرى ئۇنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە تونۇشتۇرمىغانلىقى بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ھەم پارتىيە ئەزاسى بولۇشقا شەرتى توشمايتتى، ھەم ئۆزى يوق ئادەمنى پارتىيىگە قوبۇل قىلغىلى بولمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا ئوبدان ئىشلەپ تۇرۇڭ، پۇرسەت بولسا كەلگۈسىدە كىرەرسىز دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. شېڭ شىسەي 1938-يىلى موسكۋادىن قايتىپ كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىسىگە

گىردىم، دېگەن ئىدى، راست شۇنداقمۇ، بۇنى ئۇققىلى بولمايدۇ.

يۇقۇرىقىلار شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىغا دائىر قىسقىچە ئەھۋال.

ئەمەلىيەتتە، شۇ چاغدا، شىنجاڭدىكى باشقا ئىككى گۇرۇھمۇ ئۆزلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوينىغا ئېتىش كويىدا ئىدى. خوجا نىياز قۇمۇلدىكى چېغىدا نۇرغۇن قېتىم تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنچىلىق قىلغان. 1934-يىل 7-ئايدا، ئۇنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن مۇرەسسەگە كېلىشىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن بولغان، بولمىسا ئۇ قوشۇنىنى ھەرگىزمۇ شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، نامدىكى مۇئاۋىن رەئىس بولمىغان بولاتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىدىمۇ ئىدىيىسى ئىلغار كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى، ئاق تېررورلۇق تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ پارتىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان، مەسىلەن، جاڭ ياشاۋ، سۇ جىشەن، ۋۇ يىڭچى قاتارلىقلار. ئۇلار ما جۇڭيىڭغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلەنگەندىلا، ئاندىن شىنجاڭدا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ، دەپ كۆچىنىڭ بېرىچە نەسىھەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە قىلىشقا رۇسچە بىلىدىغان خوي داشەننى ئالتايغا ئەۋەتمەكچى بولغان، بىراق گۇچۇڭ قولدىن كەتكەچكە، ئۇ يولغا چىقالمىغان. ما جۇڭيىڭ چېكىنىپ قەشقەرگە بارغاندا، ئۆزى سوۋېت

ئىنتىپاقى كونسۇلخانىسىغا كىرىپ ئالاقىلەشكەن. ئۇ قەشقەردە
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇن نەچچە مىڭ ئەسكىرىنى يەركەن،
خوتەن تەرەپكە چېكىنىش ئۈچۈن ما خۇشەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى
سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا چېكىنىپ كىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
بولغان يېقىنلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ — 1934-يىل 6-ئاينىڭ 7-
كۈنىدىكى ئىش.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئۆز ئويى بار ئىدى. جاھان-
گىرلار ئەزەلدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى
ئۇنىڭ بىر ئاجىز ھالقىسى دەپ قاراپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن
كېيىن بۇ جايغا سىڭىپ كىرىشنى زادىلا توختاتمىغان ئىدى، ئۇلار
شىنجاڭنى بولسا بۇ جايغا سىڭىپ كىرىشنىڭ پوختا كۆۋرۈكى دەپ
قارايتتى. بولۇپمۇ 1931-يىلى قۇمۇل ۋەقەسى بولغاندىن كېيىن،
جاھانگىرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا قاراتقان ھەركىتىنى
تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. 1931-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى توپىلاڭ كۆتەرگەن قىرغىز
جانابەك ۋە ئۆزبەك سىپتۇۋالدىجان شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىغا قېچىپ
كەلگەن ئىدى، دەل شۇ چاغدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇقلۇق
ئارمىيىسىنىڭ ئەپتىسەرى سىدىخۋا باشچىلىقىدا قېزىپ تەكشۈرۈش
ئەتىرىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھىندىستان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا
ئەۋەتتى. ياپونىيىنىڭ تيەنجىندە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىمۇ قۇمۇل ۋە-
قەسى بولۇپ يېرىم يىلدىن كېيىن جاسۇس دا شىجۇڭ (ئۆزگەرتكەن
ئىسمى يۇ خۇاتىڭ)نى غەرپكە ئەۋەتتى. ياپونىيىنىڭ كابۇل، قاھىرە،
بېرلىن قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئورگانلىرى شىن-
جاڭغا دائىر ئاخباراتلارنى جىددىي توپلىدى ھەمدە پانتۈركىزمچىلار

بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى كۆپەيتتى①. فاشىزىم گېرمانىيىسىنىڭ
بېرلىن شەھىرىدە چىقىدىغان «مىللەتلەرنىڭ يېڭى يولى» ۋە ياپو-
نىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە چىقىدىغان «يېڭى ياپونىيە خەۋەرلىرى»
دە، ئاشۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى جۇڭگودىن
ئايرىلىشقا قۇترىتىدىغان ماقالىلار دائىم چىقىپ تۇردى. بۇ پاكىتلار
سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىئارام قىلدى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
يېقىنلىشىش دېگەنگە ئوخشاش سىياسەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئېتىۋارىنى قوزغىدى. ئۇ بۇ ھاكىمىيەتكە ياردەم بېرىپ، جاھانگىر-
لارنىڭ پانتۈركىزمچىلار ئارقىلىق شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قارشى ھاكىمىيەت قۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشىنى توساش ۋە تارمار
قىلىشنى خالايتتى. 1933 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ «ھەقىقەت» گېزىتى جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان
سۇيىقەستىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە پاش قىلىپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى
ئىسلاھ قىلىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش دېگەنگە ئوخشاش
سىياسەتلەرنى ئېلان قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك توپىلاڭچىلارنىڭ يولباش-
چىلىرى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى
مۇمكىنلىكىگە دائىر خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ شېڭ
شىسەي ھۆكۈمىتىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئۈمىت كۈتىۋاتقانلىقىنى

---

① ئەينى چاغدا، بېرلىن، كابۇل، ئەنقەرە قاتارلىق شەھەرلەر ئەزەر-
بەيجان، ئۆزبەكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا قارشى سەرگەردانلىرىنىڭ پانالىنىش جايى بولۇپ قالغان ئىدى.

بىلدۈرۈپ تۇردى.
ما جۇڭيىڭغا كەلسەك، ئەينى چاغدا ئۇنى ياپون جاھانگىرلىگى
بىلەن تىل بىرىكتۈردى دىگەن خەۋەرلەر كۆپ تارقالغانلىغى ھەمدە
ئۇنىڭ قوشۇنىدىن ھەقىقەتەن ياپونىيە جاسۇسى دا شىجۇڭ تىپىلغاند-
لىغى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇنى قوللىماسلىغى تۇرغان گەپ
ئىدى. خوجا نىيازنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن بۇرۇنلا ئالاقىسى
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئىدىيىسى مۇرەككەپ
ئىدى، ئۇلارنىڭ جاھانگىرلارنىڭ قۇترىتىپ ئازدۇرۇشىغا تاقابىل
تۇرالىشى ناھايىتى تەس ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغىمۇ ئانچە ئىشىنىپ
كەتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاخىر شېڭ شىسەينى قوللاش قارارىغا
كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن-
لۇق ئەمەلىي باشلىغى ئىدى.
1941 يىل 10-ئايدا، سۇن كې شياڭگاڭ داشۆسىدە سۆزلىگەن
نۇتقىدا، ئۆزىنىڭ 1939-يىل 4-ئايدا موسكۋادا ستالىن بىلەن
قىلغان سۆھبىتىدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىغىنى ئېيت-
قان. ستالىننىڭ شۇ چاغدا ئېيتىشىچە، ئەينى يىللاردا سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىشى شېڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن قانۇنلۇق
ھۆكۈمەت ئىكەنلىگى، ما جۇڭيىڭ بولسا ياپونىيىدىن ئىقتىسادىي
ياردەم ئېلىۋاتقان خائىن ئىكەنلىگىدىن بولغان. ئەگەر ما جۇڭيىڭ
ياپونىيىنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭنى ئىگەللەيدىغان بولسا، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىمۇ خەۋپكە ئۇچرايتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورى-
غاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو قوشۇنىچە كىيىنگەن ئىككى يىلىڭ

ئەسكەرنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ما جوڭ-يىڭنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشۇپ بەرگەن. ۋەقە تىنچىتىلغاندىن كېيىن بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنىنى دەرھال چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى چاغدا ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە بەرگەن ئىقتىسادىي ياردىمى جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋاستىلىك ھالدا بېرىلگەن ياردەم. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ئىقتىسادىي، سانائەت جەھەتلەردە بېرىلگەن ياردەمنىڭ خاراكتېرىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش①.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشنى كۆز-كۆز قىلىپ، تاشقى ياردەمگە ئېرىشىش شىڭ شىسەينىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتىكى بىر مۇھىم ۋاستىسى؛ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش مۇقامىنى تۈۋلاپ، بۇ ئارقىلىق خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈش بولسا ئۇنىڭ يەنە بىر ۋاستىسى بولدى.

## جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش مۇقامىنى تۈۋلاپ، خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈشى

ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قەدەممۇ-قەدەم ئىچكىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇنقەرز بولۇشىغا ئالاقىدار بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭ-

① ۋۇ ئەيچىن: China and Soviet Union، نيۇ-يورك 1950-يىل نەشرى، 257 — 258-بەتلەرگە قارالسۇن.

دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق دىققىتىنى قوزغىدى.

لېكىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى خەلققە زادىلا ئۇق- تۇرمىدى، ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىق ۋە تەربىيە ئېلىپ بېرىشىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ئەك- سىچە، جاھانگىرلار ۋە پانتۈركىزىمچىلار بولسا جۇڭگو ۋەزىيىتى ۋە خەلقارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا ئاغدۇر- مىچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

1933-يىل 4-ئايدا، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1934-يىل 3-ئايدا ئۇرۇمچى شەھىرى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تېچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش شوئارىنى خەلق ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلتۈ- رۈش شوئارى قىلدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىدا، شېڭ شىسەي ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ، بەزىدە ئۆزى ھەر خىل يىغىلىشلاردىن پايدىلىنىپ، ئىدارە كادىرلىرىغا، ئوقۇتقۇچىلارغا، ئوقۇغۇچىلارغا ۋە شەھەر خەلقىغە جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىنى، "18- سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن بۇيان ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا قىلغان جىنايى ھەركەتلىرىنى سۆزلىدى؛ ماجۇڭيىڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ پانتۈرك- ىزىمچىلار گۇرۇھىنى ياپونىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى دەپ ئەيىپلىدى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى ھۆكۈمەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى بولۇشىنى قوغداپ، خىلمۇ-خىل دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلىشىنى ۋە

شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى تەكىتلىدى.

1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۈرۈم‍ـ چىدە شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى خاتى‍ـ رىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، شۇ كۈنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسى قوشۇنىغا جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇن دەپ نام بېرىلدى ھەمدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسىدە، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق دەپ يېزىلدى:

1 ـ ماددا: شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشقان سىياسى تەشكىلاتى، ئۇ سۇن جوڭشەن زۇڭلىنىڭ مىللى مەسىلىگە ئەمەل قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ مەڭگۈلۈك زېمىنى قىلىپ مۇئەييەنلەش‍ـ تۈرىدۇ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى تېچلىقنى بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى مۇستەملىكە قىلىۋالماقچى بولغان جاھانگىرلارغا قەتئى قارشى تۇرىدۇ.

2 ـ ماددا: ئۇيۇشمىمىز شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، دۇنيادىكى جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشىنى بارلىق كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىدۇ.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى تەشكىلىي جەھەتتە قۇرۇلتايدا سايلانغان 29 ئادەمدىن ئىجرائىيە كومىتېتى تەسىس قىلدى، يەنە 5 كىشلىك تەپتىش كومىتېتى سايلاپ چىقتى، قۇرۇل‍ـ تاينى ئالىي ئورگان قىلدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ دەسلەپكى ئەزالىرى مۇشۇ ئۇيۇشما رەسمىي قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىڭ شىسەي بەلگىلىگەن ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئىدى، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى ھۆكۈمەت خادىملىرى، مائارىپ خادىملىرى، قىسمىلاردىكى ئەپتسەرلەر ۋە ئالى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

ئۇيۇشمىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا شىڭ شىسەي قاتناشتى. ئۇنىڭ نۇتقى كېيىن «شىڭ دۇبەن نۇتۇقلىرى»غا كىرگۈزۈلدى. مەنمۇ بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشتىم ھەمدە مۇئاۋىن رەئىس خوجا نىياز نامىدىن سۆز قىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تەشۋىقاتىغا ماسلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، جاھانگىرلارنىڭ بارلىق سۇيىقەستىنى تارمار قىلىش كېرەك دەپ كۆرسەتتىم. قۇرۇلتايدا سايلانغان ئۇيۇشمىنىڭ دائىمى ھەيئەتلىرىنىڭ كۆپچىلىگى شىڭ شىسەينىڭ يېقىنلىرى ئىدى، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە رەئىس لى رۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس خوجا نىياز بار ئىدى.

دائىمى كومىتېتنىڭ قارىمىقىدا كاتىۋات باشقارمىسى، لاۋازىمات، تەشكىلات، تەشۋىقات، ياشلار، ئاياللار، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق بۆلۈملەر بار ئىدى. مەن خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلاندىم.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدا، دەسلەپتە كومىتېت باشلىقى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، خې يۈجۇ كومىتېت باشلىقى، لاڭ داۋخېڭ باش كاتىپ، ۋاڭ لىشى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، شۇ لىيەن تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، چېڭ دۇڭبەي ياشلار بۆلۈمى باشلىقى بولدى. بۇلار شىڭ شىسەينىڭ يۇرتداشلىرى بولۇپ، ياپونـ

يىسىدە ئوقۇغان، 1934 - يىلى شىڭ شىسەيىنىڭ تەكلىۋى بويىچە
شىنجاڭغا كەلگەن.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق
ئۆتمەي، جاھانگىرلىككە قارشى كۇرس ئېچىلىپ، بۇ كۇرس بىر سىنىپ-
تىن بىرقانچە سىنىپقا كېڭەيتىلدى، كۇرستا ئىدارە كادىرلىرى،
ئالى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى، قىسىملار-
نىڭ ئەپىتسەرلىرى تەربىيىلەندى. جاھانگىرلىك توغرىسىدا، سىياسى
ئىقتىسات، ئېقىم مەسىلىلىرى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. جاھانگىر-
لارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى توغرىسىدىكى دەرسنى
مەن ئۆتكەن ئىدىم. كۇرستا ئەتىگەنلىگى ۋە كەچتە دەرس ئۆتى-
لەتتى، كۇرسقا كۆپ كىشى قاتناشقان، ئۆگىنىشمۇ خېلى ئەستايىدىل
بولغان. يىغىلىش، بايرام كۈنلىرى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۇيۇشمىسىدىكىلەر شوئار، تەشۋىق ۋارىقى چاپلايتتى، تام گېزىتى
چىقىراتتى، تەشۋىق ۋارىقى تارقىتاتتى ھەمدە كوچىلارغا چىقىپ
نۇتۇق سۆزلەيتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسى شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ
باقمىغان ئىدى. بۇ خەۋەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەرگە يېتىپ بارغاندا،
ئادەتتىكى كىشىلەر شىنجاڭنى سىياسى جەھەتتە ئىلغار ئۆلكە دەپ
ھىساپلاشتى، ئەكسىيەتچىلەر بولسا شىنجاڭ "قىزىللىشىپ كەتتى"
دەپ ئىغۋا تارقىتىشتى.

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بايرىغىنىڭ كەينىدە

شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، جاھانگىرلىككە

قارشى تۇرۇش سىياسىتى توغرىسىدا، بۇ يەردە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش-
كە تېگىشلىك ئىككى ئىش بار.

1. شېڭ شىسەي دەسلەپتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولۇۋېلىپ، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنى قىلىپ قوشۇۋېتىشىنى ئىككى قېتىم تەلەپ قىلغان. ئۇ 1933-يىلى بۇ تەلەپنى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغاندا، باش كونسۇل ئاپرېسوۋ بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس دەپ قارىغان. نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قارشىلىقىدىن ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئارىلىشىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاپرېسوۋ شېڭ شىسەيدىن "شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى بولۇشىغا كاپا-لەتلىك قىلىش" شوئارىنى چىڭ تۇتۇپ تەشۋىق قىلىشنى نۇرغۇن قېتىم تەلەپ قىلغان. بۇ شوئار كېيىنكى چاغلاردا شېڭ شىسەينىڭ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتىكى تىلتۇمارى بولۇپ قالدى!

جاھانگىرلىككە، بولۇپمۇ ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گۇاڭتيەن-نىڭ "شىنجاڭ سوۋېتلىشىپ كەتتى" دېگەن تۆھمىتىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، 1935-يىل 1-ئاينىڭ 28-كۈنى مولوتوۋ پۈتۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مۇنداق دەپ جاكالىدى:

"مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ھەقىقى سىياسى-تىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈر دەپ ھېساپلايمەن: سوۋېت ئىتتىپاقى-نىڭ قارىشىچە، باشقا دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسىنى تارتىۋېلىش سوۋېت سىياسىتى بىلەن سىغىشالمايدۇ، ئۇ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ مۇستەقىللىقى، پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگە-

لىك ھوقۇقىنى قەتئى قوغدايدۇ."①

2. شېڭ شىسەي "جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرىنى تازىلاش" دىگەن نىقاپ بىلەن يات كۈچلەرنى يوقاتتى.

مەن يۇقۇرىدا سىياسى ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈش شېڭ شىسەينىڭ يات كۈچلەرنى يوقىتىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىگىنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇنىڭ كەينىدىن 1933 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۆلكە رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭنى نەزەربەنت قىلىپ قويدى ۋە شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىنى يوقاتتى.

ليۇ ۋېنلۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىزچىل تۈردە، قايتا ئۆزۈش قىلماسلىقنى، ما جۇڭيىڭنىڭ مەسىلىسىنى ھامان سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇنداق پىكىرگە قوشۇلىدىغانلارنىڭ بەزىلىرى تېخى شىنجاڭنى ئىككى ياكى ئۈچ ئۆلكە قىلىپ ئايرىپ، بۆلۈنمە بولۇۋالغان كۈچلۈك تەرەپلەرنىڭ توقۇنۇشىنى ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. بۇ ھال شېڭ شىسەينىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا توسقۇنلۇق بولىدىغانلىغىدا گەپ يوق ئىدى. ئۇ ئاۋال ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىدىنىڭ باشلىغى يەن ليەننى قولغا ئالدى، قاتتىق قىين ـ قىستاق ئاستىدا، ئۇ ليۇ ۋېنلۇڭ ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى، دەپ ئىقرار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باشقا كىشلەرنىمۇ چىشلەپ تارتقان. شېڭ شىسەي ليۇ ۋېنلۇڭنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ ئات ئېغىلىغا نەزەربەنت قىلىپ قويدى. تېخى ليۇ ۋېنلۇڭغا يۈز خاتىر قىلىپ،

---

M. Beloff: The Foreign Policy of Soviet Russia, ①
Vol 1, P. 237–238.

ئۇنى ئۆلتۈرمىدى. قالغان چىشلەپ تارتىلغانلارنى ئۇزاق ئۆتمەي تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈردى①.

شېڭ شىسەي شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىنى، ئاساسەن، ئارمىيە ھوقۇقىنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلىپ تازىلىغان ئىدى. شۇ چاغدا، شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئۆز باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسلا شېڭ شىسەينىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋەرمەيتتى. شېڭ شىسەي بۇ قوراللىق كۈچنى ئۆز چاڭگىلىمغا ئالمسام، ھاكىمىيىتىم ئىز بېسىپ تۇرالمايدۇ دەپ قارايتتى.

شېڭ شىسەي شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىمۇ، جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن بايلىقى بولغان ئاق ئورۇسلار ئاقساقىلى گېمېركىنىنىمۇ يوقاتتى. بۇ ئادەمنىڭ لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، ئۇلار شېرىكلىشىپ نۇرغۇن يىلغىچە ئوقەت قىلغان، ئۇلارنىڭ ما جۇڭيىڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى پىكرى تامامەن بىردەك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەينىڭ ئاق ئورۇسلار ئارىسىدىكى ئەمەلىي كۈچى بار شەخس-لەرنى يوقىتىشىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆزىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈشتىكى بىر ۋاستە ئىدى.

شۇ چاغدا بەزىلەر، شېڭ شىسەي قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئازغىنا كۈچى بىلەن يات كۈچلەرنى كەينى-كەينىدىن يوقىتالىدى؟ دەپ

---

① شېڭ شىسەي لىيۇ ۋېنلۇڭنى ئاغدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، جۇ رۇيشىنى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تۇرغۇزدى، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي كېسەل بىلەن ئۆلگەن-دىن كېيىن، شېڭ شىسەي يەنە لى رۇڭنى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تۇرغۇزدى. بۇ ئىككىسى شېڭ شىسەينىڭ سىزىغىدىن چىقمايدىغان قورچاقلار ئىدى.

ھەيران قېلىشقان ئىدى. شېڭ شىسەي يات كۈچلەرنى يوقىتىش جەريانىدا، ھامان چاققان ھەركەت قىلىپ، زەھەرلىك ۋاستىلەرنى قوللانغاچقا، يوقىتىلغۇچىلار بىرەر تەدبىر قوللىنىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئۇ شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىنى يوقىتىشتا بولسا يېنىغا تارتىش، سېتىۋېلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك بەزى ئەپىسەرلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەپىسەرلەرنى پۇت-قولىدىن ئايرىپ قويدى. مەسىلەن، شېڭ شىسەي خېيلۇڭجياڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش قوشۇنىنىڭ يىڭجاڭى سۇن چىڭلىن، جىلىن قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ تۇەنجاڭى جياڭ يۇفېڭنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاچقا، 15-لۈنىڭ لۈجاڭى جېڭ رۇنچېڭ، 17-لۈنىڭ لۈجاڭى يىڭ جيەنبياۋ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى ياڭ ياۋجۈن قاتارلىقلار يىغىن ئۈستىدە قولغا ئېلىنىغاندا، شەرقىي شىمال قوشۇنىدا ھېچقانداق تەۋرىنىش بولمىدى، شېڭ شىسەي جېڭ رۇنچېڭ قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇن چىڭلىن، جياڭ يۇفېڭلارنى دەرھال تۇەنجاڭ، لۈجاڭ قىلىپ ئۆستۈردى. شۇنداق قىلىپ 1933-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن شەرقىي شىمال قوشۇنى شېڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتتى.

1934-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شېڭ شىسەي يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تازىلاش يۈرگۈزدى. گومىنداڭ بىلەن ئالاقىسى بار ئەمەلدارلارنى ئاساسلىق تازىلاش ئوبيېكتى قىلدى.

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي شىماللىق گاۋ شىبىڭنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، شېڭ شىسەينىڭ دوستى پېڭ جاۋشيەننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى

قىلىپ تەيىنلىدى. بۇلارنىڭ C C گۇرۇھى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى ۋەزىپىسى شېڭ شىسەينى ئەنگلىيىگە مايىل قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئىچكى سىرى ھەم ھەركىتىنى رازۋېت قىلىش ئىدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش يولىغا مېڭىپ، بۇ ئىككىسىنى ئاستىرتىن نازارەت ئاستىغا ئالدى.

ئالاھەزەل شۇ يىلى 9 ـ ئايدا بولسا كېرەك، شېڭ شىسەي ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باشلىقى سۇ شاگدانى سۈيىقەست قىلىۋاتىدۇ، تاپانچا سېتىۋالدى، يولدىن چىقماقچى دەپ قولغا ئالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جىن XX نى تۈرمىگە تاشلىدى. سۇ شاگدا ئامېرىكىدا ئوقۇغان ئىقتىساتشۇناس بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ كونا تونۇشى ئىدى، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزى تېلېگىرامما بېرىپ تەكلىپ قىلىپ ئېپكەلگەن ئىدى. جىن XX شېڭ شىسەينىڭ يۇرتدىشى بولۇپ، 1934 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بەزىلەر بۇلارغا چېتىلىپ تۈرمىگە تاشلاندى. گاۋ شىبىڭ بىلەن پېڭ جاۋشيەن مۇشۇنداق خەۋپ ئاستىدا ئىچكىرىگە تىكىۋەتتى. كېيىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى پېڭ جاۋشيەننى يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىپ ئېلان قىلدى، لېكىن پېڭ جاۋشيەن كېلىشكە پېتىنالمىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، C C گۇرۇھىدىكى ياڭ مېڭجۇمۇ شۇ چاغدا تازىلاپ چىقىرىلدى. ياڭ مېڭجۇ شەرقىي شىمالىلىق بولۇپ، ئامېرىكىدا ئوقۇغان. 1933 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىۋى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى بولغان. ئىپتىلىشلارغا قارىغاندا

دا، ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن چارقىلىقنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا
شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇندىكىلەر ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىمىش.
لېكىن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شېڭ شىسەي ياڭ مېڭجۇ دۇڭ-
خۇاڭغا قېچىپ كېتىپ بارغاندا، چارقىلىقتىكى ئۇيغۇرلار ئۆلتۈرۈۋەت-
تى، دەپ جاكالىغان ئىمىش. ياڭ مېڭجۇنىڭ نەنجىڭ تەرەپ بىلەن
ئالاقىلىشىش ئۈچۈن، شۇ چاغدا دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق ئادەم ئەۋەتكەنى-
لىكى راست.

شېڭ شىسەي يۇقۇرىدا ئېيتىلغان يات كۈچلەرنى يوقىتىشنى "جاھان-
گىرلىكنىڭ غالچىلىرىنى تازىلاش، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ جاھانگىرلىككە
قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى" دەۋالغان ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ
بەزى يىغىلىشلاردا بۇنداق گەپلەرنى قىلغانلىقىنى مەن ئۆز قۇلىقىم
بىلەن ئاڭلىغان ئىدىم.

شېڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش،
سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش دىگەن شوئار كېيىن كېڭىيىپ، مىللەت-
لەر باراۋەر بولۇش، تېچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، دىيا-
نەتلىك بولۇش دىگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 6 جەھەتتىكى سىياسەتكە
تەرەققى قىلىپ "6 چوڭ سىياسەت" دەپ ئاتالدى. بۇ سىياسەتلەر، شېڭ
شىسەينىڭ غەرىزىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئوبيېكتىپ
جەھەتتە ھەقىقەتەن خەلق قەلبىگە ياققان ۋە دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقان
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە سوۋېت
ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭ-
نىڭ چۆچەك، ئالتايلاردىكى تەسىر كۈچىنى يوقىتىپ ماجۇڭيىڭ
بىلەن جاڭ پېيۈەننىڭ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە قاراتقان
مۇھاسىرىسىنى تارمار قىلالىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى قۇتراتقان

قەشقەر "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى تارمار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بارا-بارا تۇراقلاشتى. ئەمدى بۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا رەتتى بويىچە بايان قىلمەن.

# مەن چۆچەك، ئالتايلاردا تۇرغان بىر يىل

## ئالتايغا ئېچىلاندۇرۇش ئەلچىسى بولۇشۇم

ئەمدى ئارقامغا قايتىپ، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل ئىشلىگەن خىزمىتىم ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1933-يىل 5-ئايدا، موسكۋادا چېن جۇڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ماڭا، "12-ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ جايلارنى خاتىرجەم قىلىپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئۇ يەردىكى قوراللىق پاراكەندىچىلىكىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن مېنى ئالتايغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بىر مەھەل ئويلانغاندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ماڭا ئورۇنلاشتۇرغان خىزمىتىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلدىم.

5-ئاينىڭ 24-كۈنى ئايروپىلان بىلەن بېرلىنغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ئىشىنى ۋە شەخسىي ئىشلىرىمنى ئاياقلاشتۇردۇم. بېرلىندا، جىن شۇرېننىڭ ئوغلى ۋە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇلار ۋەتەنگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن. 25-كۈنى جۇڭگو ئەلچىخانىسىغا بېرىپ لىيۇ ۋېنداۋ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ماڭا خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. 28-كۈنى ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا قايتىپ كەلدىم. ئىككى

كۈندىن كېيىن، پويىز بىلەن شەمەيگە كەلدىم. مەن شەمەيدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە چۆچەكتىن ئۇدۇللا ئالتايغا بارىمەنمۇ ياكى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە بارىمەنمۇ دەپ يولىيورۇق سوراپ تېلېگراممىا بەردىم.

6-ئاينىڭ 9-كۈنى چۆچەككە كېلىپ، ۋالىي چېن جىشەن ۋە دوستۇم، تاموژنا ئەمەلدارى جاۋ دېشۇ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئەتىسى چېن جىشەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن بىر پارچە تېلېگراممىنى ماڭا بەردى، تېلېگراممىدا مېنىڭ ئالتايغا تېچلاندۇرۇش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىم ئېيتىلىپتۇ، چۆچەكتىن دەرھال ئالتايغا بېرىشىم تاپشۇرۇلۇپتۇ.

چۆچەكتە تۇرغان ۋاقتىمدا، 6-ئاينىڭ 14-كۈنى شەھەر خەلقىنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چوڭ مەيداندا ئېچىلغان يىغىنغا قاتناشتىم. يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى جاۋ دېشۇ ئىشلەپتۇ. يىغىنغا قاتناشقانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئىدارىلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرى لوزۇنكا كۆتۈرۈشكەن بولۇپ، روھى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. بۇنداق يىغىلىش چۆچەكتە ئەلمساقتىن تارتىپ تۇنجى قېتىم بولغان بولسا كېرەك.

شۇ كۈندىكى خاتىرەمگە مۇنداق دەپ يازغان ئىدىم:

> جاۋ دېشۇ (يىغىندا) سۆز قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقىلارمۇ سۆزگە چىقىپ، خىلمۇ-خىل ئىدىيىلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. مەنمۇ سۆز قىلدىم. مەن، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە مىللەت باپ-باراۋەر دېگەن سىياستى توغرا سىياسەت؛ بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەخسى مەنپە-

ئەتى ئۆچۈن ئىشلىمەي، خەلق مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويمىغان بولسا ياخشى بولىدۇ... نىۋۆەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش...، دىدىم.

بەزى يەرلىك كىشىلەر ـ ھۇشۇردامولللا، مەخسۇتھاجىلار — بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، ھىچقانداق دۆلەت قانۇنىنىڭ كېرىكى يوق، دىيىشتى. (يىغىندىن كېيىن) مەخسۇتھاجى بىلەن سۆزلەشتىم. مەن، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرى، دۆلەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى بىلەن دىنىي ئېتىقاتنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك؛ دىنىي ئېتىقات شەخسنىڭ ئىشى، ھەممە ئادەمدە دىنغا ئېتىقات قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقات قىلماسلىق ئەركىنلىگى بولىدۇ، مەلۇم بىر دىننىڭ قائىدىلىرىنى دۆلەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش توغىرا ئەمەس، دىدىم. مېنىڭ پىكرىمنى ئۇ قوبۇل قىلمىدى. مەن، ئەگەر بۇلارنىڭ تەشەببۇسى ئىشقا ئېشىپ، ھۆكۈمەت ئىشى دىنىي مويسىپىتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، دىنىي قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، بىرەر يىلدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئادەمنىڭ قوللىرى كېسىلىپ، مېيىپ بولىدۇ، ئاياللار پۈتۈنلەي زۇلمەت ئوچىقىغا تاشلىنىدۇ... دەپ ئويلىدىم.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەن دۆربىلجىنگە باردىم. خاتىرەمگە مۇنداق دەپ يازدىم:

مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان خەلق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردى. نۇرغۇن جايلار مۇسۇلمانلار بايرىغىنى كۆتىرىپ چىقتى، بەزىلەر ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى... خەلق كونا ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمىغا چىدىماي، قوراللىنىپ ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى، بۇ بىرىنچى كۆرۈنۈش. ئەگەر ئىككىنچى كۆرۈنۈشتە دىنىي دۆلەت قۇرۇش كۆرسىتىلىدىغان بولسا، بۇ بۆرىنى چىقىرىۋېتىپ، يولۋاسنى كىرگۈزگەنلىك بولىدۇ،

بۇ يولۋاس جاھانگىرلىكتۇر... بىز بۇنى خەلققە ئوچۇق ئېيتىشىمىز كېرەك... بىز خەلققە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيەلەرنىڭ ئەزگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك...

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۆربىلجىندىن يولغا چىقتىم. ئەتىسى دوستۇم ئابىت ئىسھاقوۋ يېتىشىۋالدى. ئۇ، تۇڭگانلار سارسۈمبە (ئالتاي)گە بېسىپ كىردى، ئۇلارنىڭ كۈچى زور ئىكەن، دېدى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قوبۇقسارغا كەلدىم، بۇ يەر كونا تورغۇتلارنىڭ شىمالىي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تۇرىدىغان جاي ئىدى. چىنۋاڭ ئولولمۇجاپ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى شالىۋا گىگەن بىلەن ياخشى تونۇشاتتىم. ئۇلار قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇ يەر تېنچ ـ ئامان ئىكەن، پەقەت ئالتايغا بارىدىغان يول ئۈستىدە، بىرنەچچە كۈن بۇرۇن موڭغۇللار بىلەن قازاقلار ئۇرۇش قىلىپتۇ. مەن ئولولمۇجاپ چىنۋاڭ بىلەن شالىۋا گىگەنگە: ھازىر يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، سىياسەت توغرا، كۆپچىلىك ئورۇمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ مەسلىھەتلەشسەڭلەر بولىدۇ؛ شىنجاڭدا تېنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ، بۆلۈنۈش يولىدىكى خىلمۇ ـ خىل ھەركەتلەرنى تارمار قىلىشىمىز كېرەك، موڭغۇل خەلقى بىلەن قازاق خەلقى يارىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشى كېرەك، دېدىم. ئۇلار شەرىپخان، ئەلەن ۋاڭلار بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماقۇل بولدى.

## ما رۇلۇڭ، ما خېيىڭلار بىلەن بولغان كۈرەش

ئالتاي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ

ۋىلايىتى بولۇپ، ئاھالىسى 100 مىڭغا يەتمەيتتى. ئاساسلىق ئاھالە قازاقلار، ئاندىن قالسا موڭغۇللار ئىدى. 1932 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ما جۇڭيىڭ ئۆز ئادەملىرىنى بۇرۇلتوقاي تەرەپلەرگە ئەۋەتىپ، قازاقلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن ئالتۇن كانىنىڭ بوتۇڭ- لىرىنى قۇترىتىپ قورالىق قوزغىلاڭ كۆتەرگۈزگەن ئىدى. 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئۇلار ئالتايغا بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان. 4 ـ ئايدا، ئالتاينىڭ ۋالىسى ۋېي جېنگو① ئۆلكە مەركىزىدە سىياسى ئۆزگىرىش بولغاچقا، ئادەملىرىنى باشلاپ گۇچۇڭغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئالتاي خۇيزۇ ما رۇلۇڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئالتايدىكى بىر قىسىم قازاق ئاقساقاللىرى ما رۇلۇڭنىڭ ئازدۇرۇشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان، شەرىپخان بولسا ساۋۇر تېغىدا ئامىنى ۋە غەربىي تاغدىكى قازاق ئاقساقاللىرىنى توپلاپ، ما رۇلۇڭغا قارشى تۇرغان.

مەن 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ساۋۇر تېغىغا بېرىپ، شەرىپخان، ئەلەن ۋە باياندلار بىلەن كۆرۈشتۈم. شەرىپقان ئالتاينىڭ قازاقلار ۋاكى ئەلەننىڭ ئانا باشقا ئىنىسى بولۇپ، ئىلگىرى ئۆلكە مەركىزىدىكى موڭغۇل ـ قازاق مەكتىۋىدە ئوقۇغان، رۇسچىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئىدىيىسى خېلى ئىلغار ئىدى. بىرنەچچە يىل بۇرۇن، ئالتايدا جىن شۇرېن

---

① ۋېي جېنگو كېيىن ئۇرۇمچىگە كەلگەندە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. ۋېي جېنگو ئالتايدىن چېكىنىپ چىققاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلىمۇ خىزمەت ئورنىنى تاشلاپ جېمىنەيگە قېچىپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كونسۇل سوۋېت ئىتتىپاقى قانۇنىنىڭ جازاسىغا تارتىلىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپتۇ.

ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەركەت ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ چاغدىكى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى جاڭ مىڭيۈەننى قايىل قىلغان. ئۇلار ئاۋال ئالتاينىڭ بىۋاستە مەركەزگە قارايدىغان تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن ئايرىلىپ چىقىشنى، ئاندىن كېيىن ئىسلاھات يۈرگۈزۈشنى پىلانلىغان. بۇ ئىشنى بۇ ھەركەتكە قاتناشقان ئەپىتسەر چېن پىنشىيۇ جىن شۇرېنغا مەلۇم قىلىپ قويغان. جىن شۇرېن ۋېي جېنگونى ئەسكەر باشلاپ كېچە-كۈندۈز دىمەي ئالتايغا بېرىپ جاڭ مىڭيۈەننى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاشقا ئەۋەتكەن، ئۇ بېرىپ جاڭ مىڭيۈەن بىلەن شەرىپخاننى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن. 1933-يىلى شەرىپخان ئالتايغا قېچىپ بېرىپ، يەنە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەركەت ئۇيۇشتۇرغان. مەن شەرىپخان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ما رۇلۇڭنىڭ ئالتايدا ئۆزىنى لۇجاڭ دەپ ئاتاپ، ئۆز كۈچىنى زورايتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

شۇ چاغدا يېڭى ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ۋەكىل، ساۋۇر تېغىلىق قازاق باي موللىمۇ شۇ يەردە ئىكەن. بىز ئەھۋالنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئالدى بىلەن بۇ جايلاردىكى ئاقساقاللارنىڭ پىكرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك دەپ ھىساپلىدۇق. 7-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئاقساقاللار يىغىنىنى چاقىردۇق. شەرىپخان بىلەن ئىككىمىزنىڭ سۆز بىلەن قايىل قىلىشىمىز ئارقىسىدا، ئۇلار "12-ئاپرېل" سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، ما رۇلۇڭنىڭ بۆلگۈنچىلىكىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يىغىندا ئەلەن، شەرىپخان ئۈچىمىزنىڭ نامىدىن ما رۇلۇڭ تىزگىنلەپ تۇرغان جايدىكى قانايپىيە بى، ساغىدۇللا بى ۋە باشقا ئاقساقاللارغا خەت يېزىپ، ئۇلارنى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەي، بىز بىلەن

بىرلىكتە ھەركەت قىلىپ، ئالتاينى جاھانگىرلارنىڭ يۇتۇۋېلىشىدىن ساقلاپ قېلىشقا دالالەت قىلىشنى بەلگىلىدۇق. بىز مارۇلۇڭنىڭ تومۇ-رىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن، ئالتايغىمۇ ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشىنى تەلەپ قىلماقچى بولدۇق. ئارزۇيىمىزنى بىلدۈرۈش ھەمدە قورال-ياراق جەھەتتە ياردەم ئېلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە بايان باشچىلىقىدا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتمەكچى بولدۇق. ئەلەنىنىڭ چوڭ ئوغلى دەلىلخانمۇ بىرگە باردى①.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىز قاناپىيە بىدىن جاۋاپ خەت تاپشۇرۇۋالدۇق، خەتتە تۇڭگانلارنىڭ نازارىتىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكى، بىزنىڭ ئىشە-مىزغا كۆڭلىدە قوشۇلىدىغانلىقى، پۇرسەت كۈتۈشكە توغرا كېلىدى-غانلىقى ئېيتىلغان. مارۇلۇڭنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگەن ئادەم مارۇلۇڭ پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى، دىگەن خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى. دىمەك، بىزنىڭ دەرھال قوراللىنىشىمىز زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى.

بىز شەرىپخان باشچىلىقىدا 500 قوراللىق قازاقنى ئۇيۇشتۇردۇق، ئۇنىڭدىن باشقا نەيزە، قىلىچ، توقماق-كالتەكلەر بىلەن 200 — 300 قازاقنى قوراللاندۇردۇق. بىزنىڭ ئاممىغا قىلغان تەشۋىقاتىمىز ئوبدان ئۈنۈم بەردى، ھەممەيلەن يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدى-غانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ چاغدا قابا ناھىيىسىنىڭ قوم دىگەن، بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇر دىگەن جايلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئورۇس دىخانلار ئۆزلۈكىدىن

① دەلىلخان شىبېڭ شىسەي دەۋرىدە مال دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلگەن. ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىشلەيدۇ.

قوغدىنىش ئەتىردى قۇرۇپ، ما رۇلۇڭنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن مۇدا-
پىئەلەنگەن ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتە-
ۋىدۇق، ئۇلار بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رۈپتۇ ھەمدە بىز بىلەن ئۇرۇش پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە
ئىۋانوۋنى ئەۋەتىپتۇ. ئىۋانوۋ شۇ يەردىنلا ئۈرۈمچىگە كەتتى. كېيىن
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس قوشۇنىنىڭ
لېيەنجاڭى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭدىن باشقا شۇ يەرلىك ئورۇس
ژېنكوۋنى يىڭجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى.

ئەسلىي كۈچىمىزنى زورايتىش ئۈچۈن، مەن قوبۇقسارغا بېرىپ،
موڭغۇللاردىن ياردەم سورىدىم. ئۇلۇلمۇجاپ چىنۋاڭ مىڭنىڭ قوماند-
انلىق قىلىشىغا 50 نەپەر قوراللىق موڭغۇل بەردى.

بۇ چاغدا، ما رۇلۇڭ ئەۋەتكەن خەنزۇ تاچىڭخې قوشۇن باشلاپ
كېلىپ جىمنەينى ئىشغال قىلىۋالدى. قولغا چۈشكەن جاسۇسنىڭ
سۆزىدىن ئۇنىڭ ساۋۇر تېغىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى
ئۇقتۇق. بىز، تاچىڭخېغا دەرھال تەسلىم بول، بولمىسا يوقىتىمىز، دەپ
ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ئۈچۈن جاسۇسنى قويۇۋەتتۇق. تاچىڭخې
بىزنىڭ ئەسلىي كۈچىمىزنى ئېنىقلىيالمىغاچقا، شۇ كۈنىلا قوشۇنىنى
باشلاپ تىكىۋېتىپتۇ، يول ئۈستىدە ژېنكوۋنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ،
ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

بىز 8-ئاينىڭ 13-كۈنى ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قوراللىق
كۈچىمىزنى قابا ناھىيىسىگە توپلاشنى بەلگىلىدۇق. بۇ چاغدا بايان
ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ۋەكىللەر ئۆمىگى
ئۈرۈمچىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىپتۇ. شېڭ دۇبەن بىزگە 30 سىڭ تال
ئوق تەستىقلاپ بېرىپتۇ، قورال-ياراق ئۈرۈمچىدىمۇ قىس بولغاچقا

بەرمەپتۇ. بايان ماگا، شىڭ دۇبەن مەندىن سىزنى كومموۇنىستمۇ دەپ سورىۋىدى، ياق دەپ جاۋاپ بەردىم، دەپ قويىدى ۋە دىققەت قىلىڭ دەپ تاپىلىدى.

ئۈرۈمچىدىن توشۇپ كېلىنگەن ئوقنى جاڭ پېيىۋەنىڭ قوبۇقسارلىرىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ تاڭ دۇيجاڭ دىگەن ئادىمى تۇتۇپ قېپتۇ. مەن 10 قازاق ئەسكەرنى باشلاپ قوبۇقسارغا بېرىپ، تاڭ دۇيجاڭنى يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ ئەيىپلەپ، ئوقنى قايتۇرۇپ كەلدىم.

مۇشۇنداق كېچىكىش ئارقىسىدا، ما جۇڭيىڭ تولۇقلاپ ئەۋەتكەن ما خېيىڭ قىسمى ئالتايغا كەلدى. ما خېيىڭ ئەسلىدە ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدا بىر تۇەنجاڭ بولۇپ، خەلق ئىچىدىن چىققان تومپاي ئىدى. 1931-يىلى ما جۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ بىرمۇنچە قورال-ياراق بۇلاپ، جيۇچۇەنگە قايتىپ بېرىپ، ئەسكەرلىرىنى كېڭەيتىپ، ئىلگىرىكى خەلق ئىچىدىن چىققان، قوماندانلىقتا بويسۇنمىغان ئەپتىسەر-ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى شاللىۋەتكەن. ما خېيىڭ شۇ چاغدا لىيەنگە چۇشۇپ ئەسكەر بولغان. 1933-يىل 3-ئايدا، ئۇ يەنە ما جۇڭيىڭ بىلەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ھەركەت قىلىش ئۈچۈن ئالتايغا ئەۋەتىلگەن.

بىز ما خېيىڭنىڭ قوشۇن تۇپلاپ، غەرپكە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق-دە، دەرھال ژېنكوۋقا ئۈزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس قوشۇنىنى باشلاپ بۇرچىنغا كېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدۇق؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە قازاق ئاقساقاللىرىنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، قوراللىق كۈچىمىزنى كېڭەيتتۇق. بىز ما خېيىڭنى بۇرچىن دەرياسى بىلەن ئېرتىش دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدا يوقىتىشنى پىلانلىدۇق.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ماخېيىلىڭ دىگەنىدەكلا شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئۇ خۇيىزۇلاردىن (ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن قوشۇپ) 4 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قورقۇتۇپ، ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 700 دىن ئارتۇق ئادەم مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئىدى. بۇ چاغدا بىزمۇ بۇرچىنغا كېلىپ، ئەزىز زالىڭ يايلىغىغا ئورۇنلاشتۇق.

ماخېيىڭ بىر ئادەمدىن مەن بىلەن شەرىپخاننى ئۆزىنىڭ قېشىغا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كېلىشكە خەت ئەۋەتىپتۇ. بىز كەلگەن ئادەمگە، ھەممە تەييارلىغىمىز پۈتتى، ماخېيىڭ ئۆزىنى سوراپ، ئەڭ ياخشىسى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولسۇن، دىدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەنىدە قاراۋۇل ماخېيىڭ ئىرتىش دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، جېمىنەي تەرەپكە كەتتى دىگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. بىز ئۇ ئايلىنىپ كېلىپ بىزنى مۇھاسىرىگە ئالماقچى دەپ ھۆكۈم قىلدۇق.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، بىز ئىرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كۆك- شىمگە كەلدۇق. قار يېغىپ تۇتەك بولۇپ كەتكەچكە، يولدىن ئادىشىپ كېتىپ، 23 ـ كۈنى بەشتېرەككە كەلدۇق. رازۋېتچىكلارنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ماخېيىڭنىڭ قوشۇنى ئالدىمىزدا ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ماخېيىڭ يەنىلا بىزنى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا دەۋەت قىلىپ خەت ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ خېتىدە "ئەگەر ھۇشۇڭلارنى تاپمايدىغان بولساڭلار، يىلتىزىڭلاردىن تارتىپ قۇرۇتۇۋېتىمىز" دىگەندەك قاتتىق يولسىز گەپلەر يېزىلغان. مەن ئەلەنۋاڭنىڭ نامىدىن، ئەگەر يارىشىش ئارزۇيۇڭلار بولسا، ئىككى تەرەپ 10 ئەسكەر قوشۇپ ۋەكىل ئەۋەتىپ بىتەرەپ جايدا سۆھبەت ئۆتكۈزەيلى، دەپ جاۋاپ خەت يازدىم

ھەمدە ھۇشۇڭنى تاپ، بىز باش ئەگمەيمىز دەپ ئەسكەرتتىم.

ئىككىنچى كۈنى ئەمدىلا تاڭ ئېتىشغا خەت ئېلىپ كەتكەن ھەسەن قايتىپ كېلىپ، ماخېيىڭنىڭ بىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. ماخېيىڭ بىزنى تۇتماقچى بولۇپ ئۇنى يول باشلاشقا زورلاپتۇ. ئۇ قەستەن ئارقىغا سۈرۈپ، ئۇلارنى باشقا يۆنىلىشكە باشلاپ قويۇپ، يېرىم كېچىدە قېچىپ كېلىپتۇ.

ھەسەن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىز تۇرغان يەرگە ماخېيىڭنىڭ 5 ۋەكىلى كەلدى. بىز ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، سىرتتا مىلتىق ئاۋازى چىقىپ كەتتى، بىز بۇ ۋەكىللەرنى ئەيىپلىسەك، ما يەن دىگەن بىرسى، بۇ ئۇقۇشماسلىقتىن بولسا كېرەك، بىز بېرىپ توسايلى، دىدى. بىز بۇنىڭ ماخېيىڭنىڭ سۇيىقەستى ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، ما يەن بىلەن يەنە بىر ۋەكىلنى قويۇۋەتتۇق، يۇنۇس قاتارلىق قالغان 3 ۋەكىلنى ئادەم قوشۇپ چۆچەككە ئەۋەتىپ بەردۇق. چۈنكى ئۇلار ماخېيىڭ چۆچەككە بارماقچى دىگەن ئىدى، چۆچەك دائىرىلىرى دۈشمەن ئەھۋالىدىن بۇرۇنراق خەۋەردار بولۇپ، تەييارلىق قىلىۋالسۇن دەپ ئۇلارنى چۆچەككە ئەۋەتىپ بەردۇق. كېيىن ماخېيىڭ چۆچەككە ھۇجۇم قىلغاندا، چېن جىشيەن بۇ 3 ئادەمنى ماخېيىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

ما يەن قايتىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ماخېيىڭنىڭ ئادەملىرى چۇۋۇلۇپ چىقىپ تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇ چاغلاردا، ئورۇش ئاشۇنداق بولاتتى، سەپمۇ تۈزۈلمەيتتى، ئاكوپمۇ كولانمايتتى.

بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىرئاز تىركەشكەندىن كېيىن، مەن بىلەن مۇقاش قوماندانلىق قىلغان 200 ئادەم ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس

قوشۇنىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئادىمىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى. بىز زەربە بەرگەچ چېكىندۇق. ئاخىر بىر تاغ قاپتىلىدىن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ كەتتۇق.

ماخېيىڭ ساۋۇر تېغىغا بېسىپ كىرىپ، ئەلەنۋاڭنىڭ ئۆيىدىكى ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدىكى مال ـ مۈلۈكنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويىدى، مېنىڭ يۇك ـ تاقلىرىمنى ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى. بىزنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمىزغا، ئاساسەن، قوشۇنىنىڭ ۋاقىتلىقلا تەشكىللىنىپ، تەربىيىلەنمىگەنلىكى، ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتكەن ئوقلارنىڭ يىراقتا ئېتىلمىغانلىقى سەۋەپ بولىدى. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، بۇ ئوقلارنى ئەۋەتىشكە مەسئۇل بولغان گېمبىركىن ئەينى چاغدا ماخېيىڭ بىلەن ئالاقىسى بولغاچقا، بىزگە قەستەن ئەسكى ئوقلارنى بەرگەن ئىكەن. شۇ چاغدا ئەگەر ژېنكوۋ بىلەن مېنىڭ ئاساسىي قوشۇنۇم بەرداشلىق بەرمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ماخېيىڭ بىزنى چوقۇم تىرىك قولغا چۈشۈرەتتى.

دىگەندەكلا ماخېيىڭ ساۋۇر تېغىدا ئۇزاق تۇرماي غەرپكە يۈرۈش قىلىپ چۆچەكنى پاراكەندە قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىز ئاقكەمەزدە مەجلىس ئاچتۇق، مەجلىستىن كېيىن، ئۆزەم يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زايسان دىگەن يېرىگە بېرىپ، ئۇ يەر ئارقىلىق چۆچەككە بېرىپ، يەرلىك ئەسكەرلەر بىلەن خەلقنى تەشكىللەپ، ماخېيىڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولدۇم. مەن زايسانغا بېرىشتىن ئىلگىرى قابا ناھىيىسىدىن شېڭ دۇبەنگە تېلېگىرامما بېرىپ، ماخېيىڭنىڭ ماڭغان تەرىپىنى، قورقۇتۇپ ئېلىپ ماڭغان ئادەم، ئات ـ ئۇلاق سانى ۋە قورال ـ ياراقلىرىغا دائىر ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئۆلكە تەرەپنىڭ چۆچەك، شىخو، ساۋەن

قاتارلىق جايلاردا توساپ زەربە بېرىشنى ئۈمىت قىلدىم.

مەن زايسانغا بارغاندىن كېيىن، پاسپورتۇم بولمىغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە يۈرۈشۈمگە بولمىدى. زايساندىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى موسكۋادىن سوراپ باقايلى، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپتۇرۇڭ، دىدى. بىراق، مەن ئۇ يەردە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىسەم بولمايتتى، شۇڭا 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يەنە ئالتايغا قايتىپ كەلدىم.

بۇ چاغدا، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاق ئاقساقاللىرى يەرلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىۋاتقان ئىكەن. جانىمخان تەيجى بىر قىسىم ئاقساقاللارنى توپلاپ شەرىپخانغا قارشى تۇرۇۋاتقان، قاناپىيە بىنىڭ ئوغلى بۇقاتمۇ شەرىپخانغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى جىمىنەيگە يىغىلىپ بىر بىرى بىلەن جىدەللىشىۋاتقان ئىكەن. مەن جىمىنەيگە كېلىپلا ئۇلارنىڭ يىغىنىغا قاتناشتىم ھەمدە ئالتايدا بولغان بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا، خەلق ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، ئەگەر كۆپچىلىك ئىتتىپاقلاشمايدىغان بولسا، بۇنىڭدىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتتىم. يىغىندا ۋە يىغىن سىرتىدا خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىر كۆپچىلىكنى ۋاقىتىنچە قايىل قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەرىپخاننىڭ رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۆچەكلىك ھاشىم شائىرزۇڭنىڭ ئاكىسى ئىسلام چۆچەكتىن قېچىپ كەلدى. ئۇ، ما خېيىڭ چۆچەككە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن بولغان قېتۇدال يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئالغانلىقىنى، چۆچەكنىڭ ھەممە يېرى دىگۈدەكلا ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە ئەۋەتكەن قوشۇن يېتىپ كەلدى، ياردەمگە

كەلگەن قوشۇننىڭ كوماندىرى شەرقىي شىمال قوشۇننىڭ ئەپتىسەرى ياۋ خۋاتىڭ بىلەن خىلوۋسكى تۇەنجاڭ① ئىكەن. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس قوشۇنى بولۇپ، 20 چوڭ ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ كەلدى. ماخېيىڭ قوشۇنلىرى ئىككى كۈن قارشىلىق كۆرسىتىپ بېقىپ شىخۇ تەرەپكە قاچتى. ئۇنى قارشى ئالغان يەرلىك سودىگەرلەردىن ھەسەن پولاتبايوۋ، ئورازانباي، ئەنسەرئاخۇن قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى، بىر مۇنچە كىشىلەر قولغا ئېلىندى. ھاشىم شاگىزۇڭ، ئۆمەرئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر ماخېيىڭغا ئەگىشىپ قېچىپ كەتتى.

ئەتىسى چۆچەك، دۆربىلجىندىكى قازاقلارنىڭ ئاقساقاللىرى پۈتۈن چارۋىچىلار بىلەن چارۋىلارنى باشلاپ ئالتاي تەرەپكە قېچىپ، بارىكۆلگە كەتمەكچى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. بۇ ئاقساقاللارمۇ ماخېيىڭغا يارەم بەرگەن ئىكەن. ماخېيىڭ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ تۈركۈم-تۈركۈملەپ شەرق تەرەپكە قاچقان ئىكەن.

مەن ئەسلىدە ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە كەلمەكچى ئىدىم. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەرىپخان، بايانلار بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. مەن، چۆچەككە بېرىشىم كېرەك، شەرققە قاراپ قاچقان قازاقلارنى يول ئۈستىدە توسىشىم كېرەك، ئۇلار مۇنداق كۆپلەپ قېچىپ كەتسە، چوقۇم شىمالىي شىنجاڭدىكى بارلىق قازاقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش كېلەي دەپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىمۇ،

---

① خىلوۋسكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس قوشۇنىنىڭ تۇەنجاڭى بولۇپ، چۆچەكنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن كوچىنى تىنتىۋاتقاندا غايىپ ئوق تېگىپ ئۆلگەن.

چارۋىلىرىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئۇ ھالدا كەڭ قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يېتىدۇ، دېدىم.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مەن 3 ـ 4 ئادەمنى ئېلىپ چۆچەككە ماڭدىم.

## شەرقتە قاراپ قاچماقچى بولۇپ تۇرغان قازاق چارۋىچىلىرىنى نەسىھەت بىلەن توساش

مەن قازاقلارنىڭ ئۇكۇردەي تاڭغىت، مىڭبېشى قامزا قاتارلىق كىشىلەرگە خەت يېزىپ، ئۇلارنى چارۋىچىلارنى باشلاپ قاچماسلىققا دالالەت قىلدىم، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلاردىن ماخېيىڭنى قوللىغان دەپ ئىنتىقام ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم ھەمدە ئۇلارنى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قازاق پازىلىنىڭ قوراسىغا كېلىپ، مەن بىلەن ھەممە ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە تەكلىپ قىلدىم. خېتىمدە يەنە، مەن سىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ھەممە مەسىلىنى يېڭى ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ھەل قىلىشقا ھوقۇقلۇق، سىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمەن، دېدىم.

شۇ كۈندىكى خاتىرەمگە مۇنداق دەپ يازدىم:

باي موللا مېنى قوبۇقسارغا ئېپىبېرىپ قويدى، 15 ـ كۈنى مەن بۇ يەردىن كېتىدىغان چاغدا ئۇ ساۋۇر تېغىغا قايتتى. بىراق ئۇ ئون نەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئادەمدىن خەت ئەۋەتىپتۇ. ئۇ خېتىدە، ئەگەر تاڭغىت ۋە باشقىلار بىلەن كۆرۈشەلىسىڭىز، ئۇلارنى ھەرگىز چۆچەككە ئېلىپ كەلمەڭ، چۈنكى سىز ئۇلارنى قوغداپ قالالمايسىز، ئەگەر ئۇلار چۆچەك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغان بولسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش

مۇمكىن ئەمەس، دەپ ماڭا نەسىھەت قىلىپتۇ. مەن خەت ئېلىپ كەلگەن كىشىگە مۇنداق دېدىم: بايانغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن تاڭغىچە قاتارلىق كىشىلەرنى ئېلىپ بارىمەن، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمەن؛ ئۇلار چارۋىچىلىق رايونىدا قالدىغان بولسا، شەرققە قاراپ قاچماسلىقنى قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە گېپىدىن يېنىۋالىدىغان بولسا، ئۇلارنى تېزگىنلەش مۇمكىن ئەمەس، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيمەن.

15 ـ كۈنى كەچتە، مەن پازىلىنىڭ قورچاسىغا باردىم. بىرنەچچە ئاقساقال مەندىن بۇرۇن بېرىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ھەممىسى كەلدى. ھەممەيلەن يىغىن ئېچىپ مەسلىھەتلەشتۇق.

قازاقلار پاراسەتلىك مىللەت، ئۇلار مەسەل ئاڭلاشقا ئامراق كېلىدۇ، ئۇلارغا قائىدە سۆزلىگەندە، بىرىنچىدىن ئۇنداق، ئىككىنچىدىن بۇنداق، ئۈچىنچىدىن... دېگەندىن كۆرە، ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلغان تۈزۈك. مەن ياشلىقىمدا «مېڭزى»نى كۆرگەن ئىدىم، ئۇنىڭدا جەڭگو دەۋرىدە، مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە بولغاندا، بەزىلەر، كۆپىنچە، مەسەللەر ئارقىلىق مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. دەرۋەقە، بۇ ئوبرازلىق سۆزلەر، بەزىدە كىشىنى قائىدە سۆزلىگەندىنمۇ بەكرەك تەسىرلەندۈرىدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن كېيىنكى خاتىرەمگە مۇنداق دەپ يازدىم:

يىغىندا مەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم: "سىلەر مۇشۇ جاينىڭ تېشى، ما خېيىڭ باندىتلىرى بولسا كەلگۈن. كەلگۈن تاشنى ئازتولا دومىلىتالىسىمۇ، كەلگۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تاش يەنىلا جايىدا قېلىۋېرىدۇ. ھازىر قىش كىردى، سىلەر نەچچە مىڭ پۇقرا،

نەچچە ئون ملڭ چارۋىنى باشلاپ يىراق جايلارغا كەتسەڭلەر، چوڭ زىيان تارتىسلەر، بولۇپمۇ قىرى - چۈرىلەرگە قىيىن بولىدۇ. مەن ھۆكۈمەتكە ۋاكالەتەن سىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىڭلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىككە ۋەدە بېرىمەن. سىلەر مەن بىلەن چۆچەككە بېرىپ، چۆچەكتىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بولغان ئىشنى دەۋەتسەڭلەر، ئۆزەڭلەرمۇ خاتىرجەم بولۇسلەر،" دېدىم. ئۇلار، چۆچەكتىكى بىرقانچە باينىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

17 - كۈنى ئۇكسۇردەي تاغنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، يەنە بىر كۈن مەجلىس ئاچتۇق. مەن ئۇلارغا سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار ۋە مال - مۈلكۈڭلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمەن دەپ قەسەم بەردىم، ئۇلار مەن بىلەن بىللە چۆچەككە بېرىشقا ماقۇل بولدى.

18 - كۈنى، تاغنىت، قامزا ۋە باشقا ئاقساقاللار بولۇپ جەمئى 30 نەچچە ئادەم ئاتلىق چۆچەككە قاراپ ئاتلاندۇق. يول ئۈستىدە ئۇلار گېپىدە تۇرماي قاچماقچى بولۇشتى. مەن ئۇلارغا "مۇبادا سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار خەۋپكە ئۇچرايدىغان بولسا، مەن جېنىم بىلەن سىلەرنى قوغدايمەن، ھايات بولساق بىر سۇپىدا ئۇخلايمىز، ئۆلسەك بىر گۆردە ياتىمىز، مەن ھەرگىزمۇ سىلەرنى تاشلىۋەتمەيمەن" دەپ يەنە بىر قېتىم قەسەم ئىچتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە خاتىرجەم بولۇپ مەن بىلەن بىللە ماڭدى.

دۆربىلجىنغا 60 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە، بىر لاما ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. بىز ئەمدىلا بۇ يەرگە كېلىشىمىزگە ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسى جۇ ×× (چوڭ پومىششىك) ئون نەچچە نەپەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكىرىگە ئىككى قازاقنى يالىتىپ لاما ئىبادەتخانىسىغا كەلدى؛ ئۇلار ئىبادەتخانىغا كېلىپلا ھېلىقى ئىككى قازاقنى ئېتىۋەتتى. بۇ ئىش مەن بىلەن كەلگەن ئاقساقاللارنى قاتتىق چۆچۈتتى. ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئادەملىرىمنى بۇيرۇپ،

جۇ××نى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاقساقاللارنىڭ ئالدىدا قاتتىق ئەيىپ-
لىدىم. ئۇ قورقۇپ بېشىنى ئېگىپ لام-جىم دېمىدى. مەن، چوقۇم
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ، سېنى جازالىتىمەن، دېدىم.
شۇنىڭ بىلەن قازاق ئاقساقاللار مەندە ئاز-تولا ھوقۇقنىڭ بارلىقىنى
سېزىپ، خاتىرجەم بولۇشتى. مۇبادا شۇ چاغدا، مەن مۇشۇنداق
تەدبىر قوللانمىغان بولسام، ئۇلار چوقۇم قېچىپ كەتكەن بولاتتى.

10-ئاينىڭ 21-كۈنى دۆربىلجىنگە كېلىپ ياۋ شيۇڭ بىلەن ئۇچرى-
شىپ قالدىم. ياۋ شيۇڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىن تەكلىپ
قىلىپ ئېپكەلگەن، شەرقىي شىمال ھاۋا ئارمىيىسىدىن كېلىپ چىققان
ھەربى بولۇپ، ياپونىيىدە ئوقۇغان، شۇ چاغلاردا 30 نەچچە ياشلاردا
بولۇپ، ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئاساسەن،
جاڭ پېييۇەن بىلەن يەڭ ئىچىدە كېلىشىۋالغان چۆچەكتە تۇرۇشلۇق
قوشۇنلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
قورال-ياراق ياردەم ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىكەن.

مەن قازاق ئاقساقاللارنى دۆربىلجىنگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ،
22-كۈنى ياۋ شيۇڭ بىلەن بىللە ماشىنىغا چۈشۈپ چۆچەككە كېلىپ،
تاڭغىت قاتارلىق كىشىلەرنى تېپىلاندۇرۇش ئەھۋالىنى چۆچەكتىكى
ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئېيتتىم، مەن چۆچەك ۋىلايىتىدىكى قازاق-
لارنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، بۇلارنى جازالىماسلىقنى تەكلىپ
قىلدىم، بۇنداق بولغاندا، ۋەزىيەتكە پايدىلىق بولاتتى. ئۇلار مېنىڭ
تەشەببۇسۇمغا قوشۇلدى. ئەتىسى قازاق ئاقساقاللار چۆچەككە
كەلگەندە، ئۇلارنى شۇ يەردىكى ئىدارىلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلار
قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنى مېھمان قىلدى. ئۇلار نەچچە كۈندىن
بۇيانقى ئەنسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ، چۆچەكتە 3 كۈن تۇرۇپ چارۋىچى-

لىق رايونىغا قايتىپ كەتتى، قازاقلارنىڭ شەرققە قاراپ قېچىش مەسىلىسى شۇنىڭ بىلەن ھەل بولدى.

ئۇزاق پاتىپاراقچىلىق بىلەن يۈرگەچكە، ئاغرىپ قېلىپ، ئۈرۈمچىگە دەرھال قايتالمىدىم. 12 ـ ئاي كىرگەندىن كېيىن، چۆچەك مەسىلىسى ئاشكارىلاندى.

## چۆچەكتە تۇرۇشلۇق قوشۇننى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىش

1933 ـ يىلى كۈزدە، قۇمۇل، پىچان، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ياتقان ما جۇڭيىڭ ما خېيىڭغا ئالتايدىن چۆچەككە يۈرۈش قىلىپ، جەنۇبتا ساۋەن، ماناس، سانجىلارغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى؛ كۈچلۈك قوشۇن ئەۋەتىپ تەگرى تېغىدىن ئۆتۈپ جىمىسارغا ھۇجۇم قىلدى؛ ما شىمىڭغا قاراشەردىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى؛ يەنە ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى گۇرۇھلارنى شېڭ شىسەينىڭ شەھەرنى ساقلاپ ياتقۇچى كۈچىنى ئىچكى قىسمىدىن پارچىلاشقا كۈشكۈرتتى. بۇنىڭدىن باشقا، لو ۋېنگەننىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن، ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەن بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇ ئارقىلىق چۆچەكتىكى ھەربىي ۋە مۈلكى ئەمەلدارلارنى ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشقا قۇتراتتى. ما جۇڭيىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن زېمىن تارتىۋېلىشقا سەپ تۈزۈپ بولدى، جاڭ پېيۈەن بولسا ئۇنىڭ مۇھىم چوماقچىسى ئىدى.

جاڭ پېيۈەن چىڭخەينىڭ گۇيدې دىگەن يېرىدىن بولۇپ، گەنسۇ ھەربى تەلىم ـ تەربىيە تۈەنىدىن كېلىپ چىققان. مىنگونىڭ دەسلەپكى

يىللىرى شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ساختا مال بىلەن ئالدامچىلىق قىلغانلىقى پاش بولۇپ قېچىپ كەتكەن. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شىنجاڭغا كېلىپ، جىمسار ناھىيىسىدە لىيەنجاڭ بولغان، جىن شۇرېن دەۋرىدە لۈجاڭلىققا كۆتۈرۈلگەن. قوشۇمچە دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، ئاخىردا ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بېگى بولغان. 1932-يىلى قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا ياردەمگە بارغان، كېيىن يەنە ئىلىغا يۆتكەلگەن. "12-ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ماقۇلغا جاۋاپ يوق دىگەندەك پوزىتسىيە تۇتقان ھەمدە شۇي خۇەنجاڭنى ئۈرۈمچىگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ ھەركەت قىلغان. نەنجىڭ تەرەپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇششاق مىلىتارىستلارغا بىر بىرىنى تىزگىنلىتىش مەقسىدىدە، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە يېڭى تۈزۈلگەن 8-شىنىڭ شىجاڭى دەپ جاكالىدى.

جاڭ پېيۈەن ئۆزىنى شىنجاڭنىڭ پىشقەدىمى دەپ ھىساپلىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ياراپ قېلىپ مۇھىم ئىشقا قويۇلغانلىقى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بايلىقى كۆپ بولۇپ، شېڭ شىسەي بىلەن قارشىلاشقۇدەك كۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ما جۇڭيىڭ بىلەن كېلىشىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى بىرلىكتە ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى بۆلۈشۈۋالماقچى بولۇشتى.

شۇ چاغدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تىزگىنلەپ تۇرغان جايلار شەرقتە گۇچۇڭ، غەرپتە قۇتۇبى، جەنۇپتا داۋانچىڭغىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغىلا كۈچى يېتەتتى.

ئالتاي ۋىلايىتى يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلغان بولسىمۇ، ئەمىلىي ياردەم بېرەلمەيتتى. چۆچەك تەرەپتە ما خېيىڭ قوغلاپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئۇرۇمچى بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىنى جاڭ پېيىۋەننىڭ شىخۇدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدى. شېڭ شىسەي جاڭ پېيىۋەننىڭ شەرقتە قاراپ ھەربى يۈرۈش قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، لۇ شاۋزۇنى ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتتى ھەم ئۇنىڭ ئورنىغا تەگمەسلىككە ۋەدە قىلدى. كېيىن يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىۋى لۇ لۇن، شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ شىجاڭى شىن جيەنچىڭلارنى ئەۋەتىپ يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، جاڭ پېيىۋەن يەنىلا، ئەمىلىي كۈچۈم كۆپ، ئۇرۇمچىنى ئالالايمەن، دەپ ھىساپلىدى.

جاڭ پېيىۋەن شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى پارچىلاش مەقسىدىدە، شىۋە كۆكشىبىنى يەرلىك ھەربى، مەمۇرى باشلىقلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن چۆچەككە ئەۋەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىدا قېپقالغان جىلىن قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ 26 ـ لۈ 673 ـ تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى ۋاڭ شاۋجى ئارقىلىق (جاڭ پېيىۋەن ئۇنى شىنىڭ سەنمۇجاڭى قىلىپ تەيىنلىگەن) ئادەم ئەۋەتىپ، چۆچەكتە تۇرۇشلۇق جىلىن قوغدىنىش قوشۇنىدىن كېلىپ چىققان ئەپتىسەر ياۋ خۇاتىڭ قاتارلىقلارنى جاڭ پېيىۋەننىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشىغا ئاۋاز قوشۇشقا قۇتراتتى.

مەن چۆچەككە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، جاڭ پېيىۋەننىڭ چۆچەككە قاراتقان سۇيىقەستى ئۇنۇم بەردى.

ئەينى چاغدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى چۆچەك مەسىلىسىنى

ھەل قىلىشقا ئەۋەتكەن ياۋ شيۇڭ، جاۋ دېشۇلار مەن بىلەن مەسلىھەتلەشتى، ئۈچىمىز ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 3 كىشىلىك گۇرۇپپا قۇردۇق، ياۋ شيۇڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. بىز ئالدى بىلەن ياۋروپا-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى چۆچەك پونكىتىنى پېچەتلەپ، پونكىت باشلىقى بىلەن يەنە بىر گېرمانىيىلىكنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ رادىيو پىرىيومنىكىنى مۇسادىرە قىلدۇق. ياۋروپا-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن گېرمانىيە بىرلىشىپ ئاچقان، گېرمانىيىلىكلەر بۇ شىركەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا جاسۇسلۇق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى، ئۇ كەسكىن بىر تەرەپ قىلىنمىغاندا، بىزنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلىرىمىزگە تەسىر يەتكۈزەتتى.

بىز ئىگەللىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، چۆچەكتىكى ھەربى، مەمۇرى ئەرباپلاردىن چۆچەكتە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ باش كوماندىرى ياۋ خۋاتىڭ، تۈەنجاڭ گۇەن جېيسەن، يىڭجاڭ خې ××، چۆچەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سۇن گوخۇالارنى جاڭ پېيۈەن ئۆزىگە تارتىپ كەتكەن، ۋالى چېن جىشەنمۇ تەۋرىنىپ قالغان ئىكەن، كۆكشىبىننىڭ قازاقلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇشقا قۇترىتىپ يازغان خېتىمۇ قولىمىزغا چۈشتى.

شۇ چاغدا، بىزنىڭ قولىمىزدا بىرمۇ ئەسكەر بولمىغاچقا، شىڭ دۇبەنگە مەخپى تېلېگىراما بېرىپ، ئۈرۈمچىدىن ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدۇق. شىڭ شىسەي، ئۈرۈمچىدە ئەۋەتكۈدەك ئەسكەر يوق، ئۆزەڭلەر ئامال قىلىپ بىر تەرەپ قىلىڭلار، دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىز ئىلى تەرەپنىڭ ئۈرۈمچىگە قاراپ

ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ياۋ شىيۈك، جاۋ دېشۇ ئۈچىمىز مەسلىھەتلىشىپ، شۇ يەردىكى ئاق ئورۇس ئىۋانوۋنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئادەم توپلاتقۇزۇش قارارىغا كەلدۇق. ئىۋانوۋ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مەن باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تيەنجىندىن تەكلىپ قىلىپ كەلگەن شوپۇر قوشۇمچە ماشىنا رېمونت تېخنىكى ئىدى. ئۇنىڭ ئىشىمىزنى بۇزمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇمۇ، بىر تۈمەن ئەسكەر توپلاپ، سىلەرنىڭ قوماندانلىقىڭلارغا بويسۇنىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. بىزنىڭ قورال-ياراقلىرىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يوشۇرۇن كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ چاغدا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يەڭ ئىچىدە كېلىشىپ بولغان، بۇ ئىشتا ياۋ شىيۈك ئالاقىلاشقۇچىلاردىن بىرى ئىدى.

بىزنىڭ قوشۇنىمىز مەخپىي تەشكىللىنىپ بولغاندىن كېيىن، 12-ئاينىڭ 20-كۈنى بىر جاڭ پىيىۋەن تەرىپىدىن تارتىپ كېتىلگەن چىن جىشيەن، ياۋ خۇاتىڭ ۋە خې يىڭجاڭ قاتارلىقلارنى تاموژنا ئەمەلدارى ئىشخانىسىغا يىغىنغا چاقىردۇق. يىغىندا، ياۋ شىيۈك ياۋ خۇاتىڭ قاتارلىقلارغا جىددىي يوسۇندا مۇنداق دېدى: چۆچەكنىڭ تېچلىقىنى ساقلاش كېرەك، ھازىر بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملاردا تۇراقسىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بىز شىڭ دۇبەندىن بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنى قورال تاپشۇرغۇزۇش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدۇق؛ ئەگەر قىسىملار بويسۇنمايدىغان بولسا، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىگە ھەركەتكە كېلىش توغرىسىدا دەرھال بۇيرۇق بېرىمىز، ھازىر پۈتكۈل چۆچەك شەھىرىنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى تىزگىنلەپ بولدى ھەممە بۇ

يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ بولدى.

خې يىڭجاڭنىڭ پوزىتسىيىسى بىرقەدەر قاتتىق بولدى. ئۇ، مەن ئۆز قىسىملىرىمغا قورال تاپشۇرۇشنى بۇيرۇق قىلالمايمەن، دېدى. ۋاقىت ئۇزىرىپ كەتسە، بىزگە پايدىسىز ئىدى، بىز ئۇنىڭغا، 5 مىنۇت ۋاقىت بېرىمىز، قورال تاپشۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرسەن، بولمىسا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىگە قورال-ياراقنى مەجبۇرى تاپشۇرغۇزۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىمىز، ئۇ چاغدا سېنىڭ بىخەتەرلىكىڭگىمۇ ئىگە بولالمايمىز، دېدۇق. خې يىڭجاڭ، ياۋ خۇاتىڭلار ئاخىرقى بىر مىنۇتقىچە چىڭ تۇرۇپ ئاخىرى تەسلىم بولدى. بىز ئۇلارنىڭ قىسىملىرىنىڭ قورال-ياراقلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدۇق. پۈتكۈل چۆچەك شەھىرىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشىنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئۆتكۈزۈۋالدى، جايلاردىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

شۇ كۈنى بىز خې يىڭجاڭ بىلەن گۇەن جىيېسەن تۇەنجاڭنى قولغا ئالدۇق ھەمدە دۆربىلجىنغا ئەسكەر ئەۋەتتۇق. دۆربىلجىننىڭ جەنۇبىدىكى 20—30 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە، جاڭ پېيۋەنگە ئەل بولغان 300 دىن ئارتۇق قوراللىق قىسىمنىمۇ قورالسىزلاندۇردۇق. بىز يەنە ئادەم ئەۋەتىپ خې يىڭجاڭ، گۇەن تۇەنجاڭلارنىڭ تۇرار جايىنى ئاختۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جاڭ پېيۋەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىگە دائىر دەلىل-ئىسپاتلارنى تاپتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋ خۇاتىڭنى تۇتتۇق، چېن جىشيەننى نەزەربەنت قىلىپ قويدۇق. ياۋ خۇاتىڭنىڭ تۇرار جايىنى ئاختۇرغاندا، بۇرۇنلا بىزگە ئەل بولغان ۋاڭ تۇەنجاڭ بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ يىڭجاڭى دېيىنسوۋ قىممەتلىك نەرسىلەرنى تالىشىپ ئېتىشىپ قالغىلى

تاس قېپتۇ. مەن ھاياتىمنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي بىرىپ ئۇلارنى توستۇم ھەمدە ئۇلارغا ياۋ خۇاتىڭنىڭ مال-مۈلكىنى چۆچەك مەمۇزى دائىرىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ساقلاپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدۇم.

كېيىن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جاۋ دېشۇنى چۆچەكنىڭ ۋالىسى، ياۋ شيۇڭنى چۆچەك گارنىزونىنىڭ سىلىڭى قىلىپ تەيىنلىدى. خې يىڭجاڭ، ياۋ خۇاتىڭ، گۇەن جىيىسەن قاتارلىق شەرقىي شىمال قوشۇنىدىن كېلىپ چىققان بىرقانچە ئەپىتىسەرنى، شۇنىڭدەك چۆچەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سۇن گوخۇا، جاڭ پېيىۋەنىنىڭ ئەلچىسى كۆكشىبېننى ياۋ شيۇڭ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن شۇ يەردىلا مەخپىي ئاتقۇزۇۋەتتى.

چۆچەك مەسىلىسىنىڭ قان ئاقتۇرماي ھەل قىلىنىشى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن قوشۇلغان زور تۆھپە ئىدى، بىراق بۇ ئىشقا باشچىلىق قىلغان ياۋ شيۇڭ 1942-يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئىككىنچى تۈرمىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى.

## سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە بەرگەن ياردىمىگە دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدە كېيىن توختىلىمەن. بۇ يەردە مېنىڭ شۇ چاغدا چۆچەكتە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنىلا بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

1934-يىل 1-ئايدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋ شيۇڭغا

ئەۋەتكەن مەخپىي تېلېگىراممىسىدا مۇنىداق دېيىلگەن: ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇرۇمچىگە يېقىنلىشىپ قالدى، ئۆلكە مەركىزىنى ساقلاپ تۇرغان كۈچ ئاجىز بولغاچقا، ئەھۋال ئىنتايىن خەۋپلىك بولۇپ قالدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردى، قىزىل ئارمىيە پات ئارىدا چۆچەك چېگرىسىدىن كىرىپ ئۇرۇمچىگە كېلىدۇ. تېلېگىراممىدا چۆچەك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى دەرھال جۇڭگو-چە ھەربىي كىيىم، يول ئۈستىدە كېرەكلىك ماددىي ئەشيا ۋە قاتناش قوراللىرى (چانا، تۆگە قاتارلىقلار)نى تەييارلاپ قويىسۇن، دەپ بۇيرۇلۇپتۇ. بىز بىر مەخسۇس كومىتېت قۇرۇپ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلدۇق، مەن ھەربىي كىيىم ۋە ترانسپورت قوراللىرىنى تەييارلاشقا مەسئۇل بولدۇم.

ھېلىمۇ ياخشى، مەن قازاق چارۋىچىلىرىنى تۇراقلاشتۇرغان ئىكەنمەن، بولمىسا، ترانسپورت قوراللىرىنى تېپىش تەس بولاتتى. كىيىم-كېچەككە كەلسەك، شۇ چاغدا چۆچەكتە ساقلىنىۋاتقان رەخت، پاختا يېتەتتى. بىز شۇ يەردىكى ماشىنىچىلارنى ۋە سودىگەرلەرنى چاقىرىپ كېلىپ، ھۆكۈمەتكە قىشلىق ھەربىي كىيىم كېرەك ئىكەن، دەرھال تەييارلاپ بېرىڭلار، دېدۇق. ھەربىي كىيىم تېزلا تىكىلىپ بولدى. بىز بازار باھاسى بويىچە ماتېرىيال ھەققى ۋە سىمكار بەر-دۇق. ئاشۇ مەزگىلدە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قىزىل ئارمىيىنىڭ چېگرىدىن كىرگەن-كىرمىگەنلىكىنى ھەر كۈنى دىگۈدەك تېلېگىرامما ئارقىلىق سوراپ تۇردى.

1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قىزىل ئارمىيە باقتى تېخىدىن كىرىپ، چېگرىدا بىز ئەۋەتكەن ھەربىي كىيىمنى يەڭگۈشلەپ، چۆچەكنىڭ سىرتىدىن جەنۇپقا قاراپ يول ئالدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى

سىرتـقا قارىتا، بۇ قىـزىل ئارمىـيىنى ”ئالـتاي قوشۇنى“ دەپ، يەنى ئالتايدىن يـۆتكەلگەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئۇرۇس ئەسكەرلىرى دەپ جاكالـىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتـتا ھىچقانـداق ئەمـەلىي ھوقۇقى بولمىغان جاۋ دېـشۇنى ”ئالـتاي قوشۇنى“نىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ قوشۇن بىلەن بىللە جەنۇپقا قاراپ ماڭدى.

قىزىل ئارمىيە كېچىدە كىردى. سوۋېـت تەرەپـنىڭ ئالاقـچىسى بىر تۆەن ئەسكەر كىردى دىدى، زادى قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمـىدۇق. بىزنىڭ ئالاقـچـمىزنىڭ ئېيـتىشـچە، بىر-ئىكـكى مىڭدەك ئادەم بولۇپ، ئاز بىر قىسمى ئاتلىق ئەسـكەر، قالغانـلىرى ئاپتوموبىـل بىلەن كەلگەن پىيادە ئەسكەر ئىكەن. ئۇلار چۆچەكتىن كەتكەنـدىن كېيىن قاتتىق قار يېغـىپ يول توسۇلۇپ قالغاچـقا، مۇتـلەق كۆپچىلىكى بىز تەييارلاپ قويغان چانىلارغا چۈشـكەن، قورال-ياراقنى تۆگە بىلەن توشۇغان، يول ناھايـىتى جاپالـىق بولۇپ، بەك ئاستا يۈرۈشكە توغرا كەلگەن. ئۇلار ئېغىر قورالاردىـن تاغ زەمبە-رىكى، دالا زەمبىرىكى ۋە بىرونېۋىك ماشىنىلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. جاۋ دېشۇ قوشۇنغا ئەگىشـىپ چۆچەكـتىن يولغا چىـقىپ ئۈرۈمـچىگە كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشكەن.

مەن بۇ ئىشنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە دۇبەن مەھكىمىسىدىن مېنى ئالتايغا تېچلاندۇرۇش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى، يەنە ئالتايغا بېرىشىم كېرەكلىكى توغرىـسىدا بۇيـرۇق تاپشۇرۇۋالدىم. چۈنكى مەن ئالتايدىن كەتكەنـدىن كېـيىن، ما جۇڭيىـڭ ئۇ يەرگە توپىـلاڭ كۆتىرىشـكە قۇتىرىتـىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتـكەن ئىـكەن. بىر قىـسـىم قازاق ئاقـساقالـلار ”قىزىللىـشىپ كېتىش“تىن قورقـقان ھەمدە شەرىپخان ئالتاينى ”قىزىللاشـتۇرۇۋا-

تىدۇ" دەپ قاراپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىگىگە بويسۇنمىغان. بۇ ئاقسا-
قاللارنى ما جۇڭيىڭ ئەۋەتكەن ئادەملەرنىڭ تارتىپ كېتىشى تولىمۇ
ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئالتايدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن
ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىغى ژېنكوۋ چۆچەككە كەلگەندە
ماڭا ئېيتتى.

1934-يىل 1-ئايدا، ژىنكوۋ بىلەن ئىككىمىز 20 نەچچە قورال-
لىق ئەسكەرنى باشلاپ چۆچەكتىن يەنە ئالتايغا باردۇق.

## پوچتا يولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاشلىق قەھەتچىلىكىنى يېڭىش

شىنجاڭدا بولغان بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا، شىمالىي شىنجاڭدىكى
سىملىق تېلېگىراف يولىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك بۇزۇۋېتىلگەن ئىدى.
چۆچەك بىلەن ئالتاي ئوتتۇرىسىدىكى پوچتا يولىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش مەقسىدىدە، مەن ئالدى بىلەن دۆربىلجىندا
بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم. ئالدى بىلەن جايلاردىكى چارۋىچى-
لارغا ئائىتلىق پوچتالىيونلارنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىشنى بۇيرۇ-
دۇم. 1-ئاينىڭ 19-كۈنى ياۋ شيۇڭ بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم،
ئۇ، ما جۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە قاراتقان مۇھاسىرىسىنى چېكىندۈرۈپتۇ،
لېكىن بۇ خەۋەرنى يەنىمۇ ئېنىقلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، دىدى.
28-كۈنى قوبۇقسارغا كېلىپ، ئولولمۇجاپ چىنۋاڭ بىلەن كۆرۈ-
شۈپ، ئۇنىڭدىن ماڭا ۋاكالىتەن چارۋىچىلاردىن 400 تۆگە ياللىۋې-
لىپ، تىرانسپورت تارماقلىرىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن دۆربىلجىنغا
ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ توپىلاڭدىن كېيىن مۇنچىۋالا

كۆپ تۆگە ياللىغلى بولمايدىغانلىغىنى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 100 تۆگە ياللاش مۇمكىنلىگىنى ئېيتتى.

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بىز داۋاملىق شەرققە قاراپ سەپەر قىلدۇق، ھاۋا بەك سوغاق بولدى، يول بويى چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيى ئۇچرىماي، تاغ ئۆڭكۈرىدە قوندۇق. 31 ـ كۈنى ساۋۇر تېغىغا يېتىپ باردۇق، ئەلەن شەرىپخاندىن رەنجىپ بەردى. 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يولغا چىقىپ، شۇ كۈنى كېچىدە ياقۇپ تەيجىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق، ئۇنىڭدىن قازاق ئاقساقاللىرىنىڭ ئەمەل تالىشىۋاتقانلىغىنى ئۇق-تۇق. ياقۇپ مۇنداق دىدى: ئەلەننىڭ ئوغلى دەلىلخان جىمىنەي ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى، مۇقاش باج ئىدارىسىگە باشلىق بولدى، قاناپىيىنىڭ ئىنىسى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى بولدى، ئەل تىنچىتقۇچى بەگ ئۆمەرتاينىڭ ئوغلى ئابدۇمەجىن بۇرچىننىڭ ھاكىمى بولدى، مېنىڭ ئوغلۇم شەرىپقىلا ھېچنەرسە تەگمىدى، دىدى. شەرىپ ئۇرۇمچى موڭغۇل ـ قازاق مەكتىۋىدە ئوقۇغان زىيالى ئىدى. مەن ياقۇپقا، بۇ ئادەملەرنىڭ ئەمەل تالىشىۋاتقانلىغىنىلا كۆرمە، ئەمەلدار بولغان كىشى پۇقراغا ئوبدان ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك، بولمىسا، ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ، دەپ نەسىھەت قىلدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن، شەرىپنى ئۆزەمگە ياردەمچى قىلىپ ئېلىپ كەتتىم.

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى دەلىلخان تەيجىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. بۇ تەيجى 1944 ـ يىلى ئالتاي خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىغىغا قارشى تۇرغان باشلىق① ئىدى. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

---

① تولۇق ئىسمى دەلىلخان سوگۇربايېۋ، 1949 ـ يىلى ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۇستىدە كېيىن توختىلىمەن. ئۇنىڭ

ئالتايغا كەلدىم. شەرىپخان جىمنەيگە قايتىپ كەلمەپتۇ، بىزنى مەنىكەي، مۇھەممەت شاگىزۇك، ھۇشۇر، يۇسۇپغالى، مۇنۇپئاخۇن قاتار-لىقلار يېڭى قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ كوچىغا چىقىپ قارشى ئالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەنىكەيدىن باشقىسى ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئىدى. شۇ چاغدا ئالتايدىكى سودىگەرلەرنىڭ كۆپچىلىگى جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن، ئۇلار ئىچكى-تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلارنىڭ ئالىدىغان پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىرنەچچە يىل ياكى ئون نەچچە يىلدىلا كاتتا بايلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇلار شەھەردە خېلى تۈزۈك ئىمارەتلەرنى سالدۇر-غان بولۇپ، ئەمەلدارلار بىلەن بىر بىرىگە يۆلەنچۈك بولۇشقان. بۇلاردىن باشقا، بۇ يەردە دىخانچىلىق قىلىدىغان يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى موڭغۇل، قازاق ياللانما ئىشلەمچىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ باي بولۇپ، زىمىندارلارغا ئايلانغان.

بۇ چاغدا، شەمشى ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، سىيىتقازى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى، ئىبراھىم تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، مۇقاش باج ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ئىكەن. مەن ئۇلارنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، ئۇلار بىلەن ئالتاينىڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن تېچلاندۇرۇش مەھكىمىسى ۋە ۋاقىتلىق باش قوماندانلىق ئىشتاتىنى قۇردۇم. بۇ چاغدا ئالتايدا تۇرۇشلۇق قوشۇن 400 دىن ئاشاتتى، بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىگى

---

ئىسمى ئەلەنۋاڭنىڭ ئوغلى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئىككىسى بىر ئادەم ئەمەس.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئىدى، ئازراق موڭغۇل، قازاقلارمۇ بار ئىدى. ئالتايدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەر- لىرى يەرلىك ئاق ئورۇسلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇلار بىلەن "ئالتاي قوشۇنى" دەپ ئاتالغان سوۋېت قىزىل ئارمى- يىسى باشقا-باشقا قوشۇن ئىدى.

ئاشلىقنىڭ قىسلىغى شۇ چاغدا دۇچكەلگەن ئېغىر مەسىلە ئىدى. ئالتاي توپىلىڭىدىن بۇيان خەنزۇلارنىڭ ئېكىنزارلىغى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلاندى، باشقا مىللەتلەرنىڭ دىخانلىرىمۇ كۆزلۈك ۋە ياز- لىق تېرىلغۇنى قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى يىلى يازدا قۇر- غاقچىلىق بولغانلىغى، قىشتا قېلىن قار ياققانلىغى ئۈچۈن، چارۋىلار مىڭلاپ-ئون مىڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. 1934-يىلى ئەتىياز كىرگەندە، جايلاردا ئاچلىقتىن ئادەملەر ئۆلۈپ كەتتى، بىزمۇ، كۆپ ھاللاردا، نەچچە كۈنلەپ تاماقسىز قالدۇق.

شەرىپخان جىمىنەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەسلىھەتلە- شىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ نىسىگە 400 پۇت (6 مىڭ 500 نەچچە كىلوگىرام) ئاشلىق سېتىۋېلىپ، 60 تۆگە بىلەن توشۇۋاتقاندا، يول ئۈستىدە ئاچ قالغان خەلق بۇلاپ كەتتى.

چېگرا ئىچىدىكى شەھەرلەردىمۇ ئاشلىق بۇلاش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. 4-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئابدۇللا شاكىرزۇكىنىڭ خوتۇنى شىيا خەي (خۇيزۇ) كېلىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاشلىق ئاختۇرغانلىغى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئالتايدا 100 دىن ئارتۇق ئۆزلەشتۈرۈل- گەن ئورۇس ئەسكەر بار ئىدي، مەن ئۇلارنىڭ ئەپىتسەرلىرىنى

چاقىرىپ كېلىپ، ئاشلىقنىڭ قىس بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئەسكەرلەرنى تەشكىللەپ قىران دەرياسىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ، ۋاقتىنچە قوساق بېقىپ تۇرۇشقا، ئاھالىگە پاراكەندىچىلىك سېلىشنى قەتئىي مەنئى قىلىشقا بۇيرۇدۇم. يەنە يەرلىك باي سودىگەرلەرنى ئاشلىق ئىئانە قىلىپ ئاھالىنى قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلدىم. كېيىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نېسىگە كۆپلەپ ئاشلىق ۋە ئۇرۇق سېتىۋېلىپ، ئاھالىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قۇتقۇزدۇق ھەمدە دېھقانلارغا ئۇرۇق تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا سەپەرۋەر قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئېغىر ئاپەت پەسەيدى. شۇ كۈنلەردە يازغان خاتىرەمگە قارىغاندا، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نېسىگە 10 مىڭ پۇت يەنى 163 مىڭ 800 نەچچە كىلوگىرام بۇغداي سېتىۋالغان ئىكەنمىز.

## ما جۇڭيىڭنىڭ پىتنە-پاساتلىرىغا تاقابىل تۇرۇش

شۇ چاغلاردا، ئالتايدا پىتنە-پاسات كۆپ بولۇپ، ھەممىلا يەردە ما جۇڭيىڭ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ ئالتاينى "قايتۇرۇۋالغۇدەك" دېگەن گەپلەر تارقالغان ئىدى. 4-ئاينىڭ 13-كۈنى بۇرۇلتوقايدىن كەلگەنلەر، ما جۇڭيىڭ 300 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپتۇ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلىدىكەن، دەپ دوكلات قىلدى. مەن، شەرىپخان، مەنىكەيلەر بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، بىرىنچىدىن، جايلاردىكى ئاقساقاللارغا پىتنە-پاساتلارغا ئىشەنمەسلىكنى، ما جۇڭيىڭ ئالىلقاچان ھۆكۈمەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەتتى، دەپ

خەت يېزىشنى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزىمىزنىڭ قوراللىق كۈچ-
لىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى؛ ئۈچىنچىدىن، ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە
ئادىلخاننى بۇرۇلتوقايغا ئەۋەتىشنى بەلگىلىدۇق.

پىتنە-پاساتلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى
تېخىمۇ پاراكەندە بولۇشقا باشلىدى. ئەينى يىللاردا موڭغۇل، قازاقلار
بار چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پىتنە-پاساتلار ئوڭاي تارقىلاتتى. چار-
ۋىچىلار بىر يەرگە جەم بولغانلىرىدا، تۈرلۈك خەۋەرلەر ئۈستىدە
پاراڭلىشاتتى. قاناپىيە بى چارۋىچىلىق رايونىغا كەتتى، باشقا ئاقسا-
قاللارمۇ شەھەردىن كەتتى. شەرىپخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەن-
كەينى قاناپىيەنىڭ قېشىغا ئەۋەتىدىغان بولدۇق. مەنكەي قاناپىيەنىڭ
ئانا باشقا ئىنىسى بولۇپ، بۇ ئىككىسى كېلىشەلمەيتتى، ئۇ قاناپىيەنىڭ
ھەركىتىنى نازارەت قىلالايتتى ھەمدە ئۇ يەردە تۇرۇپ ئاخبارات
توپلىيالايتتى.

4-ئاينىڭ 18-كۈنى مەنكەيدىن خەت كەلدى، ئۇ خېتىدە ما
جۇڭيىڭنىڭ بىرسىدىن ماندات ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مانداتتا،
قاناپىيە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن قوماندانى،
شەرىپخان ئالتاي ھەربى رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، مۇئاۋىن ئۈكۈردەي
سېلىم باقى قوماندان، جانىمخان تەيجى لۇجاڭ، خېلىل تەيجى ھەي-
ئەت، مەنكەي ئالتاي ناھىيىسىگە ھاكىم، بۇقات، مۇقاشلار تۈەنجاڭ،
ھاشىم شاڭزۇڭ گارنىزونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، ما رۇلۇڭ مۇئاۋىن سىلىڭ-
يۈەن قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ. ئۇ خېتىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پىتنە-
پاساتنىڭ كۆپلىگىنىمۇ ئېيتىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، مەنكەيدىن يەنە خەت كەلدى: ئادىلخان سېلىم
باقىنىڭ ئىنىسى سېيىتخاننىڭ قېشىدىن قايتىپ كېپتۇ. سېيىتخاننىڭ

ئېيتىشىچە، ھاشىم شاڭزۇڭ چۆچەكتىن ما خېيىڭغا① ئەگىشىپ قېچىپ
كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن سېلىم باقىنىڭ يايلىغىغا يەنە 4 ئۇيغۇر،
6 خۇيزۇ كېپتۇ، ئۇلار ھەر خىل مىلتىقتىن 12 دانە مىلتىق ئېلىپ
كېپتۇ، ھەر بىر مىلتىقنىڭ ئاز دىگەندە 200 تالدىن ئوقى بار ئىكەن.
سېلىم باقى ئۇلارنى ئۆي بېرىپ كۈتۈۋاپتۇ. ھاشىم شاڭزۇڭ، 120
كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بوتو دىگەن يەردە 300 نەپەر ئەپتىسەر
ۋە ئەسكەر بار ئىكەن، باشلىغى ما چېڭ، ما لۇ ۋە ئىدرىسلار ئىكەن،
دەپتۇ. قازاقلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇلارنىڭ تېزرەك كېلىشىنى
ئۈمىت قىلىدىكەن. مەنىكەيىنىڭ مۆلچىرىچە، سېلىم باقى تېخى
تايىن تاپمىغان بۇ قوراللىق كۈچىنى ئۆز قولىغا چۈشۈرۈپ، ئەتىياز
كەلگەن ھامان بارلىق چارۋىچىلارنى باشلاپ باشقا جايغا قېچىشىنىڭ
كويىدا ئىكەن. ھاشىم چۆچەكنىڭ شاڭزۇڭى بولۇپ، چىقىش يولى
بولمىغاچقا، ئاخىرلىشىپ قالغان ئۆمرىنى قازاقلارغا تايىنىپ ئۇزارت-
ماقچى بولغان. ما چېڭ، ما لۇلار ۋۇتۇڭۋوزىلىق خۇيزۇلار ئىدى، ئەگەر
ما جۇڭيىڭ ئۇتۇپ چىققان بولسا، ئۇلار ئالتاي تەرەپكە قېچىپ
كەلمەيتتى. مەنىكەي خېتىدە يەنە، مەن خەت يېزىۋاتقاندا، جانىمخان-
نىڭ ئوغلى ما جۇڭيىڭ ئەۋەتكەن مانداتنى ئېپكېلىپ بەردى، قاناپىيە
مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، مېنى ئالدانما دىدى، دەپتۇ. مەنىكەي يەنە
ئادىلخاندىن بىزگە بىرنەچچە ماندات ۋە ما جۇڭيىڭنىڭ نامىدىن
يېزىلغان خەتنى ئەۋەتىپتۇ. بىز مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈپ، بۇ نەرسى-
لەرنى ما جۇڭيىڭ جەنۇپقا قاراپ چېكىنىپ داۋانچىڭغا بارغاندا 3-

① ما خېيىڭ چۆچەكتىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ماناسقا كەلگەندە،
ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئوروس ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، قىسىملىرى
پىتىراپ كېتىپتۇ.

ئاينىڭ باشلىرىدا يازغان دەپ ھۆكۈم قىلدۇق. ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي
شىنجاڭغا قاراپ چېكىنگەندە، يەنىلا شىمالىي شىنجاڭدا ئوت تۇتاشتۇر-
ماقچى بولۇپ، بەزى جېنىدىن تويغان ئەبلەخلەردىن پايدىلىنىپ
ئالتايدا قازاق ئاقساقاللىرىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتماقچى
بولغان. ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ خېتىنىڭ كۆچۈرمىسىنى مەن ھازىرغىچە
ساقلاپ كەلدىم، تۆۋەندە قىسقىچە مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ بەردىم:

نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق 36 ـ شى ئىنقىلاۋىي قوشۇنىنىڭ سىلىڭيۈەنى
ما جۇڭيىڭدىن ئالتايدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئەلەن ۋاڭ،
قانايىيە بى، سېلىم باقى، خېلىل، جانىمخان، باي موللا قەدەم، قابدۇللا،
نازار، ئابدۇشۈكۈر، زەينېل، دەلىلخان، ياقۇپ، كەكەن، كۆكنەي، قابلا
تەيجىلەرگە، ئەلنى تىنچىتقۇچى بەگلەرگە، بىلارغا ۋە ھاجىلارغا:

"...مەن سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلار بويىچە ئىش قىلدىم.

مەن ـــ ماشجاڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن شىنجاڭغا ۋە-
تەن ساتقۇچ شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن پۈتۈن خەلقنى قۇتۇلدۇرۇپ، مۇسۇل-
مانلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، خوجا نىياز ھاجىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن مۇسۇلمانلارنى كۇپپارلارنىڭ
قىرىشىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن كەلگەن. مەن شىنجاڭغا كەلگەندىن
كېيىن، ماڭا ھېچقانداق كۈچ تەڭ كېلەلمىدى ھەمدە سانسىزلىغان قورال-
ياراق غەنىمەت ئالدىم. لېكىن، كېيىن خوجا نىياز شېڭ شىسەيگە ئالدىنىپ، ئىسلام
دىنىغا ئاسىلىق قىلىپ، مىلتىغىنى ماڭا قاراتتى...بىز جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى
ھەرقايسى باشلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خوجا نىيازنى باستۇرماقچى
بولدۇق. ھازىر ئۇ قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ بارلىق قوشۇنى قورال تاپشۇرۇپ
تەسلىم بولدى. قەشقەرنىڭ ۋالىسى ما شاۋۋۇ، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
بېگى جاڭ زىتىڭ (جاڭ پېيۈەن)مۇ ماڭا ئەل بولدى. مەن رامىزاننىڭ 27 ـ
كۈنى (1933 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى) ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ،
جەمئىي 35 كۈن جەڭ قىلدىم. خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان قورال-

ياراق غەنىمەت ئالدىم. بىراق ھاۋا بەك سوغاق بولغاچقا، قوشۇنۇم بەك قىينالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇم-چىدىكى خەلقمۇ ئاشلىق كەم بولغاچقا، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مېنىڭ مۇھاسىرىنى ۋاقتىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇشۇمنى بۇيرۇدى، مەن داۋاندىچىڭغا چېكىندىم. دەرھال يولىيورۇق ئېلىش ئۈمىدى بىلەن، نەنجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتتىم. ئەگەر شېڭ شىسەي تەسلىم بولمايدىغان بولسا، قوشۇن باشلاپ يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن.

مەن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزەڭلەرنىڭ بۈيۈك يۇرتۇڭلارنى باندىت شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئويلاپ بېقىڭلار، سىلەر 70 نەچچە يىلدىن بېرى كۇپپارلارغا قۇل بولۇپ كەلدىڭلەر، ئۇلارنى چوشقىدەك بوردىدىڭلار. سىلەر بارلىق مۇسۇلمانلارنى توپلاپ قورالىنىپ، يۇرتۇڭلارنى ئازات قىلىشىڭلار كېرەك...

سىلەر، بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن، ئالتايدا بىرمۇنچە خەنزۇلار، ئورۇسلار ۋە موڭغۇللارنى ئۆلتۈردۈڭلەر، خەنزۇلار ھۆكۈمىتى ئۆچ ئالامدۇ؟ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سىلەر تەرەپكە ئەۋەتكەن، كۇپپارلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان بايان، بۇرھانلارغا زادى ئالدانماڭلار...سىلەرگە قورال-ياراق كېرەك بولسا، چەتئەللەردىن سېتىۋېلىڭلار، قانچە پۇل كەتسە، مەن بېرىمەن. ئەگەر بۇ ئەمەلگە ئاشمىسا، ئادەم ئەۋەتىپ مېنىڭدىن ئېلىڭلار. بىزنىڭ تىلىمىز باشقا بولسىمۇ، دىنىمىز بىر، قۇرئانىمىز بىر.

مەن سەنداۋبا، قۇتۇبى، سانجى تەرەپلەردىكى خۇيزۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ما چېڭ، ما لۇ، ئىدىرىسلارنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئالتايغا ئەۋەتتىم. ئۇلار بىلەن كەتكەن خەلق ئىچىدىكى ياشلار، قۇرامىغا يەتكەنلەرنى ئەسكەر قىلساڭلار بولىدۇ، باشقىلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، غەمخورلۇق قىلىپ قويۇشىڭلارنى سورايمەن...

سىلىڭ ما جۇڭيىڭ (تامغا)

مىنگونىڭ 23 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

بۇ تېتىقسىز خەت ما جۇڭگيىڭنىڭ جۇۋا تاراقشىتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈ-
رەتتى. ئۇ شىمالىي ساۋۇر تېغى تەرەپتىكى ئۆزىگە ئەگەشكەن ھېچقانچە
كۆچى يوق بەزى خۇيزۇلارنى ئىشقا سېلىپ ئالتايدا چاتاق چىقار-
ماقچى ئىدى. ھاشىم شاڭزۇڭمۇ پانا ئىزدەپ كەلگەن ئىدى. بىز
تەۋرىنىپ قالغان قازاق ئاقساقاللارنى مۇمكىن قەدەر تېزرەك قولغا
كەلتۈرەلىسەك ھەمدە قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىل-
لەتلەرنىڭ ئادەملىرىنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك
قىلالىساق، چاتاق چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. بىز دەرھال
خەت يېزىپ ئىمىن ھەسەن، مىناۋارباي قاتارلىقلارنى سېلىم باقىنىڭ
يايلىقىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى پىتنە-پاساتلارغا ئىشەنمەسلىككە دالالەت
قىلدۇق ھەمدە چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن قېچىپ كەلگەن
كىشىلەر قورال تاشلىسىلا، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى
ھەرگىز سۈرۈشتۈرمەيدۇ، ھاياتىغا ۋە مال-مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ،
دەپ جاكالىدۇق.

## ئالتاي ئاۋام خەلق كومىتېتىنى سايلاش

بىزنىڭ تېچلاندۇرۇش خىزمىتىمىز ئۈنۈم بەردى. 5-ئاينىڭ 10-
كۈنى سېلىم باقى، ئابابەكرى، ئۆمەرجان زالىڭ ئۆزى ئالتايغا كېلىپ
يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 5-ئاينىڭ 19-،
20-كۈنلىرى ھاشىم شاڭزۇڭ، تۇردىئاخۇن، ئۆمەرئاخۇن قاتارلىق
كىشىلەرمۇ كېلىپ قورال تاپشۇردى. ئۇلار گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ،
مەن تېچلاندۇرۇش ئەلچىلىكى نامىدىن ئۇلارغا زىياپەت بەردىم،
ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتىشتى. مالۇ، ماچېڭلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ

شىمالىي ساۋۇر تېغىغا قايتىشتى. ئالتاي خەۋپى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى.

بىز ھەر مىللەت خەلقىنى يەنىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كېيىنكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئالتاي ئاۋام خەلق كومىتېتىنى قۇرغان ئىدۇق. مەنكەي مۇدىرلىقنى، موڭغۇل تەيپىلىك بى مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى؛ سېلىم، ئىبراھىم، خوجا ئەخمەت قاتارلىقلار ھەيئەتلىككە سايلانغان ئىدى. كومىتېتنىڭ ۋەزىپىسى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى خەلق ئىچىدە تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى باشلىۋېتىش، قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، توپىلاڭ تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان تۇرلۇك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەمدە قېچىپ كەتكەن خەنزۇ، خۇيزۇ دىخانلارنى چاقىرىپ كېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سودىگەرلەرنىڭ تۇرمۇشقا كېرەكلىك تۇرلۇك ئىستىمال بۇيۇملىرىنى كىرگۈزۈشنى مۇكاپاتلاش ئىدى.

بۇ كومىتېت قۇرۇلغان كۈنى — 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەن قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتىم ھەمدە سۆز قىلىپ، بۇ كومىتېتنى يۇقۇرىقى خىزمەتلەرنى دەرھال باشلىۋېتىشكە ئىلھاملاندۇردۇم.

5 - ئاينىڭ باشلىرى، مەن شۇ يەردىكى ئىدارىلەر، ئاممۇۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئالتاي بىلەن ئۇرۇمچى ئوتتۇرىسىدىكى پوچتا يولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئايرۇدرۇم قۇرۇش، ئاۋۋەتتىكى تېرىلغۇ يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەكتەپ ئېچىش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتىم ھەمدە پىلان تۈزۈپ، 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شېڭ دۇبەنگە مەلۇم قىلدىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ”ھەممە شۇ بويىچە بېجىرىلسۇن“ دىگەن جاۋاپ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

كېيىن مەن يەنە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ھەممىنى دەرقەمتە تۇرۇپ دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما بەردىم. 6-ئايدا ئۆلكە رەئىسى لى رۇڭنىڭ: "ھازىر يول خاتىرجەملەشتى، دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىڭ" دېگەن تېلېگراممىسىنى ئالدىم. 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالتايدىن يولغا چىقىپ، 19-كۈنى ئۈرۈمچىگە كەلدىم.

ئالتايدىن كېتىدىغان چېغىمدا، ئالتاي ئاۋام خەلق كومىتېتى ماڭا، ئالتاي خەلقىنى ئۇنۇتۇپ قالماي، داۋاملىق ئۇلارغا ياردەم بېرىپ تۇرۇشۇمنى ئۈمىت قىلىپ يازغان رەھمەت خېتىنى سۇندى. ھازىر ئويلىسام، شۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئالتاينى تىنچىتالىشىمىز، ئاسا- سەن، يەرلىك بەزى ئىلغار كىشىلەرنىڭ خەلق رايىنى جەلىپ قىلىپ، خەلقنىڭ جىددى ئېھتىياجلىق بولغان مەسىلىلىرىنى — تېچ- لىق، ئاشلىق، ئۇرۇق، موڭغۇل-قازاقلار ماجىراسى قاتارلىق مەسىلە- لەرنى ھەققى ھەل قىلغانلىقىدىن بولغان ئىكەن، بۇ تۆھپە كۆپچە- لىككە مەنسۇپ. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىنى، كېيىنكى چاغلاردا، شېڭ شىسەي قاماققا ئالدى ۋە ئۆلتۈرۈۋەتتى.

# شېڭ شىسەينى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇش

چۆچەك، ئالتاي ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقلىشىشى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېييۈەنلەرنىڭ ئۈرۈمچىگە قاراتقان ھەربى تەھدىتىدىن قۇتۇلۇشىنى ھەل قىلالمىدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششىلا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇردى.

ئەمدى مەن 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى گۇچۇڭ ئۇرۇشى، شۇنىڭدەك سوۋېت ئارمىيىسى قاتناشقان 1933 ـ يىلى قىشتىكى سەنداۋخېزى ئۇرۇشى ۋە 1934 ـ يىلى ئەتىيازدىكى ئۇرۇمچى ئۇرۇشىنى تونۇشتۇ-رۇپ ئۆتەي.

## گۇچۇڭ ئۇرۇشى

1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ما جۇڭيىڭ قورال ـ ياراقلىرى خىل، جەڭگىۋارلىقى خېلى كۈچلۈك ئالاھەزەل 8 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن گۇچۇڭغا باستۇرۇپ كىردى. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى جىمساردىن ئۆتتى، جىمسارنى ساقلاپ ياتقان ما شۇفۇ تۇەنجاڭ، يەنى بۇرۇن تۆمۈرنى سۆز بىلەن تەسلىم قىلغان ئادەم، شەھەر بويىچە تەسلىم بولۇپ، فۇكاڭغا يول ئالدى.

شىڭ شىسەينىڭ شۇ چاغدىكى ئاساسىي قوشۇنى ئۆزىنىڭ ئىككى تۇەن ئەسكىرىدىن باشقا، ئاساسلىقى شەرقىي شىمال قوشۇنى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇ بىر قىسىم ئاساسىي قوشۇننى ئۈرۈمچىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. ئۇ بۇنداق ئورۇن-لاشتۇرۇشتا يىراقنى كۆزلىگەن ئىدى. شۇ چاغدا خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈرۈم-چىگە كەلگەن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تېخى ئېتىراپ قىلمىغان، ئۈرۈمچىنىڭ قايسى تەرەپكە مايىل بولۇشى ناھايىتى زور ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى، شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئىشەنچلىك قوشۇننى قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇ شەرقتىكى

يولنى راۋانلاشتۇرساق كۆپچىلىك ئىچكىرىگە كېتەلەيدۇ دېگەن شوئارنى شەرقىي شىمال قوشۇنىنى ئىلھاملاندۇرۇش شوئارى قىلدى، يەنە كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بارلىق ئەپىتسەر ۋە ئەسكەرلەرگە 3 ئايلىق مائاش تارقىتىپ بەردى. شۇ چاغدىكى شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەپىتسەرلىرىدىن ياڭ ياۋجۇنىنىڭ ئۈرۈمچىدە قالغانلىقىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، جېڭ رۇنچېڭ، يىڭ جەنبياۋ، خا يۈلياڭ، ياڭ بېڭشېن، لىيۇ ۋەنكۈي، شىڭ جەنچىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى يۆنۈلۈش قوشۇنىنىڭ كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەندى، ئۇلار ئەسكەر باشلاپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن ئومۇمى ئادەم سانى 4 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى.

جەڭگىۋارلىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەيتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، ما جۇڭيىڭ دۈشمەنگە سەل قارىغانلىقى ۋە ھاۋا جىددى ئۆزگەرگەنلىكىدىن مەغلۇپ بولغان. بەزى ئاز سانلىق مىللەت دوستلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە، ما جۇڭيىڭ زىمچۈەنزىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خوجا نىيازنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقا يولىنى ئىگەللىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، گۇچۇڭدىن دەرھال چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. شۇ چاغدا، خوجا نىياز شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆزئارا ۋەكىل ئەۋەتىشىپ، ما جۇڭيىڭغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە بىر مەسلىھەتكە كېلىپ بولغان. شېڭ شىسەي خوجا نىيازنىڭ قېشىغا روزى ھاجى، ناسىربەگلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇلار خوجا نىيازنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىشقا كۆندۈرگەن. ئۇ چاغدا خوجا نىيازنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ماناس بىلەن

گۇچۇڭ ئارىلىغىدا تۇراتتى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتىنى بۇرۇن بەزىلەر بايان قىلىپ بولغاچقا، بۇ يەردە قىسقارتتىم.

گۇچۇڭ ئۇرۇشىدىن كېيىن، 1933 ـ يىلى كۈزدە، شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭ تەرەپتىكىلەر يەنە ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى جىجىساۋ بىلەن داۋانچىڭ ئارىلىغىدا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش قىلغان، شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىر قېتىملىق جەڭدە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن.

## سەنداۋخېزى ئۇرۇشى

ما جۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيۈەن شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاق تۈزگەن بولسىمۇ، ھەر بىرى ئۆزى ئۈچۈن چوت سوقاچقا، ئىش ـ ھەركەت جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشالمىدى. جاڭ پېيۈەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئۈرۈمچىنى تەنھا ئېلىش كويىدا بولدى. ئۇ 1933 ـ يىلى كۈزدە، لو ۋېنگەن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ھەركەت قىلىش ئۈچۈن ئەنجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن ۋەكىلى شۇ خۇەنجاڭمۇ ئۈرۈمچىدە شەرقىي شىمال قوشۇنى ئەپىتسەرلىرىدىن ئۇنىڭغا ئادەم تاللىدى. بۇ ئەھۋاللارنى جاڭ پېيۈەننىڭ مەسلىھەتچىسى ليۇ جىڭۋېن ئاشكارىلاپ قويدى، 10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان شۇ خۇەنجاڭمۇ بۇنى ئىقرار قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، جاڭ پېيۈەن شىخۇ، ماناسنى تىزگىنلەپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ چۆچەكتىن قورال ـ ياراق توشۇيدىغان قاتناش يولىنى ئۈزۈۋەتتى ھەمدە شېڭ شىسەي ھۆكۈ ـ

متىنىڭ بىرنەچچە ئاپتوموبىل قورال-ياراق، ئوق-دورىلىرىنى تۇتۇپ قالدى. يىل ئاخىرىدا، جاڭ پېيىۇەن ئەسكەر تارتىپ ئۇرۇەچىگە ھۇجۇم قىلدى.

شېڭ شىسەي ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلىلىق گۇاڭلۇنى، كېيىن يەنە سابىق جىلىن قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ شىجاڭى شىڭ جەنچىڭنى جاڭ پېيىۇەن بىلەن يارىشىش ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتتى. شىڭ جەنچىڭ ئەسلىدە جىلىن قوشۇنى 26-لۇنىڭ لۇجاڭى ئىدى، بۇ لۇگە قاراشلىق ئىككى تۇەن (673-تۇەن، 674-تۇەن) ئىلىدا ئىدى، بۇلاردىن ۋاڭ شياۋجى تۇەنجاڭ ئۆزىنى جاڭ پېيىۇەننىڭ قوينىغا ئاتقان ئىدى.

شۇ چاغدا جاڭ پېيىۇەننىڭ قولىدىكى قوشۇندا 4 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئۇ 1 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قوماندانلىقىدا قۇتۇبىنىڭ غەربىدىكى سەنداۋخېزى ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتكەن ئىدى، شېڭ شىسەي ئەسلىدىكى خېيلۇڭجياڭ قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ليۇ بىننى ئىلى ۋىلايىتى گارنىزونىنىڭ سىلىڭيۇەنى، يۇ دېيىنى سەنمۇجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇلار شەرقىي شىمال قوشۇنىدىن مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى (ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، 4 تۇەن دەپ ئاتىلاتتى) باشلاپ غەرپكە ئاتلاندى. جاڭ پېيىۇەننىڭ ئاساسىي قوشۇنىنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق ئىدى. ليۇ بىن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن سەنداۋخېزىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ياڭ جېڭجۇڭ قوماندانلىق قىلغان ئىلى قوشۇنىنى بىر كۈندىلا چېكىندۈردى.

سەنداۋخېزىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراشتىن ئاۋال، جاڭ پېيىۇەن ئۆزى ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ ئۇۋۇسىدىن چىقىپ شەرققە قاراپ يۈرۈش قىل-

غان ئىدى. ئۇ ما جۇڭيىڭدىن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە كىرمەكچى بولغان ئىدى، ئۇ سۈيدۈڭدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ چېگرىدىن كىرىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ مۆلچەرلىمىگەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن بۇرۇن، بۈيۈك ئىنقىلاپ دەۋرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان بىرنەچچە جۇڭگولۇق ياش نىمىشقىدۇر ئىلىغا كېلىپ شۇ ۋە ئەسكەرلەرنى قوزغىتىپ ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بولغاندا، كۆتىرىلىش ئالدىدا بەختكە قارشى باستۇرۇۋېتىلگەن ئىدى. جاڭ پېيىۋەن سوراقتىن بۇ بىرنەچچە ياشنىڭ ئىدىيىسى ۋە قوزغىلاڭ كۆتىرىش مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ بىرنەچچە ياشنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرگەن، ئەگەر مۇناسىۋىتى بولسا، بۇلارنى كونسۇلخانىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بۇ ۋەقەنى ئېتىراپ قىلمىغاندىن كېيىن، جاڭ پېيىۋەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. جاڭ پېيىۋەن بۇ ۋەقەدىن سوۋېت ئىتتىپاقى مېنىڭ ھەربى-مەمۇرى پائالىيەتلىرىمگە ھەرگىز ئارىلاشمايدۇ دېگەن خاتا چۈشەنچىگە كەلگەن ئىدى.

جاڭ پېيىۋەن ئۇۋۇسىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە جۇڭگو ھەربىلىرىنىڭ كىيىمنى كىيىپ، شىددەت بىلەن بېسىپ كىردى. جاڭ پېيىۋەننىڭ مۇداپىئە ئۈچۈن قالغان قىسىملىرى زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىرئاز قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن تىرى-پىرەك بولۇپ تىكىۋەتتى. قىزىل ئارمىيە غۇلجا، سۈيدۈڭ، كۈرەگە كىرىپ، يەرلىك مۆتىۋەر-

لەرنى تېپىپ كېلىپ تەرتىپ ساقلاتتى ھەمدە جاڭ پېيىۋەننىڭ قورال-ياراق، ماددى ئەشيالىرىنى مۇسادىرە قىلدى.

ئىلىغا كىرگەن بۇ قىزىل ئارمىيە ئۆزىنى "تارباغاتاي قوشۇنى"، يەنى چۆچەكتىن كەلگەن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس قوشۇنى دەپ ئاتىدى، لېكىن يەرلىك خەلق ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەتتى.

جاڭ پېيىۋەن قىسىملىرىنىڭ سەنداۋخېزىدا مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ چېگرىدىن كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ، مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ جەنۇپقا قاچماقچى بولىدى. 1934-يىل 1-ئاينىڭ 6-كۈنى تېپىبەنگۇغا بارغاندا ئەپەندىمەر، ئەسكەرلىرىنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ۋە چەقىم بولغانلىقىنى كۆرۈپ، شىڭ شىسەيدىن ئۆز بالا-چاقىلىرىغا غەمخورلۇق قىلىپ قويۇشنى (ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئىككى ئاي بۇرۇن ئىچكىرىگە ماڭدۇرۇۋەتكەن، شۇ چاغدا كۆرەدە كىچىك خوتۇنىلا قالغان) تەلەپ قىلىپ، ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرۇپ "ئەمەلدارلىق ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش" ئۈچۈن، پۇقرانىڭ ئۆيىدە تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالدى. شۇ چاغدا، ئۇ ئەمدىلا 40 ياشقا كىرگەن ئىدى.

قىزىل ئارمىيە جاڭ پېيىۋەننىڭ ئۆلۈۋالغانلىقىنى، قىسىملىرىنىڭ تېرى-پېرەڭ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز چېگرىسىغا قايتتى. 1-ئاينىڭ 10-كۈنلىرى، شىخۇدىن چېكىنگەن ياڭ جېڭجۇڭ قىسمى غۇلجىغا كىردى. قىزىل ئارمىيە ئىككىنچى قېتىم كىرىپ، ئۇنى قوغلىۋەتتى.

ياڭ جېڭجۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىش ۋاقتىدا، شىڭ جەنچىڭنى ۋە گەنسۇلۇق، شىنجاڭلىق بولمىغان بىرمۇنچە ئەپەندىمەر-ئەسكەرلەرنى ئېتىپ تاشلىدى. قاراشەھەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىسىملىرىنى

ما جوڭيلڭ قورشۋالدى، ئۇنىڭ ئۆزى دۇنخۇاڭغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگەشمەي ئىلىدا قېپقالغان شەرقىي شىمال قوشۇنى ۋە يەرلىك قوشۇن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى تەلەپ قىلىپ تېلېگىراما بەردى.

ليۇ بىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ، 1-ئاينىڭ 20-كۈنلىرى سۇيدۇڭگە كەلدى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىسى گۇڭ جېنخەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلدى. گۇڭ جېنخەن شىنجاڭغا شەرقىي شىمال قوشۇنى بىلەن كەلگەن ئىدى. ئۇ ئەسلىدە، خېيلۇڭجياڭنىڭ مەلۇم چېگرا چازىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، رۇسچىنى ناھايىتى ئوبدان سۆزلەيتتى. شېڭ شىسەي ئۇنى ئىلىغا قىزىل ئارمىيىنىڭ ياردەمگە كىرىشىگە دائىر مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى.

ليۇ بىڭ غۇلجىغا بېرىشتىن ئاۋال قىزىل ئارمىيىنىڭ كۆپ قىسمى چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار چېكىنىشتىن ئىلگىرى كۈرەدە بۇرۇندىن يىغىلىپ قالغان ئوق-دورىلارنى شەھەر دەرۋازىسىغا توپلاپ، دەرۋازى بىلەن قوشۇپ پارتلىتىۋەتكەن ئىدى.

گۇڭ جېنخەن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. جاڭ پېييۈەنىنىڭ يېڭى تۈزۈلگەن 8-شىسىنىڭ نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇ شىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ليۇ بىڭنىڭ شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولۇشى بىلەن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى 7-لۈسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، لۈ قارىمىغىدا ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى، بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۇەنى تەشكىل قىلىندى، ئەپىتسەر-ئەسكەرلەر، ئاساسەن، شەرقىي شىمال قوشۇنى ئىدى. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋاڭ شياۋجى كېيىن ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1942-

يىلى ئىككىنچى تۇرمىدە ئۆلتۈرۈلدى.

سەنداۋخېيزى ئۇرۇشى جاڭ پېيىۋەننىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئەمەس ئىدى. لىيۇ بىڭنىڭ قىسىملىرى مەلۇم جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولسىمۇ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ بىرلىشىپ قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

## ئۈرۈمچى ئۇرۇشى

1934-يىل 1-ئاينىڭ 12-كۈنى، ما جۇڭيىڭ 7 مىڭ كىشىلىك ئاساسىي قىسمى بىلەن يېڭىدىن ئالغان ئەسكەرلىرى بولۇپ جەمئىي 20 مىڭدەك ئادەمنى باشلاپ، تۇرپاندىن يولغا چىقتى، ئۇ شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنىڭ سايىپۇ، جىجىساۋ، ئۇلانبايلاردىكى مۇداپىئە سەپلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. 13-، 14-كۈنلىرى شەرقىي رايوندىكى ئايرودرومنى ۋە سىمسىز رادىيو ئىستانسىسىنى قولغا چۈشۈردى، ئايروپىلاننى غەنىمەت ئالدى. مەن بۇ چاغدا چۆچەكتە ئىدىم، شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭ 1-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۈرۈمچىنى قورشىۋالدى دېگەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنلياڭ رايونىغا، شەھەرنىڭ شەرقىغە ۋە شىمالىغا بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ئۆلكە قوشۇنلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. مۇشۇ مەزگىلدە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى بۆلۈپ جىمسارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. جىمسارنىڭ

هاكىمى لىۇ يىڭلىن بىلەن تۆەنجاڭ يۇ دېشىڭ پۈتۈن شەھەردىكى ھەربى ۋە خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىرنەچچە قېتىم خەۋپكە دۈچكەلدى.

بۇ چاغدا ئۇرۇمچىنى ساقلاپ تۇرغان ئەسكەر 5 مىڭ كىشىگە يەتمەيتتى. بىرنەچچە ئاي بۇرۇن چۆچەكتىن توشۇپ كېلىنگەن بىرئاز ئوق-دورا بىلەن ئارانلا بەرداشلىق بەرگىلى بولاتتى. ئاشلىق بىلەن كۆمۈر ئەڭ زور مەسىلە ئىدى. بۇ چاغ دەل قىش پەسلى بولغاچقا، ئۇرۇمچىدە قامىلىپ قالغان ھەربى، خەلق تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالغان ئىدى.

شىڭ شىسەينىڭ مەسلىھەتچىسى دۈڭ شۈەيجېننىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغدىكى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ غوللۇق تۆەنجاڭى ياڭ شۈتاڭ، ما دېشەن، سۇن چىڭلىن قاتارلىق كىشىلەر يەنىلا شىڭ دۇبەنىڭ قوماندانلىغىغا بويسۇنۇپ، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلغان. خېيلۇڭجياڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش قوشۇنى ئوقۇغۇچى ئەسكەرلەر لىيەندىن كېلىپ چىققان تۆۋەن دەرىجىلىك ئەپىتسەرلەر شەھەر ئەتراپىدىكى بىرقانچە نۇقتىنى جان تىكىپ قوغدىغاچقا، ما جۇڭيىڭنىڭ بىرقانچە قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالىغان. شەھەر ئەتراپى رايوننى قوغداپ تۇرۇۋاتقان ئەپىتسەر-ئەسكەرلەر ئىككى-ئۈچ كۈندىمۇ بىرەر ۋاق تويغۇدەك تاماق يېيەلمىگەن.

گۈچۈڭ ئۇرۇشىدىن كېيىن، شىڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ياپون جاسۇسى دا شىجۇڭنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ، ما جۇڭيىڭنى ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ غالچىسى دەپ ئەيىپلىدى. بۇ ئىش ھەربىلەر بىلەن خەلقنى، بولۇپمۇ شەرقىي

شىمال قوشۇننى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ما جۇڭيىڭ ئۆلكە قوشۇنىنىڭ ئايرۇپىلانىنى غەنىمەت ئالغاندىن كېيىن، لىيۇتىچكنى ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدىغان تەشۋىق ۋاراقلىرىدا شەرقىي شىمال قوشۇنى ۋە يەرلىك قوشۇن مۇستەبىت شېڭ شىسەينى يوقىتىشقا چاقىرىق قىلىنغان بولسىمۇ، زادىلا تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

شېڭ شىسەينىڭ بىردىن ـ بىر ئۈمىدى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تېز ياردەمگە كېلىشىدە قالدى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن چۆچەكتىكى ياۋ شيۇڭ بىلەن ماگا خەۋەر قالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ چېگرىدىن كىرىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ خەت يازدى ۋە تېلېگرامما بەردى. بۇ ئەھۋالنى شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پېڭ جاۋشيەنمۇ① بىلىدۇ.

قاتناش توسلىپ قالغاچقا، چۆچەكتىن جەنۇپقا قاراپ يولغا چىققان قىزىل ئارمىيە 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى تۇدۇڭخاباغا كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يۇرگوچى قىسىملىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، بىرمۇنچە ئادەمى قۇربان بولدى، كېيىن ئېغىر قورال ـ ياراق ۋە بىرونېۋىك ماشىنىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۇزۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدى.

بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىزىل

① 1945 ـ يىلى پېڭ جاۋشيەن يەنە شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇ باشقىلارغا ئۆز ۋاقتىدا قىزىل ئارمىيىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، شېڭ شىسەينى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزغانلىقىنى دەپ بەرگەن.

ئارمىيىنىڭ ئايرۇپىلانلىرى ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋا بوشلۇغىغا كەلگەندە، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى پىسەنت قىلماي شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئىگىزلىكتە ئۆلكە قوشۇنى بىلەن ئېتىشقان، لېكىن بومبىلار گۈمبۈرلەپ چۈشكەندىن كېيىن، يەر ـ جاھاننى چاڭ قاپلىغان، تاغ باغرىدا ئادەملەر ئوڭتەي ـ توڭتەي يېقىلىپ ئەتراپنى جەسەتلەر قاپلىغان، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى شۇ چاغدىلا چېكىنگەن. 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، يەنى ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بومباردىمان قىلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى ما جۇڭيىڭ بىر كېچىدىلا غىپپىدە پۈتۈن ئەسكىرىنى داۋانچىڭغا چېكىندۈرگەن.

قىزىل ئارمىيە ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ، 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئۆلكە قوشۇنىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەر ـ لەر ۋە باشقا قىسىملار قوشۇلۇپ جەمئىي 8 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ما جۇڭيىڭغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن جەنۇپقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شېڭ شىسەي ئاق ئورۇس بېكتېيېۋنى نامدىكى باش قوماند ـ دان قىلىپ تەيىنلىدى. بېكتېيېۋ چار روسىيە ئەپىتسەرى بولۇپ، ئىنقىلاپتىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلغان. ئۇ گېمپىركىندەك تەرسا ئەمەس ئىدى. پاپىنگوت قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس قوشۇنىنىڭ لۈجاڭى قىلىپ تەيىنلىگەن.

3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ما جۇڭيىڭ داۋانچىڭدا بىرنەچچە كۈن تەرسالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، قەدەممۇ ـ قەدەم جەنۇپقا قاراپ چېكىندى. ئۇ شۇ چاغدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە، شېڭ شىسەينى سىرتتىن ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئىچكى ئۇرۇش قىلدى دەپ ئەيىپلىگەن ھەمدە ھەرقانداق چىقىم تارتىشتىن باش تارتماي "ۋەتەن زېمىنىنى قوغداش" يولىدا ئاخىرغىچە جەڭ قىلىدىغانلىغىنى

بىلدۈرۈپ تىپىگىراما بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنجىلىڭ ھۆكۈمىتىگە شىڭ شىسەيىنى ئەمىلىي ھەم ئۈنۈملۈك جازالاشنى مۇراجىئەت قىلغان.

ما جۇڭيىڭ شۇ چاغدا قۇمۇل، پىچان دىكى ئۇيغۇرلار قوراللىق كۈچلىرى خوجا نىيازنىڭ چاقىرىغى ئاستىدا ئۇنىڭ ئارقا يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىغى ئۈچۈن، قۇمۇل تەرەپكە چېكىنمىدى. خوجا نىياز بۇ چاغدا شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىشقا ماقۇل بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە باندىتلارنى تازىلاشقا مەسئۇل باش سىلىڭ بولغان ئىدى.

قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۆلكە قوشۇنلىرى ئايروپىلاننىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى قەدەممۇ-قەدەم جەنۇپقا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى، 5-ئايدا، ئىككى تەرەپ مارالبېشىدا ئاخىرقى قېتىم ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى، نەتىجىدە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولدى.

ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى بىتچىت قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەرباپلىرىنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش ۋاقتىدا، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى قورشىۋالدى ھەمدە قەشقەر شەھرى ئىچىدە ئەنگلىيىگە قارشى نامايىش قىلىپ، يوقالسۇن ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى. 6-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئۇ يېڭىسارغا چېكىندى.

ما جۇڭيىڭنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ما جۇڭيىڭ قەشقەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆگىنىش توغرى-

سىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن سۆزلەشكەن. 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەسلىھەتچىسى ۋۇ يىڭچى، گې جىيۇن، سەي شۆسۇن قاتارلىقلار بىلەن، كۆپىلىگەن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۇلۇغچات ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بۇ بىرنەچچە مەسلىھەتچىسى بۈيۈك ئىنقىلاپ دەۋ- رىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغانلار ئىدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى يەنىلا يېڭى تۈزۈلگەن 36 ـ شى نامى بىلەن، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى ما خۇشەننىڭ يېتەكچى- لىكىدە، يېڭىساردىن خوتەنگە چېكىندى ھەم گويا ناھىيىسىدە مۇداپىئە سېپى تۈزۈپ، ئۆلكە قوشۇنلىرى بىلەن تىركەشتى. قىزىل ئارمىيىمۇ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرىلىمىدى.

6 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىسى ما شاۋۋۇنى يەنىلا بۇ ۋىلايەتكە ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى ھەم ليۇ بىڭنى قەشقەر ۋىلايىتى گارنىزونىنىڭ سىلىڭى دەپ ئېلان قىلدى. شۇ چاغقا كەلگەندە، خوتەن ۋىلايىتىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل شىنجاڭ دىگۈدەك شېڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتتى.

يۇقۇرىقى ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنى جەملىگەندە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۆلكىدىكى قوشۇنلار (جۇملىدىن شەرقىي شىمال قوشۇنى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى)دىن 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى سەپەرۋەر قىلدى، قىزىل ئارمىيىدىن ئىلگىر- كېيىن بولۇپ ئالاھەزەل 6 ـ 7 مىڭ ئادەم ياردەمگە كەلدى. ئۇرۇشتا تالاپەتكە ئۇچرىغان ئەپىتسەر، ئەسكەرلەر تەخمىنەن مىڭ نەچچە يۈزگە يېتىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە، شەرقىي شىمال قوشۇنىدىن قۇربان بولغان ئەپىتسەر، ئەسكەرلەر 500 دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلار ئاسا-

سەن، ئۈرۈمچىنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولدى).
ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋەيران بولدى، جىمسار ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى ئاھالىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى تېخىمۇ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچرىغان - لىكى رايونلاردا، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى. مەن ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە قايتىشتا (قاتناش توسلىپ قالغاچقا، ئالتايدىن ئاتلىق چىقىپ 16 كۈندە دۆربىلجىنگە كەلدىم) بارغانلا يەردە بىرەرمۇ ساق قالغان كەنت، بازارنى كۆرمىدىم، پەقەت خەلقنىڭ كۆڭلىلا تىنچىغان، بەزى جايلاردا دېخانچىلىق ئەسلىگە كەلگەن ئىدى.

# جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ تىنچىتىلىشى

## جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئاغدۇرمىچىلىق تەشۋىقاتى

مەن يۇقۇرىدا قەشقەردىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدىم. بۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىش مەقسىدىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان قورچاق دۆلەت ئىدى.
سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن بىر ئوچۇم قاچاقلار شىنجاڭغا كىردى. ئۇلار شىنجاڭدىكى پانتۈركىزىم -

چىلار بىلەن بىرلىكتە، جاھانگىرلارنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە قۇترىتىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدا ئىسلام دىنى دۆلىتى قۇرۇپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېتلەر دۆلىتىگە قارشى تۇرماقچى بولۇپ، ئېلىمىزنى پارچىلاش يولىدا ھەدەپ سۇيىقەستلىك ھەركەتلەرنى ئېلىپ باردى.

1931-يىلى، ياپون جاھانگىرلىكى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىگە تاجاۋۇز قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇ يىلى شىنجاڭدا قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى لىڭشىپ قالغان ئىدى. جاھانگىرلار پەيت كەلدى دەپ قاراپ، پانتۈركىزمچىلارنى قۇترىتىپ، شىنجاڭدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئاغدۇرمىچىلىق يۈرگۈزدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، ياپونىيىنىڭ تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە شەھىرىدە ۋە مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى شىنجاڭغا سۇيىقەست قىلىش ئۈچۈن، دائىم پانتۈركىزمچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، شىنجاڭغا دائىر ئاخباراتلارنى توپلاۋاتاتتى. 1933-يىل 10-ئاينىڭ 3-كۈنى ياپونىيىنىڭ ئىسكەندەرىيىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىيتىيەن تۈركىيىلىك مۇھەممەت شەۋكەت دىگەن بەگنى قوبۇل قىلغان، بۇ بەگ ياپونىيىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق ھەربى ئەمەلدارىغا يېزىلغان خەتنى بىيتىيەننىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىگە تاپشۇرغان. توكيودا چىقىدىغان تاتارچە «يېڭى ياپونىيە خەۋەرلىرى» شىنجاڭ خەلقىنى ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلىشقا قۇترىتىدىغان ماقالىلارنى كۆپلەپ ئېلان قىلدى. ياپونىيە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن كەلگەن قاچاقلارنى توپلاپ تەشكىلات قۇردى ھەمدە تۈركىيىنىڭ ئاخىرقى پادىشاسىنىڭ ئىنىسى

ئابدۇمۇخات ئابىتنى بېقىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى بۈيۈك تۈركىستانغا قورچاق پادىشا قىلماقچى بولدى.

ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى قۇمۇل ۋەقەسى پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى باققان غالچىلارنى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. مەسىلەن، ھەج قىلىپ قايتقىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئاتۇشلۇق ساۋۇتداموللا ئاشۇلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقرارنامىسىدە، شۇ چاغدىكى سىياسى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەنگلىيىگە بېقىنىدىغان "مۇستەقىل" ھۆكۈمەت قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. مۇھەممەت ئىمىنمۇ خوجايىنى ئەنگلىيىنىڭ يولىيورۇقىنى ئالغان.

مۇشۇ مەزگىلدە، بېرلىنغا توپلانغان پانتۈركىزمچى تاتار ئاياز ئىسھاق قاتارلىق كىشىلەر ھە دەپ ھەركەت قىلىپ، ئۆزلىرى چىقارغان تاتارچە «مىللەتلەرنىڭ يېڭى يولى»دا شىنجاڭ خەلقىنى ۋەتىنىگە ئاسىلىق قىلىشقا قۇترىتىدىغان ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. پارىژدا ھەركەت قىلىۋاتقان پانتۈركىزمچى ئۆزبەك مۇستاپا چوقايېۋ قاتارلىق كىشىلەرمۇ «ياش تۈركىستان» دېگەن ژورنالنى چىقىرىپ ئوخشاشلا قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

جاھانگىرلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سالغان كاتولىك چېركاۋلىرى، خىرىستىيان چېركاۋلىرىدىكى مىسسىئونېر، پوپلار خۇپىيانە ھالدا ھەربىي، مەمۇرى ئاخباراتلارنى توپلاپ، ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ سۈيىقەست ئىشلىتىشىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆز دۆلەتلىرىگە ئەۋەتىپ بەردى①.

---

① شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بىر مەھەل

جايلاردا جىن شۇرېنغا قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭلاردا، رەھبەر-لىك ھوقۇقىنى يا پانتۈركىزىمچىلار دەسلەپتىلا تارتىۋالدى، ياكى كېيىنچە تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېننىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى كۆرەش ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش يولىغا باشلى-ۋېتىلدى. بۇ يول، ماھىيەتتە، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش يولى ئىدى. تۆۋەندە، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسىنى ۋە "مۇستەقىل" دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشىنى كىتاپخانلارغا ئۆزەمنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم بويىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ

قۇمۇل ۋەقەسى پىچان، تۇرپانلارغا كېڭەيگەندىن كېيىن، جەنۇ-بىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تۇراقسىزلاشتى. 1932-يىلى قىشتا ما جۇڭيىڭنىڭ ئالاھىدە ھەركەت قىلغۇچى خادىملىرىدىن ما شىمىڭ قاتارلىقلار خەلقنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، تۇرپاندا قوبۇل قىلغان ما فۇمىڭ قىسىملىرىنى ۋە ۋاقىت-لىق يىققان كىشىلىرىنى باشلاپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلدى. ئۇلارغا خۇيزۇ ما رېن تەشكىللىگەن يەرلىك خەلق ئاۋاز قوشتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تېزلا قاراشەھەر ناھىيىسىنى بېسىۋالدى. بۇ يەرنىڭ ۋالىيسى نيۇ شى، لۇجاڭ زەن شىكۇيلەر ئۆلتۈرۈلدى.

---

ئۈرۈمچىدىكى چېركاۋلارنى تاقاپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى، مۇسادىرە قىلىنغان ماتېرىياللارنىڭ بىر مۇنچىسى ئاشۇ تىپتىكى ماتېرىياللار ئىدى.

ما شىمىڭ بۇ چاغدا، 36 ـ شىنىڭ باندىتلارنى تازىلاش ئالدىنقى سەپ باش سىلىڭى دىگەن بايراقىنى كۆتىرىپ چىقتى. ئۇ ما جۇڭ- يىڭ ئۇچۇن ئۇرۇش قىلاتتى. بىراق ما شىمىڭ پانتۇركىزىمچىلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ مىللى قىرغىنچىلىقنى توسىدى، قانداقتۇر "مۇستەقىل دۆلەت" دىگەن شوئارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىدى.

قاراشەھەر قولدىن كەتكەندىن كىيىن، بۈگۈردىمۇ قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. قوزغىلاڭ كۆتىرىلىپ 3 كۈندىن كىيىن، 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى) ما شىمىڭ ئەۋەتكەن خۇيزۇ كې مازى كەلدى. كې مازى بۈگۈرنى قولغا ئالغاندىن كىيىن، مىللى قىرغىنچىلىقنى توساپ، غەللە ـ پاراق، ئەسكەر ئېلىپ، ما شىمىڭغا ياردەم بەردى.

1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ما شىمىڭ ما رېننى كۇچارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. كۇچار بېدىكلەر خانتۇسى تۆمۈر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ما رېن بىلەن بىرلىشىپ كۇچارنى بېسىۋالدى.

ما رېن بىلەن تۆمۈر كۇچاردىن ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئاقسۇدا جىن شۇرېننىڭ بىر تۇەن ئەسكىرى بار ئىدى، تۇەنجاڭ لۇ فارۇڭ بىلەن ۋالى شۇ يىشەن قەشقەردىن ياردەم سورىدى. قەشقەردە، بىر شى ئەسكەر بولۇپ، سابىق شىجاڭ ئې يىنيۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كېلىۋاتقاندا يولدا كېسەل بولۇپ ئۆلدى، جىن شۇرېن ئۇنىڭ ئورنىغا تۆتىنچى ئىنىسى جىن شۇجىنى ئەۋەتتى. جىن شۇجى ھەربى ئىشلارنى قىلچىمۇ بىلمەيدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ تۇەنجاڭ ياڭ چىڭمىڭنى ئاقسۇغا ياردەمگە ئەۋەتتى. 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، لۇ فارۇڭ بىلەن ياڭ چىڭ- مىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا باي ناھىيىسى چېگرىسىدىكى چوڭئېرىق،

سۇلۇقيار دىگەن جايلاردا تۆمۈر بىلەن ما رېن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. لۇ فارۇك بىلەن ياك چېكىنىك ئاقسۇغا قېچىپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ۋالى شۇ يىشەن، ھاكىم يۈەن شىياۋتۇڭ بىلەن، شەھەرنى تاشلاپ جەنۇپقا قاچتى. ئاقسۇ كونىشەھەرلىك خەلق يەرلىك سودىگەر دۇك خەيتىڭنى شاڭتۈەننىڭ تۈەنجاڭى قىلىپ سايلاپ، تەرتىپ ساقلىدى. دۇك خەيتىڭ تەختتىن چۈشكەن ھاكىم ليۇ شېڭمىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ما رېننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن جامغا ۋەكىل ئەۋەتتى. ما رېن كونىشەھەرگە، تۆمۈر يېڭىشەھەرگە كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ما شىمىڭ ئاقسۇغا كېلىپ قوماندانلىق قىلىپ ما رېن، تۆمۈرلەرنى باشلاپ داۋاملىق جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ما جەنساڭنى ئەۋەتتى.

قەشقەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بەكمۇ ئالاقزادە بولۇشتى. 3-ئايدا جىن شۇجى ئۆلۈۋالدى، باش سەنمۇجاڭ ليۇ دىڭ (گەنسۇلۇق) تۈەنجاڭ لى دېگرۇك (خېجولۇق)نى ئالدىنقى سەپ قوماندانى قىلىپ بەلگىلەپ، مارالۋېشىنىڭ شەرقىغە 160 چاقىرىم كېلىدىغان توقسۇزئۆتەڭدە مۇداپىئە سېپى قۇردى. ليۇ دىڭ ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن قايتىش يولىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

قەشقەرنىڭ ۋالىسى ما شاۋۋۇ ئۇزىنىڭ ما شاۋۋۇ مەزھىپىنىڭ كاتتىۋېشى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەرنىڭ تەرتىۋىنى كۈچەپ ساقلىدى. شۇ چاغدا قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىغىدىكى سىملىق تېلېگراما ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان، رادىيو پىريومنىكتىن چاتاق چىققان ئىدى، قەشقەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلماقچى بولسا، قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى ئارقىلىق تېلېگراممىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا

ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىمسىز رادىيو پرىيومنىگى بىلەن بېرەتتى.

ماجەنساڭ بىلەن تۆمۈر داۋاملىق جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلدى، لى دىگرۇگنىڭ ئەسكەرلىرى تېرى-پېرەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى توققۇزئۆتەڭدە ئۆلۈۋالدى، قالدۇق قىسىملارنى ياڭ چىڭمىڭ باشلاپ، قەشقەرغە قاچقاندا، پەيزىۋاتتا ماجەنساڭ ئەسىرگە ئېلىپ، ئۆز قىسىملىرىغا قوشۇۋالدى.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان پانتۈركىزمچى مۇھەممەت ئىمىن قەشقەر ۋەزىيىتىنىڭ خەۋپ ئۈستىدە قالغانلىغىدىن پايدىلىنىپ قارىقاشتا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، بۇ يەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى. گويا ھاكىمى ناھىيىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىراقلا تۈگەشتى. مۇھەممەت ئىمىن غەنىمەت ئالغان قورال-ياراقلار بىلەن ئۆز كۈچىنى زورايتىپ، خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

خوتەندە يوشۇرۇنۇۋالغان سوۋېتلىك قاچاق جانابەك ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇلارغا ئاۋاز قوشتى. خوتەننىڭ ۋالىسى تەن فېڭيى بىرنەچچە كۈن قارشىلىق قىلىپ بېقىپ، ئىشنىڭ ئېپىدىن كەلمەگەنلىگىنى سېزىپ ھاكىم ۋاڭ شۇرېن بىلەن بىرلىكتە ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. مۇھەممەت ئىمىن خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى خوتەن شاھى دەپ جاكالاپ، زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىق ئورناتتى. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ساۋۇت داموللىمۇ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى.

خوتەندە قوزغىلاڭ بولۇۋاتقاندا، پوسكاملىق سابىرخان ھاجى خوجا، قاغىلىقلىق مۇھەممەت قازىلارمۇ ئادەم توپلاشقا كىرىشتى. ئۇلار خوتەندىن ئەۋەتىلگەنلەر (باشلىغى نۇراجەمەتخان)نىڭ ياردىمى

بىلەن قاغىلىقنى ئالدى.

قەشقەرنىڭ ۋالىسى ما شاۋۇ خەۋپلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلۇغچات چازىسىنىڭ ئەمەلدارى چېن دېشىننى قىرغىز ئاھالىسىدىن ۋاقىتلىق قىسىم تەشكىللەپ، شىمالىي ئېغىزنى ساقلاشقا بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قالدۇق ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى يەركەنگە ياردەمگە ئەۋەتتى.

چېن دېشىن قىرغىز قىسىملىرىنى تەشكىللىدى، لېكىن ئۆزى مۇشۇ قىسىمنىڭ ئوسمان دېگەن باشلىقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئوسمان بۇرۇلۇپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. يەركەننى مۇداپىئە قىلىپ ياتقان قوشۇنمۇ ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇن يېتىپ كەلگىچە قوزغىلاڭچى قوراللىق كۈچلەر تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قورال تاپشۇردى.

5-ئايدا، ما جەنساڭ قەشقەر يېڭىشەھەرگە، ئوسمان قەشقەر كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا خوتەندىكى قوزغىلاڭچى قوراللىق كۈچلەرنىڭ بىر قىسمى قەشقەرگە كەلدى.

شۇ چاغدا قەشقەرگە توپلانغان قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. ما جەنساڭلار ما جۇڭيىڭنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلاتتى، ئۇلار يەرلىك ئەمەلدار ما شاۋۇنىڭ ياردىمىنى ئېلىشقا رازى ئىدىكى، پانتۈركىزمچىلارنىڭ ئىز بېسىپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى. قەشقەرگە كىرگەن تۆمۈرمۇ، ئوسمانمۇ يەرلىك زوراۋانلار ئىدى، ئوسمان ئۆزىنى باش سىلىك، قوشۇمچە شىجاڭ دەپ جاكالىدى، تۆمۈر ئۆزىنى قوماندان دەپ ئاتىدى، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى قەشقەرنىڭ خوجايىنى بولۇش كويىدا ئىدى. خوتەندىن كەلگەنلەر ۋە يەرلىك پانتۈركىزمچىلار بولسا ئوسمان بىلەن تۆمۈرنى يېنىغا تارتىپ، ما جەنساڭنى يوقىتىپ، "مۇس-

تەقىل دۆلەت" قۇرۇش كويىدا ئىدى.

1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ساۋۇت‌داموللا تۆمۈردىن ھەربى ھوقۇق تارتىۋېلىشنى پىلانلاۋاتقاندا، تۆمۈر سېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋۇت داموللا ۋە ئۇنىڭ بەزى يېقىنلىرى تۈرمىگە تاشلاندى. 7 ـ ئايدا تۆمۈر بىلەن ئوسمان ئۇرۇشتى، ما جەنساڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۆمۈرنى ئېتىپ تاشلىدى.

كۈزدە، خوجا نىيازنىڭ بىر قىسىم قورallىق كۈچى قەشقەرگە كىرىپ، ئوسمان بىلەن بىرلىكتە ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلدى، ما جەنساڭ ما شاۋۋۇ بىلەن بىرلىكتە يېڭىشەھەرنى جان تىكىپ مۇداپىئە قىلدى. بۇ چاغدا يەرلىك ئەھۋال تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، ئاددى پۇقرانىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى پۈتۈنلەي كاپالەتسىز قالدى.

تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن ساۋۇت‌داموللا ئەركىنلىككە چىقتى. ئۇ يەنە پانتۈركىزمچىلارنى توپلاپ، "مۇستەقىل دۆلەت" قۇرۇشقا ھەركەت قىلدى. بۇ چاغدا خوجا نىيازنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئابرويى بىرقەدەر ئۈستۈن ئىدى، ساۋۇت‌داموللا ئۆزى ئاقسۇغا بېرىپ، خوجا نىيازنى ئۆزى تەييارلاۋاتقان "مۇستەقىل دۆلەت"نىڭ زۇڭتۇڭى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

خوجا نىياز ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى گۇچۇڭدا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، قىسىملىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان ئىدى، ئۇنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى، بۇنىڭ تەخمىنەن 6 مىڭدىن ئارتۇقراقىنىڭ مىلتىقى بار ئىدى، لېكىن جەڭگىۋارلىقى يۇقۇرى ئەمەس، تەشكىللىي تۈزۈلۈشى بىرلىككە كەلمىگەن ئىدى. ما جەنساڭ ئاقسۇدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بۇ مۇھىم بازارنى ئىشغال قىلىپ سىرتقا كېڭەيدى.

شۇ چاغدا، خوجا نىيازنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرمۇنچىسى پانتۈركىزمچىلار بولۇپ، بۇلاردىن تەسىرى ئەڭ كۈچلۈكى مامۇت ئىدى. مامۇت بىلەن ساۋۇتداموللىنىڭ نىيىتى بىر ئىدى. لېكىن، باشقا بىر قىسىم كىشىلەر، مەسىلەن، تاھىربەگ خوجا نىيازنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭدا مىللىي ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. قۇمۇل ۋەقەسىدە تاشقى موڭغۇلىيىدىن خوجا نىيازنىڭ يېنىغا كەلگەن خادىملار، مەسىلەن، ئىسمائىل ئاخۇن، غازى نىيازئاخۇنلارمۇ خوجا نىيازنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە بېقىنىشقا ئۈندەيتتى. بۇ بىرنەچچە ئۇيغۇر خوجا نىياز ئۈچۈن چەتئەللەردىن قورال-ياراق سېتىۋېلىپ بېرەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى خوجا نىيازغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى (بۇ يەردە شۇنى دىگەچ كېتەيكى، خوجا نىياز قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسمائىل ئاخۇنلار ئارقىلىق 2 مىڭ سەر ئالتۇننى قورال-ياراق ئېلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزگەن. كېيىن ماجۇڭيىڭ يوقىتىلىپ، خوجا نىياز ئۈرۈمچىگە قايتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىلغاچقا، بۇ ئالتۇنغا ئادەتتىكى بۇيۇملار سېتىۋېلىنغان. خوجا نىياز بۇ بۇيۇملارنى ئاساس قىلىپ تىجارەت قىلغان).

ساۋۇتداموللا ئاقسۇدا خوجا نىيازنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشەلمىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى قاراشەھەرنى ئىشغال قىلىپ ئۇنىڭ ئارقا سېپىگە تەھدىت سالدى. ئۇ ئاقسۇدىن ئايرىلىشقا پېتىنالماي، بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن مامۇتنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلدى.

ساۋۇتداموللا قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن، يەنىلا "مۇستەقىل

دۆلەت" قۇرۇش ئۇچۇن ھەركەت قىلـدى. 1933 ـ يىل 11 ـ ئايـىنىڭ 12 ـ كۈنى (ھىجـرىيە 1852 ـ يىل 7 ـ ئايـىنىڭ 24 ـ كۈنى) "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" ئاخىر ئوتتۇرىغا چىقتى.

## "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى

قالايمىقانچىلىق ئىچىدە غىل ـ پال كۆرۈنۈپـلا يوقاپ كەتـكەن "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" ئەنگـلىيە جاھانـگىرلىگى تەرىپىدىن ساۋۇتداموللا ئارقىلىق ھاپىلا ـ شاپىلا قۇراشـتۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەت تېخى ئاقسۇدىن كەلمىگەن خوجا نىيازنى زۇڭتۇڭ قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭ يېقىنى يۇنۇسـبەگ (يۇ ۋېنبىن) ئىچكى ئىشـلار مىنىستىرى، قوشۇمچە قەشقەرنىڭ ۋالىسى قىلىپ تەيىنلەندى. يۇنۇسـبەگ تۇرپاندا باي دىخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئەينى يىللاردا شىنجاڭدىكى ئالى بىلىم يۇرتى ـــ رۇسچە قانۇن ـ سىـياسى مەخسۇس مەكتەپنى پۈتـتۈرگەن بىردىـن ـ بىر ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ خوجا نىيازغا ئەگىشىپ يۈرگەن مەزگىلدە پانـتۈركىزمـچىلار تەرىپـىدىن تارتىپ كېتىلگەن. دۆلەت ئىشـلىـرى زۇڭـتۇڭـلۇقنى ساۋۇتداموللا ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ "مۇستەقىـل دۆلەت" قۇرۇشـنى پىلانلاۋاتقاندا، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇردى. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان جانابەك مۇئاۋىن زۇڭلى بولـدى. ئەنگـلىيە جاسۇسى، خوتەنـلىك قاسىمـجان ھاجى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولدى. تېخى ئاقسۇدىن كەلـمىگەن، قەشـقەرلىق ئۇرازبەگ ھەربى ـ مەمۇرى ئىشلار مىنىستىرى بولـدى. مەشـ

ھۇر ئاخۇن ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، يەر-زېمىنى، مال-مۈلكى
بولغان ئابدۇكېرىمخان ماقارىپ مىنىستىرى بولدى. بۇ ئادەمنىڭ
سىرت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەك مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ بەزىدە
”تەرەققىپەرۋەر“ بولۇۋالاتتى، 1930-يىلى ئۇ ئاقسۇدىكى چېغىدا
جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، ماجەنساڭ بىلەن
تۆمۈر ئاقسۇنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇنى قويۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئادەت-
تىكى پانتۈركىزىمچىلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ”مۇستەقىل
دۆلەت“ قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يالغۇز ئەنگلىيىگىلا
ئەمەس، بەلكى ھەممە چەتئەل كۈچىگە تايىنىشنى تەشەببۇس قىلات-
تى. قەشقەرلىق زىيالى، دىنىي ئۆلىما زارىپقاراجى ئەدلىيە مىنىستىرى
بولدى. قەشقەرلىق چوڭ پومىشىك ۋە سودا كاپىتالىستى ئۇبۇل
ھۇسەنھاجى دىخانچىلىق-سودا مىنىستىرى بولدى. ھۇسەن جەمەتى
ئۆز زامانىسىدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا داڭلىق باي ئىدى،
ئۇنىڭ بىر جەمەتى ئىلىدا بولۇپ، تىجارەت دائىرىسى موسكۋا،
بېرلىنلارغىچە باراتتى، بۇ جەمەتنىڭ بىرمۇنچە پەرزەندى چەتئەلدە
ئوقۇغان بولۇپ، چەتئەللەردىكى پانتۈركىزىمچىلار بىلەن ئالاقىسى
قويۇق ئىدى، قەشقەردىكى ۋە ئىلىدىكى ھۇسەن جەمەتى ئۆزلىرى
ئاچقان مەكتەپلەرگە تۈركىيىدىن مۇئەللىم تەكلىپ قىلغان ئىدى.
قەشقەر سودا ساھەسىدە بىردىنلا باي بولۇپ كەتكەن ئېلىئاخۇن
مالىيە مىنىستىرى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونىدىن بولغان، روسىيە ئىنقىلاۋى بولۇپ بىرقانچە يىلدىن كېيىن
جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئەبەيدۇللاخان سەھىيە مىنىست-
رى بولدى. قەشقەرلىق پومىشىك، دىنىي ساھەدە خېلى يۇقۇرى
ئورۇنغا ئىگە بولغان شەمشىدىن مەكتەپ مال-مۈلكىنى باشقۇرۇش

مىنىستىرى بولدى. كۇچارلىق ھاجى  ئەلەن ئاخۇن دۆلەت ئىشلار باش كاتىۋى بولدى.

يۇقۇرىقىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى فېئودال پومىششىكلار، چوڭ سودىگەرلەر، شۇنداقلا زاكا پانتۈركىزىمچىلار ۋە پانئىسلامىزىمچىلار ئىدى. ئۇلار قۇرغان ھاكىمىيەت ئىسلام قائىدىلىرىنى ئاساس قىلغان، دىنىي باشلىقلار بىلەن پومىششىكلار سىنىپى بىرلىشىپ كەتكەن ھاكىمىيەت ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايمىز دەپ داۋراڭ قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، پومىششىكلار سىنىپى بىلەن دىنىي كاتتىۋاشلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپى ئىدى، ئۇلارنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئىدى.

بۇ ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن، مەھكىمە شەرئى قۇرۇپ، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتتى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇر دىخانلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باج-سېلىقىنىڭ تۈرى ھەددى-ھېساپسىز بولغان، دىخانلار ۋە شەھەر ئاھالىسى نائىلاج پۇل، ئوت-چۆپ ئىئانە قىلغان، ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بەرگەن؛ مەھكىمە شەرئى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ۋەھشىيانە تەن جازاسى ئارقىلىق ساقلاپ قالغان. يۇنۇسبەگ قاتارلىقلار كىيىن خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى قانداق شىلىۋالغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلەپ يۈرگەن، بەزىلەر ئۆزى باي بولۇش ئۈچۈن باشقىلارنى بۇلاپ-تالىدى، بەزىلەر ئەيش-ئىشرەت قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى.

بۇ ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەركەت قىلىش ئۈچۈن

چەتئەللەرگە ۋەكىل ئەۋەتتى. ئۇلار ھىندىستان، ئافغانىستان قاتار-
لىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، جاھانگىر دۆلەتلەر ۋە ئىسلام ئەللىرىدىن
ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەم قورال-ياراق جەھەتتە ياردەم
سورىدى. ساۋۇتداموللا يەنە بېرلىن، ھىندىستاندىكى كەشمىر،
ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرى، تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا قېچىپ
كەتكەن شىنجاڭلىق پانتۈركىزمىچىلارغا خەت ۋە تېلېگىرامما
ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ جامائەت پىكرى توپلاپ مەدەت بېرىشىنى ياكى
شىنجاڭغا قايتىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە قاتنىشىپ خىزمەت قىلىشنى
مۇراجىئەت قىلدى. 1933-يىل 10-ئايدا، بېرلىندا چىقىدىغان
«مىللەتلەرنىڭ يېڭى يولى»دا بىر ماقالا ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدا
مۇنداق دېيىلدۇ: شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۈشمىنى جۇڭگو بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە ھەرگىزمۇ سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ تىزگىنلىشىگە قاراپ تۇرمايدۇ. ماقالىدا تۈركىي مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىشىپ، تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلىنغان.
شۇنىڭدەك، ياۋروپا بىلەن ئافغانىستان، ھىندىستان، ئىراق شەرق
تەرەپلەردىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاھىدە
ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى بار، دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ تەشكىلاتنىڭ قورallıق كۈچى ئوسمان بىلەن مامۇتنىڭ قى-
سىملىرى ئىدى. ساۋۇتداموللا ئوسماننى مىنىستىر قىلماقچى، ئۇ
بىر مەزگىل قوماندانلىقتا بويسۇنمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ
ئورنىغا سىتىۋالدىجاننى قويدى. سىتىۋالدىجان مامۇت بىلەن بىر-
لىشىپ ئۇدا بىرنەچچە ئاي يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىدى،
چۈنكى زورلاپ ئەسكەرلىككە ئالغان دېھقانلار بولار ئۈچۈن قان
ئاققۇزۇشنى خالىمىدى

ئۇ چاغدا، ”شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى“نىڭ ھەربىي باشلىقى يۈسۈپجان بولۇپ، ئۇ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىغان قوشۇن 2 مىڭ كىشى ئىدى، ئاتۇشتىكى كىچىك-ئاخۇن يېتەكچىلىك قىلىدىغان قىسىم 1 مىڭ كىشى ئىدى. خوجا نىياز قەشقەرگە كىرىپ 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى قوغلاپ كېلىپ، ئىككى تەرەپ ئاتۇشتا قانلىق جەڭ قىلىدى. ”مۇستەقىل دۆلەت“ بىلەن خوجا نىيازنىڭ قىسىملىرى ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. خوجا نىياز بىر مەھەل قورشاۋدا قېلىپ، كېيىن تاغلىق رايونغا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن يېڭىسارغا كەتتى. قەشقەر ما جۇڭيىڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ”شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى“ شۇنىڭ بىلەن پارچىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك خادىملىرىنىڭ بىر قىسمى خوجا نىيازغا ئەگىشىپ قېچىپ كەتتى، بىر قىسمى يوشۇرۇنۇۋالدى. ساۋۇت داموللا ئافغانىستانغا قاچقاندا، يول ئۈستىدە ئۇيغۇرلار تۇتۇۋېلىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىلغان قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ساۋۇت داموللا ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈرمىدە نوۋانامە يېزىپ، ”مۇستەقىل دۆلەت“نىڭ شۇ چاغدىكى قالايمىقانچىلىقنى پايدىلىنىپ، يەرلىك مۇشتۇمزورلار، بايلارنىڭ قارا نىيىتىگە ۋە چەتئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ يار-يۆلىگىگە تايىنىپ قۇرۇلغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئۇلار ئۈمىدىنى ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيىگە باغلىغان، لېكىن، قەشقەرنىڭ جۇغراپىيە شارائىتىدىن ئېيتقاندا، ئەنگلىيىمۇ، ياپونىيىمۇ ئۇلارغا بىۋاستە ياردەم بېرەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ما جۇڭيىڭنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ

شىرىن چۈشى تامامەن بىتچىت بولدى. ساۋۇت داموللىنىڭ توۋانامىسىدە ئاللاتائالا "بەندىلىرى"نى غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ دېگەن خام خىيالدا بولغانلىقىنى يازغان. كېيىن ئۇ تۈرمىدە ئۆلدى.

ما جۇڭيىڭمۇ قەشقەردە ئىز بېسىپ تۇرالمىدى، ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىنى يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۈم.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قوشۇنى قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، ما خۇشەن ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ خوتەنگە چېكىندى. "خوتەن شاھى" مۇھەممەت ئىمىن ھىندىستانغا قاچتى، ئۇنىڭ "خوتەن پادىشالىقى"مۇ يىمىرىلدى.

خوجا نىياز ئىلگىرى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن يەڭ ئىچىدە كېلىشىپ قويغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مەھەل شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ باندىتلارنى تازىلاش باش سىلىڭى بولغان ئىدى. ئۇ يېڭىسارغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىشى ئارقىسىدا، بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا كەلدى، ئاقسۇدا ئۇنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن مەخسۇس ئەلچى قارشى ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت مەسلىھەتچىسىنى ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىشقا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سەپەرۋەر قىلدى. خوجا نىياز بۇ مەسلىھەتچىگە شىنجاڭنى ئىككى ئۆلكە قىلىپ ئايرىش، ئۆزى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ياكى جەنۇبىي تىيانشان ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇشنى ئېيتقان. مەسلىھەتچى ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن رەئىس بولۇشىنى نەسىھەت قىلغان. ئۇ سوۋېت

مەسلىھەتچىسىنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى، مال ــ مۈل-
كىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە سىياسى ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە
بېرىشى ئارقىسىدا، 1934 ــ يىلى يازدا ئۈرۈمچىگە كەلدى. شېڭ
شىسەي ھۆكۈمىتى دىگەندەكلا ئۇنى شىنجاڭنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرىنى ساقلاپ
قېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە
توغرا كېلىدۇكى، ئۇنىڭغا مۇئاۋىن رەئىس دىگەن نامنى شېڭ شىسەي
بەرگەن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ
خادىملىرىنى تەيىنلىگەن ئىسمىلىكىدە ئۇ پەقەت ھۆكۈمەت ھەيئىتى
ئىدى. ئۇ چاغدا باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ھىچقايسىسىدا مۇئاۋىن رەئىس
يوق ئىدى.

خوجا نىياز ئۆزىنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا
قالدۇرۇپ قويدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ قوراللىق كۈچنىڭ
كۆڭلىنى ئېلىش ھەمدە خوجا نىيازنى چىن قەلبىدىن ئەل قىلىش
ئۈچۈن، بۇ قىسىمنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى 6 ــ شىسى
قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ماموتنى شىجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە بۇ
قوشۇننى رەتكە سېلىش ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن سوۋېت ھەربى مەسلى-
ھەتچىسىنى ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەپتىسەر، ئەسكەر-
لەردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا
ئەۋەتتى. خوجا نىيازغا ئەگىشىپ ئەل بولغان يۇقۇرى دەرىجىلىك
خادىملارنىمۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار
قىلىپ تەيىنلىدى، مەسىلەن، يۇنۇسبەگنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
ھەيئىتى، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك ــ كان ئىشلىرى نازىرى، ئابدۇراخ-
ماننى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، كېرىمخاننى مائارىپ

نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سالىنى ئاقسۇنىڭ ۋالىسى، ئاقمۇللىنى ئۈلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى، يەنە بىر-مۇنچە كىشىلەرنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى ناھىيىلەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى.

شۇ چاغدا، خوجا نىيازنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەلۇم ئىناۋىتى بار ئىدى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە مەلۇم روللارنى ئوينىدى. 1934-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن بىرلىككە كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئاممىۋى يىغىنىدا خوجا نىيازنىڭ سۆز قىلغانلىقى، مېنىڭ تەرجىمە قىلىپ بەرگەنلىكىم ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ سۆزىدە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى، شېڭ دۇبەننىڭ رەھبەرلىكىنى سەمىمىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەر مىللەت خەلقىغە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، يېڭى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلدى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسىدىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، "مۇستەقىل دۆلەت"كە قاتناشقان كىشىلەرنى ئومۇمەن سۈرۈشتۈرمىدى، پەقەت ئاستىرتىن نازارەت قىلدى. ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ھەم جەمئىيەت ئامانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئاتلىق ئەسكەرلەر 4-، 5-، 9-تۇەنلىرىنى قەشقەرگە، ئاتلىق ئەسكەرلەر 6-تۇەنى (ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى)نى مارالۋېشىغا يۆتكىدى.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ما شاۋۇ ئۇ چاغدا قەشقەردە تۇرىۋەردى، ئۇنىڭ خۇيزۇلار ئارىسىدا مەلۇم ئابرويى بولغاچقا، شېڭ شىسەي

ھۆكۈمىتى ئۇنى قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىدى، كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ما شاۋۇ قەشقەردە مۇۋەققەت ۋالى بولۇپ تۇرغىنىدا، مەلۇم بىر كۈنى كونىشەھەرگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان لەڭگەردىكى ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا بىرسى ئاتقان بىرنەچچە پاي ئوق بىلەن، پۇت-قولى يارىلانغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا موسكۋاغا بېرىپ داۋالىنىش پۇرسىتىنى تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇ ئارىسالدى بولۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىشقا پېتىنالماي، موسكۋادا ئۇزاق تۇردى. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتى ياپونىيىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ياپونىيە بۇ نازىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنى "كۆرۈپ كېلىش" ئۈچۈن "مۇخبىر" ئەۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەۋەتەلمىدى. 1936-يىلى ما شاۋۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى.

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ ئۆمرى بەك قىسقا بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەھىمىسى ئۇزاققىچە يوقالمىدى. چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن پانتۈركىزمچىلارنىڭ بەزىلىرى ھىندىستان چېگرىسىدا قەشقەر يۇرتداشلار جەمئىيىتى قۇرۇپ، شىنجاڭ توغرىسىدا بىرمۇنچە پىتنە-پاسات تارقاتتى، يەنە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە شىكايەت قىلىپ، ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلدى، شىنجاڭنى قىزىللاشتۇرۇۋەتتى، دەپ ئەرز قىلدى. شۇنىڭدەك خوتەن، قەشقەردىن ھىندىستانغا قېچىپ بارغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىنى توپلاپ نەنجىڭغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. نەنجىڭدىكى پانتۈركىزمچى مەسئۇت، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر بولسا ژورنال چىقىرىپ، تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭ

ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ياردەمچى كۈچ ھېساپلاپ، ئۇلارغا ياردەم بەردى ھەمدە ئۇلارغا خېلى يۇقۇرى خىزمەت بەردى.

بۇنىڭدىن باشقا، ياپونىيە ئارخىپلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1935 ـ يىل 3 ـ ئايدا، سابىق قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ بىر باشلىقى ياپونىيىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بىيتىيەن جېڭبىننى زىيارەت قىلىپ، ياپونىيىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان مىللى ئازاتلىق ھەركىتى"گە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ كىشى بىيتىيەنگە، قۇمۇلدىن تارتىپ قەشقەرغىچە بولغان رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدۇ، ياپونىيىگە يېقىنلىشىشنى خالايدۇ، بۇ ھالدا ياپونىيە ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ سىڭدۈرۈش تولىمۇ ئاسان، دىگەن. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۆزىنى پادىشا دەپ ئاتىۋالغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئەخمەت شېرىپ بىيتيەننى زىيارەت قىلغان، بىيتىيەن ئۇنىڭ ياپونىيىنى زىيارەت قىلىپ، مەدىنىيەتنى ۋە دىننى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن ئىسپات خېتى يېزىپ بەرگەن. بىيتىيەن: بۇ ئادەمنىڭ تۈركىيە، مىسىر، ھىندىستانلاردا داڭقى بار، ئۇ ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ "ئازاتلىق" ھەركىتىگە قاتناشقان، شىنجاڭ ئۈچۈن خېلى تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ۋەكىلى، دىگەن. مۇھەممەت ئىمىنمۇ مۇشۇ چاغلاردا بىيتيەننى زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنى خوتەن شاھى دەپ ئاتاپ، بىيتيەنگە ياپونىيە پۇل، قورال ـ ياراق ياردەم بەرسە، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش پىلانىنى قايتا ئەمەلگە ئاشۇرساق دىگەن ھەمدە ياپونىيىنى ئالاھىدە ئىقتىسادىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە ئىگە قىلىشنى ۋەدە قىلغان.

ياپونىيە شۇ چاغدا، ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدا ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا ئانچە قىزىقماسلىقىغا شىنجاڭدا مۇنداق دۆلەت قۇرۇلسا، ھىندىستاننىڭ مۇسۇلمانلىرىدا تۇتاش تەسىر قوزغايدۇ، يەنى ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ھەركەت ئېلىپ بېرىپ، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلغانلىقى سەۋەپ بولغان، دەپ مۆلچەرلىگەن.

ئاخىردا، ئۆزەمنىڭ شۇ چاغدىكى بەزى پائالىيەتلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇش پىلانلىنىۋاتقاندا، مەن ئالتايدا ئىدىم. بەزى دوستلىرىمنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىشىدىن بەك ئەندىشە قىلدىم. 1933 ـ يىلى ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى كېرىمخاننىڭ خوجا نىيازغا ۋەكىل بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. ئالتايدىن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، شىنجاڭ "مۇستەقىللىق" خاتا يولغا ماڭسا بولمايدۇ، "مۇستەقىللىق"، ماھىيەتتە، جاھانگىرلارنىڭ سۇيىقەستى؛ سىلەر ھىندىستان، چاۋشيەنلەردىكى، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئەھۋاللارغا قاراپ بېقىڭلار، ئۇ جايلاردىكى خەلق قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ؛ ئەگەر جاھانگىرلارغا تايىنىپ "مۇستەقىل" بولىمىز دېگەندە، شىنجاڭ خەلقى جاھانگىرلارنىڭ تۆمۈر تىرنىغى ئاستىدا قالىدۇ...، دەپ كۆرسەتتىم.

بۇ خەتنى بايان ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئالغاچ كېتىپ كېرىمخانغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. بەرگەندە، مېنىڭ دوستۇم كېرىمخانغا ئەمەس، باشقا بىر كېرىمخانغا بېرىپتۇ. ئۇ پانتۈركىزمچى ئىدى. ئۇ ماڭا

يازغان جاۋاپ خېتىدە، مېنىڭ سۆزلىرىمگە رەدىيە بەرگەندىن تاش-قىرى، ماڭا "كەلگۈسىدە ئىسلام ئەللىرى — ئافغانىستان، ئىران، ھىندىستان، تۈركىيىلەرنىڭ سىياسى ياردىمىگە تايىنىمىزمۇ، يوق؟" دەپ سوئال قويۇپتۇ. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى.

بۇ ئەكسىيەتچى شۇ چاغدا خوجا نىيازنىڭ كاتىۋى ئىدى، كېيىن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دۆربىلجىنغا ھاكىم قىلىپ تەيىن-لەندى. بۇنىڭدىن خوجا نىيازنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە پانتۈركىزىم-چىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دوستۇم تاھىربەگ شۇ چاغدا خوجا نىياز بىلەن بىللە ئىدى، كېيىن ماڭا يازغان خېتىدە، قەشقەر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئىدىيە جەھەتتە زور ئىلگىرىلىگەنلىكىنى، مېنىڭ تەشەببۇسۇم — ۋەتەندىن ئايرىلىشقا قارشى تۇرۇش — نىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۇشەنگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، ئۇ، خوجا نى-يازنى پانتۈركىزىمچىلار قورشىۋالدى، ماڭا خىزمەت قىلىش ناھايىتى تەس بولۇۋاتىدۇ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلسىمىز، دەپتۇ.

مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، تاھىربەگنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئەمىلىيەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم، خوجا نىيازنى پانتۈركىزىم-چىلار ۋە ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدىن تارتىپ چىقىش ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش ئىدى.

## شېڭ شىسەيىنىڭ ئىقتىسادىي، مەمۇرى تەدبىرلىرى

يۇقۇرىقى 3 باپتا تۇقتىلىق ھالدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربى ئىشلار جەھەتتىكى غەلىبىسىنىڭ توپلاڭنى تىنچىتىپ،

شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم. تۆۋەندىكى باپلاردا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى بەزى ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1934 ـ يىلى يازدا، ئالتايدىن چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم، بۇ چاغدا، يېڭى شىنجاڭنى گۈللەندۈرەيلى، دېگەن يېڭى شوئار قۇلىقىمغا كىردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر، مەسلىھەتچىلەر ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىپ، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پىلانلاش، ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىۋاتقان، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودىمۇ باشلىنىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ مەزگىلدە، مەن باش كونسۇل ئاپرېسىپۇ، ھەربىي ئىشلار باش مەسلىھەتچى سوۋېتلىك تاتار مالىكوۋ، مالىيە مەسلىھەتچىسى مېخلمان ۋە بانكا، يېزا ئىگىلىك ـ كان ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇزاق ئۆتمەي، موسكۋادا مېنى ئىنقىلاپقا تونۇشتۇرغان پوگونىنمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭنىڭ سىياسى ـ تەپتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ، شىنجاڭدا ئامانلىقنى ساقلاش ئورگانلىرىنى قۇرۇشقا ياردەملەشتى. شۇ چاغدىكى ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى 1925 ـ يىلدىكى گۇاڭجۇنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كەتسە كېرەك، شىنجاڭ جۇڭگودىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاستە ھەم قويۇق ئالاقە ئورناتقان بىردىن ـ بىر ئۆلكە ئىدى، لېكىن كۆرۈنۈشتە، ئۇ يەنە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ تۇراتتى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى مېنى سۇشىن يەرلىك ماللار شىركىتىگە باش مۇدىر، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشمىنىڭ خەلق ئىشلىرى

بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، لايىھىلەش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى قىلىپ تەيىنلىدى. لايىھىلەش كومىتېتى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارايتتى، ئۇنىڭغا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان زور بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار ھەيئەتلىككە تەكلىپ قىلىندى، بۇ كومىتېت ھەربىي ئىشلار، قۇرۇلۇش، مائارىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى، يېزا ئىگىلىك ـ كانچىلىق بولۇپ 5 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى تەييارلىدى. مەن بۇ كومىتېتنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتىم. ھەممەيلەن ھەيئەتلىكنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدىكى ئىشلىرى ئالدىراش بولغاچقا، لايىھىلەش خىزمىتىنى ئىشلەشكە كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىزدا ماتېرىيال ئىنتايىن كەم ئىدى، شۇڭا 1935 ـ يىلى يازغا كەلگەندە ئاران بىر يۈرۈش 3 يىللىق پىلان لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتۇق.

شۇ چاغلاردا، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىش ئىدى.

3 يىلدىن بۇيانقى يېغىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئېغىر زىيانلارغا ئۇچراتقان ئىدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1933 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى قۇمۇل ۋەقەسىدىن ئىلگىرىكى ئون نەچچە مىليون مودىن ئازىيىپ 4 مىليون 600 نەچچە مىڭ موغا چۈشۈپ قالدى. چارۋىچىلىقتىمۇ ناھايىتى زور زىيان بولۇپ، چارۋا 4 مىليون نەچچە يۈز مىڭ تۇياقتىن ئازىيىپ 3 مىليون نەچچە يۈز مىڭ تۇياققا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە يېزىلار ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ۋەيران بولدى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىمۇ ئېغىر زىيانلارغا ئۇچرىدى. بىراق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى

ئەسلىگە كەلمىسە، جەمىيەتنىڭ ئەمىن تىپىشى تەس ئىدى. شىڭ
شىسەي ھۆكۈمىتى 1934 ـ ، 1935 ـ يىللىرى مەخسۇس ئادەم ئۇيۇش-
تۇرۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا تەشۋى-
قات ئېلىپ باردى ھەمدە مەخسۇس پۇل ۋە ئۇرۇق ئاجرىتىپ
دىخانلارغا قەرز بەردى، بەزى جايلاردا ئۆكۈز ۋە ئات قەرز بەردى①.
بۇ چاغدا خىزمەت دائىرىسى شىمالىي شىنجاڭ بىلەنلا چەكلەنگەن
بولسىمۇ، خېلى ئۈنۈم بەردى، قېچىپ كەتكەن نۇرغۇن دىخانلار
يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىۋەتتى. يېزا ئىگىلىك-
كان ئىشلىرى نازارىتى ئېلان قىلغان سانلارغا قارىغاندا، 1935 ـ يىلى
ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 1933 ـ يىلدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن
كۆپەيگەن. ئۇ چاغلاردىكى ئىستاتىستىكىلىق سانلار، دەرۋەقە، ئىشەن-
چىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ناھىيىلەر، مەسىلەن، جىمسار،
گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق ناھىيىلەردىكى خەلقنىڭ ئوزۇقلۇق مەسىلىسى،
ھەقىقەتەن، ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. 1935 ـ يىلى ئەتىيازدا،
بۇ ناھىيىلەرگە دىخانلارغا قەرز پۇل تارقىتىشقا بارغان خادىملار
جايلاردىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى يېگەن جىڭ موما ۋە نانلارنى
ئېلىپ كەلدى، بۇ نانلار ئومۇمەن كونىراپ قالغان ئۇن ۋە كونىراپ
قالغان قوناق ئۇنىدىن ئىشلەنگەن، گالدىن ناھايىتى تەستە ئۆتەتتى.
شۇ يىلى كۈزدىن كېيىن، دىخانلار يېڭى ئاشلىققا ئىگە بولۇپ،

---

① كېيىنكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1934 ـ ، 1935 ـ يىللىرى دىخانلارغا
قەرز بېرىلگەن قانۇنىي پۇل جەمئىي 1 مىليون 200 نەچچە مىليون يۈەنگە،
ئۇرۇق 80 نەچچە مىڭ دەن (بىر دەن 400 جىڭ)گە، ئۆكۈز 2 مىڭ
تۇياققا يەتكەن.

بۇغداي ئۇنىدىن غىزا قىلىپ يېيەلەيدىغان بولدى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مالىيە ۋە بانكا ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دىخانچىلىق ئۈچۈن قەرز پۇل تارقاتتى. مالىيە چىقىمىدا، مەلۇم ساندىن كۆپ پۇل چىقىم قىلىش ئۈچۈن مەسلىھەتچى مېخلىمان ئىمزا قويمىسا ئىناۋەتسىز ئىدى. 1935 ـ يىلىدىن تارتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپلەپ يېڭى دىخانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋېلىپ، يېزىلاردىكى دىخانلارغا قەرز بەردى ياكى سېتىپ بەردى، بەزى جايلاردا دىخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە جەمئىيەت تەرتىۋىنىڭ تىنچىشى بىلەن بىللە شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىمۇ بارا ـ بارا ئەسلىگە كەلدى.

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە خەلقنى ئەمەس، بەلكى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى كۆزدە تۇتتى. شېڭ شىسەي بەزى يىغىلىشلاردا، شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى، ئاساسەن، دىخانچىلىق بېجى، چارۋىچىلىق بېجى ۋە تاموژنا بېجىدىن كېلىدۇ، دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىسە، ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمى قۇرۇپ كېتىدۇ، خەلقنىڭ، ھەربىلەرنىڭ ئوزۇقلۇقىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ؛ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، جەمئىيەت تەرتىۋىنى ساقلاشلا تەس بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھاكىملىق ۋەزىپىسىگە قىزىقىدىغانلارنىڭ چىقىشىمۇ تەس بولىدۇ، دېگەن ئىدى. ئەينى چاغدا ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ئاشلىق بۇلاش

ۋەقەسى يۈز بەردى، بەزى ھاكىملار ھەربىي ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەك تاپشۇرالماي، ئاشلىق سۆيلەپ كەلگەن ئەپىتسەرلەرگە نائىلاج تامغىنى تاپشۇرۇپ بەردى. 1935-يىلى دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، مۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىمۇ مۇستەھكەملەندى.

مالىيىنى تەرتىپكە سېلىشمۇ شۇ چاغدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە ئىدى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپ، ھەربىي-مەمۇرى راسخوت، ئاساسەن، پۇل تارقىتىشقا تايىنىپ ھەل قىلىندى، 50 سەرلىك ئاقچا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ھەمدە 100 سەرلىك، نەچچە يۈز سەرلىك چەك① مەلۇم دائىرىدە ئېقىپ يۈرگەندىن كېيىن، مال باھاسى ئۈچقاندەك ئۆرلەپلا قالماستىن، بەلكى بەزى ئەشيالار بازاردىن غايىپ بولدى. 100 جىڭ ئاق ئۇن 12 مىڭ سەرگە چىقتى، ئادەتتىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە مائارىپچىلارنىڭ ئائىلىگى ھەتتا ئۆزىنى بېقىشقىمۇ يەتمەي قالدى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى مالىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا بىرقانچە جەھەتتىن تۇتۇش قىلدى. بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت خادىملىرى، مائارىپچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىستېمال كوپېراتىۋى قۇرۇپ، ئۇلار (جۈملىدىن ھۆكۈمەت خادىملىرى، مائارىپچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى)نىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بولغان بۇيۇملارنى ھۆكۈمەت

① ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، سۇ شاگدا بۇنداق چەكنى تارقىتىشقا كۆچەنىڭ بىرىچە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىنمىغان.

ئۆستىگە ئېلىپ ئەرزان باھادا سېتىپ، نورما بويىچە ئايمۇ-ئاي
يەتكۈزۈپ بەردى، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئۆزلىرى بىر
تەرەپ قىلىدىغان يەم-خەشەك راسخودى تارقىتىپ بەردى. شۇ
چاغلاردا، ئۇرۇمچىدىكى ئەمەلدارلار سورۇنلىرىدا "ئادەم ئاتنىڭ
يەم-خەشىگىنى يىدى" دىگەن مەسخىرە تارقالغان ئىدى، يەنى بەزى
ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى يەم-خەشەك راسخودى ئالغاندىن كېيىن،
ئات باقماي ياكى ئاز بېقىپ، يەم-خەشەك راسخودىنى تۇرمۇش
راسخودى قىلغان ئىدى. بۇ تەدبىر مەلۇم دەرىجىدە ئۇنۇم بېرىپ،
هۆكۈمەت خادىملىرى ۋە مائارىپچىلار خاتىرجەم ئىشلىدى.
ئىككىنچىدىن، ئارتۇق خادىملارنى قىسقارتتى، مالىيە مەسلىھەتچى-
سىنىڭ تەكلىۋى بىلەن، ئىدارىلەردە تەرتىپكە سېلىش كومىتېتلىرى
قۇرۇلۇپ، ئىدارە خادىملىرى ئېنىقلىنىپ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش
ۋە قوشۇمچە مائاش ئېلىش ئەھۋاللىرى تۈگىتىلدى. ئىشتاتتىن
ئارتۇق خادىملار ۋە ھەربىدىكى ئىشتاتتىن ئارتۇق ئەپتىسەر-
ئەسكەرلەر يا باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلىپ يەرلىك ئاپپاراتلار
تولۇقلاندى، يا ياردەم بىلەن يۇرتىغا ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشقا
قايتۇرۇلدى، ئىشتاتتىن ئارتۇق ئەپتىسەر-ئەسكەرلەر بوز يەر ئۆزلەش-
تۈرۈش دادۈيى قىلىپ تەشكىللەندى. شۇ چاغدا، شىنجاڭدا ئەمگەك
كۈچى كەمچىل ئىدى، باشقا ۋىلايەت-ناھىيىلەردە هۆكۈمەت خادىم-
لىرى ۋە مائارىپچىلار يېتىشمەيتتى، بەزىدە خەنزۇ يېزىغىنى بىلىدى-
غان بىرەر ئادەم تاپقىلى بولمايتتى، ئاز-تولا ساۋادى بارلار ياكى
ئەمگەك كۈچىنى سېتىشنى خالايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزى
چىقىش يولى تاپتى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دادۈيى ئۇزاق
داۋاملىشالماي قالدى.

ئۈچىنچىسىدىن، مالىيە ئىسلاھ قىلىندى. ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمىدا، خامچوت بىلەن نەقچوتقا ئەھمىيەت بېرىلمەي كەلگەن ئىدى، 1934 ـ يىلىدىن كېيىن، مالىيە مەسلىھەتچىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، خامچوت ۋە نەقچوت تۈزۈمى ئورنىتىلدى ھەم بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. جايلاردىكى مالىيە ئىدارىلىرى (كېيىنچە يەرلىك باج ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى)نىڭ كىرىمى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۇقۇرىغا تاپشۇرۇلدى، باج سوممىسىنى مەيلىچە تۇتۇپ قېلىپ ئىشلىتىشكە يول قويۇلمىدى. ھەرقايسى ئورگانلار خامچوت ۋە نەقچوتنى يۇقۇرىغا دوكلات قىلىدىغان بولدى، خامچوتتىكى چىقىمنىڭ ھەممىسى مالىيە نازارىتى تەرىپىدىن ئاجرىتىلىپ، مەخسۇس پۇل مەخسۇس ئورۇنغا چىقىم قىلىندى، ئېشىندىسى يۇقۇرىغا تاپشۇرۇلدى. 1934 ـ يىلى، ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ ھساپ ـ كىتاپلىرىنى، كاسسىدىكى پۇلنى خالىغان چاغدا تەكشۈرۈشكە، خامچوت، نەقچوتنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق مالىيە تەپتىش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەخسۇس خىيانەت ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوت كولىلېگىيىسى تەشكىل قىلىندى. ئومۇمەن ئەمەلدارلار، ئەپتىسەرلەردىن خىيانەت قىلغان پۇلى 100 يۇەنگە يەتكەنلەر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. شېڭ شىسەي باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش مەقسىدىدە، ئالدى بىلەن، يوق ئادەم ھساۋىغا تەمنات ئېلىپ يىگەن يېقىن ئادىمى، تۇەنجاڭ چۇەن جۇڭخەينى ئېتىپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خىيانەت قىلغان بىرنەچچە ھاكىمنى ئېتىپ تاشلىدى.

مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، مالىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، چېن دېلى مۇدىر، مېخىلمان مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ تەيىنلەندى،

ھەيئەتلىرى ھەر مىللەتتىن بولغان كىشىلەردىن تەركىب تاپتى، مەنمۇ
كومىتېت ھەيئەتى بولدۇم. يىللىق خامچوت ۋە نەقچوتنى تەكشۈرۈپ
بېكىتىش، باج نىسبىتىنىڭ ئاشۇرۇلۇشى ۋە چۈشۈرۈلۈشى، باج تۈزۈمىـ
نىڭ بېكىتىلىشى، كىرىم ـ چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇشى، ۋاقىتلىق
ياكى ئالاھىدە راسخوتلارنى تەكشۈرۈپ تارقىتىش قاتارلىق ئىشلارنى
مۇشۇ كومىتېت بەلگىلەيتتى. ئەمەلدە قىلىنىشىچە، بۇ كومىتېت يەنە
مۇنداق مۇھىم ئىشلارنى بەلگىلىگەن: تاموژنا بېجى ۋالىسىنى ئەمەلـ
دىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ بىر
تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدى (بۇ 1935 ـ يىلدىكى ئىش)؛
باج نىسبىتى بەلگىلىنىپ، باھا بويىچە ئىمپورت قىلىنىدىغان نەرـ
سىلەردىن 7.5 پىرسەنت باج ئېلىنىدى، ئېكسپورت قىلىنىدىغان
نەرسىلەردىن 5 پىرسەنت باج ئېلىنىدى؛ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت
ئالىدىغان يەر بېجى يەرلىك باج ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛
مالىيە نازارىتى بىلەن جايلاردىكى باج ئىدارىلىرىنىڭ ھېساپ ـ كىتاپ
قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، كىرىم ـ چىقىم تۈزۈمى ۋە تەرتىۋى
ئورنىتىلدى ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.
بۇ ئىسلاھاتلار ئارقىلىق شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە
ئەھۋالى بىرئاز ياخشىلاندى، خىيانەتچىلىكمۇ مەلۇم دەرىجىدە
تۈزىتىلدى.
لېكىن، شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەينى يىللاردا
مالىيە ئەھۋالىنىڭ تۇراقلىشىشىدا ئىمپورت قىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ
بارا ـ بارا كۆپىيىشى ئارقىسىدا، ھۆكۈمەتنىڭ تاموژنا بېجىنىڭ ئايمۇـ
ئاي ئېشىپ بارغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ
كۆپىلەپ بازارغا كىرىشى پۇلنىڭ يىغىۋېلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرـ

گەنلىگى تېخىمۇ مۇھىم سەۋەپ بولدى. مەن شۇ چاغدا يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ جەھەتتە بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە ئىدىم.

شىنجاڭ خەلقى ئويغىنىۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردا، شېڭ شىسەينىڭ بۇ ئۇسۇلى، بولۇپمۇ ناچار كەيپىياتلار (ئەپيۇن، قىمار، خىيانەت)نى تۈگىتىشى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇشى كىشىلەرنى خېلىلا قايىمۇقتۇردى. شەخسلەر ئەپيۇن تېرىش ۋە توشۇپ سېتىش ئەھۋالى 1935 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاساسەن تۈگىتىلدى، قىمار ئويناش قاتتىق مەنئىي قىلىندى. قىمار ئويناپ بولغاندىن كېيىن مەلۇم قىلىنسىمۇ قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلدى، كېيىنكى چاغلاردا ھەتتا قىمار ئوينايدىغان نەرسىلەرنى ساقلاشمۇ قانۇنغا خىلاپ ھەركەت دەپ قارالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىشى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن تېخىمۇ بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى. خوجا نىياز مۇئاۋىن رەئىس بولغاندىن سىرت، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن نازىر ياكى مۇئاۋىن نازىر، ۋىلايەتنىڭ ۋالىسى ياكى مۇئاۋىن ۋالىسى، ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىم بولغانلارمۇ بولدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىغىدا چىققىدىغان گېزىتلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن جايلاردا مەيدانغا كەلدى، جايلاردىكى ئىپتىدائى مەكتەپلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھەممە مەكتەپلەردە ھۆكۈمەت راسخودى بىلەن ئوقۇش (جۈملىدىن تاماق پۇلى، كىتاپ پۇلى) يولغا قويۇلدى. ھۆكۈمەت يەنە راسخوت ئاجرىتىپ ھەر مىللەت ياشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ئەھۋاللار كىشىلەردە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرەق-

قىپەرۋەر ھۆكۈمەت، دىگەن تەسىراتنى پەيدا قىلدى.

## ئۆلكىلىك ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيى

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغىنىغا بىر يىل تولغان 1934 ـ يىل 4 ـ ئايدا، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرغان ئىدى. ئۇ چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭ تېخى تېچلانمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى پەدەزلەش ئۈچۈن بۇ قۇرۇلتاينى چاقىرغان ئىدى. ئىككىنچى يىلى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا تېچلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى، بۇ چاغدا شىڭ شىسەي ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ سىياسى پىروگىراممىسىنى ئېنىق جاكالىغان، تەسىرى خېلى زور بولغان قۇرۇلتاي بولدى. مەن بۇ قۇرۇلتاينىڭ خىزمىتىگە باشتىن ـ ئاخىر قاتناشتىم، ئەمدى قۇرۇلتاي ئەھۋالىنى كىتاپخانلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

### مەقسىدى ۋە مۇھىم مەزمۇنى

شىڭ شىسەي قۇرۇلتاينىڭ بىر تەييارلىق يىغىنىدا، قۇرۇلتاينىڭ مەقسىدى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دىدى: بىرىنچىدىن، يېڭى

ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈش، دىمەك، شىنجاڭنىڭ
مەڭگۈ جۇڭگونىڭ زىمىنى بولۇپ قېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش،
نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئالاقە ئورنىتىش، سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ خالىسانە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوبۇل قىلىش. ئۇ
مۇنداق دىدى: يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىچكى-
تاشقى ئەكسىيەتچىلەر شىنجاڭ قىزىللىشىپ كەتتى دەپ ئىغۋا تار-
قىتىپ كەلدى. بۇنداق ئىغۋالار ئۆلكە ئىچىدە ۋە سىرتىدا يامان
تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى، قۇرۇلتاي ئارقىلىق يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ
سىياسى پوزىتسىيىسىنى ئوچۇق بىلدۈرمىگەندە، بۇنىڭدىن كېيىنكى
خىزمەتلەر ئېغىر توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرايدۇ. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ
نۆۋەتتە مىللى مەسىلە، تېچلىق، ئەمەلدارلارنى ئوڭشاش، ئىشلەپچى-
قىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق
بىرمۇنچە مەسىلىلەرگە دۇچكەلمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنى قانداق ھەل
قىلىش ئۈستىدە خەلق ئارىسىدا ھەرخىل قاراشلار بولۇپلا قالماستىن،
ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ پىكىرلىرىدىمۇ زادىلا بىرلىك يوق ئىدى.
كۆپچىلىكنىڭ قارىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھۆكۈمەت تارماقلىرى
خادىملىرىنىڭ قەدىمىنى تەكشى قىلىش ئۈچۈن، بۇنداق قۇرۇلتاينى
ئېچىش، شۇنداقلا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەزى كونكرېت
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئۈچىنچىدىن، يېڭى
ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، زادى نىمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى،
ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ خىزمەت ئىشلەش روھىنى، ھەر مىللەت
مۇنەۋۋەرلىرىنى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە
قاتناشتۇرۇش ئەھۋالىنى، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتنىڭ قورallىق كۈچىنى

جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەرگە ئۆرۈمچىگە كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كۆرسەتكىلى، قايتىپ بېرىپ تەشۋىق قىلدۇرغىلى بولاتتى.

شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىلغان بۇ سەلتەنەتلىك گەپلىرى بەك چىرايلىق ئاڭلانغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسى مۇستەبىتلىكى ئۈچۈن ئاساس سېلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بايقىمىدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە، ئاساسەن، شېڭ شىسەينىڭ يېقىنلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى قاتناشتى، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىمۇ بىرمۇنچە ئەقىل كۆرسەتتى.

قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق تەييارلىق خىزمىتى شېڭ شىسەينىڭ سىياسى دوكلادىنى تەييارلاش بولدى. شۇ چاغدا، شېڭ شىسەينىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى بەزى كىشىلەر نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئىنكار قىلىش، ئالماسلىق، ئۆز ئالدىغا سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشنى، ھەتتا زوررۇر تېپىلغاندا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ يولىدا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ كىشىلەر تەۋەككۇلچىلەر دەپ تەنقىت قىلىندى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر شىنجاڭ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۆلكە ئىچىدىلا، مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، ھەتتا خەلقارادىمۇ قۇتۇلغۇسىز ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقاتتى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە ۋە باشقا جەھەتلەردە ئەيىپلەشكە ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرايتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭغا بېرىدىغان ياردىمىگە تەسىر يېتەتتى. شىنجاڭ ھاكىمىيىتى گومىنداڭنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەگەشمەسلىكى كېرەك بولغان، ئەمىلىيەتتە ئەگىشىشمۇ مۇمكىن بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئىچكى ـ تاشقى پىتنە ـ پاساتلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى

ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ ھىمايە قىلىدىغان، ئەگىشىدىغان ھۆكۈمەت دەپ جاكالاش، بولۇپمۇ "شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش" دېگەن شوئارنى شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ بىرىنچى شوئارى قىلىش كېرەك ئىدى.

فېئودال ۋاڭ ـ گۇڭلار، لاما ـ گېگەنلەر، پومېشچىكلار ۋە كاپىتالىستلارغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، شۇ چاغدىكى شېڭ شىسەينىڭ يادرو گۇرۇھىدىمۇ ھەر خىل تەشەببۇسلار بار ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ سىياسى دوكلادىنى تەييارلاش ۋاقتىدا، شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائى تەرەققىيات باسقۇچى ۋە شىنجاڭدا يېغىلىقتىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ فېئودال كۈچلەرگە ۋە بۇرژۇئازىيىگە ئالدىراپ زەربە بېرىشكە بولمايتتى. ئەكسىچە، تېخى ئۇلارنى تېچلاندۇرۇش ھەمدە پۇل چىقىرىپ ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شىنجاڭدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمىنى بىلەن قايىمۇقۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، فېئودال يۇقۇرى قاتلامدىكىلەر ئىدىيە جەھەتتىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ خەلقنى خېلى زور دەرىجىدە تىزگىنلەش كۈچىگە ئىگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك ئىدى، بىر مەھەل مۇشكۈل تەشۋىق، تەربىيە ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھات خىزمىتىنى ئىشلىمەي تۇرۇپ، ئالدىراپلا فېئودال يۇقۇرى قاتلامنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە تەككەندە، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولاتتى، جاھانگىرلارنىڭمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالتوپىلاڭ كۆتىرىشى مۇقەررەر ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ سىياسى دوكلادى مۇشۇنداق قاراش ئاساسىدا

تەييارلاندى. بۇ دوكلاتنىڭ رۇسچە شاپىگىراپ نۇسخىسى ھازىرمۇ مېنىڭ قولۇمدا بار، مەن ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگىمۇ قاتناشتىم①، ئەمدى بۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

بۇ دوكلات ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەن، بىرىنچى قىسمى — سىياسى قىسمىنىڭ مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

1. يېڭى ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زىمىنى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا يول قويمايدۇ؛

2. يېڭى ھۆكۈمەت مىللى سىياسەتنى يولغا قويغاچقا، جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى ما جۇڭيىڭنى تېز يوقىتالىدى؛

3. يېڭى ھۆكۈمەت نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قوغۇقلاشتۇرىدۇ؛

4. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى لۇشيەنى پۈتۈنلەي مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى لۇشيەنى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ؛

5. يېڭى ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىقىنى قوغدايدىغانلىقىغا، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ زىمىنىغا قارا نىيەتتە بولمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەچكە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاھىدە دوستانە ئالاقە ئورناتتى.

دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدى: ما جۇڭيىڭ جاھانگىرلار تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ "مىللى مۇستەقىللىق" بايرىقىنى

① شۇ چاغلاردا، شىنجاڭدا ئىچىلغان ھەر خىل يىغىنلارغا بىرقانچە مىللەت قاتناشقان بولسا، يىغىندا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە ۋە رۇسچىغا ئىغىزچە ياكى يېزىقچە تەرجىمە قىلىپ بېرىلەتتى.

كۆتىرىۋېلىپ، شىنجاڭنى پاراكەندە قىلىپ، بۇ يەردە قورچاق پادىشالىق قۇرماقچى بولدى. يېڭى ھۆكۈمەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ھاقارەتنى يۇدى، ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە مىللەت باپ-باراۋەر دېگەن توغرا سىياسىتى پۈتۈن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، شۇڭلاشقا دۈشمەن ئۈستىدىن تېز غەلىبە قىلدى. شىنجاڭ بۇنىڭدىن كېيىن، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى ئىزچىل-لاشتۇرۇپ، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدە پەيدا بولغان مىللى زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى بولۇشىغا ئورتاق كاپالەتلىك قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ. دوكلاتتا ئۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇنداق دېيىلدى: خەلقارا جاھانگىرلار شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە جىنىنىڭ بىرىچە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئەمىلىيەتتە، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق تەدبىرلىرى پۈتۈنلەي مەركەزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسى-دىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان دېيىلسە، ئۇنى پەقەت بىرنەچچە يىللىق يېغىلىق ۋە پوچتا-تېلېگراف، قاتناشنىڭ قاتتىق بۇزغۇنچى-لىققا ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دېيىش كېرەك. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن مەركەزگە قارايدۇ. دوكلاتتا ۋەكىللەردىن ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، جاھانگىرلارنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش سۇيىقەستىنى تار-مار قىلىش تەلەپ قىلىندى. دوكلاتتا يەنە، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەزنى ھىمايە قىلىدىغانلى-قىغا دائىر پاكىتلار كۆرسىتىلىپ، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەزگە بولغان ساداقىتى دەلىللەندى. ئاخىرىدا، شىنجاڭنىڭ دوستانە خوشنىسى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت قۇرۇش روھى،

شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتا ئۇنىڭغا تايىنىشى كېرەكلىكىنىڭ داۋلىسى سۆزلەندى.

دوكلاتنىڭ ئىككىنچى قىسمى — ئىقتىسادىي قىسمىمۇ بەش تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

1. دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم ياخشىلاش؛

2. يەرلىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاھالىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش؛

3. سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سودىگەرلەرنىڭ مال-مۈلكىنى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۇلارنى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش؛

4. قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن يېزا ئىگىلىكى، سودا، سانائەتنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ؛

5. مالىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىش.

دوكلاتنىڭ بۇ قىسمىدا، سودىگەرلەر پۇل چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا كۈچەپ سەپەرۋەر قىلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ سودىگەرلەرنىڭ مال-مۈلكىنى قوغدايدىغانلىقى ۋە ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلار سۆزلەندى. مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: يېڭى ھۆكۈمەت خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، مالىيە تەپتىش كومىتېتى تەسىس قىلدى، بۇ كومىتېت ئاكتىپ تۈردە مالىيە كىرىم-چىقىمى ئۈستىدە نازارەت قىلىپ، بارلىق خىيانەتچىلەرنى قاتتىق جازالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپاراتلارنى ئىخچام-

لايدۇ ۋە خىزمەتچىلەرنى خىللايدۇ، ئارمىيىنى قىسقارتىدۇ. ئاخىردا، دوكلاتتا، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز ئېلىپ، مالىيە ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ياخشىلاشقا سەرپ قىلىشنى بەلگىلىگەنلىكى ئېيتىلدى. شۇنىڭدەك يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: بۇ پۇل ئەمەلىيلەشتىن بۇرۇن، يۇشىن يەرلىك ماللار شىركىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى بىلەن تۈرلۈك سودا توختاملىرى ئىمزالىدى، يېڭى ھۆكۈمەت يەرلىك ماللار شىركىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېگىشىپ كەلگەن سانائەت بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، سانائەتنى بەرپا قىلىدۇ. شىنجاڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېرىشىپ تۇرىدۇ.

## قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئۆتمۈشى

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا ئۈرۈمچى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەردىن ئالاھەزەل 320 نەچچە ئادەم قاتناشتى. ۋەكىللەر تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار بىلەن ۋۇجۇتقا كەلدى: ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كۆرسىتىلدى؛ شەھەر ۋەكىللىرىنىڭ بىر قىسمى ھەر مىللەت مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلدى، بىر قىسمى يەرلىك مەمۇرى ئورگانلار تەرىپىدىن كۆرسىتىلدى؛ دېخانلار، چارۋىچىلار ۋەكىللىرى، سودا ـ سانائەت ۋەكىللىرىنى يەرلىك مەمۇرى ئورگانلار ئالاقىدار ئاقساقاللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلىدى؛ جايلاردىكى دىنىي

ئۆلىمالار دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولدى.

ۋەكىللەر تەركىۋىگە ئومۇمى جەھەتتىن قارىغانىدا، كۆپچىلىگى بىيۇروكىراتلار، پومىشچىكلار، چارۋىدارلار، چوڭ-راق سودا كاپىتا-لىستلىرى، ئاز بىر قىسمى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى دەۋرىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئاددى ئاھالە ئىدى. مەسىلەن، ئىلى ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى پومىشچىك، قوشۇمچە چوڭ سودىگەر تۇردى ئاخۇن (ئۇيغۇر)، ۋەكىل ھاكىم خوجا (ئۆزبەك)، ھۈسىيىنبەگ (ئۇيغۇر)لەر چوڭ باي، مەخسۇت (قازاق) مىڭبېشى ئىدى. ۋەكىللەر ئارىسىدا بەزى ئىلغار زاتلارمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. شىڭ شىسەيمۇ ئۇلاردىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە مۇستەھكەملەش قورالى سۈپىتىدە پايدىلانماقچى ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ ئادەملەرنىڭ رايىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇلارنى ھەقىقى تۈردە ئەگەشتۈرۈپ ماڭماس-مىكىن دەپ، ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە ئالاھىدە سەپسېلىپ يۈردى، شۇنداقلا ئۇلارنى ئەمەلىي يوسۇندا قوللىمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئايال ۋەكىللەر مەسىلىسىمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا ئىلى ۋىلا-يىتى بىلەن ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىن ئايال ۋەكىللەر سايلاندى ھەم ئۇلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، لېكىن ئاخۇنلار ۋە فېئودال يۇقۇرى قاتلام ۋەكىللىرى ھۆكۈمەتكە قاتتىق قارشى پىكىر قويدى. ئايال ۋەكىللەر كېيىن يىغىنغا پەقەت سىرتتىن قاتناشقۇچى سالا-ھىيىتى بىلەنلا قاتناشتى.

قۇرۇلتاينىڭ ئورنى دۇبەن مەھكىمىسى يېنىدىن سالدۇرغان شەرقىي بىنا بولدى. ئېچىلىش، يېپىلىش مۇراسىمى شۇنىڭدەك كېڭەي-تىلگەن يىغىن (ئۈرۈمچىدىكى ئورگانلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، مەكتەپلەردىكى ئەرباپلار تەكلىپ قىلىنغان چاغدا) دۇبەن مەھكىمە-

سىنىڭ شەرقىي-غەربىي دەرۋازىسى ئارىلىغىدىكى مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ چاغدا بۇ مەيدانىنىڭ ياغاچ رىشاتكىسى بار ئىدى.

يىغىندا شىڭ شىسەي سىياسى دوكلات بەرگەندىن باشقا، رەئىس لى رۇڭ ۋە مۇئاۋىن رەئىس خوجا نىيازمۇ دوكلات بەردى. مەخسۇس تېمىلار بويىچە بېرىلىدىغان دوكلاتلارنى شىڭ شىسەي كۆرسەتكەن ئىدارىسلەرنىڭ باشلىقلىرى بەردى، دوكلات ئارگىنالى تەييارلىق يىغىنىنىڭ مۇھاكىمىسى ۋە شىڭ شىسەينىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ئىسىمدە قېلىشىچە، ئىقتىساتقا دائىر دوكلاتنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باشلىغى شۇ لىيەن بەرگەن، مەدىنى-مائارىپقا دائىر دوكلاتنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شىن بەرگەن ئىدى.

دوكلاتلار بېرىلگەندىن كېيىن، ۋەكىللەر ۋىلايەتلەر بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرىدىن كېيىن، ۋەكىللەر چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقتى ھەم يازما شەكىل بىلەن تەكلىپ قويدى.

گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى جىمجىت ئۆتمىدى، ۋەكىللەر سىياسى دوكلاتقا باشقىچە پىكىردە بولمىسىمۇ، بىرمۇنچە كىشىلەر بەزى كونكرىت مەسىلىلەرنى قويدى. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار مەسچىتلەرگە بەرگەن سەدىقىنىڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدىنىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرىغا بېرىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە؛ ئۆلىمالارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى مەسىلىسى؛ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى ئەيىبلەش مەسىلىسى؛ موڭغۇل-قازاقلار ئوتتۇرىسىدىكى يايلاق ۋە تېرىلغۇ يەر ماجراسى مەسىلىسى؛ يېغىلىقتىن كېيىن يەرلەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى ياكى يەرلەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا دائىر ماجرالار مەسە-

لىسى؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ۋە ئۇلارنى سايلاش ئۇسۇلى مەسىلىسى؛ يېغىلىق بولغاندىن بۇيان جايلاردا ھەلق قۇرغان مەكتەپلەرنىڭ راسخودى ۋە ئۇلارغا دەرسلىك يەتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى؛ ھۆكۈمەت جايلاردىكى ئاھالىگە قەرزدار بولۇپ قالغان يەم-خەشەك پۇلىنى تۆلەش مەسىلىسى؛ ئاياللارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە يېغىلىق داۋامىدا خارلانغان ئاياللارنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى؛ ياش ئىلغارلار بىلەن فېئودال جاھىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش مەسىلىسى توغرىسىدىمۇ ئايرىم ۋەكىللەر سوئال قويدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى توغرىسىدا شۇ چاغدا كونكرېت بەلگىلىمە بولمىغاچقا، قۇرۇلتاينىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. قۇرۇلتاي ئاياقلىشىشتىن ئىلگىرى، خىزمەتچىلەر ۋەكىللەرگە بىرمۇنچە تەشۋىق قىلغان ۋە سۆز بىلەن قايىل قىلىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن بولغاچقا، گۇرۇپپا يىغىنىدىن كېيىن ۋەكىللەر سۆزگە چىققاندا، 50 نەپەرچە ۋەكىل يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۇنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش يولىدا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋەكىللەر قويغان 60 نەپەرچە لايىھە ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىر قېتىم ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈپ، ئاساسىي قوراللىق كۈچىنى كۆرسەتتى. تەلىم-تەربىيە تۈەنى، مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنى باشلامچى بولغان قوشۇن سەپ

بولۇپ پاراتتىن ئۆتتى، ئۇلار بىرونېۋىك ماشىنا، تاغ زەمبىرىكى، دالا زەمبىرىكىنى بىللە ئېلىپ ماڭدى؛ ئايروپىلانلار ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا كۆتۈرۈلدى ھەمدە رەڭلىك قەغەزگە بېسىلغان تەشۋىقات ۋاراقلىرى ۋە شوئارلارنى چاچتى. شېڭ شىسەي ۋەكىللەرگە ھەمرا بولۇپ مۇنبەردە پارات كۆرگەندىن كېيىن، مەيداننى ئاتلىق بىر ئايلىنىپ چىقتى. سوۋېتلىك مېھمانلار، مەسلىھەتچىلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرمۇ پارات كۆردى.

بۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلتاي خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا ۋە خەلققە ئالتۇن مېدال تارقاتتى. مېدال تارقىتىلغانلار ئىچىدە شېڭ شىسەي، لى رۇڭ، خوجا نىياز، مەنچۇكجاپ، شەرىپخان، چېن دېلى، جاۋ دېشۇ، جاڭ شىن، ما شاۋۋۇ، ليۇ بىن، مامۇت، بېكدىيېۋ، تۇرسۇنبابا، خۇسەيىن قاتارلىقلار بار ئىدى، مەنمۇ مېدال ئالغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. بۇ ئىسىملىكنى شېڭ شىسەي ئۆز يېقىنلىرى بىلەن ئۇزۇن قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكەن. ئۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ مەقسىدى مۇشۇ يول بىلەن بۇ كىشىلەرنى يېنىغا تارتىش ھەمدە ئۆز رەھبەرلىكىدىكى كىشىلەرگە ئۈلگە تىكلەش ئىدى. لېكىن ئىككى يىلدىن كېيىن، بۇ كىشىلەردىن، لى رۇڭنىڭ نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلغانلىقىنى، مامۇتنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ چەتكە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان ھەممىسى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلاندى، تۈرمىگە تاشلانغانلاردىن مەنچۇكجاپ بىلەن ئىككىمىزلا تىرىك چىققاندىن باشقا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى.

قۇرۇلتاي ئاياقلىشىدىغان چاغدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان "شىنجاڭ ئاۋام خەلق

بىرلەشمىسى" قۇرۇش قارار قىلىندى. بىرلەشمىنىڭ باشلىقلىقىنى سايلاش ئارقىلىق دوستۇم تاھىربەگ ئۈستىگە ئالدى، مۇئاۋىن باشلىقلىقنى مەنچۇكجاپ ئۈستىگە ئالدى، مەن ھەيئەت بولۇپ سايلاندىم، ئۇزاق ئۆتمەي جېڭ يىجۇن باش كاتىپ قىلىپ تەيىنلەندى. تاھىربەگ كېسەل بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى مەن ۋاكالىتەن بېجىردىم.

بۇ قۇرۇلتاي، شېڭ شىسەي ئۈچۈن ئېيتقاندا، خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ئالتاينىڭ شەرقىي قىسمى ۋە قۇمۇلنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قازاق ئاقساقاللىرى ھۆكۈمەتكە دۈشمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن ۋەكىل ئەۋەتمىدى، قالغان ۋىلايەتلەر، ناھىيىلەر (خوتەن ۋىلايىتى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ) ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتتى، ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ خىزمەت روھى ۋە خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققەتەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ فېئودال يۇقۇرى قاتلامنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش سىياسىتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى، ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى پارات قىلىشى كۆپ سانلىق ۋەكىللەردىكى گۇمان ۋە ئەندىشىنى يوقاتتى ياكى ئازايتتى ھەمدە ئۇلارغا ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىنى تونۇتتى.

شېڭ شىسەي شۇ چاغدا ئۆزىنى تازا نىقاپلىغان ئىدى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىسى 1937-يىلدىن كېيىنكىدەك قاتتىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئايرىم مەشھۇر ئەرباپلار بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىپ، ئابروينى ئۆستۈردى. كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇنى شىنجاڭ

ئۇچۇن تېخىمۇ ئوبدان تۆھپە قوشىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىدى. شۇڭلاشقا «شىنجاڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاۋام خەلقىغە مۇراجىئەتنامىسى»دە① مۇنداق دەپ يېزىلدى: "بارلىق كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاۋام خەلقىنىڭ نىجات يۇلتۇزى شېڭ دۇبەننى ۋە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ يولباشچىلىرى رەئىس لى رۇڭ ھەم مۇئاۋىن رەئىس خوجا نىيازنى ھىمايە قىلىمىز، چۈنكى ئۇلار بىزنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن يورۇق، داغدام يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ، بولۇپمۇ پەقەت ئۇلارنىڭ رەھبەرلىگىدىلا، تېچ قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ." بۇ «ئاۋام خەلقىغە مۇراجىئەتنامە»دە يەنە خۇسۇسى مال-مۈلۈكنى ۋە فېئودال يۇقۇرى قاتلامنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش تەكىتلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: "شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى ھەممە مىللەت باپ-باراۋەر بولۇش، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى بولۇش، ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ، دىندارلارنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىغا، خەلقنىڭ خۇسۇسى مال-مۈلكىنى، ئەركىن سودىنى قوغداش، شۇنىڭدەك شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى، ئۆلكىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىگى، سودا-سانائىتىنى ۋە باشقىلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان." ئۇنىڭدا يەنە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: "يېڭى ھۆكۈمەت ھەر مىللەتتىن بولغان مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى ئۈزلۈكسىز

① بۇ ماتېرىيالنىڭ خەنزۇچە بىر نۇسخىسى مەندە بار، بۇ ماتېرىيال كونا 5-خەت بىلەن مەتبەدە بېسىلغان. ئەينى چاغدا قۇرۇلتايدا ھەر مىللەت تىلىدا ئوقۇلۇپ ماقۇللانغان.

ئىشقا قويىدۇ، قابىلىيىتى بارلا كىشى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ۋالى، گارنىزون سىلىڭى، نازىر، ھاكىم ۋە باشقا ئەمەلدار-لىققا تەيىنلىنىدۇ." بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچى كۈچەيتىلدى. «ئاۋام خەلققە مۇراجىئەتنامە»نىڭ ئاخىرىدا، شېڭ شىسەي "پۈتۈن شىنجاڭنىڭ نىجات يۇلتۇزى، ئاۋام خەلقنى ئازات قىلغۇچى" دېيىلدى.

ۋەكىللەرمۇ ئۆز ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىگە تەشۋىق قىلىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئۆز جېنىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمىز؛ تېخىمۇ سەممىي ئىتتىپاق بولۇپ، تېچلىقنى ئالغا سۈرۈپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىمىز؛ ئىلگىرىكى قانلىق ئازاپنى ئەستىن چىقارماي، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز، دەپ ۋەدە بېرىشتى.

نۇرغۇن ۋەكىللەر ئۆز ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، مەسىلەن، قەشقەردە يۇقۇرى ئابرويى بولغان ئابدۇغوپۇرداموللام (ئۇمۇ قۇرۇلتايدا ئالتۇن مېدال ئالغان) قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغان ھەم ئىجابىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ئىدى. شۇڭا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە يوشۇرۇن قارشى تۇرۇۋاتقان 6-شىنىڭ شىجاڭى مامۇت تەرىپىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مۇس-تەھكەملىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى. شۇ چاغلاردا مەن دائىم شېڭ شىسەينى ئۇچرىتىپ تۇراتتىم، ئۇ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكەن ئىدى.

## قۇرۇلتاي مەزگىلىدىكى بىرقانچە ئىش

بىرىنچى ئىش ــ مىللەتلەرنىڭ نامىنىڭ بېكىتىلىشى.

ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نامى خەنزۇچىدا ”چەنخۇي“ ياكى ”چەنتۇ“ دەپ يېزىلاتتى. بۇ نام چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئىدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ھەممە مىللەت باپ-باراۋەر دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، خەنزۇلار ئارىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز نامى بويىچە ”畏兀儿“، ”威吾尔“ ”威吾儿“ دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر بىلەن يېزىپ كەلگەن. قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن بىرئاز بۇرۇن، مەن يۇۋېنبىن بىلەن سۆزلىشىپ، ”维吾尔“ دەپ يازايلى دېيىشكەن ئىدۇق. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىغا سۇنۇپ ماقۇللاتقاندىن كېيىن، ئۇ ئۇيغۇرلار نامىنىڭ رەسمىي يازما شەكلى قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇ بارا-بارا كەڭ قوللىنىلدى.

قىرغىز مىللىتى شۇ يىللاردا رەسمىي خەنزۇچە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ئادەتتە ”布鲁特“ دەپ يېزىلاتتى، بۇمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئىدى، خەنزۇلار ئېغىز تىلىدا ”خېيخېيزى“ دەپ ئاتايتتى. قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ”柯尔克孜“ دەپ يېزىشنى بەلگىلىدى. تاتارلارنى شۇ چاغلاردا ئادەتتىكى خەنزۇلار ”脑盖依“ دەپ ئاتايتتى، بۇنىمۇ ”塔塔尔“ دەپ يېزىش بەلگىلەندى. ”塔吉克“ (تاجىك)، ”塔兰其“ (تارانچى) دېگەن بۇ ئىككى مىللەتنىڭ نامىمۇ قۇرۇلتاي مەزگىلىدە بېكىتىلدى. ئەمەلىيەتتە ”تارانچى“ ئەسلىدە ئۇيغۇرلار بولۇپ،

چيەنلۇڭ زامانىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن خەلق ئىدى. ”تارانچى“ دىگەن سۆز ئۇيغۇرچىدە ”بۇغداي تېرىغۇچى“ دىگەن مەنىدە بولۇپ، مىللەتنىڭ نامى ئەمەس ئىدى. بىراق بۇ قېتىمقى ھۆكۈمەت شىنجاڭدا 14 مىللەت بار دەپ بېكىتىلىپ، ”تارانچى“ خاتا ھالدا بىر مىللەت قىلىپ قويۇلدى، بۇ نام نۇرغۇن يىللار قوللىنىلىپ، ئازاتلىقتىن كېيىنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

خەنزۇلارنى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىتاي دەپ ئاتايتتى، قۇرۇلتاي داۋامىدا جۇڭگو خىتاي دەپ تەرجىمە قىلىندى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس دىگەن پىكىرنى بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئاھاڭ بويىچە تەرجىمە قىلىنىدىغان بولدى. لېكىن ئايرىم كىشىلەر ئۇنى ”ئوتتۇرا دۆلەت“ دەپمۇ تەرجىمە قىلغان ئىدى. 1938 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاھاڭى بويىچە ”جۇڭگو“ دەپ ئېلىنىدىغان بولدى. لېكىن خەنزۇلار يەنىلا ”خىتاي“ دەپ تەرجىمە قىلىندى، ”خەنزۇ“ دىگەن ئاھاڭ تەرجىمىسى ئازاتلىقتىن كېيىنلا قوللىنىلدى.

ئىككىنچى ئىش، شېڭ شىسەي قۇرۇلتاي داۋامىدا «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرى» دىگەن كىتاپچىنى يازدى، بۇ كىتاپچە 8 باپقا بۆلۈنگەن، ئۇنى شېڭ شىسەينىڭ قۇرۇلتايدا بەرگەن ”سىياسى دوكلادى“نىڭ كېڭەيتىلگەن نۇسخىسى دىيىشكە بولاتتى. بۇ كىتاپچىدە ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، تېچلىقنى قوغداش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى كېڭەيتىش، قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زىمىنى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، جاھانگىرلىككە ۋە فاشىزىمغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەڭگۈ دوستانە

ئۆتۈش، قانداق قىلغاندا جۇڭگونى قۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقى مەسىـ
لىسى ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان. بۇ كىتاپچە شېڭ شىسەينىڭ
شىنجاڭدا يازغان بىرىنچى "ئەسىرى" ھېساپلىنىدۇ، بۇ كىتاپچىنىڭ
خەنزۇچە نۇسخىسى مىخ مەتبەدە 1935 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېسىلدى،
ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەي ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشنى
ماڭا تاپشۇردى، ئۇيغۇرچىسى 1936 ـ يىلى مىخ مەتبەدە بېسىلدى،
شۇ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن ئىككىنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.
بۇ كىتاپچىنىڭ مۇقاۋىسى (ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ ئىچكى
بىرىنچى بېتى)غا 6 بۇرجەكلىك يۇلتۇز سىزىلغان بولۇپ، ھەر بىر
يۇلتۇزغا بىر سىياسەت يېزىلغان، قوشۇپ ئوقۇسا، جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر
بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، تېچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ
بېرىش دېگەندىن ئىبارەت، بۇ ئاتالمىش "6 چوڭ سىياسەت" ئىدى.
"6 چوڭ سىياسەت" ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا رەسمىي ئوتتۇ-
رىغا قويۇلمىغان، يىغىن تۈگەپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي سىياسى پىروگىراممىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا
قويۇلغان ئىدى. بۇ سىياسى پىروگىراممىسا بىرمۇنچە كىشىلەرنى
ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىپەرۋەر زاتلارنىمۇ قايمۇقتۇردى.
شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىنى مۇشۇ پىروگىراما
ئارقىلىق نىقاپلاپ، شىنجاڭدا ئون نەچچە يىل زوراۋانلىق قىلدى.
بۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلتاي داۋامىدا يەنە «شېڭ دۇبەننىڭ نۇتۇق-
لىرى» دېگەن تېمىدا ئىككى كىتاپچە چىقىرىلدى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ
ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى نۇتۇقلىرىنىڭ كۆپچىلىگى
كىرگۈزۈلدى. بۇ كىتاپنىڭ تىراژى كۆپ بولمىغاچقا، كەڭ تارقال-

مدى، ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن بەزى نۇتۇق-
لىرى ئۇنىڭ كېيىنكى سۆز-ھەركىتىگە زىت بولغاچقا، ئۇ قايتا
بېسىشنى چەكلىگەن، بەلكى بۇرۇن تارقىتىۋېتىلگەنلىرىنى بىر ئىلاج
قىلىپ يىغىۋالغان.

ئۈچىنچى ئىش، قۇرۇلتاي داۋامىدا، شېڭ شىسەي قۇرۇلتاي
نامىدىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھۆكۈمەت دائىرى-
لىرىگە ھەم ھەرقايسى چوڭ گېزىتخانىلارغا پىتنە-پاساتقا رەددىيە
دىگەن ئومۇمى تېلېگراممىنى بەردى. تېلېگراممىدا خېلى ئۇزۇن
بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ رىيال ئەھۋالى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ تەد-
بىرلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كەتمىگەنلىكى،
بەلكى مەركەزنىڭ سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆلكىنى مۇستەھ-
كەملەش-گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنىڭ ئىشلىنىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ
مەركىزىي سىياسىتى شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زىمىنى بولۇشىغا
كاپالەتلىك قىلىش ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى
بۇ تېلېگراممىغا جاۋاپ قايتۇرمىدى. باشقا ئۆلكىلەر، مەسىلەن،
سۈييۈەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ھۆكۈمەت
دائىرىلىرى بىرنەچچە جۈملە تەكەللۇپ سۆز بىلەن جاۋاپ قايتۇردى.

## بارىكۆل چارۋىچىلىق رايونىدىكى ۋاقىتلىق بازار

ئالتاينىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن قۇمۇلنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى
قازاق ئاقساقاللىرىنىڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە دۈشمەنلىك بىلەن

قارىغانلىقتىن، ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشمىغاند-
لىقىنى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. شۇڭا قۇرۇلتاي تۈگىگەند-
دىن كېيىن. شېڭ شىسەي مېنى بارىكۆلگە يەنە بىر قېتىم ئەۋەتتى.

## قۇمۇل، بارىكۆللەرنىڭ ئەھۋالى

بارىكۆل ــ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇھىم بازار، ناھىيە شەھىرى بارىكۆل كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، بۇ جاي قۇمۇل مەمۇرى رايونىغا قارايتتى، يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئىگىز-لىككە جايلاشقان، هاۋاسى سوغاق، ئوت-چۆپلىرى بولۇق، تۇپرىغىمۇ تېرىقچىلىق قىلىشقا باپ كېلىدىغان بۇ يەر مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرد-دىن بۇيان، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان قاتناش ئىشلىرىدىكى مۇھىم بازار ۋە ھەربىي بازا بولۇپ كەلگەن ئىدى.

بارىكۆلنىڭ شىمالىي قىسمى ئالتاي مەمۇرى رايونى بىلەن چېگرد-داش بولۇپ، ئالتاي رايونىدىكى قازاقلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇشۇ يەرلەردە مال-چارۋىلىرىنى بېقىپ كەلگەن. 1935-يىلىغا كەلگەندە قازاق كىگىز ئۆيلىرى 4 مىڭ 600 دىن ئېشىپ كەتكەن، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كەرەي قەبىلىسىدىكىلەر، پەقەت 300 ئۆيلۈكتىن كۆپرەگىلا نايمان قەبىلىسىدىكىلەر ئىدى. ئەگەر ھەر بىر كىگىز ئۆيدە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 4 تىن ئادەم بار دەيدىغان بولساق، بارىكۆل چېگرىسىدىكى قازاقلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 20 مىڭدىن ئاشاتتى. سۇلتان شەرىپ تەيجى، سابىرباي زالىڭ، ساقاباي، ئىلياسخان، قاپار ۋە نۇرغالى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئىدى.

سۇلتان شەرىپ قاتارلىقلار 1931 - يىلىدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار يېڭى هۆكۈمەتكە ئىزچىل تۈردە گۇمان بىلەن قارىدى ۋە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى تۇتۇپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن، خەنزۇلار باشچىلىقىدىكى هۆكۈمەتكە هامان ئىشەنگىلى بولمايدۇ دەپ خۇلاسە چىقارغان ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، يولۋاس قۇمۇلدا تەتۈر تەشۋىقات يۈرگۈزگەن ئىدى.

يولۋاس ما جۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىققاندىن تارتىپ ئىزچىل تۈردە ما جۇڭيىڭنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ يۈرگەن، 1934 - يىلى ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتىپ، ئۇ يەرنىڭ هوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، شېڭ شىسەي هۆكۈمىتىنى هىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتكەن ئىدى. شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى ئۇنىڭغا جاۋاپ تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئىلهام بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا قۇمۇلدا قالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى تاپشۇردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى هەربىي ئىشلار 1934 - يىلى يازدا ئاياقلاشتى، شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى يولۋاسنى بىرقانچە قېتىم ئۆلكىگە تەكلىپ قىلدى، ئۇ ئىككىلىنىپ بېرىشقا پېتىنالمىدى. شېڭ شىسەي يولۋاسنىڭ قۇمۇلدا ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن كېلىپ چىققان كوماندىر شۇ يۇشىڭنى قۇمۇل گارنىزونىنىڭ سىلىڭى، يولۋاسنى قۇمۇل ناهىيىسىنىڭ هاكىمى قىلىپ تەيىنلەپ، يولۋاسنى هەربىي هوقۇقنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى.

بۇ چاغدا ئۆلكە مەركىزى ئەۋەتكەن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش هەيئىتىنىڭ ئەزالىرى قۇمۇلدا خىزمەت ئىشلەۋاتاتتى. يولۋاس

قۈرۈق ئۈستەڭگە مىراپ بولىدىغان ھاكىم بولۇشنى خالىماي، ئۆزگەر-
تىپ تەشكىل قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى نەزەربەنت ئاستىغا
ئالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ لو يىپۇ قاتارلىق ئادەملەردىن باشقا،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى مەسلىھەتچىلىرىمۇ بار ئىدى. يولۋاس
شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇمات
بېرىدىغانلىقى ھەمدە بۇ بىرنەچچە چەتئەللىكنى نەنجىڭغا ئەۋەتىپ
بېرىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ، ۋەتەننى ساتماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئەرز
قىلىدىغانلىقىنى داۋراڭ قىلدى. شىڭ شىسەي ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ
كېتىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ
يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىنقى بۇيرۇغىنى ئەمەلدىن قالدۇر-
دى، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ لياۋدۇڭگە كىرگەن شۇ يۇشىڭنى قايتۇرۇپ
كېلىپ، يولۋاسنى قۇمۇل گارنىزونىنىڭ سىلىڭى قىلىپ تەيىنلىدى،
ئۇنىڭ قوشۇنىنى رەتكە سالمايدىغان بولدى ھەمدە ئۇنىڭ يېقىن
ئادىمىنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى.

يولۋاس ئۆزىنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى شىڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىگە يەم بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، نەنجىڭ ھۆكۈ-
مىتى بىلەن، گەنسۇ، چىڭخەيلەردىكى ما پەمىلىلىك مىلىتارىستلار بىلەن
ئالاقە باغلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇل ۋە بارىكۆل تەۋە-
سىدە، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بويسۇنۇپ،
شىنجاڭنى قىزىللاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ پىتنە-ئىغۋا تارقاتتى.

شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ چاغدا، يولۋاسقا قاتتىق ۋاستە
قوللىنىشى بىئەپ ئىدى، ئەمما بارىكۆلدىكى قازاق خەلقىنى قولغا
كەلتۈرۈش زۆرۈر ئىدى. ئەگەر بۇ يەردىكى نەچچە ئون مىڭ قازاق

خەلقى چاتاق چىقىرىدىغان ياكى گەنسۇغا قېچىپ كېتىدىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ خاتىرجەملىكىگە تەسىر يېتەتتى. شېڭ شىسەي بىر قېتىمقى سۆزىدە: شىنجاڭنىڭ دۈشمىنى شەرق ۋە جەنۇپ تەرەپتە، جەنۇپ تەرەپتىكى دۈشمەنلەردىن چېگرا سىرتىدىكىلەر (ئەنگلىيە)نى ئىگىز ۋە تىك تاغلار توساپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئاسان؛ چېگرا ئىچىدىكىلەر (ماخۇسەن بىلەن ماھۇت)نى سوۋېت ئىتتىپاقى تىزگىنلەپ تۇرغاچقا، ئۇلار قارامىلىق قىلالمايدۇ، يېقىن ئارىدا چاتاق چىقىرالمايدۇ؛ شەرق تەرەپتىكى دۈشمەنلەر (گومىنداڭ) قۇمۇلغا يىلتىز تارتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ جەھەتتە، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، مەسىلىنى مۇمكىن قەدەر تېز ھەل قىلىش زۆرۈر، دېگەن ئىدى. ئۇ يولۋاسنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقى توغرىسىدا، ھەقىقەتەن، بەزى ئەمەلىي پاكىتلارنى ئىگەللىگەن ئىدى، چۈنكى 1934 ـ يىلى قىشتا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا سىياسى تەپتىش ئورگىنى — ئامانلىقنى ساقلاش شۆبە ئىدارىسى تەسىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە سىياسى تەجرىبىگە باي، يەنە كېلىپ قابىلىيەتلىك بولغان سابىق جىمىسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ليۇ يىڭلىننى قۇمۇلنىڭ ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىدى، ليۇ يىڭلىن شېڭ شىسەيگە قۇمۇلنىڭ يەرلىك ئەھۋالىغا دائىر بىرمۇنچە ئاخباراتلارنى توپلاپ بەردى.

## چارۋىچىلىق رايونىدا ۋاقىتلىق بازار ئېچىش

شېڭ شىسەي مېنىڭ ئىلگىرى ئالتايغا بېرىپ ئىشلىگەن بىر مەز-

گىلىك خىزمىتىمدىن بەك رازى بولغانلىقتىن، بارىكۆلدىكى قازاق-لارنىڭ ئاقساقاللىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ماڭا تاپ-شۇردى، مەن ئۇ چاغلاردا، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى چىن قەلبىمدىن ھىمايە قىلاتتىم، شۇڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم.

1935 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، بارىكۆلدە قانداق خىزمەت ئىشلەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، مالىيە نازارىتى، ئۆلكىلىك بانكا، سودىگەرلەر جەمىيىتى، ئاۋام خەلق بىرلەشمىسىدى-كىلەر ۋە بەزى سودىگەرلەرنى چاقىرىپ، يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدە مەجلىس ئاچتۇق. مەن مۇنداق پىكىرنى قوي-دۇم: بارىكۆلدىكى قازاقلارنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئىشنى ئەڭ ئاۋال ئۇلارنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشتىن باشلىشىمىز كېرەك؛ شىنجاڭدا بىرنەچچە يىل يېغى-لىق بولغانلىقى ئۈچۈن، سودىگەرلەر چەت ـ ياقا رايونلارغا خەۋپلىك دەپ بارمىغانلىقتىن، بارىكۆل ئەتراپىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارغا كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۇلار-نىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ سېتىشىمۇ تەس بولۇپ قالدى؛ ئەگەر بىز يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ نامىدا بىر سودا كارۋىنى تەشكىللەپ، ئۇ يەرگە مال ئېپىبېرىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرساق ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پاي-دىلىنىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاقساقال-لارنىڭ روھىي ئەھۋالىنى ئىگەللەپ، ئۇلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلدۇرغان بولساق، مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداق

قىلماي، يالغۇز بىرنەچچە ئىناۋەتلىك ۋاقىتلارلا بىرىپ تەشۋىق قىلى‍ـ
دىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئاقساقاللار ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، قارىسىنى
كۆرسەتمەيدۇ، ئاقساقاللارنى تېپىپ، بىر-ئىككى كۈن سۆزلەشكەن
بىلەنمۇ، ئەمىلىي مەسىلىنى هەل قىلغىلى بولمايدۇ.

مەجلىس قاتناشچىلىرى مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى، شۇنىڭ
بىلەن 13 ئەزادىن تەركىپ تاپقان بىر ۋاقىتلىق بازار باش هەيئىتى
قۇرۇش، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بارىكۆل، مورى قاتارلىق يەرلەردە
شۆبە هەيئەت قۇرۇش بەلگىلەندى هەمدە باج نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش،
مەبلەغ ۋە ماللارنى يۆتكەش چارىلىرى ماقۇللاندى. بۇ بەلگىلىمى‍ـ
لەرنى كېيىن ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ماقۇللىدى.

بىز 9-ئاينىڭ 15-كۈنى موريدا، 10-ئاينىڭ 1-كۈنى بارى‍ـ
كۆلدە ۋاقىتلىق بازار ئېچىشنى بەلگىلىدۇق. مەن 9-ئاينىڭ 5-
كۈنى سودىگەرلەر جەمىيىتىنىڭ باشلىغى جۇ خەيدۇڭ، قازاق مەدىنى
ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى سىيىت غازى، سودىگەر تۆمۈر‍-
غالى (دېخېي فىرمىسىنىڭ مۇدىرى) بىلەن بىرلىكتە مورىغا باردىم،
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكە مەركىزىدىكى سودىگەرلەرگە مورى،
بارىكۆللەرگە مال ئېلىپ بىرىپ سودا قىلسا، ماللاردىن ئېلىنىدىغان
باجنىڭ نىسبىتى 5 پىرسەنتتىن 3 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلىدۇ، دەپ
چاقىرىق قىلدۇق. مەن يولغا چىقىشتىن ئاۋال شېڭ دۇبەن بىلەن
كۆرۈشتۈم، ئۇ، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
لو دىڭنى ئالتايغا ئەۋەتىشنى بەلگىلىگەنلىگىنى هەمدە بىزنىڭ خىزمى‍ـ
تىمىزگە ياردەم قىلىشنى تاپىلاپ، بارىكۆل، مورى ۋە گۇچۇڭ قاتار-
لىق يەرلەردىكى هەربى-مەمۇرى باشلىقلارغا تېلېگىرامما يوللىغانلى‍ـ
غىنى ئېيتتى ۋە ئالتاينىڭ شەرقىي قىسمى هەم قۇمۇل رايونىدىكى

قازاقلارنىڭ قايسى تەرەپكە مايىللىقى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيە-تىنىڭ تېچ بولۇش-بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، خىز-مەتنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەكلىكىنى تاپىلىدى.

بىز 9-ئاينىڭ 6-كۈنى گۇچۇڭغا يېتىپ بېرىپ، ئەتىسىلا مورىغا كەلدۇق. بۇ يەردە تەخمىنەن 5 مىڭ قازاق كۆچمەن چارۋىچى، 35 مىڭ تۇياق قوي، 12 مىڭ كالا، 2 مىڭ 500 ئات، 850 تۆگە بار ئىكەن. مورى ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا، يېرىمى خەنزۇ، يېرىمى ئۇيغۇر بولۇپ، 300 دىن كۆپرەك ئاھالە بار ئىكەن. ناھىيە بويىچە ئېچىلغان بوز يەر 700 خۇدىن ئارتۇق (شىنجاڭدا ئۆتمۈشتە يەرنىڭ كۆلىمىنى ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئەسۋاپ بىلەن ھىساپلايدىغان ئادەت بار ئىدى. بىر خۇ يەر بىر خۇ ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەر كۆلىمىدۇر، ئۇ تەخمىنەن 100 مو يەرگە تەڭ) بولۇپ، دىخانلارنىڭ كۆپچىلىگى خەن-زۇلار، ئاز ساندىكىلىرى ئۇيغۇرلار ئىكەن. ناھىيىدە بىرمۇ مەكتەپ يوق ئىكەن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم ئىكەن. ناھىيىدىكى ياڭ شەنجاڭ، مۇئاۋىن ھاكىم نىياز ۋە مورىدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ جاۋ پەمىلىلىك لىيەنجاڭى بىلەن مەسلىھەتلىشىش نەتىجىسىدە 9 ئادەمدىن تەركىپ تاپقان مورى ۋاقىتلىق بازار ھەيئىتى قۇردۇق. شۇ كۈنلا گۇچۇڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ باۋچيەن (جاۋ شى)، گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ تۇەنجاڭى نيۇ جېنخەن، سودىگەرلەر جەمىيىتىنىڭ ۋۇ پەمىلىلىك باشلىقى قاتار-لىق ئادەملەرنى يەرلىك مەھسۇلاتلار شۆبە شىركىتىگە تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، مورىدىكى ۋاقىتلىق بازارغا ياردەملىشىش خىزمەت ھەيئىتىنى تەشكىل قىلدۇق.

شۇ چاغدا گۇچۇڭ، مورى ئەتراپىدىكى قازاقلار ئىچىدىكى تەسىر

كۆچمىگە ئىگە ئاقساقال جاندارال ھاجى مورىغا قېچىپ بېرىۋالغان ئىكەن، ئۇنى مەن نەسىھەت بىلەن گۇچۇڭغا قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ۋالىڭ شەنجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى گۇچۇڭ ئاۋام خەلق بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىشنى بەلگىلەپ خاتىرجەملەندۈردۈم.

مەن دەسلەپكى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىزنى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرىنچى قېتىملىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا چاقىرتقانلىقى ئۈچۈن، 9-ئاينىڭ 8-كۈنى ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كەلدىم. تەنتەربىيە مۇسابىقىسى 9-ئاينىڭ 9-كۈنى باشلاندى. شېڭ شىسەي ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى، مەنمۇ ئاۋام خەلق بىرلەشمىسىگە ۋاكالىتەن سۆزلىدىم.

9-ئاينىڭ 13-كۈنى بىز ۋاقىتلىق بازار ھەيئىتىنىڭ مەجلىسىنى ئاچتۇق. مەجلىسكە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى لى رۇڭمۇ قاتناشتى، ئۇ بارىكۆللۈك ئىدى، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى چوقۇم قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەجلىستە جۇ خەيدۇڭ ھەيئەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلاندى. مەجلىستىن كېيىن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ۋەكىلى مىكاۋنى، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ مۇدىرى بارادىخىننى مورىدىكى ۋاقىتلىق بازارنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

9-ئاينىڭ 14-كۈنى جۇ خەيدۇڭ، ئازباي، تۆمۈرغالى ۋە ئابدۇخالىق ئاللار بىلەن بىللە مورىغا باردۇق. ئامىنى يىغىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن بىر تىياتىر ئۆمىكىنىمۇ بىللە

ئېلىپ باردۇق. مال باسقان ماشىنىلارنى قوشقاندا 8 قارا ماشىنا بولدى، ماشىنىلارغا مۇناسىۋەتلىك شوئارلار چاپلاندى.

بىز 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مورىغا يېتىپ باردۇق، كەلگەن ئاممىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سائەت 12 يېرىمدا بازارنى ئېچىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدۇق، مەن ۋە گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ باۋگەن قاتارلىقلار سۆز قىلدۇق، شۇنىڭدەك كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ سۆز قىلدى، يىغىندىن كېيىن ئويۇن قويۇپ بېرىلدى، ئوغلاق تارتىش بولدى، ئاممىنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولدى. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئاقساقاللىرى يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، پىتنە ـ ئىغۋالارغا قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بازار سودىسىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مەن جۇ خەيدۇڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە باركۆلگە باردىم. بىز خەيزىيەندىكى سۇلتان شەرىپ تەيجىنىڭ ئىنىسى چىكەينىڭ ئۆيىدە قوندۇق، ئەتىسى تاڭ سەھەردە باركۆل شەھىرىگە كىرىپ، شۇ زامات ناھىيىدىكى جاڭ شەنجاڭ، مۇئاۋىن ھاكىم ئۆمەر قاتارلىق كىشىلەر بىلەن خىزمەتنى قانداق ئىشلەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلەشتۇق.

ئۇقۇشىمىزچە، بۇ يەردىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئۆلكە مەركىزى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ ـ قارشى ھالەتتە ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نامىمدا يېقىن ئەتراپتىكى قازاق ئاقساقاللىرىغا شەھەرگە كېلىپ مەسلىھەتلىشىش توغرىلىق خەت يازدۇق، خەتتە يەنە بۇ يەردە ۋاقىتلىق بازار ئاچىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق ھەمدە بەزى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئەۋەتتۇق.

سۇلتان شەرىپ تەيجى، ئۈكۈردەي نۇرغالىنىڭ ئىنىسى مۇقادىر،

كاۋلەنباي زالىڭلار كەلدى. سۇلتان شەرىپ ئەسكەرلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، بىز ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئۆلار بىلەن سۆھبەتلەشـ كەندە، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى مىلتىق تۇتۇپ، ئىشىك ئالدىدا تۇردى. بىزنىڭ چۈشەندۈرۈشـىمىز ئارقىلىق سۇلتان شەرىپ تەيجى ۋاقىتلىق بازار ئېچىشقا ماقۇل بولدى. بىز ئۇنى ۋاقىتـلىق بازار ھەيئىتىـنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلدۇق، ئۆمەر ھاكىم ۋاقىتلىق بازار ھەيئىتـىنىڭ باشلىقى بولدى، باشقا بىرنەچچە قازاقنى ھەيئەتنىڭ ئەزالىقىغا كۆرـ سەتتۇق ھەمدە كەلگەن كىشىلەرگە: بىرنەچچە يىل ئۇرۇش بولۇپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بەك جاپا ـ مۇشەقـقەتتە ئۆتـتى، بىز بىلەن بىللە تىياتىر ئۆمىگى كەلگەن ئىدى، ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئويۇن قويۇپ، ئاممىنىڭ كۆڭلىنى ئاچـسۇن، دېدۇق. شۇ يەردىلا، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاقىتلىق بازارنى ئېچىشنى بەلگىلىدۇق. تېخىمۇ كۆپ مال ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، يەنە ئۆلكە مەركىزىگە قايتتۇق.

## پىتنە ـ ئىغۋانىڭ بىنچىت بولۇشى

10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، بىز ئۆلكە مەركىزىدىن يولغا چىقتۇق، شۇ چاغدا كۈندىلىك خاتىرەمگە مۇنداق دەپ يازغان ئىدىم:

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مورىغا يېتىپ كەلدۇق، ناھىيىنىڭ ھاكىمى مۇنداق دېدى: كۆچـمەن چارۋىچىلار خـاتىرجەم بولـدى، سودا ـ سېتىق ئىشلىـرى ناھايـىتى جانلىـنىپ كەتـتى. ئاممىنىڭ كۆڭلىمۇ يورۇپ كەتتى...

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، بىز بارىكۆلگە باردۇق. بۇ يەر بىز ئالـ دىنقى قېتىم ئۆتكەن چاغدىكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. خەيزىـ يەندىكى قازاق ئۆيلىرىدىن بىرەرسىمۇ قالماپتۇ. بىز بارىكۆل شەھـ

رىگە كېچىدە يېتىپ باردۇق، شەھەر قوۋۇغى ئېتىك ئىكەن، سېپىل ئۈستىدە ئەسكەرلەر تۇرۇپتۇ. بىز قوۋۇقنى ئاچتۇرۇپ، شەھەر ئىچىگە كىردۇق، ھاكىم ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئۇ مۇنداق دېدى: بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئەھۋال جىددىيلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلار ئىچىدە: موري تەرەپتىن 500 ئاتلىق ئەسكەر كېلىۋېتىپتۇ، يەنە 30 قارا ماشىنا بىلەن قورال-ياراق ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ماشىنىغا زەھەرلىك گاز ساندۇغى بېسىپتۇ، زەھەرلىك گازنى قويۇپ بەرسە، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ-قىرىلىپ كېتىدىكەن، دېگەن پىتنە-ئىغۋا كۆپىيىپ كەتتى. يەنە: 500 ئاتلىق ئەسكەر پات ئارىدا بۇرھان بىلەن بىللە كېلىدىكەن، ۋاقىتلىق بازار ئېچىشتىن پايدىلىنىپ، ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدىكەن، ئاياللارنىڭ چېچىنى قىرقىپ تاشلايدىكەن، دېگەن گەپلەرمۇ بار. بۇ پىتنە-ئىغۋالارنىڭ تەسىرى بىلەن، قازاق چارۋىچىلار شەھەرگە 40-50 چاقىرىم كېلىدىغان شىمالىي تاققا كۆچۈپ كەتتى، شەھەردىمۇ ھۆكۈمەت ۋاقىتلىق بازار ئېچىشتىن پايدىلىنىپ ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتىدىكەن، دېگەن پىتنە-پاساتلار تارقىلىپ يۈرىدۇ.

10-ئاينىڭ 10-كۈنى، سۇلتان شەرىپ تەيجىنىڭ تۇرار جايىنى سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن، پەتە ئوقۇش دېگەن نام بىلەن (سۇلتان شەرىپنىڭ دادىسى، خوتۇنى يېقىندىلا قازا بولغان)، ئۆزەم ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، سۆز بىلەن قايىل قىلىش قارارىغا كەلدىم. مەن ئاۋال بىر كىشىدىن خەت ئەۋەتىپ خەۋەر قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىن جۇ خەيدۇڭ، ئەزىزباي، مۇئاۋىن ھاكىم ئۆمەرلەر بىلەن بىللە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق.

سۇلتان شەرىپنىڭ ئۆيىگە بارساق، ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئىنىسى شېرىيازدان بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن سورىساق، ئۇ چىراي ئاچماي قويدى. ئۆينىڭ ئىچىدە ۋە سىرتىدا مىلتىق تۇتقان

ئادەملەر تۇرۇپتۇ، ئۇلار بىزگە كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراپ تۇراتتى.
بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن جۇ خەيدۇڭلار قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ئارد-
دىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان شەرىپ
كەلدى. بىز قازاقلارنىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە ئۇنىڭ دادىسى ۋە
خوتۇنىنىڭ ۋاپاتىغا دۇئا - تەكبىر ئوقۇدۇق. ئارقىدىنلا سۇلتان شې-
رىپ تەيجىدىن خەيزىيەندە ئولتۇراقلىق قازاق چارۋىچىلار نىمە
ئۈچۈن كۆچۈپ كېتىدۇ؟ دەپ ئوچۇقلا سورىدۇق. ئۇ چىرايىنى
ئاچماي تۇرۇپ: "بىز ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۈرىدىغان ئادەملەر-
مىز، خەيزىيەندە ئوت - چۆپ تۈگەپ كەتكەنلىكتىن، تاققا كۆچۈپ
كەتتۇق" دېدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ: "كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ
ئىشىدىن مېنىڭمۇ ئاز - تولا خەۋىرىم بار، خەيزىيەندە ئوت - چۆپ
تۈگەپ كەتكىنى يوق، مەن سىلەرنىڭ نىمە ئۈچۈن كۆچكەنلىكىڭلار-
نىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەي" دېدىم - دە، ناھىيىدە ئاڭلىغان
پىتنە - ئىغۋالارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. مەن يەنە
"مېنىڭ ئالتايدا بىر يىلدىن كۆپرەك ئىشلىگەنلىكىمنى سىلەر بىلى-
سىلەر، مېنىڭ ياخشى ئىش قىلغان ياكى يامان ئىش قىلغانلىقىمنىمۇ
بىلىسىلەر. مورى تەرەپتىن 500 ئاتلىق ئەسكەر كېلىدىكەن، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئىككى زەھەرلىك گاز قاچىلانغان ساندۇقنىمۇ ئېلىپ كېلى-
دىكەن، دىگەن گەپلەر بار ئىكەن. بىز ھازىر بۇ يەرگە كەلگەن
بىرنەچچە يىلەننىڭ تەقدىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا، ئەگەر بىزنىڭ
كەينىمىزدە بىرەر ئاتلىق ئەسكەر بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سىلەر
بىزنى ئۆلتۈرەمسىلەر - چاپامسىلەر، نىمە قىلساڭلار ئۆزەڭلەرنىڭ
ئىختىيارى، بىز سىلەردىن قىلچە ئاغرىنمايمىز" دېدىم، ئاندىن يەنە
شۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى
چۈشەندۈردۈم. ئاۋام خەلق بىرلەشمىسىنىڭ تەشۋىقات ماتېرىيال-
لىرىنى ۋە «تىيانشان» گېزىتخانىسى نامىدىن يېزىلغان ئوچۇق
خەتنى ئۇلارغا تارقىتىپ بەردىم. مەن ئولتۇرغانلارنىڭ بىرئاز

ئۇيالغانلىغىنى بايقىدىم.

سۇلتان شەرىپ: "بۇ يەردە، ھەقىقەتەن پىتنە ـ ئىغۋا تارىلىپ كەتكەنلىكتىن، خاتىرجەم بولالماي تاققا كۆچۈپ كەتكەن ئىدۇق" دىدى.

مەن: "پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقۇچىلارنى تۇتۇش كېرەك، ئۇلار جاھانگىرلارنىڭ مالايلىرى" دىدىم.

سۇلتان شەرىپ يەنە: "سىز ھىلىلا يېڭى ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدۇ دىدىڭىز، ئەمما ئالتايدىكى ھەر بىر تەيجىغا 40 ـ 50 قىز ـ يىگىتنى سارسۈمبىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلاش، ھەم ياش ئاياللارنى سارسۈمبىگە ئېلىپ بېرىپ تانسا ئويناتتىش، ئاياللار ئەركىن يۈرسە، ئەركىن توي قىلسا بولىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلىش ــ مانا بۇلار، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش بولماي نىمە؟" دىدى.

مەن: "بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايمىز، ھىلى سىز ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسى يالغان گەپ، بۇزۇق ئادەملەرنىڭ خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتكە سالغان بۆلگۈنچىلىگى" دىدىم.

كېيىن ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى، سۆزۈمنى يۈزگە يېقىن ئادەم ئاڭلىدى، جىددىلىكمۇ بارا ـ بارا پەسەيدى. سۇلتان شەرىپنى يەنىمۇ قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى باشقا بىر كىگىز ئۆيگە چاقىرىپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتىم. ئۇ ئاخىر يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىغىنى، پەقەت باي موللا، بۇقات بى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆزىنى جايلىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىغىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى توغرا بولسىلا، يېڭى ھۆكۈمەت ئۇنداق ئادەمگە ئۇۋال قىلمايدۇ، دەپ نەسىھەت قىلدىم. بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىدە چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن

مېھمان بولدۇق. بىز ماڭغان چاغدا، ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، بىز-نىڭ ماشىنا بىلەن تەڭ چېپىشىپ بىزنى ئۇزىتىپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ روھى كۆتىرىلىپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى.

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خۇسەيىن تەيجى بىلەن ئىلخان شاڭيۇغا تەشۋىقات ماتىرىياللىرىنى ئەۋەتىپ بەردىم. بىز ۋاقىتلىق بازارنى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئېچىشنى قارار قىلدۇق، بىرنەچچە مېھمانخانا تەييارلىدۇق. سۇلتان شەرىپ تەيجى بۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان ياردەملەشتى، مېھمانخانا قىلىش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى چىملىقتا ئون نەچچە كىگىز ئۆي تىكىپ بەردى.

بۈگۈن بىراۋ: "قازاق ئاقساقاللىرىدىن سارقامىس مورى بىلەن بارىكۆل ئوتتۇرىسىدا يولۇچىلارنى بۇلاش ئۈچۈن، تاغدىن قورالللان-غان 18 چارۋىچى ئەۋەتىپتۇ، دىگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئەزىزباي بۇنى ئاڭلاپ: يا، خۇدا، بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ قالمىساق بولاتتىغۇ، دىدى. مەن كۈلۈپ قويۇپ، ئۇلارغا تەسەللى بەردىم.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، سۇلتان شەرىپ تەيجى، ئوكۇردەي نۇرغالى ۋە قاپار تەيجىلەر باشچىلىغىدا ئىككى مىڭ قازاق چارۋىچى ۋاقىتلىق بازارغا كەلدى. يولۋاسمۇ جاڭ سەنمۇساڭنى، كاتىۋى توختىنى ئەۋەتتى.

ئەمما، يۈك ماشىنىلىرى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئىككىسىگە تىياتىر ئۆمىكىدىكىلەر ئولتۇرۇپتۇ، سودىگەر تۆمۈر-غالىنىڭ يۈك ماشىنىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن. بىز بازارنى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېچىشنى قارار قىلدۇق، كۈتۈش گۇرۇپپىسىدىكى-لەرگە گۆرۈچ، قوي، سەۋزە ۋە يىگىرمە داش قازان تارقىتىپ بېرىپ، كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاش تارتماقچى بولدۇق.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە، مۇقادىر نۇرغالى ئوكۇردەي ۋە قاپار تەيجى نامىدىن بىزنى مېھمانغا چاقىردى. بىز شۇ كۈنى كېچىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇق،

ئۇلارغا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى تونۇشتۇردۇق.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەن قاپار تەيجىنىڭ ئۆيىدە بولدۇم. ئۇ يەردىكى قازاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ماشىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن، مەن شوپۇرلارغا ئۇلارنى نۆۋەت بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئايلاندۇرۇپ كېلىشنى تاپىلاپ قويدۇم.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاقىتلىق بازار ئېچىلدى، بۇنىڭغا ئىلىسخاندىن باشقا قازاق ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى كەلدى، كەلگەن چارۋىچىلارنى قوشقاندا، جەمئى ئىككى مىڭدىن ئوشۇق ئادەم قاتناشتى. ئادەملەر خۇددى كاتتا ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدىكىدەك چىرايلىق كىيىنگەن، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن بولدى. بازار ئېچىش مۇراسىمى سائەت 10 دا باشلاندى، جاڭ شەنجاڭ ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، مەن دۇبەن، رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلەرگە ۋاكالىتەن ئۇلارغا سالام بەردىم ھەمدە ئۇلارغا تەشۋىق خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنى سۆزلىدىم، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە پىتنە ـ ئىغۋالارنى تۈگىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. قازاق ئاقساقاللىرىمۇ سۆزگە چىقتى ھەمدە قازاقلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە بىر بايتال، 5 قوي، 5 يامبۇ تارتۇق قىلدى، مەن ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت نامىدىن تارتۇق قىلغان 100 مىڭ سەر پۇلنى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى تارتۇق قىلغان 20 مىڭ سەر پۇلنى قوشۇپ، قازاق مەكتىۋى ئېچىش فوندى سۈپىتىدە ئۆزلىرىگە قايتا تارتۇق قىلدىم.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئات بەيگىسى بولدى، كەچتە كۆكۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئويۇن قويۇلدى. بازاردا سودا باشلىنىپ، نەتىجىمۇ ناھايىتى ئوبدان بولدى، كۆچمەن چارۋىچىلار تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەندى، ئۇلارنىڭ يەرلىك ماللىرىنىڭمۇ بازىرى چىقتى.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قۇمۇلغا باردۇق. بىز ماشىنىدىن ئاتقا

ئالمىشىدىغان يەرگە كەلگەندە، ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ، كىگىز ئۆيدىن
يۈگۈرۈپ چىقىپ قېچىپ كېتىۋاتقان بىر قازاق ئايالىنى توساتتىنلا
كۆرۈپ قالدۇق. بەلكىم ئۇ، ماشىنىنىڭ دۈت-دۈت قىلغان ئاۋا-
زىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، يىغلىغان پېتى كىگىز
ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورمانلىققا قاراپ بەدەر قاچتى. بىز ماشى-
نىنى توختىتىپ، ئۇنى چاقىرىۋالدۇق. ئۇ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن
ھالدا، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. بىز ئۇنىڭدىن
نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا قورقىسىز؟ دەپ سورىۋىدۇق، ئۇ، سىلەرنى
زەھەرلىك گاز قويۇپ بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ قورقتۇم، دېدى.

پىتنە-ئىغۋالارنىڭ تەسىر كۈچى ھەقىقەتەن زور! بىز ئۇنىڭغا
نەسىھەت قىلدۇق ھەمدە زادىلا زەھەرلىك گاز قويۇپ بەرمىگەن-
لىكىمىزنى، يېڭى ھۆكۈمەتمۇ مەڭگۈ زەھەرلىك گاز بىلەن ئادەم
ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسەكمۇ، ئۇ، بىر ئىشىنىپ-بىر
ئىشەنمەي، كىگىز ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.
مۇشۇ چاغدا يىراقتا بىرنەچچە ئاتلىق ئادەم كۆرۈندى، ئۇلار بىزگە
قاراپ تۇراتتى، بىز ئۇلارنى چاقىرىۋىدۇق، ئۇلار ئاتلىرىنىڭ
بېشىنى كەينىگە بۇراپلا قېچىپ كەتتى. بىز سۈگشۈتاڭغا بارغاندىن
كېيىن، ترانسپورت ئەترىدىنى تېپىپ، تاغدىن تۆگىگە مىنىپ ئۆت-
تۇق. جەنۇبىي تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، يولۋاسنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن
ماشىنىسىغا يولۇقتۇق.

كېيىن ئۇقساق، بىز بارىكۆلگە ئېلىپ بارغان تىياتىر ئۆمىكىدى-
كىلەر چۈشكەن ماشىنىدا تىياتىر سەھنە ئەسۋاپلىرى قاچىلانغان ئىككى
ساندۇق بار ئىكەن، پىتنە-ئىغۋا توقۇپ چىققۇچىلار بۇ ساندۇقنى
زەھەرلىك گاز قاچىلانغان ساندۇق دېگەن ئىكەن، نۇرغۇن ئادەم-
لەرنىڭ ماشىنىنى كۆرگەن ھامان قېچىشى ئەنە شۇنىڭدىن بولغان
ئىكەن.

# قۇمۇلدىن ئۆتكەندە

بىز 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ بېرىپ، يولۋاس ۋە ۋالى ليۇ يىڭلىن بىلەن كۆرۈشتۇق.

بۇ چاغدا تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى ۋەن شيەنتىڭ (جاڭ يىفەن)مۇ ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ سەنزەنى دېكماننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا كەلگەن ئىكەن. ليۇ يىڭلىن دېكماننىڭ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، نەگىلا بارسا سۈرەت تارتىپ، خىلمۇ ـ خىل تاشلارنى يىغىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

مەن قۇمۇلدا يەنە جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى ئاقسۇ ۋالىسى شۈ يىشەن بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كېلىپ، ئاۋام خەلق بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىۋى، لايىھىلەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان ئىدى، بۇ قېتىم رۇخسەت سوراپ گەنسۇغا كېتىۋېتىشى ئىكەن. ئۇ شىنجاڭدىكى كونا بيۇروكراتلار ئىچىدە شېڭ شىسەينىڭ تۆمۈر تىرنىغىدىن قۇتۇلۇپ چىققان بىردىن ـ بىر ئادەم ئىدى.

شۇ كۈنى كەچتە يولۋاس كەلدى، بىز ناھايىتى ئۇزاق سۆھبەتلەشتۇق. مەن ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن بولۇش سىياسىتىنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ گۇمانلانماسلىقىنى ئېيتتىم، يەنە ئۇنىڭغا ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندەك بولدى. ئاخىردا ئىپادە بىلدۈرۈپ، مەندە باشقا غەرەز يوق. يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن شېڭ دۇبەننى چوقۇم ھىمايە قىلىمەن، دىدى. ئۇ: 9 ئاي

ما جۇڭيىڭغا ئەگىشىپ يۈردۈم، بىر خوتۇن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئەرگە تېگەلمىگەندەك، مەن يېڭى ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلغان ئىكەنمەن، ئەمدى ئىككى كېمىگە دەسسەپ تۇرۇۋالمايمەن، دىدى. بىراق ئۇ ھەيۋە قىلغاندەك، ئەگەر كىمدە-كىم ماڭا يامان غەرەزدە بولىدى-كەن، ماڭمۇ جىق ئادەم كېرەك ئەمەس، مەن ئۇنىڭغا قانداق قارشى تۇرۇشنىڭ يولىنى بىلىمەن، ئەمما بۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن، دىدى.

10-ئاينىڭ 21-كۈنى، مەن يەنە نىياز ھاكىم ۋە باشقا كىشىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ۋە خەلقارا ۋەزىيەتنى سۆزلەپ بەردىم، ھەبەشىستان (ھازىر ئېفىئوپىيە دەپ ئاتىلىدۇ)نى مىسالغا ئېلىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم ھەمدە ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلغاچ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدىم. يولۋاس قىشتا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئۆلكە مەركىزىگە ئەۋەتمەكچى بولدى.

شۇ كۈنى بىز قۇمۇلدىن چىقىپ جەنۇبىي تاغ ئېغىزىغا كېلىپ قوندۇق. 10-ئاينىڭ 22-كۈنى تاغدىن ئاتلىق ئۆتتۇق. يولۋاسنىڭ بىزنى ئۇزىتىپ قويۇشقا كەلگەن ئوغلى ياقۇپبەگ ئۆز ۋاقتىدا جەنۇبىي تاغ ئېغىزىدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرنەچچە كۈن ئۇرۇش قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ كېلىپ، قولى بىلەن شۇ يىللاردا ئۇرۇش قىلغان بازىنى كۆرسەتكەچ، شۇ چاغدىكى ئۇرۇش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. يولدا بىر چوققىدا تۇرۇپ چيەنلۇڭنىڭ 51-يىلى سېلىنغان تيانشان ئىبادەتخانىسى بىلەن خاتىرە تاشنى كۆردۇق، بۇ ئىبادەتخانا گۇاڭشۇنىڭ 7-يىلى يېڭى-

ۋاشتىن رېمونت قىلىنغان ئىكەن. تاغدىن ئېشىپ سۇگشۇتاگغا يېتىپ كەلگەندە، بىزنى ئېلىپ كېتىشكە كەلگەن ماشىنىنى يولۇقتۇردۇق، چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تە بارىكۆلگە يېتىپ باردۇق. ئۇزاق ئۆتمەيلا مورى، گۇچۇڭدىن ئۆتۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كەلدۇق.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى خىزمەت ئوبدان ئىشلەندى، شەرقىي يولدىكى قازاق چارۋىچىلارمۇ خاتىرجەملەندۈرۈلدى دەپ ھىساپلاپ، مېنىڭ باشچىلىغىمدا ئالتاي ـ بارىكۆل تېچلاندۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇشنى بەلگىلىدى ھەمدە ئاباۋ (قازاق)، كىچىكتاي (موڭغۇل)، نىياز (ئۇيغۇر)لارنى ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ، ئالتاي، بارىكۆللەرگە يەنە بىر قېتىم تەشۋىق خىزمىتىنى ئىشلەپ، بۇ يەرلەرنىڭ ئامانلىغىنى مۇستەھكەملەشكە ئەۋەتمەكچى بولدى. ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا پىلاننى ئۆزگەرتىپ، 1935 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى لى جۇڭلىننى ئالتاي ـ بارىكۆل تېچلاندۇرۇش ـ كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىگىنىڭ باشلىغى، جېڭ يىجۈننى مۇئاۋىن باشلىغى، سۇن جىچاۋ، باي موللا، شالۋالارنى بۇ ھەيئەتنىڭ ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ھەيئەت بىر قېتىم مەجلىس ئاچتى، كېيىن ئۇ يەرلەردە باشقىچە ئەھۋال يۈز بەرمىگەچكە، بۇ ھەيئەتنىڭ ئەزالىرى ئۇ يەرگە بارمايلا تارقىلىپ كەتتى.

## ئىككى قېتىم ئالتۇن رۇبلى قەرز ئېلىش

مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىك كىنىشكامەنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن:

شنجاڭ يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى بۇرھان شەھىدى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى بىلەن، 5 مىلـيون ئالتۇن رۇبلى قەرز ئېلىـش، قەرزنى يەرلىـك مەھـسۇلاتلار بىلەن قەرەلىدە قايتۇرۇش توختامىنى ئىمزالايدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىلدى.

شىنـجاڭ ئۆلـكىـلىك ھۆكۈمەتـىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمـچە رەئىسى: لى رۇڭ

ھەيئەت ئەزا، قوشۇمچە ئىچكى ئىشـلار نازارىتىنىڭ نازىـرى: ما شياۋۋۇ

(سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىشقا كەتكەن)

ھەيـئەت ئەزا، قوشۇمـچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: چېن دېلى

ھەيئەت ئەزا، قوشۇمچە مائا ـ رىپ نازارىتـىنىڭ نازىـرى: جاڭ شىن

ھەيئەت ئەزا، قوشۇمچە قۇرۇ ـ لۇش نازارىـتـىنىڭ نازىـرى: گاۋ شىبىڭ

(خىزمەت بىلەن باشقا ئۆلكىگە كەتكەن)

باش كاتىپ: گو دامىڭ

ھەيـئـەت ئەزالار: شـېڭ شىـسەي (قوشۇمچە دۇبەن)، خوجا نىياز (قوشۇمچە مۇئاۋىـن رەئىـس)، يۇ ۋېنـبىن، شى شىچاڭ، لۇ شياۋزۇ، مەنچۇكجاپ، شەرىپـ ـخـان (خىزمەت ئورنى باشـقا يەردە)،

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

مەن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىك سالاھىيەت بىلەن، موسـكۋادىن ئەۋەتىلگەن بىر سودا ۋەكىلى بىلەن 5 مىليون ئالـتۇن رۇبلى قەرز

ئىلىش توختىمىنى ئىمزالىدىم.

بۇ قەرز پۇل ئېلىش ئىشى 1935-يىلىنىڭ باشلىرىدىلا پۈتۈشۈپ قويۇلغان ئىدى. ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا دىپلوماتىيە جەھەتتە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بۇ توختام سوزۇلۇپ 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا، ئاندىن رەسمىي ئىمزالاندى. توختامنى ئىمزالاش مۇراسىمى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي بىناسىدا ئاشكارا ئۆتكۈزۈلدى، ئىمزالاش مۇراسىمىغا شېڭ شىسەي، لى رۇڭ، خوجا نىيازلار، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە، سودا خادىملىرى ۋە تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېتلىك زاتلار، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ئۆلكە دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى، ئىمزالاش مۇراسىمىدىن كېيىن تەبرىكلەش زىياپىتى بېرىلدى. «تيانشان» گېزىتى زىياپەتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلىرىنىڭ زىياپەتتە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى خەۋەر قىلدى، يەنە باشماقالىمۇ ئېلان قىلدى.

شۇ قېتىمقى قەرز پۇل ئېلىش كېڭىشىگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نامىدىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن دېلى قاتناشتى، مەن بۇ ئىشقا بىۋاستە ئارىلاشمىغان بولساممۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئانچە-مۇنچە خەۋىرىم بار ئىدى.

ئەسلىدە 1933-يىل يازدىن باشلاپ تا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش ئاياقلاشقانغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ماددىي ياردەم بېرىپ كەلگەن ئىدى، ئەگەر بۇ ياردەمنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېساپلايدىغان بولساق، ناھايىتى كۆپ پۇل بولاتتى. خەلقارا جەھەتتىكى مۇناسىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شېڭ شىسەي

هۆكۈمىتى بۇ پۇلنى جەزمەن قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، شىنجاڭدا تېچلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، مالىيە ۋە پۇل مۇئامىلىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك ئىدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شۇ چاغدىكى مالىيە ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىزمەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىمۇ تاشقى ياردەمگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى①. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىر مەھەل نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىرئاز ياردىمىگە ئېرىشىش خام خىيالىدا بولۇپ، ئادەملىرى ئارقىلىق نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلغان ئىدى②. ئەمما ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي يولىدا ماڭمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خام خىيالىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى بىر قېتىم «تىيانشان» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى قاتناشقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ئاشكارا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن قەرز ئېلىشنى بىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن قارار قىلالمايدۇ، لېكىن ھۆكۈمەت بىر ئامال قىلىپ ھازىرقى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلمايدىغان بولسا، خەلققە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلدە

---

① مالىيە مەسلىھەتچىسى مېخىلمان شىنجاڭنىڭ مالىيە-ئىقتىسادىنى تەرتىپكە سېلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ياكى چەتئەلنىڭ مەبلىغىگە، بولۇپمۇ ماددىي ياردەمگە تايىنىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن.

② 1934-يىلىنىڭ ئاخىرى 1935-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شېڭ شىسەي تىيەنجىندە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ يۈەنفۇ ۋە ئىچكى ئۆلكىگە قايتقان پېڭ جاۋشيەن، گاۋ شىبىڭ قاتارلىقلار ئارقىلىق نەنجىڭنىڭ پۇل ئاجرىتىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

كۆرستىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەربى ـ مەمۇرى خىراجەتىنىڭ ھۆددى-
سىدىن چىقىشىمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ
جاھانگىرلارنىڭ يالاقچىلىرى شىنجاڭدا پەيدا قىلغان يېغىلىقلارنى
تارمار قىلىشىمىزغا ياردەم بەردى، ئەمدى بىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى-
مىزغىمۇ ياردەم بېرىدۇ، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە
چوڭقۇر ئىشىنىمىز. مەركىزىي ھۆكۈمەت بىزگە ھېچقانداق ياردەم
بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، بىز دوست خوشنىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن
دوستانە ياردىمىنى قەتئىي قوبۇل قىلىمىز. بۇنىڭلىق بىلەن بىزمۇ
ۋەتەننىڭ بىر سۇڭ يېرىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى سېتىۋەتمىدۇق،
دوست خوشنىمىزمۇ ھېچقانداق قوشۇمچە شەرت قويمىدى. بۇ ئىشنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەركەزگە ئىككى قېتىم تېلېگىرامما ئارقىلىق
مەلۇم قىلدى، ئەگەر بۇنىڭلىق بىلەن مەركەز بىزنى ئەيىپلەيدىغان
بولسا، بۇنىڭغا دۇبەن بىلەن رەئىس ئىككىيلەن جاۋاپكار بولىمىز.

شېڭ شىسەينىڭ سۆزىنى شۇ چاغلاردا ھېچكىم يىرالمايتتى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى
ئىچىدىكى ئاز ساندىكى بىرنەچچەيلەننى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغانلار
سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولۇش يولىدا مېڭىشنى خالايتتى. پۇل
قەرز ئېلىش ئىشى كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىدا ماقۇللان-
دى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىك كىنىشكىسىنىڭ
ئاخىرىغا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىگى يېزىپ قويۇلغان، ئۇنىڭغا
شېڭ شىسەي تەسىس قىلغان "دىخانچىلىق ـ كانچىلىق نازارىتىنىڭ
نازىرى" دىگەنگە ئوخشاش مەنسەپ ناملىرى يېزىلمىغان، ئادەمگە
قاراپ تەسىس قىلىنغان "مۇئاۋىن رەئىس" ۋە ئۆلكە مەركىزىدە

يوق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى تىرناق ئىچىگە ئېنىق ئىزاھلانغان، بۇنىڭ سەۋدۋى قەرز پۇل ئېلىشنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ماقۇللىغان دەپ، كېيىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئالدىدا كوللىكتىپ جاۋاپكار بولۇشنىڭ دەلىلى قىلماقچى بولغان. شېڭ شىسەي بۇ ھەقتە: زىرەك ئادەم خۇپيانە ئىش قىلمايدۇ، بۇ ئىش ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ماقۇللانغان، بۇ.جىن شۇرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەخپى ھالدا سودا كېلىشىمنى ئىمزالاپ، نەتىجىدە ئۆزى سولاققا كىرىپ قالغىنىغا ئوخشىمايدۇ، دىدى.

بۇنىڭدىن باشقا شېڭ شىسەي ئالدىبۇرۇنلا ئۆزىنىڭ كېيىنلىگىنى ئويلاپ قويغان ئىدى. 1935-يىل 1-ئاينىڭ 15-كۈنى، ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە يوللىغان ئومۇمى تېلېگراممىسىدا مۇنداق دىگەن ئىدى:

> شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، بۇ پەقەت سودا ئىشلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. پېقىر شېڭ شىسەي ۋەزىيەت بىلەن ھىساپلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىش، ۋەيرانچىلىقنى تۈگىتىشكىمۇ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ پايدىلىق، دەپ قارايدۇ. شۇنى ئالاھىدە بايانات قىلىمىزكى، يېقىندا شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ساپ سودا خاراكتېرىدىكى قەرز پۇل ئېلىش توختامىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ پۇل تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا، مەسىلەن، يېزا ئىگىلىگى، سانائەت، سودا ۋە قاتناش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىنىدۇ، بۇ قەرز پۇل شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن چىقىدىغان يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن بىر-بىرلەپ قايتۇرۇلىدۇ. تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، مەركىزىي ھۆكۈمەتمۇ مۇنداق ئىشلارنى كۈچىنىڭ بېرىچە يولغا قويماقتا ھەمدە چەتئەل مەبلىغىدىن دەسمايە سۈپىتىدە پايدىلانماقتا.

> مەسىلەن، يېقىندا پاختا ـ بۇغداي ئۈچۈن ئېلىنىدىغان قەرزنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇ بىرلا نەرسىگە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى جامائەت پىكرىنىڭ تېخىمۇ مايىللىقىغا ئېرىشىدۇ، بۇنىڭغا ھېسداشلىق بىلدۈرمەي، تاشقى جەھەتتە كۆپ ئەندىشىدە بولۇش، ئۇزاققا سوزۇۋېتىپ، ئەپسۇسلىنىشنىڭ ھاجىتى نىمە...①

شېڭ شىسەي ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەسلىھەتچى تەكلىپ قىلىپ كېلىش ۋە قەرز پۇل ئېلىش ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىقىنى تۇغدۇرۇپ قويمىسۇن دەپ ئويلاپ، 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەھۋالىنى نەنجىڭغا تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلغان ھەمدە بۇنىڭ سەۋەبىنى نەنجىڭغا چۈشەندۈرۈشنى گاۋ شىبىڭغا ھاۋالە قىلغان ئىدى. ئەمما ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى گېزىتلەر بىلەن چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ گېزىتلىرى بۇنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى، سوۋېت خادىملىرى شىنجاڭدىكى ئىدارىلەر، قوشۇنلارنى قاپلاپ كەتتى، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپلەپ قەرز پۇل ئالدى، دېيىشتى. شۇ چاغدا غەرپكە يۈرۈش قىلغان قىزىل ئارمىيىنىڭ خەلقارا قاتناش لىنىيىسى ئېچىشىدىن قاتتىق قورققان نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن تېخىمۇ

---

① بۇ سۆزلەر بۇرۇنقى «تىيانشان» گېزىتى باش تەھرىرى جۇ چۈەنخۇيىنىڭ كۆچۈرمىسىدىن ئېلىندى. 1935 ـ يىل 4 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي جۇ چۈەنخۇيغا ئىككىنچى قېتىم پىتنە ـ ئىغۋالارغا رەددىيە بېرىش ئومۇمى تېلېگراممىسىنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردى، بۇ تېلېگراممىنىڭ ئەسلى تېكستى ئارخىپلار ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن.

خاتىرجەم بولالمىدى. ئەمما كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەلۇماتىنى بىلەن كارى بولمىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيىنىڭ بۇ ئومۇمىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئامالسىز مۇنداق جاۋاپ تېلېگراممىا بەردى:

> ...چەتئەلدىن پۇل قەرز ئېلىشقا كەلسەك، ئۇ مەمۇرى كېڭەش بىلەن مەركەزنىڭ سىياسى يىغىنىنىڭ قارارىدىن، قانۇن پالاتاسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك، شۇ چاغدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇلتۇر پاختا ـ بۇغداي ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز پۇل مۇشۇنداق رەسمىيەتلەرنى ئۆتكەندىن كېيىن بېكىتىلگەن ئىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇنداق قىلمىغان يەردە، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا تېخىمۇ ئاساس يوق. بۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قەستەن سېلىنغان بويۇنتۇرۇق ئەمەس، بەلكى قانۇن تۈزۈمىنىڭ چەكلىمىسى... قەرز پۇل ئېلىش ئىشىنى ئالدى بىلەن تېلېگراممىا ئارقىلىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلىسىڭىزلار، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى قەرز پۇل ئېلىش توختامىنىڭ مەزمۇنىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئوقۇپ، شۇنىڭغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ بېكىتەتتى. بۇنى ئۆزىڭىزلار ئالاقە يۈزىدە ئېيتمىغان ئىكەنسىزلەر، سوۋېت روسىيىسى ئەلچىخانىسىدىن سۈرۈشتە قىلىپ كۆرسەك، ئۇلارمۇ بىلمەيدىكەن. شۇڭا قەرز پۇل ئېلىش ئىشىدىن بىزنىڭ تېخى خەۋىرىمىز يوق، بۇنىڭغا ئىجازەت بېرىشكە ئالدىراپ كەتكىلى بولمايدۇ...①

شۇ چاغدىكى «تيانشان» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى جۇ چۈنخۈيىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 1935 ـ يىل 4 ـ ئايدا شېڭ شىسەي مۇشۇ ئىش توغرىلىق ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن ئىكەن: نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇپ، سوۋېت

---

① جۇ چۈنخۈينىڭ كۆچۈرمىسى.

ئىتتىپاقىغا يېقىن بولۇشىغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى توساشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ، يېڭى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن سىياسەت بويىچە ئىش ئېلىپ باردۇ، قەرز پۇل ئېلىش مۇقەررەر، لېكىن جاھانگىرلارنىڭ ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا نىسبەتەن ھۇشيارلىقنى كۈچەيتىپ، كۆرەشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك (شۇ چاغدا "كۆرەش قىلىش" دىگەن سۆز شىنجاڭدا ئاخبارات خەۋەرلىرىدە ۋە سۆزلەنگەن نۇتۇقلاردا ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلاتتى).

قەرز پۇل ئېلىش ئىشىدا يۇقۇردا ئېيتىلغاندەك بىر قىستۇرما يۈز بەرگەن ئىدى.

قەرز پۇل ئېلىش توختىمىغا، ھەقسىقەتەن، ھىچقانداق قوشۇمچە شەرت كىرگۈزۈلمىگەن، پەقەت قەرز پۇلنىڭ تاشيول ياساش، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، لامپۇچكا زاۋۇدى، پاختا زاۋۇدى ۋە ماي تارتىش زاۋۇدى قۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغانلىغى، 5 يىل ئىچىدە يۈشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ئۇنى يەرلىك مەھسۇلات بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىغى، يىللىق ئۆسۈمى 5 لى بولىدىغانلىغى بەلگىلەنگەن.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بۇ قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەرزىنى قايتۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە بىرمۇنچە مال، ھەربى قورال-ياراق (جۈملىدىن ھەربىلەر ئىشلىتىدىغان يالغۇز ماتورلۇق ئايرۇپىلاندىن بىرقانچىنى)، ماشىنا، دىخانچىلىق ماشىنىلىرى، كۈندىلىك ئىستىمال بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى. 1935-يىلى قىشتا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر كومىتېت تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ياۋشيۇڭنى مەسئۇل قىلىپ، بۇ ماللارنى چۆچەكتە ئۆتكۈ-

زۈۋالدى ھەمدە چوٚچەكنىڭ جەنۇبىدىكى تولى دىگەن جايدا
ئامبار سالدۇردى.

بۇ قەرز پۇل ئېلىش توختىمى ئىمزالىنىپ بىر يىلدىن كېيىن،
1936 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مەن يەنە ئوٚلكىلىك ھوٚكۈمەت
بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى مالىيە 7985 ـ
نومۇرلۇق بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ ھوٚججەتنىڭ ئەسلى نۇس ـ
خىسىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان:

تەكلىپلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خۇ شۇكاڭنىڭ تەكلىۋىدە
مۇنداق دېيىلگەن: تەكلىپ بويىچە يۇشىن يەرلىك ماللار شىركىتى
ئىلگىرى مەخسۇس شىنجاڭ ئوٚلكىسىنىڭ سانائىتىنى تەرەققى قىلدۇ ـ
رۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ سودا شىركىتىدىن 5
مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز ئالغان، بۇ توختام ئىمزالىنىپ بولغان
ھەمدە يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇلغان. ئەمما ھازىر شىن ـ
جاڭنىڭ مالىيە قىيىنچىلىغى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ تۇرماقتا. مەسى ـ
لەن، ھەربى كىيىم تىكىدىغان رەختلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتى ـ
پاقىدىن سېتىۋېلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى ئىدارىلەرگە
كېرەكلىك بۇيۇملارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا زاكاز قىلىنىۋاتىدۇ، قىيىن
شارائىتتىن ئوٚتۈۋېلىش، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەملىشىش
ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە 2 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز
بەرسە، ئۇنى 5 يىل ئىچىدە يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن قايتۇرساق.
بۇ قۇرۇلتاينىڭ بېكىتىشىگە ئالاھىدە سۇنۇلدى. ئەگەر تەستىقلىنىپ
قالسا، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ دەرھال توختام تۈزۈشىگە
بۇيرۇق بېرىلىدۇ. كەلگۈسىدە ئېلىش ـ قايتۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى
بىردەك قىلىش ئۈچۈن، مەزكۇر شىركەت مەسئۇل بولۇپ بىر تۇتاش
باشقۇرىدۇ. مۇشۇنداق بولسا مۇۋاپىق بولامدۇ، يوق، بېكىتىپ
بېرىلسە...

مەن بۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 1937 ـ يىل 1 ـ
ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى بىلەن
مۇشۇ قەرز پۇل ئېلىش توختىمىنى ئىمزالىدىم. قەرز پۇل 2 مىليوند-
دىن 2 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلىغا ئۆزگەرتىلدى.
شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، ئۇنىڭ مالىيەـ
پۇل مۇئامىلىسى ئىزچىل تۈردە داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇپ كەلدى.
گەرچە تەرتىپكە سېلىنغان، ئىسلاھ قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا كىرىم
چىقىمنى قاپلىيالماي، چەتئەلدىن قايتا ـ قايتا قەرز ئېلىشقا توغرا
كەلدى. مەن يۈشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدىن ئايرىلىپ
كەتكىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىنىڭ ماقۇللىشى ئارقى-
لىق، سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ سودا شىركىتىدىن قەرز ئالغان پۇل 8
مىليوندىن ئارتۇق ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلىشىپ قالدى. بۇ ھەرـ
قايسى مەمۇرى رايونلار، ئۆلكىلىك دوختۇرخانا، «شىنجاڭ گېزىتـ
خانىسى» قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ سودا
شىركىتىدىن سېتىۋالغان قاتناش قورالللىرى، باسما ماشىنىلىرى،
داۋالاش ئەسۋاپلىرى ۋە دورىلارغا كەتكەن پۇللارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.
شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلىشىپ باردى، شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىق-
لىرىنى ئېچىش جەھەتتە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاـ
قىدىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، كان تەكشۈرۈش
ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، چارلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، پەقەت
1935 ـ يىلدىن باشلاپ، ئىلى، چۆچەك، ئالتايغا سوۋېت ئىتتىپاقىد-
دىن 86 ئادەم كەلدى. ماي تاغدىكى نېفىت زاۋۇدىنىڭ ماشىنىلىرى-

نى، تېخىنكا خادىملىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى يەتكۈزۈپ بەردى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئىشەنچىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، 1934 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر مىللەت ياشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا داشۆسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. 1935 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۈچ تۈركۈمدە 300 نەچچە ئوقۇغۇچى تاللاپ ئەۋەتىلدى. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتىنى بېجىرگەن ئىدىم. بۇ ياشلار ھەرقايسى تەبىقىلەردىن كەلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاڭ ـ گۈڭ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ، كەمبەغەل ـ ياللانما دېھقانلارنىڭ، ئاددىي چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بار ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ شۇ چاغدىكى سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىش شىنجاڭغا تايانچ كادىرلار تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بېرەتتى.

ئىقتىسادىي ـ مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشى، تەبىئىي ھالدا، سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1935 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن بولۇش سىياسىتىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشۋىق قىلىغاندىن باشقا، خەلقارادا جاھانگىرلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۆھمەت قىلىپلا قالسا، گېزىتلەردە ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا رەددىيە بېرىپ تۇردى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى ياپونىيىگە سېتىپ بەرگەن چاغدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ئالاھىدە ئادەم تەشكىللەپ ئىدارىلەرگە، ھەربىي قوشۇنلارغا، مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭ بارلىق سىياسى تەشۋىقاتلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىردەك قاراشتا بولۇشقا تىرىشتى. 1935 - يىلدىن كېيىن، شېڭ شىسەي "لى چاڭچۇن" دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلغان سىياسى ئوبزور خاراكتېرلىق ماقالىسىدىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەزىرى ئاساسلىرىنى ئاساس قىلىپ، دۇنيادىكى جاھانگىرلارغا، فاشىستلارغا قارشى كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، گومىنداڭنىڭ تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا، ئالدى بىلەن مەملىكەت ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش سىياسىتىنى يېپىقىراق سۆكتى. 1935 - يىل يازدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» دېگەن ژورنالنىڭ ماقالىلىرىمۇ جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن بولۇش لۇشيەنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شېڭ شىسەينىڭ بۇ نەيرىڭى ئۇنى "تەرەققىپەرۋەر" دېگەن ئاتاققا ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى، ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى.

## مېنىڭدىكى بۇرۇلۇش

1912 - يىلى مەن ۋەتىنىمگە ۋە يۇرتۇمغا بولغان قىزغىن تەلپۈنۈش بىلەن ۋەتىنىمگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئەمەلىيەتتە، دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز بىر بالا ئىدىم. كېيىن "تيەنشىڭ فىرمىسى"دا دۇكان خىزمەتچىسى بولۇپ، كاپىتالىستلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ، "بىز" (كەمبەغەللەر، ئورنى تۆۋەن كىشىلەر) بىلەن "ئۇلار" مەنپەئەتى بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان،

بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى ئىدىيە جەھەتتە بارا-بارا چۈشەندىم. ئەمما بۇ چۈشەنچىلا ئىدى، خالاس. كېيىن، بەزى ئاجايىپ تاسادىپى سەۋەپلەر بىلەن، سىياسى كۈرەش ئىچىگە كىرىپ، مەنسەپدارلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىپ، نەزەر دائىرەم بىرئاز كېڭەيدى، كونا ھاكىمىيەت تۆرىلىرىنىڭ زۇلمەتچىلىكىگە بولغان تونۇشۇم ئۆستى، ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆز-گەرتىشكە ئىنتىلىدىغان خىرە بىر خىل ئارزۇ پەيدا بولدى. زۇلمەت-لىك رىياللىقنى قانداق ئۆزگەرتىشنى، ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى ئىستىقبالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتىم. شۇ چاغدا شىنجاڭ ئادەتتىن تاشقىرى قالاق ۋە خىلۋەت جاي بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئاساسي جەھەتتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ۋە راۋاج تاپقانلىقىنى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ قانات يايغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە ئوخشاش، مەنمۇ ئاساسي جەھەتتىن ئۇقمايتتىم. شۇڭا خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە، روھى جەھەتتىن ئازاپلىنىپ، پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يىگانە تەمتىرەپ يۈردۈم، ھەتتا ئىسلاھات جەھەتتىكى ئۈمىدىمنى، بىر مەزگىل، فەن ياۋنەنگە ئوخشاش بىرقەدەر ئاڭلىق، ”تەرەققىيپەرۋەر“ زاتلارغا باغلاپ يۈردۈم.

20-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 30-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، مەن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق گېرمانىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە پات-پات بېرىپ ئىش بېجىرىپ تۇردۇم، بولۇپمۇ گېرمانىيىدە تۇرۇپ قېلىش ۋە بېرلىن داشۆدە

ئوقۇش ئارقىلىق كۆزۈم ھەقىقىي تۈردە ئېچىلدى. ئىلگىرى شىنجاڭ-
دىكى كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بارلىق چىرىك-زۇلمەتلىك ھادىسىلەرنى
بىزنىڭ خىلۋەت ۋە قالاق يەردە ياشىغانلىقىمىزدىن، زامانىۋى
مەدەنىيەت، تەرەققىي تاپقان سانائەت، قاتناش، مائارىپ قاتارلىقلار
بولمىغانلىقىدىن بولغان، دەپ ھېساپلاپ كەلگەن ئىدىم. لېكىن مەن
شۇ چاغدا كاپىتالىزىم تازا تەرەققىي قىلغان گېرمانىيىدە كۆرگەن
بارلىق نەرسىلەر مېنىڭ بۇرۇنقى ئويلىرىمنى تۈپتىن تەۋرىتىپ
قويدى. شۇ چاغدا پۈتكۈل كاپىتالىزىم دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي
كرىزىسى ياۋروپا قورۇقلۇغىنى قاپلىغان ئىدى، مەن بۇ كرىزىس-
نىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىغا ئىگە نەتىجىسىنى، ئىشسىز قېلىش
ئارقىسىدا كوچىدا قالغان ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېچىنىشلىق
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىشچىلارلا ئەمەس، بەلكى ئىنژېنېرغا ئوخشاش
زىيالىلار تەبىقىسىگە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئۆز كۆزۈم
بىلەن كۆردۈم. مەن بوينىغا تاختا ئېسىپ قولىنى سۇنۇپ تىلەمچىلىك
قىلىپ يۈرگەن بىر ئىشسىز ئىنژېنېرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاچار-
چىلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ ئادەمنىڭ
ئىچىنى ئاغرىتىدىغان سۆزلەر بىلەن يالۋۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىشقا
مەجبۇر بولغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مېنىڭ نېمىسچە ئۆگىنىدىغان مۇئەللىمىم
ئېلىسبېت ئىشسىز قالغان ئىشچىنىڭ قىزى ئىدى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن
ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.
ئۇ بىر كۈنى ماڭا، ئۇزاق مۇددەت ئىشسىز قالغان بىر تۇل خوتۇننىڭ
تىرىكچىلىك يولىنى تاپالمىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ئۈچ بالىسىنى دەرياغا
تاشلىغانلىقىنى، ئاندىن ئۆزىنىمۇ دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى

ئېيتىپ بەردى. يەنە بىر كۈنى ساقچىلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە گازدا زەھەرلىنىپ ئۆلۈۋالغان ئىشسىز ئىشچىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئەمما، بۇرژۇئازىيە ئەيش-ئىشرەتلىك، كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. پارىژدىكى بىر كاتتا كوفىخانىدا (فرانسىيەدىكى بىر ئاپتوموبىل شىركىتى سودى-گەرچىلىك يۈزىسىدىن بىزنى ئۇ يەرگە "تاماشا"غا ئېلىپ بارغان ئىدى)، يېرىم يالىڭاچ ئايال كۈتۈچى چۈشكۈن ناخشىلارنى ئېيتىپ، بايۋەچچىلەرنىڭ "كۆڭلىنى كۆتىرەتتى"... ئىنتايىن ئارقىدا قالغان شىنجاڭ بىلەن "ئەڭ ئىلغار" كاپىتالىستىك دۆلەتتە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلەنمەيدىغان مۇشۇ ھادىسىلەردىن، بۇلارنىڭ يۈز بېرىشىدە چوقۇم تېخىمۇ چوڭقۇر سەۋەپلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن يەنە باشقا بىر خىل رىياللىقنى كۆردۈم، ئۇ بولسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى. ئۇ يەردە ئىشسىزلار يوق، باي-كەمبەغەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ پەرق يوق، ئاچار-چىلىق، ئىقتىسادىي كرىزىس يوق؛ قەيەرگىلا بارسىڭىز كۆزىڭىزگە تىرىشچانلىق بىلەن قىلىنىۋاتقان ئەمگەك ۋە يىلدىن-يىلغا كېڭىيىپ بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چېلىقىدۇ. خەلقىنىڭ ماددى تۇرمۇشى ئانچە باياشات بولمىسىمۇ، ئۇلار روھىي جەھەتتىن خوشال-كۆتىرەڭگۈ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك-دوستلۇق ئاساسى-دىكى مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. بۇنى ھەتتا بىرقەدەر ھەققانى بولغان بۇرژۇئازىيە ئالىملىرىمۇ ئىقرار قىلماي تۇرالمايدۇ. مەن بېرلىن داشۆنىڭ ئىقتىسادىي فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلاردا، خوشى ئىسىملىك بىر پروفېسسور دەرس ئۆتكەندە مۇنداق دىگەن

ئىدى: "ھۆكۈمىتىمىز ئىقتىساتشۇناسلارغا نۆۋەتتە ئېلىمىز دۇچكەلگەن ئىقتىسادىي كىرىزىس مەسىلىسىنى بارلىق چارە-تەدبىرلەر بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى، بۇ توغرىدا ھازىرغىچە 1 مىلى 200دىن ئارتۇق ئادەم تۈرلۈك لايىھە ۋە قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرسىمۇ ئەمىلىي مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى. يەر-زىمىنى دۇنيانىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ھىلىقى دۆلەتتە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلەر، ئېھتىمال، مۇشۇن-داق ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن." ئۇ بۇ يەردە ئىسمىنى ئوچۇق ئاتىمىغان دۆلەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن ئىدى.

ئىككى خىل تۇزۇم، ئىككى خىل ئەھۋال. مۇشۇنداق جانلىق پاكىتلار بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولمىغان ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلالايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سوتسىيالىزىمغا بارغانسىرى تېخىمۇ قەتئىي، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشىنىش پەيدا بولدى. مەن ھەمىشە ھاياجان ئىچىدە، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە، ئانا يۇرتۇم شىنجاڭدا قاچانمۇ مۇشۇنداق تۈزۈم ئورنىتىلار؟ دەپ ئويلايتتىم.

بەزى كوممۇنىستلارنىڭ ماڭا بەرگەن كونكرېت ياردىمى ۋە ئۇلار ماڭا تونۇشتۇرغان ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىدىيەمنى ھەقىقىي تۈردە بۇرىدى ۋە مېنى ئىنقىلاپ يولىغا باشلىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كوممۇنىستلىقىنى شۇ چاغدىلا بىلەتتىم، مەسىلەن، دىپلوماتىك خادىم سالاھىيىتىدە شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن سوۋېتلىكلەرنى شۇ چاغدىلا بىلەتتىم؛ بەزىلەر-نىڭ كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى كېيىن، ھەتتا ئازاتلىقتىن

كېيىن بىلدىم.

كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ (مەسلەن، جاڭ يىۋۇ، شيۈڭ شياۋيۈەن قاتارلىقلارنىڭ) شىنجاڭدىكى يەر ئاستى پائالىيەتلىرى ئالا-ھەزەل 30-يىللارنىڭ باشلىرىدىلا باشلانغان ئىدى. ئەمما ئۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سالاھىيىتىنى بىلمەيتتىم. 1925-يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولغان بېستروۋ ماڭا ماركسىزم-لېنىنىزمنى بىرىنچى بولۇپ تونۇشتۇرغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىنغا تەرجىمان بولغان ئىدىم. ئۇ خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بىرقەدەر قويۇق بولدى. كۆندىلىك ئالاقىدا، ئۇ ماڭا بەزى ئىلغار كىتاپ-ژورناللارنى بېرىپ، ئىنقىلاپ داۋلىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ تۇردى. بەزىدە شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىگە دائىر قاراشلىرىمىزنىمۇ سۆزلىشىپ قوياتتۇق. 1929-يىلى گېرمانىيىگە كېتىۋېتىپ موسكۋادىن ئۆتەشمىدە ئۇنى زىيارەت قىلىپ باردىم. ئۇ ماڭا لېنىن، ستالىنلارنىڭ مىللى مەسلە بايان قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن بىرنەچچىنى بېرىپ، ئۇنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىمنى تاپشۇردى. 1933-يىل 3-ئايدا، يەنە بىر قېتىم چەتئەلگە چىققاندا، ئۇنى يەنە يوقلاپ باردىم ھەمدە ئۇنىڭغا مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ئالغان ھاسىلاتىم ۋە تەسىراتىمنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدىكى تونۇشىمنى، لېنىن، ستالىنلارغا بولغان ھۆرمىتىمنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە بولغان ئىنتىلىشىمنى، بولۇپمۇ يۇرتۇمدىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈزەل سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىنى قىزغىن ئارزۇ قىلىدىغانلى-

غىمنى سۆزلەپ بەردىم، ئۇلارنىڭ بىزگە نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە دائىم ياردەم بېرىشىنى ئۈمىت قىلدىم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى سەۋىرچانلىق بىلەن ئاڭلاپلا قالماستىن، بەلكى ماڭا بىرمۇنچە سوئاللارنى قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يېقىندا شىنجاڭغا بارىدىغان پوگونىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويدى. مەن ئەنە شۇ ئىككىيلەننىڭ كونكرېت ياردىمى ۋە تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئىنقىلاۋىي خىزمەتكە رەسمىي قاتناشتىم. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مېنىڭ ھايات يولۇمدا ھەل قىلغۇچ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، مەن ۋەتىنىمنى، خەلقىمنى قۇتقۇزۇش يولىدا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يەككە-يېگانە تەمتىرەپ يۈرۈشتىن قۇتۇلۇپ، ئۇنى دۇنيادىكى پرولېتارىيات ۋە ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ كونا دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئاشكارا سالاھىيىتىم، يەنىلا شىنجاڭ كونا ھۆكۈمىتىدىكى ئىلغارلىققا مايىل بىر "ئەمەلدار" بولدى. مېنىڭ بۇ ھاكىمىيەت ئىچىدىكى ئورنۇم شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە پەسىيىپ تۇردى. بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى ئورنى ۋە تارىخىي شارائىتى قاتارلىق ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ ئۆزى بەزى سورۇنلاردا تەرەققىپەرۋەر دىگەن سالاھىيەت بىلەن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشىمغا ۋە كونا ھاكىمىيەت يول قويغان "قانۇنىي" دائىرە ئىچىدە مەلۇم ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئەمما، بۇ دائىرە بەربىر چەكلىك ئىدى. ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان بارلىق كونا تۈزۈمنى تۈپ

ئاساسىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، "قانۇنسىي" كۈرەشلەردىن باشقا كۈرەشلەر بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇ يېڭى كۈرەش يولى بىلەن كۈرەش شەكلىنى مەن ئىنقىلاپقا رەسمىي قاتناشقاندىن كېيىنلا بىلدىم. دەرۋەقە، مۇنداق دېگەنلىكىم، مەن شۇنىڭدىن باشلاپلا، ھەقىقىي پىشقان كوممۇنىزمچى بولۇپ قالدىم، دېگەنلىكىم ئەمەس. مېنىڭ كوممۇنىستىك ئېڭىم پىشىپ يېتىلىشتىن خېلى يىراقتا ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇن مەسىلىلەردە يەنىلا ئىنتايىن گۆدەكلىك قىلغانلىقىمنى كېيىنكى چاغلاردىكى نۇرغۇن پاكىتلار ئىسپاتلىدى. مېنىڭ ئىنقىلاپقا ۋە ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىش ئىرادەم باشتىن-ئاياق چىڭ بولدى، ئەڭ قاتتىق سىناقلارغا يولۇققاندىمۇ ئىرادەمدىن يانمىدىم، مەن بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن.

مەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئاپرېسوۋ زىلاتكىننىڭ ئورنىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولدى. ئۇ مېنى يۇ شيۇسۇڭغا تونۇشتۇرۇپ، ئىككىمىزنىڭ ئوبدان ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىمىزنى تاپىلىدى.

يۇ شيۇسۇڭ 1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى، ئۇنىڭ مەخپىي ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ ئىدى. شىنجاڭدىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىدە بىرلەشمە باشلىقى بولغان، ئۇ چاغدا مەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىدە خەلق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خەلق بىرلەشمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى تاھىربەگ ئىدى، مەن بۇ بىرلەشمىنىڭ ئەزاسى ئىدىم، بىر مەزگىل مۇۋەققەت باشلىق بولۇپمۇ ئىشلىدىم. بۇ بىرلەشمىدىمۇ كومپارتىيە ئەزالىرى ئىشلەيتتى.

مەن يۇ شيۇسۇڭ بىلەن ئوبدانلا تونۇش ئىدىم، خىزمەت جەھەتتىلا خېلى كۆپ ئۇچرىشىپ قالماي، شەخسى بېرىش-كېلىشمۇ قىلىپ تۇراتتىم. ئۇ 1936-يىلى شىئەن ۋەقەسى يۈز بەرگەندە ... بىلەن تونۇش قىلغان چاغدا، مەن ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىدىكى ئۆيىگە بېرىپ ئۇلار-نىڭ تويىغا قاتناشقان ئىدىم. مەن ئۇچۇن ئەڭ ئۇنتۇلماس بولغىنى شۇكى، ئۇ ماڭا دائىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، پارتىيىنىڭ تارىخىنى، يولداش ماۋ زېدۇڭ-نىڭ پائالىيىتىنى ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ئۇزۇن سەپەرنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالىنى ۋە شۇ چاغدا شەكىللىنىۋاتقان پۈتۈن خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كېيىن، مەن شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقاندا، ماۋجۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان بىر شېئىر يازغان ئىدىم، بۇنى يۇ شيۇ-سۇڭنىڭ ماڭا ماۋجۇشىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا قوشقان تۆھپىسىنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. كوممۇنىست-لار شىنجاڭدا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىدى. ئۇلار پاك، ئادىل بولۇپ، ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ، باشقىلار ئۇچۇن ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

راست گېپىمنى ئېيتسام، مەن بۇرۇن شىڭ شىسەيدىن ھېچقاندىاق گۇمانلانمىغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئىلغار شوئارلىرىغىمۇ ئىشىنىپ كەلگەن ئىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىرمۇنچە ئارشاڭ سۈيى ئىمپورت قىلغان ئىدى. مەن شىڭ شىسەينىڭ ئارشاڭ سۈيىنى ماختىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئارشاڭ سۈيىدىن بىر يەشىك ئېپىبېرىپ بەرگەن

ئىدىم. شېڭ شىسەي ئەھۋالنى سوراپ ئۇققاندىن كېيىن، ئارقا-ئارقىدىن تەكرارلاپ: ”ئۇمۇمىنىڭ نەرسىسىنى ئالمايمەن“ دېدى. ئەگەر گۇمانلانغان دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنى كوممۇنىستمىكىن دەپ گۇمانلىناتتىم. مېنى شېڭ شىسەينىڭ سۆزى بىلەن ھەركىتى بىردەكمۇ، يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تۇنجى قېتىم ئەستايىدىل ئويلىنىشقا سالغان نەرسە 1937-يىلى زايسانغا بېرىپ كونسۇل بولۇپ تۇرۇشتىن ئاۋال، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئاپرېسوۋنىڭ بىر قېتىملىق سۆھبىتى بولدى.

ئاپرېسوۋنىڭ شېڭ شىسەينىڭ ئىدىيىۋى ماھىيىتىنى تونۇشىمۇ بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن، ئەڭ دەسلەپتە، ئۇمۇ شېڭ شىسەيگە قاتتىق ئىشەنگەن، ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىغان. ئەمما 1937-يىل 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، بىر كۈنى ئاپرېسوۋ مېنى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە-رەڭگى-روھى تاتىرىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئىككى قولىنى ئارقىغا قىلىپ، ئۇ ياققا-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇتلا: ”سىز شېڭ شىسەيگە ئىشىنەمسىز؟“ دەپ سورىدى. مەندە قىلچە ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىغاچقا، تېخى ئۇنىڭدىن ھېچقانداق مەسىلە بايقىيالمىدىم، دەپلا جاۋاپ بەردىم. ئۇ يەنە: ”ئۇنىڭ قېيىنئاتىسى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بېگى بولۇپ، پۇقراغا جەۋرى-زۇلۇم سېلىپ، پارىخورلۇق قىلغان، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى پۇل توپلاپ سودىگەرچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ نۇرغۇن شەرمەندە ئىشلارنى قىلغان ئىكەن. بۇلار ياخشى ئەھۋال ئەمەس“ دېدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا بۇ جەھەتتىكى ئىشلاردىن

خەۋىرىم بارلىقىنى ئېيتىپ بەردىم. ئاخىرىدا ئۇ ماڭا بۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپشۇردى.

راست، شىڭ شىسەي قانداق ئادەم؟ ئۇ ئىنقىلاپنى، پاك بولۇشنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيتتىغۇ؟ ئۇ ئۆز ئائىلىسىدىكى ئىشلارنى بىر ئازمۇ بىلمەسمۇ؟ شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مەنمۇ بۇ ئادەم ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدىم.

مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، "1-ماي" خەلقارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپلا، ئابرىسىۋ بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدىن كېتىپ قالدىم. چۈنكى شۇ يىلى 3-ئايدا، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، مېنى جۇڭگودىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زايساندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. بىز شىخۇغا بىللە بېرىپ بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، مەن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، چۆچەك، جىمىنەي-لەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، چەتكە ۋەزىپە ئۆتەشكە چىقىپ كەتتىم. ئۇلار پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئىلى ئارقىلىق ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ئايرىلىشىمىز مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغان-لىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن: كېيىن ئاڭلىسام، شىڭ شىسەي يالغان پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئابرىسى-سىۋنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسى، دەپ چىقىشتۇرۇپتۇ ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى، دىگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە "جىنايەت"لەرنى ئارتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى تازىلاش كېڭەيتىۋېتىلگەن مەزگىللەردە ئاپرىسىۋ ئېتىلىپ كېتىپتۇ.

# شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى

شىڭ شىسەينىڭ ئادەم تۇتقۇن قىلغانلىقى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ دۈشمەن كۈچلەرنى مەمۇرى ۋاستە بىلەن يوقىتىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىستىبداتلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشپىيونلۇق ۋاستىسى بىلەن ئورناتتى. مىلىتارىستلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلغان، شىڭ شىسەيمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى.

شىڭ شىسەينىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىكى ئەسلىدە ساختىپەزلىك ئىدى، ئۇ ئىلاجىسىزلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە يېقىنلاشقان. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئورنى تۇراقسىز بولۇپ، قانات ـ قۇيرۇغى يېتىلمىگەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئالداپ قولغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۆزىنى پەدەزلەپ، ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇھتاج بولغان ئىدى. ئارقىدىنلا يەنئەندىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئورتاق نىشانى ئاساسىدا، مىللى دېموكراتىك بىرلىك سەپ ئورناتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمۇ زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا جىددى زۆرۈر بولۇپ تۇرغان بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق ھەربىيلەرنى يېتىشتۈردى.

ۋاھالەنكى، شىڭ شىسەينىڭ چىن كۆڭلىدىكىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ

كۆندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بېرىشى ۋە ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ راۋاجلىنىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئىشپىيونلۇق ئورگىنى قۇرۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەركىتىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ باردى. 1937 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇ "توپىلاڭ كۆتىرىشكە سۇيىقەست قىلىش ئەنزىسى" دېگەن بىرنىمىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئويدۇرۇپ چىقىپ، كوممۇنىستلارغا ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا پىلانلىق تۈردە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ زىيانكەشلىك قىلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يەنئەندىن كەلگەن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ تۈرمىدە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى بايان قىلماقچى ئەمەسمەن. چۈنكى، بىرىنچىدىن ئۇلار كەينى ـ كەينىدىن شىنجاڭغا كەلگەن چاغدا، مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا كونسۇل بولۇپ تۇراتتىم، ۋەتەنگە چاقىرتىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈرمىگە كىرىپ كەتتىم، كېيىن يەنئەندىن كەلگەن كادىرلارمۇ تۇت ـ تۇت قىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى. ئەمما مەن ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە بولمىدىم، نۇرغۇن ئەھۋاللارنى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنلا ئۇقتۇم؛ ئىككىنچىدىن، بۇ جەھەتتىكى ماقالىلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارقا ـ ئارقىدىن كۆپلەپ ئېلان قىلىندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللار، بۇلار مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمغا قارىغاندا تېخىمۇ ھەقىقى ۋە ئىشەنچلىكتۇر.

مەن مۇشۇ باپ بىلەن كېيىنكى بىر باپتا، شېڭ شىسەينىڭ مەن بىلىدىغان بەزى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن تۈرمە ھاياتىم ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن، بۇنىڭدىن

شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىغىنىڭ باشقا بىر تەرىپىنى بىلىۋالغىلى بولار، ياكى بۇ ئۇنىڭ ھەقىقى تەرىپى بولۇشى مۇمكىن.

شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا بىرنەچچە ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى بار ئىدى. بۇ تەشكىلاتلار ئىچىدە، ئۇ ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىغان، قەتئى مەخپى بولغان بىر تەشكىلات بار ئىدى، بۇنى ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قۇرۇشقا باشلىغان ئىدى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئادەم سانى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئاساسلىق ئادەملىرى لى بولىن، ۋاڭ يېجى قاتارلىقلار ئىدى. بۇ تەشكىلات مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ خادىملىرىنى، كوممۇنىستلارنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى كۆزىتەتتى ۋە رازۋېت قىلاتتى. ”توپىلاڭ كۆتىرىشكە سۇيىقەست قىلىش ئەنزىسى“ دىگەنگە ئوخشاش ئەنزىلەر مۇشۇ پايلاقچىلارنىڭ دوكلادىغا ئاساسەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئىدى. بۇ ئىشپىيونلار كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى جاھىل ئۇنسۇرلار بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان ئىدى. ئۇلار شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىپ كەتكەنگە قەدەر ئىزچىل تۈردە شىڭ شىسەي ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى.

يەنە بىرى، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ 1939 ـ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان رازۋېتكا ئەتىرىدى ئىدى. بۇ ئەترەتكە دەسلەپتە ئەپىتسەرلەر مەكتىۋى (شىڭ شىسەي قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرى بولغان)نى پۈتتۈرگەن ۋاڭ يۈشۇ باشلىق بولغان. كېيىن لى يىڭچى مەسئۇل بولدى، پايلاقچىلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتى. دۇبەن مەھكىمىسى قۇرغان ئالاھىدە تۈرمە ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتمەيلا ئادەملەرنى ئۆز مەيلىچە قولغا ئېلىپ، خالىغىنىچە ئۆلتۈرەتتى. بۇ پايلاقچىلار

بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، بىرىنچى قېتىم ئەترەت باشلىقى بولغان ۋاڭ يۈشۇ ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىدى.

يۇقىرىدىن باشقا، يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ۋە ئۇنىڭ تەكتى بولغان سىياسى تەپتىش ئىدارىسىمۇ قۇرۇلغان ئىدى، ئۇ ئەسلىدە شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى باشقۇرىدىغان سىياسى تەپتىش ئورگىنى ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ ئورگاننى تىزگىنلەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىرنەچچە يىل يوشۇرۇن كۈرەش قىلغان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىپ تۇرغان چاغدا، ئۇنىڭغا شىنجاڭدا سىياسى تەپتىش ئىدارىسى قۇرۇش تەكلىۋىنى قويغان ھەمدە بۇ ئىدارىگە جاڭ يىۋۇنى باشلىق قىلىپ تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى، شېڭ شىسەي بۇنىڭغا قوشۇلغان ئىدى. جاڭ يىۋۇ شۇ چاغدا موسكۋادا كۆزنى داۋالى-تىۋاتقان جاڭ شىنغا قاراۋاتقانلىقتىن شىنجاڭغا دەرھال قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچى پوگونىن، باش كاتىپ ۋاڭ لىنشياڭنى ئۈرۈمچىگە بۇ ئىدارىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ 1934-يىل 7-ئايلاردا بولغان ئىش. شېڭ شىسەي جاڭ يىۋۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلمىدى دېگەننى بانا قىلىپ، رازۋېتكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈشۇنى مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى، چېن دۇكبەي، لاڭ داۋخېڭ، ۋاڭ تىڭلېڭلارنى بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى.

8-، 9-ئايلاردا، جاڭ يىۋۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. شېڭ شىسەي يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەمدىلا تىپچىلىق ئورنىتىلدى، ئۇ

يەردە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ دىگەننى بانا قىلىپ، جاڭ يىۋۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، مەسئۇل خىزمەتكە قويىماقچى بولدى. شېڭ شىسەي ئاپرىل ۋەقەسى ئۈچۈن «قىزىل» گە ئايلانغاندىن كېيىن مۇشۇنداق تاكتىكىلارنى قوللاندى. ئارقىدىنلا، جاڭ يىۋۇنى بۇ ئىدارىگە ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولىندى، ئەمما ئۇنىڭغا ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى قوشۇمچە مۇۋەققەت باشلىغى دىگەن مەنسەپنىلا بەردى. كېيىن بۇ ئىدارە جامائەت خەۋپسىزلىگى باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە، جاڭ يىۋۇ باشقارمىغا رەسمىي باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. جاڭ يىۋۇ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي يەنە ئۆزىنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى ۋاڭ يىجى ۋە سىڭلىسىنىڭ قىيىنئىنىسى پېڭ جىجېننى بۇ ئىدارىگە خىزمەتكە ئەۋەتتى.

شېڭ شىسەي ئىزچىل تۈردە سىياسى تەپتىش ئورگىنىنى ئۆزىنىڭ قولىغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىدا بولۇپ كەلدى، ئەمما بۇ ئورگاندىكى ئاساسلىق كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئىدى. جاڭ يىۋۇ، شيۈڭ شياۋيۈەن، ۋاڭ لىشياڭلاردىن تاشقىرى، يەنە مۇئاۋىن باشقارما باشلىغى ليۇ شيەنچېڭ، قۇمۇل رايونىدا ئىلگىرى-كېيىن ئىككى قېتىم ئىدارە باشلىغى بولغان لۇەن باۋتىڭ (جى جى)، يۇ چېڭفا، بۆلۈم باشلىغى سىيىت ھاجى (ئۇيغۇر)، بۆلۈم باشلىغى قادىرھاجى (ئۇيغۇر)، بارىكۆل ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ئاباي (قازاق) ۋە بۆلۈم باشلىغى بيەن فاڭمىڭ (بيەن فۇلىن)، خۇ پېڭجۇ (خۇ پېڭجۇنى كېيىن شېڭ شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتتى، بيەن فاڭمىڭ شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە سەككىز يىلچە يېتىپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىنلا تۈرمىدىن چىقتى)لار بار ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ ئادەملەرنى تىزگىنلەپ كېتەلمىگەنلىگى ياكى ئۆز يېنىغا تارتىپ كېتىشكە ئامال

تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئادەملەرگە تۈرلۈك ھىلە-مىكىرلەر بىلەن زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى بارا-بارا تارايتتى. 1935-يىل 1-ئايدا شېڭ شىسەي سىياسى تەپتىش باش ئىدارىسىنى ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتتى، 1936-يىل 3-ئايدا، ئۇنى يەنە ج خ باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، سىياسى تەپتىش ئورگىنىنى ئادەتتىكى ساقچى ئورگىنىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئىدارە بىلەن باشقا ئىدارىلەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، بۇ ئادەملەرنىڭ ئابروينى تۆكتى. مەسىلەن، شېڭ شىسەي ئۆزى كۆرسىتىپ بەرگەن بىگۇنا ئادەملەرنى قولغا ئېلىش ئىشىنى دائىم بۇيرۇق بىلەن مۇشۇ ئىدارىگە تاپشۇراتتى، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ گۇناسىز ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، بۇلارنى قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلمايتتى؛ ھەقىقى جىنايەتچى-لەرنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ يالاقچىلىرى بىلەن يېقىن دوستلىرىنى قانتى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارغا جازا بېرىشكە رۇخسەت قىلمايتتى. بۇ ھال مۇشۇ ئادەملەرنىڭ شېڭ شىسەيگە بولغان نارازىلىقىنى قوز-غىماي قالمىدى. 1937-يىل ئەتىيازدا، شېڭ شىسەي بۇ ئادەملەر مېنىڭ ئارمىيەمنى تەكشۈرۈپتۇ، دېگەن بانا بىلەن، جاڭ يىۋۇ ۋە لىيۇ شيەنچېڭنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۇ ياغلىما سۆزلەر بىلەن جاڭ يىۋۇ، لىيۇ شيەنچېڭلارنى ئاقسۇغا ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىي بولۇشقا دەۋەت قىلدى، ئۇلار بۇنى رەت قىلغاندىن كېيىن، چەت-ئەلگە چىقىش پاسپورتىنى بېرىشكە قەتئىي ئۇنىماي قويدى. ئابرېس-سېۋنىڭ قايتا-قايتا سۈرۈشتە قىلىشى ئارقىسىدا، تا ئابرېسېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چاقىرتىلغان چاغدىلا، ئاندىن جاڭ يىۋۇ بىلەن لىيۇ شيەنچېڭنىڭ شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشىگە رۇخسەت

قىلدى.

ج خ باشقارمىسى ئەسلىدە، مەخسۇسلا جاھانگىرلارنىڭ جاسۇس-لىرىغا ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا تاقابىل تۇرىدىغان سىياسى تەپتىش ئورگىنى ئىدى، شېڭ شىسەي ئۇنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ئىرادىلىك ئىنقىلابچىلار بىلەن بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرىپ-چاپىدىغان ئىشپىيونلۇق قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

بۇنىڭدىن باشقا، 1937 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سىياسى تەلىم - تەربىيە باشقارمىسى قارمىقىدا مەخسۇس ھەربىلەر ئىچىدە ئىشپىيونلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان يەنە بىر رازۋېتكا بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ رازۋېتكا بۆلۈمى شېڭ شىسەيگە تالاي قېتىم "چوڭ سۇيىقەست ئەنزىسى"، "توپىلاڭ كۆتىرىشكە سۇيىقەست قىلىش ئەنزىسى" دىگەن ئەنزىلەرنى پەيدا قىلىپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن كادىرلارنى، مۇتەخەسسىسلەرنى، مەسلىھەتچى-لەرنى ھەتتا باش كونسۇل، كونسۇللارنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى، تەرەققىپەرۋەر زاتلارنى تروتسكىچىلار دەپ قارىلاپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى قىردى.

شېڭ شىسەي كوممۇنىستىك پارتىيىگە زەربە بېرىش ۋە پارتىيىنىڭ ئامما ئىچىدىكى تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، نەچچە قېتىم "توپىلاڭ كۆتىرىشكە سۇيىقەست قىلىش ئەنزىسى" دىگەننى پەيدا قىلدى. ئەمما ئۇ بۇنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ھەر قېتىم كوممۇ-نىستىك پارتىيىگە زەربە بەرگەندە، بەزى فېئودال ۋاڭ - گۇڭلار ۋە بايلارنىمۇ قولغا ئېلىپ ۋە قىرىپ، ھەم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېيىدى، ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئەپتى - بەشىرىسىنى ياپتى: شېڭ شىسەينىڭ قوللانغان ۋاستىسىنىڭ

زەھەرلىكلىگى يەنە شۇ يەردىكى، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىغا زەربە بېرىشتە، ئۇلارنى تروتسكىچى، ئەكسىلئىنقىلاپچى دەپ قارىلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى يوقات-قاندىن كېيىن، دەرھال يەنە بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى خىزمەتكە قويدى. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ساختا نىقاۋىنى ئۈزاقىقىچە بىلىۋالالمىغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. ئاخىردا ئۇ تەختتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى، گومىنداڭغىمۇ يەنىلا مۇشۇ ۋاستىلەر بىلەن تاقابىل تۇردى. 1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شېڭ شىسەي گومىنداڭ ئەزالىرىنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جاسۇسلىرى دەپ، جياڭ جيېشىغا ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا بىر تۈركۈم گومىنداڭ ئەزالىرىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي ستالىنغىمۇ "گۇنايىغا تۈۋا قىلىپ، يېڭىۋاشتىن ئادەم بولىدىغان"لىقىنى بىلدۈرۈپ دوكلات يوللىدى. ئاڭلىشىمچە، ستالىن شېڭ شىسەي يوللىغان دوكلاتىنى جياڭ جيېشىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ دېگەن گەپ بار. شېڭ شىسەي سۈيىقەست ئىشلىتىش بىلەن كۆتىرىلىپ، بىر مەزگىللىك مەقسىدىگە يەتكىنى بىلەن، ئۆمۈرۋايەتلىك مەقسىدىگە يېتەلمىدى، ئاخىر بېرىپ ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تېزلەتتى.

ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق زادى قانچىلىك ئادەمنى تۈرمىگە تاشلىغانلىقى، قانچىلىك ئادەمنى ئۆلتۈر-گەنلىكىگە كەلسەك، بەزىلەر 50 ـ 60 مىڭ دەيدۇ، بەزىلەر 100 مىڭ دەيدۇ، توغرا سانىنى ئېيتىپ بېرىش ناھايىتى تەس بولسا كېرەك. چۈنكى "توپىلاڭ كۆتىرىشكە سۈيىقەست قىلىش ئەنزىسى"نى بانا بىلەن قىلىپ، جىنايەت توقۇپ، گۇناسىز ئادەملەرنى چاتىدىغان

ئىشلار 1937 ـ يىلدىن باشلاپ تا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەنگە قەدەر ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. مەن ئۆزەممۇ 1938 ـ يىلى ئەتىيازدا تۈرمىگە كىرىپ كەتتىم.

## شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە

مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى زايساندا تۇرغان چاغلىرىمدا، ئەل ـ ئاغىنىلەردىن كەلگەن خەتلەردىن شېڭ شىسەينىڭ ئادەم تۇتۇۋاتقان ـ لىقىدىن خەۋەر تېپىپ تۇردۇم. مەن شېڭ شىسەينىڭ ھەقىقى ئەپتى ـ بەشىرىسىنى پەيدىن ـ پەي ئېنىق تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۆزەمنىڭ تەقدىرىمنىڭمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ياخشى بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئەمما شۇم تەقدىرنىڭ مۇشۇنداق تېز كېلىد ـ غانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىدىم.

1938 ـ يىل 2 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مېنى دۆلەتكە قايتىپ خىزمەتتىن دوكلات بېرىشكە چاقىرتقان تېلېگراممىسىنى تاپشۇ ـ رۇۋالدىم. مەن تەييارلىق كۆرۈپ، كونسۇلخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا زايساندىن يولغا چىقىپ، شەمەي، ئالمۇتىلار ئارقىلىق، دۆلىتىمىزگە قايتىپ كەلدىم. چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جىڭغا كېلىپ بىر كېچە قوندۇم، ئۇ يەردە ياۋ شيۇڭ بىلەن كۆرۈشتۇم. ئەتىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈك توشۇيدىغان ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەن ئولتۇرغان يۈك ماشىنىسى ناھىيە شەھىرىدىن چىقىپ، ئالاھەزەل ئون كىلومېتىر ماڭا ـ ماڭمايلا،

ئارقىمىزدىن بىر كىچىك ماشىنا قوغلاپ يېتىپ كېلىپ، يوك ماشىنى-
سىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توختىدى. كىچىك ماشىنىدىن بىرنەچچەيلەن
چۈشۈپ، قول ئىشارىسى قىلىپ، يوك ماشىنىسىنى توختاتتى، ئۇلار
مېنىڭ ئىسىم پەملەمنى سورىغاندىن كېيىن: "ماشىنىدىن چۈشۈڭ،
ئۈرۈمچىدىن سىزنى ئىلىغا بارسۇن، دېگەن تېلېگرامما كەلدى"
دېدى-دە، ماشىنىدىكى يوك-تاقلىرىمنى چۈشۈرۈۋېلىپ، يوك
ماشىنىسىنى يولغا سېلىۋەتتى. ئاندىن قولۇمنى كۆتەرتىپ قويۇپ،
يېنىمنى ئاختۇردى، مەن ئەنە شۇنداق قولغا ئېلىندىم. مېنى قولغا
ئالغانلارنىڭ بىرى ئىلى ج خ ئىدارىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى
مەسلىھەتچىسى ئىدى.

ئىلى ج خ ئىدارىسى مېنى بىر ھەپتە قامىغاندىن كېيىن، 4-
ئاينىڭ 12-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئىككىنچى تۈرمىگە يالاپ ئېلىپ
باردى.

ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭجى ۋە سوۋېتلىك ئىككى
سوراق مەسلىھەتچىسى مېنى سوراق قىلىشقا مەسئۇل بولدى. ئۇلار
ماڭا "جاھانگىرلارغا غالچىلىق قىلغان"، "چەتئەللىگە باغلانغان"،
"گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ كۈچلىرىگە تايىنىپ شىنجاڭدا مۇس-
تەقىل ئىسلام دۆلىتى قۇرماقچى بولغان" دېگەنگە ئوخشاش بەتنام-
لارنى چاپلىدى. مەن بۇنداق بۆھتانىنى ئېتىراپ قىلمىدىم، ئەلۋەتتە.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا قاتتىق جازا ئىشلىتىپ، ئىككى قولۇمنى
ئېگىز كۆتەرتىپ، مەجبۇرى ھالدا پارچە خىش دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىدە
يۈكۈنۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغانلىقتىن، ئىككى قېتىم ھۇشۇمدىن
كەتتىم. ھۇشۇمغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئۆزەمنىڭ فاشىستلارغا
قەتئىي قارشى ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۈرمەكچى بولدۇم: چۆچەكتە

گېرمانىيىنىڭ ئىشپىيونى ئىشمىتنى پاش قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىمنى؛ شۇنداقلا ياپون جاھانگىرلىكىگە ئىنتايىن ئۆچ ئىكەنلىكىمنى، 1933 ـ يىلى ئالتايدا ياپونىيىنىڭ غالچىسى ماخېيىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىغىمنى... سۆزلەپ بەردىم، ئەمما يەنىلا جازاغا تارتىلىشتىن قۇتۇلالمىدىم، ئىككى قولۇمنى ئىگىز كۆتەرتىپ ئۇدا يىگىرمە بىر سوتكا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويىدى. ماڭا قاراپ تۇرغان ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ۋاڭ زىچىڭ بىلەن ئىسمائىل دىگەن ئىككىسى ماڭا ھىسداشلىق قىلىپ، بەزىدە ئاستا كېلىپ قولۇمنى چۈشۈرۈۋېتىپ، تامغا يۆلەپ قويۇپ بىرئاز دەم ئالدۇراتتى. ئۇلار يەنە، ماڭا شېڭ شىسەينىڭ ناھايىتى كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىگىنى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كوممۇنىستلار ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ بەردى. ئائىلەمدىكىلەرنىڭ مەجبۇرى ھالدا قابا ناھىيىسىگە كۆچۈرۈۋېتىلگەنلىگىنىمۇ ئەنە شۇلار ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

بۇنداق سوراق قىلىش ئىككى يىل داۋام قىلدى. 1939 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، مېنى يەنە قاراڭغۇ تۇرمىگە 68 كۈن سولاپ قويىدى. ھىلىمۇ ياخشى، ۋاڭ زىچىڭ ماڭا شام، سىيا، سىيادان ئېپكېلىپ بەردى. قاتتىق سوغاق، قاپ ـ قاراڭغۇ ۋە زەيكەش تۇرمىدە، سەرەڭگە ياغىچىنى سىياغا تەككۈزۈپ موخوركا قەغىزىگە ئۇيغۇرچە «ھۆرمەت بىلەن يوللايمەن سىزگە سالام ئۇلۇغ داھى ماۋجۇشى» دىگەن بىر شىئېرنى يازدىم. ئۇنىڭ بىر كۇپلېتى مۇنداق:

ئاچتىڭىز ھەقىقەت، ئازاتلىق، ئەركىنلىك،
ئەمگەك، بەخت ـ سائادەت يولىنى،
تىترەيدۇ دۇشمەن ئالدىڭىزدا،
ئىنسانىيەت شادىمان!

مەن بىر يۇلتۇز پارقىرغۇچى سىزدىن ئالغان نۇر بىلەن،
كۆرەشكۈچى يولىڭىز ئۈچۈن، سەممى ساپ ئاڭ بىلەن.
بولسىمۇ كۈچلۈك شۇۋرغانى،
يامغۇرى ھەم قار ـ بورانى؛
ھېچقايسىمۇ ئۆچىرەلمەيدۇ،
ياققان چىن مۇھەببەت ئوتىنى!

ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر، ئۆزەمنىڭ ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ھەقلىق ئەمەسمەن، شۇڭا مانا شۇ قاراڭغۇ زىنداندا «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت»نى تۈزۈشكە كىرىشتىم.

قاراڭغۇ تۈرمىدە 68 كۈن ياتقاندىن كېيىن، ئازاپلىنىپ بەك ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىمدىن قاراڭغۇ تۈرمىدىن چىقىرىلدىم. تۈرمىداشلىرىم مېنى كۆرۈپ، چىرايىڭ تامدەك تاتىرىپ، جۇدەپ قورايدەك بولۇپ قېپسەن، پۈتۈن يۈزۈڭنى ساقال ـ بۇرۇت قاپلاپ، گويا باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەن ئادەمدەك بولۇپ قېپسەن، دېدى. ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن 1940 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە، بېشىمنى مىشكاپ بىلەن پۈركەپ، تۆتىنچى تۈرمىدىكى بىر ئەسكى بۇتخانىغا يالاپ ئېلىپ باردى، ئۇ يەردە ماڭا يالغۇز بىر گۇندىپاي قارىدى ھەمدە ماڭا ۋاڭ فۇ دىگەن ئىسىمنى قويۇپ قويدى.

بۇ كىچىككىنە بىر ھويلا ئىدى. مېنى قاماپ قويغان بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىچىدە، تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا زۆرۈر بولغان شارائىت ھازىرلانغان ئىكەن، تۇرمۇشۇممۇ بىرئاز ياخشىلىنىپ قالدى. مەن بۇ زادى يامانلىقنىڭ بېشارىتىمۇ، ياخشىلىقنىڭمۇ، دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم، ج خ باشقارمىسىدىكى بۆلۈم باشلىقى ليۇ بىڭدى

بىرمۇنچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە يېزىلغان خەت-چەكلەر ۋە ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شېڭ شىسەينىڭ ستالىنغا يازغان خېتىمۇ بار ئىكەن، خەتتە ئەۋەتىلگەن كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى تروتسكىچى دەپ قارىلاپ، ستالىننىڭ باشقىدىن ئىشەنچلىك كادىرلارنى ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. يەنە بەزى ئەنزىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنكىدا ئۇرغۇزدى، ئاڭلىشىمچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي لىيۇ بىڭدې يەنە سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئاتاقلىق ئەسىرى «سەن-مىنجۇيى»نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى ئېپكېلىپ، ئۇنى، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئۈچ كىتابچە قىلىشنى تاپشۇردى. ئۇلارنىڭ مېنى تۆتىنچى تۈرمىگە قاماپ قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ چاغدىلا ئېنىق چۈشەندىم.

ئۇ چاغدا، تۆتىنچى تۈرمىنىڭ ھويلىسىدا ج خ باشقارمىسىغا قاراشلىق يېڭىدىن سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىر قاراۋۇل بىناسى بار ئىدى. بۇ يەردىكى قارا خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مەھبۇسلاردىن ئىدى، ئۇلار ئاخبارات ۋە ماتېرىيال رەتلەيتتى. بۇنداق خىزمەتكار مەھبۇسلار (مەسىلەن، شىۋە يى مىڭجېڭ، لياڭ مىڭچۇ قاتارلىقلار)نىڭ ھەممىسى زىيالى ئىدى. بۇ شېڭ شىسەي ئويلاپ چىقارغان ئەپچىل تەدبىر ئىدى. مەھبۇسلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلگەنلىكتىن، ئاخبارات ئاسانلىقچە ئاشكارىلىنىپ قالمايتتى. مەندە ئۆزەمنىڭ مۇشۇ ”ئىككى قەۋەتلىك بىنا“ بىلەن مۇناسىۋىتىم بار-يوقلۇقىنى ئىختىيارىي سوراش ئەركىنلىكى يوق ئىدى. مەن بىر ھويلىنىڭ ئىچىگە يالغۇز قامىلىپ، لىيۇ بىڭدېنىڭ باشقۇرۇشىدا

بولدۇم.

شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن ئەجىر قىلىپ، سۇن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ «سەنمىنجۇيى» دىگەن ئەسىرىنى تولۇق ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم، پۈتۈن كىتاپ ئۈچ قىسىم بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ئۈچ كىتاپچە بولدى، بۇ كىتاپنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىرنەچچە لۇغەت ۋە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە يېزىقتىكى بىرمۇنچە پايدىلىنىش كىتاپلىرىنى شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ماقالا قەغىزى، يەنە ستالىننىڭ «لېنىنىزىم ئاساسلىرى» دىگەن كىتاۋىنىمۇ ئالدۇرۇۋالدىم. مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قاراڭغۇ تۈرمىدە تۈزۈشكە كىرىشكەن «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-رۇسچە لۇغەت»نى تۈيدۇرماي بىر قېتىم تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ چىقتىم.

1944-يىل 4-ئايدا، مەن ئالدىنقى ھويلىغا كۆچۈپ چىقتىم. ئالدىنقى ھويلىدا تۈتىنچى تۈرمىنىڭ باشلىقى دەن بىلەن بۆلۈم باشلىقى جياۋ جىلياڭ ئولتۇراتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار خوجايىن، مەن مەھبۇس ئىدىم. ئارقىدىكى كىچىك ھويلىغا يالغۇز قامىلىپ ياتقان چاغدىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى بالا-چاقىلىرىم بۇ يەرگە مېنى يوقلاپ كەلسە، كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىدىغان بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ياشىنىپ قالغان ئانام مېنى يوقلاپ تۈرمىگە كەلدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، 1942-يىلى سېنى ئېتىۋېتىپتۇ، دىگەن گەپ تارالغان ئىدى. سېنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشۈشنى ئويلىماپتىمەن دىدى. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: سېنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى "ئاسىينىڭ ئائىلە تەۋەسى" دەپ، قابا ناھىيىسىگە سۈرگۈن قىلىۋېتىپتۇ؛ ئايالىم قاتتىق بۇيرۇق بىلەن زايساندىن ۋەتەنگە قايتۇرۇلۇپتۇ؛ ئوغلۇمنىمۇ سوۋېت ئىتتىپا-

پاقىدىكى ئوقۇشىدىن توختىتىپ قويۇپتۇ، ئۇنى ئاۋال ئىلىدىكى كۈرەگە قاماپتۇ، كېيىن قابا ناھىيىسىگە سۈرگۈن قىلىۋېتىپتۇ. 1943 ـ يىلى دادام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىنىپتۇ.

مەن دادامنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق قايغۇردۇم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ مېنىڭ كاساپىتىمگە ئۇچراپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق ئازاپلاندىم. گەرچە مەن يەنىلا تۈرمىدە قامىلىپ ياتقان بولساممۇ، ئەمما ئۆزەمنىڭ يېڭىۋاشتىن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمغا قاتتىق خۇشال بولدۇم.

## شىنجاڭدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مېنىڭ تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىشىم

ئالدىنقى ھويلىغا كۆچۈرۈلۈپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈ- شۈشكە رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. تۈرمىدىكى مۇئامىلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى شۇنىڭدەك ئۇزاق ئۆتمەي تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىشىمنى ۋەزىيەتنىڭ بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1942 ـ يىلى، خەلقارا فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇش جاپا ـ مۇشەققەت- لىك دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. جياڭ جيېشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قولىنى بوشىتىپ زىمىنى

کەڭ ئارقا سەپتە تۇرغان شىڭ شىسەي بىلەن سودىلىشىشقا باشلىدى. ئەسلىدە شىڭ شىسەي گېرمانىيە فاشىستلىرى ئۇكرائىنانى بېسىۋېلىپ، موسكۋاغا يېقىنلىشىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چۈمپەردىسىنى ئاشكارا يىرتىپ تاشلىغان ئىدى؛ جياڭ جيېشىمۇ شىڭ شىسەينى ئۆز يېنىغا تارتىشنى كۈچەيتتى. بۇنىڭدىن ئاۋال، يەنى شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدا، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بەشىنچى ئىنىسى شىجىنى چۇڭچىڭغا جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. كېيىن يەنە شىڭ شىسەي چۇڭچىڭدىكى جۇ شاۋلياڭنى مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تېلېگىرامما ئارقىلىق تەكلىپ قىلدى. كۈزدە، سۇڭ مېيلىڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى ئېلىپ، جۇ شاۋلياڭنىڭ ھەمرالىقىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىڭ شىسەي بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، خوشلىشىش ئالدىدا بىر بىرىگە كاتتا سوغا تەقدىم قىلىشتى، شىڭ شىسەينىڭ قىلغان سوغىسى تېخىمۇ كۆپ بولدى. يىلىنىڭ ئاخىرىدا، جياڭ جيېشى بىرىنچى تۈركۈمدىكى گومىنداڭ ئەزالىرىنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلارغا شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، مۇدىر شىڭ شىسەي (شىڭ شىسەي ئەمدى قۇرۇلىدىغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى)گە مۇتلەق ئىشىنىشنى تاپىلىدى. 1943-يىلى شىڭ شىسەي شەخسەن ئۆزى ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ گومىنداڭنىڭ قوينىغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىككى تەدبىر قوللاندى. بىرىنچى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلق ئاللىقاچان يادىدىن چىقىرىۋەتكەن گومىنداڭنىڭ

تەشۋىقات قوللانمىسىنى قايتا باستۇردى. ئىككىنچى، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قولغا ئالدى ۋە نەزەربەنت قىلدى.

شېڭ شىسەينىڭ تەتۈر يولغا ماڭغانلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، تېخىمۇ زور قوراللىق كۈرەش پارتلىدى. ئون نەچچە يىل "شىنجاڭ پادىشاسى" بولغان شېڭ شىسەي ئەمدى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ گومىنداڭ بىلەن پۇت تېپىشىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1944-يىل 9-ئايدا، چۇڭچىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. شېڭ شىسەي كۆپ يىللاردىن بېرى توپلىغان دۇنياسىنى ئوتتۇز نەچچە يۈك ماشىنىسىغا بېسىپ ئېچكىرىگە يولغا سالدى، ئۆزى بولسا، ئەمەلىي ھوقۇقى يوق مىنىستىر بولۇش ئۈچۈن ئايرۇپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا ماڭدى.

شېڭ شىسەي كەتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىننى ئۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. "سەنمىنجۇيى"نى كۆز-كۆز قىلىدىغان گومىنداڭنىڭ "ئالتە بۈيۈك سىياسەت"نى يولغا قويغان شېڭ شىسەي بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش، ئۆزىنىڭمۇ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ۋۇ جۇڭشىن تەختكە ئولتۇرۇش بىلەنلا ئۈچ ئىش قىلدى: تۈرمىلەرنى تەرتىپكە سالدى، جايلارنى خاتىرجەم قىلدى، خوشنىدارچىلىق-دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئىناقلاشتۇردى، بۇ ئۈچ ئىشنى

شۇ چاغدا كىشىلەر ۋۇ جۇڭشىننىڭ ”شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈچ چارىسى“ دەپ ئاتىغان ئىدى.

تۈرمىلەرنى تەرتىپكە سېلىش دېگىنى، ئىلى قاتارلىق جايلاردا كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي قولغا ئالغان، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەزاسىمۇ بولمىغان، تەكشۈرۈپ قولغا چىقىرۇدەك بىر قىلمىشىمۇ تېپىلمىغان ”مۆتىۋەرلەر“نى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنى قويۇۋېتىش دېگەنلىك ئىدى. شۇ چاغدا ھەقىقەتەن ئارقا-ئارقىدىن بىر قىسىم ئادەملەر قويۇپ بېرىلدى. مېنىڭ تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىشىمۇ مۇشۇ ئەھۋالغا كىرىسە كېرەك.

بۇ يەردە، ئانام مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئېيتىپ بەرگەن يەنە بىر كىچىك قىستۇرما بار. ئائىلەمدىكىلەرنىڭ كۈتۈلمىگەن بىر سورۇندا، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن چىققان گۇاڭ لۇ (شۇە) بىلەن يولۇقۇپ قېپتۇ. ئۇ ئىلىغا قايتىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقان ئىكەن، ئۇ ۋۇ جۇڭشىننىڭ تۈرمىدىن چىققانلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ تۈرمىدىن تېخى چىقمىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ۋۇ جۇڭشىن قوبۇل قىلغاندا ئېيتىپ باقماقچى بوپتۇ. ۋۇ جۇڭشىن گۇاڭ لۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ھەيران بولۇپ: ”بۇرھان تېخى ھاياتمۇ؟“ دەپ سوراپتۇ ھەم شۇ زاماتلا خۇ گوجېنغا تېلېفون بېرىپتۇ، خۇ گوجېن ساقچى باشقارمىسىغا يېڭىدىن باشقارما باشلىقى بولۇپ بارغان ئىكەن، ساقچى باشقارمىسى 1943-يىلنىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ ج خ باشقارمىسىدىن ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىنغان ئىدى.

1944-يىل 11-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۆيدىكىلەر يەنە مېنى يوقلاپ

تۈرمىگە كەلدى. مەن ئۇلار بىلەن تېپچىلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ تۇرغاندا خۇ گوجېن ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كېلىپ: "بۇرھان، سەن بوشۇتۇلدۇڭ، بۈگۈنلا ئۆيىڭگە قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ" دېدى، مەن ۋە يوقلاپ كەلگەن تۇققانلار بۇ تۇيۇقسىز خەۋەرنىڭ راست، يا يالغان ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدۇق. خۇ گوجېننىڭ چىرايىدىن بۇنىڭ يالغان ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتكىنىمگە يەتتە يىل بولۇپ قالغان ئۆيۈمگە شۇ كۈنىلا قايتىپ كەلدىم، ئائىلىدىكىلەر جەم بولۇپ، خۇشاللىققا چۆمدۇق.

ئەتىسى، مەن تۆتىنچى تۈرمىگە بېرىپ، جاۋ جىلياڭنى تېپىپ، ئۆزەمنىڭ كىتابلىرىمنى، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى ۋە كۈندىلىك خاتىرىلىرىمنى ئالدىم. جاۋ جىلياڭ ناھايىتى سىرلىق قىياپەتتە: "سىز ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسىز! شېڭ شىسەي كېتىش ئالدىدا ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئىككى قېتىمدىلا ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنغان تېلېفون كەلمەي، قايتىپ كەتتى. راست، سىز تەلەيلىك ئىكەنسىز" دېدى. ئۇ يەنە ماڭا، لىۋ بىڭدې سىزگە كۆپرەك نەرسىلەرنى تەرجىمە قىلدۇرۇۋېلىپ ئۆزى كۆپرەك شۆھرەت ۋە مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سىزگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى ئەتەي قايتا ـ قايتا كېچىكتۈردى، دېدى. مەن لىۋ بىڭدېنىڭ شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇغىغا قارشى چىقالايدىغان ـ چىقالمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما مەن تۈرمىدە تەرجىمە قىلغان سۇن جۇڭشەننىڭ «سەنمىنجۇيى» دېگەن كىتاۋى لىۋ بىڭدېنىڭ نامىدا چىققان، ھەم ئۇ ھەقىقەتەن نەچچە ئون مىڭ يۈەن قەلەم ھەققى ئالغان. بۇنى مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنلا بىلدىم. لىۋ بىڭدې كېيىن ئىلىنىڭ

ۋالىسى بولغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ پارتىزانلىرى ئۇنى غۇلجىنىڭ كوچىسىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، سىڭلىمنىڭ ئېرى خەيدەر (تاتار)نىڭ شىنىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1943 ـ يىلى تۈرمىدە كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن قايغۇ ئىچىدە خەۋەر تاپتىم. تۈرمىگە قارىغۇچىلار بۇنى ئائىلىسىگە ئېيتماي، سىڭلىم ئېلىپ بارغان كىيىم ـ كېچەك بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئادەتتىكىدەك ئېلىۋېرىپتۇ. خەيدەرنىڭ ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن ئوغلى رۇستەم 1943 ـ يىلى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلاردا، ئىدىيە جەھەتتە ئېتىك بولۇپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ شېئىر ۋە تەشۋىق ۋاراقلىرىنى يازغان، بۇنى ئەكبەر (يەنى ئاشۇرىن كېيىن ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان) چېقىپ قويغانلىقتىن، ئۇ بىرقانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنغان. مېنىڭ بۇ جيەنىم تۈرمىدە بەدىنىگە قومۇش مىخ قېقىش، داغماللاشقا ئوخشاش خىلمۇ ـ خىل جازالارغا ئۇچراپ، ئاخىر ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن.

مەن يەنە بەزى قەدىناس ئاغىنىلىرىمنىڭ، مەسىلەن، تاھىربەگ، شەرىپخان، يۇ ۋېنبىن (يۇنۇسبەگ) قاتارلىقلارنىڭمۇ تۈرمىدە قۇربان بولغانلىقىدىن قايغۇ ئىچىدە خەۋەر تاپتىم. شەرىپخان قاۋۇل ـ بەستلىك ئادەم ئىدى، سوراق قىلىغاندا، قارشىلىق بىلدۈرۈپتۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلاردىنمۇ ۋەھشى بولغان جاللاتلار قوللىرىغا پىچاق ئېلىپ، ئۇنىڭ تېنىنى بىر توغرام ـ بىر توغرامدىن كېسىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

مەن يەنە پارتىيىمىز شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن

مۇنەۋۋەر رەھبەرىي كادىرلاردىن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ 1943 ـ يىلى كۈز پەسلىدە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىگىدىن، يولداش يۇ شيۇسۇڭنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىگىدىن خەۋەردار بولدۇم.

شىڭ شىسەي تۇرغۇنلىغان ئىرادىلىك ئىنقىلاپچىلارنى، ئالغا ئىنتىلگەن، يورۇقلۇققا تەشنا بولغان تۇرغۇنلىغان ياشلارنى، تالاي ـ تالاي بىگۇنا خەلقلەرنى قىرىپ تاشلىدى!

ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ قېنى بىكار كەتمەيدۇ!

# گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر

## ئۈرۈمچىگە ۋالىي بولۇشۇم

يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، مەن 1944-يىل 11-ئاينىڭ 28-كۈنى تۈرمىدىن چىقتىم. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، تۈرلۈك خەۋەرلەر ئۈزلۈكسىز قۇلىقىمغا كىرىپ تۇردى، بۇ خەۋەرلەرنىڭ ئىچىدە ئىلى خەلقىنىڭ قوراللىق ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنىڭ پارتلىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر مېنى ھەممىدىن بەك خوشال قىلدى. بۇ كۈرەش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە پارتلاپ، پۈتكۈل ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ قوراللىق كۈرەش تېزلا ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت (شىنجاڭ بويىچە ئون ۋىلايەت بار ئىدى)كە يېيىلدى، ئازاتلىقتىن كېيىن "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى" دەپ ئاتالدى. ئەمما شۇ چاغلاردا كۈرەشنىڭ پۈتكۈل ھەقىقىي ئەھۋالىنى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرى بىلمەيتتى، گېزىتلەردىمۇ بۇ ھەقتە پەقەت بىر نەرسە دېيىلمىدى، كېيىنكى كۈنلەردە "غۇلجا ۋەقەسى" دەپ ئاتالدى. غۇلجا بىر ناھىيە ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتتە پارتلىغان خەلق قوراللىق كۈرىشىنى بىر ناھىيىدە بولغان "ۋەقە" دەپ ئاتاش شۇ چاغدىكى

هۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىنى ئالداشتا قوللانغان نەي-
رىڭى ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى خىلمۇ-خىل تەتۈرلىكلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق نارازىلىغىنى قوزغىدى، ئۇ يەردە-بۇ يەردە كۆتىرىلگەن قوراللىق كۈرەشلەر، ئالدى بىلەن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پارتلىدى. چارۋىچىلارنىڭ قولىدا قورال بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى "قورال-ياراقلارنى ئېنىقلاش" ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. قورال-ياراقلارنى ئېنىقلاش-يىغىۋېلىش چارۋىچىلارنىڭ ئادەتتىكى چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ۋە نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، چارۋىچىلارنىڭ قارشىلىغىنى قوزغىدى. ئالتايدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ كۈرىشى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشتى. 1943-يىل 3-ئايدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى چارۋىچىلارنىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ئون مىڭ ئات بېرىشى، ئات بەرمىگەنلەرنىڭ ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن باھا (بازار باھاسىدىن يېرىم ھەسسە يۇقۇرى) بويىچە نەق پۇل تاپشۇرۇشى ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى. بۇنىڭ چارۋىچىلار كۈرىشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا سەۋەپ بولۇشى شەك-شۈبھىسىز ئىدى. شۇ چاغدىكى ئىلىدىكى مەخپىي تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلات مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئاممىنى قوراللىق كۈرەش قوزغاشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1944-يىل 8-ئايدا نىلقا ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلىق رايونىدا تۇنجى مىلتىق ئاۋازى ياڭراپ، قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ سانى تېزدىن كۆپىيىپ مىڭدىن ئاشتى، ئۇلار 11-ئايدا غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىغىنى ئېلان قىلدى. 1945-يىل 1-ئايغا كەل-

گەندە، گومنداڭنىڭ غۇلجىدىكى كۇچلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

ۋۇ جۇڭشىننىڭ "تۈرمىنى تەرتىپكە سېلىپ" بەزى "مۆتىۋەرلەر"نى قويۇپ بەرگەنلىكى دەل ئىلى خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن قوللانغان ۋاقىتلىق تەدبىر ئىدى. ئۇلار مېنى قويۇۋېتىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى، لېكىن مېنىڭ ئەتراپىمغا بىرمۇنچە ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەخسۇس مېنى نازارەت قىلدۇردى. مەن مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە شارائىتتا ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر بولدۇم.

تۈرمىدىن چىققان دەسلەپكى چاغدا، ئازاپلىنىپ ئاجىزلاپ كەتكەن سالامەتلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئويلىنىشقا چولام تەگمىدى. بىر كۈنى، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇ گوجېن مېنى ئىزدەپ كېلىپ: "سىزنى ساقچى باشقارمىسى تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدۇق، تېزدىن ئىشقا بېرىڭ!" دېدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلگەن ئاشۇ بىر تۈركۈم زاتلارنىڭ ئىچىدە ما لياڭجۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ليۇ ۋېنلۇڭ گومنداڭ سىياسى ئىشلار كېڭىشىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ تەيىنلىنىپتۇ. بۇنىڭ ئۆزى ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نوختىلاشتا قوللانغان ۋاستىسى ئىدى، شۇنداقلا تۈرمىدىن چىققان ئاتالمىش "مۆتىۋەرلەر"گە بەرگەن "تەسەللىسى" ئىدى. خۇ گوجېن بىۋاستە نازارەت قىلىش ۋە تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، مېنى ئۆز يېنىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، كېيىن پارتىيىدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن لياڭ مىڭچۇ ئىدى، بىرىنچى

مۇئاۋىن مۇدىرى 1933 - يىلدىن باشلاپ مېنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان ئەكبەر (ئاشۇرېن) ئىدى. مەن مۇشۇنداق بىرنىمىلەر بىلەن بىللە خىزمەت قىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ئىچىمدە قاتتىق نارازى بولدۇم. شۇڭا، لياڭ مىڭچۇ ماڭا جياڭ جېيشىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتاۋىنى تەرجىمە قىلىشقا بەرگەندىن كېيىن، ئىككى ئايدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ قولغا ئالمىدىم.

بېشىم تازا قېتىپ يۈرگەن چاغدا، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەي مېنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، مېنى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلىگەن بىر ماندات بەردى. شۇ چاغدا، مەن مەيلى قانداق خىزمەت قىلسامۇ، پەقەت ساقچى باشقارمىسىنىڭ تەرجىمە بۆلۈمىدەك ئەسكى يەردىن قۇتۇلساملا ئىنتايىن خوشال بولاتتىم. ماندااتىنى قولۇمغا ئېلىپ، خۇددى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم - دە، خوشاللىقتا: "ئەتىلا خىزمەتكە چۈشەي" دېدىم.

ساقچى باشقارمىسىغا بېرىپ، خۇ گوجېن بىلەن خەيرلىشىپ: "مېنى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قىلىپ تەيىنلىدى، ئەتىدىن باشلاپ ئىچكى ئىشلار نازارىتىغا بېرىپ ئىشلەيدىغان بولدۇم" دېدىم. خۇ گوجېن دەرھال ھەيران قېلىپ ئۆكسۈلى يوقلا: "مەن خەۋەر تاپماپتىمەنغۇ؟" دەپ سورىدى. ئۇ مېنىڭ ئىچكى ئىشلار نازارىتىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشىمغا نارازى ئىدى.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنى ناھايىتى تېز جۇش ئۇرۇپ ئەۋج ئالدى. مەن بۇ ئىنقىلاپقا ھېسداشلىق قىلاتتىم، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقۇم كېلىپ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلدىم، مەن كۆپلىگەن ياشلارنىڭ ئىشسىز

يۈرگەنلىگىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ناھايىتى ئىچىم ئاغرىپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ بىرەر مىللىي ياشلار كۇرسى ئاچماقچى بولدۇم. مەن تۇرمىدىكى چېغىمدا سۇن جۇڭشەننىڭ «سەنمىنجۇيى» دېگەن كىتاۋىنى تەرجىمە قىلغان ئىدىم، بۇ كىتاپچىدا ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ـ خەلقنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا بىرمۇنچە داۋلىلار سۆزلەنگەن ئىدى، ئاشۇ داۋلىلار ئارقىلىق ياشلارنى تەربىيىلەپ، يەنە ئۇلارغا دۇنيا ۋەزىيىتىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىغا سەنمىنجۇيىنى سۆزلەپ بېرىشنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭمۇ ئەيىپلەشكە ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەيگە: ”بىز كۇرس ئېچىپ، ئىشسىز قالغان ياشلارنى تەربىيىلەپ، ئاندىن ئۇلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرساق، قانداق بولار؟“ دەپ تەكلىپ قويدۇم. دېڭ شياڭخەي سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ: ”بۇ ناھايىتى ئوبدان چارە بوپتۇ، ئەمما بۇنى رەئىس ۋۇ جۇڭشىنغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ يوليورۇغىنى ئالساق بولدۇ“ دېدى. ئەتىسى ئۇ ماڭا رەئىس ۋۇ جۇڭشىن بۇنىڭغا قوشۇلدى، ئەمدى بۇ ئىشقا تېزدىن تۇتۇش قىلىڭ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ياشلارنى يىغدىم، تەخمىنەن 40 تىن ئارتۇق ياش تىزىمغا ئالدۇردى. ”مىللىي ياشلار كۇرسى“ تېزلا ئېچىلدى، مەن بۇ ياشلارنى بىر ـ ئىككى ئاي تەربىيىلىگەندىن كېيىن، ناھىيىلەرگە خىزمەتكە ئەۋەتمەكچى بولدۇم. دېڭ شياڭخەي بۇ ياشلار بىلەن كۆرۈشتى، مەن ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ ۋۇ جۇڭشىن بىلەنمۇ كۆرۈشتۈردۈم. ۋۇ جۇڭشىن سۆز قىلىپ، ئۇلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى، كەلگۈسىدە ئۇلارنى

خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماقۇل بولدى. ۋۇ جۇڭشىن تېخى بۇ ياشلارغا ئوبدان ياردەم بېرىشىمنى ئالاھىدە تاپشۇردى.

ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن، كۇرس ئېچىلا ـ ئېچىلمايلا، مېنى ئىچكى ئىشلار نازارىتىدىن يۆتكىۋەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەن ئىشقا بارسام، نازىر دېڭ شياڭخەي ماڭا بىر پارچە ماندات بەردى. قارىسام، مېنى ئۈرۈمچىگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىكەن. مەن بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، دېڭ شياڭخەيدىن: ”تۈنۈگۈن بۈگۈندىن قىلچە خەۋەر يوق ئىدىغۇ، نىمە ئۈچۈن بۇ ئىش شۇنداق ئۇشتۇمتۇت بولۇپ قالدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋالى مەھكىمىسىمۇ يوق تۇرسا، مەن نەگە بېرىپ ئىشلەيمەن؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: ”بۇ ئىش تۈنۈگۈن ئاخشاملا بەلگىلەندى، ئىشلەيدىغان ئورۇن بولمىسا، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ بىرەر مەجلىسخانىسىنى ئىشخانا قىلىپ ئىشلەپ تۇرۇڭ!“ دەپ جاۋاپ بەردى. دېڭ شياڭخەي مېنىڭ ئۈنچىقماي جىمجىت تۇرغانلىغىمنى كۆرۈپ، گويا مېنىڭ نىمىنى ئويلاۋاتقىنىمنى چۈشەنگەندەك: ”كۇرسنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئورنىڭىزغا ھاشىم قۇربان كېلىپ ئىشلەيدىغان بولدى“ دىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن سالتاڭ ”ۋالى“ بولدۇم. كېيىن، يەنە جېڭ گوچېڭ دىگەن ئادەمنى مۇئاۋىن ۋالى، سۇ ليەنخې دىگەن ئادەمنى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىغى قىلىپ ئەۋەتتى، بۇلار مېنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى.

ھاشىم قۇربان گومىنداڭنىڭ ئەزاسى ئىدى، ئۇ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولدى. ئۇنىڭ قېيىنئاغىسى ھاجى ياقۇپ كۇرسقا قاتنىشىش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرغان ئىدى، ئىككىمىز-نىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئاستا كېلىپ

سىزنىڭ ئىچكى ئىشلار نازارىتىدىن يۆتكىلىپ كېتىشىڭىزنىڭ سىرىنى سىڭلىمنىڭ ئېرىدىن ئۇقۇپ كەلدىم، دېدى. ئەسلىدە، ئەكبەر تۆھپىكار بولۇش ئۈچۈن، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇ گوجېنغا: "بۇرھاننىڭ كۇرسىنى ئېچىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى ئىلى تەرەپ (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى دېمەكچى)كە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ بېرىش ئىكەن، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك" دەپ مەلۇم قىپتۇ. خۇ گوجېن بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران بولۇپ، دەرھال ئەكبەرنى باشلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ۋۇ جۇڭشىن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەكبەرنى قالتىس ماختاپ، ئارقىدىن ئۇنىڭغا 20 مىڭ يۈەن پۇل مۇكاپات بېرىپتۇ ھەمدە مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى كۆپرەك ئىنكاس قىلىپ تۇرۇشنى تاپشۇرۇپتۇ. ۋۇ جۇڭشىن مېنىڭ مەخپىي پىلانىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەقسىدىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمغا يول قويمايدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا دەرھال مېنى ئېتى ئۇلۇغ، سۈپۈرسى قۇرۇق "ۋالى" قىلىشنى قارار قىپتۇ.

ئۈرۈمچى ۋالى مەھكىمىسى ئەتەي مەن ئۈچۈنلا قۇرۇلغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان بىر ئورگان ئىدى. مەن ئاۋال ئىچكى ئىشلار نازارىتىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي ئېلىپ، "ئىشلەپ تۇردۇم"، ئىككى ئايدىن كېيىن، بۇرۇنقى ۋالى مەھكىمە-سىنى قايتۇرۇۋالدىم. ئەكبەر مېنىڭ ياشلارنى تەربىيىلەشتىكى مەقسە-دىمنى بىلىۋالغان ۋە مەن ئاچقان كۇرسنى رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ تارقىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ياشلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى يوقىتالمايتتى. بۇ كۇرستا ئوقۇغان بىرمۇنچە ياشلار كېيىنكى كۈنلەردە، يوشۇرۇن ھالدا بىرلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىن يەتتە

ۋىلايەتتىكە ئەۋەتىلگەن گېزىت، ژورنال ۋە تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ماسلىشىپ نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى.

ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيلىقى پۈتۈنلەي قۇرۇق مەنسەپ ئىدى، كۆڭۈل بويىچە قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا، بايان قىلىپ بەرگۈدەك ھېچنەمە يوق، بىراق تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدىغان بىر ئىش بار. ئۈرۈمچى-نىڭ جەنۇبىدىكى تىيانشان تېغىنىڭ ئېتىكى مۇنبەت گۈزەل يايلاق بولۇپ، بۇ يەردە نۇرغۇن قازاق چارۋىچىلىرى ياشايتتى. يايلاق بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەر خۇيزۇ ۋە خەنزۇ دىخانلىرى ئاچقان ئېكىنزارلىق ئىدى. ئادەتتە بۇ يەر نەنسەن دەپ ئاتىلاتتى. ئالتايدىكى باندىتلارنىڭ ئاتامانى ئوسمان بىر-ئىككى يۈز ئادەم توپلاپ، دائىم نەنسەنگە كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مال-مۈلكىنى، چارۋا ماللىرىنى بۇلاپ-تالايتتى، شۇنداقلا خەنزۇ دىخان-لارنى قىرىپ-چېپىشتەك ۋەقەلەرنىمۇ تۇغدۇرغان ئىدى. بۇنى توسماي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدىغان بولسا، جەزمەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، غايەت زور ۋەقە تۇغۇلاتتى. مەن قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نەنسەننىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە نەنسەندىكى قازاق خەلقى ئارىسىدا بىرەر يۈز كىشىلىك قوغدىنىش ئەترىدى قۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەردىم. بىراق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ماڭا ئىشەنمەي، بۇنىڭدا باشقا غەرەز بار دەپ، مېنىڭ تەكلىۋىمنى رەت قىلدى. مەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ نەنسەندە تۇرۇشلۇق بىر ئارقا سەپ تەمىنات ئورگىنىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، بۇ ئورۇننىڭمۇ باندىتلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا تەمىنات

ئىدارىسىنىڭ لىۋ يەمىلىلىك باشلىغىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە ئۆز نامىدا تەكلىپ بېرىشىنى ئۆتۈندىم. شۇنداق قىلىپ، ھۆكۈمەت نەنسەندە 80 كىشىلىك، دۇڭشەندە 20 كىشىلىك قوغدىنىش ئەترىدى قۇرۇشقا قوشۇلدى.

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، مەن قورال ـ ياراق ئېلىپ نەنسەنگە بېرىپ، سىدىق زالىنىڭ باشچىلىقىدا بىر قوغدىنىش ئەترىدى تەشكىل قىلدىم، مىلتىق تارقىتىپ بېرىلگەن ۋاقىتتا، ئۇلار نەنسەننىڭ تېچ ـ ئامانلىقىنى قەتئىي قوغدايمىز، ئەسكى ئىش قىلمايمىز، دەپ قەسەم بەردى. مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئەتىسىلا بىر دوكلات تاپشۇرۇۋالدىم، دوكلاتتا: "تۇجۇەندىن 120 دىن ئارتۇق باندىت چىقىپ نەنسەندە بۇلاڭچىلىق قىلدى، ئۇلار ئارقا سەپ تەمىنات ئورنىنىڭ قويلىرىنىمۇ بۇلىماقچى بولدى. ھىلىمۇ ياخشى، قوغدىنىش ئەترىدىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا، ئۇلار چېكىنىپ كەتتى. تېخى، ئۇلارنىڭ ئاتامانى كۆكەنباي ۋە ئۈچ باندىت ئەسىر ئېلىندى، ئۇنىڭ بىرى ئېغىر يارىدار بولدى" دېيىلگەن. مەن دەرھال ماشىنا بىلەن تاققا بېرىپ كۆكەنباينى سوراققا تارتتىم، ئۇنىڭدىن: "سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلەر؟ كىم ئەۋەتتى؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "بىزنى قۇتۇبى تېغىدىكى كۆكسەگەن ئەۋەتتى" دەپ جاۋاپ بەردى. كۆكسەگەننىڭ چوڭ چارۋىدار ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، مەن نەنسەندىكى ئاقساقاللارنى چاقىرىپ كېلىپ مەسلىھەتلىشىشكە ئادەم ئەۋەتتىم. ھەممىدە بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان ئون ئىككى ئائىلىدىن ھال سورىدىم. ئاقساقاللار تۆگەل كېلىپ بولغاندىن كېيىن، قازاقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە قۇتۇبىدىكى كۆكسەگەننىڭ قېشىغا بۇلاپ كەتكەن مال ـ ۋارانلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ئۈچ ـ

تۆت ۋەكىل ئەۋەتتىم.

مەن ئەسىرگە چۈشكەن كۆكەنباي بىلەن باندىت ئەسكەرلەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتتىم. ئەگەر ئۇلار باندىت دېيىلسە، جەزمەن ئېتىپ تاشلىناتتى، تاغدىكى قازاقلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئېتىلغانلىقىنى كۆرسە، جېدەل تېرىماي قويمايتتى، شۇڭا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نامىدىن ئۇلارنى ناھىيىگە ئېلىپ بېرىپ، بىر مەزگىل قاماپ قويۇش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئىشنى ۋۇ جۇڭشىنگە دوكلات قىلدىم. ئۇ دوكلادىمنى ئاڭلاپ: "نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىمىدىڭلار!" دەپ، ناھايىتى ئاچچىقلاندى. مەن ئۈندىمەي تۇرۇۋالدىم. كېيىن نەنسەندىكى قازاقلارنىڭ ۋەكىلى قۇتۇبىغا بېرىپ، بۇلاپ كېتىلگەن نەرسىلەرنى تۈگەل قايتۇرۇپ كەلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى جاڭ جىجۇڭ جياڭجۈننىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بولغان تېنچلىق سۆھبىتىگە يېقىندىن نەزەر سېلىش بىلەنلا بولۇپ، كۆكەنباي قاتارلىق ئادەملەرنىڭ قاماقتا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. مەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نامىدىن ئۇلارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارغا: "سىلەر كەمبەغەللەر، چارۋىدارغا ئالدىنىپ قېپسىلەر، بۇلاڭ-تالاڭچىلىق بىلەن ياخشى كۈن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. سىلەر بۈگۈن بېرىپ باشقىلارنى بۇلىساڭلار، ئەتە باشقىلار كېلىپ سىلەرنى بۇلايدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا، ھېچقايسىڭلار خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلمەيسىلەر. سىلەر قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تېنچ يۈرۈڭلەر، ئىككىنچى ئالدانماڭلار" دېدىم. ئۇلارغا بىرمۇنچە گەپ-سۆز قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قويۇپ بەردۇق. ئۇلار خۇشال بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆكەنباينىڭ يامان

ئىش قىلغانلىغىنى ئىككىنچىلەپ ئاڭلىمىدىم. شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولغان كۈنلەردە، ئۇ بىرمۇنچە پايدىلىق ئىشلارنىمۇ قىلدى.

ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتى ھەم مېنى ئىشلىتەتتى، ھەم ماڭا ئىشەنمەيتتى. مەن ئىزچىل رەۋىشتە ئىشپىيونلۇق تورگىنىنىڭ قاتتىق كۆزىتىپ بېرىشى ئاستىدا بولۇپ كەلدىم. ھېلىمۇ ئېسىمدىكى، 1945 ـ يىلى بىر كۈنى تۈن كېچىدە، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتۇق، ئۇشتۇمتۇت 5 ـ 6 ساقچى ئۇسۇپ كىرىپ كېلىپ، بىزنى قوپاللىق بىلەن ئورنىمىزدىن تۇرغۇزۇپ، يوتقانلارنى ئېچىۋې- تىپ بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاچچىغىم كېلىپ ئۇلارغا: "سىلەر نېمە قىلماقچىسىلەر؟ مەن ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىسى بولىمەن! سىلەرنىڭ بۇنداق يولسىزلىق قىلىشقا نېمە ھەققىڭلار بار؟" دەپ ۋاقىرىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆزەينەك تاقىغان بىر ئەبلەخ: "بىلمىمىز" دېدى. ئۇلار ئىچكىرى ـ تاشقىرىنى ئاختۇرۇپ ھېچنەرسە تاپالماي، تېخى يېڭىلا تاغدىن كەلگەن قىنىمائاتام بىلەن ئوغلۇم نۇسرەتنى ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۆزەم ساقچى ئىدارىسىگە بېرىۋىدىم، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇغەمبەرلىك بىلەن: "ئوقۇشماسلىق بولۇپتۇ، ئوقۇشماسلىق بولۇپتۇ" دېدى. مەن قىنىمائاتام بىلەن ئوغلۇمنى ئېلىپ، غەزەپ بىلەن قايتىپ كەتتىم، كۆڭلۈم ئۇزاققىچە تىنچىمىدى.

# تېچلىق سۆھبىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە

## ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى

مەن، ئىلىدا 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈ-

مەت قۇرۇلۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەنلىكىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇم. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى "شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى" دەپ ئاتىغانلىغى كىشىنى ئەنسىزلىككە سالدى. "شەرقىي تۈركىستان" دىگەن نام 19 ـ ئەسىردە، دۇنيادىكى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ـ نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇستەملىكىچىلىك ـ تاجاۋۇزچىلىق ھەركەت ـ لىرىنى ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئىدى. شۇ چاغدا، غەرپ مۇستەملىكىچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭ رايونىنى بىراقلا "تۈركىستان" دەپ ئاتىغان ھەمدە زەرەپشان دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى رايونلارنى "غەربىي تۈركىستان"، شەرقىي تەرىپىدىكى رايونلارنى "شەرقىي تۈركىستان" دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ ئىسىملاردا پۈتۈنلەي تىل ۋە جۇغراپىيىۋى ئۇقۇملار چىقىش نۇقتا قىلىناتتى. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، جاھانگىر تاجاۋۇز ـ چىلار شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە بۆلگۈن ـ چىلىك سالدى. 1933 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر مەھەل "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ كېلىپ چىقىشى دەل ئەنە شۇنىڭ بىر ئەمىلىي مىسالى. ئەمدى ئىلىدىكى ئىنقىلاپچىلارنىڭمۇ "شەرقىي تۈركىستان" دىگەن ۋىۋىسكىنى كۆتىرىپ چىقىشى مېنى ئەھۋال مۇرەككەپلىشىپتۇ، دىگەن ھىسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپلا، ئىچكى ئىشلار نازارىتى، تەپتىش نازارىتى، يۇقۇرى سوت مەھكىمىسى، مالىيە نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، دىنىي ئىشلار نازارىتى، ھەربىي تەمىنات ئىدارىسى، ترانسپورت ئىدارىسىگە ئوخشاش ئورگانلارنى قۇردى. ئىلىخانتۆرە، ھاكىمبەگ خوجا، ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ـ

هاجى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، ئابـدۇكېرىم ئابـباسوۋ، خەبىر بورنا-
شوۋ، ئەنۋەر مۇساباييوۋلار ھۆكۈمەتنىڭ ھەيـئەت ئەزاسى بولـدى.
ئىلخانتۆرە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، ھاكىمبەگ خوجا مۇئاۋىـن رەئىسى
بولۇپ سايلاندى. ئىلخانتۆرە دىـنىي ئۆلـىما، ئۆزبەك، 60 نەچچە
ياشـقا كىرگەن، شىڭ شـىـسەي دەۋرىـدە، بىرنەچچە يىل تۈرمىدە
يېتىپ، 1943 - يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، غۇلجىدا سودىگەر-
چىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە مۇدەرسلىك قىلغان. ھاكىمبەگ خوجا
ئۇيغۇر، 70 نەچچە ياشـقا كىرگەن، ياش ۋاقتىدا ئىلىدىكى شىنخەي
ئىنقىلاۋى قوراللىق قوزغىلىڭىنى قوللىغان، ئەمـما كېيىنكى چاغلاردا
ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئىنتايىن مۇتەئەسسىپلىشىپ كەتكەن.

شۇ چاغدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئۈچ خىل تەركىپـتىـكى كىشىلەر
قاتناشقان. بىرىنچىسى، ئاساسەن، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم
ئابـباسوۋلار ۋەكىلـلىك قىلىدىغان ئىنقىـلاۋىي ئاڭـغا ۋە باشلانغۇچ
كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە بولغان كىشىلەر؛ ئىككىنچىسى، ئاساسەن،
ئەنۋەر مۇساباييوۋ بىلەن رەھىمـجان سابىرھـاجى قاتارلـىق كىشىلەر
ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇرژۇئا كۆزقارىشىدىكى كىشىلەر؛ ئۈچىنچىسى،
ئاساسەن، ئىلخانتۆرە بىلەن ھاكىمبەگ خوجا قاتارلـىق كىشىلەر ۋە-
كىللىك قىلىدىغان فېئودال دىنىي تەبىقىدىكى كىشىلەر. بۇ ۋاقىتلىق
ھۆكۈمەتـتە گومىنداڭـنىڭ دەھـشەتـلىك زۇلـمىغا قارشى تۇرۇش،
گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەل - تۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاشـتەك
ئاساسىي ئېقىممۇ بار ئىدى، ۋەتەندىن ئايرىلىش، خەنزۇلارغا ئۆچمەن-
لىك قىلىشتەك خاتالىقلارمۇ بار ئىدى. ئىلخانتۆرە بىر نۇتقىدا "شىن-
جاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى" دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى "سەپسەتە"
دەپ سۆكـۈپ، "شەرقىـي تۈركـىستان بىزنىڭ ۋەتـىنـىمىز" دەپ

ئەرغىپ قىلغان. راست گېپىمنى ئېيتسام، شۇ چاغدا، مەن ھەقىقەتەن قاتتىق ئەنسىرەپ، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەندىشە قىلغان ئىدىم.

ھىلىمۇ ئېسىمدىكى، بىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كونسۇلى يېۋسېيېۋ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. بارسام، ئۇ يەردە مەن تونۇمايدىغان سوۋېتـ لىك بىر ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ بىلەن ئېچىلىق سورىشىپ، تۇساتتىنلا: "ئىلى ئىنقىلاۋى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇردى، سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايـ سىز؟" دەپ سورىدى. مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن: "مەن ئىلى ئىنقىلاۋىنى قەتئىي قوللايمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا قوشۇلمايمەن" دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ ئادەم مېنىڭ بۇ كۆزقارىشىمنى يا مۇقىملاشتۇرمىدى، يا ئىنكار قىلمىدى. شۇ چاغدا، مەن ئۈچ ۋىلايەتتىكى قوراللىق كۈرەشنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغانـ لىقى شەك ـ شۈبھىسىز ئىكەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك خادىملىرىنىڭمۇ ئۈچ ۋىلايەت كۈرىشىگە تۈرلۈك قاراش ۋە مۆلچەردە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. كېيىن، يېۋسېيېۋ ماڭا: "سىزنىڭ قارـ شىڭىز توغرا" دىگەن ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم نۇقتىئـ نەزىرىنى قوبۇل قىلغان بىر قىسىم رەھبەرلەر كېيىنكى چاغلاردا پەيـ دىن ـ پەي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنى ئىگەللەپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى ھەمدە دەسلەپكى دەۋرلەردىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەنـ دىكى ئەنسىزلىك بارا ـ بارا يوقالدى. ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرغان

چاغلاردا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك يادروسىدىمۇ ئوخشاشلا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇپ تۇردى. كۈرەش ئەۋج ئالماقتا ئىدى. كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز قوشۇنىنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولىدىغان توسالغۇلارنى ھەمىشە تازىلاپ تۇرۇش كېرەك ئىدى. "شەرقىي تۈركىستان" دىگەن بايراق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن تېپىلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشى ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، ئاستا-ئاستا تاشلىنىپ قالدى.

## تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇرۇش ئوتلىرى

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى يەنىلا قورالىق كۈرەش بولدى. 1945-يىل 4-ئاينىڭ 8-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تارقاق پارتىزانلار ئەترىدىدىكى ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى تەشكىللەپ "مىللى ئارمىيە" قۇردى. ئار-قىدىنلا، ئۈچ يولغا بۆلىنىپ يۈرۈش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، 5-ئايدىن باشلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەيۋەتلىك ھەربى ھۇجۇمغا ئۆتتى.

شىمالغا قاراپ شىددەت بىلەن يۈرۈش قىلغان قوشۇن 6-ئايدا دۆربىلجىننى ئېلىپ، 7-ئايدا ئۇدۇل چۆچەككە تۇتۇش قىلدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقنىڭ ماسلىشىپ قىستاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، 9-ئايدا ئالتاينى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى بىر بىرىگە

تۇتىشىپ كەتتى.

ئوتتۇرا يولدىكى زور قوشۇن چاقماق تېزلىكىدە، 9 ـ ئايدا شىخۇ، جىڭ ناھىيىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئايرۇپىلان، ئېغىر زەمبىرەك، كۈيدۈرگۈچ بومبىلار بىلەن كېچە ـ كۈندۈز شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگەل يوقاتتى. مىللىي ئارمىيە غەلىبىسىرى ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، توپتوغرا ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ باردى. ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى. ئاغزى ـ بۇرنى قانْ بولغان گومىنداڭ ئارمىيىسى ماناس كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە بەدەر قاچتى. "مىللىي ئارمىيە" ماناسقا كېلىپ تۇردى.

جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلغان "مىللىي ئارمىيە" قوشۇنى نىشانىنىڭ ئىگىز ھەم خەتەرلىك داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاقسۇنى ئىككى قېتىم قورشىۋېلىپ، باي بىلەن ۋېنسۇ ناھىيىلىرىنى ئىككى نۆۋەت ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گەنسۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئەتراپىدىكى پارتىزانلار ئەترىدىمۇ جانلىنىپ كەتتى، ئۇلار تۇرپان، پىچان، توخسۇن قاتارلىق جايلار (بۇ جايلار بىر بىرىگە قوشۇلۇپ گومىنداڭنىڭ ھەربى تەمىنات يەتكۈزۈش لىنىيىسى ئىدى)غا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنى دەككەـ دۈككىدە قالدۇردى.

شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، تاشقورغاندا قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. گومىنداڭنىڭ قاتتىق بېسىم سىياستى تاشقورغاندىكى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. بۇ يەردىكى تاجىك ۋە قىرغىز خەلقى ئىككى يۈز نەچچە

كىشىلىك قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى تەشكىللەپ، گومىنداڭنىڭ تاشقورغان، تاگارما، سۇبېشى ۋە بۇلۇڭكۆل قاتارلىق تۆت يەردىكى ھەربى پونكىتىغا ھۇجۇم قىلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تاشقورغاننىڭ ھەممە يېرىنى ئىشغال قىلىپ، ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت — تاشقورغان ۋالى مەھكىمىسىنى قۇردى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، يېڭىسار، ئاقتۇ ناھىيىلىرىنى ئالدى ھەمدە قەشقەر، يەركەن، يېڭىشەھەر، قاغىلىق، پوسكاملارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كېڭىيىپ ئادىمى ئىككى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قەشقەر، ئاقسۇ ۋە خوتەن تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچى ئازلىق قىلغانلىقتىن، يەركەندىكى قوسراپ تاغلىق رايونىغا چېكىنىپ بېرىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، قايتىدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلاندى.

1945-يىلى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداۋاتقان بىر يىل بولدى. گومىنداڭ بېسىپ ياتقان ئۈرۈمچى مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقتىن، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ماڭدۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. شۇ چاغدا، ئۈچ ۋىلايەت توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى خەقنىڭ ئاغزىدىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلخانىسىدىن ئۇقۇپ تۇراتتىم. شۇ مەزگىللەردىكى ئاساسلىق گېزىت (يەنى «شىنجاڭ گېزىتى») بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى زادىلا باسمايتتى، گويا زېمىنى شۇنچە كەڭ شىنجاڭدا خەلقنىڭ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋى زادى يۈز بەرمىگەندەك، گېزىتنىڭ ھەممە بەتلىرى ۋۇ جۇڭشىننىڭ جايلاردىن ھال سورىغانلىقى جەھەتتىكى

”تۆھپىلىرى“، ”كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى“ توغرىسىدا بېرىلگەن خەۋەرلەر بىلەنلا تولۇپ كېتەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەۋەرلەرنى قامال قىلىپ، خەلقنى ئالداپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇمران بولۇش ھالىتىگە كېلىپ قالغانلىقىدەك ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالماقچى بولدى.

## ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ھاياتى قىسقا بولدى. شىنجاڭدا ئىنقىلاب بورىنىنىڭ شىددەتلىك سوقۇشى ئارقىسىدا، ئۇ كۈندىن-كۈنگە قاتتىق داۋالغۇپ قالدى. 1944-يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن تارتىپ تا 1946-يىل 3-ئايدا خىزمەتتىن بەرگەن ئىستىپاسى تەستىقلانماي تۇرۇپلا كېتىپ قالغىچە بولغان ئارىلىقتا كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇشقا سەرپ قىلدى.

دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇ ھەربىي باستۇرۇشقا ئانچە ئىشەنچ قىلالماي، ”خاتىرجەملەندۈرۈش“ سىياسىتىگە يەنى ”شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈچ چارىسى“نىڭ ئىككىنچىسى — ”جايلارنى خاتىرجەملەندۈرۈش“كە ئاجايىپ زور ئۈمىت باغلىدى. ئۇ كۆلىمى چوڭ بىر خاتىرجەملەندۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ، بۇ كومىتېتقا ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەينى مۇدىر قىلىپ تەيىنلەپ، ھە دەپ كاتتا زىياپەتلەرنى بېرىپ، شىنجاڭدىكى ”ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كاتتىۋاشلىرى“نى كۈتۈپ، چىقىمدىن قورقماي، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى

تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىش خاراكتېرلىق سىتنۇېلىش يولىنى تۇتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئالتاي قازاق ۋاڭى — ئەلەن ۋاڭنىڭ رەپە-قىسى خادىۋاڭنى خاتىرجەملەندۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر-لىغىغا، موڭغۇل مەنخەنۋاڭىنىڭ پۈجۈگى (رەپىقىسى) ۋۇ جىڭبىن قاتارلىقلارنى بۇ كومىتېتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلىدى. بۇنىڭغىمۇ كۆڭلى تىنماي دېڭ شياۋخەيىنى ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا خاتىرجەملەندۈرۈش ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. دېڭ شياۋخەي خوشال كېتىپ، رەسۋاسى چىقىپ قايتىپ كەلدى، خاتىر-جەملەندۈرۈش ھەركىتى كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

"جايلارنى خاتىرجەملەندۈرۈش" سۇغا چىلاشقاندىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىن "خوشنىدارچىلىق-دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئىناقلاشتۇرۇش" دېگەن بىرنىمىنى ئىشقا سېلىشقا تىرىشتى، بۇ — ۋۇ جۇڭشىننىڭ "شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈچ چارە"سى ئىچىدىكى ئۈچىنچى چارە ئىدى. ئۇنىڭ "ئىناقلاشماقچى" بولغىنى تەبىئىكى، سوۋېت ئىتتى-پاقى ئىدى. ئۇ ئىلى ۋەزىيىتىنىڭ كۆتىرىلىشى-پەسىيىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت جەھەتتە، ئامېرىكىدا ئوقۇغان، ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى ۋۇ زېشياڭنى يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ سەنزەنى، رۇسچىنى مۇكەممەل بىلىدىغان لىيۇ زېرۇڭنى شىنجاڭغا يۆتكەپ، سوۋېت ئىتتى-پاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى.

ۋۇ جۇڭشىن ھەربى باستۇرۇشقا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ، "جايلارنى خاتىرجەملەندۈرۈش" پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان،

"خوشندارچىلىق ـ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئىناقلاشتۇرۇش"تا سۇبيېكتىپ مەقسىدى ئەمەلگە ئاشماي قالغان چاغدا، سەۋىر ـ تاقەت قىلالماي، يەنە قورال كۈچىگە قارغۇلارچە چوقۇنۇپ، "قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەرنى تەڭ ئىشقا سېلىش" چارىسىنى قوللاندى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەربى كۈچلەرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋۇ جۇڭشىننىڭ تەلىۋى بويىچە، چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ جۇننىڭ ما چىڭشياڭ قىسمى شىنجاڭغا كىردى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى "مىللى ئارمىيە" ماناسقا كېلىپ، ئۇرۇمچىگە بىۋاستە تەھدىت سالغان، گومىنداڭ ئارمىيىسى قەدەمدە بىر مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىۋاتقان ۋاقىتتا، 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شياۋلياڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن چوڭچىڭغا كەينى ـ كەينىدىن تېلېگىراممىا يوللاپ، ئەسكەر ۋە ئەمىنات تەلەپ قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جۇ شياۋ ـ لياڭنىڭ تېلېگىراممىسىدا "ئەھۋال ئېغىر، ئىستىقبالنى مۆلچەرلەش قىيىن، پەقەت مەرتلەرچە قۇربان بولۇشلا قالدى" دىگەن سۆزلەر بار ئىكەن. ۋۇ جۇڭشىن مەسىلىنى ھەربى يول بىلەن ھەل قىلىشتىن ئۈمىت يوقلۇغىنى بايقاپ، جياڭ جيېشىدىن چوڭراق ئادەم ئەۋەتىپ تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

## جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرگەنلىگىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۆتمۈشى

1945 ـ يىل 8 ـ ئايلاردا شىنجاڭدا يەنىلا ئۇرۇش ئوتى يانماقتا

ئىدى. ئەمما خەلقارا ۋەزىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە ئۈچ فاشىست دۆلەت ئارقا-ئارقىدىن شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى، خەلقارا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشتى. 8-ئاينىڭ 14-كۈنى «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» موسكۋادا ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىگە قوشۇمچە قىلىپ ئالماشتۇرغان ھۆججەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا: "شىنجاڭدا يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن ۋەقە توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ 5-ماددىسىدا ئېيتىلغاندەك: جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلىدۇ"غانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالماشتۇرغان ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى ئىدى، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۈستىدە، يالتا يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى ئاللىقاچان كېلىشىپ بولغان ھەمدە ئامېرىكىلىقلار ئىككى ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ، جياڭ جيېشى بىلەن ستالىن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ بولغان ئىدى. شۇڭا، جياڭ جيېشى شىنجاڭدا ماڭدامدا بىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان سان بار ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىگە ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى، يولداش ماۋ زېدۇڭ 1945-يىل 4-ئايدا ئېچىلغان پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا قىلغان سىياسىي دوكلاتتا: "1944-يىلدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇستىدىن يۇرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان قوراللىق بېسقۇنچىلىق ۋەقەلىرى" تۈگىمەيۋاتىدۇ، دەپ گۇمانداك ئەكسىيەتچى گورۇھنى قاتتىق ئەيىپلىگەن ئىدى. («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971 ـ يىل نەشرى، 3 ـ توم، 1861 ـ بەت) ئاڭلىشىمىزچە، يولداش ماۋ زېدۇڭ شەخسەن ئۆزى چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان چاغدىمۇ، شىنجاڭ مەسىلىسىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن.

مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقارادىكى تېچلىق ساداسىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا جياڭ جيېشى ۋەقەنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە جاڭ جىجوڭ جياڭجۇننى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

جاڭ جىجوڭ جياڭجۇن 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۇڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇ كۈنىلا جۇ شياۋلياڭنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىدى. جۇ شياۋلياڭ: "مىللىي ئارمىيە" ماناس ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى، ئۈرۈمچىگە ئىككى كۈنلۈكلا يول قالدى، ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت بېسىپ كېلىش ئېھتىمالى بار؛ ئۈرۈمچىنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان ئەسكەر كۈچى ئاران 6 يىڭ (9 ـ شۆبە مەكتەپنىڭ بىر يىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ جۈنى بىلەن 46 ـ شىنىڭ بىر قىسمىنى ياردەمگە يۆتكەپ كېلىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتىمىز، ئەمما ئۇلار ئەڭ تېز بولغاندىمۇ 8 ـ 10 كۈندە ئاران كېلەلەيدۇ؛ ئەگەر قاتناش ئىشلىرىدا باشقىچە ئۆزگىرىش بولمىسا، ھەر كۈنى توختىماي داۋاملىق توشىغاندا، ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئاران ئۇلگۈرىدۇ، دېدى.

جاڭ جىجوڭ دەرھال ئىككى تەرەپتىن ئۇرۇنلاشتۇردى، بىر

تەرەپتىن، جۇ شياۋلياڭ ۋە جىئەنجۇن باش قوماندانى لى تيەنجۇڭگە قول ئاستىدىكىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇرۇمچىنىڭ ئامانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تاپشۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى لىيۇ زېرۇڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش كونسۇلى ييۈسىپېۋنى ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىشنى تاپىلىدى. شۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئويلىرى بىردەك ئىدى، يەنى مەسىلىنى ھەربىي يول بىلەن ھەل قىلىشتىن قىلچە ئۈمىت بولمىغانلىقتىن، ئەڭ ياخشىسى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئىدى. ھالبۇكى، مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشتا سوۋېتلىكلەر ۋاستىچى بولمىسا بولمايتتى.

ئەتىسى جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش كونسۇلى ييۈسىپېۋ بىلەن كۆرۈشتى. ييۈسىپېۋ، بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئارى-لىشىشى قولايسىز، دەپ ئىپادە بىلدۈردى، ئەمما، شەخسەن ئۆزەم مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئەلا تەدبىر دەپ قارايمەن، دېدى. جاڭ جىجۇڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ييۈسىپېۋنى ئوتتۇرىدا ۋاستىچى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ييۈسىپېۋمۇ سالاچى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جاڭ جىجۇڭ ئۇرۇمچىدە قىسقىلا ۋاقىت تۇرۇپ، 9-ئاينىڭ 16-كۈنى ئايروپىلان بىلەن چۆچەككە قايتىپ بېرىپ، شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىنىڭ نەتىجىسىدىن جياڭ جيېشىغا دوكلات بەردى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ماناس دەرياسىنىڭ

غەربىي قىرغىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئارمىيىگە ئۆز ئورنىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، يېڭىدىن ھۇجۇمغا ئۆتمىدى، جەنۇبىي سەپتىكى قىسىملارغا چېكىنىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى پېتروۋ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بىر "مېموراندۇم" تاپشۇردى. "مېموراندۇم"دا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىشىچە، بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەت ئادەملىرى ئۆزلىرىنى شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ بۇ كونسۇلغا، روسىيىلىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاستىچى بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشتا كېلىشتۈرگۈچى بولسا دەپ ئىلتىماس قىپتۇ؛ قوزغىلاڭچىلاردا جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىدىغان ئوي يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدا، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان جايلاردا، مەسىلەن، غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي ۋە قەشقەر رايونلىرىدا ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ۋەكىللەر ئۆتمۈشتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېزىپ كەلگەنلىكىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا چېگرىداش رايونلىرىنىڭ ئامانلىقى بىلەن ئەرتۈگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭدا كېلىپ چىققان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئىمكانىيىتى بولغان ياردەملەرنى بېرىشكە تەيىنلىمەكچى.

شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپ، پەقەت كونكرېت ئىشلارنى ھەل

قىلىشلا قالدى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ يولداش ماۋ زېدۇڭنى ئاي-روپىلان بىلەن يەنئەنگە ئېپبېرىپ قويغاندىن كېيىن، لياڭ خەنساۋ، پىڭ جاۋشيەن، چۇ ۋۇ، جاڭ جىگيۇ، دېڭ ۋېنيى، ليۇ مېڭچۈن، ۋاڭ زېڭشەنلەرنى باشلاپ، چۇڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. رەھىمجان سابىرھاجى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىل-لىرى بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن يەنە ئوبۇلخەيرتۆرە بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. ئۇلار يېشىل ھەربى كىيىم كىيىپ، ئاي يۇلتۇزلۇق پاگون ۋە ئوردېنلارنى تاقىۋالغان ئىدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ ئېيتىشىچە: شۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى تۇگەل "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" دېگەن بەلگىنى تاقاپ يۈرگەن ھەمدە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى دېگەن نام بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. جاڭ جىجۇڭ جياڭجېشى بۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەت-نىڭ ۋەكىلى بىلەن ۋەقە يۈز بەرگەن رايوننىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسى-دىكى سۆھبەت دېيىش كېرەك، دەپ قارىغان. بۇ ئىختىلاپنى تەبىئى ھالدا يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كېلىشتۈرۈپ ھەل قىلدى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى يول قويدى؛ سۆھبەت ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان ھۆججەتلەر "مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى" ۋە "خەلق ۋەكىللىرى" دېگەن نامدا بولدى. سۆھبەت ئەنە شۇنداق باشلاندى.

# تىچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى

سۆھبەت 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باشلاندى. ئىككى تەرەپنىڭ كۆزقارىشىدىكى پەرق بەك چوڭ بولغانلىقتىن، تالاش ـ تارتىش ئىنتايىن كەسكىن بولدى، تالاش ـ تارتىشنىڭ تۈگۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆيۈشتۇرۇش بىلەن قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى. جاڭ جىجۇڭ ئايرۇپىلان بىلەن تالاي قېتىم چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىدىن يوليورۇق سوراپ كەلدى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ ئىلىغا ئايرۇپىلان بىلەن ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدى. 70 نەچچە كۈن داۋامىدا تالاي قېتىم تىركىشىپ قېلىش، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ساۋىلوۋنىڭ ئىككى ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ 11 ماددىنىڭ تېكىستىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئاران بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مۇشۇ تېكىست ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەپ چىقىش توغرىسىدىكى "قوشۇمچە ھۆججەت 1" ئىمزالىنىپ ماقۇللاندى. ئۇنىڭدىن باشقا قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قوشۇمچە ھۆججەت قايتا مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشكە قالدۇرۇلدى. خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ھۆججەت ئۈستىدە 5 ئايدەك سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى رەسمىي ئىمزالاندى. 8 ئاي داۋام قىلغان تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىر ئۇنۇمگە ئېرىشتى. ئۈچ ۋىلايەت "شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى" دىگەن نامنى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇردى،

تېچلىق ۋە بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەت قانۇنلۇق ماددىلار بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلدى. ئەمدى "11 ماددىلىق بىتىم" ۋە ئىككى قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ تولۇق تېكىستىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى تۆۋەندە بېرىمەن:

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ
قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق
توقۇنۇشنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم.

1. ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىغە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرى ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇ ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك تەرتىپلەر بەلگىلەندى: ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى 3 ئاي ئىچىدە، ھەرقايسى ناھىيەلەردىكى خەلق ناھىيەلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيەلىك كېڭەشنى قۇرىدۇ؛ ناھىيەلىك كېڭەش ھاكىمنى سايلايدۇ. مۇئاۋىن ھاكىم، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەنسەپتىكىلەرنى ھاكىم تەيىنلەيدۇ. بۇ سايلام يولغا قويۇلغىچە، ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا، ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردىكى ھازىرقى مەمۇرى ئەمەلدارلار ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ تۇرىدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇ يەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ۋالىي تەيىنلەيدۇ. ناھىيەلەردە ناھىيەلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۆلكىلىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىدۇ. ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغىچە ۋە ئومۇمى سايلام بېكىتىلگىچە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش چارىسى 9 ـ ماددىدىكىدەك بولىدۇ.

2. ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشنى بىكار قىلىدۇ ھەمدە خەلققە

دىنغا ئىشىنىشكە تولۇق ئەركىنلىك بېرىدۇ.

3. دۆلەتنىڭ مەمۇرى ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىدا خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ هۆكۈمەتكە سۇنغان خەت ـ ئالاقىلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنىلا قوللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

4. باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ، ئەمما ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ يېزىقى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قىلىنىدۇ، داشۆلەردە ئوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ، دەرس ئۆتۈشتە خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچە تەڭ قوللىنىلىدۇ.

5. هۆكۈمەت مىللى مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ.

6. هۆكۈمەت مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

7. هۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. خەلق هۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سېلىقنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ، ئەمما بۇنداق سېلىقنىڭ مىقدارىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

8. هۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى ـ تاشقى سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ، ئەمما چەتئەللەر بىلەن سودا قىلغۇچى سودىگەرلەر مەركىزىي هۆكۈمەت بىلەن چەتئەللەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سودا شەرتنامىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

9. شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمىتىنىڭ تەركىۋىنى مەركەز تولۇقلايدۇ، ئۇنىڭ هەيئەت ئەزالىرىنىڭ سانى 25 بولىدۇ، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتىنىڭ 25 هەيئەت ئەزاسىنىڭ ئونىنى مەركەز بىۋاستە

بەلگىلەيدۇ، قالغان ئۇن بەشىنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدۇ. مەركەز بىۋاستە بەلگىلەيدىغان 10 ھەيئەت ئەزا رەئىس، باش كاتىپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىغى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى ۋە ئىككى مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 ھەيئەت ئەزا ئىككى مۇئاۋىن رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىغى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى ۋە 5 مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ بىرىنچىسىگە قارالسۇن.

10. مىللىي ئارمىيە قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئۇنى مۇسۇلمانلاردىن تولۇقلاش پرىنسىپ قىلىنىشى شەرت. بۇ ئارمىيە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئارمىيە تەرىپىدىن، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى ۋە تۇرار جايى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىپ، قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسى قىلىنىپ، ئىمزالانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئارمىيىنىڭ مەشىق بۇيرۇقلىرىدا ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقلىرىنى قوللىنىش پرىنسىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەپتسەرلەر بۇرۇنقى مەنسىۋىنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلى بىلەن، مۇددەت بويىچە ئەپتسەرلەر مەكتىۋىگە ئەۋەتىلىپ، ئەپتسەرلىك بىلىمىنى تولۇقلايدۇ. بۇ ئارمىيىگە ھۆكۈمەت تەلىم - تەربىيە خادىملىرى ئەۋەتىپ مەشىق ئىشلىرىغا ياردەملەش-

تۇرىدۇ. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز ئارمىيىسى بۇ ئارمىيە بىلەن بىر يەردە تۇرمايدۇ ھەمدە ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلايدۇ، بىر بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە قوشۇمچە ھۆججەتتىنىڭ ئىككىنچىسىگە قارالسۇن.

11. ۋەقە يۈز بەرگەنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان زاتلار ۋەقە ھەل قىلىنغانىدىن كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق بانا ـ سەۋەپ بىلەن كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەيىر تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۇرۇمچى.

## قوشۇمچە ھۆججەت 1

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئىمزالىغان "قورالىق توقۇنۇشنى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم"نىڭ 9 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى توغرىسىدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىشى بىلەن، تۆۋەندىكىچە قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈلدى:

1. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنىڭ 6 سىنى ۋەقە يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتسە بولىدۇ.

2. يۇقۇرىدىكى 6 ھەيئەت ئەزا بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى

ياكى مالىيه نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىجتىمائى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بىر مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. قالغان يەتتە ۋىلايەت 9 ھەيئەت ئەزانى كۆرسىتىدۇ، بۇ بىر مۇئاۋىن رەئىسنى، شۇنىڭدەك مەركەز بىۋاستە بەلگىلەيدىغان ۋە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدىغانلىرىدىن باشقا، بىر-دىن نازىر، باشقارما باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مۇئاۋىن نازىرنى شۇنىڭدەك 4 مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەير تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈرۈمچى.

## قوشۇمچە ھۆججەت 2

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭنىڭ ۋەقە يۈز بەر-گەن رايونلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى شۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىمزالىغان "قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغ-رىسىدىكى بىتىم"نىڭ 10 ـ ماددىسىدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا ۋەقەگە قاتناشقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسلىسى توغرىسىدا، ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ ماقۇل كۆرگەنىدىن كېيىن، مۇنداق قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈلدى:

1. ۋەقەگە قاتناشقان مىللى قىسىملار، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈ-لۈشى بويىچە، 3 ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى، 3 پىيادە ئەسكەرلەر تۇەنى قىلىپ تۈزۈلىدۇ، ئومۇمى ئادەم سانى 11 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولىدۇ. بۇ 6 تۇەننىڭ 2 ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بىلەن 1 پىيادە

ئەسكەرلەر تۈەنى دۆلەت ئارمىيسى بولدۇ، 2 پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى، 1 ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسمى بولدۇ.

2. ھۆكۈمەت ئىلى تەرەپنىڭ شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەمنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنىغا قوماندان قىلىپ كۆرستىشكە رۇخسەت قىلدۇ، ئۇ يۇقۇردا ئېيتىلغان 6 تۈەنگە قوماندانلىق قىلدۇ، بۇ قوماندان غەربىي شىمال ھەربى-مەمۇرى مەھكىمە تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئىشتات بويىچە قوماندانلىق ئىشتاپ تەشكىل قىلدۇ. بۇ قوماندانلىق ئىشتاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدۇ، ھۆكۈمەت بۇ قوماندانىنى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق ئىشتاۋىغا مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

3. يۇقۇردا ئېيتىلغان 6 تۈەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتە تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت مۇشۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئامانلىغىنى ساقلاش ئىشلىرىنى مۇشۇ قوماندانىنىڭ قول ئاستىدىكى 6 تۈەنگە تاپشۇرىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاش ئىشىغا مەركەز تەيىنلىگەن چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى مەسئۇل بولىدۇ، بۇنىڭ چارىسى ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى چارە بويىچە بولىدۇ.

4. بۇ قوماندان تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنى ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭ قوشۇمچە چارىسىنى شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار تولۇقلايدۇ.

5. مەزكۇر 6 تۈەننىڭ كۆتۈنۈشى، تەمىناتى ۋە كەلگۈسىدىكى قورال-جابدۇقلىرىغا كەلسەك، ئۇنىڭ دۆلەت ئارمىيسى بولغان 3 تۈەننى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيسىنىڭ قائىدە-نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە، مەركەز تەمىنلەيدۇ؛ ئامانلىقنى ساقلايدىغان 3

تۇەننى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قائىدە ـ نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ تەمىنلىشىگە تاپشۇرىدۇ.

6. ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ئىشىنى مۇشۇ قوماندان ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋاپكار بولغان ھالدا ئىشلەيدۇ، بۇ قىسىملار 6 تۇەن قىلىپ تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە مەلۇم قىلىنىدۇ، مۇشۇ 6 تۇەننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قورال ـ جابدۇقلىرىنىڭ نەق سانى گارنىزون باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەيىر تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۈرۈمچى.

## ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم

1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى تىنچلىق بىتىمىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، گەرچە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسى داۋاملىق مەسلىھەتلىشىشكە قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تىنچلىق ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ فاكچىنىنى ھەر ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن غەربىي زالدا ئويۇن قويۇلدى. بۇ

ئويۇنغا تەكلىپ بىلەن مەنمۇ باردىم. كىچىك تىپتىكى مۇشۇ ئەدىبىيات كېچىسىدە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشتۇم.

ئەخمەتجان قاسىمى قەددى-قامىتى كېلىشكەن، قويۇق، قاپ-قارا قىسقا بۇرۇت قويۇۋالغان، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، روھلۇق، سىياسەتچىگە خاس سالاپەتكە ئىگە ئادەم ئىدى. مەن ئۇنى بىر كۆرۈپلا ناھايىتى تونۇشتەك، گويا بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلدىمىيۇ، ئەمما قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى دەرھال ئېسىمگە كەلتۈرەلمىدىم. ئۇنىڭ سۆھبەت جەريانىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى تەرىپلىدىم ھەم مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىنى تەبرىكلىدىم. ئۇ ناھايىتى كەمتەر، شۇنداقلا ناھايىتى يۇمۇرلۇق ئادەم ئىدى، ئۇ ھەم مېنىڭ تەرىپىمگە رەھمەت ئوقۇيدىغانلىقىنى، ھەم بۇنداق ماختاشقا لايىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەندەك قىلدى. ئۇ: "بىز سىزنى ئىككى مۇئاۋىن رەئىسنىڭ بىرى قىلىشقا كۆرسەتتۇق ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ چىقاردۇق. مەنمۇ سىزنى تەبرىكلەيمەن. بىز قولغا قول تۇتۇشۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى" دىدى. مەن ئۇنىڭغا: "مەن سىزلەرنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىڭىزلەرنى ئاقلاش ئۈچۈن، سىزلەر بىلەن بىللە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازاتلىقى، بەخت-سائادىتى يولىدا ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىشنى خالايمەن" دەپ جاۋاپ بەردىم. بىز يەنە باشقا ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق، شۇ ئەسنادا ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا توساتتىنلا: "بىز قەدىناس دوستلارغۇ!" دىدى. مەن بۇنىڭغا ھەيران قىلىۋىدىم، ئۇ ئارقىدىنلا: "سىز تۈرمىدە ھىلىقى كىچىك ھويلىدا تۇرغان چېغىڭىزدا، مەن ھەر كۈنى سۇ ئالغىلى باراتتىم، بىز شۇ چاغدا بىر بىرىمىزگە قاراپ مىيىغىمىزدا كۈلۈشۈپ قوياتتۇق..." دىدى.

ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى! جۇل-جۇل كىيىم كىيىۋالغان،
قاپ-قارا بۇرۇتلۇق، قۇدۇق بېشىدا سۇ تارتىۋاتقان... بايا ئۇ مېنىڭ
تۇرمىدىكى ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، مەندە چوڭقۇر تەسىر
قالدۇرغان، بىراق بىر بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى سورىيالمىغان "تۇرمىدى-
شىم" ئىكەن! ئۇ چاغدا مەن دائىم ئۇنىڭغا تۆمۈر رىشاتكىدىن
قارايتتىم، كۆزلىرىمىز بىر بىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا، كۈلۈشۈپ
قوياتتۇق. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ ھېلىقى كىچىك ھويلىغا
ئىككىنچىلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدىم. ئىسمىنى بىلمەيدىغان بۇ
دوستۇم ئىنقىلابچى ئەخمەتجان قاسىمى ئىكەن! مەن ئۇنىڭ بىلەن
يېڭىۋاشتىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھاياجانلانغان ھالدا: "سىز مې-
نىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان ئىدىڭىز، سىزنىڭ
ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەنلىكىڭىزدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ئىدىم،
مەن تېخى سىزنى شىبىڭ شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ
ئويلاپتىمەن. بۈگۈن دوستۇمنى تاپتىم، ئەمدى مەقسىدىمىزنى كۆز
ئىشارىسى بىلەن ئۇقتۇرۇپ يۈرمەيمىز" دېدىم. ئەخمەتجان كۈلۈپ
تۇرۇپ: "ئەمدى ئارىمىزدا توسالغۇ بولۇپ تۇرغان سەددىچىن
سېپىلى قالمىدى" دېدى.

مەن ئەنە شۇلارنى ئەسلىسەم ھېلىمۇ ھاياجانلىنىمنى باسالماي-
مەن. بۇ يەردە، ئەخمەتجان قاسىمى توغرىسىدا ئۆزەم بىلىدىغان
ئىشلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتكۈم كېلىدۇ:

تالانتلىق سىياسەتچى ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجا ۋاقىتلىق
ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا تېخى بايقالمىغان ئىدى.
تېچلىق سۆھبىتىدىن ئىلگىرى، شىنجاڭ خەلقى ھەتتا غۇلجا شەھىرى-
نىڭ خەلقىمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى تېخى بىلمەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ رەھبىرى مېنىڭ ئالدىمدا: ئىلىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يولباشچى بولۇشقا لايىق كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئادەم تېخى چىقمىدى، ھۆكۈمەتنىڭ پىروگىرامما خاراكتېرلىق ھۆججىتىنى يېزىپ چىقىشى خېلى تەس بولۇۋاتىدۇ، دېگەن ئىدى.

بۇ كۆڭۈلدىكىدەك يولباشچى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ياشلىق دەۋرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، تاتارستاندا ئوقۇپ (كوممۇنىزىم داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ)، ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان، ئەقىللىق-بىلىملىك، پىكىر دائىرىسى كەڭ ئادەم بولۇپ يېتىشكەن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىنقىلاۋىي پائالىيەتكە قاتناشقان، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، قولغا ئېلىنىپ غۇلجا قوزغىلىڭى كۆتىرىلىش ھارپىسىدىلا تۈرمىدىن بوشىنىپ چىققان. ئۇ غۇلجىغا قايتىپ بېرىپلا قوزغىلاڭنىڭ بىر قىسىم تەييارلىق ئىشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ تىرىكچىلىك يۈزىسىدىن زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلىگەن، كوچىلاردا ياغاچ ساندۇغىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ يۈرۈپ، ئەينەكچىلىك قىلغان... غۇلجا قوزغىلىڭى كۆتىرىلگەن كۈنلەردە، كونىراپ كەتكەن چاپىنىنى كىيىپ، بېلىگە شوينا باغلاپ، ھەر تەرەپكە چېپىپ، بىر دەم ئاشخانىدا بولسا، بىر دەم دوختۇرخانىدا ۋە جەڭ مەيدانىدا يۈرگەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدا، ئىلىخانتۆرە قاتارلىق باشلىقلارنىڭ مۇھىم بىر ھۆججەت يېزىپ چىقىشقا بېشى قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يېزىپ باقماق-

چى ئىكەنلىكىنى زاكىرووۋ ئارقىلىق ئىلىخانتۆرىگە ئېيتقان. ئىلىخانتۆرە قاتارلىق باشلىقلار ئەخمەتجان قاسىمى يېزىپ چىققان ھۆججەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ناھايىتى مەمنۇن بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئەخمەتجان قاسىمى تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، گېزىتخانىنى تەرتىپكە سېلىپ، گېزىتنى پەيدىن-پەي توغرا يۆنىلىشكە باشلىغان.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تالانتىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل كادىرلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغان. 1946-يىلى كۈزدە، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندا، ئۇ مىنىستىرلىككە كۆتۈرۈلگەن ھەمدە ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە ئەۋەتىلىدىغان ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەنگەن. سۆھبەت جەريانىدا، ئۇ، ئەمەلىيەتتە، باش ۋەكىللىك رولىنى ئوينىغان.

6-ئايدا، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججىتىگە ھەر ئىككى تەرەپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى باشلاندى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىگە كەلدى. كۆرمىگىنىمگە يېرىم يىلدەك بولغان ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن يەنە ئۇچراشتىم.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىشكە توغرا كېلەتتى. بىر كۈنى بىز جەنۇبىي باغچىدا يېرىم كۈن سۆزلىشىپ، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدۇق. بىز: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ساختىپەزلىك بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، "11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم" ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسى ئەمەس، بەلكى گومىنداڭنىڭ سەنمىنجۇيىنى توغرا ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ

شىنجاڭ خەلقىغە يەتكۈزگەن ياخشىلىقى، دەپ ئالدامچىلىق قىلىۋاتىدۇ. "11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم"نى تولۇق ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىغە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئىنقىلاۋىي قورال‑لىق كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن تىنچلىق مېۋىسىنى قەدىرلەش ئۈچۈن، بىتىم توغرىسىدىكى تەشۋىقنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دىگەن ئورتاق تونۇشقا كەلدۇق.

بىز شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە كۆپ پاراڭلاشتۇق، ھەر جەھەتتىكى قاراشلار پۈتۈنلەي دىگۈدەك بىر يەردىن چىقتى. بىز قانۇنىي بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى دەلمۇ‑دەل ھەم ئۇستىلىق بىلەن كۈرەش قىلماقچى بولدۇق.

بىز بىر بىرىمىزگە يېقىن ياندىشىپ ئولتۇردۇق. ئەخمەتجان قاسىمى ماڭا ئۈچ ۋىلايەت قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش خاھىشىنى تۈزىتىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دىدى: بۇنىڭدىكى توپ خاتالىق خەنزۇلار ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار بىلەن ئادەتتىكى ئاممىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتا بولدى، تار مىللەتچىلىك كۆز‑قاراشلىرى ئەدەپ كەتكەنلىكتىن، ئاز سانلىق كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان "مىللەت ئۈچۈن، ئىسلام ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز" دىگەن شوئار بىلەن ئاسانلا قايمۇقۇپ قېلىپ، ئىنقىلاپقا بىرمۇنچە قىيىنچىلىق

تۇغدۇرۇلدى. ئەنە شۇنداق مۇھىت ۋە كەيپىيات ئىچىدىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى نۇرغۇن خەنزۇ قېرىنداشلارنى ۋە ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغان بالىلارنى يوشۇرۇپ قوغداپ قالدى، ئۇلار قان ۋە ئوت ئىچىدە بۇزۇلماس دوستلۇق ئورناتتى.

## شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى

1946-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججىتىگە ئىككى تەرەپ ئىمزا قويدى، شۇنىڭ بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئۈستىدە تولۇق كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان بولدى. ئاندىن بىتىمنىڭ ۋە بىرىنچى قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى.

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىدىكىلەر:

| | | |
|---|---|---|
| رەئىس | جاڭ جىجۇڭ | غەربىي شىمال ھەربى-مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە ئۆتەيدۇ |
| مۇئاۋىن رەئىس | ئەخمەتجان قاسىمى | ئۇيغۇر |
| مۇئاۋىن رەئىس | بۇرھان شەھىدى | ئۇيغۇر |
| باش كاتىپ | ليۇ مېڭچۇن | غەربىي شىمال ھەربى-مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى، قوشۇمچە ئۆتەيدۇ |
| مۇئاۋىن باش كاتىپ | ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ | ئۇيغۇر |
| مۇئاۋىن باش كاتىپ | سالىس | قازاق |

| | | |
|---|---|---|
| مالىيه نازارىتىنىڭ نازىرى | لو يۈۋېن | |
| مالىيه نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى | ما تىڭشياڭ | خۇيزۇ |
| ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى | ۋاڭ زېڭشەن | خۇيزۇ |
| ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى | رەھىمجان سابىرھاجى | ئۇيغۇر |
| قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى | مۇھەممەت ئىمىن | ئۇيغۇر |
| قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى | گۇ چيەنجى | |
| مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى | سەيپىدىن ئەزىزى | ئۇيغۇر |
| مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى | سەي زۇڭشيەن | |
| ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى | جاۋ جيەنفېڭ | |
| ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئېردىنى | موڭغۇل |
| سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى | دەلىلخان | قازاق |
| ھەيئەت ئەزا | چۇ ۋۇ قوشۇمچە ئورۇمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى | |
| ھەيئەت ئەزا | ئىلىخانتۆرە ئۇيغۇر قوشۇمچە ئىلىنىڭ ۋالىسى | |
| ھەيئەت ئەزا | ئوسمان قازاق قوشۇمچە ئالتاينىڭ ۋالىسى | |
| ھەيئەت ئەزا | ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۇيغۇر قوشۇمچە قەشقەرنىڭ ۋالىسى | |

هەيئەت ئەزا  ئىسھاقبەگ  قىرغىز قوشۇمچە پولكى ئۆلكىلىك
ئامانلىقنى ساقلاش ئىشتاۋىنىڭ
مۇئاۋىن قوماندانى

هەيئەت ئەزا  ئەيسا  ئۇيغۇر

هەيئەت ئەزا  جۇڭ دىخۋا  شىۋە

هەيئەت ئەزا  گۇەن زېياڭ  ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلمىگەن

يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، مەن ئۈرۈمچى ۋالى مەھكىمىسىدىكى خىزمەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋەزىپە ئۆتەشكە كەتتىم. 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى شىندالۇنىڭ ئالدىدىكى مەيدانىدا ئون مىڭ كىشىلىك يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تىنچلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەبرىكلەندى. ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان مۇشۇ تەنتەنىلىك چوڭ يىغىندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى قەسەم بېرىپ بىر ۋاقىتتا خىزمەتكە ئولتۇردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى (بۇ چاغدا پايتەخت چۇڭچىڭدىن نەنجىڭغا كۆچكەن ئىدى) تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۇ يۇرېننى قەسەمگە نازارەت قىلىشقا ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، يىغىندا جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە مەن ئارقا-ئارقىدىن سۆزگە چىقتۇق، سۆزىمىزدە 4 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلىدۇق، ھەربىلەر بىلەن خەلقنى سىياسى پىروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بىردەك كۈچ چىقىرىش، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقىنى

ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىردۇق. جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دىدى:

مەن بۈگۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى سۈپىتىم بىلەن سىلەرگە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، چوقۇم ئامما تەرەپتە تۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىمەن! بۈنىڭدىن كېيىن ھېچقايسىمىز خەلقنىڭ قېيىنچىلىقىنى تۈگىتىپ، بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن باش قاتتۇرماي قالمايمىز... شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ شاتلىق باغچىسىغا ئايلاندۇرىمىز... ئۇنداق قالايمىقانچىلىق كەلمەسكە كەتتى، بىز ھەر بىر ئادەمنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك، خوشال ـ خورام تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمىز.

ھەقىقەتەن، شۇ چاغدا، بىز ھەممىمىز تېچلىق، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق خوشاللىقىغا چۆمگەن ئىدۇق. مۇشۇنداق بىر چاغدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، خەلقنىڭ بېشىغا ئىچكى ئۇرۇش ئاپىتىنى تاڭغانلىقىنى كىم خىيالىغا كەلتۈرسۇن!

# جەنۇبىي شىنجاڭدا سايلامغا نازارەت قىلغان كۈنلەردە

تېچلىق بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى ۋە ھاكىملار دېموكراتىك ئاساستا سايلىناتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇختا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئون ۋىلايەتكە سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، جايلاردا تېچلىق بىتىم بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى تەشۋىق قىلىشنى

ھەمدە جايلاردىكى سايلامغا نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشنى قارار قىلدى. مەن يەركەن ۋىلايىتىنىڭ سايلىمىغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل بولدۇم، ڨۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت ئىمىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سايلىمىغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سايلىمىغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا، ئۇيغۇر سايرانى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سايلىمىغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل بولدى. ...

رەئىس جاڭ جىجۇڭ بۇ قېتىمقى سايلامغا زور ئۈمىت باغلاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى، مۇقىملاشتۇرۇشنى ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلدى. مەن شىنجاڭنىڭ ئالغا بېسىش يولىدا يەنىلا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ تۇرسامۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى سايلامغا يەنىلا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كىرىشتىم، چۈنكى بۇ شىنجاڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىش ئىدى.

## قەشقەردە

قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىگە سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن بارىدىغان ئۈچ گۇرۇپپا بىللە ماڭىدىغان بولدى. يولغا چىقىشتىن ئاۋال، بىز مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆيىدە سايلام خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 دە، سايلامغا نازارەت قىلىش

ئۈچۈن بارىدىغان ئۈچ گۇرۇپپىنىڭ ئادەملىرى ئايرۇدۇرۇمغا يېتىلدۇق، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە لىيۇ مېڭچۈن قاتارلىقلار كېلىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئايرۇپىلان ئۇرۇمچىدىن سائەت 9 دا ئۇچتى، ئاقسۇنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۇچاردا بىر كۈن تۇرۇپ قالدۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇستى ئوچۇق كۇلۇپتا ئاممىغا تېچلىق بىتىمنى ۋە سىياسى پىروگراممىنى تەشۋىق قىلدۇق. ئەتىسى يەنە داۋاملىق ئۇچۇپ، ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىمدە قەشقەرغە يېتىپ باردۇق.

قەشقەر بىر تارىخىي شەھەر، ئۇنىڭ غەرپ تەرىپى پامىر ئىگىزلىگى بىلەن، شەرق تەرىپى تەكلىماكان چۆلى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇ قەدىمقى يىپەك يولىدىكى قاتناش تۈگۈنى ئىدى، يېقىنقى زاماندا يەنىلا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلدى. قەشقەر يېڭىشەھەر بىلەن قەشقەر كونىشەھەر دىگەن ئىككى شەھەردىن تەركىپ تاپقان. كونىشەھەر مۇسۇلمانلار شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى، بۇ شەھەردىكى ئاھالىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇيغۇرلار بولۇپ، سودا ئىشلىرى راۋاج تاپقان، ۋالى مەھكىمىسى مۇشۇ جايدا ئىدى، يېڭىشەھەر خەنزۇلار شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى، بۇ شەھەردىكى ئاھالە ئىچىدە خەنزۇلار كۆپرەك بولۇپ، بۇ ھەربىلەر تۇرىدىغان جاي ئىدى، شۇ چاغدا ئايرۇدۇرۇم مۇشۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئىدى. قەشقەرغە بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرغان ئىككى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى سەككىز ناھىيە قارايتتى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋالى قىلىپ تەيىنلەندى. بۇ ئادەمنى ئەخمەتجان

قاسىمى بىلەن ئىككىمىز رەئىس جاڭ جىجۇڭغا كۆرسەتتۇق. ئۇ چوڭ پومىشچىك، خېلى ياشانغان، ئۈچ ئەۋلات دىنىي ئۆلىما جەمەتى بولۇپ، ئامما ئىچىدە خېلى ئابرويى بار ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان، پەرزەنتلىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، مەن مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىشىم پەقەت شۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمدىلا بولدى.

قەشقەرگە ۋالى بولغۇچىنىڭ ئىسمىلىكى جاڭ جىجۇڭ باشقۇرغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىدا ناھايىتى تېزلا ماقۇللاندى. بۇ خەۋەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بۇنىڭغا جېنىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرۇپ، جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، ئېلان قىلغان بۇيرۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى، چۈنكى جۇنجاڭ ياڭ دېلىياڭ ئەزەلدىن تارتىپ شۇ يەردىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كەلگەن ئىدى. جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال ھەربى - مەمۇرى مەھكىمىنىڭ سەنمۇجاڭى سۇڭ شىلىيەننى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىلەرنى زور كۈچ بىلەن توساش ھەمدە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن قەشقەر ۋالىسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ قەسەم بېرىپ خىزمەتكە ئولتۇرۇشىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن، دەرھال ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ۋالى بولۇشىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دولقۇن كۆرۈنۈشتە بېسىقىپ قالغان بولدى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ھۆكۈمەتنىڭ "11 ماددىلىق تېچلىق بىتىم"ى بىلەن سىياسى پروگراممىسىنى ناھايىتى بەك ھىمايە قىلدى.

تېچلىق بىتىمىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىنقىلاۋىي ۋەزىيىتى بارا-بارا ياخشىلىنىپ، تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنى ئارقا-ئارقىدىن قۇردى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتى، خەلق قەلبى شاتلاندى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر يەنە ئالتوپىلاڭ كۆتىرىپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشچىلىقىدىكى ئىلغار كۈچلەرگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىزنىڭ سايلامغا نارازىلىق قىلىش گۇرۇپپىمىز دەل مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قەشقەرگە باردى.

بىزنىڭ سايلامغا نارازىلىق قىلىدىغان ئۈچ گۇرۇپپىمىز ۋالى مەھكىمىسىگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا، ئاخۇنۇملار ۋە ئاما ئارقا-ئارقىدىن تۈركۈم-تۈركۈملەپ كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز نۇرغۇنلىغان خەتلەرنىمۇ تاپشۇرۇۋالدۇق. ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر بىلەن خەتلەرنىڭ نۇرغۇنى شەھەر بىلەن يېزىلاردا بارلىققا كەلگەن تېچلىق مەنزىرىسىنى بايان قىلغان ۋە ۋالى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تۆھپىسىنى ماختىغاندىن باشقا، تېخىمۇ كۆپى ھەربىلەرنىڭ يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مەمۇرى ئىشىغا ئارىلىشىۋالغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. بۇ ئەھۋال بىزنى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى، بىز يەرلىك ئورۇنلار بىلەن ھەربىلەرنىڭ چىقىشالماسلىقىنىڭ مۇشۇنداق دەرىجىگە يېتىپ بارغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدۇق.

بىز دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، تۈرلۈك يىغىلىشلاردىن پايدىلىنىپ، تېچلىق بىتىمنى ۋە سىياسى پىروگراممىنى تەشۋىق قىلدۇق. ئەگ ئاۋال كۆلۈپتا بىرە مىڭ كىشىلىك يىغىن ئاچتۇق، مەن ۋە نازىر سەيپىدىن ئەزىزى، نازىر مۇھەممەت ئىمىن ئۈچىمىز ھۆكۈمەتنىڭ

سىياسىتى توغرىسىدا سۆز قىلدۇق. مېنىڭ سۆزۈم «قەشقەر گېزىتى»گە كەينى - كەينىدىن بېسىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن نۇرغۇن قېتىم ئاممىۋى يىغىن ئاچتۇق، بۇ يىغىنلارنىڭ كۆپىنچىسىنى دىنىي پائالىيەت كۈنى ۋە ئۇيغۇر مەدىنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى (قىسقارتىلغان ئىسمى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى)نىڭ يىغىلىشلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاچتۇق. بۇنداق يىغىلىشقا ئاما ناھايىتى كۆپ قاتناشقاچقا، ئۇنىڭمۇ بىرقەدەر ياخشى بولدى. بىراق بىز ئاممىۋى يىغىنلارغا ئاياللارنىڭمۇ قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدۇق، بۇنىڭغا ئاخۇنۇملار قارشى چىقتى.

مەن قەشقەرگە بېرىشتىن ئاۋال، ۋالى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يېڭىشەھەرنىڭ ھاكىمى خۇاڭ جىۋۇنىڭ خىيانەتچىلىك جىنايى پاكىت-لىرىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىققان ئىكەن. مەن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ باقتۇق، خۇاڭ جىۋۇنىڭ يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇغىغا قارشى چىقىپ، ئادەملەرنى خالىغانچە ئازدۇرۇپ، بىگۇنا ئاممىنى كەلسە - كەلمەس قاماشقا جۈرئەت قىلىشى-دا، ئەمەلىيەتتە، بەزىلەر ئۇنى قوللىغان ئىكەن. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋالى بولغاندىن كېيىن، ئۇلار سوپى ھاجىنى ۋالى ئابدۇ-كېرىمخان مەخسۇمغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈپ، ۋالى ئابدۇ-كېرىمخان مەخسۇمنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت بەرمىگەن.

بۇ كۆچلەر بىر بىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ئاممىغا زىيان سالىدىغان، ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. مەسىلەن، ۋالى مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىسى مۇھەممەت يۇسۇپنى لۇ ئىشتاۋىغا قاماپ قويىغان، رەئىس جاڭ جىجۇڭ قەشقەرگە

بارغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى ماڭا تاپشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋالى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ قويغان ئىدى. ئەمما مەن لۇ ئىشتاۋىغا بېرىپ بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلسام، بەزىلەر "ھەربى ئىش" دېگەننى بانا قىلىپ، مېنىڭ بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىشىمغا يول قويمىدى. مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ بالا-چاقىلىرى ئەتىدىن-كەچكىچە ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا زار-زار قاقشاپ خەۋەر كۈتۈپ تۇردى. مەندە ئۇلارغا قۇرۇق سۆز بىلەن تەسەللى بېرىشتىن باشقا ئامال بولمىدى.

يېڭىشەھەرنىڭ ھاكىمى خۇاڭ جىۋۇ قانۇنسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن نۇرغۇن ئەرز-شىكايەت چۈشتى. مەن سەيپىدىن ئەزىزى ۋە مۇھەممەت ئىمىن نازىرلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مۇئاۋىن رەئىسلىك نامىم بىلەن خۇاڭ جىۋۇنى ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، بۇ ناھىيىنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشنى ۋاقتىنچە مۇئاۋىن ھاكىمغا تاپشۇردۇم، بۇ قارارنى تېلېگرامما ئارقىلىق رەئىس جاڭ جىجۇڭغا مەلۇم قىلىپ قويدۇم. بۇ قارارغا مۇتەئەسسىپلەر شۇ زامات قاتتىق قارشى چىقتى. خۇاڭ جىۋۇ خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، تامغىنى تاپشۇرغىلى ئۇنىماي، لۇ ئىشتاۋىغا بېرىپ يېتىۋالدى، سىرتقا چىققاندا بۇرۇنقى ئات ھارۋىسىنى تاشلاپ، لۇ ئىشتاۋىنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، يېنىغا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرنى ئېلىپ يۈرۈپ، خورىگى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. ئۇ يەنە ئۆز ئالدىغا، خىزمىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرسۇن، دېگەن لوزۇنكىلارنى چاپلاپ، باشقىلارغا تاپانچىسىنى تەڭلەپ تەھدىت سالدى، خەقنى ئېسىپ قويۇپ ئۇردى. شۇ يەردە

تۇرۇشلۇق ھەربىلەرمۇ لۈكچەكلەرنى توپ ـ توپ بولۇپ نامايىش قىلىشقا ئۈزلۈكسىز قۇتىرىتىپ، خۇاڭ جىۋۇغا ھەممىنەپەس بولۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن يېڭىشەھەردىكى ئامما غەم ـ ئەندىشىگە چۈشۈپ، سايلامغا ناھايىتى زور تەسىر يەتتى. مەن بۇ ئەھۋالنى تېلېگىراممىا ئارقىلىق نۇرغۇن قېتىم جاڭ جىجۇڭغا مەلۇم قىلغان بولسامىمۇ، ئەمما ئۆز ۋاقتىدا جاۋاپ ئالالمىدىم. كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەر. بىلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ماڭا ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېگىراممىا بەردى: 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بەرگەن تېلېگىراممىسىدا: "خۇاڭ جىۋۇنى خىزمىتىدىن ئالدىن ئېلىپ تاشلاشقا رۇخسەت" دەپ ئۇقتۇر- غان، 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بەرگەن تېلېگىراممىسىدا: "ھەربىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىشىنى چەكلەش توغرىسىدا ئۇچۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. سابىق ھاكىم خۇاڭ جىۋۇنى ئۆلكىگە يۆتكىۋېتىش توغرىسىدا ئايرىم تېلېگىراممىا يوللاندى" دېيىلگەن.

شۇنىڭ بىلەن، خۇاڭ جىۋۇ قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ دولقۇن ئاستا ـ ئاستا بېسىلدى. ئەمما "ھەربىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلىشىش" ئىشىنى جاڭ جىجۇڭنىڭ بىر تېلېگىراممىا بېرىشى بىلەن ئۈزۈپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى.

## يەركەندە

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەردىكى سايلامغا نازارەت قىلىش ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ قالدى. مۇھەممەت ئىمىن بىلەن ئىككىمىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يەركەنگە باردۇق. ئۇن كۈن

ئۆتكەندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن يالغۇز ئۆزى خوتەنگە كەتتى. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى يەركەنگە كەلگەندە كەچ سائەت 10 بولغان ئىدى. يەكەنمۇ تارىخى مەشھۇر شەھەر ئىدى. يەركەن قەدىمىي ئىسمىدۇر، بۇ شەھەرمۇ مۇسۇلمانلار شەھىرى بىلەن خەنزۇلار شەھىرىگە بۆلۈنىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار شەھىرىدىكى ئىسمائىل بەگ (قەشقەرلىق سودىگەر)نىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ پىڭشىڭ بىلەن ۋالى جۇ فاڭگاڭ كەينى-كەينىدىن كەلدى. جۇ فاڭگاڭ: "بىز سىزگە ۋالى مەھكىمىسىدە ئورۇن راسلاپ قويدۇق. ھازىرلا شۇ يەرگە بارسىڭىز!" دىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن بىر خىل نارازىلىق بىلىنىپ تۇرغانلىغىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا: "رەھمەت سىزگە، ئاما بىلەن ئالاقە باغلاپ تۇرۇشىمىزغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، بۇ يەردە تۇرغىنىمىز تۈزۈك" دەپ جاۋاپ بەردىم. بىز يەركەنگە كېلىشتىن ئاۋال، يەركەن ۋالىسى جۇ فاڭگاڭنىڭ سايلامغا نازارەت قىلغۇچى خادىملارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز يېقىنلىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئاللىقاچان قاتمۇ-قات توسالغۇلارنى قۇرۇپ قويغانلىغىنى كېيىنرەك بىلىپ قالدۇق. ئامىنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىنى توسماقچى، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن سۆھبەتلىشىشىگە توسالغۇ بولماقچى بولدى، يەنە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ خادىمى ئەنۋەر يۈسۈپنى قولغا ئېلىپ، جىددى كەيپىيات پەيدا قىلدى.

دىگەندەك، بىز چۈشكەن ھويلا پايلاقچىلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىغا ئېلىندى. ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى، بىز ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇرىشىتنىڭ گۇمانلىق ئادەم ئىكەنلىگىنى سېزىپ، ئۇنى نازىر مۇھەممەت ئىمىنگە تەرگەۋ قىلىشقا تاپشۇرۇپ بەردۇق.

ئۇ: ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇسالام سايلامغا نازارەت قىلىش
گۇرۇپپىسىنى قارشى ئېلىش ھەققىدە سۆز قىلىپ قويغانلىقتىن،
ۋالى جۇ فاڭگاڭ ئۇنى كۆشكۈرتۈپ دەلىل-ئىسپات توقۇتۇپ،
ئابدۇسالامغا خىيانەتچىلىك قىلدى، دەپ بۆھتان چاپلاپ، 12
يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. بۇ ئەھۋال-
نى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەندۇق، دەرھال ئۆلكىلىك يۇقۇرى سوت
مەھكىمىسىگە تېلېگىراممىا يوللاپ، ئابدۇسالامنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ
قىلدۇق. بىر قىسىم يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ سايلىنالماي قالارمىز-
مىكىن دەپ، ئاممىنى يۇقۇرىغا يېزىلغان خەتكە ئۆزىنى ياخشى ئادەم
دەپ قول قويۇشقا مەجبۇر قىلىپتۇ. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىلەر-
نىڭ كاتتىۋاشلىرى قورال كۆچىگە تايىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى
زادىلا كۆزىگە ئىلمىدى. مەسىلەن، جاڭ جىجۇڭ ھەرقايسى جايلارغا
يولۇچىلارنىڭ ئەركىن قاتناپ يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىش، ئۇلارنى
تەكشۈرمەسلىك ھەققىدە ئومۇمى بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. ئەمما
لۈجاڭ شياڭ چاۋجۇڭ بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماي قويىدى، ھەتتا
بىزنىڭ ماشىنىمىز يەركەن دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىمۇ
تەكشۈرمەي ئۆتكۈزۈشكە يول قويمىدى.

11-ئاينىڭ 30-كۈنى، مەن كۇلۇپتا ئۇزۇن سۆز قىلدىم، سۆزۈمە-
دە دىخانلارنىڭ پومىششىكلار ئۈچۈن غەللە-پاراق تاپشۇرۇشىغا،
خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ نورمىدىن ئاشۇرۇپ كۆپلەپ ھەربى
ئوزۇق-تۈلۈك ۋە يەم-خەشەك ئېلىشىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە
توختالدىم. بۇ ئامما ئىچىدە خېلى تەسىر پەيدا قىلدى. شياڭ چاۋجۇڭ
مەندىن قاتتىق نارازى بولدى. ئۇلار ئېسىپ قويۇپ ئۇرىمىز،
كۆزىنى ئويۇۋالىمىز، تىلىنى كېسىمىز ھەتتا ئېتىپ تاشلايمىز دەپ،

ئامىنى قورقۇتتى ۋە ئامىنىڭ بىز بىلەن كۆرۈشۈشىنى توسىدى. ۋالى جۇ فاڭگاڭمۇ ئۇلاردىن قېلىشماي، بىزنى "خەنزۇلارنى يوقىتايلى"، "جۇ فاڭگاڭنى يوقىتايلى"، "جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرايلى" دىگەن تەشۋىق ۋاراقلىرىنى چاپلىدى دەپ قارىلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مىنىڭ ئۈستۈمدە نۇرغۇن قېتىم تېلېگىرامما يوللىدى. ماڭا. "پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئامىنى ھەربى ئوزۇق-تۈلۈك تاپشۇرماسلىققا قۇتراتتى" دەپ بۆھتان چاپلىدى. ھەلىمۇ ياخشى باش كاتىپ لىيۇ مېڭچۈن ئۆز ۋاقتىدا ماڭا تېلېگىرامما بېرىپ، مېنىڭ جەنۇبى شىنجاڭدىكى خىزمىتىمنى قوللىدى، يەنە جاڭ جىجۇڭنىڭ مېنىڭ ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشمىغا ئىشەنمەيدىغانلىغىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ قويدى.

سايلامغا نازارەت قىلىش گورۇپپىسى، ھەقىقەتەن، نۇرغۇن توسالغۇلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىنى خوشال قىلىدىغان ئىشمۇ بولدى، ئۇ بولسىمۇ، بىز بىرنەچچە قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن، ياشلار ھەركەتكە كەلدى! «نىجات يۇلتۇزى» دىگەن گېزىت تارقىتىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىزگە ئۈمىت بېغىشلىدى.

## مەكىتتە

12-ئاينىڭ 1-كۈنى بىز ھارۋىغا ئولتۇرۇپ يەركەندىن چىقىپ، يەركەن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن مەكىت ناھىيىسىگە يېتىپ بېرىپ، داغدۇغىلىق قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق، بىرئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئاممىۋى يىغىن ئاچتۇق، يىغىندا مەن ئۆزۈن

سۆز قىلدىم. بۇ سۆزۈمنى شۇ كۈندىكى خاتىرەمگە تەپسىلى يېزىپ قويغان ئىدىم، تۆۋەندە شۇ خاتىرەمنىڭ كۆچۈرمىسىنى بېرىمەن:

قەدىرلىك قېرىنداشلار، يۇرتداشلار!

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەت ئەپەندى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھەيئەت ئەزالىرى سىلەرگە سالام يوللىدى.

بۈگۈن ھەممىڭىزلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، مۇشۇنداق سۆزلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلماقتىمەن، شۇنداقلا ناھايىتى ھاياجانلانماقتىمەن. بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزدە ئىككى مەقسەت بار: بىرى، بۇ يەردىكى سايلام خىزمىتىنى نازارەت قىلىش؛ يەنە بىرى، ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش، ئەگەر قانۇنغا خىلاپ ئىشلار، قىيىنچىلىقلار بولسا، ئۇنى ھەل قىلىش. ئاممىغا ھازىرقى دېموكراتىك سىياسەتنى چۈشەندۈرۈش، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاش.

سايلام مەسىلىسى توغرىسىدا، ئەڭ ئاۋۋال، نېمە ئۈچۈن سايلام ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىز ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. ھەممىگە مەلۇم، ئۆتمۈشتە ئادالەتسىز ئىشلار بەك كۆپ بولدى، خەلقىمىز نۇرغۇن ئازاپ ـ ئوقۇبەت تارتىپ، نۇرغۇن ئېزىلىشكە ئۇچرىدى، ئەمما دەرت ـ ئەھۋالىنى ئېيتىدىغان يەر تاپالمىدى. كونا ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرى تۈرلۈك زۇلۇم ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ، خەلقنى چىدىغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن جايلاردا قوزغىلاڭلار كۆتىرىلدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولغىنى ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى بولدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى قېرىنداشلار كۆتەرگەن قوزغىلاڭ مۇستەبىتچىلەرگە قارشى تۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئېزىلگەن 4 مىليون 500 مىڭ خەلقنى ئازاتلىققا چىقىرىش يولىدىكى بىر خىل ھەركەتتۇر. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلق ۋەكىللىرى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمە-

تىنىڭ ۋەكىلى يەنى هازىرقى ئۆلكىلىك هۆكۈمەتىنىڭ رەئىسى
چاڭ جىجۇڭ بىلەن سەككىز ئاي مۇهاكىمە ئۆتكۈزۈپ، "11 ماددى-
لىق تىنچلىق بىتىم"نى ئىمزالىدى. خەلقىمىزنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن
بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ۋە تەلەپ قىلىپ كەلگەن هوقۇقى
ئاشۇ بىتىمنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرگۈزۈلدى.

هازىر مۇشۇ تىنچلىق بىتىمنىڭ 1 ـ ماددىسىغا ئاساسەن، خەلققە
ئۆزى ئىشىنىدىغان ئادىل كىشىلەردىن كېڭەش تەشكىللەپ چىقىش
ۋە ناهىيىنىڭ هاكىمى، مۇئاۋىن هاكىمنى سايلاپ چىقىش هوقۇقى
بېرىلدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە خەلققە ناهىيىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالى-
رىنى سايلاش هوقۇقى بېرىلگەن بولسىمۇ، ناهىيىنىڭ هاكىمىنى
سايلاش هوقۇقى بېرىلمىگەن. ۋاهالەنكى، ئۆلكىمىزدە بۇنداق
هوقۇق هەممىدىن ئاۋال يولغا قويۇلماقتا. بۇ تىنچلىق بىتىمدە
بەلگىلەنگەن هوقۇق. ئۇ ئاسان قولغا كەلمىدى، بەلكى مىڭلىغان ـ
تۈمەنلىگەن ئادەملەرنىڭ قان ئاققۇزۇپ قۇربان بېرىشى بەدىلىگە
كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى قەدىرلىشىمىز، ئاممىغا كۆڭۈل
بۆلىدىغان، ئامما ئىشىنىدىغان، ئامما ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى
خىزمەتنى باشقۇرۇشقا ئەستايىدىل سايلاپ چىقىشىمىز كېرەك.

بىز بارغانلا يەردە، ئاممىدىن نەچچە يۈزلىگەن تەلەپنامىلەرنى
تاپشۇرۇۋالدۇق، بۇ تەلەپنامىلەردە: ئېزىلىشكە ئۇچراپ، ئېغىر
ئازاپ تارتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىنغان، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ هەل
قىلىپ بېرىش، بۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. بۇنىڭدىن
كېيىن، بەختكە ئېرىشىش هوقۇقى ئۆز قولۇڭلاردا. ئەگەر سىلەر
ئادىل، ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى
ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەملەرنى سايلاپ چىقىدىغان بولساڭلار،
سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلەر كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر سىلەر
نامۇۋاپىق ئادەملەرنى، مەسىلەن، خىيانەتچى، قىمارۋاز ۋە ۋىجدان-
سىز ئادەملەرنى سايلاپ قويىدىغان بولساڭلار، ئۇ هالدا، بۇنىڭدىن

كېلىپ چىققان بالايى-ئاپەتنىڭ دەردىنى ئۆزەڭلەر تارتىسىلەر، ئەلۋەتتە، خەلقتە يامان ئادەملەرنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىمۇ بولىدۇ. خەلق ئاشۇنداق يامان ئادەملەرنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاپ، باشقىدىن سايلىسا بولىدۇ. ئەمما كونىلار "بېگىڭگە يەتكىچە بىلىك سۇنۇپتۇ" دەپ ياخشى ئېيتقان. سەن ئۇنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلىغىچە، ئۇ قىلىدىغان ئەسكىلىكلىرىنى قىلىپ بولىدۇ، شۇڭا خەلق ئاممىسىغا غەمخورلۇق قىلىدىغان ياخشى ئادەملەرنى سايلاش كېرەك.

بىز قەشقەر، يەركەنلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. پوسكام ناھىيىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى "مۇئاۋىن رەئىس كېلىدىكەن" دېگەن نام بىلەن خەقتىن نۇرغۇن توخۇ ۋە تۇخۇم يىغىۋاپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدۇم. چۈنكى بىز بۇ يەرگە خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقلارنى تۆگىتىش ئۈچۈن كەلدۇق. مەن پوسكام ناھىيىسىدە ئېچىلغان ئاممىۋى يىغىندا سۆزلىگەن سۆزۈمدە: سىلەر توخۇ ۋە تۇخۇملىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار! دەپ جاكالىدىم. ئۇنىڭدىن قالسا، تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بەزىلەر جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىلەرگە كېرەكلىك قورۇق ئوت-چۆپ، يەم-خەشەكلەرنى ئارتۇق ئالىدىكەن. 100 باغ بىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسا، 150 باغ بىدە ئېلىنىدىكەن؛ بىر دادەن كۆممە قوناق ئېلىشقا تېگىشلىك بولسا، بىر يېرىم دادەن كۆممە قوناق ئېلىنىپ، ئارتۇق ئېلىنغان كۆممە قوناق، يەم-خەشەكلەرنى ئۆز چۆنتىكىگە سالىدىكەن. ھۆكۈمەت بەرگەن پۇلنى مال ئىگىسىنىڭ قولىغا تەگمەيلا باشقىلار خىيانەت قىلىپ كېتىدىكەن.

يەنە بەزى جايلاردىكى كاتتىۋاشلار ھۆكۈمەتكە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىدىن ئالمايدىكەن. بۇلار قانۇنغا خىلاپ، شۇنداقلا دىنىي ئەقىدىلەرگىمۇ

مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىدە ئامىمىغا زۇلۇم سېلىشقا، ئاممىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىم مەن مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىم ئۈچۈن، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئالۋاڭ - ياساقنى تاپشۇرمىسا، بۇ توغرا بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، توغرا بولمايدۇ. مېنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىم مۇئاۋىن رەئىسكە تۇققان ئەمەس، بەلكى بۇرھانغا تۇققان، مۇئاۋىن رەئىس بىرنەچچە ئادەمنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ھاكىم، شاڭجاڭ، باۋجاڭلارنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى تۆلەشكە تېگىشلىك ئالۋاڭ - ياساقنى باشقىلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويسا، ئۇنداق ئادەم ھۆكۈمەت ئالدىدا، ئاما ئالدىدا ۋە خۇدا ئالدىدا گۇناكار بولىدۇ. ھۆكۈمەت بۈنىڭدىن كېيىن، مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئەگەر تەكشۈرۈپ تېپىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنداقلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ.

بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر رەئىس بىلەن قوشۇلۇپ 13 ھەيئەت ئەزاسى بار ئىدى، ھازىر "11 ماددىلىق تېچلىق بىتىم" نىڭ 9 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى 25 بولىدۇ. ئۇنىڭ ئونىنى مەركەز تەيىنلەيدۇ، ئون بەشى يەرلىك زاتلاردىن تەيىنلىنىدۇ. ھازىر بىر رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن رەئىس بار. جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە رەئىس، ئەخمەت ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز مۇئاۋىن رەئىس. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ئۆلكىمىزدىكى 4 مىليون 500 مىڭ خەلققە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلەلەيدۇ. بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بىز خىزمەتكە ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا، خەلق ئۈچۈن ئادىل خىزمەت قىلىمىز، خەلقنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەيمىز، پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى 4 مىليون 500 مىڭ خەلقنىڭ تاپشۇرۇغىنى يەردە

قويمايمىز، دەپ قەسەم بەردۇق.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تېچلىق بىتىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن "سىياسى پىروگىراممىسى"نى تۈزۈپ چىقتى. بىز مۇشۇ پىروگىراما بويىچە ئىشلەيمىز. ھازىر خەلققە سۆز، مەتبۇئات، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىگى بېرىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئۆز پىكىرلىرىمىزنى ئاشكارا بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنى گېزىتلەردە ئېلان قىلالايمىز. مەسىلەن، جايلاردىكى مەسئۇل كىشىلەر، ئەگەر خىيانەتچىلىك قىلسا ياكى قىمار ئوينىسا، ئەپيۇن، نەشە چەكسە، سىلەر ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەركەتلىرىنى پاش قىلىش ھەمدە گېزىت-لەردە ئېلان قىلىشقا ھوقۇقلۇق، بۇنى ھەرقانداق كىشىنىڭ توساش ھەققى يوق. ئەمدى كىشىلەرنى يولسىز، قانۇنسىز سولاپ قويۇشقا، قانۇنسىز جەرىمانە قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ. ئەمدى سىلەر ئۆزەڭلەرنىڭ نەقەدەر چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولغانلىغىڭلارنى بىلىشىڭلار كېرەك. ئالايلۇق، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا يوغان لىگەندە پولو كەلتۈرۈلسە، ئەگەر سىلەر شۇ پولونى يېسەڭلەر قوسىغىڭلار تويىدۇ، يېمىسەڭلەر ئاچ قالىسىلەر. ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا پولو كەلتۈرۈلدى، ئەمدى سىلەر ئۇنى يەپ قوسىغىڭلارنى تويغۇزالايسىلەر، بىز مەكىتتە ئون كۈندەك تۇرۇپ، سايلام خىزمىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن قايتىپ كېتىمىز. مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە تەشۋىق خىزمىتىنى تولۇق ئىشلەپ، خەلقنىڭ كېڭەش ئەزالىغىغا ۋە ناھىيىنىڭ ھاكىملىغىغا ياخشى ئادەملەرنى سايلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، بەش كىشىلىك سايلام ھەيئىتى سايلاپ چىقتۇق، ھەر بىر يېزىدا ئۈچ كىشىلىك شۆبە ھەيئەت تەشكىل قىلىندۇ.

شۇڭا سىلەرنىڭ سايلام ھوقۇقىڭلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى ئىشلىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەرنى سايلاپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن،

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىسىدە سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇھەممەت ھاجى، قادىرخەلپە قاتارلىقلار كېڭەش ئەزاسى، مۇيىدىن نىياز ھاكىم بولۇپ سايلاندى. ئەتىسى، ناھىيىنىڭ بۇرۇنقى لىيۇ پەمىلىلىك ھاكىمى يېڭىدىن سايلانغان ھاكىم مۇيىدىن نىيازغا تامغىنى تاپشۇرۇپ بەردى. ھىلىمۇ ئېسىمدىكى، مەن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەركەننىڭ ۋالىسى جۇ فاڭگاڭ زورلۇق بىلەن مۇيىدىن نىيازنى ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن، خەلق ئاممىسى ئالدىدا سايلانماي قېلىپ قالغان ھىلىقى لىيۇ پەمىلىلىك ھاكىم جىنايىتى بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى. ج خ نازارىتى سوراق قىلغاندا، ئۇ جۇ فاڭگاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىزنى چۆل ـ جەزىرىدە ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئاشۇ سوراقنىڭ ئارخىپى شىنجاڭ ج خ نازارىتىدە، مەن ئۇنى كۆرگەن.

## خوتەندە

قەشقەردە سايلامغا نازارەت قىلىش ئىشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى يەركەنگە كەلدى. 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى ئىككىمىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، كېچىلەپ يول يۈرۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە خوتەنگە يېتىپ باردۇق. كېيىن مۇھەممەت ئىمىنمۇ لوپتىن خوتەنگە قايتىپ كەلدى. بىز جايلارنىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە سۆزلەشتۇق، ئەھۋالدىن قارىغاندا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلەر سەل ناچار

ئىكەن.

ئالدى بىلەن خوتەننىڭ ۋالىسى نۇربەگ (خاۋ دېڭباڭ، ئۇيغۇر) ئىككى ئوتتۇرىدا نىزا پەيدا قىلغانلىقتىن، ياشانغانلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدا، ياشانغانلار بىلەن ياشانغانلار ئوتتۇرىسىدا ياشلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدا بىر بىرىدىن نارازى بولۇش ئەھۋاللىرى پەيدا بولۇپتۇ. مەن بىر قېتىملىق ئون مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىندا: بىر بىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشماسلىق ئاللانىڭ ۋەسىيىتىگىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان»دا، ئەگەر ئاراڭلاردا ئىختىلاپ بولسا، بالا ـ قازاغا يولۇقىسىلەر، دەپ ئاگاھلاندۇرغان، دېدىم.

مۇھەممەت ئىمىننىڭ خوتەندىكى سايلامغا نازارەت قىلىش ئىشىمۇ دېگەندەك مۇۋاپىق بولماپتۇ، ئۇ شۇ يەردىكى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق خۇيزۇ، خەنزۇلارنى سايلامغا قاتناشتۇرماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز كېتىش ۋاقتىدا، بىر توپ ئادەمنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىدۇق. مەن ئۇلارغا چۈشەنچە بەردىم ھەمدە مۇھەممەت ئىمىننىڭ ماقۇللۇغىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ناھىيىلىك كېڭەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن بىر ئەزا سايلىشىغا رۇخسەت قىلدىم. ئۇلار خوشال بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

بەزى ئەبلەخلەرنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى تۈپەيلىدىن، خوتەندە مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى ناھايىتى چوڭ مەسىلە بولۇپ، سايلام خىزمىتىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر يەتكۈزدى. بۇنىڭدىنمۇ بىزنىڭ ئۇزاق تۇرۇشقا ۋاقتىمىز يار بەرمەي، قايتىپ كېتىشكە توغرا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىم ئاياقلاشتى. ھازىر، ئاشۇ چاغدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئەسلىسەم، شۇ چاغدا سۆزلىگەن سۆزلىرىمنى ئوقۇپ كۆرسەم، ھەقىقەتەن، بەكمۇ گۆدەك ئىكەنمەن. مەن شۇ چاغدا، سايلامغا نازارەت قىلىش ئىشىغا مەسئۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن، بەزى گەپلەرنى قىلماي بولمايتتى، ئەمما ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خام خىياللاردا بولغانلىقىمنى ۋە ئۇنى ئەتەي پەدەزلىگەنلىكىمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. دېموكراتىك سايلامنى ئېلىپ بېرىش ئاسان ئىش ئەمەس، بولۇپمۇ كونا تۈزۈمنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، ھۆكۈمرانلارنى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ئالماشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش تازىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن گۆدەكلىكتۇر. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەكىتتىكى چاغدا، ئاما ئاۋاتنىڭ شاڭجاڭى ئىبراھىم ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ، ئۇنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇلارغا قولۇڭلاردىكى سايلام ھوقۇقىدىن پايدىلىنىڭلار، قولۇڭلاردا نان تۇرۇپ، بىزدىن نان تىلەپ يۈرمەڭلەر، دەپ نەسىھەت قىلدىم. سايلانغان ھاكىمنى ھوقۇقى ۋە كۈچى بار كىشىلەر خالىغانچە ئالماشتۇرۇۋەتكەن تۇرسا، دېھقانلار قانداقمۇ ئۆزلىرىگە ئوبدان ئىشلەپ بېرەلەيدىغان شاڭجاڭنى سايلاپ چىقالىسۇن؟

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش ئىشى ھەممە يەردە كونا كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى، قېيىنچىلىق تۇغدۇرۇشىغا يولۇقۇشتىن خالى بولالمىدى. بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولغاندىمۇ، ئۇنى چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايتتى. بۇ قېتىمقى سايلام مەن ئۈچۈن چوڭقۇر ساۋاق بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭغا سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان ئۈچ

گۇرۇپپىنىڭ ئادەملىرى 1947 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەرگە قايتىپ كەلدۇق. ۋالى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تەلۋى بويىچە، سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن مۇھەممەت ئىمىنلەرنى ئۈرۈمچىگە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، مەن شۇ يەردە قېلىپ بىر ئايدىن ئوشۇۇقراق تۇردۇم. مەن يېقىندىلا خىزمىتىنى يۆتكەپ كەلگەن جۇنجاڭ جاۋ شىگۇاڭنى يوقلاپ باردىم، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەندە ھەربىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغانلىغى ئۈستىدە سۆزلەشتۇق. ئۇ بۇنى چوقۇم تۈزىتىدىغانلىغىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويمايدىغانلىغىنى بىلدۈردى. مەن يېقىن ئاغىنەم مەرھۇم كېرىمخان چوڭ ھاجىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەزى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىپ بەردىم. يەنە ۋالى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىلەن ۋەزىيەت ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردۇم. ئىككىمىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خۇددى يوپۇرماقلىرى قالمىغان، يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن دەرەخكە ئوخشايدۇ، بىرلا بوران چىقسا، ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، دەپ ھىساپلىدۇق. سۆھبىتىمىز ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق!

## ”25 ـ فېۋرال“ ۋەقەسى

بىز جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈرگەن كۈنلەردە، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار ئۈچ ۋىلايەتكە ۋەكىل بولۇپ، خادىۋاڭ، ئەيسا ۋە ۋۇ جىڭبىن قاتارلىقلار يەتتە ۋىلايەتكە ۋەكىل بولۇپ، نەنجىڭغا بېرىپ ”مىللى قۇرۇلتاي“غا قاتنىشىپتۇ. ئۇلار 1947 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېپتۇ. بىراق مەن قەشقەر-
دىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ بارغاندا، ئالدىمغا ھېچكىم
چىقمىدى. ئەسلىدە، ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجى ۋە
ئۇيغۇر سايرانىلار جىددىي ئىش بىلەن تۇرپانغا كەتكەن ئىكەن.
باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن قاتارلىقلار تەلەپ قويغۇچى ئامىنىڭ
قورشاۋى ئىچىدىن چىقالماي قالغان ئىكەن. مەن ئايرودۇرومنىڭ
ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئاڭلىغان ـ بىلگەنلىرىمنىڭ
ھەممىسى ئۈرۈمچىدە يېقىنقى بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە يۈز بەرگەن
ۋەقەلەر ھەققىدىكى خەۋەرلەر بولدى.

مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مارال-
ۋېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەردە، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى "ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسى"دا پۈتۈن شەھەر بويىچە "ئەركىنلىك يىغىنى" ئېچىپتۇ.
بۇ يىغىننى ئابلەت مەخسۇم باشقۇرۇپتۇ. ئۇ يىغىندا مەردانە،
كۆتىرەڭگۈ روھلۇق نۇتۇق سۆزلەپ، خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۈندەپتۇ. بۇ يىغىن خۇددى
مەشئەلدەك ئۈرۈمچىگە كۈرەش ئوتىنى يېقىپتۇ. ئەتىسى 5 مىڭدىن
ئارتۇق ئامما سەپ تارتىپ نامايىش قىلىپ، "11 ماددىلىق تېچلىق
بىتىم"نى ھىمايە قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى
ئەيىبلەپتۇ. ئۇلار ئۇيغۇرچە شوئارلار يېزىلغان چوڭ ـ كىچىك
بايراقلارنى كۆتىرىپ، ئەنلياڭدىن يولغا چىقىپ كوچا بويلاپ نامايىش
قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ
تەلەپلىرىنى قويۇپتۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازارىتىنىڭ
نازىرى جانىمخاننى، قۇمۇلنىڭ ۋالىسى يولۋاسنى، خوتەننىڭ ۋالىسى
نۇربەگنى، يەركەننىڭ ۋالىسى جۇ فاڭگاڭنى دەرھال خىزمىتىدىن

ئېلىپ تاشلىشنى تەلەپ قىپتۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن
تا گۈگۈم چۈشكىچە ئامما ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىن كەتمەي
تۇرۇۋاپتۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرى جىددى يىغىن
ئېچىپ، مۇزاكىرە قىلىپ، جاۋاپ بېرىشكە ماقۇل بولغاندىن كېيىنلا،
ئامما تارقىلىپ كېتىپتۇ.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جىددى يىغىن ئاچتى.
يىغىننى تۇرپاندىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمى
باشقۇردى. يىغىندا مەن بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلدىم. مەن سۆزۈمدە
ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭغا سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان
چاغدىكى ئەھۋاللارنى، بولۇپمۇ يەركەننىڭ ۋالىسى جۇ فاڭگاڭنىڭ
شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سايلامغا
بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقلىرىنى ھەمدە ئاممىنىڭ نامايىش قىلىپ سۇنغان
تەلەپلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ يەركەن ۋالىسى جۇ فاڭگاڭنى
خىزمەتتىن ئېلىۋېتىش ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىشنى
بايان قىلىپ ئۆتتۈم. ئارقىدىنلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن
باش كاتىۋى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىقلار جۇ فاڭگاڭ، خادىۋاڭ-
لارنى خىزمەتتىن ئېلىۋېتىش ھەققىدىكى قەغەز يۈزىدىكى 8 ماددىلىق
لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەزى
ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئىككى تۈرلۈك پىكىر
ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ھەل بولماي، يىغىن ئەتىگەندىن
تارتىپ تا چۈشتىن كېيىنگىچە داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت-
جان قاسىمى تەلەپ قويغان ئاممىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆز
پىكىرلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىشى ھەققىدىكى
تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەكلىپ دەررو ماقۇللاندى. ئابلەت

مەخسۇم قاتارلىق ئادەملەر كەلگەندىن كېيىن، "ئەركىنلىك يىغىنى"دا سۆزلەنگەن نۇتۇقتىكى كۆزقاراشلارنى بايان قىلىپ ئۆتتى ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ھەربىلەر شىنجاڭدا تېچلىق بىتىمىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا زادى قانداق كونكرېت تۆھپە قوشتى؟ دەپ سوئال قويدى. مەجلىسخانىدا كەيپىيات بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئابلەت مەخسۇم سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، جانىمخان ئۇنىڭغا "رەددىيە بېرىپ" بىرنەچچە ئېغىزلا سۆز قىلغاندىن باشقا، قالغانلار ئېغىز ئاچمىدى. ئامما ۋەكىللىرى مەجلىسخانىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى ئاۋال خوتەننىڭ ۋالىسى نۇربەگ بىلەن يەكەننىڭ ۋالىسى جۇ فاڭگاڭنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش ھەققىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقمىغانلىقتىن، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا ماقۇللاندى.

2-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن ئاۋال، ئۈرۈمچىدە تۇساتتىنلا 3 مىڭدىن ئارتۇق خۇيزۇ قاتناشقان نامايىشچىلار قوشۇنى پەيدا بولۇپ قالدى ھەمدە بۇنىڭ ئىچىگە كۆپلىگەن ئاتلىق قازاقلار كىرىپ يول باشلاپ ماڭغان، ئۇلار يول بويى "مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىمىز"، "ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرايلى" دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلاپ ماڭدى. ۋەقەدىن كېيىن تەكشۈرۈپ كۆرسەك، بۇ، گارنىزون ئىشتاۋىنىڭ قوماندانى سۇڭ شىليەن جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن نەنجىڭغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا بىر قىسىم ئەپىتسەرلەرنى چاقىرتىۋېلىپ، مەخپىي پىلانلاپ، "نامايىشقا نامايىش بىلەن تاقابىل تۇرۇش"، "تەلەپ قويۇشقا تەلەپ قويۇش بىلەن تاقابىل تۇرۇش" دېگەن ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. ئۇلار،

ۋەقەنىڭ ھەقىقى سىرىنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئاممىنى ئالداپ، بىر قىسىم ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بىلەن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغۇزۇپ، كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلدۇرۇپ، مەخسۇس ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرغان ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ "تەشكىللىگە تەشكىل بىلەن تاقابىل تۇرۇش، تەشۋىقاتقا تەشۋىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش" دەيدىغان فاڭجېنىمۇ بار ئىكەن، ئۇلار "خەنزۇ ئۇيۇشمىسى"نى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇلارنى تەشكىللەپ (ليۇ يۇڭشياڭ، ليۇ شياۋلىلارنى مەسئۇل قىلىپ)، "خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى"نى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇلارنى تەشكىللەپ (ۋېن يۈنى مەسئۇل قىلىپ)، ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىسى خادىۋاڭ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىۋى سالىسقا يوليورۇق بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىلغار كۈچلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان "قازاق ئۇيۇشمىسى"نى پارچىلىدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۇيۇشمىلار بىرلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قول ئاستىدىكى "ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى"غا قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ بىر كېچىدىلا نەچچە مىڭ ئادەمنى تەشكىللىيەلىشى بۇرۇنلا تەييارلىقى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئەسلىدە 2-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلماقچى ئىدى. ئەتىسى سائەت 10 دا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، ئويلىمىغان يەردىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدى ئىشىگى ئالدىدىكى مەيداندا 10 مىڭدىن ئارتۇق تەلەپ قويغۇچى ئاما يىغىلىپ بوپتۇ.

بىز بىرىمىزنىڭ كەينىدىن بىرىمىز كېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەجلىسخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرغىنىمىزدا، تەلەپ قويغۇچى

خەنزۇلاردىن بىرنەچچە يۈز ئادەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھويلىسىغا تۇيۇقسىزلا باستۇرۇپ كىردى. بۇ چاغدا، ئەخمەتجان قاسىمى تېخى كەلمىگەن ئىدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى مېنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار: "نامايىش قىلىپ تەلەپ قويۇپ كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ بەزى تەلەپلىرى بولۇشى مۇمكىن، ھازىر رەئىس جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا ئەمەس، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىممۇ تېخى كەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ قوبۇل قىلغىنى تۈزۈك" دېدى.

مەن ھويلىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن ئىشخانىغا بارماقچى بولۇپ، مەجلىسخانىدىن چىقتىم. تېخى ئىشخانىغا يېتىپ بارا-بارمايلا، تەلەپ قويغۇچى ئامما ئىچىدىن "ئۇرۇڭلار!" "ئۆلتۈرۈڭلەر!" دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم، ئارقىدىنلا گەجگەمگە بىرنەچچە مۇشت تەگدى. مەن ئادەملەر توپى ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ دېگەندەك ئىشخانا ئالدىغا كەلدىم. ئۇ يەردە ئابدۇكېرىم ئاباسوۋمۇ تۇرغان ئىكەن. مەن ئۇنى تارتىپ ئىشخانىغا ئېلىپ كىردىم. تەلەپ قويغۇ-چىلارنىڭ بىرنەچچە ۋەكىلىمۇ ئارقىمىزدىن كىردى. مەن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ: "سىلەرنىڭ قانداق تەلەپلىرىڭلار بار؟ ئېيتىڭلار" دېدىم. ئۇلار تەلەپ قويۇشتىن باش تارتىپ: "مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان كەلسۇن، شۇ چاغدا سۆزىمىزنى ئېيتىمىز" دەپ تورۇڭ-تورۇڭ تەگدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئىككىمىز ئەھۋالنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بايقاپ، بىر ئىلاج قىلىپ ئەخمەتجان قاسىمغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كەلمەسلىكنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئاستىرتىن كېلىشىۋالدۇق. مەن تەلەپ قويغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرىگە: "سىلەرنىڭ

ئادەملىرىڭلار 'ئۇرۇڭلار'، 'ئۆلتۈرۈڭلار' دەپ چۇقان سېلىپ يۈرسە، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بۇ يەرگە قانداق كېلىدۇ؟" دېدىم. ئۇلار: "بىز مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجانىنىڭ ئامانلىقىغا كېپىللىك قىلىمىز" دېدى. مەن ئەخمەتجان قاسىمىغا تېلېفون بەرمەكچى بولغان ئىدىم. ئەمما تېلېفون سىملىرىنى بۇرۇنلا ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئاۋىن سىلىڭ داڭ بىگاڭ قاتارلىقلار ئەخمەتجان قاسىمنى ئېلىپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز تەلەپ قويغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلەشتۇق. ئۇلار 16 تۈرلۈك تەلەپ قويدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يولسىز جېدەلخورلۇق ئىدى. ئېيتايلۇق: خىزمەتتىن بوشىتىلغان ئادەملەرنى (تېچلىق بىتىمدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن قىسقارتىلغان ئادەملەرنى) قايتىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش...

ئەخمەتجان قاسىمى ھۆكۈمەت نامىدىن ئۇلارغا تېگىشلىك جاۋاپ قايتۇردى، ۋەكىللەر ئەخمەتجان قاسىمنىڭ بەرگەن جاۋاۋىغا قاتتىق نارازى بولدى. جانىمخان بىلەن سالىس بىر چەتتە خاتىرە يېزىپ ئولتۇرۇپ، ۋەكىللەرگە كۆزى بىلەن ئىشارەت بېرىپ تۇردى. داڭ بىگاڭنىڭ كىرىپ-چىقىشى بىلەن تەڭ ھويلىدا "ئۇرۇڭلار! ئۆلتۈرۈڭلار!" دېگەن ئاۋازلار بىر دەم كۆتىرىلىپ، بىر دەم پەسىيىپ تۇردى. ئۇ ھويلىغا چىققان ھامان ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالاتتى؛ ئۇ ھويلىدىن قايتىپ كىرىشىگە ھويلىدا شاۋقۇن-سۈرەن كۆتىرىلىپ كېتەتتى. ماڭا ئۇ بىر سىرلىق ئادەم تۇيۇلدى.

شۇ ئەسنادا ھويلىدىكى ئادەملەردىن بىرى كىرىپ ماڭا: "ھازىر سىرتتىكىلەر ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، تېزرەك چىقىپ توسىۋېلىڭ" دەپ تۇرۇشىغا ئېغىر يارىدار بولغان ئىككى ئادەمنى

ئىشخانامغا ئۆتىرىپ كىرىشتى. ھويلىدىن بۇزغان-چاقىان نەرسى-
لەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئىشخانامنىڭ دەرىزىسىنىڭ
ئەينىكى چېقىلدى. مەن ئاچچىغىمنى باستىم، جانىمخان بىلەن
سالىسىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ
ئۆزلىرىنى مەن بىلەن ئەخمەتجانلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن،
ئالاھىدە تۈلكە تۇماق كىيىۋالغانلىقىنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى
"نامايىشچىلار" بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندىم.
خەنزۇ مۇھاپىزەتچىم لى ۋېنبىن ماڭا: "ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك،
سىلەر ئىشخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كىچىك ھويلىغا كىرىپ كۆرۈن-
مەي تۇرساڭلار بولارمىكىن" دىدى. مەن، ئەخمەتجان قاسىمى،
ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، ليۇ مېڭچۈن، ليۇ زېرۇڭ قاتارلىقلار ئارقا
ھويلىغا ئۆتتۇق، ئالدىنقى ھويلىدىكى شاۋقۇن-سۈرەنلەر بۇ يەرگىمۇ
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆزەمنىڭ شوپۇرى ھەم مۇھاپىزەتچىم مۇنۇپ
ئاخۇننىڭ ئىز-دېرىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم، ئاڭلىسام،
ئۇ ۋە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجاننىڭ شوپۇرى يوقاپ كېتىپتۇ. بىر
خەنزۇ كىشى (ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ) ئالدىمغا كېلىپ: "ھېچ
ۋەقەسى يوق، بىز چىقىپ ئىزدەپ كۆرەيلۇق" دىدى-دە، خەمىت
سۇلتاننى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن 5 مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا،
خەمىت سۇلتان باش-كۆزى قان بولۇپ قايتىپ كىردى. چۇۋۇ
بىلەن ليۇ مېڭچۈن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىككىمىزنى شۇتا بىلەن
ياتاقنىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىپ، ئارقا ھويلا بىلەن قوماندان مەھكىمە-
سىگە چىقىپ كەتسەڭلەر، دىدى. بىز بۇنى رەت قىلدۇق. مەن:
"قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسە،
ھېچكىم جاۋاپكار بولمايدۇ. بۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋەتسە، بۇنىڭ

جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ" دېدىم. ئەخمەتجان قاسىممۇ: "ئەگەر ئۇلار باستۇرۇپ كىرسە، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، مەن قورقمايمەن!" دېدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ساقچى ئىدارىسى بىلەن غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي مەھكىمە ساقچى ۋە ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇلار يالغان ئېيتىپ: "تەلەپ قويغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كېتىپ بولدى" دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز مەجلىسخانىغا قايتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە تاماق تەييارلاپ قويۇپتۇ. تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق، بىرەيلەن، مەن تەلەپ قويغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى، دەپ تۇيۇقسىزلا ئالدىمىزغا كەلدى. ئۇ: "ئاما ھازىر قايتقىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئۇلار مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان چىقىپ، سوئالىمىزغا جاۋاپ بەرسۇن دەيدۇ" دېدى. ئەخمەتجان قاسىمى ھىلىقى ۋەكىلگە: "بىز تېچلىق بىتىمى بويىچە سىلەرنى قوغدايمىز ۋە تېچلىقنى ساقلايمىز، سىلەر بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار" دەپ خەت يېزىپ بەردى، ئۇنىڭغا ئىككىمىز بىللە قول قويدۇق. ھىلىقى ۋەكىل چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مۇئاۋىن سىلىنىڭ داڭ بىگاڭ ئېتىلىپ كىرىپ، بىزگە: "ئاما قەغەز يۈزىدە بەرگەن جاۋاپقا قانائەتلەنمەيۋاتىدۇ، ئۇلار مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجاننىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن جاۋاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ" دېدى. مەن: "ئىمزا قويۇپ بەرگەن خەتكە ئىشەنمەي تۇرغان يەردە، ئۇنىڭ ئاغزىدا ئېيتقىنىغا ئىشىنەمدۇ؟" دېدىم.

مەن بىرنەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ مۇنۇپ ئاخۇننى ئىزدەتتۇرگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى زادى ئالالمىدىم. كېيىن يەنە كانۋېيىم لى ۋېنبىننى ئەۋەتىپ ئىزدەتتۈردۈم، ئۇ قايتىپ

كېلىپ: مۇنۇپئاخۇن بىلەن ئىبراھىمئاخۇن، ھەسەنئاخۇن، داۋۇتئاخۇنلارنى قاتىللار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆزەمنى توختىتىپ ئالالماي، كۆزلىرىمدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلدى. مۇنۇپئاخۇننىڭ قۇربان بولۇشى مېنىڭ مەخپىي تەشكىلات بىلەن بولغان ئالاقەمنى ئۈزۈپ قويدى.

بارا-بارا قاراڭغۇ چۈشۈپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىلدى. باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن بىزنىڭ ئامانلىقىمىزدىن بەك ئەنسىرەپ، بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ شەھەردىن چىقىرىپ قويۇشقا بىرنەچچە ماشىنا بەلگىلىدى. بىز قاتىللار بابا چاتاق چىقارغان ئالدىنقى ھويلىغا كەلدۇق، ھويلىنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي قۇشخانىغا ئوخشاپ قېپتۇ، ھويلىنىڭ ھەممە يېرىگە بىر كەلگەن قان گۆگۈم ۋاقتىدىكى سوغاقتا توڭلاپ مۇز تۇتۇپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئۆلۈكلەرنى كۆتىرىپ كېتىۋېتىپتۇ. پىكاۋىمنىڭ يېنىدا بىر خەنزۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈكى يېتىپتۇ، پىكاۋىم بۇزۇپ تاشلىنىپتۇ. مەن، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە رەھىمجان سابىرھاجىلار باشقا بىر پىكاپقا ئولتۇرۇپ ماڭدۇق، ئارقىمىزدىكى پىكاپقا ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ قاتارلىقلار ئولتۇرۇپ ماڭدى. ئىككى پىكاپ بىر دەمدىلا جەنۇبىي دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. بىزنى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باش تەپتىشى مۇھاپىزەت قىلىپ شەھەردىن چىقىرىپ قويغان، ئۇ، ئون مىڭلىغان ئاممىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدا قىزغىن چاۋاك چېلىپ، بىزنى قارشى ئېلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن بەك قورقۇپ كەتتى.

بىزنىڭ ماشىنىمىز "ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى"نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئەخمەتجان قاسىمى ماشىنا موتورى ياپقۇچىنىڭ ئۈستىگە

چىقىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆز قىلدى، مەن ماشىنىنىڭ ئىشىگى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە تۇردۇم. ھىلىقى باش تەپتىش مېنىڭ قولۇمنى قويۇۋەتمەي مەھكەم تۇتۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ شۇنچىلىك جىددىلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغىچە ئېپبېرىپ قويۇشقا ئاۋغانباينى قوشۇپ ئەۋەتتىم. ئەخمەتجان قاسىمى خەلقنى تېچلىقنى قوغداشقا چاقىردى. گۈگۈم چۈشتى، ئاممىنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆكتە ياڭرىدى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇرۇق-تۇققانلار ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇلار كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ: ”نىمە ئىش بولدى؟ ئاخىر قانداق بولدى؟“ دەپ تەقەززالىق بىلەن سوراشتى. ...

3-ئاينىڭ 2-كۈنى، بىز ئۆلگەنلەرنى قەۋرىستانلىققا ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلدۇق. مۇنۇپئاخۇننى يەرلىكىگە قويۇشتىن ئاۋال، ئالايىتەن بېرىپ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئايىلى بىلەن ھەدىسى قاتتىق يىغا-زار قىلدى. مەن ئۇلارغا تەسەللى بەردىم ھەمدە ئۇلارنى ئۆزەم چۈشكەن ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ماڭدۇرۇپ قويدۇم. مەن ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ماڭغان توپ بىلەن بىللە تۇپراق بېشىغا باردىم. يول بويىدا ئەسكەرلەر بىلەن ساقچىلار مىلتىقلىرىنى بەتلەپ تەييار تۇرۇپتۇ. دەپنە قىلىش توپى ئىچىدىن بەزىلەر چىقىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولۇۋىدى، كۆپچىلىك ئۇلارنى توسۇۋېلىپ، يەنە بىر قېتىملىق قانلىق ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئالدى. دۇئا-تەكبىردىن كېيىن، تۇرسۇن بۇرھان مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمنىڭ باشقىلاردىن ئەۋەتكەن تەزىيە نۇتقىنى ئوقۇپ بەردى. ئەخمەتجان قاسىمى خېيىم-خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن،

بۇ قېتىمقى دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشمىغان ئىدى. كېيىن مەنمۇ سۆز قىلدىم.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تە ئەخمەتجان قاسىمىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالدىم، ئۇ تېلېفوندا: ”ئالغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇش بولۇۋېتىپتۇ، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ توسسىڭىز“ دېدى. مەن دەرھال ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ ياجېگە تېلېفون بېرىپ: ”كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تېخى ئارامىغا چۈشمىگەن ھازىرقى مۇشۇنداق بىر پەيتتە، يەنە ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇش ئىشى بولۇۋېتىپتۇ. بۇ ئاممىغا قورقۇنچ سېلىشى مۇمكىن، بۇنى تېزدىن توختىتىڭ“ دېدىم. ليۇ ياجې: ”بۇ ھەربىي دائىرىلەر چۈشۈرگەن بۇيرۇق، بىز بۇيرۇق بويىچە ئىشلەيمىز“ دېدى. مەن يەنە باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈنگە تېلېفون بەردىم. ئۇ: ”مەن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدىم. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان تېلېفوندا بۇ ئىشنى ئېيتقاندىن كېيىن خەۋەردار بولدۇم. بۇ ئىشنى باش قوماندانلىق ئىشتابىدىن سۈرۈشتۈرسەم، ئۇلار ئاممىنىڭ قولىدا قورال-ياراق بولغانلىقتىن، ئاختۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. بۇ بۇيرۇقنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس دەيدۇ“ دېدى. مەن: ”سىز ئۇلارغا مەن بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نامىدىن ئېيتىپ قويۇڭ، بۇنداق قىلسا ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدۇ“ دېدىم. مەن بۇ ئەھۋالنى تېلېفون ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمغىمۇ تەپسىلى يەتكۈزدۈم. ئۇ ناھايىتى غەزەپلىنىپ: ”بۇنىڭغا قوماندانلىق ئىشتاب بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلغان تۇرسا، نېمە ئامال بار؟“ دېدى.

تاڭ بارا-بارا سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، مەن ئۆيدىن چىقىپ،

ئۇدۇلىمىزدىكى بوۋاينىڭ ئۆگزىسىدە قوراللىق ئادەملەرنىڭ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ قالدىم. ئاختۇرۇش تېخى داۋام قىلىۋېتىپتۇ. مەن، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ۋە باشقىلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆيىگە يىغىلدۇق. ئۇ يەردە: "ئاممىنىڭ ئوۋ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ"، "چوڭ كۆۋرۈكتىن بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئۆلۈكى تېپىلىپتۇ"، "بىر كېچىدىلا 50 نەچچە ئادەم قولغا ئېلىنىپتۇ" دىگەندەك ئوخشاش خەۋەرلەرنى ئاڭلىدۇق. شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە ناھايىتى جىددىيلىك ھۆكۈم سۈردى، بىرەر ۋەقە تۇغۇلۇپ قالماسلىغى ئۈچۈن، ھەممىمىز ئۆيىمىزگە قايتمىدۇق، يەرگە ئورۇن سېلىپ ياتتۇق، ئەخمەتجان بىلەن ئىككىمىز بىر يوتقان يېپىنىپ ياتتۇق.

ئەتىسى ئۆيۈمگە بېرىشىمغىلا كانۋېيىم لى ۋېنبىن كەلدى. ئۇ ماڭا 25-كۈنى تاڭ پەيجاڭنىڭ قورالىنى بەتلەپ مېنى ئاتماقچى بولۇپ تۇرغانلىغىنى، مەن ئارقا ھويلىغا كېتىپ قالغانلىغىم ئۈچۈن، مەقسىدىگە يېتەلمىگەنلىگىنى ئېيتتى. خەنزۇلار ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر مېنى ئۇيغۇرلارغا خىزمەت قىلماسلىغى كېرەك ئىدى، دەپ تىللاپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار شۇ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجانىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىكەن.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا بولغان قانلىق ۋەقە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشنىڭ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرى كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشتى.

# ئالتاي مەمۇرى تەكشۇرۇش ئۆمىكى

"25-فېۋرال ۋەقەسى"دىن كېيىن، رەئىس جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭدىن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ بىزنىڭ شىنجاڭ ئەھۋالى ھەققىدە بەرگەن دوكلادىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەھۋالنىڭ ناھايىتى جىددى ئىكەنلىكىنى سەزدى. 3-ئاينىڭ 31-كۈنى، ھەربى-مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مەجلىسخانىسىدا ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، شۇ چاغدا ناھايىتى قاتتىق مەخپى ساقلاشقا تېگىشلىك سۆز قىلدى. بۇ سۆز ھەققىدە مەن تۆۋەندە يەنە توختىلىپ ئۆتىمەن.

بىر ۋەقە بېسىقمايلا، يەنە بىر ۋەقە تۇغۇلدى. ئالتاي خەلقى ئوسماننى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى دەپ ئېتىراپ قىلماي، ئۇنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. جاڭ جىجۇڭ ئالتايغا بېرىپ ئەھۋالنى تەكشۇرۇش ھەمدە خەلقنى ئوسماننىڭ ئالتايغا قايتىپ ۋالىلىقنى قىلىشىغا يول قويۇشقا قايىل قىلىش يۈزىسىدىن بىر مەمۇرى تەكشۇرۇش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. تەكشۇرۇش ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىغا مېنى تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا، يەنە ئالتايغا قاراپ سەپەر قىلدىم.

شىباڭ شىسەينىڭ "قورال-ياراق ئېنىقلاش" ھەركىتى چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغانلىقى ھەققىدە يۇقۇرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. شۇ چاغدا كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ئېسىمخان رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بىر قوراللىق كۈچ بار ئىدى. ئوسمان ئەنە شۇلارنىڭ

يىمەك ـ ئىچمەكنى باشقۇراتتى، ئەسلىدە، ئۇ چارۋا مال ساتىدىغان سودىگەر ئىدى، ئېھتىمال، ئۇ يىمەك ـ ئىچمەك باشقۇرىدىغان تۈۋەن مەنسەپكە نارازى بولغان بولسا كېرەك، بىر توپ ئادەمنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، كۆكتوقايدىن سارسۇمبە (هازىرقى ئالتاي ناهىيىسى)گە بارىدىغان تاشيول بويىدا بىر پوچتىخانىنى بۇلاپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن هەربىي قورال ـ ياراق توشۇيدىغان تۆگە كارۋانى (جەمئىي ئىككى يۈز تۆگە)نى بۇلاپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىرتىش دەرياسىنىڭ يۇقۇرىقى ئېقىمىدىكى جايلاردىن ئۆز ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ، بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپتۇ. شېڭ شىسەي، بىر تەرەپتىن، ئەسكەر ئەۋەتىپ يوقىتىش چارىسىنى قوللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سۆھبەتلىشىشكە ئادەم ئەۋەتىپ، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى پارچىلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى، پەقەت ئوسمانلا چىڭگىل ناهىيىسىنىڭ جۇڭگو بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىداش بولغان يەرلىرىدە هەركەت قىلىپ يۈردى.

1943 ـ يىل 7 ـ ئايدا، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ دېلۇۋېن دىگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق مۇقاش (قازاق) قاتارلىق ئادەملەر ئوسمانغا سالام بېرىپ كەلگەن هەمدە ئۇنىڭغا چاي ۋە گەزلىمە هەدىيە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئازراق قورال ـ ياراققا ئىگە بولغان. كېيىن، ئوسمان ئەسكەر ئەۋەتىپ، چىڭگىل ناهىيىسىدىن 300 ئات، 200 كىگىز بۇلاپ كەلگەن ۋە ئۇنى كەينى ـ كەينىدىن ئېتىلىدىغان 50 دانە ملتىققا تېگىشكەن.

9 ـ ئايدا، ئوسمان شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا يارىدار بولۇپ، چېگرىغا چېكىنىپ كەتكەن. 1944 ـ يىل 2 ـ ئايدا، تاشقى موڭغۇلىيە ئوسمانغا 400 گە يېقىن كەينى ـ كەينىدىن

ئېتىلىدىغان مىلتىق، ئاپتوماتىك مىلتىق، يېنىك ـ ئېغىر پىلىموت ۋە دۇربۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى بەرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا ياردەمچى ۋە مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتكەن (1945 ـ يىلى يازدا، تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەتكەن). ئوسمان ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى قازاقلارنىڭ خانى دەپ ئاتىغان. كېيىن دەللىخان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوقۇپ قايتىپ كەلدى، ھۆكۈمەت ئۇنى ئوسمانغا قايتىپ كېلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى، ئوسمان بۇنىڭغا قۇلاق سالمايلا قالماستىن، بەلكى ئالتاي ناھىيە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىلى قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلاشتىن ئاۋالقى ئالتاينىڭ ۋەزىيىتى ئەنە شۇنداق ئىدى.

ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، 1945 ـ يىلى يازدا، چۆچەك بىلەن ئالتايغا ئەسكەر كىرگۈزۈلدى. ئۈچ ۋىلايەت بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەندىن كېيىن، 10 ـ ئايدا ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندا، ئوسمان ئۇنىڭغا قاتنىشىشتىن باش تارتتى؛ ئۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا سايلانغاندىن كېيىنمۇ، بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئالماي قويدى؛ ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ بىلەن بولغان سۆھبەتكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ چاقىرغاندا، بۇنىڭغىمۇ پىسەنت قىلمىدى. كېيىن ئۇ ئىلىدا ۋەكىل بولۇپ تۇرۇشقا لاتىپنى ئەۋەتتى. مانا بۇنىڭدىن ئوسماننىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن زىتلىشىپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىگىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتلاردا، ئوسمان دەسلەپ يوشۇرۇن ھالدا گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈردى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن

كېيىن، ئوسمان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىلىقىغا تەيىنلەندى. 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئوسماننىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى ئېلىپ كەلگەن ئادىمى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، جاڭ جىجۇڭ بۇ ئوتتۇرىدا ناھايىتى تەڭقىسلىقتا قېلىپ، ئۆز ئالدىغا قوبۇل قىلسام مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دەپ ھىساپلاپ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىككىمىزنى بىللە قوبۇل قىلىشقا چاقىردى. ئوسمان خېتىدە جانىمخان قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئالتايغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت ئىشلىشىنى، قۇتقۇزۇش بېرىشنى، ئالتايدا تۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرىدىغان ھەربى كۈچىنى كۈچەيتمەكچى بولغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئوسماننىڭ ۋەكىلى سۇڭ شىليەن بىلەن مەخپى ئۇچراشتى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئوسمان لاتىپ قاتارلىق ئادەملەرنى يەنە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، ئۇلار جانىمخاننىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ گومىنداڭدىن ياردەم سورىدى. گومىنداڭنىڭ ھەربى دائىرىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئىككى قېتىم نۇرغۇن مىلتىق، يېنىك پىلىموت، ئوق يەنە بىر رادىيو پىرىيومىنىك (ئۇنىڭغا 3 ئادەم قوشۇپ) ياردەم بەردى.

بۇلار تەبىئى تۈردە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، 1947 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئىلى ھۆكۈمىتى ئوسماننى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەلىلخاننى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە ئۈچ ئاتلىق تۈەننى مىللى ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئىسھاقبەگنىڭ باشچىلىقىدا ئالتايغا ئەۋەتتى. ئوسمان ھەر قېتىمقى جەڭدە دىگۈدەك يېڭىلىپ تۇرسىمۇ،

سوۇڭ شلیەن مەدەت بېرىپ تۇرغانلىقتىن، يېڭىلـغانلـىغىغا تەن بەرمىدى، 4 ـ ئايدا كۆرتىگە چېكىنىپ كەتتى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالتاي مەمۇرى تەكشۈرۈش ئۆمىگى ئەنە شۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا تەشكىللىنىپ يولغا چىققان ئىدى.

مەن تەكشۈرۈش ئۆمىگىنى باشلاپ، ئۈرۈمچىدىن ئالـتايغا 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئايروپىلان بىلەن يېتىپ باردىم. مېنىڭ بىلەن رەھىمجان سابىرھاجى، قامى، داڭ بىگاڭ، ئاقان ۋە نۇسرەت قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم بىللە باردى. بىز ناھىيە شەھىرىگە كىرىپ، مىللى ئارمىيە بىلەن ئاممىنىڭ روھى كۆتىرەڭگۈ، ئىناق ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ، چىن قەلبىمىزدىن خوشال بولدۇق. شۇ كۈنى كەچتە رەھىمجان سابىرھاجى بىلەن ئىككىمىز دەلىلخاننىڭ ئۆيىدە سۆھبەتلەشتۇق. ئۇ ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى ئاممىنىڭ ئوسمانغا ئەگەشمەي، يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى، بىز ھەر بىر ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتۇق. ئۈچىنچى كۈنى كۇلۇپتا ئاممىۋى يىغىن ئاچتۇق. يىغىندا مەن سۆز قىلدىم، داڭ بىگاڭ، رەھىمجان سابىرھاجى، ئىسھاقبەگ، دەلىلخانلارمۇ سۆزلىدى، خەلق ۋەكىللىرىمۇ سۆزگە چىقتى. ئامما تۈرلۈك سوئاللارنى قويدى، بىز ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاپ بەردۇق. بىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نامىدىن ئاممىغا ئوسماننى ۋالى بولۇشقا قايتا چاقىرىپ كېلىشنى نەسىھەت قىلىشقا كەلگەنلىگىمىزنى بىلدۈرگىنىمىزدە، ئالتايدىكى ئامما ئارقا ـ ئارقىدىن ئوسماننىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلدى.

ئاممىۋى يىغىن ئىككى كۈن داۋام قىلدى، ئامما ئوسماننىڭ

ھەددى-ھېساپسىز جىنايى ھەركەتلىرىنى پاش قىلدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرىگە قاتتىق لەنەت ياغدۇردى. يىغىندا پاش بولغان ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئوسمان ئاز دېگەندە 7 مىڭ قوي، 3 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ چارۋا بۇلاپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تىرىكچىلىكتىن مەھرۇم قىلغان. ئامما ئوسماننىڭ قايتا ئالتايغا كېلىشىنى بىر ئېغىزدىن رەت قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى قاتتىق جازالىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلدى.

يىغىندىن كېيىن مەن ئالتاينىڭ باشلىقلىرىغا: "مەن ئاممىنىڭ ئوسماننىڭ ئالتايغا قايتىپ كېلىشىگە قارشى چىققان پىكرىگە قوشۇلىمەن، قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى چوقۇم جاڭ جىجۇڭغا تەپسىلى دوكلات قىلىمەن، سىلەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيمەن" دېدىم. مەن يەنە ئىلىدىن كەلگەن ھەربىي باشلىقلار — ئىسھاقبەگ، دەلىلخانلار بىلەنمۇ: گومىنداڭنىڭ ئوسمانغا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى جەزمەن توساش، ئوسماننى ئالتاينىڭ سىرتىدا قالدۇرۇش كېرەك دېگەن بىردەك پىكىرگە كەلدۇق. ئۇلار ماڭا مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالتايدىكى ئاممىنىڭ ئوسمانغا قارشى ئۇرۇشتا قازانغان ئۇتۇقلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئويلارغا ئاساسەن، جاڭ جىجۇڭغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن، بىر دوكلات تېزىسى يېزىپ چىقتىم.

مەمۇرىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى خىزمىتىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولۇۋاتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىزنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. كىچىك تىپتىكى زىياپەت راسا قىزىۋاتقاندا، توساتتىن بىر ئادەم كىرىپ ماڭا: "بىر چىقىپ كەتسىڭىز كەن" دەپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى. مەن زىياپەت

ژالىدىن چىقىپ، تەقەززا بولۇپ: ”نىمە ئىش؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ: ”بىر كىشى سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن“ دەپ، مېنى باشقا بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى.

ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا بىر كىشى ئالدىمغا كېلىپ، مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ سوۋېتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، لېكىن بىز تونۇشمايتتۇق. ئۇ مېنىڭ رۇسچە بىلىدىغانلىقىمنى بىلسە كېرەك، تەرجىمان ئېپكەلمەپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى: ”مەن شېباييېۋ بولىمەن، ئەمدىلا موسكۋادىن مەخسۇس سىز بىلەن ئەھۋاللىشىشقا كەلدىم“. دىدى. مەن بىرئاز ھەيران بولدۇم. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى: ”شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سوراق مەسلىھەتچىسى قىلىپ ئەۋەتىلگەن يولداشلار شىڭ شىسەينىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىپ سىزنى، جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى، دىگەن ئىكەن. 6ـ7 يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىسىدا، سىزگە تۆھمەت قىلىنغانلىقى، ئۇۋال قىلىنغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مېنى مەخسۇس سىزدىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ئەۋەتتى.“ شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولۇمنى يەنە بىر قېتىم چىڭ سىقتى.

شېباييېۋنىڭ گېپىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. 1944ـيىلى قىشتا، ۋۇ جۇڭشىن مېنى تۈرمىدىن چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، تېخى گۇناسىز دەپ ئېلان قىلمىغان ئىدى. يېۋسىييېۋ مېنى نەچچە قېتىم مېھمانغا چاقىرغان بولسىمۇ، دەسلەپ بىرنەچچە قېتىم بارمىدىم. كېيىن بىر قېتىم بارغىنىمدا، ئۇ ماڭا شۇ چاغدىكى بەزى ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرگەن ئىدى. مېنىڭ ئۈستۈمگە چېپىلغان يۇندىلار مانا ئەمدى تازىلاندى. شۇڭا مەن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى

پارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىگە ئالى تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

بىز 4-ئاينىڭ 8-كۈنى ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كەلدۇق. تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى رەئىس جاڭ جىجۇڭغا دوكلات بەردى. مەن تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە پىكىرلەر ئۈستىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتىم:

1. ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئوسماننىڭ تېچلىق بىتىمگە ۋە سىياسى پىروگراممىغا قارشى تۇرۇپ، تېچلىقنى بۇزغانلىقى، خەلققە زىيان سالغانلىقى ئىسپاتلاندى.

2. ھازىر ئوسمان يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادىلخان قاتارلىق 11 قەبىلە ئاقساقالى قارىمىقىدىكى مىڭ نەچچە ئۆيلۈك ئامما ئوسماننىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى ئىكەن.

3. ئوسماننىڭ ئىناۋىتى ۋە ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، ئالتايدا تۇرىۋېرىشكە ئامالسىز قېپتۇ.

4. ئالتاي خەلقى قالايمىقانچىلىقتا نەپرەتلىنىپ، تېچلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئوسمان بۇ ۋىلايەتتە قايتا مالىمانچىلىق تۇغدۇرمىسا، ئۇ چاغدا، ئالتاي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدا، سىياسى پىروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېچ، گۈللەنگەن رايونغا ئايلىنىدۇ.

5. ئاممىنىڭ تەلىۋى ۋە پىكرىگە ئاساسەن، قانۇن-ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىپ، ئوسماننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭغا چارە كۆرۈشى كېرەك. يېڭىدىن ۋالى سايلىغىچە، دەلىلخان ۋاقىتىنچە بۇ ۋىلايەتنىڭ ۋالىلىق ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتەشكە تەيىنلەنسە.

6. كىشىلەر كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۈرۈمچى بىلەن ئالتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن، قاتناش تېز ئەسلىگە

كەلتۈرۈلسە، ئامما تەلەپ قىلغان قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلسە، شۇنىڭدەك ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خىراجىتى بەلگىلىمە بويىچە ئاجرىتىپ بېرىلسە.

مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ: "ھازىر سىز بىر ئىشنى قىلىپ بولدىڭىز. ئەمدى ئوسماننىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىدىغان يەنە بىر ئىش بار" دېدى. مەن: "ئوسمان باندىت تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمىز؟ مەن ئادەم ئەۋەتىشكە قوشۇلمايمەن" دېدىم.

جاڭ جىجۇڭ ئۆزى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تېچلىقى ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن سۇڭ شىلىيەننىڭ 3 ۋىلايەتكە قارشى بولغان ئوسماننى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى توسىيالمىدى. خەلقنى ئوسماننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىشىمۇ، روشەنكى، ئىشقا ئاشمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتاينىڭ ۋەزىيىتىدە، تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ كېلىش-كېتىشى بىلەن ھېچقانداق ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولمىدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئوسمان تېخى ئايروپىلانغا چۈشۈپ ئالتاي ئاسمىنىدا چۆرگىلەپ ھەيۋە قىلىپ يۈرگەن ئىمىش!

## بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەيران بولۇشى

جاڭ جىجۇڭ 1947-يىل 3-ئاينىڭ 31-كۈنى «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسى، بىزنىڭ تۈپ قارىشىمىز ۋە پوزىتسىيىمىز» دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بەردى. بۇ، شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىغا قىلىنغان دوكلات بولۇپ، سىرتقا ئىنتايىن مەخپىي ئىدى، مەن بىلەن ئەخمەتجان

قاسمى قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭغا قاتناشتۇرمايتتى، ئەلۋەتتە.

جاڭ چىجۇڭ بۇ ئۇزۇن دوكلادىدا، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تاكتىكىسىنى بىرقەدەر ئومۇمى يۇزلۇك شەرھىلىگەن. جاڭ چىجۇڭ گومىنداڭنىڭ جياڭجۇنلىرى ئىچىدە بىرقەدەر تەرەققىپەرۋەر كىشى ئىدى. تەبىئىكى، جاڭ جىيشى ئۇنى شىنجاڭغا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۇمرانلىقىنى كۇچەيتىش ئۇچۇن ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئەمىلىي ھەركىتىمۇ مۇشۇ ھۆكۇمرانلىقنى كۇچىنىڭ بېرىچە ساقلاش بولدى. لېكىن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەش داۋامىدا، ئۇنىڭ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە ۋۇ جۇڭشىنلاردىن خېلى پەملىك ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر سەزگەن ئىدىم. لېكىن ئۇ شىنجاڭدا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن 4 كىشىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە ئۆتكۇر ئىجتىمائى زىددىيەتكە يولۇققان ئىدى. ئۇ دەسلەپ شىنجاڭغا كەلگەن چاغدا، ئىشەنچى كامىل بولۇپ، خېلى ئىشلارنى قىلدۋەتكۇسى بار ئىدى. ماڭا مۇنداق بىر گەپنى تالاي قېتىم دىگەن ئىدى: "مەن شىنجاڭغا تارىختىكى خاتالىقلارنى تۇزىتىش، تارىختىكى جىنايەتلەرنى يۇيۇش ئۇچۇن كەلدىم." ئۇنداق بولسا "خاتالىق" ۋە "جىنايەت" نىمە؟ ئۇنىڭ قارىشىچە، ھۆكۇمرانلارنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىقى شىنجاڭدا ئىزچىل تۇردە يۇقۇرى بېسىم ۋە خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۇرگۇزۇپ كەلدى، شۇنىڭ كاساپىتىدىن شىنجاڭ خەلقى سان-ساناقسىز قانلارنى ئاققۇزدى. "تارىختىكى خاتالىقلارنى تۇزىتىش"، "تارىختىكى جىنايەتلەرنى يۇيۇش" نىمە دىگەن زور جاسارەت! ۋاھالەنكى، ئۇنى ھەقىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس-تە!

جاڭ چىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قوشۇمچە رەئىسى بولۇپ

كەلگەندىن بۇيان، ئىككى بايراقنى — ئىچكى جەھەتتە تېچ بولۇش (يەنى يۇمشاق ۋاستە بىلەن بېقىندۇرۇش سىياستى)، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش بايرىقىنى كۆتەردى. بۇ ئىككى بايراق ئۇنىڭ سىياسى ئىشلارنى يولغا قويۇش فاكچىنىغا قوماندانلىق قىلاتتى. ئىچكى جەھەتتە تېچلىقنى ئىزدىشىش ئۈچۈن، ئۇزاق داۋاملاشقان تېچلىق سۆھبىتىدە ئۇ سەۋرچانلىق ۋە كەڭ قوساقلىق قىلدى. ئەلۋەتتە، ئىلى تەرەپتىكى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىمۇ تېچلىق سەممىيىتىنى بىلدۈردى ۋە نۇرغۇن جەھەتتە يول قويدى. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا تېچ ۋەزىيەتنىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن، ھەقىقەتەنمۇ، ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىنى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىشلەتتى، بۇ يەردە گەپنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. تاشقى جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشتىمۇ جاڭ جىجۇڭ نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ئالايلۇق: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭشىڭشىيا ۋە قۇمۇللاردا ساقلاپ قويغان ماددى ئەشيالىرىنى توشۇپ كېتىشكە ياردەم بەردى؛ جۇڭگو-سوۋېت ھاۋا قاتنىشى كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ "ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئورۇسلار مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى" دېگەن نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، "سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى"نى قۇردى؛ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا سودا قىلىش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىشىش سۆھبەتلىرىنى ئىلگىرى سۈردى؛ ئامېرىكىنىڭ ھەربى ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ "سەيلە" قىلىشىنى توسىدى...ۋاھاكازالار.

جاڭ جىجۇڭ جياڭجىن ئۆزىنىڭ "سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش"

ۋە ”تېچلىق“ سىياستىنى بىر مەھەل كۆچىنى ئايىماي قوغدىدى. بۇ يەردە ئىككى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي: «شىنجاڭ گېزىتى»گە جۇڭگىچىدا چىقىدىغان «ئادالەت گېزىتى»نىڭ «جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھازا تۇتۇش» دىگەن ماۋزۇلۇق باشماقالىسى كۆچۈرۈپ بېسىلغان ئىدى، جاڭ جىجۇڭ ئۇنى ئوقۇپ تولىمۇ ئاچچىقلاندى. ئۇ: ”جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھازا تۇتۇش سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھازا تۇتۇش“ دىگەن سۆز بولىدۇ، دىدى. شۇ ماقالا كۆچۈرۈپ بېسىلغانلىغى ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ شۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى لۇ چىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. تەھرىر لى فەنچۈن بىر ئۇيغۇر ياش بالىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى نەنلياڭدا، بىر سەنچىگتۇەن ئەزاسىنى ئۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن مۇۋئاىن رەئىس ئەخمەتجان تۇرۇشلۇق نەنخۇايۇەنگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىغى توغرىسىدا «نەنخۇايۇەننى تەكشۈرەيلى» دىگەن ماۋزۇدا بىر پارچە قىسقا ئوبزور يازغان ئىدى. ئارقىدىن ئەخمەتجان قاسىمى ئۇيغۇرچە گېزىتتە جاڭ جىجۇڭ جياڭجۇنگە بىر پارچە ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ: «شىنجاڭ گېزىتى»دە مەن تۇرغان جاينى تەكشۈرۈش تەشەببۇس قىلىنىپتۇ، مەرھەمەت، قارشى ئالىمەن دىدى. جاڭ جىجۇڭ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن لى فەنچۈننى ئىستىپا بەرگۈزدى.

جاڭ جىجۇڭ جياڭجۈننىڭ ”سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش“ ۋە ”تېچلىق“ سىياستىگە بىر تۈركۈم ئوڭ قانات كۈچلەر ئىزچىل كەسكىن قارشى تۇرۇپ كەلدى، ئۇلار ئۇنىڭ ئىجرا قىلغان سىياسىتىنى ”يۇمشاق قوللۇق قىلىپ يول قويۇش“ سىياستى، ”ئىش مۇشۇنداق داۋاملىشۋەرسە، شىنجاڭ جەزمەن خاراپ بولىدۇ“ دەپ ھۇجۇم قىلدى. جاڭ جىجۇڭ قول ئاستىدىكىلەرنى مېنىڭ جاپالىق

ئەجىر قىلىۋاتقىنىمنى چۈشەنمەيۋاتىسىلەر دەپ تەنقىت قىلاتتى. ئۇنىڭ دوكلادىدىن مۇنداق ئىككى ئابزاس سۆزنى نەقىل كەلتۈرمەكچىمەن، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى شىنجاڭدا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ھەربىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىپ "تېچلىق" سىياسىتىگە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ مەسىلىگە كەلسەك، مەن بارلىق ھەربىلەرگە قاتتىق كۆرسەتمە بەرمەكچىمەنكى، ھەربىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ھەرگىز ئوبدان چارە ئەمەس، بۇ ئېقىمغا خىلاپ قالاق ئىستىل، سىياسىنى باشقۇرىدىغان ئادەم سىياسىنى بېجىرسۇن؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىشىمىز پىرقە بۆلۈم بېجىرسۇن، ئۇنىڭغىمۇ ھەربىلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھەربىلەرنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بار، جايلاردا ھەربىلەر بىلەن خەلق ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، خەلققە ياخشى تەسىر بېرىشنىڭ يامىنى يوق، لېكىن، ئىش ھەرگىز جايلاردىكى ئىشلارغا ئارىلىشىش، سىياسى ماجرالارغا قاتنىشىش بىلەن ئادا بولمايدۇ. ئارمىيىنىڭ پەقەت ئىنتىزامى قاتتىق بولغان، قىلچىمۇ خىلاپ ئىش قىلمىغان، تېخنىكا ماھارىتى ئۈستۈن بولغان، جەڭگىۋارلىقى تولۇق بولغاندا، ئاندىن خەلق ئاممىسىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەسكەر يېتەكلەيدىغان باشلىقلار قىسىملارنى مەشىق قىلدۇرۇش، تەربىيىلەشكە ئاساسلىق ئەھمىيەت بېرىشى كېرەككى، بۇنىڭ بىلەن قوشۇنلار چېگرىنى تېچلاندۇرۇپ، دۆلەت زېمىنىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان خىل قوشۇن بولسۇن. خەقنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، بۇ قېتىمقى سايلامدىن كېيىن، ناھىيىلەردە ئەكسىيەتچىلەر ھاكىم بولۇپ قېلىپ، شىنجاڭ قولدىن كېتىپ قالسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەربىلەر جاۋاپكار ئەمەس، سىياسىنى باشقۇرىدىغانلار جاۋاپكار بولىدۇ. ئەگەر بۈگۈن بىركىم

شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلسا، شىنجاڭ قولدىن كەتسە، بۇنىڭغا ھەربىلەر جاۋابكار بولىدۇ. خەق (ئەسكەرتىش: ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى دېمەكچى) سىياسىي يول ئارقىلىق بىز بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، بۇ سىياسىي جەھەتتىكى جاۋابكارلىق. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي جەھەتتە مەغلۇپ بولۇش ئارقىسىدا شىنجاڭ قولدىن بېرىپ قويۇلسا، ئۇنىڭغا ھەربىلەر جاۋابكار بولمايدۇ، ھەربىي جەھەتتىن شىنجاڭ قولدىن بېرىپ قويۇلسا، ئۇنىڭغا ھەربىلەر جاۋابكار بولىدۇ.

تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا ھەربىي ئىشلار سىياسىي بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇشى كېرەك، سىياسىي ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بارلىق ھەربىي ھەركەتلەردە سىياسىي ئاساس قىلىنىشى، سىياسىي فاكچىنىغا خىلاپلىق قىلىنماسلىقى، بولۇپمۇ سىياسىي ئىستىل بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا زىت بولماسلىق لازىم. مەن ئەمدى ناھايىتى ئېچىنغان ھالدا سىلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، سىلەر قوراللىق قىسىمدىكى يولداشلار، ئەھۋال مۇشۇ پېتى كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇرۇش قىلمايلا شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، دەپ كۆپ ئەندىشە قىلماڭلار. سىلەر زېمىننى ساقلاش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، دەپ بىلگەن ئىكەنسىلەر، خوپ، ئۇنداق بولسا، ئارمىيىنى ياخشى مەشىق قىلدۇرۇپ، قول ئاستىڭلاردىكىلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغان دوستلۇقىنى شەكىللەندۈرۈپ، قۇدرەتلىك مەنىۋى دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى بارلىققا كەلتۈرۈڭلەر، مانا شۇ چاغدىلا، ئۆز مەجبۇرىيىتىڭلارنى، زېمىننى ساقلاش ۋەزىپەڭلەرنى ئادا قىلغان بولىسىلەر. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرنەچچە يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارغا كەلسەك، ئۇلار پۈتۈنلەي خاتا قىلدى، ئۇلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى قانداق ئادا قىلىشنى بىلمەيلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتە ئەكسىچە ئىش قىلىپ قويىدى، بۇنىڭ دۆلەتكە مىڭبىر

زىيىنلا باركى، بىرەرمۇ پايدىسى يوق! بۇنىڭدىن كۆپچىلىك قاتتىق ئىبرەت ئېلىشى لازىم!

جاڭ جىجۇڭ ھەربىلەرنىڭ سىياسىغا ئارىلىششىغا ۋە ئەدىپلەرنىڭ گېزىتتە قالايمىقان مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىگە بەكمۇ نارازى بولدى. ئۇ، ئۇلاردا سىياسىي كاللا يوق، سىياسىي نەزەر يېتەرسىز بولغاچقا، مېنىڭ ھەرىكىتىمنى چەكلەپ قويىدى، ئورۇنلاشتۇرۇشىمغا پۇتلىكاشاڭ بولدى، دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىمۇ قارىمۇ-قارشى ھالەتتە ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن يارىشىپ قېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ئورتاق ساقلاشنى خالايتتى، لېكىن ئۈچ ۋىلايەتنى توغرا مۆلچەرلىمىگەچكە، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگىمۇ توغرا باھا بېرەلمىگەن ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى "پاراكەندىچىلەر"، "ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر" دەپ سۆكۈپ ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەر قىلىۋاتقان كۈرەشنى "ھەقىقەتەن ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ جىنايەتلەر"① دىدى. دەرۋەقە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چۆچەككە سايلام نازارەتچىسى قىلىپ ئەۋەتكەن خادىملارنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتقان مۇساپىرلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك ۋەقەلەرمۇ ھەقىقەتەن سادىر بولغان. بۇ ئەھۋالغا نەنجىڭدىن "مىللىي قۇرۇلتاي"غا قاتنىشىپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ناھايىتى ئەپسۇسلاندى ھەم ئۇنىڭدىن بىئارام بولدى. بۇ ھال گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى جامائەت پىكرى قوزغىشىنىڭ بانىسى بولۇپ قالدى. جاڭ جىجۇڭ ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنىڭ

① شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى (6)»غا قارالسۇن.

قىستىشى ئارقىسىدا ھەقىقەتەن دەردى ئىچىدە بولۇپ قالدى. مېنىڭ ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش قارارىغا كېلىشىدە قانداق ھەقىقى نىيىتىنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى، بىراق، جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان بۇ قېتىمقى سەپىرى نەتىجىسىدە ئۇ بىر خاتا قارار چىقىرىپ قويدى!

مەن جاڭ جىجۇڭغا ئالتاي مەمۇرى تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىدىن دوكلات بەرگەندىن كېيىن، ئون كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا، ئۇ يولغا چىقىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى 23 كۈن كۆزدىن كەچۈردى. جاڭ جىجۇڭ بىلەن يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشەن، مۇئاۋىن نازىرى رەھىمجان سابىرھاجى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسى ئەيسا، چۇ ۋۇ، تەپتىش ئەمەلدارى مەسئۇت قاتارلىق كىشىلەر بىللە باردى. ئۇلار بېرىش-كېلىشىدە ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن، قاراشەھەر بولۇپ 5 ۋىلايەتنى كۆزدىن كەچۈردى. قەشقەر ۋەزىيىتى جاڭ جىجۇڭنى ھەممىدىن بەك ئەندىشىگە سالدى. چۈنكى قەشقەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش بىرقەدەر جانلانغان ئىدى، لېكىن، ئۇ نەچچە مىڭ كىشىلىك تەلەپ قويۇش ھەركىتى يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

ئىشنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق: 1947-يىل 5-ئاينىڭ باشلىرىدا، جاڭ جىجۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خوتەندىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ۋالى مەھكىمىسىگە چۈشكەن ئىكەن. شۇ كۈنى ئاخشىمى نەچچە مىڭ ئامما جاڭ جىجۇڭ چۈشكەن جايغا توپلىشىپ، ئۇنىڭغا سوئال قويۇپ جاۋاپ تەلەپ قىلغان، جاڭ جىجۇڭنىڭ بەرگەن جاۋابى ئاممىنى

قانائەتلەندۈرەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن تەلەپ قويغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىپ، بارغانسېرى ھەيۋەتلىك ۋەزىيەت پەيدا بولغان. جاڭ جىجۇڭ تەلەپ قويغان نەچچە مىڭ ئاما بىلەن يېرىم كېچىگىچە تىركەشكەن، ھېرىپ-ئېچىپ ھالى قالمىغان جاڭ جىجۇڭ بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلماق بولۇپ ئەخمەتجان قاسىمىنى ئىزدەپتۇ، لېكىن ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىكەن. جاڭ جىجۇڭ غەزىۋىنى بېسىپ، قۇتۇلۇشقا ئامال تاپالماي تۇرغاندا، جاۋ شىگۇاڭ جۇنجاڭ يېتىپ كېلىپ، ئارقا ھويلىدىن جاڭ جىجۇڭ تۇرغان ئۆيگە كىرىپتۇ، جاڭ جىجۇڭ ئاندىن جاۋ شىگۇاڭنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى ئارقىسىدا، يىگىشەھەر ناھىيىسىدىكى جۇن ئىشتاۋىغا بېرىۋاپتۇ. ئەخمەتجان قاسىمى قەشقەر ۋالىسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ بۇ ھەركىتىنى قوللاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭ جياڭجۇن ناھايىتى مۇشكۇل ئەھۋالدا ۋە خىجالەتچىلىكتە قېپتۇ. بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ تۇنجى قېتىم "يۈزى" چۈشۈشى ئىدى.

بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ كېيىن ئېيتقىنىدەك، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا "باتناشتەك روھىي ھالەت پەيدا بولغان". ئۇ، شىنجاڭدىكى ئىككى گۇرۇھ كۈرەشىدە، ھەمىشە ئىككى تەرەپ، بولۇپمۇ ئىلى تەرەپ مېنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، زەربە بېرىدىغان نىشان قىلىۋالدى، دەپ ھېساپلايتتى. ئۇ زېرىككەن. "ئۆزلىرى نېمە قىلسا قىلسۇن، دەپ قەتئىي چېكىنىپ چىقماقچى" بولغان. مۆلچەرىمچە، جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش قارارىغا كەلگەنلىگىنى جياڭ جيېشىغا 5-ئايدا تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم

قىلىشىدا، بىر ئاز سانلىق مىللەت ئەربابىنى رەئىس قىلىپ تەيىنلەشنى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈككەندىن باشقا، بۇ قېتىم قەشقەردە مۇشكۈل ئەھۋالغا دۇچكەلگەنلىكى ئاساسلىق سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. جاڭ جىجۇڭ جاۋ شىگۇاڭنىڭ جۇن ئىشتاۋىدا، ئاچچىقىغا پايلىماي، ئۇشتۇمتۇتلا قەشقەردىن ئايرۇپىلان بىلەن كېتىش قارارىغا كەلگەن. شۇڭا، قەشقەردىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇزىتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قالغان.

جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنىلا ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن تىرىشىپ باقتى. ئۇ مۇئاۋىن رەئىس بولغان ئەخمەتجان قاسىمى ئىككىمىزنى ۋە مۇھەممەت ئىمىن، سەيپىدىن ئەزىزى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئەيسا، چۈ ۋۇ، ليۇ مېڭچۈن قاتارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى چاقىرىپ سۆھبەتلەشتى. بۇ يىغىن 3 كۈن داۋاملاشتى. جاڭ جىجۇڭ ھەممە ئىش تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىدۇ، دەپ تازا سۆزلىدى. لېكىن ئۇنىڭ گېپىگە كىم ئىشىنىدۇ! ئىچكىرىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى، گومىنداڭ-گۇڭچەنداڭ سۆھبىتى بۇزۇلدى. 1947-يىل 3-ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن چېكىنىپ چىقتى. بۇلارنى شىنجاڭدىكى ”25-فېۋرال“ قانلىق ۋەقەسى ۋە ئوسماننى ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتقانلىق، ھەربىلەرنىڭ كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئاشقانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، ”تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش“ دېگەننى ئادەم ئالدايدىغان يالغان گەپ ئەمەسمۇ؟ جاڭ جىجۇڭ چۈشىنىش ھاسىل قىلىش كۈتكىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىگىدىن قېلىش ئىستىپاسىنى تەستىقلىدى، سابىق تەپتىش ئەمەلدارى مەسئۇتنى رەئىسلىككە، سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ئەيسانى باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى، مېنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مائاۋىن رەئىسلىگىدىن ئېلىپ تاشلاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەيىنلىدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا دەرھال مەسئۇتقا قارشى تەشۋىقات ۋاراقلىرى چاپلاندى. ياشلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى ئىمزا قويۇش ھەركىتى باشلاندى. مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر ناھايىتى تېزلا مەسئۇت تەرەپكە ئۆتۈۋالدى.

مەسئۇت پانتۈركىست ئىدى. پانتۈركىزىم تۈركىيىدە مەيدانغا كەلگەن، ئۇنىڭ تەسىرى روسىيىدىكى تاتار، ئۆزبېك مىللەتلىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن، پانتۈركىزىم تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بۈيۈك "تۇران دۆلىتى" قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسئۇت تۈركىيىدە ئوقۇپ، پانتۈركىستلىق ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ دەل ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئىلىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ چاغدا، ئىلىدا تۈركىيىلىكلەر كۆپ ئىدى، مەسئۇت ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ بىر مەكتەپ ئېچىپ، پانتۈركىستلىق ئىدىيىنى تارقاتقان، تۈركىيە ناخشىلىرىنى ئېيتقۇزغان. ئۇلار مەسئۇتنى مەركەز قىلغان ھالدا، پانتۈركىزىمنى تارقىتىدىغان بىر تەشكىلاتنى پەيدىن-پەي شەكىللەندۈرگەن. بۇ تەشكىلاتنى ئىلىدىكى ياقۇپ ئىسىملىك بىر ئاخۇن مەلۇم قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن مەسئۇت قاتارلىق

كىشلەرنى قاماققا ئالغان. مەسئۇت ئۇرۇمچىگە يالاپ ئېلىپ كېلىنگەن، قالغانلىرى گۇناكارلار ھارۋىسى بىلەن چېگرىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. كېيىن مەسئۇت تۈرمىدىن چىقىرىلىپ، شىنجاڭدىن قوغلاندى قىلىندى، ئۇ ئىچكىرىدە ئۇزاققىچە يۈردى، گومىنداڭ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشقا قويدى. گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن، مەسئۇتمۇ شىنجاڭغا يېنىپ كەلدى ھەم تەپتىش ئەمەلدارلىقىدىن ئۆلكە رەئىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

مەن، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقىلار بۇ يېڭى ئەھۋالنى مۇھاكىمە قىلىپ، مەسئۇتنى رەئىس قىلىش شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئەمەس، دەپ قاراپ، يەنىلا جاڭ جىجۇڭ جياڭجۇن داۋاملىق رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۆتىسە، دەپ چىڭ تۇردۇق. ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا مۇنداق دېدى: "مەن مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم ھەمدە سىز داۋاملىق قوشۇمچە رەئىسلىكنى ئۆتىسىڭىز، دەپ پىكىر بەردىم. ئۇ مەركەز قارار قىلىپ بولغان ئىشنى ئۆزگەرتىش تەس دېدى، مەن يەنە بۇرھان شەھىدىنى رەئىس بولسا قانداق بولار؟ دېسەم، ئۇ، مەركەز بۇرھان شەھىدىنى ئانچە بەك بىلمەيدۇ، بىردىنلا رەئىس بولسا بولمايدۇ، دېدى."

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، مەسئۇت خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. شۇ كۈنى مەسئۇت ھەربىي كىيىم كىيدى، كۆكسىگە مېدال ۋە ئوردېنلارنى ئاستى. مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، مەن غەزەپ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەپىقىسى

ماھىنۇر بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئىشىكتىن
كىرىپلا پەلتوسىنى ئېچىپ، مېدال، ئوردېنلار تۇشۇپ كەتكەن مەيـ
دىسىنى كۆرسىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، مەنىستىمىگەن ئاھاڭدا:
"قاراڭ، بىزنىڭ مېدال ۋە ئوردېنلىرىمىز مەسئۇتنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ،
بەلكى ئۇنىڭكىدىن قىممەتلىك، ماڭا خەلق بەرگەن، ئۇنىڭغا ئەكسىيەتـ
چى ھاكىمىيەت بېرىپتۇ" دېدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدىكى غەزەپنى
مۇشۇ چاخچاق بىلەن بىلدۈردى. ئەخمەتجان قاسىمى ھەرگىز مەسئۇت
بىلەن بىللە ئىشلىمەيدىغانلىقىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ھەرگىز
بارمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەنمۇ نەنجىڭغا بارمايمەن، كېيىن باشقا
بىر ئامال قىلارمەن دېدىم.

مەسئۇت خىزمەتكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى
باشلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى رەھبەرلىرى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. شۇ سەۋەپتىن،
جاڭ جىجۇڭ 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنى غەربىي
شىمال ھەربىي ـ مەمۇرى مەھكىمە بىناسىدا كۆرۈشۈشكە تەكلىپ
قىلدى. جاڭ جىجۇڭ، مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشى مەركىزىي ھۆكۈمەتـ
نىڭ پىكرى ئەمەس، ئۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ تەلىۋىم بىلەن تەيىنلەنگەن.
مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى تۇرغانلىق مەن جاڭ جىجۇڭغا
قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ، دەپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ: "ئەگەر بۇنداق
ئەھۋال داۋاملىشۋەرسە، مەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالدىدا گۇناكار
بولىمەن." "سىلەر مەسئۇتقا مۇشۇنداق قارشى تۇرىۋەرسەڭلەر،
ئۇ چاغدا، مەن مەغلۇپ بولغان بولىمەن، دېمەك، مېنىڭ شىنجاڭدا
قوللانغان سىياسىتىمنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى بولىدۇ."① جاڭ جىجۇڭ

① شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش

ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىغىنى سېزىپتۇ، شۇڭا، غەزەپ دولقۇنىنى
بېسىقتۇرۇپ، "تېچلىق"نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەخمەتجان
قاسىمنى ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەن ئۈچۈن گەپ قىلىپ قويسىڭىز»
دەپ تەكلىپ قىلىپتۇ. ئەخمەتجان قاسىمى: خەلققە ۋاكالىتەن گەپ
قىلمساڭ، خەلق سىنىڭ گېپىڭنى تىڭشىمايدۇ، دەپتۇ.

مەسئۇتنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇشى ئۈچ ۋىلايەت
رەھبەرلىرى ۋەكىللىگىدىكى ھەر مىللەت ئىلغار زاتلىرىنىڭ قارشىلىغىغا
ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايىسى جايلىرد-
دىكى ئاممىنىڭ قاتتىق قارشىلىغىنى قوزغىدى. مەسئۇت قەسەم
بېرىپ خىزمەتكە ئولتۇرغان كۈنى، غۇلجىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى،
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدىمۇ ئىلگىر-ئاخىر يىغىن-
نامايىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، ئېتىراز بىلدۈرۈلدى. تۇرپان، پىچان،
توخسۇن ناھىيىلىرىدە قورالىلىق قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. تۇرپان
ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىدى بۇ قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك
قىلدى. ئۈچ ناھىيىدىكى خەلق ئاممىسى توپلىشىپ تۇرپاننىڭ كۈن-
چىقىش تەرىپىدىكى سىڭگىمگە ۋە توخسۇننىڭ غەربىي جەنۇپ تەرد-
پىدىكى كۈمۈشكە ھۇجۇم قىلدى. سىڭگىم ئۈرۈمچىدىن شەرقىي
شىنجاڭغا ئۆتۈشتىكى ئىستىراتېگىيىلىك جاي ئىدى، كۈمۈش جەنۇبىي
شىنجاڭغا ئۆتۈشتىكى ئىستىراتېگىيىلىك جاي ئىدى. مۇشۇ ئىككى
جاي كونتۇرۇل قىلىنۋېلىنسا، ئۈرۈمچىگە تەھدىت سالغىلى بولاتتى.
مەن دادىل، ئىستىراتېگىيىلىك نەزىرى بىلەن قىلىنغان بۇ

---

گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ئائىت ماتىرىياللار توپلىمى (6)»غا قارالسۇن.

قوزغىلاڭنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەندىن كېيىن، مەن گومىنداڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىلىيەنىنىڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيەلىرىنى قانغا پاتۇرۇشنى پىلانلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، قورال ئىشلەتمەسلىكلەر، تەپسىلى ئەھۋالنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن گارنىزون باش قوماندانلىق ئىشتاۋى بىرلىشىپ ئادەم ئەۋەتەيلى، دەپ مەسلىھەت بەردىم. لېكىن، قىرغىنچىلىق باشلاندى، ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتەرگەن جايلاردىكى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن دېھقانلارنى چۆل-باياۋانغا ھەيدەپ ئېلىپ چىقىپ، يولبويى قىرىپ تاشلىدى. پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەنلەر 3 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بەختكە يارىشا ئامان قالغانلار يۈزگە يەتمەيدۇ، ئۇلار تىيانشان تېغىنى بويلاپ چېكىنىپ، ئاخىر ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىلىغا يېتىپ باردى. قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلدى، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغىمۇ تەبىئىي ھالدا مەسئۇت تەرىپىدىن باشقا ئادەم قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەكسىيەتچىلەر قەشقەر ۋە باشقا جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن نۇرغۇن ئىنقىلاۋىي زاتلارنى قولغا ئالدى.

مەسئۇت تەختكە چىققاندىن تارتىپ تاكى تۇرپان، پىچان، توقسۇندىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغان ۋاقىتقا كەلگەندە، جاڭ جىجۇڭ مىڭ مۇشەققەتتە ئۇيۇشتۇرغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت ساقلىنىپ قالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. 8-ئايدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان ھەيئەت ئەزالار ۋە خىزمەتچى خادىملار ئارقىمۇ-ئارقا غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. ماناس دەرياسى چېگرا قىلىنغان قوراللىق تىركىشىش ۋەزىيىتى شۇنىڭدىن

ئېتىۋارەن باشلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ جياڭجۇنىنىڭ غەربىي شىمال ھەربى ـ مەمۇرى مەھكىمىسى لەنجۇغا كۆچۈرۈلدى. مەسئۇت ياشانـ غان ـ كېسەلچان بولغاچقا، ئۈرۈمچىدىكى تۇرار جايىدىن تالا ـ تۈزگە تولا چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتى مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالارنىڭ قولىغا، ھەربى ھوقۇق سۇڭ شىلىيەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ "جاڭ جىجۇڭ كېرەك، مەسئۇت كېرەك ئەمەس" دېگەن پوزىتسىيىسىدىن، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا يەنىلا خېلى ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ گومىنداڭنىڭ مۇتەئەسسىپ كۈچلىرىنىڭ ئىركىشىش ۋەزىيىتىگە ھەربىي ۋاستە بىلەن خاتىمە بېرىش پىكرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، "ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىش داۋامىدا ئەڭ زور دەرىجىدە يول قويۇپ"، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىنى ھەدەپ تەشەببۇس قىلدى. شۇڭلاشقا، ئۇ شۇ يىلى 9 ـ ئايدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن 3 قېتىم خەت ئالماشتۇردى. بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلدى. ئۇ ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جياڭ جيېشىغا بىرىنچى قەدەمدە سۇڭ شىلىيەننى شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېتىش، ئىككىنچى قەدەمدە مەسئۇتنى ئالماشتۇرۇش تەكلىۋىنى قويدى، ئەمما بۇ 1948 ـ يىل 10 ـ ئايدىن كېيىنكى ئىش ئىدى.

## بىر قېتىملىق مۇھىم تالاش

تۇرمىدە گىرىپتار بولغان ئاشقازان كېسىلىم قايتا قوزغالدى. دەم

ئېلىپ داۋالىنىشنى ھەم مەسئۇت بىلەن بىللە ئىشلىمەسلىكنى كۆزلەپ، 1947 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بالا ـ چاقىلىرىمنى ئېلىپ، ئۈرۈمچى ئەنسەندىكى شياۋچۈزىگە كەتتىم.

بىز نۇرجامال، ئەزىز، تالدىبايلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ، قارىغايلىق بىلەن قاپلانغان، كۆكلەمەيدان تاغ قاپتىلىغا تىكتۇق. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ساپ ۋە يېقىملىق ئىدى، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ خۇشپۇرىقى كىشىنىڭ دىمىغىغا يېقىملىق ئۇرۇلاتتى، توپ ـ توپ قوي ـ كالىلار يايلاپ يۈرەتتى، پادىچى غەزەللىرىدە ئېيتىلىدىغان شېئىرىي تۈيغا ئۇرغۇپ تۇراتتى. مەن مۇشۇ يەردە بىرقانچە قېتىم يازنى ئۆتكۈزگەن ھەم قازاق قېرىنداشلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان بولغاچقا، يەرلىكلەر بۇ جاينى "بۇرھان يايلىقى" دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن ئىدى. شەھەر شاۋقۇنلىرىدىن خالى بولغان بۇ يايلاقتا، بەزى تارىخىي ئەسەرلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقتىم، سوۋېت يازغۇچىسى، ئۆزبېك ئايبەكنىڭ شائىر ناۋايى توغرىسىدا يازغان تەرجىمىھال رومانى «ناۋايى»نىمۇ ئوقۇپ چىقتىم.

مېنىڭ ئەنسەنگە يايلاققا دەم ئېلىشقا چىقىشىم بەزىلەرنى چۆچۈتىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە، مەن كىگىز ئۆينىڭ ئىشىگىدە تۇرسام، قازاق قېرىنداشلار مەن تۇرغان جايدىن توپ ـ توپ بولۇپ ئۆتۈشتى. بايا، مەن ئەنسەنگە ياققا كەلگەندىن كېيىن، سالىس قاتارلىق كىشىلەرمۇ مېنىڭ كەينىمدىن يېتىپ كېلىپ، مەن تۇرغان يەرگە يېقىن جايغا ئورۇنلاشقان ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، ئۇ مېنى ئەنسەندە چارۋىچىلارغا مىلتىق تارقاتتى دېگەن ئىشنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن. ھەقىقەتەنمۇ، قارا چاپلاي دىسە، توقۇناق بانا تېپىلىدۇ ـ دە.

سىدىق زالىڭ① كەلدى، ئۇ ماڭا: ”ئېھتىيات قىلىپ يۈرۈڭ، بەزىلەر زىيانكەشلىك قىلىپ قويمىسۇن“ دېدى ۋە يەنە: ”سالىس ھېچقانداق كىشىنىڭ سىز بىلەن كەلدى-باردى قىلىشىغا يول قويمايۋاتىدۇ. ئەگەر كىم سىز بىلەن كەلدى-باردى قىلسا، كىم سىزگە كىگىز ئۆي بەرسە، كىم سىزگە قوي سېتىپ بەرسە، ئۇلارنى تىزىملايدىكەن، قانداقلا بولمىسۇن، پەخەس بولۇڭ، ئورمانلىققا يالغۇز بارماڭ“ دېدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مېنىڭ پېيىمگە چۈشۈشى، پوپۇزا قىلىشلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى.

ئۇ چاغدا، مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى. مېنىڭ قازاق خوشنام كېرىم غازىنىڭ ئىنىسى بىلەن نەزىرىنىڭ سىڭلىسى ئۈرۈمچىدىن نەنسەنگە قايتقان چاغدا، گومىنداڭچىلار ئۇلارنىڭ كەينىگە ئىككى ئەسكەر سېلىپ قويۇپتۇ، ئۇلار گۇڭگىشېڭ ئۆستىڭى ئەتراپىغا كەلگەندە، ئەسكەرلەر ئۇلارنى تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ ھەم ”بۇ ئىككىيلەننى بۇرھان شەھىدى ئۆلتۈرگۈزگەن“ دەپ پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، قازاق خەلق ئاممىسىنى ئۇلارنىڭ خۇنى بەدىلىگە مېنى ئۆلتۈرۈشكە قۇترىتىپتۇ. لېكىن قازاق قېرىنداشلار ئالدانمىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى باندىتلار باشلىغى جانىمخاننى قولغا ئالدى، ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن، ھىلىقى ئىككى قازاق قېرىنداشنى بىگۇنا ئۆلتۈرگۈزگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

پىتنە-ئىغۋا ھەم بۆھتانلار قار-يامغۇردەك يېغىپ تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەپىقىسى ماھنۇر قىزى ئادالەتنى ئېلىپ نەنسەنگە مېنى يوقلاپ كەلدى. گومىنداڭ ئىشپىيونى لى

① سىدىق زالىڭ ئازاتلىقتىن كېيىن ئوسماننىڭ مەجبۇرى ئەگەشتۈرۈشى بىلەن توپىلاڭغا قاتناشقان.

خۇڭيۇن 5 ـ 6 ئەسكەر بىلەن كېلىپ، نامدا ئەخمەتجاننى قوغدايمىز دېسىمۇ، ئەمىلىيەتتە، ئىككىمىزنىڭ ھەركىتىگە نازارەت قىلدى. لى خۇڭيۇن ئۇيغۇرچىنى ئوبدان بىلەتتى، بىز ئۇنىڭدىن بەك ھوشيار بولدۇق. ئەخمەتجان بىلەن ماھىنۇر بىز بىلەن بىر كىگىز ئۆيدە ياتتى، بىر تەرەپتە يولدىشىم رەشىدە ماھىنۇر بىلەن ياتتى، يەنە بىر تەرەپتە مەن ئەخمەتجان بىلەن ياتتىم. بىز لى خۇڭيۇننى ئەتەي باشقا يەرگە بېرىپ ئۇخلا، دەپ يولغا سالدۇق، ئەمىلىيەتتە، ئۇ ھېچقانداق مەخپىيەتلىكنى سىلەلمىدى. نۇرغۇن مەخپى گەپلەرنى مەن ئەخمەتجان بىلەن يوتقان ئىچىدە يېتىپ دېيىشتۇق: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەسئۇتلارنى قورال قىلىپ، "11 ماددىلىق تېنچلىق بىتىم"نى ئاشكارا ھالدا يىرتىپ تاشلىدى، ئۈرۈمچىدە خىزمەت ئىشلەش تەس بولۇپ قالدى؛ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلىغا قايتىپ كەتتى، بىزمۇ قايتىپ كېتىشىمىز لازىم؛ ئۈچ ۋىلايەتتە خەلق مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان بىرلىكسەپ تەشكىلاتى قۇرۇش لازىم، دىگەن مەزمۇنلار ئۈستىدە توختالدۇق؛ مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىلىغا بېرىشنى خالايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

بىر كۈنى، بىر قازاق كىشى ئەخمەتجان قاسىمىغا بىر پارچە خەت ئېلىپ كېلىپ بەردى، ئۇ خەتنى سالىس قاتارلىق كىشىلەر يازغان ئىكەن، خەتتە: ئەخمەتجاننى 12 سائەت ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتسۇن، ئەگەر شۇ ۋاقىتتىن كېچىكىپ قېلىپ، بىرەر ھادىسە كۆرۈلسە، ھېچكىم جاۋاپكار بولمايدۇ، دېيىلگەن. بۇ خەتنى كۆرۈپ ھەممىمىز ناھايىتى غەزەپلەندۇق، ئەخمەتجان قاسىمى: "قېنى، بىز ئۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغىنىنى كۆرۈپ باقايلى!" دېدى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ماھىنۇر نەنسەنىدىكى "ئۆيۈم"دە 7 كۈن تۇردى،

خوشلاشقان چاغدا، ئىلىدا كۆرۈشەيلى، دەپ ۋەدىلەشتۇق. ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، بىر كېچە قونۇپلا ئىلىغا قايتىپ كەتتى.

8 ـ ئايدا، جاڭ جىجوڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇ ۋۇ بىلەن تاشقى ئىشلار ئالاھىدە خادىمى ليۇ زېرۇڭنى مېنىڭ نەنسەندىكى "ئۆيۈم"گە ئەۋەتتى. ئۇلار ماڭا جاڭ جىجوڭ جياڭجۈنىڭ مەن بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئەتىسىلا يالغۇز ئۈرۈمچىگە قايتىپ باردىم. جاڭ جىجوڭ مېنىڭ بىلەن ئىككى كۈن سۆزلەشتى، مەن شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە بولغان كۆزقارىشىمنى قايتا ـ قايتا ئېيتتىم؛ تېچ ھالەتنىڭ بۇزۇلغانلىقىغا ئەپسۇسلانغانلىقىمنى بىلدۈردۈم؛ مەسئۇت رەئىس بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكىلارنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى بىلەن تېخىمۇ قويۇق كەلدى ـ باردى قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى... ئەمما جاڭ جىجوڭ مېنى نەنجىڭغا بېرىپ، "بوۋاي" (جياڭ جيېشى) بىلەن تونۇشۇپ قويسىڭىز، دەپ قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلدى ھەم كېيىنچە شىنجاڭغا پايدىلىق پىلان تۈزۈپ چىقىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ماڭا: "ئۈچ ۋىلايەت خەلقى مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر سىز رەئىس بولسىڭىز، ئۇلار ھىمايە قىلىدۇ. مەنمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. بىراق مەسئۇتنى بۈگۈن تەختكە چىقىرىپ قويۇپ، ئەتە تەختتىن چۈشۈرۈۋەتسەك، يۈز ـ ئابرويي جەھەتتىنمۇ ياخشى بولمايدۇ. ئەمدى بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولسۇن، سىز نەنجىڭغا بېرىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار بىلەن پىششىقراق تونۇشۇپ قويۇڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ تەلۋىنى قانائەتلەندۈرگىلى بولىدۇ" دىدى.

بۇ ئىش مېنى بەك تەڭلىكتە قالدۇردى. چۈنكى مەن ئەخمەتجان قاسىمغا بالا ـ چاقىلىرىمنى ئېلىپ غۇلجىغا بېرىپ خىزمەت ئىشلەشكە ۋەدە بەرگەن ئىدىم. بۈگۈنكى كۈندە جاڭ جىجۇڭ مېنى تولا سۈيلەپ كېتىۋاتىدۇ، بارمايمەن دەي دىسەم مۇۋاپىق سەۋەپ كۆرسىتەلمىدىم. ئىلاجىسىزلىقتىن، ئويلىنىپ كۆرۈپ جاۋاپ بېرەي، دىدىم. بۇ مۇھىم ئىش بولغاچقا، تەشكىلدىن سوراي دىگەن يەرگە كەلدىم، تەشكىل ئەگەر ئىش ھەقىقەتەن جاڭ جىجۇڭنىڭ دىگىنىدەك بولىدىغان بولسا، نەنجىڭغا بىر بېرىپ كۆرۈشكىنىمۇ بولىدۇ، دەپ ھىساپلىدى. شۇنىڭ بىلەن، جاڭ جىجۇڭغا نەنجىڭغا باراي، دىدىم.

مەن نەنسەنگە قايتىپ بېرىپ، كىگىز ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، قازاق قېرىنداشلار بىلەن خوشلىشىپ، پۈتۈن ئائىلەمدىكىلەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يېنىپ كېلىپ، نەنجىڭغا بېرىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشتىم.

## نەنجىڭغا بېرىپ ”ھۆكۈمەت ئەزاسى“ بولۇشۇم

ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، مەسئۇت بىلەن كۆرۈشۈپ، ياشىنىپ قالغان بۇ ئادەمنى يوقلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ”خوشلىشىپ“ قويۇش قارارىغا كەلدىم. مەن خادىكقا ئولتۇرۇپ نەنلياڭدىكى ئۆيىدىن نۇرباققا باردىم. مەسئۇت مېنى كۆرۈپ بىرئاز ھەيران بولدى، مەن ئۇنىڭكىگە كېلىشتىكى مەقسىدىمنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ماڭا: ”نەنجىڭغا بارىدىغان بولغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى

بوپتۇ، ئۇ يەر بۇ يەردىن ياخشى. مېنىڭ نەنجىڭدىكى تەجرىبەمدىن قارىغاندا، سىز جىق پۇل توپلىيالايسىز. مەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزاسى بولغان چېغىمدا، ئۇلار ماڭا بەرگەن بېنزىن پۇلىنى ئىشلەتمەي تېجەپ قويدۇم، ماشىنىدا ئولتۇرماي، ئۈچ چاقلىق ھارۋىدا ئولتۇردۇم" دېدى. كېيىن يەنە: "مېنىڭ سالامەتلىگىم ياخشى ئەمەس، گېزىتنىمۇ كۆرەلمەيمەن" دېدى. شۇ چاغدا، قېرىلىغىدىن گېزىتنىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان بىر ئادەمنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ قالغىنى قاراڭ! دەپ ئويلىدىم.

1947-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى ئايروپىلان بىلەن نەنجىڭغا باردىم. مېنىڭ بىلەن بىللە شۇ ئايروپىلاندا يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ئىمىن (ئۇ باشقا ئىش بىلەن نەنجىڭغا بارغان ئىدى) بىلەن ئۇنىڭ رەپىقىسى ئامىنەمۇ بار ئىدى. ئۇ چاغدا، جاڭ جىجۇڭ جياڭجۈن ھەمىشە لەنجۇ بىلەن نەنجىڭ ئارىلىغىدا چېپىپ يۈرەتتى، ئىككىلا جايدا ئۇنىڭ مەھكىمىسى بار ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن نەنجىڭ بىلەن تونۇشلۇق ئىدى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ چۈشىدىغان جايىنى باشقىچە ئورۇنلاشتۇردى. مېنى جۇڭشەنمېن دەرۋازىسى سىرتىدىكى "قەۋرىستانلىق باغچىسىدىكى كىچىك بىنا"غا باشلاپ باردى، بۇ يەر گۈزەل، قويۇق دەل-دەرەخلىك جاي ئىكەن، خىزمەتچىلەرمۇ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. ئەتىسى، جاڭ جىجۇڭ مېنى ۋە مۇھەممەت ئىمىننى جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە باشلاپ باردى. مەن جياڭ جيېشى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشۈم ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن بولسا جياڭ جيېشى بىلەن كونا تونۇش ئىدى. جياڭ جيېشى مېنى قارشى ئالىدىغانلىغىنى بىلدۈردى.

نەنجىڭدا، ئون-ئونبەش كۈندە بىر قېتىم ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلغاندىن باشقا، كۈنبويى دىگۈدەك بىكار ئىدۇق، قىلىدىغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. مەن مۇشۇ بىكارچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئالدىنقى يىللاردا شىڭ شىسەيىنىڭ تۈرمىسىدە تۈزگەن «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-رۇسچە لۇغەت»نى تولۇقلاپ ئۆزگەرتىپ چىقتىم.

مۇھەممەت ئىمىن نەنجىڭدا تۇرغان مەزگىلىدە، مېنى تۈركىيە باش ئەلچىسى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويماق بولۇپ، ئۇلار تۈركىيە ئەلچىخانىسىدا ئۆتكۈزگەن "چاي"غا تەكلىپ قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن تۈركىيە ئەلچىخانىسىدىكى خادىملار بىلەن بەك تونۇش ئىكەن، بۇ "چاي"نى ئۇ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. "چاي"دا مۇھەممەت ئىمىننىڭ رەپىقىسى ئامىنە تۈركچىنى سۇدەك سۆزلەپ يۈرۈپ، خۇددى ساھىپخاندەك مېنى كۈتتى. مەن تۈركىيە ئەلچىسىنىڭ مېنى ئۆزىگە تارتماقچى بولغانلىقىنى سەزدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ "چاي"غا تۈركىيە بىلەن مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايقاش مەقسىدىدە قاتناشقان ئىدىم.

٢ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى "ئاساسىي قانۇننى ئىجرا قىلىش قۇرۇلتىيى"نى ئېچىپ، دازۇڭتۇڭ سايلاش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى، شۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن سايلام مۇسابىقىسى ھەركىتى ئەۋج ئالغان ئىدى. ئۇلار ھەممىلا يەردە سايلىغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، چېن لىفۇ، چېن گوفۇ، سۇڭ زىۋېن ۋە لى زۇڭرېنلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، مېنى مېھمانغا چاقىرىپ، تولىمۇ ئالدىرىتىپ قويىدى. ئۇلار مېنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزاسى سالاھىيىتىم بىلەن، شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى قايىل قىلىپ، ئۆزلىرىنى مۇئاۋىن

زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىش كويىدا ئىكەن. بىراق مەن ئۇلارنىڭ غەرەزىنى ئۇقماپتىمەن، كېيىن يۈز بەرگەن ئەپەندىگە بىر ئاۋاز بەردىم.

بۇ يەردە بايان قىلغۇدەك ئىشلار بەكمۇ ئاز بولدى، لېكىن شىنجاڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۇيمىنىڭ كېلىشى ئۇستىدە توختالغۇم كېلىۋاتىدۇ.

مەسئۇتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىنلارنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ سەنچىڭتۇەن تەشكىللاتى ئۇيۇشتۇرغان "ياشلار ناخشا ـ ئۇسۇل ئۆمىكى"نى ئاساس قىلىپ قۇراشتۇرغان "شىنجاڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۆمىكى"نى جياڭ جېيشىغا خوشامەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ قالايمىقان ـ تېچسىز سىياسى ۋەزىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، شادىيانە ناخشا ـ ئۇسۇللار بىلەن نەنجىڭغا ئويۇن قويغىلى ئەۋەتتى. ئەيسانىڭ رەپىقىسى پاتىمە بۇ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئىدى. سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار پاتىمىنىڭ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشىشىگە رۇخسەت قىلماپتۇ.

ئۇ چاغدا، پاتىمە مېنىڭ بىلەن ئۇچراشمىسىمۇ بولىۋېرەتتى، بىراق، شىنجاڭدىن كەلگەن "مەركىزى ھۆكۈمەت ئەزاسى"بولغان كىشى شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى بىلەن ئالاقىلاشمايمۇ بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالارنىڭ پىلانى يوققا چىقتى.

جياڭ جېيشى تېخى ئىلتىپات قىلىپ تىياتىرخانىغا بېرىپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نەنجىڭدىكى بىرىنچى مەيدان ئويۇنىنى كۆردى. ئويۇن قويۇلۇشتىن ئىلگىرى مەن سۆز قىلدىم، بىرنەچچە ئېغىز مەدھىيە سۆزى سۆزلىمەيمۇ بولمايتتى، ئەلۋەتتە. مەن جياڭ جېيشى-

نىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سەھنىدىكى نومۇرلارنى ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردىم ۋە چۈشەندۈردۈم. ئويۇن تۈگىگەندە جىياڭ جيېشى سەھنىگە چىقىپ ئارتىستلار بىلەن كۆرۈشمىدى، ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بارلىق ئارتىستلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ماڭا تاپشۇردى.

مەدەنىيەت-سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نەنجىڭدىكى ئويۇن قويۇش ئىشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مەن پۈتۈن ئۆمەكنى باشلاپ شاڭخەيگە زىيارەت قىلىش-ئويۇن قويۇشقا ئېلىپ باردىم، كېيىن پاراخوتقا چۈشۈپ تەيۋەننىڭ جىلۇڭ دېگەن يېرىگە باردۇق، يەنە تەيبېي، تەيجۇڭ، تەينەن، گاۋشيۇڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ ئېكسكۇر-سىيە قىلىپ ئويۇن قويدۇق. پاتىمىنىڭ مەن بىلەن بىللە باشقا جايلارغا بارغۇسى كەلمەي، نەنجىڭدا قېپقالدى. مەن تاغلىق رايونلارنىمۇ زىيارەت قىلىپ، گاۋشەن مىللىتى قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋال-لىرىنى ئۇقۇپ كۆردۈم. تەيۋەندىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، رادىيودا سۆز قىلدىم. سۆزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: شىنجاڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقان، تەيۋەن شەرقىي جەنۇپتىن ئورۇن ئالغان، ۋەتەننىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بۇ ئىككى ئۆلكە يىراقتىن بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككى ئۆلكە خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئاكا-ئۇكىلاردەك يېقىن ئۆتۈشى، بىرلىكنى ساقلىشى، ۋەتەننى قوغدىشى لازىم.

شىنجاڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئۆمىكى شەرقىي جەنۇپقا قىلغان سەپىرىدە ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىندى، شان-شۆھرەت بىلەن قايتتى دىيىشكە بولىدۇ. ئارتىسلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، قىزغىن ماھارەت كۆرسىتىشى ئارقىلىق، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلققە گۈزەل-

يېقىملىق مىللى ناخشىلار، ئاجايىپ نازۇك مىللى ئۇسۇللار تونۇش-تۇرۇلدى. بولۇپمۇ قەمبەرخانىنىڭ ئۇسۇللىرى كەينى-كەينىدىن قىزغىن ئالقىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇلار مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىشلار ئىدى.

شىنجاڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئۆمىگى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، مەن ئىنتايىن ئىپلاس، بىنومۇس، ئىمزاسىز بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە مېنى ھە دەپ ھاقارەتلەپ تىللىغاندىن باشقا، يەنە: "سەن كوممۇنىست، سەن تېخى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولماقچىمىدىڭ. قېنى كۆرۈپ باقايلى، ئۆلۈگىڭ سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ كەينىدىن تېپىلىدۇ!..." دەپ پوپۇزا قىلىنغان. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ خەتنى مۇھەممەت ئىمىن ئۆز كاتىۋىغا يازدۇرغان ئىكەن، ئۇلار مېنىڭ شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىنى تەيۋەنگە ئويۇن قويۇشقا باشلاپ بارغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلار غەزەپكە كېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك!

1948-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى، "ئاساسىي قانۇننى ئىجرا قىلىش قۇرۇلتىيى" يېپىلغاندىن كېيىن، مەن زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى مەسلىھەتچىسى قىلىپ بەلگىلەندىم ھەم ماڭا بىر ئالتۇن مېدال بېرىلدى. زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى مەسلىھەتچىسىنىڭ، ئەمەلىيەتتە، قىلىدىغان ئىشى تېخىمۇ بولمايتتى. بۇ دەل 80 ياشلىق ئانامنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ قالغان ۋاقىت ئىدى، شۇڭلاشقا بىلەن "شىنجاڭغا بېرىپ ئانامنى يوقلايمەن" دېگەن بانا بىلەن جياڭ جيېشىدىن رۇخسەت سورىغىلى باردىم. ئۇ دەس-لەپتە ئۇنىمىدى. شۇڭلاشقا بىلەن مەن شۇ يىللاردا ئۇ كۆچەپ تەشەببۇس

قىلدۇاتقان "ۋاپادارلىق، ساداقەتلىك، ئەدەپ، ئىنساپ، دىيانەت، نومۇس" دىگەنگە ئوخشاش فېئودالىلىق ئەخلاق ئارقىلىق ئۇنىڭغا رەدىيە بېرىپ: ئادەم بالىسى ۋاپادار بولۇشى لازىم، دىدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مېنى شىنجاڭغا قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى جياڭ جىڭگونى "قەۋرىستانلىق باغچىسى كىچىك بىناسى"غا ئەۋەتتى، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا مېنى ئۇزىتىپ كېپتۇ، 500 مىڭ فابى ① (تەخمىنەن ھازىرقى خەلق پۇلىنىڭ 500 يۈەنىگە توغرا كېلىدۇ) تەقدىم قىلدى ھەم ماڭا ئاق يول تىلىدى. مەن 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاۋال ماڭدىم، كاتىۋىم ۋاقتىنچە نەنجىڭدا قالدى، ئارقىدىن ئۇمۇ مېنىڭ ھەممە يۈك ـ تاقلىرىمنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

مەن سەپەر ئۈستىدە لەنجۇغا كېلىپ ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدىم، بېرىپ جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ: "سىز شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مەندىن خەۋەر كۈتۈڭ، مەن چوقۇم ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرىمەن" دىدى. سۆھبەتلەردىن مەن جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسئۇلىنى ئىشقا قويۇشنىڭ تارىخىي خاتالىق ئىكەنلىكىنى تونۇغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. گەرچە ئۇنىڭدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە يەنىلا ئاز ـ تولا ئاغرىنىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا يەنىلا تولۇق ئىشەنچ باغلىغان ئىدى، "يەتتە ۋىلايەت" بىلەن "ئۈچ ۋىلايەت"نىڭ قايتا يارىشىپ قېلىپ، بىرلىشىش ۋەزىيىتىنى قايتا يارىتىشقا ئۈمىتۋارلىق پوزىتسىيە تۇتقان ئىدى.

---

①فابى ــ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى 1935 ـ يىلدىن كېيىن تارقاتقان قەغەز پۇل ــ تەھرىردىن.

新疆维

# ئەڭ ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى بولۇشۇم

6 ـ ئايدىكى نەنجىڭ، گەرچە تومۇز ۋاقتى بولمىسىمۇ، بەك ئىسسىپ كەتكەن ئىدى. ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندە ناھايىتى سالقىنلىق ھىس قىلدىم؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكىلەر جەم بولدۇق، شۇڭا كەيپىياتىم نەنجىڭدىكىدىن خېلىلا ئوبدان بولۇپ قالدى.

مەن ئەخمەتجان قاسىمغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا: "نەنجىڭدىن شىنجاڭغا سالامەت قايتىپ كەلدىم. دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى، جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە ئۆلكىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ئۇلارنى مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى"؛ "مەن جاڭ جىجۇڭ جياڭجۈن بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇنىڭ ئاغرىنىشى تېخى تۈگەپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يولنىڭ يۆنۈلۈشىنى توغرىلاشقا باشلاپتۇ. ئۆزى ناھايىتى چوڭ ئۈمىت بىلەن كۆرسەتكەن مەسئۇلىيەتتىن ئەمدى خاتىرجەم بولالماي قېپتۇ؛ ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋېتىپتۇ ھەم سىزدىن خەۋەر كۈتۈۋېتىپتۇ"؛ "ليۇ زېرۇڭ، چۈ ۋۇ، ليۇ مېڭچۈنلەر كېلىپ مېنىڭ بىلەن ئۇزاقىچە سۆھبەتلەشتى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن قايتا ھەمكارلىششنى ئۈمىت قىلىدىكەن..." دېدىم. مەن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزمەي ساقلاپ كەلدىم.

شىنجاڭ ۋەزىيىتى كىشىنى تولىمۇ ئەندىشىگە سالاتتى. مەسئۇت ۋە باشقا پانتۈركىستلارنىڭ كاساپىتىدىن شىنجاڭنى ئىس-تۈتەكلەر قاپلاپ كەتتى. ئۇلار مېنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمدىن تولىمۇ خاپا بولۇپ، ماڭا بىرەر ۋەزىپىمۇ بەرمىدى. مۇشۇ مەزگىلدە، شىنجاڭدا

قىلىدىغان چوڭ ئىش بولمىغاچقا، يەنىلا شىنجاڭ شۆيۈەن (شىنجاڭ داشۆنىڭ تەكتى) نىڭ مۇدىرلىغىنى ئۆتىدىم.

مەن نەنجىڭدىكى چېغىمدا، مەسئۇت ئىبراھىم مۇتىئىنى مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ تەيىنلىگەن، مۇھەممەت ئىمىنىنى ئۇيغۇر تارىخىدىن دەرس بېرىشكە بەلگىلىگەن ئىكەن. مەن مائارىپ ساھەسىدىكى ئەھۋالنىڭمۇ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھىس قىلدىم. بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، پانتۈركىستلار ۋەتەنگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا قوتراتقۇلۇق قىلىۋاتاتتى. بۇ ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ كەتكەچكە، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى تەھدىتكە ئۇچرىغان، كەڭ ئاممىنىڭ ئىدىيىسى ناھايىتى قالايمىقانلاشقان ئىدى. شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇجى ماڭا مۇھەممەت ئىمىن دېگەن بۇ "ئۇيغۇر تارىخشۇناس"نىڭ تارىخ دەرسىنى قانداق سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، مەتىمىن مۇنداق دەپتۇ: "شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دېمەكچى) 10 مىڭ يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يۇرتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارلا خوجايىن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە، باشقا مىللەتلەر چەتتىن كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان مىللەتلەر، ئۇلارنىڭ خوجايىن بولۇش ھوقۇقى يوق..."

بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، مەن تۇجى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پۈتۈن شۆيۈەندىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار يىغىنىدا مۇھەممەت ئىمىنگە رەددىيە بەردىم، مەن مۇنداق دېدىم: "شىنجاڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگونىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى بولۇپ كەلدى. خۇددى جۇڭگو بىرلا مىللەتنىڭ ئەمەس، ھەممە مىللەت-نىڭ جۇڭگوسى بولغىنىدەك، شىنجاڭمۇ بىرلا مىللەتنىڭ ئەمەس،

بەلكى ھەممە مىللەتنىڭ شىنجاڭى. ئەگەر شىنجاڭدا پەقەت بىرلا ئۇيغۇر مىللىتى بار دېيىلسە، شىنجاڭ دائىرىسىدە چوڭ مىللەتچىلىك خاتالىقى سادىر بولغان بولىدۇ؛ مەملىكەت بويىچە ئالغاندا، يەرلىك مىللەتچىلىك، يەنى تار مىللەتچىلىك خاتالىقى سادىر بولغان بولىدۇ...» مىللەت مەسىلىسىنى چۈرىدىگەن ھالدا ئىككى سائەت سۆزلىدىم. مەن مەسئۇتلار ئۇيۇشتۇرغان «دەرنەك» (پانتۈركىستلار-نىڭ يىغىنى)كىمۇ كۆپ قېتىم بېرىپ، شىنجاڭ تارىخىنى سۆزلەپ، ئۆز نۇقتىئىنەزىرىمنى شەرھىلىدىم.

مەن مۇھەممەت ئىمىن بىلەن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى مەسىلىسىدە ئۆز ئالدىمىزغا بايراق تىكلىدۇق. زىيالىلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ناھايىتى كەسكىن تالاش-تارتىش بولدى. ئۇلار مۇھەممەت ئىمىندىن: «بەزىلەر شىنجاڭ بىر مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەممە مىللەتنىڭ شىنجاڭى دەۋاتىدۇ، بىز نېمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز؟» دەپ سوئال سوراپتۇ. مۇھەممەت ئىمىن: «سىلەر ئۇنى مىللەتنىڭ خائىنى دەڭلەر» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

1948-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىركۈنى شىنجاڭ شۆبىۋەندىن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتسام، يولدا دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىمى لىيۇ زېرۇڭ ئۇچراپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماشىنىدا ئۆيگە كەلدۇق. ئۇ: جاڭگۇەن (جاڭ جىجۇڭ)دىن ھېلى تېلېگرامما كەلدى. بۈگۈن نەنجىڭ مەمۇرى مەھكىمە يىغىن ئېچىپ، سىزنى شىنجاڭ ئۆلكىسى-نىڭ رەئىسى قىلىش قارارىنى ماقۇللاپتۇ. مەسئۇت بىلەن ئەيسا ئىچ-كىرىگە يۆتكىلىدىكەن، مۇھەممەت ئىمىن مۇئاۋىن رەئىس بولىدىكەن، لىيۇ مېڭچۈن باش كاتىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ» دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ باش قوماندان (تاۋ سىيۆ) بىلەن سۆزلىشىشنى تولىمۇ زۆرۈر

دەپ ھېساپلىدىم. بىز يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا بېرىپ، تاۋسىيۇ بىلەن كۆرۈشتۇق. مەن ئۇنىڭغا: ”مېنىڭ پۈتۈن ئۆلكىنى تېچلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تېچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىشەنچىم ۋە ئىرادەم بار. لېكىن مەن ئالدىنقى يىللاردا يۈز بەرگەن توسالغۇلار (ھەربىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشى)غا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن. جاڭگۇەن، مۇئاۋىن جاڭگۇەن (شۇ چاغدا تاۋسىيۇ غەربىي شىمال جاڭگۇەن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىنى، قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتاۋىنىڭ باش قوماندانى ئىدى) قاتارلىق ئالاقىدار خادىملارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن“ دېدىم. تاۋسىيۇ ۋەدە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن مۇئاۋىن رەئىس بولۇش ئىشىنى مۇھەممەت ئىمىنگە ئۇقتۇرۇپ قويدۇم. مۇھەممەت ئىمىن ئەيسانى قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم دەپ، ئىلىپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇش خەۋىرى مېنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇردى. ئۇ چاغدا، مەن ھەرقايسى ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زۇلمەتلىك دەۋرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارلاق يېڭى دەۋرنىڭ بىرىنچى ئۆلكە رەئىسى بولالارمەنمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغان ئىدىم. بۇ ئارزۇيۇمنىڭ قانچە ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئۇ چاغدا ئېنىق پەرەز قىلالمايتتىم. لېكىن تۈجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ماڭا يەتكۈزگەن ئازاتلىق ئۇرۇشقا دائىر غەلىبە خەۋەرلىرىدىن، شىنجاڭدا قۇياش نۇرىنىڭ كۆتىرىلىۋاتقانلىقىنى

ھبس قىلدىم.

شۇ كۈنلەردە، مەن ئۆيۈمدە ھەر كۈنى دىگۈدەك ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىراپ يۈردۈم، مۇبارەكلەپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەنگلىيەنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ف. ھولمىس مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. بۇ كونسۇل ماڭا: "سىزنىڭ رەئىس بولغانلىغىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ ئالاھىدە تەبرىك-لىگىلى كەلدىم. بۇ ئىنتايىن ياخشى ئىش بوپتۇ! سىلەرنىڭ ئۆز خەلقىڭلارنى ئۆزەڭلەرنىڭ باشقۇرىدىغان بولۇشۇڭلار ناھايىتى ياخشى ئىش. ھىندىستاندا ئىنچىل تۇردە شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دىمەكچى)نىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئادەم-لىرىڭلار بار. شەرقىي تۈركىستان يالغۇز ئىلىدىلا قۇرۇلۇپ قالماستىن، بەلكى ئاخىر بىر كۈن پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستانمۇ مۇستەقىل بولىدۇ. ھىندىستان، پاكىستان بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن مۇستەقىللىققا ئېرىشتى، سىلەرمۇ تاشقى ياردەمگە مۇھتاج. سوۋېت ئىتتىپاقى سىلەر-نىڭ كۈچلۈك دۈشمىنىڭلار، ئۇلارنىڭ مەقسىدى سىلەرنى يۇتۇۋې-لىپ، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا بارىدىغان يولنى ئېچىش. گەرچە ئۇلار سىزنىڭ رەئىس بولۇشىڭىزغا ماقۇل بولسىمۇ، لېكىن ئىلىدا ئۆز ئادىمىنى تەربىيىلەۋاتىدۇ. شارائىت يېتىلگەن ھامان، ئۆز ئادىمىنى كۆتىرىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر يار-دەمگە مۇھتاج، سىلەر كىمگە تايىنىسىلەر؟" دىدى. مەن چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ: "ئۆلكىمىزنىڭ تارىخىغا، سىياسى ئالاھىدىلىگى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتىگە ئاساسەن، مەن شىنجاڭ مۇستەقىل بولۇشى لازىم، دەپ قارىمايمەن. بىز جۇڭگودىن ئايرىلالمايمىز" دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ يەنە: "گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۈگۈنكى كۈندە مەۋ-

جۇت تۇرغان بىلەن، ئەتە مەۋجۇت بولۇشى ناتايىن“ دېدى. مەن: ”گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن جۇڭگو يەنىلا مەۋجۇت تۇرىۋېرىدۇ“ دېدىم. بۇ كونسۇل مېنىڭدىن ھېچنەر- سىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مېنىڭ گەپلىرىم سىرتىقا چىقىپ كەتمىسە، دېدى. ئاخىردا ئۇ: ”ئەگەر سىلەر قانداق ياردەمگە مۇھتاج بولساڭلار، بىز تەييار“ دېدى-دە، مەن بىلەن خوشلىشىپ، مۇھەممەت ئىمىن بىلەن كۆرۈشكىلى كەتتى.

پانتۇركىستلار مېنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشۇمنى خالىمايتتى. بولۇپمۇ پولات قادىرى، ئابدۇللا نوغمان، قۇربان قۇداي قاتارلىق كىشىلەر تەلۋىلەرچە قارشى تەشۋىقاتنى باشلاپ، «يالقۇن گېزىتى» ۋە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»دە پانتۇركىزىمنى تارقىتىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىدى. مۇھەممەت ئىمىن بىر توپ ئادەم يىغىپ، ئەيسانى قالدۇرۇپ قىلىش يولىدا ھە دەپ ھەركەت قىلدى. ئۇلار پانتۇركىزىم تەشكىلاتى قۇرماقچى بولدى، ئەيسا ئۆزىنى مۇشۇ گۇرۇھنىڭ كاتتىۋېشى دەپ تەشۋىق قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن ياشلارنى ئاشكارا قوغدايمەن، ئۇلار ئۇچۇن ”بارلىق جاۋاپكارلىقنى ئۈستۈمگە ئالىمەن“ دەپ جاكالىدى. ئۇلار شۇ چاغدىكى يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتلىرى بىلەن قارشىلىپ، ياشلارنى ئۆزىگە تارتتى.

1949-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنى مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى سۈپىتىم بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ، ئۆزەمنىڭ يېڭى بىر مۇساپەمنى باشلىدىم. مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار ئىشخانا بىناسىدا مېنى قارشى ئالدى. ئەيسا ماڭا: ”سىزنىڭ رەئىس بولۇشىڭىزغا بىز قارشى ئەمەسمىز. كىمنىڭ رەئىس بولۇشىدىن

قەتئىنەزەر، يۇرتىمىز، خەلقىمىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىسىلا ۋە ئازار يېمىسىلا بولدى. بىزنىڭ خوشنا دۆلەتتىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز مۇشۇنداق" دېدى. مەن: "مېنىڭ بارلىق ئارزۇ-تىلىكىم خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنى يورۇقلۇققا يېتەكلەش" دېدىم. ھۆكۈمەت ئەزالىرى مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈپ سالاملاشتىم ھەم قىسقىچە سۆز قىلدىم. قارىسام، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى بەك پاسكىنا، ھەممە نەرسە رەتسىز ئىكەن، بۇ ھال مېنى ئىنتايىن ئېچىندۇردى. مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ئۆلكىنىڭ يۈرىكى، پاكىز بولمىغان بەدەندە كۈچ بولمايدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىغا بۇ داۋۇلنى چۈشەندۈردۈم.

بۇ چاغدا مەن مەركەزلىك ھالدا ئويلانغان مەسىلە «پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا مۇراجىئەتنامە» دېگەن نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ئۆزەمنىڭ سىياسى فاكتېرىمنى شەرھىلەش بولدى. ناھايىتى ئېنىقكى، مەن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدىكى تىنچلىق بىتىمىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، تىنچلىق سۆھبە-تىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوغداپ، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى تىندۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تىنچلىق يولىدا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان قىلىشىم كېرەك ئىدى. «پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا مۇراجىئەتنامە» مېنىڭ ۋەزىپىگە ئاتلانغاندىن كېيىنكى تۇنجى قەدىمىم ئىدى. مۇشۇ تۇنجى قەدەمنى باسقاندىن كېيىن، زىددىيەتلەرمۇ ئايدىڭلاشتى.

«پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا مۇراجىئەتنامە»دە، جياڭ جيېشىنى تىلغا ئالمىدىم، مۇھەممەت ئىمىنىمۇ تىلغا ئالمىدىم. شۇنىڭ

بىلەن مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تازا نارازىلىقى قوزغالدى. ئۇ ماڭا ئاشكارا قارشى چىقتى، مەن چاقىرغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنلىرىغا قاتنىششتىن باش تارتتى ھەم خەت يېزىپ ماڭا ئېتىراز بىلدۈردى. بۇ خەتنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

ھۆرمەتلىك رەئىس بۇرھان ئەپەندى جاناپلىرىغا:

مەن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سىزگە شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى، بىز خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن بۇيان، ئىنتايىن ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان بارلىق خىزمىتىڭىزدىن ئىنتايىن نارازىمەن.

بىرىنچىدىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئالماشتۇرغاندا، نۇرغۇن خاتالىق يۈز بەردى.

ئىككىنچىدىن، دۆلەتنىڭ تېچلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقنىڭ تۈرلۈك نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بەزى ھادىسىلەر يۈز بەردى.

ئۈچىنچىدىن، مېنىڭدەك بىر مۇئاۋىن رەئىسكە بولغان مۇئامىلىدە، سىز ئۇچىغا چىققان زورلۇق بىلەن قارشى ھەركەت ئېلىپ باردىڭىز.

يۇقۇرىقى ئەھۋاللارنىڭ ھېچقايسىسىغا مەن مۇتلەق ئارىلاشمىدىم، بۇ سىزگە مەلۇم. لېكىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئاممىغا نامەلۇم. ئەگەر سىز مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسىڭىز، مەن سىز بىلەن بىللە ئىشلەپ كېتەلمەيمەن. شۇ ۋەجىدىن، مەن ھازىردىن ئېتىۋارەن، ئۆلكىلىك-ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق ئىشىغا جاۋاپكار ئەمەسمەن. بۈگۈن ئېچىلىدىغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىغىمۇ ئىشتىراك ئەتمەيمەن.

مۇھەممەت ئىمىن

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇنداق قارشى ھەرىكىتىگە مەن سەۋىر قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتۇم. ئەھۋالنىڭ داۋاملىق ئوڭۇشسىزلىنىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 2-ئاينىڭ 2-كۈنى مەن ئۆزلۈگۈمدىن مۇھەممەت ئىمىننى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇ: "سىز ئېلان قىلغان «پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا مۇراجىئەتنامە»دە مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالمىدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا مەسلىھەت سالمايلا كادىرلارنى ئالماشتۇردىڭىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا، ياشلار بۇلارغا ئىنتايىن نارازى. ناۋادا ياشلار نارازى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقسا، مەن شۇلارنىڭ تەرەپدارى بولۇشقا مەجبۇرمەن" دەپ، مېنى قورقۇتماقچى بولدى. ئۇنىڭ ياشلار دېگىنى ئاران 4-5 كىشىلا ئىدى، خالاس. مەن سىلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ كۆرۈنۈشتە "بىر دەملىك ئاچچىغىمغا پايلىماي قىلىپ تاشلاپتىمەن" دەپ ئىقرار قىلىپ ئەپۇ سورىدى. ئىچكىرىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز غەلىبە قىلغانلىقى ئۇلارنى تازا قورقۇتۇۋەتتى؛ ئۆلكە ئىچىدىكى ئىلغار ئېقىمنىڭ مەركىزى — ئۈچ ۋىلايەت بولسا ئۇلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن ماڭا: "ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىيە شىنجاڭغا كېلىدىغان بولسا، ئۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال بولىدۇ، نۇرغۇن قانلىق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ. بۇنىڭدىن كۆرە گومىنداڭنىڭ ئۆلكىمىزنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆزىمىزگە تاپشۇرۇپ بەرگىنى تۈزۈك. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشمىسا، ئۇ ھالدا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى" دېدى. مانا بۇ مۇھەممەت ئىمىننىڭ قەلبىدىكى گەپ ئىدى. مۇھەممەت ئىمىنمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تايىنىدىغان كۈنلەرنىڭ تولا ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى،

جياڭ جيېشمۇ "ئىستىپا بېرىش"نى ئېلان قىلغان تۇرسا، كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ تازا ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۇلار كونى تۈگەپ مادارى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنى بىۋاستە جاھانگىرلىكنىڭ قوينىغا ئېتىشنى پىلانلىشىۋاتاتتى!

شىنجاڭنىڭ تارىخىغا قىزىقىدىغانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، «پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا مۇراجىئەتنامە»نىڭ تولۇق تېكىستىنى بۇ يەردە قوشۇپ قويماقچىمەن.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار:

پېقىر مەركەزنىڭ تەيىنلىشى بىلەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممەمگە ئالدىم، بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ قىيىن ھەم زورلۇغىنى چوڭقۇر سېزىپ، قۇدرىتىمنىڭ يەتمەسلىگىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن! بىراق، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەن بىلەن خېلىلا تونۇشلۇغى بار، مەنمۇ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ۋە ئۆلكىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن. مېنىڭچە، ئۆلكىمىزدە تېچلىق ئورنىتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەممىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئۆلكىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆستۈرۈش يولىدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش — بۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بىردەك ئارزۇيى ۋە ئۇلار شۇنداق قىلىشنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىسىنى دادىل قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدىم.

غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ جاڭگۇەنى جاڭ جىجۇڭ ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن مەزگىلدە، تېچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق دېگەن تۆت سىياسى تەشەببۇسنى ۋە خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق، نەشە - ئەپيۇنكەشلىكنى قەتئىي مەنئى قىلىشنى ھەم جۇڭگو بىلەن

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇغىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا توغرا يولىيورۇقلارنى ئېلان قىلغان ئىدى. لېكىن بۇ توغرا سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، بەختكە قارشى بەزى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك-لەر يۈز بېرىپ، بارلىق سىياسەتلەرنى تەل-تۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى. مەركەز ئۆلكىمىزدە تېچلىق بىتىمىنىڭ ۋە سىياسى پىروگىراممىنىڭ تەل-تۆكۈس ئىجرا قىلىنىشىنى ۋە جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەننىڭ تۆت ماددىلىق سىياسى تەشەببۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەبدى تېچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكىمىزنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار: ھازىر پۈتۈن دۇنيا داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى تەرەپ خەلق ئاممىسىنىڭ قالاق تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ جاپالىق باسقۇچقا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆلكىمىزدە تېچلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي، بەختكە قارشى قان تۆكۈلۈش ۋەقەلىرى يۈز بەرسە، ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ قانچىلىك ئېچىنىشلىق تەقدىرگە يولۇقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.

شىنجاڭدا ئۆتمۈشتە، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئاز ساندىكى مۇستە-بىتلەر ۋە جاھىللار سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتلەردە يۇقۇرى بېسىم ۋاستىسى ئىشلىتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىكنى قوزغاپ، ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدىغان پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىز بۇزغۇنچىلىقتىن كېيىنكى خانە-ۋەيران-چىلىقنى ئۇنتۇمىدۇق، خەلقنىڭ ئاچ-يالىڭاچ، ماكانسىز قېلىپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئەھۋاللىرىنى كۆردۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تېچلىققا، بىرلىككە، دېموكراتىيىگە، ئىتتىپاقلىققا مۇھتاجمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىش، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقۇرى

كۆتىرىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

ئۆتمۈشتە، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى 1759 ـ يىلىدىن تاكى 1911 ـ يىلغىچە، ئۆلكىمىزدە ئېزىچىل تۇردە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىللىي ئۆچمەنلىك ـ قىرغىنچىلىق پەيدا قىلدى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي زۇلۇم ئاستىدا، خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇنداق مۇستەبىت سىياسەت بۇنىڭدىن 38 يىل ئىلگىرى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زەھىرى تېخى تەل ـ تۆكۈس تازىلىنىپ بولمىدى! سۇن جۇڭشەن ئەپەندى مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋاقىتلىق دازۇڭتۇڭ بولغان چېغىدا: ”جۇڭگودا مۇستەبىتلىك سىياسىنىڭ زەھەرلىرى 200 نەچچە يىلدىن بىرى داۋام قىلىپ كەلدى، ئۇ مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچى بىلەن ئاغدۇرۇلغان دەپ خىتاپ قىلغان، ئۇ يەنە: ”دۆلەتنىڭ غولى خەلقتۇر، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان ۋە زاڭزۇلار تۇرغان جايلار قوشۇلۇپ بىر دۆلەت بولۇشى، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان ۋە زاڭزۇلار قوشۇلۇپ بىر ئادەمدەك بولۇشى كېرەك. مانا بۇ مىللەتلەر بىرلىگى دېيىلىدۇ“ دېگەن ئىدى. بۇ دۆلەت ئاتىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتى، ئۇ تا ھازىرغىچە ئۆلكىمىزدە تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ جاڭگۈەن مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق ئاممىسىغا چىققارغان مۇراجىئەتنامىسىدە: ”بىز ئۆتمۈشتىكى تارىختىن قارىغىنىمىزدا، شىنجاڭدىكى قېرىنداشلار ھەقىقەتەن بەكمۇ قاتتىق زۇلۇم چەككەن، بەكمۇ قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتكە ئۇچرىغان، بۇرۇن شىنجاڭدا ئەمەلىيەتتە خەنزۇلار مەسئۇل بولۇپ كەلگەن، بۇ خەنزۇلارنى خەنزۇ مىللىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ ھېساپلاشقا بولمايدۇ، مەركەز ئۇلارغا رۇخسەت قىلغانمۇ ئەمەس،

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەز ئۇلارنى قوللىغانمۇ ئەمەس" دېگەن ئىدى.

بىز ئەمدى ئۆتمۈشتىكى چىڭ سۇلالىسى مۇستەبىت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلكىمىزدە قالدۇرغان زەھەرلىك تەسىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە نەزەر سېلىپ باقايلى؟

1. ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، باشقا خەلق ئاممىسىنى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى دەپ ئاتايتتى.

2. ئۆلكىمىز زېمىنىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىيلىكى ۋە تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى ھەم تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلمايتتى.

3. ھوقۇق ـ ئورۇن جەھەتتە باراۋەرلىك يوق ئىدى، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە زۇلۇم سالاتتى.

4. مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەتكە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆزئارا گۇمانلىنىش ۋە ئۆچمەنلىشىشنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

5. خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق ۋە نەشە ـ ئەپيۇنكەشلىك ئەۋج ئالغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى مۇستەبىت ھۆكۈمىتىنىڭ زەھەرلىرى تېخى پۈتۈنلەي تازىلىنىپ بولماغاچقا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تار مىللەتچىلىك، چوڭ مىللەتچىلىك، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيەۋى قارىمۇ ـ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن، كەمسىتىش، ھاقارەتلەش ۋە ئۆچمەنلىشىش ئەھۋاللىرى تەدرىجىي پەيدا بولدى. دەل مۇشۇنداق ناتوغرا نۇقتىئىنەزەرلەر داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىش ئىشەنچى يوقاپ كەتتى، ھەتتا بىر بىرىنى ئالداش، ئۆزئارا گۇمانلىنىشلار كېلىپ چىقىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا توسالغۇ بولدى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكىگىمۇ تەسىر يەتتى. جاڭ جىجۇڭ

جۇڭگونىڭ مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى مۇراجىئەتنامىسىدە: "بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق تارىخىي خاتالىقلارنى چوقۇم ھەممە جەھەتتىن تۈزىتىپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئەبەدىي تېچلىقى مىللەتلەرنىڭ بىر بىرىگە كۆيۈنۈشى، ئورتاق ياشاپ، ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىش لازىم... ھازىرقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەرقايسى مىللەتتىن تەركىپ تاپقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بولۇشى، 'مۇستەبىتلىك سىياسى'، 'يۇقۇرى بېسىملىق سىياسى'، 'مۇستەملىكىچىلىك سىياستى'، 'جاھانگىرلىك' دېگەن نىمىلەر يۈز بەرمەسلىكى لازىم، ئەلۋەتتە" دېيىلگەن ئىدى.

ھازىر ئۆلكىمىزدە كونا ھۆكۈمەتتىن قېپقالغان چىرىك سىياسى تۈپتىن سۈپۈرۈپ تاشلاندى، ھەقىقى دېموكراتىك سىياسى يولغا قويۇلۇپ، مىللەتلەرنىڭ سەممى ئىتتىپاقلىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئۆلكىمىزنى گۈللەندۈرىدىغان، خەلق ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدىغان دەۋر كېلىپ قالدى! پېقىر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالەتەن، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ سادىق چاكىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەركەزنىڭ ئىستىگىگە ئاساسەن، جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، تېچلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش، سىياسى پىروگىراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن، دەپ قەسەميات قىلىمەن. مەن ئەقلىگە مۇۋاپىق بولمىغان، ئادالەتسىز، ئارىنى بۇزۇپ، مىللەتلەرنىڭ مۇھەببىتىگە تېگىدىغان ھەركەتلەرنىڭ مەۋجۇت تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پېقىر پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ سەممى ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپ، ئۆلكىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىغا رەھبەرلىك قىلىمەن. لېكىن بۇ ئېغىر خىزمەتلەرنى ئۆزەم يالغۇز ئىشلەپ كېتەلمەيمەن، مۇئاۋىن رەئىس، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى، ھەرقايسى تارماقلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسى بىرلىكتە

قول تۇتۇشۇپ، تىرىشىپ ياردەم بەرگەندىلا، ئاندىن تەل-تۆكۈس مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ.

جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن بىزگە: "ئەبەدى تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇغىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغىنى كۈچەيتىش لازىم" دەپ ئۇچۇق كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشىغا قارشى بولغانلىكى ئىشلارنى قىلىش تىنچلىقنى بۇزغانلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ئەكسىيەتچىلىك دەپ تونۇيمىز؛ مەملىكەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى بولغانلىكى ئىشلارنى قىلىش تىنچلىقنى بۇزغانلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ئەكسىيەتچىلىك دەپ تونۇيمىز؛ دېموكراتىك سىياسىغا قارشى بولغانلىكى ئىشلارنى قىلىش تىنچلىقنى بۇزغانلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ئەكسىيەتچىلىك دەپ تونۇيمىز؛ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىغىغا قارشى بولغانلىكى ئىشلارنى قىلىش تىنچلىقنى بۇزغانلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ئەكسىيەتچىلىك دەپ تونۇيمىز! شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنى بىرلىككە، ئىتتىپاقلىققا، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشقا، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋە ھەركەتلەرگە ھەرگىز يول قويماسلىققا چاقىرىمەن. پېقىر خەلق چاكارلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خەلق ئاممىسىنىڭ تىنچلىغى ۋە بەخت-سائادىتىنى بۇزىدىغان، كەڭ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ئۇنسۇرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار: بىز ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىشىمىز، بىرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم، چۈنكى ئىتتىپاقلاشقاندىلا، كۈچ-قۇۋۋەت بولىدۇ؛ بىرلىك بولغاندىلا، تىنچلىق بولىدۇ.

ئاخىردا شوئار تووۋلايلى:

1. ئۆلكىمىزدە ئەبەدى تىنچلىق تىكلەيلى!

2. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇغىنى ئىلگىرى سۈرەيلى!

3. ئۆلكىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەر كۆيۈمچان بولۇپ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتەيلى!

4. خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىپ، پاك بولايلى!

5. ئۆلكىمىزنىڭ دېخانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىگىلىگىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلايلى!

6. مەدەنىيەت ـ مائارىپنى راۋاجلاندۇرايلى!

7. گۈللەنگەن، شات ـ خورام يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى!

8. ياشىسۇن ئۆلكىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىغى!

9. ياشىسۇن پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى!

10. ياشىسۇن ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىنگو!

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدى.

# جاڭ جىجۇڭنىڭ چاقىرتىشى

جياڭ جېيشىنىڭ "ئىستىپا" بەرگەنلىگى، گۇاڭشى گۇرۇھى سىيىتىمىسىدىكى لى زۇڭرېننىڭ مۇۋەققەت زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ماڭا 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچتە باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر ئىچكى تېنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ قالارمۇ دەپ ئويلىدىم، چۈنكى جياڭ جېيشى دىگەن ئادەم ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالمىغان بولسا، بۇنداق ئىشنى قىلماس ئىدى، ئۇزاق ئۆتمەي، جاڭ جىجۇڭنىڭ 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 11 ـ

كۈنگىچە، لەنجۇدا غەربىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە (گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ) باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدىم. بىرنەچچە خادىمنى ئېلىپ لەنجۇغا باردىم. شەخسەن مەقسىدىم: جاڭ جىجۇڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەھۋالدىن دوكلات قىلىش، كېيىنكى خىزمەتلەر ھەققىدە ئۇنىڭدىن يوليورۇق ئېلىش ئىدى. ئەگەر شۇ يىللاردىكى كۈندىلىك خاتىرەم بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسا، مۇشۇ تارىخىي ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئەسلەشكىمۇ ئىلاجىسىز قالغان بولاتتىم. ئەمدى، شۇ بىرنەچچە كۈندىكى خاتىرەمنى بايان قىلماقچىمەن. ئىسكوپكا ئىچىدىكى سۆزلەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بايان قىلىنغان چاغدا قوشۇلغان ئىزاھلار.

## 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

تۈنۈگۈن بەك بالدۇر ئورنۇمدىن تۇردۇم، ناشتىدىن كېيىن سائەت يەتتىدە ئايرودرومغا باردىم، باشقا خادىملارمۇ كېلىپ بوپتۇ. ئايروپىلاننىڭ ئېلېكتىر مەنبەسىدىن چاتاق چىقىپ قالغاچقا، ئوڭلاپ بولۇپ ئۇچقان چاغدا سائەت ئالللىقاچان سەككىز يېرىم بولغان ئىدى. ئايروپىلان ھاۋادا نىشاندىن ئادىشىپ قېلىپ، تىيانشان چوققىسىدا ئەگىپ يۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن سائەت ئون بىر يېرىمدا ئاران قۇمۇلغا يېتىپ باردۇق. يولۋاس بىلەن مولۇجاڭ قاتارلىق كىشىلەر ئايرودرومغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

بىز قۇمۇلدىن ئۇچۇپ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە جيۇچۈەنگە يېتىپ باردۇق. لىيۇتىچىك بۈگۈن لەنجۇغا يېتىپ بارغىلى بولمايدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن جيۇچۈەن شەھىرىدە بىر كېچە

قونۇپ قالدۇق. جيۇچۇەننىڭ ۋاڭ پەمىلىلىك ۋالىسى ۋە تاڭ پەمىلىلىك جۇنجاڭى ئايرۇدۇرۇمغا بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىردىم. ئايرۇدۇرۇم شەھەر رايونىغا 25 كىلومېتىر كېلەتتى.

بۇگۇن ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىمدا جيۇچۇەندىن قوزغىلىپ، سەككىزدىن چارەك ئۆتكەندە ئايرۇدۇرۇمغا يېتىپ باردۇق. لەنجۇدا ھاۋا ياخشى بولمىغاچقا، ساقلاپ تۇرۇپ سائەت توققۇزدا ئۇچتۇق، ئون ئىككى يېرىمدا لەنجۇغا يېتىپ باردۇق. رەئىس گو جىنچياۋ (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى) رەئىس ما بۇفاڭ (چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى) ۋە ئىسمائىل ئەپەندى، ھەبىب ئەپەندى، ئەبەيدۇللا ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ئايرۇدۇرۇمغا كېلىپ بىزنى قارشى ئالدى ۋە غەربىي شىمال بىناسىغا ئېلىپ باردى. مەن 202 - نومۇرلۇق ياتاققا چۈشتۈم. يۇيۇنۇپ كىيىم يۆتكىگەندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن بىللە جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مۇئاۋىن جاڭگۇەن تاۋسىيۆ، رەئىس گو جىنچياۋ، ليۇ پەمىلىلىك سەنمۇجاڭلار بىلەن تاماقتا بىللە بولدۇق. جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن بىلەن ئادەتتىكىچە سالاملاشقاندىن باشقا، مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە گەپ - سۆز قىلىشمىدۇق. ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىردە يەنە سۆزلەشمەكچى بولدۇق.

مەن بوش ۋاقتىلىرىمدا، ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭ، گو جىنچياۋ ۋە باشقىلارنى زىيارەت قىلدىم. ما بۇفاڭ بىلەن ئون مىنۇتچە سۆزلەشتىم، ئۇ: "مەن تۇڭگانلار قوشۇنىنى شىنجاڭدىن قايتۇرۇپ كېلەي دەۋاتىمەن. ئەگەر لازىم بولسا يەنە بارمامدۇ. ماچېڭشياڭ تۈنۈگۈن ماڭا تېلېفون بەردى. مەن سىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودىلىشىشىڭلارغا قارشى ئەمەسمەن، شۇنداق قىلساڭلار بولىدۇ" دىدى، بىر دەم ئولتۇرۇپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم.

كەچ سائەت بەشتىن ئاشقاندا، بىرنەچچە ئورۇن بىرلىشىپ

ھەربىلەر زالىدا جاڭگۇەن، مۇئاۋىن جاڭگۇەننى زىياپەتكە چاقىردى، مەنمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم ھەم زىياپەتتە سۆز قىلدىم. سائەت يەتتىلەردە غەربىي شىمال بىناسىغا قايتىپ كەلدىم.

مىڭ چىنۋاڭ (ئالتاي ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى پالتا چىنۋاڭنىڭ ئوغلى، موڭغۇل، روسىيىدە ئوقۇغان، شىخۇنىڭ چىگىشور دىگەن يېرىدە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن بۇ ئائىلىنىڭ جەمەتلىرى چەتئەلگە كۆچۈپ كەتكەن)نىڭ ئىنىسى سەيدىڭ دورجى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، ئۆزى شىۋېتسىيىلىكلەر باشقۇرغان شىركەتتە ئىشلەيتتى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ شىركەتنىڭ نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ، بۇ شىركەت تىجارەت قىلىدۇ، دۆلەتلەر تەمىنات شىركىتى قارد-مىغىدىكى بىر شۆبە شىركەت بولۇپ، ما خۇڭكۈي ۋە ما بۇفاڭلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. ئۇلارنىڭ قولىدىكى قوي يۇڭىنى سېتىۋېلىپ گۇاڭجۇغا توشۇپ بېرىپ، ئاندىن تېگىشۋالغان قورال - ياراقلارنى ئايروپىلان بىلەن ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا بىرلىشىپ باشقۇرغان "جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى" بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار، دىدى. مەن بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: ئايروپىلان ترانسپورتى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پۇل كېتىدۇ، بۇ تىجارەتنىڭ كەينىدە نىملەر يوشۇرۇنغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. پەزەر قىلىشىمچە، بۇ سەيدىڭ دورجى ئامېرىكا ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ ئادىمى بولۇشى مۇمكىن.

## 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ناشتىلىق چايدىن كېيىن مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. سەيدىڭ دورجىمۇ كەلدى، ئۇ زىيارەت قىلىپ كەلگەن باشقا كىشىلەر خوشلىشىپ

كەتكىچە ساقلاپ تۇرۇپ، يالغۇز ماڭا گېپىنى ئېيتتى: مەن شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئادەتتىكى يالانما خىزمەتچى. بۇ ئادەملەر كۆرۈنۈشتە سودىگەرلىك قىلغاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ يەنە باشقا ۋەزىپىسىمۇ بار. ئۇلار ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى. ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلار: ئەگەر كومپارتىيە كېلىدىغان بولسا، بىز ئۇلارغا قارشى تۇرىمىز، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز، دېدى. ما بۇفاڭ يەنە: "شىنجاڭ مېنىڭ ئىلكىمدە، شىنجاڭدا مېنىڭ قوشۇنۇم بار، شىنجاڭ خەلقى مېنىڭ گېپىمگە كىرىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان" دېدى. ئامېرىكىلىقلار ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلارغا ناھايىتى ئېتىۋار بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر ما خۇڭكۇي بىلەن ما بۇفاڭ غەربىي شىمال رايونىدا مەغلۇپ بولسا، شىنجاڭغا چېكىنىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئامېرىكا شىنىڭدىن قەشقەرگە بارىدىغان ھاۋا يولى ئاچماقچى بولدى ھەم ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلارنىڭ مۇسۇلمان ھۆكۈمىتى قۇرۇشىنى پىلانلاشتى. سەيدىڭ دورجى: "ئەگەر مەن ئۇلار بىلەن داۋاملىق بىللە ئىشلەۋەرسەم، ئىستىقبالىم ياخشى بولمايدۇ. مەن باشقا چىقىش يولىنى تېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ماڭا مۇۋاپىق بىر خىزمەت تېپىپ بەرسىڭىز" دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: "ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلارنىڭ يۇقۇرىقى ھەركەتلىرىدىن جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن خەۋەر تاپتىمۇ، يوق؟" دەپ سورىدىم. سەيدىڭ دورجى: "خەۋىرىم يوق، ئېھتىمال جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن بىلمىسە كېرەك. چۈنكى مەن ئامېرىكىلىقلاردىن جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەننىڭ قولىدا ئارمىيە يوق، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى ما خۇڭكۇي بىلەن ما بۇفاڭدا دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم" دەپ جاۋاپ بەردى. مېنىڭ قارىشىمچە، سەيدىڭ دورجى سىرلىق ئادەمدەك قىلىدۇ. مەن بۇ ئادەمنى جاسۇسلۇق قىلىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئارىمىزغا كىرىۋالماقچى بولغان ئادەممىكىن دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم.

سائەت ئون بىردە جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەنىڭ ئۆيىگە بارسام، يوق ئىكەن، بىر سائەتچە ساقلىسام قايتىپ كەلمىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ مەلۇم بىر يىغىندا سۆز قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشتىم، يىغىندىن كېيىن ھەربىلەر زالىدا كۆرۈشمەكچى بولدۇق. يىغىندىن كېيىن جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات بەردىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىلىق كونكرېت يوليورۇق سورىدىم. جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ۋە سىياسىي پروگرامما ئومۇمىي يۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى لازىم، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى چوقۇم كۈچەيتىش لازىم، ئەلى تەرەپ بىلەن ئىمكان قەدەر تېز ئەپلىشىپ قېلىش لازىم. پۈتكۈل غەربىي شىمال دائىرىسىدە چوقۇم تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، ئۇرۇشنى توختىتىشىمىز لازىم." ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: "ئىقتىسادىي جەھەتتە سىلەر قانداقلا تەدبىر قوللانساڭلار مەن قوشۇلىمەن" دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتىكى ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ كېلىشتۇق:

1. شىنجاڭدا ئۆز ئالدىمىزغا شىنجاڭ پۇلى تارقىتىش؛

2. يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سودا ئاپاراتى قۇرۇش؛

3، سودا، چېگرا بېجىنى شىنجاڭدا قالدۇرۇش.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن يەنە ئىچكىرىدىكى 55 مىڭ سەر ئالتۇننىڭ شىنجاڭغا قايتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدىم. جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن: "بۇ ناھايىتى تەس ئىش، بىز ئامال قىلىپ كۆرەيلى" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئاخىردا جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن ئۆزىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە

قاتتىشىش ـ قاتناشماسلىقى توغرىسىدا (بۇ يەردە ئازاتلىقنىڭ ئالدىدىكى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۆھبىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گۇمران بولۇش ھارپىسىدا، تىرمىشىپ يۈزىنى ئوڭشىۋېلىپ، قايتا باش كۆتىرىپ چىقىش ئۈچۈن، 1949 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كومپارتىيە بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن بېيپىڭغا ئەۋەتتى، سۆھبەتتە، 8 ماددا 24 تارماقلىق «ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمى» تۈزۈپ چىقىلدى. لېكىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى مەغلۇپ بولدى، جۇ ئېنلەينىڭ قايىل قىلىشى بىلەن جاڭ جىجۇڭ بېيپىڭدا قېپقالدى) مېنىڭدىن پىكىر سورىدى. مەن: "ھازىرقى ۋەزىيەتتە سىزنىڭ ئارىلاشمىغىنىڭىز ياخشىراق بولارمىكىن؟" دېدىم. ئۇ: "مەن ھازىر ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىمەن. لى زۇڭرېن نىملا بولسۇن مۇۋەققەت زۇڭتۇڭ. ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قالسا، مەن بارمىسام، بۇيرۇققا بويسۇنمىغان بولىمەن، مەن بارمايدىغانلىقىمنى ئوتتۇرىغا قويسام، ئۇ مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ چاغدا ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولىمەن. شۇڭا، مەن ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدىم. لېكىن مەن يەنىلا تېلېگرامما بېرىپ، مېنى تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدىم. بۇنىڭغا نەنجىڭ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تېخى جاۋاپ بەرگىنى يوق. مېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن ئايروپىلان تېخىچە لەنجۇدا ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ" دېدى.

مەن ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلار توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى سورىسام، جاڭ جىجۇڭ ئۇلار ھەر ھالدا ياخشى، باشقىچە ھەركەتلىرى يوق، ماڭا بويسۇنىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سەيدىڭ دورجىنىڭ ئېيتقان ئەھۋاللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم.

## 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

بۈگۈن جىن زودىڭ كەلدى. ئۇ: "ئۇرۇش بولۇشىدا ۋاقىت مەسىلىسىلا قالدى. نەچچە تۈمەن ئەسكەر قورالاندى. ئۈچ ئايدىن كېيىن قاتتىق ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. ئىلگىرى ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى، ھازىر ياخشىلىنىپ قالدى، ئۇلار بىرلىشىۋالدى. ئۇلار ئەسلىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنى ئىدارە قىلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئەگەر گەنسۇ ئۆلكىسى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان بولسا، خەلق ئاممىسى رازى بولماي، كومپارتىيىگە ئېغىپ كېتەتتى. بۇ ئىككىسى خەلقتىن ھەر بىر مو يەر ئۈچۈن ئىككى تەڭگىدىن باج ئالىدىكەن، بۇنىڭغا خەلق ئەلۋەتتە چىداپ تۇرالمايدۇ" دېدى. چۈشتە، بىز گو فۇجېڭنىڭكىدە مېھمان بولدۇق، ئۇ يەردىمۇ ئاممىدىن ئېغىر باج ئېلىشنى تەنقىت قىلغۇچىلار بولدى.

## 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

جىن زودىڭ ماڭا مۇنداق دېدى: "ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلار گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇش ئۈچۈن رىقابەتلىشىۋاتىدۇ، رەئىس بولۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتەلەيدۇ. لېكىن گەنسۇ خەلقى ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلارنىڭ زۇلمىغا چىدىمايدۇ، گەنسۇ خەلقى: ئەگەر ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلار ئۆزىنى خەلققە زومۇ ـ زور تاڭىدىكەن، ئۇ چاغدا، ئاما كوممۇنىستلارنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىشىدۇ." ھەر جەھەتتىكى ئىنكاسلاردىن قارىغاندا، ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلارغا قارشى نارازىلىق كەيپىياتلار ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ما خۇڭكۇي، ما

بۇفاڭلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەم ئەسكەر، ھەم ئېغىر باج ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن بەكمۇ چۈشۈپ كەتتى. ما خۇڭكۇي ئاشكارا ھالدا، ئۈچ ئۆلكە (گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشىيا ئۆلكىلىرى)دە سەككىز مىليون ئاھالە بار، كىشى بېشىغا ئىككى تەڭگىدىن باج ئالساق، ئۇ ھالدا ئۆزىمىزنىڭ خېلى بىر قىسىم خىراجىتىمىزنى ھەل قىلىۋالىمىز، دىگەن.

بۈگۈن ما خۇڭبىن كەلدى. ئۇ ماڭا: "بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان، بىر بىرىمىزگە كۆيۈنۈشىمىز لازىم" دىدى.

مەن جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەننىڭكىگە باردىم، ئۇ ئىلىدىكىلەرگە يازغان خېتىنى ماڭا كۆرسەتتى.

## 2-ئاينىڭ 10-كۈنى

سائەت ئون يېرىمدا جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەننىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ماڭا: "شىنجاڭغا تەۋە 48 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئامېرىكا بانكىسىدا" دىدى. مەن: "ئەگەر بۇ پۇلنى سوۋېت ئىتتىپاقى بانكىسىغا تاپشۇرۇپ، كۈمۈشكە تېگىشىۋالساق قانداق بولار؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "بولىدۇ، مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلىڭلار" دەپ جاۋاپ بەردى. مەن مەركەزدە ئامانەت قويغان ئالتۇننى ئېلىۋالساق بولارمۇ، دىسەم، ئۇ: "ئادەم ئەۋەتىپ بېقىڭلار، لېكىن ئۇنى ئېلىش ناھايىتى تەس" دىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن، سىز ئادەم ئەۋەتىسىڭىز، دىدىم. كېيىن بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرگە بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش مەسىلىسىدە بىردەك پىكىرگە كەلدۇق. ئۇ يەنە: "ما بۇفاڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ۋاقىتىنچە قايتمىسۇن، كېيىن قاراپ باقايلى" دىدى. ئاخىردا ئۇ شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتىگە بولغان كۆزقارىشىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دىدى: ھازىر ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان ئىشلار مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭغا تەسىر

كۆرسىتىدۇ؛ ئىچكىرىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى مۇنداق ئىككى خىلغا ئايرىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچى ئەھۋال، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئىش مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، شىنجاڭغا ئانچە چوڭ تەسىرى بولمايدۇ. مەن غەربىي شىمالدا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تېچ ۋەزىيەتنى ساقلاپ، شىنجاڭنىڭ خوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تىرىشىمەن. مۇشۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىساق، شىنجاڭدا ئانچە چوڭ ئىش يۈز بەرمەيدۇ. ئىككىنچى ئەھۋال، كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى مۇمكىن. گومىنداڭ كۈچلىرى تامامەن يوقىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى چېكىنىپ تەيۋەنگە بېرىۋېلىشى مۇمكىن، كومپارتىيىنىڭ ئۇلارغا باشقا بىر تەدبىر قوللىنىشمۇ ئاسان ئەمەس. ناۋادا ئىككىنچى خىل ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى قانداق بولىدۇ؟ شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى، چەتئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىچكىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن، كومپارتىيە ئىچكىرىگە ئوخشىمايدىغان بەزى سىياسەتلەرنى قوللىنىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمەتنى قايتا تەستىقلىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن، بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە بار، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سىزنىڭ داۋاملىق رەئىس بولۇشىڭىزغا ماقۇل دەمدۇ، ياكى ھۆكۈمەتنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويامدۇ؟ بۇ ئەھۋاللارنى ئويلىماي بولمايدۇ. مەن: "ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مېنىڭ داۋاملىق رەئىس بولۇشۇمغا ماقۇل بولۇش- بولماسلىقى ھەربىي ھەركەت بىلەن بەك مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ھەربىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزمەي، سىياسىي پىروگراممىنى

ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرىدىغان بولسا، چاتاق چىقمايدۇ؛ لېكىن ھەربىلەر ماڭا قارشى تۇرىدىغان ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قوراللاندۇرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمىتىمىز قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ھۆكۈمەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ناۋادا مۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ھۆكۈمىتىمىز ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمۇ بىزدىن نارازى بولىدۇ" دېدىم. ئۇ: "سىز بۇ گەپنى ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، مەن مۇئاۋىن جاڭگۈەن تاۋ سىيۈگە بەكرەك تاپىلاپ قوياي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئابرۇيىنى جەزمەن يۇقۇرى كۆتىرىش لازىم" دېدى.

## 2-ئاينىڭ 11-كۈنى

بىز شىنجاڭغا قايتىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتۇق. مەن مۇئاۋىن جاڭگۈەن تاۋ سىيۈنىڭكىگە بېرىپ، ئۈرۈمچىدىكى باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈنگە بۈگۈن يولغا چىقىدىغانلىقىمىزنى تېلېفوندا ئۇقتۇردۇم. سائەت ئون بىردە، جاڭ جىجۇڭ جاڭگۈەن غەربىي شىمال بىناسىغا مېنى ئۇزاتقىلى كەلدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى، يەنە: تۈنۈگۈن لى زۇڭرېن ماڭا نەنجىڭغا كېلىڭ دەپ تېلېفون بېرىپتۇ، مەن بۇ يەردە ئىش تولا، نېرى كېتەلمەيمەن دېدىم؛ ئەگەر مەسلىھەتلىشىش ئىشقا ئاشقان بولسىغۇ ياخشى بولاتتى، ناۋادا ئىشقا ئاشمىسا، مەن بۇ يەردە بىر ئامال قىلىپ ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىنى توسايمەن؛ شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى سىياسىتى (شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بويىچە ئىش كۆرۈشكە بولىدۇ... دېدى. جاڭ

جىجۇڭ جاڭگۇەن بەزى كونكرېت ئىشلارنى ئەمدىلا دىمەكچى بولۇۋاتاتتى، ما خۇڭكۇي كېلىپ قالدى. جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن گېپىنى توختىتىپ، باشقا بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم، دەپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

ما خۇڭكۇي ئۆيدە باشقا كىشىنىڭ يوقلۇغىنى كۆرۈپ، ماڭا: "هازىرقى ۋەزىيەت ناهايىتى جىددى، بىز قانداق قىلىمىز؟ ئۇچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدا تۇرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى بەك جىددىلىشىپ كەتتى، سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟" دىدى. مەن: "بىرنىمە دىيىش تەس، لېكىن مەن ئۇرۇش ئۇنچىۋالا تېز پارتلاپ كېتىدۇ، دەپ قارىمايمەن" دىدىم. ئۇ يەنە: "گەرچە ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن مۆلچەرلەش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش بولۇپ قالسا شىنجاڭنىڭ ۋە ئۆلكىمىزنىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟ بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇرۇش بولارمۇ؟" دىدى. مەن: "ئەگەر ئامېرىكىنىڭ كۈچى بۇ يەرگىچە تەسىر قىلالمىسا، مېنىڭچە، هىچ گەپ يوق" دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپلا: "هەي تاغەي، ئامېرىكىنىڭ تەسىرى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ دىيىش ناهايىتى تەس. ئۇلار بۇ جايلاردا هەربى ئايرودرۇم ياسىماقچى بولۇۋاتىدۇ!" دىدى. مەن: "بىز ئۇلارنىڭ ئايرودرۇم ياسىشىغا يول قويماسلىغىمىز لازىم، ئامېرىكىغا تايانغاندىن كۆرە، بىتەرەپ تۇرغان تۈزۈك. مەيلى نىمىلا بولسۇن، جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن بىلەن كۆپرەك مەسلىهەتلىشىپ، ئۇنىڭ يوليورۇغى بويىچە ئىش قىلىش لازىم" دىدىم. ئۇ: "جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن جەنۇپلۇق، بىز چوڭ غەربىي شىماللىقلار ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرساق بولىدۇ. سىز ئۈرۈمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن پات - پات يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانسىز، ئۇلار بىزگە ياردەم بېرەرمۇ" دىدى. مەن: "ئىش بولسىلا كۆرۈشەلەيمىز، ئىش بولمىسا، ئۇلارنى ئىزدىمەيمىز. ئۇلار بىزنىڭ ئىچكى

ئىشىمىزغا ئارىلاشمايدۇ. بىز مەسىلىنى ئۆزىمىز ھەل قىلىشىمىز
لازىم" دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ: "سىز شىنجاڭدا، بىزنىڭ ئالدىمىزدا
تۇرسىز، ئەگەر سىز بىزنىڭ ئىشىمىزغا ياردەم بېرەلىسىڭىز، ئىشلە-
رىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسىڭىز، بىز سىزنىڭ كەينىڭىزدىن
ئەگىشىپ ماڭىمىز، بىرەر ئىش چىقىپ قالسىلا، ئادەم ئەۋەتىمىز. بىز
ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈش بىزگە
يىراق بولغان ئامېرىكا بىلەن دوست ئۆتۈشتىن تېخىمۇ پايدىلىق"
دېدى. شۇنىڭ بىلەن گېپىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى.
بۇگۈن ئەتىگەن جىن زودىڭ كېلىپ، ئاڭلىشىمچە، ما خۇڭكۈي
ئامېرىكا شىركىتىنىڭ بەش ئايروپىلانىنى ئىجارىگە ئېلىپ، بۇ
يەردىن قوي يۇڭى ۋە ئالتۇن-كۈمۈش ئېلىپ گۇاڭجۇغا بېرىپ
قورال-ياراق تېگىشىپ كېلىدىكەن. ئەنە شۇ ما خۇڭكۈي ئەمدى
مېنىڭ پوزىتسىيەمنى تىلىڭ-تىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن كېپتۇ، ئەھ-
ۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار ناھايىتى قاتتىق سارامىسىگە چۈشۈپ،
قانداق قىلىشنى بىلمەي قالغاندەك تۇرىدۇ، دېدى.

جاڭ جىجۇڭ ئاچقان غەربىي شىمالدىكى 3 ئۆلكە يىغىنى تاشقى-
رىدىكى سۆز-چۆچەكلەردە ئېيتىلغىنىدەك بولمىدى، ھېچقانداق
جاھىللىق بىلەن مۇداپىئەلىنىپ، ئازاتلىققا توسقۇنلۇق قىلىدىغان
ئىدىيىدە بولمىدى. ئەكسىچە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازات
بولۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەپچىل رول ئوينىدى. لەنجۇغا قىلغان
سەپىرىمدە، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى توغرىسىدا، جاڭ
جىجۇڭنىڭ ئىككىنچى خىل مۆلچەرىنى تاللاپ، شىنجاڭنى
تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش نىشانىغا قاراپ يول ھازىرلاشقا
كىرىشتىم.

# ئۆلكە رەئىسى بولغان مەزگىلدە

## شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى تارقىتىش

جياڭ جيېشى تەۋەسىدىكى باشقا رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشاش، شىنجاڭدا مەسئۇتنىڭ هۆكۈمرانلىغى ئاستىدا، مالىيە ـ ئىقتىساد پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرى ئەمەلدارلىرى ئومۇمى ۋەزىيەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىگىگە كۆزى يېتىپ، ساختا ئالتۇن پۇلنى كۆپلەپ بازارغا چىقىرىپ، بازاردىن ھەر خىل تاۋارلارنى بەس ـ بەس بىلەن تالىشىپ سېتىۋالدى. بارغانسېرى ئەۋج ئالغان كۆپلەپ سېتىۋېلىش بورىنى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. ساختا ئالتۇن پۇل يامراپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن سودا دۇكانلىرى "تىجارەتنى توختىتىش" ئېلانىنى چاپلىدى، ئىشىكلىرى ئوچۇق سودا دۇكانلىرىدىمۇ مال جازىلىرى قۇرۇقلاپ، تاۋارلار ئاندا ـ ساندا قالغان ئىدى. بىر قاپ سەرەڭگە بىر مىليون فابىغا چىقتى، بۇنىڭدىن تاۋارلارنىڭ ئازلىغى ۋە مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتقانلىغىنى كۆرگىلى بولاتتى. گومىنداڭنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ھەربىي ئەمەلدارىنىڭ مائاشىغا بىرنەچچە پاشكا تاماكا كەلمەيتتى. كېيىن، ئالتۇن پۇلغىمۇ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ پەقەت كېرەكسىز قەغەز ياكى تامغا چاپلايدىغان قەغەز ئورنىدىلا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالدى.

مەن ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى

جەھەتتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، شىنجاڭنى
ئۆز دائىرىسىدە ئاقىدىغان يەرلىك پۇل چىقىرىش يولى بىلەن،
فابى پۇلىنىڭ كىرىزىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشتىم. لەنجۇغا قىلغان
سەپىرىمدە، بۇ پىكرىم جاڭ جىجۇڭنىڭ ماقۇللۇغىدىن ئۆتتى، شۇنىڭ
بىلەن ناھايىتى تېز ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالى-
رى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق، بازاردا ئېقىۋاتقان ئالتۇن
پۇل ئورنىغا شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى تارقىتىپ، ئۇنى مالىيە نازارىتى-
نىڭ كونكرېت ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇش قارار قىلىندى. جىددى
تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، 1949-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى
شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، مال
باھاسى بارا-بارا ۋاقىتىنچە تىزگىنلەندى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بىر
ئاز خاتىرجەم قىلىندى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئومۇمىي يۈزلۈك گۇمران بولۇۋاتقان
ئەھۋال ئاستىدا، پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق پۇل مۇئامى-
لىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش
زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ شىنجاڭدىكى پۇل تۈزۈمى
ئىسلاھاتى پەقەت يەرلىك خاراكتېرلىق ئىسلاھات بولغاچقا، ئۇ
قانداقلا بولمىسۇن ئالتۇن پۇلنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدە ئېقىشىنى
پۈتۈنلەي توساپ قالالمايتتى. شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى تارقىتىلغان
چاغدا، نەنجىڭ قورچاق مەركىزىي بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىغا
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قورچاق مەركىزىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرى
خىراجىتى ۋە ھەربى راسخوتى ئۈچۈن، ئايروپىلان بىلەن ناھايىتى
كۆپ مىقداردا ئالتۇن پۇل ئەۋەتتى. ئايروپىلان قۇمۇلغا يېتىپ
كەلگەندە، بىز بەي ۋېنيۈنى مالىيە نازارىتى نامىدىن شىنجاڭدا

قەغەز پۇل ئىسلاھ قىلىندى، ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ ھەربى-
مەمۇرى خىراجىتى ئۈچۈن كۈمۈش پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدۇ، دەپ
بايانات ئېلان قىلدۇردۇق. مەركىزىي بانكا بۇنىڭغا قاتتىق نارازى
بولۇپ، ئاخىر ئامالسىز ئۆز پۇلىنى، پېچىتىنى بۇزماي قايتۇرۇپ
كەتتى. بۇ قېتىمقى سوقۇشتىن ساقلىنىپ قالغانلىغىمىز ھەقىقەتەن
تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش بولدى.

لېكىن 1949-يىل 8-ئايدا لەنجۇ ئازات بولۇش ھارپىسىدا،
لەنجۇدا ئەمەلدار بولغان، سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان كۆپلىگەن
شىنجاڭلىقلار كۆپلىگەن ئالتۇن پۇل ئېلىپ، ھەربى ئايروپىلاندا
توپ-توپى بىلەن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋە
جەنۇپتىكى شەھەرلەردە بەس-بەس بىلەن كۆپلەپ مال سېتىۋېلىش
بورىنى چىقتى. ئۈرۈمچىدىكى سودا-سانائەتچىلەر ھەممىدىن ئاۋال
بۇ بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. شۇڭا ئۇلار ئالتۇن پۇل ئىشلىتىش-
نى رەت قىلىش ھەركىتى قوزغىماقچى بولدى. ئۇلار مېنىڭ پوزىتسى-
سىيەمنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ، قېشىمغا خۇپىيانە ۋەكىل ئەۋەتتى.
مەن توغرىدىن-توغرا جاۋاپ بەرمەي، سىلەر ئالدى بىلەن خەلقنىڭ
رايىغا قاراپ بىر ئىش قىلىڭلار، ھۆكۈمەتمۇ خەلقنىڭ رايىغا باقىدۇ،
دىدىم. ۋەكىللەر كەتكەندىن كېيىن، دەرھال ياساۋۇللار ئىشخانىسىنىڭ
مۇدىرى نىيې فۇلىغا يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتقا خەۋەر قىلىڭ،
ئالتۇن پۇلنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش ھەركىتىنى قوللىسۇن،
دىدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي، سودا-سانائەتچىلەر شەھەرلىك سودىگەرلەر
جەمىيىتى نامىدا، ئۈرۈمچى نەنمېندىكى بازارغا، بازار ئالتۇن پۇل
بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، سودا-سانائەتچىلەر تىجارەت قىلىشقا

ئامالسىز قالدى، شەھەرلىك سودىگەرلەر جەمىيىتى سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، بۇگۇندىن ئېتىۋارەن ئالتۇن پۇل ئىشلىتىشنى رەت قىلىدۇ، زومۇ ـ زور ئىشلەتكەنلەر سودىگەرلەر جەمىيىتىگە ئېلىپ كېلىنىپ جازالىنىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئامىمىنىڭ كەيپىياتى كۆتىرىلىپ، پۈتۈن شەھەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. نەچچە مىڭ ئادەم بانكىنى قاتمۇ ـ قات قورشىۋېلىپ، ئالتۇن پۇلنى كومۇش پۇلغا ياكى ئالتۇنغا تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى، بەزىلەر ئالتۇن پۇلنى يىرتىپ، بانكىنىڭ پوكەيلىرى ئىچىگە تاشلىدى، بەزىلىرى شۇ يەردىلا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئالتۇن پۇل ئامىمىنىڭ نەزىرىدە كېرەكسىز قەغەزدىنمۇ بەتتەر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بانكىنىڭ باشلىقى ئارقا ئىشىكتىن قېچىپ چىقىپ، شەھەرلىك سودىگەرلەر جەمىيىتىگە بېرىپ، قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئامانلىقنى قوغداش ئىشتاۋى، ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلار كاتىۋاشلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا شەھەرلىك سودىگەرلەر جەمىيىتىگە بېرىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈردى، بۇ پەقەت قۇرۇق ھەيۋىلا ئىدى. سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەر شۇ كۈنىلا ساختا ئالتۇن پۇلنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش ھەركىتىنى سودا مەخپى تېلېگراممىسى ئارقىلىق لەنجۇغا يەتكۈزدى. ئەتىسى، لەنجۇدىمۇ ساختا ئالتۇن پۇلنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش ھەركىتى باشلاندى.

## ياشلارنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ئارىسىدا، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىلا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ

بارغان نۇرغۇن كىچىك تىپتىكى يەر ئاستى تەشكىلاتلار بار ئىدى. يەر-
ئاستى تەشكىلاتلار مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالارنىڭ قۇتىرىتىشى بىلەن،
يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغان ئاز ساندىكى ياشلار-
نىڭ پانتۈركىزىم تۇغى ئاستىغا ئۆتۈپ كېتىشى سەۋەۋى بىلەن بىر
نۆۋەت پارچىلانغان ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا مۇھەممەت ئىمىن بىلەن
مېنىڭ ئارامىدا ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى تالىشىش كۈرىشى ناھايىتى
ئۆتكۈر بولدى. لېكىن مۇھەممەت ئىمىنلەر يېتىم قالغان ئىدى. ئىلغار
مىللى ياشلار تەشكىلاتلىرىنىڭ زور كۆپچىلىگى بىۋاستە ياكى ۋاس-
تىلىك ھالدا مېنىڭ بىلەن ئالاقە باغلىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، تەسىرى بىرقەدەر چوڭراق بولغىنى ئاب-
لىز مۇھەممەدى ۋە مەخسۇت تېيىپوۋ باشچىلىق قىلغان "شىنجاڭ
دېموكراتىيە ئىتتىپاقى"؛ ھۇشۇر مۇسا ۋە نۇسرەت باشچىلىق قىلغان
"دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى"؛ تۇجى، لو زى، ياڭ خېلىڭ،
يۈجەنلىن، جيا شىپىڭ (ياڭ تيەنيۈن) قاتارلىق خەنزۇ، خۇيزۇ زىيالى-
لىرى ئارىسىدا «كۈرەش» ژورنىلىنى مەخپى نەشر قىلىدىغان
«كۈرەش نەشرىياتى»ۋە «ئاۋانگارت» ژورنىلىنى نەشر قىلىدىغان
"ئاۋانگارت نەشرىياتى"؛ موڭغۇل، قازاق قاتارلىق كۆچمەن مىللەت-
لەر ئارىسىدا، مۇھەممەت ئادى باشچىلىق قىلغان، تەشۋىقات پائال-
يەتلىرىنى ئېلىپ بارغان تەشكىلات ۋە باشقىلار. بۇ تەشكىلاتلار
ئىچىدە، تۇجىلار ھەمىشە كەچتە مەخپى ئاڭلىغان ئازات رايونلارنىڭ
رادىيوسىدىن بېرىلگەن خەۋەرلەر خاتىرىسىنى گېزىتلەرگە قىستۇرۇپ
ماڭا بېرەتتى. "ئاۋانگارت نەشرىياتى" مېنىڭ خىراجەت ياردەم
قىلىشىمنى تەلەپ قىلغان ئىدى، مەن مەخپى يوللار بىلەن، ئۇلارغا
پائالىيەت راسخودى بەرگەن ئىدىم.

بۇ تەشكىلاتلار شىنجاڭنى ئازات قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان كۆپلىگەن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقاتتى. 1949-يىلى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، تەشۋىقات ۋارىقىدىن 30 نەچچە خىل، جەمئىي 12مىڭ 500 نۇسخا تارقىتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى خىل ژورنال جەمئىي 5 سان بولۇپ، 580 نۇسخا بېسىلغان؛ ئىلى تەرەپتىن كەلگەن ژورنال، كىتابلار جەمئىي 9 سان، 1 مىڭ 700 نۇسخا؛ يەر ئاستى تەشكىلاتلارنىڭ گېزىتلىرى 3 خىل، 20 سان بولۇپ، جەمئىي 4 مىڭ 500 نۇسخا بېسىلغان.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ مۇھىم تارماقلىرىغا يەنە بەزى يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرىنى مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇردۇم. مەسىلەن، ئۆزەمنىڭ ياساۋۇللار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى نىيې فۇلىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، "دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى"نىڭ رەھبىرى ھۇشۇر مۇسانى مۇئاۋىنى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردۇم، بۇ تەشكىلاتنىڭ يەنە بىر رەھبىرى نۇسرەتنى كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قىلدىم. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىدا يەنە 2 ئايال يەر ئاستى خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇيغۇر قىز زوھرە ئۇنىڭ بىرى ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە خىزمەتكە كەلگەن ئىدى (بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدە)، ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ يەنە يەر ئاستى "دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاتى"غا قاتناشتى، دائىم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ تۇراتتى، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى باتۇرلۇق ۋە چەبدەسلىك بىلەن گومىنداڭنىڭ مۇھىم

ئەرباپلىرىنىڭ پەلتولىرىنىڭ يانچۇقىغا ۋە ئالاقە سومكىلىرىغا سېلىپ قوياتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زور سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى ئاخباراتنى كۆپ قېتىم قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. يەنە بىرى تاتار ئاپال ئىدى، ئىسمى ئېسىمدىن كۆتىرىلىپ قېپتۇ.

مىللى ياشلار يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتى بولغان "شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى" مېنىڭ بىلەن ئەڭ زىچ ئالاقە قىلىپ تۇردى. بۇ تەشكىلات ئەسلىدىكى ئىككى تەشكىلات بىرلىشىپ 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان. بۇ ۋاقىت دەل مەن ئەمدىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بولغان ۋاقىت ئىدى. نۇسرەت ۋە مەخسۇت تېيىپوۋلار ئۇنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭدا ئازاتلىق تاڭ نۇرى كۆرۈنگەن ئىدى. مەن كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، نۇسرەتكە مەخسۇت تېيىپوۋ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىككى تەشكىلاتنى بىرلەشتۈرۈش تەكلىۋىنى بەردىم. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بىردەك پىكىرگە كېلىپ، شۇ چاغدا كىچىگرەك دائىرىدە تارقاق ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھۇشۇر ئېلى، بەختىباي، تۇرسۇن بۇرھان، ئابلىز موللا، خوجايوۋ، خەلىم، ۋەلىيوۋ قاتارلىق ئىلغار ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، "شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى"نى رەسمىي قۇردى ھەم نىزامنامە تۈزۈپ چىقتى. ئەمدى بۇ نىزامنامىنى قوشۇمچە قىلماقچىمەن:

## شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى

1. مەقسەت ۋە نىشان:

11 ماددىلىق تېچلىق بىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەكسىيەتچىلەر ۋە مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش، خەلق دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىش، ئاممىغا توغرا رەھبەرلىك قىلىش.

2. تەشكىلىي ئاپارات:

بىردىن رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىس، ئىككى كاتىپ، بىر تەشكىلىي ھەيئەت، بىر تەشۋىقات ھەيئىتى، بىر مۇخبىردىن تەركىپ تاپقان 7 كىشىلىك يادرو گۇرۇپپا قۇرۇش.

3. تەشكىلات نامى:

"شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى"

4. ئىتتىپاققا يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى:

يېڭى ئەزانىڭ قوبۇل قىلىنىشى يادرو گۇرۇپپىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت. يېڭى ئەزا 5 كىشىگە توشقاندا، ئالاھىدە گۇرۇپپا قۇرۇشقا بولىدۇ. ئىتتىپاققا يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشتا مىللەت، جىنس، كەسپ چەكلىمىسى قويۇلمايدۇ، لېكىن ئىنقىلاۋىي روھقا ئىگە، ئىرادىسى مۇستەھكەم ياشلاردىن بولۇشى شەرت، ئۇلار تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

5. يېڭى قوبۇل قىلىنىدىغان ئەزانى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى:

ھەر بىر ئىتتىپاق ئەزاسى مەخپىي نىشان تاپىدۇ ۋە تەشكىلگە تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ؛ تونۇشتۇرۇلغان نىشان يادرو گۇرۇپپىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت؛ يادرو گۇرۇپپا تەستىقلىغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئاندىن رەسمىي ئىتتىپاق ئەزاسى بولالايدۇ. رەسمىي ئىتتىپاق ئەزاسى بولغاندىن كېيىن، قەسەم بېرىدۇ. قەسەمنامە مۇنداق: مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن "شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى"غا قاتنىشىمەن، تەشكىلنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايمەن، بارلىق ئىنتىزامغا رىئايە

قىلىمەن، خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلەيمەن، ئەگەر خىلاپلىق ھەركەتلەردە بولسام، خەلقنىڭ دۈشمىنى بولغان بولىمەن.

6. كۆرەش قىلىش ئۇسۇلى:

ئاغزاكى تەشۋىق قىلىش ۋە تەشۋىقات ۋارىقى تۈزۈپ چىقىش، يېزىش، بېسىش، چاپلاش، تارقىتىش.

7. يىغىن تۈزۈمى:

يادرو گۇرۇپپا ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم يىغىن ئاچىدۇ، گۇرۇپپىلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىن ئاچىدۇ.

روشەنكى، بۇ نىزامنامە ئانچە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، لېكىن ئىلغار ياشلارنىڭ ھەركەت ئاساسى ۋە مىزانى بولدى. "شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى" ئۆزىنىڭ ھەرقايسى خىزمەت ئورۇنلىرىدىكى ئەزالىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ناھايىتى ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىدى. ماڭا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ جىنايىتىنى؛ پانتۈركىستلارنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىغى ھەم قورالىق قوشۇن قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى؛ قازاق ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ياشلار تەشكىلاتىنىڭ دۈشمەننى پارچىلاش خىزمەت ئەھۋالىنى؛ قاراشەھەر، ماناس، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ ئەھۋالىنى؛ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن مەخپىي باردى-كەلدى قىلىدىغان خادىملارنى كۈتۈۋېلىش ۋە شۇ خادىملارغا ياردەملىشىپ خىزمەت قىلىش ئەھۋالىنى... مەخپىي ھالدا يەتكۈزۈپ تۇردى.

"شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى" نۇرغۇن قىيىنچىلىقتا ئۇچرىدى، پۇقراچە كىيىنىۋالغان ئىشپىيونلار نۇرغۇن ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئىدى. "شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى" ئازات

رايونلارنىڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان تەشۋىقات ۋارىغى، ژورناللارنى بېسىپ تارقىتىشتا، خىراجەت جەھەتتىن قىيىنچىلىققا دۇچكەلگەندە، نۇرغۇن قېتىم مېنىڭ ياردىمىمگە ئېرىشتى. ئىتتىپاق ئەزالىرى دۈشمەننىڭ كۆز ئالدىدىن ئەپچىل - پاراسەتلىك بىلەن ئۆتۈپ، باسما مېيى، گاڭبەن - لازا قەغەزلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، تەشۋىقات ۋارىغى باستى. ئۇلار "باسماخانا"سىنى دائىم يۆتكەپ تۇراتتى، بەزى چاغدا كۆكتات گەملىرىدە كېچە - كېچىلەپ خىزمەت قىلاتتى.

"شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى"نىڭ ئەزالىرى بىر قېتىم ماڭا، بىز مۇۋاپىق پەيت تېپىپ، گومىنداڭنىڭ بىرنەچچە مۇھىم ئەمەلدارى ۋە بىرنەچچە مىللى خائىننى ئۆلتۈرۈپ، بىرنەچچە ئورۇننى پارتىلىتىۋېتىپ، ئەكسىيەتچىلەرگە تازا زەربە بېرىدىغان بىر يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغانلىغىنى ئېيتتى. مەن بۇنداق قىلغاندا مەقسەتكە يېتەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ دەپ، بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىدىم. كېيىن، ئۇلار بۇ يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈش پىلانىدىن ۋازكەچتى.

## ماكنانىڭ ئوسمان، جانىمخانلارنى توپىلاڭ كۆتىرىشكە قۇترىتىشى

جانىمخان قازاقلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى ئىدى. ئۇ گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان ئىدى. دەسلەپتە، ئىككىمىزنىڭ شەخسى ئاغىنىدارچىلىغى يامان ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۇ مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر

5 ـ جۇنىدىكى ماچىڭشياڭلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىپ، كومپارتىيىگە قارشى ئىدىيىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1949 ـ يىل 2 ـ ئايدا، مەن لەنجۇدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەللا، ئۈرۈمچىدىكى مال بازىرىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتكەنلىگىمگە بۇ نازىر نارازى بولۇپ، ماڭا بىر پارچە يولسىز خەت يازدى.

5 ـ ئايدىن كېيىن، جانىمخان ئۈرۈمچىدىن پۈتۈن ئائىلىسىنى ئۇلانبايغا كۆچۈرۈپ كېتىپ، مالىيە نازارىتىگە خىزمەتكە كەلمەي قويدى. نازىرغا تەستىقلەتمىدىغان ئالاقىلەرنى مۇئاۋىن مۇدىر كاتىپ نىغمەت 2 ـ 3 كۈندە بىر ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، يولىيورۇق سوراپ تۇردى. 8 ـ ئايدا، مەن مۇئاۋىن نازىر بەي ۋېنيۈنى رەئىس ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: "جانىمخان نازىر ئۇلانبايغا كۆچۈپ بېرىۋالغىلى بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالدى، نازارەتكە خىزمەتكە كەلمىدى، خىزمەتكە تەسىر يېتىۋاتىدۇ. سىز ئۇلانبايغا بېرىپ، ماڭا ۋە باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈنگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا سالام ئېيتىڭ، ھەقىقەتكە قايتىشقا دائىر ئىشلار ئۇستىدە مەسلىھەتلىشىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۆيىنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويۇڭ" دېدىم. چۈنكى بۇ چاغدا بىز شىنجاڭنى تېنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە تۇتۇش قىلغان ئىدۇق، شۇڭا ھەممە تەرەپنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە خەيرىخاھلىغىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

بەي ۋېنيۈ مېنىڭ يولىيورۇغۇم بويىچە ئەتىسىلا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئۇلانبايغا بېرىپ، جانىمخان بىلەن كۆرۈشۈپ مەقسەتنى چۈشەندۈرۈپتۇ. جانىمخان ئاڭلاپ چىچاڭلاپ، بەي ۋېنيۈگە: "مەن

بۇرھانىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيمەن، سىلەر كومپارتىيىنىڭ قويىنىغا ئۆزەڭلەرنى ئاتماقچى، مەن ئۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. مەن مۇسۇلمان، كوممۇنىزىمغا ئىشەنمەيمەن، سىلەرنىڭ ھەركىتىڭلارغىمۇ قاتناشمايمەن. بۇ يەردە ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. ئۈرۈمچىگە قايتمايمەن. ئۇلار بىلەنمۇ كۆرۈشمەيمەن. ئەمدى سىلەرنىڭ دامىڭلارغا چۈشمەيمەن. سەن مېنىڭ گېپىمنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قوي، ھەرگىز ئۈرۈمچىگە قايتمايمەن" دەپتۇ. بەي ۋېنيۇ مېنىڭ مەقسىدىمنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ مەسلىھەت بەرسىمۇ، ئۇ ناھايىتى جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. بەي ۋېنيۇ نائىلاج ئۈرۈمچىگە يېنىپ كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. كېيىن مەن يەنە جانىمخاننىڭ ئوغلى دەلىلخاننى① ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتىم، يەنىلا نەتىجە چىقمىدى. بۇ چاغدا ئۇ نەنسەنگە كۆچۈپ كەتكەن ئىدى.

مەن بىرلىكتە ھەقىقەتكە قايتىش ئۈچۈن ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىزچىل تىرىشقان بولساممۇ، لېكىن ئۇ جاھىللىقىدىن يانمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەنسەندىكى بىر قىسىم چارۋىچىلارغا نەنسەندىكى ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى 3 مىڭچە قوينىڭ ھەممىسىنى ھەيدەتكۈزۈپ كەتتى. مەن بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، قوغلاشقا ئادەم ئەۋەتسەم، يېتىشەلمەي قايتىپ كەلدى. ئۇ ئوسمان باندىتىنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى. كېيىن خەۋەر تېپىشىمچە: 8-ئايلاردا، جانىمخان خادىۋاڭنىڭ ئوغلى زاكىخان ۋە ئورازباي موللا، چايماردان، تېكمان

① بۇ دەلىلخاننىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەلەن ۋاڭنىڭ ئوغلى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدىكى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى بولغان دەلىلخان بىلەن ئىسمى ئوخشاش.

باتۇر قاتارلىق 15 ئادەمنى ئەۋەتىپ، شېبەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى چۇگىنىدا يايلىغىدىكى ئوسماننىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن يىغىن ئېچىپ، ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا قازاقلارنى توپىلاڭ كۆتىرىشكە قۇتراتىپ، تېچ يول بىلەن ئازات بولۇشقا قارشى تۇرۇشنى پىلانلىغان. جانىمخان، ئورازباي موللا، چايماردانلار سانجى، قۇتۇبىلاردا توپىلاڭغا قوماندانلىق قىلىشقا؛ قالىبەك، سالىس ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن رايونىدا توپىلاڭغا قوماندانلىق قىلىشقا؛ ئوسمان قاتارلىق كىشىلەر جىمسار، گۇچۇڭ، مورى رايونىدا توپىلاڭغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولۇشۇپتۇ.

ئوسمان، جانىمخانلارنىڭ كومپارتىيىگە قارشى توپىلاڭغا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ج. خ. پاكىستون ۋە مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئارقىدا تۇرۇپ يول كۆرسەتكەن. 1948-يىلىلا، ماكنان ئوسمانلار بىلەن ”دىننى قوغداش-كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى“ دېگەن نىمنى قۇرغان ئىدى. خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ قەدەممۇ-قەدەم غەلىبە قىلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەركىتى تېخىمۇ غالجىرلاشتى.

1949-يىل 9-ئايدا، ماكنان ئىز-دېرەكسىز ”غايىپ بولدى“. مەن ناۋادا كۆرۈپ قالساڭلار، دەرھال تۇتۇپ قېلىڭلار، دەپ تەرەپ-تەرەپكە تېلېگرامما ئەۋەتتىم. نەتىجىدە، جىمسار ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى جاقاي: تاغ ئىچىدە ماكناننىڭ ماشىنىسىنى ئۇچراتتۇق، دەپ دوكلات قىلدى. بايا ماكنان ئوسمان بىلەن ئاللىقاچان مەخپى كېلىشىۋېلىپ، ماشىنىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئاتلىق تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىكەن. ماكنان 9-ئاينىڭ 20-كۈنى شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئوسمان بىلەن خوشلىشىپ: ”سەن

بارلىق قازاقلىرىڭنى ئېلىپ، تىببەت ئارقىلىق پاكىستاننىڭ تەيجىنۇر دىگەن يېرىگە بارساڭ، ئۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيسەن" دەپتۇ.

جياڭ جېيشىنىڭ ئامېرىكا قوراللاندۇرغان 8 مىلىيون ئەسكىرى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە تەڭ كېلەلمىگەن يەردە، ئوسمان، جانىمخاندەك باندىتلار ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قانداقمۇ توسيالىسۇن؟ ئازاتلىقتىن كېيىن، جايلاردا داۋاملىق زىيانكەشلىك قىلغان ئوسمان قاتارلىق كىشىلەرنى ئازاتلىق ئارمىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تارمار قىلدى ۋە يوقاتتى.

## ما چيڭشياڭ، يې چېڭلارنىڭ توپىلاڭ كۆتىرىش سۇيىقەستىنىڭ بەربات بولۇشى

ما چيڭشياڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 5-جۇننىڭ جۇنجاڭى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىسمى فېئوداللىق ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغاننىڭ ئۈستىگە، تەرسا ھەم مەلۇم جەڭگىۋارلىققا ئىگە ئىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر 5-جۇنى ئەسلىدە خېشىدىكى مىلىتارىست ما بۇچىڭغا قاراشلىق ئىدى. ما بۇچىڭنىڭ بىر قوساق ئىنىسى ما بۇفاڭ جياڭ جېيشىغا بېقىنىپ، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن، ما بۇچىڭنى سەيدامدا بوز يەر ئاچقۇچى دۇبەن قىلىپ يۆتكىدى. ما بۇچىڭ قارشىلىق كۆرسىتەلمەي، ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ما بۇفاڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 5-جۇننى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، جىيەنى، ئەسلىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5-شىسىنىڭ شىجاڭى ما چيڭشياڭنى جۇنجاڭ قىلىپ ئۆستۈردى.

ما بۇفاڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ جۇننى يۇتتۇۋالدىم، چىڭخەي ـ گەنسۇ
ئۆلكىلىرىنى چاڭگىلىمغا كىرگۈزۇۋالدىم، ئەمدى شىنجاڭنى قولغا
كەلتۈرسەم، شۇنىڭ بىلەن ”غەربىي شىمال پادىشاسى“ بولۇپ
قالامدىمەن دىگەن ئويدا بولدى. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى قىيىن ئەھۋالغا
چۈشۈرۈپ قويغاندا، جياڭ جيېشى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ جۇننى شىن-
جاڭغا يۆتكىدى، بۇ تەبىئى ھالدا ما بۇفاڭ تىلەپمۇ قولغا كەلتۈرەل-
مەيدىغان ئىش ئىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ جۇنى شىنجاڭغا
كىرگەندىن كېيىن، ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن شى قىلىنىپ، ئۇرۇمچىنىڭ
لومەنچىڭ دىگەن يېرىدە تۇرغۇزۇلدى، ئادەت بويىچە يەنىلا ”ئات-
لىق 5 ـ جۇنى“ دىيىلىۋەردى. جاڭ جىجۇڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن
بېيجىڭغا بېرىپ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى تەرىپىدىن
ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ تۇتقۇن قىلىنىدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن
قېپقالغان غەربىي شىمال ھەربى ـ مەمۇرى جاڭگۇەن مەھكىمىسىنىڭ
جاڭگۇەنلىكىگە ما بۇفاڭ ئولتۇردى. ما بۇفاڭ غەربىي شىمالنىڭ جاڭ-
گۇەنى بولۇۋالغاندىن كېيىن، لەنجۇنى قۇتقۇزۇپ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ
كونا ئۇۋىسى ــ چىڭخەينى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا تۇرۇش-
لۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ جۇنىغا شەرققە يۆتكىلىش بۇيرۇغى
چۈشۈردى. لېكىن، بۇ بۇيرۇق تاۋسىيۈ تەرىپىدىن ئۇستىلىق بىلەن
ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇلۇپ، ما چېڭشياڭنىڭ
ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ جۇنى مىدىر ـ سىدىر قىلدۇرماي شىنجاڭدا
تۇتۇپ تۇرۇلدى.

1949 ـ يىل 8 ـ ئايدا چىڭخەي ئازات بولدى، ما بۇفاڭ ئايرۇپىلان
بىلەن تىكىۋەتتى. ما چېڭشياڭ ۋە مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ

چېكىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى ساقلاپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە تايىنـ
نىپ قارشىلىق كۆرسىتىمىز دەپ پىلانلىغان سۈيىقەستى ئۆز ئۆزىدىن
تارمار بولدى. ما چېڭشياڭ باشلىغىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن نىمە قىلىـ
شىنى بىلەلمەي قالدى. تاۋسيۈ ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىـ
سىدا ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانچە تاماق تەييارلاپ
ئۇنى كۆندۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى، لېكىن قىلچە نەتىجە كۆرۈلمىـ
دى. كونا ئۇۋۇسى چېكىخەي قولىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ
شىنجاڭدا ئۇزۇن تۇرغىسى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ ھەربى ھاياتىنىڭ
ئاخىرىغا كەلگەندە ھەممىنى دو چىقىش كويىدا بولدى. ئاخىر ئۇ
78 ـ شىنىڭ شىجاڭى يې چېڭ، 179 ـ لۈنىڭ لۈجاڭى لو شۇرېنلار
بىلەن بىرلىشىپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى ئىتتىپاق
ئۇيۇشتۇردى. يې چېڭ جياڭ جيېشى بىلەن يۇرتداش، ھەم جياڭ
جيېشىنىڭ شاگىرتى بولۇپ، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ ياساۋۇللار بۆلۈمىدە
ئىشلىگەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى پۈتۈن ھەربىي كۈچنى ئىگەللەپ
تۇرغان ئىدى. ئۇ جياڭ جيېشىغا سادىق بولسىمۇ، لېكىن ئانچە ئىقـ
تىدارى يوق ئىدى، ئالتۇن شىلۋېلىشنىلا بىلەتتى. لو شۇرېن ھەربى
سېپتىمىدىكى ئىشپىيون ئىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
قوشۇنىدىكى بۇ ئۈچ كىشىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى
ئاشكارا بايانات ئېلان قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.
ما چېڭشياڭ جاھىللار گۇرۇھىدىن بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا نۇرھەممەت
ئىمىن، ئەيسالار بىلەن بىرلىشىپ، ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدىكى
تۇدۇنخابا دىگەن يەردە يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ تەربىيىلەپ،
جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئازاتلىققا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەييارلىق
كۆرگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە يەنە يې چېڭ قاتارلىق ئادەملەر بىلەن

بىرلىشىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر مۇھىم ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچكە ئايلاندى، ئەمدى ئۇلارغا ئەستايىدىل تاقابىل تۇرماي بولمايتتى.

مەلۇم بىر كۈنى، ئۇسۇلچى قەمبەرخان بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، بەزىلەر يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەركەتلىرىنى پىلانلاۋېتىپتۇ، ئۇلار سىزنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرىدىغان ئاساسلىق نىشانلىرىدىن بىرى قىلىشىپتۇ، دېدى. مەن دەرھال 300 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر ھەم 20 دانە پىلىموت ئاجرىتىپ، مۇھاپىزەتنى كۈچەيتتىم. بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاز سانلىق مىللەت جەڭچىلىرىدىن تەشكىل قىلىندى، ھامۇتخان (ئازاتلىقتىن كېيىن قۇمۇلغا ۋالىي بولدى) ئۇلارغا باشلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ما چېڭشياڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەركەتلىرىگە بولغان رازۋېتنى كۈچەيتتۇق.

مەن شىنجاڭنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەينى ۋاقىتتا يەنە پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئامانلىق ساقلاش سىلىڭلىغىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتىم. ئەسلىدىكى مۇئاۋىن سىلىڭ داڭ بىگاڭ ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن، مەن ليۇ مىڭچۈن، تاۋ سىيۆلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جاڭ فېڭيىنى مۇئاۋىن سىلىڭلىققا تەيىنلىدىم. جاڭ فېڭيى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە 5 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ چىقالايدىغان 5 تۇەنجاڭ بىلەن مەخپىي ئىتتىپاقلىشىۋالدى. ئەگەر گومىنداڭنىڭ جاڭجۈنلىرى ئاسىيلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتىشقا كۈچى يېتەتتى. كېيىنكى پاكىتلارمۇ ئۇنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش ئىشىدا بىرمۇنچە تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.
شۇ چاغدا، يې چېڭ، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېنلارنىڭ ھەركىتى تولىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، مەن جاڭ فېڭيىغا ئۇلارنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ،

ئەھۋالنى ماڭا ئۆز ۋاقتىدا يوللاپ تۇرىدىغان ئىشەنچلىك رەك بىر ئادەم تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكە كىرگۈزۈۋېتىشنى تاپىلىدىم. شۇڭا، مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئىنتايىن ئېنىق خەۋەردار بولۇپ تۇردۇم. بۇ ئەھۋاللارنى مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن ئەۋەتىلگەن يولداش دېڭ لىچۈنگە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇردۇم (دېڭ لىچۈننىڭ شىنجاڭغا كېلىش ئەھۋالى توغرىسىدا تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمەن).

يې چېڭ، ماچېڭشياڭ، لو شۇرېنلارنىڭ لومەنچېڭدا ئىنتايىن زەھەرلىك، بۇزغۇنچىلىق خاراكتىرى ناھايىتى زور بولغان توپىلاڭ كۆتىرىش پىلانى تۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى مۇھىم ئاخبارات ئاخىر قولغا چۈشتى. 9-ئاينىڭ 21-كۈنى كەچتە، يې چېڭ، ماچېڭشياڭ، لو شۇرېنلارنىڭ قىسىملىرى بىرلا ۋاقىتتا ھەركەت قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنى ئاكتىپ قوللاۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىكى ۋە ھەر ساھە ئىچىدىكى ئاساسلىق ئەرباپلارنى ئاۋال قولغا ئېلىش؛ مەن باشلىق 40 كىشىنى ئۆلتۈرۈش ھەم تاۋ سىيۆنى تۇتۇپ كېتىش، ئاندىن ئەسكەر چىقىرىپ پۈتۈن شەھەرنى بۇلاپ، قىسىملارنى باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ قىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىش پىلان قىلىنىپتۇ.

مەن بىلەن لىيۇ مېڭچۈن، تاۋ سىيۆ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كەلگەن قارار بويىچە، لىيۇ مېڭچۈن 9-ئاينىڭ 19-كۈنى ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېنلارنى زىياپەتكە چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش مۇئاۋىن سىلىڭى جاڭ فېڭيى، ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ سىلىڭى چېن دېفا، ئۈرۈمچى

شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇ ۋۇ، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بەي ۋېنيۇ قاتارلىق كىشىلەر بىللە بولدى. زىياپەتتە نازۇ-نېمەتلەر مول بولدى، زىياپەتتىن كېيىن ماجياڭ ئوينىلىپ، بىر ئولتۇرغان پېتى تاڭ ئاتقىچە تارقاشمىدى. شۇنداق قىلىپ ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلارنىڭ قىسمىلىرى قوماندانلىقتىن مەھرۇم قىلىنىپ، سۇيىقەست ئىشقا ئاشمىدى.

ئەمەلىيەتتە، ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلارنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانى ئەمەلگە ئاشماسلىقىدا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغاندىن باشقا، بۇ 3 ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىردا پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەسلىكىمۇ مۇھىم بىر سەۋەپ ئىدى. يې چېڭ خوتۇنىدىن تازا قورققاتتى، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇلارنىڭ مەخپى سۇيىقەستىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ، يې چېڭنىڭ قاتنىشىشىغا قەتئى ئۇنىمىغان. تەكلىپ قىلغانغا قەدەر يې چېڭ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئارىسالدا بولۇپ تۇرغاندا، ليۇ مېڭچۈن زىياپەتكە چاقىرىپ كەتكەن. ما چېڭشياڭ، لو شۇرېنلارمۇ يې چېڭنىڭ ئىككى خىيالدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ئامالسىز قالغان. ئاخىرى ھەربى ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ، شىنجاڭدىن ئايرىلىپ، چەتئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولغان.

ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلار چەتئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولدى، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالارمۇ شىنجاڭدىن كەتمەكچى بولۇشتى. بۇ ئۇلارنىڭ "تېچلىق بىلەن چېكىنىشى" ئىدى. تېچلىق بىلەن ئازات بولۇشنى مۇمكىن قەدەر تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىگە قوشۇلدى. 9-ئاينىڭ 2-كۈنى يې چېڭ قاتارلىق كىشىلەر ساتىدىغان بىر تۈركۈم

ماللىرىمىز بار ئىدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئوڭايلىق شارائىت يارىتىپ بەرسىكەن، دەپ مېنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئىشخانامغا ۋەكىل ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار چەتكە چىقىش پاسپورتلىرىنىمۇ بېجىرىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەنمۇ تولا تۇسمايلا، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بەي ۋېنيۈ باشلىق بىر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ كونكرېت بېجىرسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولدۇم. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك گەزلىمە، چاي ۋە ئاپتوموبىل، ھەتتا قورال-جابدۇقلىرىغىچە ھەممىسى باھالىنىپ، جەمئىي 800 سەردىن ئارتۇق ئالتۇنغا سودىلاشقان ئىكەن، مەن، بانكىدىن ئېلىنسۇن، دىگەن ئىسپات قەغىزىگە ئىمزا قويۇپ بەردىم. ئەيسا باسما ماشىنىسىنى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بەرسەم دىۋىدى، مەن، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ نەرسىسى، ئۇنى سېتىشقا بولمايدۇ، دىدىم. مۇھەممەت ئىمىننىڭ چىقىپ كېتىشىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىۋىدىم، ئۇ: "مەن زادى كەتمىسەم بولمايدۇ، چۈنكى ئۆتمۈشتە مەن شىنجاڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ قويدۇم" دىدى. بۇ مۇھەممەت ئىمىن كېيىن چەتئەلدە يۈرگىنىدە "شەرقىي تۈركىستان يۇرتداشلار جەمىيىتى" دىگەن نىمىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېڭى جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

9-ئاينىڭ 21-كۈنى، ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، جەنۇپقا يۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، "تېچلىق بىلەن چېكىنگەن"لەر ئىچىدە يەنە ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشەن، گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ باش شۇجىسى ياڭ ۋېي، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ خەندۇڭ، موڭغۇل-شىزاڭ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن

باشلىغى جۇ كۇنتيەن، تەشۋىقات كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خۇ ئېنجۇن،
سابىق ئاقسۇ ھاكىمى لىن شىڭجى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىغى
ما شۇجى، خۇيزۇ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئەت مۇدىرى
قوشۇمچە قورچاق قانۇن پالاتاسى ھەيئەت ئەزاسى ما گويى، خۇيزۇ
مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ دائىمى لىشىسى ياڭ چۇنچىڭ قاتار-
لىق كىشىلەر بار ئىدى. بۇ كىشىلەر بىر مۇھاپىزەتچى پەيىنىڭ قوغدىشى
بىلەن قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلار ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ
كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمى تەيۋەنگە كەتتى.
"تېچلىق بىلەن چىكىنگەن"لەر قاراشەھەردىن ئۆتكەندە، شۇ يەردە
تۇرۇشلۇق قىسىم 128 ـ لۇنىڭ لۇجاڭى جۇڭ زۇيىنمۇ ئۇلارغا قوشۇ-
لۇپ، خىزمىتىنى تاشلاپ چەتئەلگە چىقىپ كەتتى. ئاقسۇدا تۇرۇش-
لۇق قىسىملاردىن لى زۇتاڭ قىسمىدىكىلەر يېڭى چېگىنىڭ جەنۇپقا ماڭغان
خەۋىرىنى ئاڭلاپلا، دۇنياپەرەس يېڭى چېگىنىڭ كۆپلىگەن ئالتۇن
ئېلىپ ماڭغانلىغىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلار چۈشىدىغان مېھمانخانىنى
تىڭ ـ تىڭلاپ بىلىۋېلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان. يېڭى چېڭ ئولتۇرغان
ماشىنا دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ماشىنىدىن چىقىشىغا،
سول بىلىگىگە بىر پاي ئوق تەككەن. بۇ قورقۇنچاق ئەبلەخ ھوشىدىن
كېتىشكە تاس قالغان. مۇھاپىزەتچىلەر پانا جاي تېپىپ، ھوجۇمغا
ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، ما چېڭشياڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قول
ئىشارىتى قىلىپ توساپتۇ ھەم ئۆگزىگە چىقىۋالغان جەڭچىلەرگە:
"قېرىنداشلار، گېپىڭلار بولسا، ۋەكىل ئەۋەتىپ، مەن بىلەن سۆز-
لىشىڭلار، ئېلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق" دەپتۇ. ئادەم ئۆلتۈرمەكچى
بولغان ئەسكەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى ما چېڭشياڭغا: "سەنلەر شىنجاڭنى
كومپارتىيىگە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزەڭلەر قۇيرۇغىڭلارنى تىكىۋېتىپ،

بىزنى تاشلاپ قويساڭلار قاملىشامدۇ؟“ دەپتۇ، ما چېڭشياڭ ئۇلارنىڭ قاقتى-سوقتى قىلماقچى بولغانلىغىنى پەملەپ يالغان-ياۋداق گەپلەرنى توقۇپ: ”بىز قاچماقچى ئەمەس، چەتئەلگە چىقماقچىمىز، ئايلىنىپ ئىچكىرىگە بېرىپ، ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، باشقىدىن باش كۆتىرىپ چىقماقچىمىز، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىغى بولسا، مەن بىر ئامال قىلاي“ دەپتۇ، شۇنداق قىلىپ توقۇنۇش توختاپتۇ. ما چېڭشياڭ بۇ ئەسكەرلەرگە بىر ئايلىق مائاش تارقىتىپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئۇچۇن ”يول پۇلى“ تاپشۇرۇپتۇ.

ئەكسيەتچى كۈچلەر ”تېچلىق بىلەن چېكىنگەن“دىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى توغرىسىدىكى ئومۇمى تېلېگراممىا ئېلان قىلىندى.

# شنجاڭنڭ تېچلق بلەن ئازات بولۇشى

## يولداش دېڭ لىچۈننڭ يېتىپ كېلىشى، ھەقىقەتكە قايتىش ئومۇمى تېلېگراممىسىنىڭ بېرىلىشى

شنجاڭنڭ تېچلق بلەن ھەقىقەتكە قايتىشى توغرىسىدىكى ئومۇمى تېلېگراما 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بېرىلدى، لېكىن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ كەتكەن ئىدى.

7 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرجىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ما يۈنۆين خىزمەتكە كېلىپلا، مېنىڭ ئىشخانامغا كىرىپ: ”رەئىس، ھازىر سىرتتا گومىنداڭ ئارمىيىسى چېكىنەر ئىمىش، چېكىنىش ئالدىدا ئادەم ئۆلتۈرىدىكەن، ئاندىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىكەن، ئاخىرىدا ئوت قويىدىكەن دېگەن نۇرغۇن پىتنە ـ پاساتلار تارقىلىپ يۈرىدۇ، بۇنىڭغا سىز قانداق قارايسىز؟“ دېدى. ئۇنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. مەن بىر ۋاراق ئاق قەغەز ئېلىپ، بىر دۆگىلەك سىزىپ: شەرق تەرەپتىن، ئازاتلىق ئارمىيە غەرپكە قاراپ كۈندىن ـ كۈنگە شنجاڭغا يېقىنلاپ

كېلىۋاتىدۇ؛ غەرپ تەرەپتە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئارمىيىسى بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھەقىقەتەن قىرغىنچىلىق قىلىش، ئوت قويۇش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش كويىدا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، چوتنى خاتا سوققان بولىدۇ، دېدىم. ما يۈنۋېن مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ چىقىپ كەتتى.

ما يۈنۋېن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن جاڭگۇەن مەھكىمىسى بولغان غەربىي بىناغا باردىم. ئۇ يەردە گومىنداڭنىڭ جياڭجۈنلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى، بۇ يىغىننى مەن لىۋ مېڭچۈن ئارقىلىق چاقىرغان ئىدىم.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ سانى ئاتاقتا 100 مىڭ ھېساپلىناتتى، لېكىن سانى ئۇنىڭغا يەتمەيتتى، تۇرۇۋاتقان ئورنى تارقاق، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش قىيىن بولۇپ، يىغىپ جەڭگە سېلىش تەس ئىدى. جاھىل ئۇرۇشپەرەسلەر بولسىمۇ، تەڭداشسىز ئازاتلىق ئارمىيە ۋە ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرىنىڭ ئىسكەن-جىگە ئېلىپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، ئاياق بېسىپ تۇرۇشىمۇ تەس ئىدى. يۇقۇرى قاتلامدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرى خادىملارنىڭ كۆپچىلىكى جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گۇرۇھىدىكىلەر ئەمەس ئىدى. تاۋ سىيۆ، جاۋ شىگۇاڭ قاتارلىق كىشىلەر گەرچە زۇڭ سىلىڭ ۋە مۇئاۋىن زۇڭ سىلىڭ بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە لۇ، تۇەن دەرىجىلىك ئەپىتسەرلەرنى باشقۇرالمايتتى. شۇڭا، شىنجاڭنى تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتۇ-رۇشتا، ھەربىيلەرنىڭ قوللىشىغا ئېگە بولۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. لېكىن ما چېڭشياڭ، لو شۇرېن، يې چېڭ قاتارلىق كىشىلەرگە تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلار جاھىل ئۇرۇش-

پەرەسلەردىن بولۇپ، تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشتىكى ئەڭ زور توسالغۇ ئىدى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ھەربىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى يەنىلا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، شۇڭا شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئىلغار زاتلارنىڭ دىققىتى ھەربىلەرنىڭ ئەھۋالىغا تىكىلگەن ئىدى.

ھەربىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەن ھەر-بىلەرگە تەشۋىق قىلدىم، بىر يىغىندا مۇنداق دېدىم: شىنجاڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى، ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلالمىدى ھەم ئۇنى پارچىلىۋېتەلمىدى؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى توختىتىپ قويۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن يەرلىك مەھسۇلاتلار زايا بولۇپ كەتتى، تەخمىنەن مىڭ تۈگىلىك كۆمۈش زىيان بولدى①؛ بەزىلەر مېنى سوۋېتپەرەس دەپتۇ، مەن بۇگۈن كۆپچىلىككە شۇنى ئوچۇق ئېيتىپ قويايكى، مەن ھەقىقەتەن سوۋېتپەرەس ئادەم، لېكىن مېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولۇشۇم شەخسەن ئۆزەم ئۈچۈن ئەمەس. مەن شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىغا ماڭماقچى، ھەربىلەر بۇنى قوللىشى، بەخۇاشلىق قىلماسلىقى، ۋەزىيەتنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشى، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماسلىقى لازىم، دەپ بىشارەت بەردىم.

---

① شىنجاڭدا ئادەتتە بىر تۈگىگە ئارتىلغان يۈك 8 پۇت، تەخمىنەن 130 كىلوگىرام مۆلچەرلىنىدۇ. مىڭ تۈگىگە ئارتىلغان كۆمۈشنىڭ ئېغىرلىقى تەخمى-نەن 130 تونىنا كېلىدۇ.

مېنىڭ گومىنداڭنىڭ جياڭجۈنلىرىگە سۆزلىگەن سۆزۈمنىڭ مەزمۇنىنى گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى مەخپىي دوكلات قىلىپ گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللاپ بەرگەن ئىكەن، لېكىن، ئۇ ئوتتۇرا يولدا جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىدىن بۇ ماتېرىيال شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، كېيىن ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ ماتېرىيالدا ماڭا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى نۇقتا بار: 1. مېنى گومىنداڭنىڭ جياڭجۈنلىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، كومپارتىيە مەيدانىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلدى، دېيىلگەن؛ 2. مېنى نەنسەندە سوۋېت كونسۇلىنى چاقىرىپ مەخپىي يىغىن ئاچتى، دەپ پىتنە ئويدۇرۇپ چىقىلغان. كېيىن، مەن بۇ ماتېرىيالنى يولداش ۋاڭ جېنغا تاپشۇرۇپ بەردىم.

غەربىي بىنادا گومىنداڭنىڭ جياڭجۈنلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، بىز ليۇ مېڭچۈن، چۈ ۋۇ، ليۇ زېرۇڭلار بىلەن تېنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ كونكرېت ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتۇق ھەم ئۇنى بېكىتتۇق. ئاساسىي مەسىلە ھەربىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. مەن ئۇلارنى تاۋ سىيۆنىڭ يېنىغا ئەۋەتتىم، تاۋ سىيۆدىمۇ ئوخشاشلا تېنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش غەرىزىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، شەخسەن ئۆزەم بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. تاۋ سىيۆ: مەن جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ئانچە ئەنسىرىمەيمەن، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئەندىشە قىلىمەن، دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەنسىرەيتتى. مەن ئۇنىڭغا: "سىز تېنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى قوللايدىغانلا

بولسىڭىز، مەن سىزگە ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتنىڭ بولماسلىقىغا 80 ياشلىق ئانامنى كېپىل قىلىمەن. مېنىڭ گېپىم تولۇق ئىشەنچلىك" دېدىم. ئۇ مېنىڭ سەممىي نىيىتىمنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىشقا بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ھەربىي ۋە مەمۇرلار بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش قىلدۇق.

بۇنىڭدىن كېيىنرەك، بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان جاڭ جىجۇڭ جياڭجۈن تاۋ سىيۆگە يوللىغان تېلېگراممىنى ئالاقىتەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئارقىلىق ئەۋەتىپتۇ. تېلېگراممىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: نۆۋەتتە ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ئاساسەن بۇرھان شەھىدى ۋە چۇ ۋۇلار بىلەن بىللە مەسلىھەتلىشىڭلار. مەن ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ماۋجۇشىنىڭ تاپشۇرۇغىنى كۈتىمەن، زۆرۈر تېپىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارماقچىمەن (سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا بارىمەن دېمەكچى). جاڭ جىجۇڭنىڭ تېلېگراممىسىدىن شىنجاڭدىكى بىز ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدىكى تەييارلىق ئىشلىرىمىز ماۋجۇشىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىرادىمىز ۋە ئىشەنچىمىز زور دەرىجىدە كۈچەيدى.

8 ـ ئايغا كەلگەندە، ماناس، قۇتۇبى، سانجى ناھىيىلىرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، ماناستا تۇرۇشلۇق قىسىملار چېكىنگەندە تىرانسپورت قورالى قىلىش ئۈچۈن، خەلقتىن 100 دىن ئارتۇق ھارۋا تۇپلاپتۇ، دېگەن گەپلەر ئۇشتۇمتۇت، ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن تارقالدى. شۇ يەردىكى خەلق دەككە ـ دۈككىگە

چۇشۇپ قالدی ھەم ئۇنىڭ تەسری تېزلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدی. بىز بۇنی تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا پايدىسىز، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە ھەقىقەتەن مۇشۇنداق غەرەزنىڭ زادی بار-يوقلۇغىنى ياكى بۇنىڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشى ئىكەنلىگىنى ئېنىقلاپ كۆرۈش كېرەك، دەپ ھىساپلىدۇق. مەن باش كاتىپ ليۇ مېڭچۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ماناسقا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تېچ ۋەزىيەتنى داۋاملىق ساقلاپ تۇرۇشنى ئۈمىت قىلىش قارارىغا كەلدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن فاڭبەي، كانتۇات باشقارمىسى كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نۇسرەت، ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ بۆلۈم باشلىغى ۋاڭ كېجاڭ بولۇپ ئۈچ ۋەكىلنى ئەۋەتىش ھەم ئۇنىڭغا چېن فاڭبەينى مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدی. ئۇلار مېنىڭ ماناسنىڭ ھاكىمی ھۇشۇرھاجی (قازاق)غا يازغان خېتىمنی ۋە باش كاتىپ ليۇ مېڭچۇننىڭ يې چېڭغا يازغان خېتىنی ئېلىپ ماڭدی، مەن خېتىمدە، ھۇشۇر ھاجىغا تېزدىن تاغ ئىچىگە بېرىپ چارۋىچىلارغا: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىلىپتۇ، ئۇرۇش بولمايدۇ، ھەرگىز ئالاقزادە بولۇپ سىرتقا قاچماڭلار، دەپ جاكالاڭلار، دېدىم. باش كاتىپ ليۇ مېڭچۇن خېتىدە، يې چېڭغا ماناستا تۇرۇشلۇق ئارمىيە 227-لۇنىڭ لۇجاڭی جۇ مىڭگاڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۈچ ۋىلايەت

تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىشى ئۈچۈن بارلىق تەييارلىقنى ياخشى قىلىپ قويۇش ئۇقتۇرۇلغان. ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئۈرۈمچىدىن بىر قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى، «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى گۈڭ جۈمىنمۇ بىللە كەتتى.

ئۇلار ئالدى بىلەن قۇتۇبىدا تۇرۇشلۇق 78-شىنىڭ ئىشتاۋىغا بېرىپتۇ. چېن فاڭبەي شىجاڭ يې چېڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، لىۇ مېڭچۈنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ ھەم ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىشتىن مەقسەت بىز تەرەپنىڭ دەريانىڭ غەربىگە ھۇجۇم قىلىش غەرىزىنىڭ زادى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئىكەنلىكىنى دەپتۇ. يې چېڭ بىز ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالايمىز، دەپتۇ. چېن فاڭبەي يې چېڭ بىلەن كونا قەدىناسلاردىن بولغاچقا، يې چېڭ چېن فاڭبەي بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بوپتۇ.

ۋەكىللەر ماناسقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چېن فاڭبەي جۇ مىڭگاڭغا ئۈچ ۋىلايەتكە يېزىلغان ئالاقىنى ئادەم ئەۋەتىپ ماناس دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. خەتتە ئۇچرىشىش ۋاقتى بەلگىلەنگەن ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ ئىسىم پەمىلىسى ئۇقتۇرۇلغان ھەم ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەتىسى سائەت 10 دا دەريا بويىدىكى ۋاقىتلىق كەپىدە ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلىنغان. ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى نۇرغۇن ئەسكەر قوغداپ تۇرغان، دەريا قىرغىقىغا يېقىن جايدا ئاھالە يوق ئىكەن. ۋەكىللەر ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، كەپىگە باشلاپ كىرىلىپتۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭى مەرغۇپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ تۈەنجاڭى ئىمىنوۋ ۋە نوگوسوپلەر ئىكەن. چېن فاڭبەي ماڭا ۋە زۇڭ سىلىڭ

تاۋ سېيۈگە ۋاكالىتەن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە قورال كۆچى ئىشلەتمەس-لىككە ۋەدە بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ-نىڭمۇ شۇنىداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپتۇ. مەرغۇپ: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن، دىگەن سۆز پۈتۈنلەي دەريا-نىڭ شەرقىدىكىلەر تارقاتقان ئىغۋا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ زادىلا بۇنداق ھەربى پىلانى يوق، توپلانغان ئات-ھارۋىلار ۋە ترانسپورت قوراللىرى دەريانىڭ شەرقىدىكى پۈقرالارغا ئىمكان قەدەر تېز قايتۇ-رۇپ بېرىلسۇن، دەريا بويىنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئىغۋا-گەرلىك تۇغدۇرۇشىغا رۇخسەت يوق، مىلىتىق ئېتىپ ئادەملەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشكە تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ناھايىتى تېزلا كېلىشىپتۇ.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئۈچ-رىشىش نەتىجىسىنى يولبويى ماناس، قۇتۇبى، سانجى ناھىيىلىرىدە ئايرىم-ئايرىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ ئىغۋاسى بىلەن قوزغالغان قالايمىقانچىلىق ئاخىرى تىنجىتىلدى.

9-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ۋە ئۆلكىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئارىسىدا ھەقىقەتتىكە قايتىشنى ھىمايە قىلغۇچىلار بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا كۈرەش جىددى بولۇۋاتقان چاغدا، بىز يولداش دېڭ لىچۈننىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان-لىقىدىن خەۋەر تاپتۇق، يولداش دېڭ لىچۈن ئۈنىڭدىن ئىلگىرىرەك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ليۇ شاۋچىغا ھەمرا بولۇپ موسكۋاغا بارغان ئىدى. ئىش پۈتكەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى

بويىچە، سوۋېت ئىنتىپاقى ئارقىلىق غۇلجىغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت
ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆپ تەرەپتىن ئۇچرىشىپ، شىنجاڭنىڭ
ۋەزىيىتىنى تولۇق ئىگەللىگەن. يولداش دېڭ لىچۈننىڭ يېتىپ
كېلىشى بىزگە، شەك-شۈبھىسىز، ناھايىتى زور ئىلھام بولدى.

دەسلەپتە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دېڭ لىچۈنگە ئاتاپ
ئالاھىدە تۇرارجاي ھازىرلانغان ئىدى، كېيىن ئاز سانلىق مىللەت
زاتلىرى ئىچىدە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش خىزمەت-
لىرىنى ياخشى ئىشلەش، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئازاتلىق ئارمىيە-
نىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش نەزەردە تۇتۇلۇپ، يەنىلا مېنىڭ
ئۆيۈمدە تۇرۇشى بىرقەدەر مۇۋاپىق تېپىلدى، بۇنداقتا ئامانلىق
ساقلاش ئىشلىرىنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى،
سىرتقا قارىتا مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا پايدىلىق بولاتتى.

شۇڭلاشقا يولداش دېڭ لىچۈن غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن
مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن ۋە ليۇ
مېڭچۈن، چۇ ۋۇ، ليۇ زېرۇڭ تۆتىمىز ئۇنى ئايرودرومدىن ئۇدۇل
بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كەلدۇق.

يولداش دېڭ لىچۈن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ۋاكالىتەن بىزدىن
ھال سورىدى. ئەتىسى، مەن يولداش دېڭ لىچۈنگە تىنچلىق بىلەن
ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى دوكلات قىلدىم، ئارقىدىن
تاۋ سىيۆ جياڭجۈنمۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.
ئۇ يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ۋاكالىتەن
تاۋ سىيۆ جياڭجۈندىن ھال سورىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى.
مەخپىي خىزمەت ئىشلەيدىغان بىرمۇنچە خادىملارمۇ كەينى-كەينى-

دىن ئۆيۈمگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

يولداش دېڭ لىچۈن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تۆرلۈك خىزمەتلەر توغرىسىدا مەن ئۇنىڭدىن بىۋاستە يولىيورۇق ئېلىپ تۇردۇم ھەم ئۇنىڭغا دوكلات قىلىپ تۇردۇم، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئېلىپ تۇردۇم. يولداش دېڭ لىچۈن ئارقىلىق، 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا بىر پارچە تېلېگرامما يوللىدىم، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ماۋجۇشىغا:

ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ خەلق ئازاتلىغى يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشنى غەلىبىلىك ئورۇنلىغانلىغىنى چەكسىز خوشال ـ خوراملىق بىلەن تەبرىكلەيمەن. بۇ يەردىكىلەر يېڭى دېموكراتىزمغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىش چاقىرىغىغا ئاللىقاچان مۇستەھكەم ئىشەنگەن ۋە ئۇنى ساداقەتلىك بىلەن ھىمايە قىلىدۇ ھەمدە بۇ يولدا قىيىنچىلىقنى يەڭمەكتە. بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەلدۇق. پارتىيىڭىز رەھبەرلىك قىلغان پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، رەھبەرلىكىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئورتاق يېڭى ھاياتنى تەبرىكلەشكە ھازىرلىق كۆرمەكتىمىز، ئۇشبۇ تېلېگرامىنى ئالاھىدە يوللاپ، چىن قەلبىمدىكى سۆزنى ئېيتتىم، تاپشۇرۇۋالغايسىز.

بۇرھان شەھىدى

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى.

ئارىدىن 4 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماۋجۇشىدىن ماڭا تېلېگرامما كەلدى. تېلېگرامما تۆۋەندىكىچە:

رەئىس بۇرھان شەھىدىگە:

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى تېلېگراممىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم، ھەممىڭىزدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىقىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى رەئىس جانابىڭىزنىڭ كۈچ چىقىرىشىڭىزغا باغلىق. ھەرقايسى تەرەپتىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ھەركىتىگە ماسلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى ئازات قىلىش يولىدا كۆرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن. ئۇشبۇ تېلېگراممىنى ئارقىلىق ئالاھىدە جاۋاپ قايتۇردۇم، خىزمەت كۆرسىتىشىڭىزگە تىلەكداشمەن.

ماۋ زېدۇڭ

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

ماۋجۇشىدىن تېلېگىرامما تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ماۋجۇشىنىڭ تېلېگراممىدا كۆرسەتكەن يولىيورۇقىنىڭ روھى بويىچە، بىز ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئىشلەپ، ماچېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلارنىڭ توپىلاڭ كۆتىرىش سۇيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ”تېچلىق بىلەن چېكىنىش“كە مەجبۇر قىلىپ، توسقۇنلۇقلارنى تۈگەتتۇق. بۇنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتىم، يەنە تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، تاۋ سىيۆ ليۇ مېڭچۈننى مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتىپتۇ، ئۇ: ”تاۋ سىلىڭ ھەققەتكە قايتىشنى جاكالاش تېلېگراممىسىنى سىزدىن بىر كۈن بۇرۇن ئېلان قىلماقچى بوپتۇ، سىز قوشۇلامسىز قانداق؟“ دېدى. مەن ئەسلىدە ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن بىرلا ۋاقىتتا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ھەققەتكە قايتساق دەپ ئويلىغان ئىدىم، كېيىن تاۋ سىيۆ ئىلگىرىرەك قەدەم

تاشلىسا، ھەربىلەرنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ تۇراقلاشتۇرغىلى بولار، دەپ ئويلاپ، ھەربىلەرنىڭ ئاۋال ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى ئەۋەتىشىگە قوشۇلدۇم. شۇنىڭ بىلەن 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقىنى جاكالاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، گومىنداڭنىڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى جاكالىدى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى چاقىرىپ جىددىي يىغىن ئۆتكۈزدۈم. يىغىنغا باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇ ۋۇ، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بەي ۋېنيۈ، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ليۇ دېيېن، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن فاڭبەي، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ يۈڭشياڭ، مۇئاۋىن باشلىقى ئېردېنى، تىل مەكتىۋىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭ دىخۇالار قاتناشتى. يىغىندا ئىككى كۈنتەرتىپ مۇھاكىمە قىلىندى: 1. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ گومىنداڭنىڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى جاكالايدىغان ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللاش. 2. ھەقىقەتكە قايتقان كۈندىن ئېتىۋارەن، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار ۋە ھەر مىللەت خەلقى بارلىق ھۆججەت، ئارخىپلارنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى ھەقىقىي تۈردە مەسئۇل بولۇپ قوغداش، نورمال خىزمەتنى داۋام-

لاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قالايمىقان قىلماسلىق، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزماسلىقنى مۇزاكىرىلىشىپ قارار قىلىش. بىغىن خېلى سورلۇك ئېچىلدى، ئىككى ماددىلىق تەكلىپ لايىھىسى ئوقۇشلۇق ماقۇللاندى، يىغىنغا قاتناشقان خادىملارنىڭ ھەممىسى ھەققەتىكە قايتىش تېلېگراممىسىغا ئىمزا قويدى. يىغىندىن قايتقاندىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان ھەيئەت ئەزالار ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ، يىغىننىڭ قارارىنى يەتكۈزدى. ھەققەتكە قايتىش تېلېگراممىسى بېرىلگەنلىك خەۋىرى دەرھال ئۇرۇمچىنى قاپلىدى. پۈتۈن شەھەر قايىنام تاشقىنلىققا چۆمدى. ھەر مىللەت يېزىقىدا يېزىلغان رەڭلىك لوزۇنكىلار شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە چاپلاندى. تەبرىكلەش قوشۇنلىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن تەشكىل قىلىندى. شۇ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ھەققەتكە قايتىش تېلېگراممىسى ئېلان قىلىندى.

ئەتىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تېچلىق بىلەن ئازات بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى چاقىردى ھەم پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تېلېگرامما ئەۋەتتى. يىغىن غەربىي بىنانىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلدى. يولداش دېڭ لىچۈن ۋە تاۋ سىيۆ جياڭجۈنلەر تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشتى. مەن يىغىندا ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدىم (بۇ نۇتۇق كېيىن كىتابچە قىلىپ بېسىلدى ھەم مېنىڭ سۈرىتىممۇ قوشۇپ چىقىرىلدى). يولداش دېڭ لىچۈنمۇ سۆز قىلدى. ئەسلىدە تاۋ سىيۆ جياڭجۈنمۇ سۆزگە تەكلىپ قىلىنماقچى بولغان ئىدى، كېيىن مەلۇم سەۋەپ بىلەن سۆزلىمىدى. يىغىن قەد كۆتەرگەن، ئازاتلىق خۇشاللىقى ئىچىدە قىزغىن، شات-خورام ئۆتكۈزۈلدى.

3-كۈنى، يەنى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى مەن ماۋجۇشىغا يەنە بىر پارچە تېلېگرامما يوللىدىم:

ماۋجۇشىغا:

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈندىكى تېلېگراممىڭىزنى ئالدىم. سەمىمى تاپشۇرۇغىڭىز ۋە ئارزۇيىڭىزدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. بۇ يەردە 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گۇاڭجۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، بېيپىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزنى رەسمىي جاكالىدۇق. شۇ چاغدىلا ھەممە مىللەت خەلق ئاممىسى ھاياجانلىققا چۆمۈپ، تا كەچكىچە شات ـ خوراملىقتا ئۆتتى، بۇ ھال ھەممە مىللەت خەلقى قەلبىنىڭ مايىللىغىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن ئۆزگىرىش ئەمدىلا باشلاندى، ھەممە جەھەتتىن تەمتىرەپ قالدىم، ئەمەل قىلىشىم ئۈچۈن، كۆپ يوليورۇق بېرىشىڭىزنى چىن قەلبىمدىن سورايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن خېلى ئوبدانلا چىقىشىپ قالدۇق، بارلىق ئىشنى يېقىندىن مەسلىھەتلىشىپ بېجىرىۋاتىمىز. ئۇشبۇ تېلېگراممىنى ئارقىلىق خەۋەر قىلدىم، سىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

بۇرھان شەھىدى

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

شۇ كۈنى ماۋجۇشى بىلەن جۇ زۇڭ سىلىڭ تاۋ سيۆ جياڭجۈن بىلەن ماڭا ھەم شىنجاڭدىكى ھەربى ـ مەمۇرى ساھەدىكى ھەقىقەتكە قايتقان خادىملارغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، بىزنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىغىمىزغا ئىلھام بەردى. تېلېگرامما تۆۋەندىكىچە:

سىلەرنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ ۋە 26 ـ كۈنلىرى ئەۋەتكەن تېلېگراممىلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق، بىز سىلەرنىڭ مەيدانىڭلارنى توغرا دەپ قارايمىز. سىلەر گۇاڭجۇ ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا ئۆتۈپ، جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى كومىتېتىنىڭ

بۇيرۇغىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتىمىز، دەپ بايانات ئېلان قىلدىڭلار. بۇنداق پوزىتسىيەڭلەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوشال بولدۇق. سىلەرنىڭ ھەربى ۋە مەمۇرى خادىملار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە يەرلىك تەرتىپىنى ساقلاپ ھەم ھازىر جيايۇگۇەندىن چىقىشقا جابدۇنۇۋاتقان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز!

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكەن شىنجاڭدا قاراڭغۇ ـ زۇلمەتكە خاتىمە بېرىلىپ، يورۇقلۇق باشلاندى. جەۋرى ـ جاپا تارتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى!

## چېگرا شەھەردە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىش

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بېيجىڭدىن تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت قۇرۇلۇشى مۇراسىمىدىن كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان خەۋەر يېتىپ كەلدى. ماۋجۇشى: "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى!" دەپ پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنە بىلەن جاكالىدى. قەلبىم ھاياجانلىق بىلەن تولۇپ تاشتى، بىپايان كۆككە كۆز تىككىنىمدە

كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياش تاراملاپ تۆكۈلدى.

ئەتىسى، پۈتۈن شەھەر خەلقى يەنە مەيدانغا يىغىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. مەن يىغىندا

ئۇتتۇق سۆزلىدىم. بىرقانچە كۈندىن بۇيان كۆپ چارچاپ كەتكەنلىـ
گىم ئۈچۈن، يىغىندىن كېيىن ئاغرىپ قالدىم.
ئەمدى ئاشۇ يىغىندا سۆزلىگەن نۇتقىمنى تۆۋەندە قوشۇمچە
قىلدىم:

بۈگۈن بىز ئۈرۈمچى شەھىرى خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، ماۋجۇشىنىڭ رەئىسـ
لىككە سايلانغانلىقىنى ھەم ئۆلكىمىزنىڭ تىنچ ئازات بولغانلىقىنى
تەبرىكلەيدىغان كۈن. مۇشۇ مەيداندا جەۋلان قىلىپ تۇرغان يېڭى
دۆلەت بايرىقى ۋە كىشىلەرنىڭ شات-خوراملىققا چۆمگەن كەيپىياتىدىن
قارىغاندا، بۈگۈن پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ھەممەيلەن ئەڭ شاتـ
لىققا چۆمگەن كۈن، شۇنداقلا تارىختىكى ئەڭ شەرەپلىك كۈن،
مەن بۇ يىغىنغا قاتناشقانلىقىمدىن چەكسىز خۇشاللىنىۋاتىمەن.
يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە، بىز جۇڭگو خەلقى تۈرلۈك
زۇلۇمغا ئۇچرىدۇق، ھاقارەتلەندۇق، بىز گەرچە ئۈزلۈكسىز تىرىـ
شىپ-تىرمىشىپ كۆرگەن بولساقمۇ، بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق.
بىراق بۇ قېتىم ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيە-
سىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئارقىسىدا، خەلق ئەركىنلىككە، ئازاتلىققا
ئېرىشەلىدى، دېمەك، خەلق بۈگۈندىن ئېتىۋارەن ئورنىدىن دەس
تۇردى، بىز بۈگۈندىن ئېتىۋارەن پارلاق ئىستىقبال ئاچتۇق. بىز
شىنجاڭدا ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مەسئۇل
كىشىلەر دۇنيانىڭ ئېقىمىنى، دەۋرنىڭ يۈزلىنىشىنى كۆرگەنلىكىمىز
ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ چاڭگىلىدىكى ھۆكۈمەت
بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىمىزنى قەتئىي تۈردە ئۈزۈپ، خەلق
دېموكراتىيىسى لاگېرىغا ئۆتۈپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
رەھبەرلىكىنى، ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدۇق. ئۆتمۈشـ
تىكىدەك ئېچىنىشلىق قان تۆكۈلۈشلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.

پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مۇشۇنداق بىر كۆنگە ئىنتايىن تەشنا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بىزنىڭ بۇ قەتئىي تەدبىرىمىز زۇلۇم تارتقان پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، شۇنداقلا ئۆلغار زاتلارنىڭ ماختىشىغا ۋە مەدھىيىسىگە ئېرىشتى. شۇڭلاشقا، خەلقىمىزنىڭ داھىسى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇ دېلارنىڭ جاۋاپ تېلېگراممىسىدا قىلغان مەدھىيە سۆزىدە: "بۇنداق پوزىتسىيەڭلەر، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئىستىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بىز ئىنتايىن خوشال بولدۇق" دېيىلگەن. بۇنىڭغا بىز قەلبىمىزدە ئىنتايىن خوشاللىق ھېس قىلماقتىمىز.

بىز بۇ يەردە، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىمىزنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختالماي تۇرالمايمىز، ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق تەدبىرلىرى، سىياسەتلىرى خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئاساس قىلمىدى، خەلقىنىڭ تەلىۋىگە ماس كەلمىدى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانى بويىچە سىياسەت قوللانمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەۋرنى بىلىپ يەتمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بارلىق تەدبىرلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى چەكسىز ئازاپ - ئوقۇبەتكە ۋە نامراتلىققا گىرىپتار قىلدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، تېخى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەقدىرى، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى بولماي، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇغى بولۇۋېلىپ، دۆلىتىمىزنى يېرىم مۇستەملىكە ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار جاھانگىرلىكتىن ياردەم تىلىدى، لېكىن بىز ئىشىنىمىزكى، جاھانگىرلىكنىڭ ياردىمى ھەقىقىي ياردەم ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياردەم قىلىنغۇچى دۆلەتتىن ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان ماددى ئەشيالارنى شىلىۋېلىش كويىدا ياردەم بېرىدۇ، بۇنداق ياردەم ھېچقانداق ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، جاھانگىرلار بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ

يۈكسەلدۈرۈشنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى، قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىدىكەن، خەلق جەزمەن سەگەك بولىدۇ، جەزمەن ئۇلارنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. چۈنكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق جاھانگىرلىك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان، خۇددى جاڭ ۋېنبەي (جاڭ جىجۇڭ) ئەپەندىدىن كەلگەن تېلېگراممىدا ئېيتىلغاندەك: "جاھانگىرلىكنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسى، ئېزىشى ئارقىسىدا، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى بولمىغان، ئورنى باراۋەر بولمىغان ئىدى." شۇڭلاشقا، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى 1946 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەندە، ئۆز قولى بىلەن تېچلىق بىتىمگە ۋە سىياسى پىروگراممىغا ئىمزا قويغان ئىدى. لېكىن يۇقۇرىنىڭ توسقۇنلۇغى تۈپەيلىدىن بۇلار تولۇق ۋە ھەقىقى ئىجرا قىلىنمىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى تېچلىق بىتىمىنى ۋە سىياسى پىروگراممىنى تولۇق ۋە ھەقىقى ئىجرا قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، سۇيىقەست ئىشلىتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، تېچلىقنى بۇزدى، مىللەتلەر ئارىسىدا ھەرقايسى گۇرۇھلارنى بىر بىرىگە ھۇجۇم قىلدۇردى، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قانلىق ۋەقە توغدۇردى، بۇ دەل جاھانگىرلىكنىڭ ئەمەلدە ئىشلىتىدىغان سىياسىتى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۆلەتنىڭ جۇڭگو خەلقىغە ھەقىقى ياردەم بەرگەن دوستىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزدۈرۈۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە نامراتلىشىپ كەتتى. شۇڭلاشقا، شىنجاڭدىكى ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى مۇشۇنداق پاكىت ئالدىدا، گوۋاڭجۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى داۋاملىق ساقلايدىغان بولسا، ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ نامرات-

لىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇڭلاشقا، قەتئىي تۈردە گۇاڭجۇ بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا ئۆتىدىغانلىقىنى جاكالىدى.

بىز شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىلغار سىياسەت ئىجرا قىلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات جەريانىغا ئاساسەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقنى باراۋەرلىككە، بەخت ـ سائادەتكە ۋە ئەركىنلىككە ئىگە قىلىش يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلىدۇ، دوستىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيادىكى بارلىق تېنچلىقپەرۋەر ئەللەر بىلەن قولغا قول تۇتۇشۇپ، دۇنيانىڭ ئەبەدىي تېنچلىقى، باي، شات ـ خۇرام، مۇستەقىل، ئەركىن، بەخت ـ سائادەتلىك، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش يولىدا تىرىشىدۇ، بۇ ــ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن. بىز بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، چوقۇم پارلاق، بەخت ـ سائادەتلىك ئىستىقبالغا ئىگە بولىمىز، شۇڭلاشقا، بىز قەتئىي ھالدا مۇشۇنداق قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز خەلق ھۆكۈمىتى ھاكىمىيىتىنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق، ماۋجۇشى «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "خەلق دېگەن نېمە؟ جۇڭگودا ھازىرقى باسقۇچتا خەلق ــ ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار سىنىپى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيە. بۇ سىنىپلار ئىشچىلار سىنىپى ۋە كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز دۆلەتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۆز ھۆكۈمىتىنى سايلايدۇ، جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرى يەنى پومېششىكلار سىنىپى ۋە بيۇروكرات بۇرژۇئازىيە ئۈستىدىن شۇنىڭدەك مۇشۇ سىنىپلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدۇ، ھاكىممۇتلەقلىق يۈرگۈزىدۇ، ئۇلارنى ئېزىدۇ،

ئۇلارنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغىلا يول قويىدۇ، قالايمىقان سۆزلىشىگە
ۋە قالايمىقان ھەركەت قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئەگەر قالايمىقان
سۆزلىسە ۋە قالايمىقان ھەركەت قىلسا، دەرھال چەكلەيدۇ ۋە
جازاغا تارتىدۇ. خەلق ئىچىدە بولسا دېموكراتىك تۈزۈم ئەمەلگە
قويۇلىدۇ، خەلقتە سۆز، يىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش
قاتارلىق ئەركىنلىك ھوقۇقلىرى بولىدۇ. سايلام ھوقۇقى پەقەت
خەلققىلا بېرىلىدۇ، ئەكسىيەتچىلەرگە بېرىلمەيدۇ. مۇشۇ ئىككى
تەرەپنىڭ، خەلق ئىچىگە قارىتىلغان دېموكراتىيە تەرەپ بىلەن
ئەكسىيەتچىلەرگە قارىتىلغان دىكتاتۇرا تەرەپنىڭ بىرلىشىشى خەلق
دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى بولىدۇ.“ بۇ ئاساستا، خەلق بىلەن
دېموكراتىك دىكتاتۇرا ئىنتايىن تەپسىلى ۋە ئىنتايىن ئېنىق
ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز ئالاھىدە شۇنى ئوتتۇرىغا قويۇمىزكى، بۇ
نەزەرىيىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز ھەمدە ئۇنى ھەقىقى تۈردە چۈشە-
نىشىمىز لازىم. بۇ قېتىمقى ئۆزگەرتىش شەكىلدىلا ئەمەس، بەلكى
ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ بىزنىڭ دېموكراتىيە
لاگېرى ئىچىدە تۇرۇشىمىزغا تەن بەرمەيدىغانلىقىدىن تېخىمۇ
پەخەس بولۇشىمىز لازىم، شۇڭا بۇنىڭدىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇ-
شىمىز لازىم، رەئىس ماۋ زېدۇڭ «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇ-
رىسى ھەققىدە» دىگەن ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ئەكسىيەت-
چى سىنىپ ۋە ئەكسىيەتچى گۇرۇھتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى
ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسيان كۆتەرمىسە، بۇزغۇنچىلىق قىلمىسا
ۋە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمىسىلا، ئۇلارغىمۇ يەر ۋە ئىش بېرىلى-
دۇ، ئۇلارنىڭ كۈن كۆرۈشىگە، ئەمگەكتە ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىپ،
يېڭى ئادەم بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ.“ دىمەك، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر-
لارغا دەرۋازا ئېچىپ قويۇلمىدى، ئۇلار خاتالىقىنى تۈزىتىپ، خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى

ھەقىقى تۈردە ئىجرا قىلسىلا، ئۇلارغا ئوخشاشلا يېڭىدىن ئادەم بولۇش پۇرسىتى بېرىلىدۇ.

بىز ئەمدى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ قالدۇق، بىز مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كۆرسەتكەن ئەمىر - پەرمان، قائىدە - نىزام، ۋەزىپە، بۇرچلارنى سەممىي ھەم ھەقىقى رەۋىشتە ئىجرا قىلىشىمىز، ھەقىقى تۈردە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىمىز لازىم. بۈگۈندىن ئېتىۋارەن بىزنى غەم - ئەندىشىگە سالىدىغان قان تۆكۈش ۋەقەلىرى ئەمدى كۆرۈلمەيدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ جەمىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىمىز يولىدا يەكدىللىق بىلەن تىرىشىشىمىز لازىم.

ئەمدى ئۆز ئۆلكىمىزنى قانداق گۈللەندۈرۈش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قانداق تەرەققى ئەتتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. خەلقىمىز تېچلىق سىياسىتىنى بىرلىكتە يولغا قويغاندا، دوستىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىشىنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن بىز تەرەققىياتنى تېزلىتەلەيمىز ۋە بەختلىك كۈنلەرگە تېز ئېرىشەلەيمىز. بۇنى قىلالمىساق، قۇرۇلۇش قىلىمىز دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جاھانگىرلاردىن ياردەم كۈتۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ياردىمى خەلق قەلبىدە يامان ئاقىۋەتلەرنى قالدۇردى، شۇڭلاشقا، ماۋجۇشى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە، جاھانگىرلىك سەممىي ياردەم بەرگۈچى ئەمەس، بەلكى ئالدامچى، ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن چوت سوقىدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭلاشقا، جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ياردىمى ئۈستىدە سۇن جۇڭشەن ئەپەندى تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ زېيىنىنى تارتقان، ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشمەيمىز، بىز ئۆزىمىزگە كېرەكلىك ياردەمنى تېچلىقپەرۋەر خەلقلەرنىڭ سېپىدىن

ئۆزدىشىمىز كېرەككى، جاھانگىر دۆلەتلەردىن ئۆزدىمەسلىگىمىز لازىم. بىزنىڭ ھەقىقى ياردەمچىمىزنىڭ پەقەت دوستىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىلا ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز لازىم. بىز ئارىنى بۇزغۇچى، پىتنە - ئىغۋا تۇغدۇرغۇچى ئۇنسۇرلارغا رەھىمسىز زەربە بېرىشىمىز لازىم. جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇغىنى كۈچەيتىشىمىز، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىمىز لازىم. بىز بۈگۈن يېڭى ھاياتىنى شاتخورام تەبرىكلەۋاتقان ئۇلۇغ بايرام كۈنىدە، بۇ يېڭى دەۋرنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز، مۇشۇ يېڭى دەۋرگە لايىق كىشىلەردىن بولۇشىمىز لازىم.

شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان قىسىملار خەلق سېپىدە تۇرۇۋاتقان قىسىملاردىن بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۆزئارا قولمۇ قول تۇتۇشۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىشى لازىم. جىيايۇگۇەندىن ئۆتكەن ئازاتلىق ئارمىيىنى قىزغىن قارشى ئېلىشىمىز لازىم، ئۇلار بىزنىڭ ئەركىنلىگىمىزنى چەكلىمەيدۇ، بەلكى بىزنىڭ تېچلىغىمىز، ئەركىنلىگىمىزنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ، بىز ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ دوستىمىز، بىز ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىمىز لازىم. مەن بۇنىڭدىن بۇرۇن قىلغان سۆزلىرىمدە، شىنجاڭ مەڭگۈ جۇڭگونىڭ بىر زېمىنى، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى پۈتۈن جۇڭگونىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، جۇڭگونىڭ مەسىلىسى ھەل بولغاندا، شىنجاڭنىڭ مەسىلىسى ئاندىن ھەل بولىدۇ، دىگەن ئىدىم. مەن قايسىبىر مىللەتنىڭ رەئىسى ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ رەئىسى، ھازىر بىزنىڭ جۇڭگونىڭ مەسىلىسى ھەل بولدى، شۇڭلاشقا، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ تەقدىرى مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. شىنجاڭنىڭ تەقدىرى ھەل قىلىنغانلىغى ئۈچۈن، بىز پارلاق، تۈز يولغا ماڭالىدۇق. بىز بۈگۈندىن ئېتىۋارەن ئۆتمۈشنى سۈرۈشتۈرمەي، ھەممەيلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز، مۇستەقىل، ئەركىن،

باي، شات ـ خورام يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشىمىز، تېچ، بەخت ـ سائادەتلىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا بارلىق كۈچىمىزنى چىقىرىشىمىز لازىم.

مېنىڭ سۆزۈم ئاياقلىشىپ قالدى، ھەرقايسىڭلاردىن ئالاھىدە ئەپۇ سورايمەن، بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى، مېنىڭ سۆزۈممۇ بەك ئۇزىراپ كەتتى، ئەپۇ قىلغايسىلەر. ئاخىردا شوئار توۋلايمەن:

ياشىسۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى!
ياشىسۇن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى!
ياشىسۇن خەلق داھىسى ماۋجۇشى!
ياشىسۇن شىنجاڭنىڭ پارلاق ئىستىقبالى!
ياشىسۇن بىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىشىمىز!

# ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشىم

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئومۇمى تېلېگىراممىا ئەۋەتىپ، ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىدىن تارتىپ پۈتۈن شىنجاڭغىچە ۋەزىيەت تېخى دىگەندەك مۇقىم بولمىدى. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئىچىدىكى ئاز سانلىق جاھىل ئۇنسۇرلار يەنىلا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى، ئىشپىيونلارمۇ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تېخى شىنجاڭغا يېتىپ كەلمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماجرا تۇغدۇردى. ئۇلار: «تاۋسىيۆ ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ، ئايرۇپىلان بىلەن ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىپتۇ»، «بۇرھان مۆكۈنىۋاپتۇ»، «ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسى ئازاتلىق ئارمىيە بىلەن ئۇرۇشىدىكەن» دىگەن ئىغۋالارنى تارقاتتى.

كەچتە قالايمقان ملتىق ئېتىشتى. بىر توپ كىشلەر ئۈرۈمچىنىڭ
شەرقىي چوڭ كوچىسىغا يىغىلىپ سودا دۇكانلىرى ۋە بانكىنى بۇلاشقا
تەييارلاندى، ئادەم بارغانسېرى كۆپىيىۋىرىپ، قاتناش يوللىرى
توسىلىپ قالدى. نەنلياڭ تەرەپتىمۇ ھەربىلەر بىگۇنا ئاممىنى تۇتۇپ
كېتىش، ئۇرۇش ئەھۋاللىرى يۈز بەردى. چۈنكى ""شاڭناۋجىنلار"نى
يوقىتايلى!"① دېگەن شوئارلار چاپلىنىپ، ھەربىلەرنىڭ زىتىغا
تەگكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي
شىنجاڭلاردىمۇ ئاز ساندىكى جاھىل ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ، ئوت قويماقچى، قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلماقچى
بولۇۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرلەر كەلدى.

ئەھۋال ئېغىرلىششقا باشلىدى. مەن قالايمىقانچىلىقنىڭ كېلىپ
چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، 10-ئاينىڭ 5-كۈنى، ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى نامىدىن ماۋجۇشى، جۇزۇڭ سىلىڭ ۋە
لەنجۇدىكى مۇئاۋىن زۇڭ سىلىڭ پېيڭ دېخۇەيگە تېلېگرامما يوللاپ،
شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلدىم. مەن تېلېگرام-
مىنىڭ ئاخىرىدا: "قىسقىسى، پۈتۈن ئۆلكىنى بوھران قاپلاپ كەتتى،
ئەھۋال ئېغىرلاشتى. غەرپكە يۈرۈش قىلغان خەلق ئازاتلىق ئارمىيە-
سىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، خەۋپلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشىشىنى، خەلقنىڭ
قىزغىن ئۈمىدىدىن چىقىشنى سورايمەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
سىياسى خىزمەت خادىملىرىنى كۆپلەپ ئەۋەتىپ، ئىشلارنى ئىلگىرى
سۈرۈشنى تېخىمۇ ئۈمىت قىلىمەن. مەزكۇر تېلېگراممىنى ئىنتايىن

① گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مۇتەھەم-يولسىز بولغاچقا، شىنجاڭ خەلقى
ئۇلارنى "شاڭناۋجىن" دەپ ئاتايتتى.

تەقەززالىق بىلەن بىرىۋاتىمەن" دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتمۇ دەرھال ھەربىي ھالەت جاكالىدى، ئەپتىسەرلەر مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى چارلاش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى، ھەمدە «ھەقىقەتتىكە قايتقان ئەپتىسەر ـ ئەسكەرلەرگە مۇراجىئەتنامە»نى كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان ھەركىتىنى مەدھىيىلىدۇق، ئۇلاردىن ھەققانىيەتنى ئېنىق تونۇپ، دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا تەنتەكلىك قىلماسلىقنى ئۈمىت قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئارمىيىدىن ھال سوراپ، ئارمىيىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھەدىكىلەردىن ھەقىقەتتىكە قايتقان ئەپتىسەر ـ ئەسكەرلەردىن "ھال سوراش ئۆمىكى" تەشكىل قىلدۇق.

"قۇشېڭخاڭ"نىڭ خوجايىنى تەلئەت (ئۇيغۇر) ۋە لىيۇ بىڭيى (خۇيزۇ)لار ھۆسەنبايىنىڭ نامىدا، ئىلىدىن 5 قارا ماشىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇز سوپۇنى ۋە چاقماق قېنىنى ئېلىپ كەلدى؛ شەھەرلىك سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ لىشىسى فەن شىجيۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، چوشقا قاسساپلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كۆپلەپ چوشقا سويدۇردى؛ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئابدۇرەھىمھاجى مەسئۇل بولۇپ، چارۋىچىلىق رايونىدىن يېيىش ئۈچۈن قوي سېتىۋېلىپ كەلدى...ئۈچ كۈن ئىچىدىلا، لۆڭگە، ياغاۋ، تاماكا قاتارلىق كۈندىلىك لازىمەتلىكلەردىن 20 نەچچە يەشىك توپلاندى، بەزىلىرىگە تېخى قىزىل قەغەز ئوراپ، تەقدىم قىلغۇچىنىڭ سودا ماركىسى چاپلاندى. ناۋايخانىلاردا گۇنجۇت سالغان مايلىق نانلار ئوخشىتىپ يېقىلدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ھال سوراش بۇيۇملىرى ۋە ھال سوراش خەتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ،

ئۈرۈمچىدە تۈرۈشلۈق ھەقىقەتكە قايتقان ئەپتىسەر-ئەسكەرلەردىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھال سورىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىكى كىنوخانىلار، تىياتىرخانىلار كىنو فىلىملىرى ۋە تىياتىر نومۇرلىرىنى ئېلىپ گازارمىلارغا بېرىپ نۆۋەت بىلەن كىنو ۋە ئويۇن قويۇپ بەردى. بۇ ئىشلار ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى تەسىرلەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاكتىپ ھالدا چارلاش قىسىملىرى چىقىرىپ تەرتىپ ساقلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى خەلقىنىڭ روھىي كەيپىياتى بارا-بارا جايىغا چۈشتى.

ئەمما، قالايمىقانچىلىق ھامان بولۇپ تۇردى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ تۇەنجاڭ[?]نىڭ قوتۇرىتىشى ئارقىسىدا، 300 دىن ئارتۇق ئەپتىسەر-ئەسكەر توپىلاڭ كۆتىرىپ، ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىنى بالا-قازاغا ئۇچراتتى. بانكىدىكى ئالتۇن، كۈمۈشنى پۈتۈنلەي بۇلاپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئالتۇنلار ئەسلىدە شىئەندىن لەنجۇغا ئېلىپ كېلىنگەن، كېيىن ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن، يەنە غەرپكە يۆتكەپ قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىنگەن ئىكەن. "قۇمۇلدىكى ئالتۇن ئەنزىسى" — مۇشۇ ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ. تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ تۇراقلىق ئەمەس ئىدى، مەن ئاممىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ يۈڭشياڭ، بوغالتىر باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاسىمجانلارنى ئەۋەتتىم. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى سايپۇغا يېتىپ بارغاندا، تۇرپاندىن قېچىپ چىققانلارنىڭ ماشىنىسىغا يولۇقۇپتۇ، ئۇلار ناھىيە بازىرىدا ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بانكىنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكى، توپىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ جەنۇپقا قاراپ

قاچقانلىغىدىن خەۋەر تېپىپتۇ.

تېچ ئازات بولغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت مۇشۇنداق ئىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى يېتىپ كەلمىسە، شىنجاڭ خاتىرجەم بولالمايتتى. بىز ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق ئىشتاۋىغا بىرىپ مۇئاۋىن زوڭ سىلىڭ پېڭ دېخۇەيگە شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش ھەمدە مالىيە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش، تېخىمۇ مۇھىمى ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بالدۇرراق شىنجاڭغا كېلىشىنى خەلقىقە ۋاكالىتەن قارشى ئېلىش ئۈچۈن، جيۇچۈەنگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى بەلگىلىدۇق. ۋەكىللەر ئۆمىكىگە چۇ ۋۇ بىلەن قاسىمجان يېتەكچىلىك قىلدى، بەي ۋېنيۇ، تەلئەت، نۇسرەت، يۇ جياڭجى قاتارلىق كىشىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا، ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە، سودا-سانائەتچىلەرگە، ئىلغار ياشلار تەشكىلاتىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىغە ۋاكالىتەن ئۆمەك ئەزاسى بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆلكە-لىك ھۆكۈمەتنىكى ئىشخانامدا يىغىن ئاچتۇق، يىغىندا مەن ۋە ليۇ مېڭچۈن ئىككىمىز سۆز قىلدۇق. ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو-سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، قۇمۇلغا يېتىپ بېرىپ، ”ئالتۇن ئەنزىسى“ مۇناسىۋىتى بىلەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان كوچىلاردىكى ۋەيرانچىلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئاندىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەرققە قاراپ يول يۈرۈپ، شۇ كۈنى شىڭ-شىڭشيادا قونۇپ، ئەتىسى يولدا شىنجاڭغا كېلىۋاتقان ئالدىن ئەۋەتىلگەن قىسىملارغا يولۇقتى، چۈشتىن كېيىن جيۇچۈەنگە يېتىپ باردى.

ۋەكىللەر ئۆمىگى جيۇچۈەندە 7 كۈن پائالىيەت ئېلىپ باردى. مۇئاۋىن زۇڭ سىلىڭ پېڭ دېخۇەينىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى ھەمدە شۇ يەردە ئارمىيە باش ئىشتاۋىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پىكرى بويىچە دوكلات قىلدى. يىغىن ئاياقلى-شىش ئالدىدا مۇئاۋىن زۇڭ سىلىڭ پېڭ دېخۇەي سۆز قىپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ماۋجۇشى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىغا توغرا باھا بېرىپتۇ، شىنجاڭ-دىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرى تاۋ سىيۆ جياڭجۈن بىلەن رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تېلېگرامما ئەۋە-تىپ ھەقىقەتكە قايتتى، زۇلمەتلىكنى تاشلاپ، يورۇقلۇققا قەدەم قويدى، بۇنداق قىلغىنى ناھايىتى ياخشى بولدى، شىنجاڭنىڭ تېچ ئازات بولۇشىغا تۆھپە قوشتى دەپتۇ. ئۇ يەنە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقى-قەتكە قايتىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى ئازات بولۇش ئالدىدا تەشۋىقات ۋە كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى دەپتۇ. ئۇ يەنە ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىپتۇ. شىنجاڭنىڭ مالىيە-ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىپ بېرىمىز دەپتۇ ھەمدە شىنجاڭغا بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيا تەقدىم قىلىپتۇ، يەنە شىنجاڭ پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنى ۋاقىتلىق بىللە ئىشلىتىش چارى-سىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىپتۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندە، قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغان جۇنجاڭ گو پېڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئەتىسى ئارمىيە-خەلقنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل

ئېچىش يىغىنىدىن كېيىن، نۆۋەتچى ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە
قايتىپ كەلدى. مەن دەرھال ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ
بارلىق ئەزالىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچتىم، جۇ ۋۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ
جيۇچۈەنگە قىلغان سەپىرىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

جيۇچۈەنگە بارغان ۋەكىللەر ئۆمىكى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ”خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىد-
شىنى قارشى ئېلىش ھەيئىتى“ تەشكىل قىلىندى، ليۇ يۈڭشياڭ ھەي-
ئەت مۇدىرى بولدى. بىز خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە گازارما
تەييارلىدۇق، كۈتۈۋېلىش پونكىتلىرى قۇردۇق، ھال سوراش بۇيۇم-
لىرى سېتىۋالدۇق.

تېلېگرامما ئەۋەتىپ ھەققەتكە قايتقاندىن بۇيان، توختىماي ئىش-
لەپ كەتكەنلىكىمدىن، قاتتىق ھارغىنلىق يېتىپ، ئېغىر بەل ئاغرى-
قىم قوزغىلىپ، ئاخىر بولالماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم،
شۇڭلاشقا بۇ مەزگىلدىكى بەزى مۇھىم ئىشلارنى كېسەل كارىۋىتىدا
يېتىپ بىر تەرەپ قىلدىم.

10-ئاينىڭ 20-كۈنى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭ ماشى-
نىلىرى تۇەنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشماقچى ئىدى. ئاخشىمى
خۇشاللىقىمدىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆي-
دىكىلەرگە ئۆزەمنى يۆلەتكۈزۈپ كارىۋاتتىن تۇردۇم. ئاران-ئاران
مېڭىپ، دەرىزە ئالدىغا كېلىپ، كوچىلاردا لەپىلدەپ تۇرغان رەڭگا-
رەڭ بايراقلارنى كۆرۈپ، زىنىنەتلەنگەن ئاپتوموبىللاردىن چىقىۋات-
قان «دۆلەت شېئىرى» بىلەن «داغدام يول مارشى» ئاۋازىنى ئاڭلاپ،
تۆمەنلىگەن ئاممىنىڭ قارشى ئېلىش قوشۇنى بولۇپ سەپ تارتىپ
ماڭغانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھال سوراش بۇيۇم-

لىرى لىق قاچىلانغان، ئۈستىگە ”جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئالىمىز“ دېگەن قىزىل لوزۇنكىلار چاپلانغان چوڭ ئاپتوموبىل ئەترىدىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمدىن خوشاللىق ياشلىرى تارامىلاپ تۆكۈلدى. مەن يېنىمغا ئادەم ئېلىپ ماشىنا بىلەن ئۇلانبايغا بېرىپ، خۇ جيەن تۇەنجاڭ باشلاپ كەلگەن جەڭ ماشىنىلىرى تۇەنىنى قارشى ئالدىم. مەن خۇ جيەن تۇەنجاڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، جەڭ ماشىنىسىغا چىقىپ، قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلەپ: ”بۈگۈن شىنجاڭ ھەقىقى تۈردە ئازات بولدى“ دېدىم. خۇ جيەن تۇەنجاڭمۇ سۆز قىلدى.

جەڭ ماشىنىلىرى تۇەنى ئاستا-ئاستا مېڭىپ شەھەر رايونىغا كىرگەن چاغدا، تەنتەنە ساداسى يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى ۋە داقا-دۇمباق ساداسى پەلەككە ياڭرىدى. كىشىلەر تەييارلاپ قويغان ھال سوراش بۇيۇملىرىنى جەڭ ماشىنىسىدىكىلەرگە تاشلاپ بېرىشتى، گۈل تەقدىم قىلىشتى، چاي تۇتتى، ھاراق-شاراپ سۇندى...ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت ياش ئۆسمۈرلىرى بەس-بەس بىلەن جەڭ ماشىنىلىرىغا چىقىپ، خوشال ھالدا ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشتى. نەنلياڭدىن شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى ھەربىي گازارمىغىچە بولغان 10 چاقىرىملىق يول ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى...

جەڭ ماشىنىلىرى تۇەنىدىن كېيىن، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى داۋاملىق كېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتى. ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئورۇنلاشقان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىمۇ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچىدە ”ئۈچ ئارمىيە“نىڭ بىرلىكتە شەھەرگە كىرىش

مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. ئۈچ ئارمىيىنىڭ بىرلىكتە شەھەرگە كىرىش مۇراسىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، مۇئاۋىن زۇڭ سىلىڭ پېڭ دېخۇەي ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى، شۇ ئايرۇپىلاندا بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە، يەنە جاڭ جىجۇڭ ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ مەملىكەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن سەيپىدىن ئەزىزىمۇ بار ئىدى.
12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سىلىڭيۈەن ۋاڭ جېن، شۇ لىچىڭ يېتىپ كەلدى، مەن ئۇلار بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈم. شىن لەنتىڭ، جيا توفۇ، گاۋ جىنچۈن قاتارلىق يولداشلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.
12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، بىز مۇئاۋىن زۇڭ سىلىڭ پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭ جياڭجۈن بىلەن بىللە جەنۇبىي چوڭ كوچىدىكى سودا بانكىسى بىناسىنىڭ پېشايۋىنىدا تۇرۇپ، "ئۈچ ئارمىيە"نىڭ شەھەرگە كىرىشىنى كۆزدىن كەچۈردۇق، بىللە بولغانلار ئىچىدە يەنە ۋاڭ جېن، تاۋ سىيۆ، ليۇ مېڭچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى، چۇ ۋۇ، تاۋ جىنچۇ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى."ئۈچ ئارمىيە"نىڭ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى باشلانغاندا، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭ ماشىنىلىرى تۆەنى شەرقىي دەرۋازىدىن شەھەرگە كىردى؛ ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسى غەربىي دەرۋازىدىن 8 قاتار بولۇپ شەھەرگە كىردى؛ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى شىمالىي دەرۋازىدىن كىردى. ئۈچ ئارمىيە داشىزىدىن جەنۇپقا بۇرۇلۇپ "پارات مۇنبىرى" ئالدىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي دەرۋازىدىن چىقىپ نەنلياڭ تەرەپكە ماڭدى.
شۇ كۈنى كەچتە، غەربىي زالدا كاتتا قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۆت-

كۆزۆلدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتـ
ناشتى. زىياپەتتىن كېيىن، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزۈلۈپ،
ئالدى بىلەن ھەرقايىسى مىللەتنىڭ ناخشا ـ ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلدى،
ئارقىدىن يولداش گومورونىڭ داڭلىق سەھنە ئەسىرى ــ «پاكار
ئالوچا چېچىكى» ناملىق تىياتىر ئورۇنلاندى. بىز بۇ تىياتىرنى تاللاپ
بېكىتىپ، تېلېگىراما ئارقىلىق ئاپتورنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن،
ئاندىن شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق ئارتىسلارنى تاللاپ ئورۇنلاشقا قاتناشـ
تۇرغان ئىدۇق. بۇ تىياتىرنى قويۇشتىن ئىلگىرى بىرنەچچە خىل
يېزىقتا مەزمۇن چۈشەندۈرۈشنى تارقاتتۇق، ئويۇن ناھايىتى ئۇتۇمـ
لۇك بولدى.

ئاشۇ كۈنلەردە، زىياپەت كۆپ بولدى. قايسىبىر قېتىملىق زىياـ
پەتتە ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ، جاڭ جىجۇڭ: مەن شىنجاڭغا
كېلىپ، مەسئۇتنى يۆلەپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ خاتا
قىلىپ قويدۇم، بۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مىللى ئىنقىلاۋى
ھەركىتى بىلەن بىرلىشىش ۋەزىيىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بۇنىڭ
ئۈچۈن شىنجاڭ خەلقىدىن ئەپۇ سورايمەن، دىدى.

خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ كېلىپ ئورۇنلىشىشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت
مىللى ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىشى بىلەن ھەرقايىسى تەرەپلەردىكى
رەھبەرلەر ئۇرۇمچىگە كېلىپ توپلاندى، مىللى، دېموكراتىك، بىرـ
لەشكەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش، كۈنتەرتىپكە قويۇلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ئالدىدىلا، مەن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن مېنى شىنجاڭ ئۆلكىـ
سىنىڭ رەئىسلىكىنى داۋاملىق ئۆتىسۇن، دەپ ئەۋەتىلگەن بىر پارچە
تېلېگىراما تاپشۇرۇۋالغان ئىدىم. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ماڭا رەئىس ماۋ
زېدۇڭ ۋە جۇ ئېنلەي زۇڭلى ئىمزا قويغان خىزمەتكە تەيىنلەش
بۇيرۇغى ئەۋەتتى.

يولداش ۋاڭ جېن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى
رەسمىي قۇرۇلدى. شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت رەسمىي ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە
بەزى ھەيئەت ئەزالار كىرگۈزۈلدى ۋە بەزىلىرى تەڭشەلدى. يولداش
دېڭ لىچۈن شۆبە بيۇرونىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى قوشۇمچە
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا باشقارما باشلىقى
قىلىپ تەيىنلەندى. 12-ئاينىڭ 17-كۈنى، ھەر مىللەت ھەر ساھە
خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى. مەن رەئىسلىككە تەيىنلەندىم، سەيپىدىن
ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋەتىنىمىز-
نىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكىسى بولغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاخىر ئۇزاق
كونا دەۋر بىلەن خوشلىشىپ، تېچ، دېموكراتىك ۋە ئازات، يېڭى
دەۋرنى كۈتىۋالغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولدى. ھازىرقىنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈرۈپ، ئۆتمۈشنى ئەسلەيدىغان بولسام، كونا جەمىيەتنىڭ
دۇكان خىزمەتچىلىكىدىن كېلىپ چىققان ماڭا ئوخشاش بىر ئادەمنى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمە-
تىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى، خەلقنى ئازاتلىققا چىقىرىش يولىدا
ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنقىلاۋىي قۇربانلارغا، قۇدرەتلىك قوشۇنغا
قوماندانلىق قىلغان، نۇرغۇن جەڭلەرگە بىۋاستە قاتناشقان ئىنقىلا-

ۋىي جياڭجوُنلەرگە سىلىشتۇرغاندا، مەن ئۆزەمنى تىلغا ئىلىشقا ئەرزىمەيمەن، دەپ ھىس قىلىمەن. خۇرسەن بولىدىغىنىم شۇكى، تارىخ ماڭا شىنجاڭدا ھەم كونا دەۋرنى ئۇزاتقان ئەڭ ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى، ھەم يىڭى ئەسىرنى كۇتۇۋالغان تۇنجى ئۆلكە رەئىسى بولۇشتەك رولنى يۈكلىدى.

# تەنتەنە ساداسى ئىچىدە يۈز بەرگەن بەختسىز قارشى ۋەقە

يىڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كەلگەنلىگىگە مەملىكەت بويىچە تەنتەنە قىلىنىۋاتقان خوشاللىق كۈنلەردە، بىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قازا بولغانلىق خەۋىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە ئىلان قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

بۇ 8-ئايدا بولغان ۋەقە ئىدى. ئۇ چاغدا، يولداش دىڭ لىچۈن ئەمدىلا سوۋىت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا كىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتىتىغا ۋاكالىتەن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى بېيجىڭغا بىرىپ مەملىكەتلىك 1-نۆۋەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەييارلىق يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوشال بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلخانلارنى بېيجىڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈرۈمچىدىن لو زى شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىغا ۋەكىل بولۇپ شۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ چاغدا،

ئەخمەتجان قاسىمىدىن ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى.

ھۆرمەتلىك بۇرھان ئەپەندى:

سىزدىن ئىككى پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم، بىراق جاۋاپ خەت يازالمىدىم، ئەپۇ قىلىڭ!

بىز سالامەت تۇردۇق، سىزگە سالامەتلىك، شات ـ خوراملىق تىلەيمەن.

سىزنىڭ تاغدا دەم ئېلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم، شۇڭا ھىلىقى «لۇشۇنكۇ» (پورت ئاتور) دىگەن كىتاپ ئېسىمگە كەلدى. مەن تاق-قا بارمىدىم. ھازىر ئىچكىرىنىڭ مەسىلىسى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغاۋاتسا كېرەك. خەۋەرلەردىن قارىغاندا، مەركەزدىكى ئىشلار ئىنتايىن تېز تەرەققى قىلىۋېتىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى بىزنى پات ئارىدا يۈز كۆرۈشتۇرىدىغاندەك تۇرىدۇ، قىسقىسى، مەن پات ئارىدا ياخشى شارائىتتا سىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىمەن.

مەن سىلەرنىڭ يېقىنقى گېزىتلىرىڭلارنى كۆردۈم. تېچ ئوكيان گۇرۇھى ھەققىدىكى باشماقالا ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سىلەرنىڭ يېقىنقى (7 ـ ئايدىكى) گېزىتلىرىڭلار يامان ئەمەس. لېكىن، مەن بەزى ئىشلاردا "كونا ئەبلەخەر"دىن ئەجەپ-لەنمەي تۇرالمايمەن. مەن "ۋەتەن ساتقۇچ"لۇق ھەركەتلەرگە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك، دەپ قارايمەن.

خىزمىتىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق، تېنىڭىزنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن، ئۆي ئىچىدىكىلەرگە ۋە دوستلارغا سالام ئېيتارسىز.

ھۆرمەت بىلەن

دوستىڭىز ئەخمەتجان قاسىمى

1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.

8 ـ ئاي دەل ھەقىقەتكە قايتقۇچى ۋە ھەقىقەتكە قايتمىشقا قارشى

تۇرغۇچى ئىككى زور كۈچ ئوتتۇرىسىدا كۈرەش ئەڭ جىددىي بولۇۋاتقان پەيت ئىدى. مەن ئەخمەتجان قاسىمىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭ خېتىدە كونكرېت ئېيتىش ئەپسىز بولغان ئىشلار توغرىسىدىكى بەزى گەپلەرنى مەنمۇ ئاڭلىغان ئىدىم. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز ئىدى، مەن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

28-كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىن يېۋسېيېۋ ئۇشتۇمتۇت ماڭا موسكۋادىن تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، 8-ئاينىڭ 22-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۈشكەن ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ، ھەممىيلەن قۇربان بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۆز قۇلىقىمغا زادىلا ئىشەنمەي، بۇ گەپنى يەنە بىر تەكرارلاتتىم. شۇم خەۋەر! شۇم خەۋەر! شۇم خەۋەر! شۇ زامان بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، پۇت-قوللىرىمدا جان قالمىدى. مەن ئېسىمگە كەلگەندىن كېيىن، يېۋسېيېۋ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەخمەتجان قاسىملارنىڭ قازا بولغانلىق خەۋىرى ئەڭ ياخشىسى ۋاقىتىنچە مەخپىي تۇتۇلسا، خەلق ئاممىسىغا ۋە قازا بولغۇچىلارنىڭ ئائىلە-تەۋەلىرىگە ئۇقتۇرۇلمىسا؛ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى يوللانغاندىن كېيىن ئاندىن ئېلان قىلىنسا؛ ھازىر ئىلىدىن بېيجىڭغا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بېرىشىنى قارار قىلىپتۇ، ئۇلار ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى تۇجمۇ بارسا دېگەن پىكىردە ئىكەن، دېدى. تۇجى ئەتىسى ئەتىگەندە ئىلىغا بېرىش ئۈچۈن شۇ كېچىسى مەخپىي ھالدا ئايرودرومغا يەتكۈزۈپ قويۇلدى.

كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالمۇتىغا

بارغاندىن كېيىن، ئەسلىدە مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن مانجۇرىيىگە بېرىپ، پويىزغا ئالمىشىپ بېيجىڭغا بېرىش پىلانلانغان ئىكەن. ئىر-كۇتىسكىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھاۋا بەك بۇزۇلۇپ، ئايروپىلان بىرنەچچە كۈن ئۇچالماي قېپتۇ. ئەخمەتجان قاسىمى سەپەرگە ئالدىراپ، ئۇچۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئايرودرومۇم مەسئۇلى ئامالسىز، ئۇچسۇن، دەپ ئىمزا قويۇپ بېرىپتۇ. ئايروپىلان ئۇچۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بايقال كۆلى بويىدىكى ئىگىز تاققا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ.

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ 8-ئاينىڭ 16-كۈنى ماڭا يازغان يۈز كۆ-رۈشۈشكە، يانمۇ-يان تۇرۇپ كۆرەش قىلىشقا تەشنا بولغان خېتىنىڭ ۋىدالىق خېتى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. مەن بۇ خەۋەرنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتالمىدىم، ۋاھالەنكى ئۇلار مېنىڭ روھى ھالىتىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزدى. مەن يوشۇرۇپ، ئاخشام بىر يامان چۈش كۆرۈپ قېپتىمەن، دەپلا قۇتۇلدۇم. مەن پۈتۈنلەي مۇسىبەت ئىچىگە چۆكۈپ كەتسەم بولمايتتى، شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدا يەنە ئىشلەيدىغان نۇرغۇن خىزمەتلەر بار ئىدى. ئەمدىلىكتە شىنجاڭ تېچ ئازات بولدى، يېڭى جۇڭگومۇ دۇنياغا كەلدى، ئەمدى ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇر-دىغان پەيتمۇ كېلىپ قالدى.

11-ئاينىڭ 1-كۈنى، بىز ئۇرۇمچى نەنمېندىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا، ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرى ۋە ھەر ساھە خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى يىغىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ قازاغا ئۇچرىغان خەۋىرىنى ئېلان قىلىشنى قارار قىلدۇق. يىغىنغا ئىبراھىم

رىياسەتچىلىك قىلدى، ئالدى بىلەن تەكبىر ئوقۇلدى، يەنە 10 مىنۇت خەتمە قۇرئان قىلىندى، ئاندىن مەن سۆز قىلدىم.

مەن مۇنداق دېدىم: بۈگۈن مەن پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى خەلق ئۈچۈن بەختسىزلىك بولغان ۋە قايغۇلۇق بولغان بىر خەۋەرنى ئېلان قىلماي تۇرالمايمەن. قۇرئانكېرىمدە، جىمىكى جانلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاخىر ئۆلىدىغانلىقى ئېيتىلغان، لېكىن ئۆلۈم خىلمۇ-خىل بولىدۇ. بەزىلەر قېرىلىق يەتكەندە، تەبىئىي ھالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر مەلۇم سەۋەبلەر ئارقىسىدا بەختكە قارشى ھادىسىگە يولۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۈگۈن مېنىڭ كۆپچىلىككە دېمەكچى بولغىنىم، بىزنىڭ بىرقانچە رەھبىرىمىز ۋاقىتسىز قۇربان بولۇپ كەتتى. خەلق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئىسھاقبەك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلخان قاتارلىق يولداشلار بېيجىڭغا مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەييارلىق يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ماڭغان ئىدى، 8-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۇلار چۈشكەن ئايروپىلان بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ يولدا ھادىسىگە ئۇچراپ قازا بولدى.

مەن سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە يىغىن مەيدانىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. مەن قايغۇلۇق ھېسسىياتىم بىلەن سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم.

مەن مۇنداق دېدىم: مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇئاۋىن زۇڭ سىلىڭ پېڭ دېخۇەي ئارقىلىق يولداش سەيپىدىن ئەزىزىگە ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىدىغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قۇربان بولغانلىقىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

مەن يىغىنغا قاتناشقان ھەر ساھە ۋەكىللىرىنى: قايغۇنى يېڭىپ،
ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلى-
گىدە، بەخت - سائادەتلىك يېڭى جۇڭگو، بەخت - سائادەتلىك يېڭى
شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردىم.
شۇ ۋاقىتتىكى يىغىن مەيدانىدىكى قايغۇلۇق ئەھۋالنى سۆز بىلەن
تەسۋىرلەپ بېرىش تەس ئىدى.
شۇ كۈنى، مەن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا
«غايەت زور قايغۇ - ھەسرەت» دېگەن ماۋزۇدا تەزىيە ماقالىسى ئېلان
قىلدىم. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:
بۈگۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان
قاسىمى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئىسھاقبەگ جياڭجۈن،
دەلىلخان جياڭجۈن، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ،
جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى لو زى
قاتارلىق يولداشلارنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ
تەييارلىق يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا
كېتىۋېتىش سەپىرىدە بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ
قازا قىلغانلىقىدەك قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا، ھەممىمىز
غايەت - زور قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمدۇق. زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر-
نىڭ بەخت - سائادىتى يولىدا ئۆز ھاياتىنى بېغىشلىغان ۋەتەن
ئوغلانلىرى خەلقنىڭ ھۆرمەتلىك چاكارى، خەلقنىڭ ئىززەتلىك
دوستلىرىدۇر. ئۇلار ۋاقىتسىز بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى. بۇ
يالغۇز ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، ئۇرۇق - تۇققان، دوست - بۇرا-
دەرلىرى ئۈچۈنلا بەختسىزلىك بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن مەملىكىتى-
مىزدىكى 470 مىليون خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ زور بەختسىزلىك،
شۇنداقلا بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ بىر يوقىتىش
بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى، لېكىن

ئۇلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ ئازاتلىق ۋە بەخت۔
سائادەتلىك يولىنى ئاچقان شەرەپلىك، مۇقەددەس ئىشى مەڭگۈ
ساقلىنىدۇ، شۇنداقلا تەرەققىيپەرۋەر ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە
مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ئۇ ھەر بىر تەرەققىيپەرۋەر زات ئۈچۈن
نۇرلۇق چىراق، بىزگە ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئىلھام بەخش
ئېتىدىغان بىر خىل ئۇلۇغ مەنىۋى كۈچ.

سۆيۈملۈك دوستلار! سىلەر خەلق ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت
يولىنى ئېچىش سەپىرىدە قازاغا ئۇچرىدىڭلار، سىلەرنىڭ روھىڭلار
ئەمىن بولسۇن...

بىز سىلەرنىڭ نىشانىڭلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋەدە
بېرىمىز، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئەركىنلىكى يولىدا ھەرقان۔
داق ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشتىن باش تارتمايمىز.
بىز خەلقنىڭ ئازاتلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۆز كۆز
قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك قوغدايمىز. ئۇلۇغ داھىمىز ماۋ زېدۇڭ۔
نىڭ رەھبەرلىكىدە، سىلەرنىڭ ئىرادەڭلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش
يولىدا بارلىق كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىمىز. بولۇپمۇ يولداش ئەخمەت۔
جان قاسىمى ئىككىمىز پۈتۈنلەي بىر مەسلەكداش ھەم خوشاللىقتىمۇ،
قايغۇدىمۇ بىللە بولغان سەپداش ئىدۇق، بىر نىشان ئۈچۈن ئورتاق
كۈرەش قىلغان ئىدۇق. مەن بىزنىڭ خەلقنىڭ پارلاق ئىستىقبالى
ئۈستىدە قىلىشقان سەمىمى سۆھبەتلىرىمىزنى مەڭگۈ ئەستە تۇتىمەن.
خەلق ئۈچۈن ئىشلەش جەريانىدا، سىزنىڭ قىيىنچىلىقلار ۋە توسالغۇ۔
لارنى يېڭىشتەك تېز پۈكمەس روھىڭىز مەندە ئۆچمەس تەسىر
قالدۇردى. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بۇ تەسىرلەر ئېسىمدە مەڭگۈ
ساقلىنىدۇ.

گەرچە سىلەر بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشقان بولساڭلارمۇ، لېكىن
سىلەرنىڭ روھىڭلار بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئەبەدىلئەبەت ياشايدۇ.

خاتىرجەم يېتىڭلار، يولداشلار!

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخمەتجان قاسىمنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر كوچىغا "ئەخمەتجان كوچىسى" دەپ نام بېرىلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي قازا بولغانلارنىڭ جەسەدى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىندى. دەللىخاننىڭ جەسەدى ئالتايدا دەپنە قىلىنغاندىن باشقا، قالغان يولداشلارنىڭ جەسەدى غۇلجىغا ئېلىپ بېرىلدى. كىشىلەر قاتتىق شىۋىرغانغا قارىماي ئايرودرومغا ۋە غۇلجىنىڭ كوچىلىرىغا چىقىپ، ئۆزلىرى قىزغىن سۆيىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ جەسىدىنى كۈتۈۋالدى، يىغىزار ساداسى بىلەن شامال ئاۋازى بىر بىرىگە جور بولۇپ، قايغۇلۇق ماتەم مۇزىكىسى بولدى. ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ جەسەدى كەينىدىن ماڭغان، گۈلچەمبىرەكلەرنى كۆتەرگەن كىشىلەر ئېقىمى ئاستا-ئاستا ئاقاتتى، مەن بۇنداق مۇسىبەتلىك مەيداندىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. خەلقنىڭ بۇنداق قايغۇ-ھەسرىتى كارامەت ھەيۋەتلىك بولدى.

غۇلجىدا ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ جەسەدى دەپنە قىلىنغان مەزگىلدە، مەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئايرىم-ئايرىم يوقلىدىم. بىز مىللىي ئۆرپ-ئادەت بويىچە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ جەسىدىنى غۇلجا شەھىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىك يېرى بولغان خەلق باغچىسىنىڭ بىر بۇرجىكىگە دەپنە قىلدۇق، ئۇلارنىڭ قەۋرىسى ئالدىغا قەۋرە تېشى ئورناتتۇق.

مەن ئەخمەتجان قاسىمنىڭ قەۋرە تېشى ئالدىدا بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ تۇردۇم، ئۇنىڭ خۇش ئاۋازى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى...

# ئاخىرقى سۆز

مېنىڭ ئەسلىمىلىرىمنى مۇشۇ يەردە ئاياقلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ كىتابنى ئاياقلاشتۇرۇش ئالدىدا، بىر ئىشنى ئېنىق تاپ-شۇرۇپ ئۆتۈش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ، ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ماڭا چەكسىز ئىشەندى ۋە ماڭا يۇكسەك شان-شەرەپ بەردى. ماڭا مەلۇمكى، بۇنىڭدا پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىغە قىلغان سەمىمى غەمخورلۇغى ۋە كۆيۈنۈشى گەۋدىلەندۈ-رۈلگەن. شۇڭا، پارتىيىنىڭ مېنى يېتىشتۈرگەنلىكىگە ۋە تەربىيىلىگەن-لىكىگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ماۋجۇشى، جۇزۇڭلى قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ماڭا بەرگەن تەلىملىرىگە، شۇنىڭدەك ۋاڭ جېن، شۈ لىچىڭ، دېڭ لىچۈن قاتارلىق يولداشلارنىڭ ماڭا قىلغان ياردەملىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەن يولداش ۋاڭ جېن بىلەن مۇڭداشتىم ھەم ئۇ ئارقىلىق پارتىيە تەشكىلاتىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىش تەلىۋىمنى رەسمىي قويدۇم. پارتىيە تەشكىلاتى مېنىڭ سىياسى تارىخىمنى ۋە ئەمەلىي ئىپادەمنى تەكشۈرۈپ كۆردى، ۋاڭ جېن، شۈ لىچىڭ يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، 1949-يىل 12-ئاينىڭ 31-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردىم،

كانديداتلىق مەزگىلىنى ئۆتكۈزمەيلا، رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولدۇم ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى دائىمى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدۇم. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مېنىڭ بارلىق خىزمىتىم ۋە پۈتۈن ھاياتىم پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن بىۋاستە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتتى.

مەن پارتىيە بايرىغى ئالدىدا تۇرۇپ، ئوڭ قولۇمنى كۆتىرىپ قەسەم بەرگەن چېغىمدا، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، يۈ شيۇسۇڭ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى ئەسلىدىم، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەد كۆتىرىشى، ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى؛ شۇنداقلا شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان چېغىمدا ماۋجۇشىنى مەدھىيىلەپ يازغان: ”... ئاچتىڭىز ھەقىقەت، ئازاتلىق، ئەركىن، ئەمگەك، بەخت، سائادەت يولىنى،... مەن بىر يۇلتۇز پارقىرىغۇچى سىزدىن ئالغان نۇر بىلەن...“ دىگەن مىسرالارنى ئەسلىدىم-دە، ماۋجۇشىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە بولغان تەشنالىقىم تەبىئى ھالدا قوزغالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. 1950-يىل 5-ئايدا، تەشكىل ماڭا بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئىككىنچى يىغىنىغا قاتنىششىنى ئۇقتۇردى. مەن دوپپا كىيىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئېلىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ پايتەختىگە تۇنجى قېتىم قەدەم قويغىنىمدا، قەلبىمدىكى چەكسىز ئېپتىخارلىق ھەم ھاياجانلىق ھىسسىياتنى باسالماي قالدىم.

يىغىن مەزگىلىدە، بىز مىللى ئىشلار ھەيئىتىنىڭ مېھمانخانىسىدا

ياتتۇق. جۇ زۇڭلى، جۇ دې زۇڭ سىلىڭ، لىن بوچۇ، ۋۇ لەنفۇ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار كېلىپ كۆپچىلىكنى يوقلىغاندا، ھەممىسى كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. جۇ زۇڭلى تىلغا ئېلىنغاندا، شۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى، يولدىشىم رەشىدەنىڭ جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە، شىنجاڭ خوتۇن-قىزلىرىغا ۋەكىل بولۇپ بېيجىڭغا بېرىپ، ئاسىيا خوتۇن-قىزلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندە ماڭا ئېيتقان بەزى ئىشلار ئېسىمگە كەلدى. يىغىن ئاياق-لىشاي دەپ قالغاندا، يولداش دېڭ يىڭچاۋ رەشىدەگە زۇڭلى سىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقماقچى دەپ تېلېفون بېرىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن، جۇ زۇڭلى ئۆزى ماشىنا بىلەن بېيجىڭ مېھمانخانىسىغا بېرىپ، رەشىدە بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمانى مۇتىئىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. زۇڭلى مېنىڭ ئەھۋالىمنى، شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى، خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قايتا-قايتا سۈرۈشتۈرۈپتۇ، يەنە رەشىدەدىن قانداق قىيىنچىلىق ۋە تەلەپلىرىڭىز بار، دەپ سوراپتۇ. رەشىدە زۇڭلىغا، مېنىڭ شىنجاڭدا تۈرمىدە ياتقاندا «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-رۇسچە لۇغەت» تۈزگەنلىكىمنى، نەنجىڭدا ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ قوليازمىسى نەنجىڭدىكى بىر نەشرىياتچى سودىگەرگە بېرىلگەنلىكىنى، ھازىر ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالماي قالغانلىقىنى دەپتۇ. زۇڭلى چوقۇم ئادەم ئەۋەتىپ تاپتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. زۇڭلىنىڭ ماڭا قىلغان بۇنداق غەمخورلۇقىنى مەن ھەقىقەتەن ئۇنتۇمايمەن. مانا بۈگۈن ئۆزەم جۇ زۇڭلى بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇ كارامەت ئۇمتىۋار، خۇشخۇي، كېلىشكەن، روھلۇق ئادەم ئىدى. بىز بىر كۆرۈشۈپلا كونا قەدىناس-لاردەك ئۇزاق پاراڭلىشىپ كەتتۇق. مەن زۇڭلىغا ئۆزەمنىڭ 30-

يىللاردىن بۇيانقى ئالغا بېسىشقا ۋە ھەقىقەتكە ئىنتىلىش جەريانىمنى دوكلات قىلدىم. زۇڭلى ئاڭلاپ بولۇپ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: "سىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىڭىزدىن مەركەز خەۋەردار. سىزنىڭ ئۆتكەندىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز تەرەققىپەرۋەرلىككە ياتىدۇ. ھازىر مەملىكەت ئازات بولدى، سىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەڭ" دىدى. ئۇ يەنە مېنى شىنجاڭنىڭ ئىچ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە كۆپ خىزمەت ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى.

يىغىن جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەن ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن رەئىس ماۋ زېدۇڭنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. ئۇنىڭ بىلەن چىڭ قول سىقىشىپ كۆرۈشكەندە، خۇشاللىق ۋە بەختلىك ھېسسىياتلىرىم ئۇرغۇپ كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى. يىغىن ئېچىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، ماۋجۇشى، مۇئاۋىن رەئىس ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي زۇڭلى، زۇڭ سىلىڭ جۇ دېلار مېنى بىر جوزىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. زىياپەت تارقالغاندا، ماۋجۇشى قولۇمنى تۇتقان پېتى مېنى دەم ئېلىش ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ مەن بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، مېھرىۋانلىق بىلەن ماڭا قاراپ قويۇپ، مېنى ئىنقىلاپقا نۇرغۇن ھەسسە قوشتىڭىز، دەپ ماختىدى. مەن دەرھاللا رەئىسكە، ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرى بولمىغان بولسا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، ماۋجۇشىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، خەلق ئازاتلىق

ئارمىيىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسىنىڭ شەرق ۋە غەرپتىن قىسىشتەك ۋەزىيىتى بولمىغان بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ تېچ ئازات بولۇشى بۇنداق ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولاتتى، دېدىم. ماۋجۇشى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. يىغىن مەزگىلىدە، رەئىس ماۋ زېدۇڭ مېنى يەنە ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، جۇ زۇڭلى، زۇڭ سىلىڭ جۇ دېلارمۇ بىللە بولدى. بىز يەنە بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتۇق.

يىغىن مەزگىلىدە، جۇ زۇڭلى مەن بىلەن بىللە مۇئاۋىن رەئىس لىيۇ شاۋچىنىڭكىگە مېھمانغا باردى. مۇئاۋىن رەئىس لىيۇ شاۋچى مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، شىنجاڭدا مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشنى تەكىتلىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، خوشلىشىپ ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا، ئۇ يەنە ماڭا، بۇنىڭدىن كېيىن سوغا-سالام ئېلىپ كەلمەڭ، دېدى. چۈنكى مەن بېيجىڭغا بارغان چاغدا، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتىدىن ئالغاچ بارغان ئىدىم، شۇڭلاشقا ماڭا شۇنداق دەپ جېكىلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ماۋجۇشىنى يەنە نۇرغۇن قېتىم كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەلىملىرىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ مېنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى سەۋىيەمنى ھەم بىلىش ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. 1952-يىلى مەن ماۋجۇشى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەن چاغدا، مەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى تەنقىت قىلىدىغان، زو زۇڭتاڭنىڭ ياقۇپبەگنى يوقىتىشتىكى تارىخىي رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن تارىخىي ماقالا يازغانلىقىمنى ئېيتتىم. ماۋجۇشى بۇنىڭغا ناھايىتى

قىزىقىپ، يەنە بىر قېتىم بېيجىڭغا كەلگەندە بۇ ماقالىنى ئالغاچ كېلىپ كۆرسىتىشنى تاپىلىدى. كېيىن، بۇ يېرىك ماقالامنى ماۋجۇشىغا بەرگەن ئىدىم، ئۇ كۆرۈپ بولۇپ ماڭا: "كاتتا ماقالىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم. ناھايىتى ئوبدان يېزىپسىز! سىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرىڭىزنى مەن قۇۋۋەتلەيمەن، بىراق بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قوشۇلۇشى ناتايىن" دېدى. ماۋجۇشىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى تەبىئىي ھالدا ماڭا ئىلھام بولدى. مەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماتېرىيال توپلاپ، ئەسلىدىكى ماقالامنى تۈزىتىپ تولۇقلاپ چىقتىم، كېيىن ئۇنىڭ داۋامى قىلىپ «يەنە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى يېزىپ چىقتىم.

بۇ ئىككى پارچە ماقالام «تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىدا كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىندى. دېرەكسىز بولۇپ كەتكىنىگە كۆپ يىللار بولغان «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-رۇسچە لۇغەت»نىڭ قوليازمىسىمۇ زۇڭلىنىڭ سۈرۈشتۈرۈشى بىلەن تېپىلدى ھەم مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مۇنتىزىم بولغان ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ياكى خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەتلەر بارلىققا كەلگىچە، مېنىڭ بۇ كىتابچەم ھەر مىللەت ياش ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خېلى ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ. مەن ئەجرەمنىڭ بىكار كەتمىگەنلىكىدىن خۇشال بولدۇم؛ بىراق مەن تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ ھەم كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ كىچىك لۇغىتىمنى تولۇقلاپ، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ چىقالمىغانلىقىمدىن خىجىللىق ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ماۋجۇشى، جۇ زۇڭلىلارنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋاقىت چىقىرىپ، سەمىمىي غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.

مەن ئۇ چاغدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلى-
گىنى ئۆتىگەندىن باشقا، يەنە قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتىدىم، ھەمىشە بېيجىڭغا كېلىپ
ياكى چەتئەللەرگە چىقىپ بەزى خەلقارا يىغىنلارغا ۋە تاشقى ئىشلار
پائالىيەتلىرىگە قاتناشتىم. 1955 - يىل 2 - ئايدا، جۇزۇڭلى ماڭا
دەرھال بېيجىڭغا كېلىشكە چاقىرىپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. بېيجىڭغا
كەلگەندىن كېيىن، مىللى ئىشلار ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى يولداش ياڭ
جىڭرېن بىلەن بىللە بېرىپ جۇزۇڭلى بىلەن كۆرۈشتۇق، زۇڭلى
ماڭا: ”دۆلىتىمىزنىڭ خەلقارادىكى ئابرويى كۈنسايىن ئۆسۈۋاتىدۇ،
بىزنىڭ ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىمىز
كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى
ئىشلەش ئۈچۈن، بېيجىڭغا بىر ئادەم يۆتكەپ كېلىش زۆرۈر بولۇپ
قالدى. مەركەز ئويلىشىپ سىزنى مۇۋاپىقراق دەپ قارىدى. سىز
بېيجىڭغا كېلىپ تۇرسىڭىز ياخشىراق بولارمۇ، قانداق؟ سىزنىڭ
پىكرىڭىز قانداقكىن؟ قانداق قىيىنچىلىقىڭىز باركىن؟“ دېدى. مەن
دەرھال: ”مەن كومپارتىيە ئەزاسى، تەشكىلنىڭ قارارىغا قەتئى بوي-
سۇنىمەن. پارتىيە مېنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرسا، شۇ يەردە ئىشلەيمەن“
دەپ جاۋاپ بەردىم. زۇڭلى كەينى - كەينىدىن: ”سىزنىڭ پوزىتى-
سىيىڭىز ياخشى، پوزىتسىيىڭىز ياخشى، پوزىتسىيىڭىز ياخشى!“ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن دوست - بۇرادەرلىرىم بىلەن خوشلىشىپ،
شىنجاڭدىن ئايرىلىپ، بېيجىڭغا كەلدىم. بېيجىڭدا ئاساسەن، مەملى-
كەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىگىنى ئۆتىدىم.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا ۋەزىپىلەرنىمۇ قوشۇمچە ئۆتىدىم.
ئورنۇمنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىشى، قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىمنىڭ كۆپە-

يىشى، شۇنىداقلا تۈرلۈك خەلقارا يىغىنلارغا كۆپ قېتىم قاتنىشىش ئارقىسىدا، بارغانسىرى ئۇڭايسىزلىق ھېس قىلدىم. مەن چېگرا رايوندا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرى، پارتىيە رەھبەرلىگى بولمىغان بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىغى بولمىغان بولسا، كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقان سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز بولمىغان بولسا، ماڭا نەدىمۇ بۈگۈنكى كۈن بولسۇن! پارتىيە ۋە خەلقىنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچى ۋە ماڭا بەرگەن شان-شۆھرىتى ھەقىقەتەن بەك كۆپ، مېنىڭ قابىلىيىتىم بولسا راستىلا چەكلىك. مېنىڭ بىردىن-بىر ئويۇم شۇكى، ئامالىمنىڭ بېرىچە پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىمنى سەرپ قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن، پارتىيە ۋە خەلقىنىڭ ماڭا بەرگەن تەلىم-تەربىيىسىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ھەم ئۇلۇغ پارتىيەمىزگە ھەرگىز مېنىڭ سەۋەنلىكىم تۈپەيلىدىن زىيان كەلتۈرمەيمەن!

مەن ھەر قېتىم ۋەتەن خەلقىمىزنىڭ ۋە دۇنيا ئەللىرى خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇغىنى ئېلىپ، ئاپپاق قار قاپلاپ ياتقان تيانشان چوققىلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتكىنىمدە، ھامان يۇرتۇمغا ۋە يۇرتداشلىرىمغا بولغان سېغىنىشىمنى ۋە مېھرىمنى باسالماي قالىمەن، ھامان ئايروپىلاننىڭ دەرىزىسىدىن تىكىلىپ يۇرتۇمنىڭ تاغ-دەريالىرىغا ۋە كەڭ زېمىنىغا نەزەر سالغىنىمدا، ئۇ يەرلەردە سېلىنغان ئېگىز-ئېگىز ئىمارەتلەر ۋە زاۋۇت-فابرىكا بىنالىرى، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئېرىق-ئۆستەڭلەر كۆزۈمگە چېلىقىدۇ...

ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونى، سۆيۈملۈك يۇرتۇم. ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنە شۇ زېمىنىغا مېنىڭ يىرىم ئۆمۈرلۈك ئاياق ئىزلىرىم بېسىلغان.

本书根据文史资料出版社1984年 2月 第1版北京第1次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاب تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984-يىل 2-ئايدا نەشر قىلىنغان 1-نەشرى بېيجىڭ 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: غوپۇرجان ئابدۇرەھىم
مەسئۇل مۇھەررىر: م. ئېلاخۇن
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

بۇرھان
**شىنجاڭنىڭ 50 يىلى**
تەرجىمە قىلغۇچىلار: نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، ئابدۇللا ئابلىز،
رىشىت ۋاھىدى، ئوسمان موللەك، جۇماخۇن
نىياز، رەھىم يۇسۇپ، ئىمىن غازى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1986-يىل 5-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1986-يىل 5-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
قاتتىق مۇقاۋىلىغىنىنىڭ باھاسى: 2.65 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىغىنىنىڭ باھاسى: 1.95 يۈەن

包尔汉

新疆五十年

（维吾尔文）

努尔穆罕默德、阿不都拉、热西提瓦依提、
乌斯满、朱马洪、热衣木、伊明阿孜译

民族出版社出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　印张：25 1/2

1986年5月第1版

1986年5月北京第1次印刷

精装本 印数：0001—3,300册　定价：2.65元

平装本 印数：0001—11,400册　定价：1.95元

书号：M11049(4) 24